شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت،
خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە- نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى

ئېمىل لۇدۋىگ (گېرمانىيە)

# ناپولېئون

2

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



## ئاپتور ھەققىدە

ئېمىل لۇدۋىگ، 20 ـ ئەسىردە ئۆتكەن گېرمانىيەلىك ئەڭ ئۇلۇغ يازغۇچى. 1881 ـ يىلى گېرمانىيەنىڭ بىرېسلاۋ شەھىرىدە (ھازىر پولشاغا تەۋە) تۇغۇلغان. خايدبورگ ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتكۈزگەن، قانۇنشۇناسلىق بويىچە باكلاۋۇر بولغان. ئوقۇغان كەسپى قانۇنشۇناسلىق بولسىمۇ، ئەمما يازغۇچىلىق ۋە مۇخبىرلىق كەسپىنى تاللىغان. 1906 ـ يىلى شۋېيتسارىيەگە كۆچمەن بولۇپ بارغان ھەمدە 1932 ـ يىلى شۋېيتسارىيەنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىگە ئۆتكەن. دەسلەپكى چاغلاردا ئاساسەن شېئىر ۋە سېنارىيە ئىجادىيىتى بىلەن، كېيىن تەرجىمھال يېزىقچىلىقى بىلەن شۇغۇللىنىپ، تەرجىمھال يېزىقچىلىقىدا يېڭى ئېقىم ياراتقان. ئۈچ توملۇق «گېيوتېنىڭ تەرجىمھالى — بىر شەخس ھەققىدە ھېكايە»، «گېيوتې» ۋە «ناپولېئون» نەشر قىلىنىپ دۇنياۋى شۆھرەت قازانغان. رېئاللىق بىلەن پسىخىك تەسۋىر جانلىق بىرلەشتۈرۈلگەن كۈچلۈك بەدىئىيلىككە ئىگە «ناپولېئون» ناملىق بۇ ئەسىرى ھازىرغا قەدەر نەشر قىلىنغان تۈرلۈك نۇسخىدىكى ناپولېئون تەرجىمھاللىرى ئىچىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق كىلاسسىك ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

ئېمىل لۇدۋىگنىڭ ۋەكىللىك تەرجىمھال ئەسەرلىرىدىن «ناپولېئون»، «بىسمارك»، «لىنكولن»، «فرانكلىن»، «روزۋېلت»، «موزارت»، شۇنداقلا گېرمانىيەنىڭ مىلادىيە 800 ـ يىلىدىن 1941 ـ يىلى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تارىخى تەسۋىرلەنگەن «گېرمانلار» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلىرى بار.



## تەرجىمان ھەققىدە

باۋۇدۇن ھەسەن، 1959 ـ يىلى قاراشەھەر ناھىيەسىدە ئىشچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1983 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتى خەنزۇ تىلى (تەرجىمانلىق) كەسپىنى پۈتكۈزگەن. 1983 ـ يىلدىن ھازىرغىچە كورلا شەھەرلىك ھۆكۈمەت تەرجىمە بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتىدۇ. ئالىي تەرجىمان، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

1985 ـ يىلدىن بۇيان «تارىم»، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى»، «دۇنيا ئەدەبىياتى»، «ئەدەبىي تەرجىمىلەر»، «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە نۇرغۇن ئىجادىي ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان. 3 ـ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» قاتارلىق ئەدەبىيات مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشكەن. ئۇ تەرجىمە قىلغان «دۇنياغا تەسىر كۆرسەتكەن يۈز ئۇرۇش»، «مۇسۇلمانلارنىڭ ھەج پائالىيىتى»، «سەندەل قوزۇق جازاسى»، «پامىردىكى قار»، «ئاشۇ كۈنلەر»، «ئايىم قىزلار»، «روزۋېلت»، «تىبەت دالاسىدىكى تاڭغۇت تايغىنى»، «يۈز يىل غېرىبلىق» قاتارلىق ئوتتۇز پارچىگە يېقىن كىتاب نەشر قىلىنغان.

ÜBERREICHT VON DER
DEUTSCHEN
FORSCHUNGSGEMEINSCHAFT

ISBN 978-7-228-18229-9

9 787228 182299 >

定价：77.00元（上、下）

شىنجاڭ يازغۇچىلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەت،
خەنزۇ يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنى ئۆزئارا تەرجىمە- نەشر قىلىش قۇرۇلۇشى

ئېمىل لۇدۋىگ (گېرمانىيە)

37-2

# ناپولېئون

2

تەرجىمە قىلغۇچى: باۋۇدۇن ھەسەن

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# تۆتىنچى باب

# دېڭىز

بۇ ئادەمنى يوقاتماي بولمايدۇ!... ئەمما، پانىي دۇنيانىڭ ئۆز ئالدىغا قانۇنىيىتى بولىدۇ؛ دۇشمەنلىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن تەڭ ئاتلىنىپ زىيانكەشلىك قىلغىلى تۇرۇۋىدى، ناپولېئونمۇ ئاغدۇرۇلدى.

گيوتې

## بىرىنچى، ساناقلىقلا كۈنى قالدى

ناپولېئون ئۆز ۋۇجۇدىدا ئۇزاق زامان داۋاملاشقان ماتېماتىكا بىلەن تەسەۋۋۇر ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى توقۇنۇش نەتىجىسىدە دۇنيانى بويسۇندۇرۇش قارارىغا كەلگەن؛ بۇ ئىچكى توقۇنۇش ئۆز نۆۋىتىدە ئۆزىنىڭ دۇنيانى بويسۇندۇرۇش تارىخىنىمۇ بەلگىلىگەنىدى. ناپولېئون بۇ چاغدا خابىسبۇرگ جەمەتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە تايىنىپ كىشىلىك هايات مۇساپىسىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىققان، ھەتتا مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن مۇھەببىتىدىن ۋاز كېچىپ ئۆمۈرلۈك ھەمراھىنى تاشلىغانىدى. بىراق، تۆلىگەن بەدىلى بىكارغا كەتمەي بىر ئوغۇللۇقمۇ بولدى ـــ قانۇنلۇق ۋارىسقا ئېرىشتى، ۋارىسىنىڭ دۇنياغا

كېلىشى ناپولېئوننىڭ ــ شۇ قارام تەۋەككۇلچىنىڭ ئۆز سۇلالىسىنى مۇستەھكەملىشىگە تۈرتكە بولدى، نەتىجىدە تۈرلۈك سۇيىقەستلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بىتچىت قىلىپ، بارلىق پىرقە ـ گۇرۇھنى ئۆز قولىدا تۇتۇشقا مۇۋەپپەق بولدى. شۇ تاپتا خۇددى ئون يىل بۇرۇن مارىنگو ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، فىرانسىيەنىڭ ئىچكى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان مۇقىملىقنى كاپالەتلىك قىلغان چاغلىرىدىكىدەكلا ئۆزىنى ئەركىن ـ بىمالال ھېس قىلماقتا ئىدى. دەرۋەقە، ئەنگلىيە تېخى بويسۇندۇرۇلمىدى. بىراق، رۇسىيە ھەرھالدا دوستانىلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ؛ ئىسپانىيە تېخى ئىتائەتكە ئۆتمىدى. بىراق، رىككىيۇدىن خامبىرفېستقىچە بولغان ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدىكى ئەللەر فىرانسىيەنىڭ ئىتتىپاقدىشى، مۇنداقچە ئېيتقاندا ھەممىسى فىرانسىيەنىڭ بېقىندىسى بولۇپ قالغانىدى، ناپولېئون شۇنىڭ بىلەن ئۆمرىدە ئاخىرقى قېتىم ھېچنېمىدىن غەم ـ ئەندىشە قىلماي ئولتۇرماي چوڭ ـ چوڭ قارارلارنى چىقىرىشقا مۇۋەپپەق بولدى.

ناپولېئون ئەگەر پەقەتكىنە بىر ماتېماتىك بولغىنىدا چارلېماندىن قالغان ئىمپېرىيەگە قانائەت قىلىپ، دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش خىيالىنىڭ ئورنىغا فىرانسىيە رەھبەرلىكىدىكى ياۋروپا قوشما ئىشتاتلىرىنى بەرپا قىلىشنىڭلا كويىدا بولغان بولار ئىدى؛ ئەگەر پەقەتكىنە بىر خىيالپەرەس بولغىنىدا، قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن بۈيۈك ئىمپېراتور ئالېكساندىر II ئوبرازىدا ئوتتۇرىغا چىقىپ، گانگ دەرياسى ۋادىلىرىنى بويسۇندۇرغان بولاتتى. ھالبۇكى، ھەم ماتېماتىك، ھەم خىيالپەرەس بولغاچقا، ئۆز پىكرىنى ئۆزى ئىنكار قىلىشتەك خەۋپكە دۇچ كېلىپ تۇراتتى. بىراق، بۇ ماتېماتىك شۇنچە ئەقىللىك بولغىنىغا قارىماي سانلىق ئاساسلار بىلەنلا ئىپادىلەپ

بىرىش مۇمكىن بولمايدىغان ئاساسىي ئامىللارنى بىلىپ يېتەلمىدى: يەنى كۇنبويى زەمبىرەكلەر توغرىسىدىلا ئويلىنىپ يۈرىدىغان بۇ ھەربىي ئالىم ئىسپانىيە ۋە گېرمانىيەلەردىكى ھەربىي فورما كىيمىگەن ئاددىي پۇقرالارنىڭ كەيپىياتىغا نەزەر - ئېتىبارىنى بەرمىگەنىدى، ئۇلارنىڭ كەيپىياتى بۇ خىيالپەرەسنىڭ پىكرىنى ئۆرگۈتۈشى مۇمكىن ئىدى.

ناپولېئوننىڭ كۆڭلى ئاشۇ ھەل قىلغۇچ بىرقانچە يىل ئىچىدە، پەرزەنت يۈزى كۆرگىنىدىن كېيىنكى يەنە بىر قېتىم ئۆزۈش قىلىش قارارىغا كېلىشتىن ئاۋۋالقى ئىككى خىل پىكىر توقۇنۇشى ئوتتۇرىسىدا ئۈزۈپ يۈرەتتى. گەپ قايسى خىل پىكىرنىڭ ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىشىگە باغلىق ئىدى. خىيالىي تەسەۋۋۇرى ئۆزىگە ئەگەر خەلقنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويسا، ئېغىر خەۋپ پەيدا بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى، ھېسابلاشقا ماھىر كاللىسىمۇ يولنىڭ يىراق ھەم مۇشكۈل ئىكەنلىكىنى ئېيتاتتى. ناۋادا ھەر ئىككى جەھەتتە خاتا قارار چىقىرىدىغان بولسا، ئاقىۋىتى قانداق بولار؟ بۇ بالايىئاپەتتىن دېرەك بېرەتتى. ناپولېئون ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ پىششىق يېتىلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى. ۋۇجۇدىدا بۇ ئىككى كۈچتىن باشقا ئۈچىنچى بىر خىل كۈچ، يەنى بىر خىل قىسمەت ئېڭى پەيدا بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئىلگىرى بىلمەيدىغان ياكى كەمدىن - كەم تىلغا ئالىدىغان ئىچ سىرى مانا ئەمدى بىراقلا ئاغزىدىن چىقىپ كەتتى:

— قانداقتۇر بىرنەرسە ئۆزۈمگىمۇ نامەلۇم بىر نىشانغا قاراپ ئاتلىنىشىمغا تۈرتكە بولۇۋاتىدۇ. بىراق، ناۋادا نىشانغا يېتىپ بارغىنىمدا ئاشۇ قۇدرەتلىك تۈرتكە غايىب بولسا، زەررىچە نەرسىنىڭ زەربىسىگىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەي يىقىلىشىم مۇمكىن. بىراق، شۇنىڭغىچە مېنى مەغلۇپ قىلىشقا ئىنساننىڭ

كۆچى قادىر ئەمەس. ساناقلىقلا كۈنۈم قالدى !

ناپولېئوننىڭ كۈنلىرى ھەقىقەتەنمۇ ساناقلىقلا قالغانىدى، بىز ئاشۇ بىرنەچچە ئېغىز بېشارىتىدىن گەرچە قانداق ئاقىۋەتكە دۇچار بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ كەتمىسەكمۇ، يىمىرىلىش ئالدىدا بولىدىغان تۈيغۇدا ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتەلەيمىز. شۇ تاپتا تىراگېدىيەگە قاراپ كېتىۋاتقان سەپىرىدە ۋۇجۇدىدىكى سۈپسۈزۈك ئەقىل نۇرى خۇنۇكلىشىپ كەتكەنىدى. ناپولېئون رۇسىيەنى ئىشغال قىلىش جېكىنى «بەشىنچى پەردە» دەپ ئاتىۋالغانىدى، بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى تازا بىلىپ كەتمىگەن بولسا كېرەك، ياش چاغلىرىدىكى تەلەپپۇزى رۇسىيە بىلەن بولغان يېڭى تىنچلىق شەرتنامىسى ئۈستىدىكى سۆھبەتتە يەنە پەيدا بولدى. «پۈتۈن كۆچۈمنى سەرپ قىلدىم» دېگەنىدى ئۇ ئوتتۇز يېشىدا مىسىردا. ھالبۇكى، «جىمى ئىش مەن بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولىدۇ ياكى غايىب بولىدۇ؛ مەن ھالاك بولسام، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە خاتىمە بېرىلىدۇ. مەن ئۆلگەندىن كېيىن، ئوغلۇم يىلىغا ئالىدىغان قىرىق مىڭ فىرانك پېنسىيە پۇلىغا قانائەت قىلىپ ئۆتۈشىمۇ مۇمكىن» دېدى قىرىق ئۈچ ياشقا كىرگەن ناپولېئون كېكەش پالاتاسىدا. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قىزغىنلىقى كۈنسايىن ئېشىپ بارماقتا ئىدى ! «تالانتىم تېز جارى قىلدۇرۇلدى ھەمدە پۈتۈن كۆچۈمنى ئىشقا سېلىۋاتىمەن» دېگەن قاراشقا كەلگەندىن بۇيان، بولۇپمۇ مىسىر جېكىدىن بۇيان ئالېكساندىرنىڭ ئوبرازى ئىزچىل تۇردە گويا بىر دىنىي نىشانەدەك كۆز ئالدىدا نامايان بولۇپ، ئالېكساندىر II بولۇشۇم پېشانەمگە پۈتۈلگەن، دەپ قاراپ كەلگەنىدى. ئەمدى بولسا، تۈنجى قېتىم بۇ نىشانغا يەتكۈدەك يېتەرلىك كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە بولدى. ئەجەبا شۇ تاپتا ئارزۇسىنىڭ يوقىتا چىقىشىغا قاراپ تۇرسۇنمۇ؟ باش ۋەزىر ناپولېئوننىڭ يېڭى

يىلىنى تەبرىكلىگىنىدە، ناپولېئون خۇددى بىردىنلا ياشلىقى ئۆرغۈپ تاشقاندەك بولۇپ:

— بۇنىڭدىن كېيىنكى ئوتتۇز يىل ئىچىدە يېڭى يىلىمنى مۇشۇ تەرزدە تەبرىكلەپ تۇرۇشىڭىز ئۈچۈن تىرىشىمۇ ئاقىلانە بولغايمەن، — دېدى.

ناپالېئون ئۆمىۋرىدىكى ئاقىلانىلىك بىلەن ئۆتۈش كېرەكلىكىنى بىلمەي ئۆتكەن بولسىمۇ، بەربىر زېرەك ئادەم ئىدى. سودا ئۇرۇشىنىڭ فرانسىيەگە پايدىسىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەچكە، ئۆزىنىڭ ئەنگلىيە مېلىنى چەكلەش پەرمانىنى بىكار قىلىپ، ئىجازەتنامە تارقىتىپ، ئەنگلىيەدىن مەلۇم خىلدىكى خام ئەشيا ۋە بوياقلارنى ئىمپورت قىلىشقا ئىجازەت بەردى. چۈنكى، بىرىنچىدىن، بۇ نەرسىلەر فرانسىيە ئۈچۈن كەم بولسا بولمايتتى؛ ئىككىنچىدىن، پارىژلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ھەشەمەتلىك تۇرمۇشى ئۈچۈنمۇ بۇ نەرسىلەرگە موھتاج ئىدى. ھالبۇكى، بۇ ئىجازەتنامىلەر ئۇزاققا بارمايلا ھەممە دۆلەتتە خۇددى قەغەزدەك ھايىنىغا ئېلىنىپ سېتىلغىلى تۇردى، ھەتتا ئاخىرىغا بېرىپ شىمالىي دېڭىز ۋە بالتىق دېڭىزىدىكى ئەتكەسچىلەرمۇ ناپولېئون مەنئى قىلماقچى بولغان مۇستەملىكە مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلىشقا باشلىدى ھەمدە بۇ سودىدىن زور نەپ ئالدى. نېمە، بۇ ھەممىدىن ئەقىللىك ياۋروپالىق ئاشۇ ئەتكەسچىلەرگە ئالداندىمۇ؟ ناپولېئون شۇنداق بىر تەدبىر قوللاندىكى، دەرھال ئۇلارنىڭ بۇ سودا ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ، ياۋروپا قۇرۇقلۇقىغا كىرگۈزۈلىدىغان بارلىق مۇستەملىكە تاۋارلىرىدىن ئەللىك پىرسەنت تاموژنا بېجى ئالدى ھەمدە تاموژنا بېجىنى خەزىنىلەشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەممە يەردە ئەنگلىيەنىڭ پاختا توقۇلما بۇيۇملىرىنى پەرمان چۈشۈرۈپ كۆيدۈرگۈزدى، بۇنىڭ بىلەنمۇ مىڭلاپ - ئونمىڭلاپ كىشى

قانۇنسىز نەپ ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى، يەنە كېلىپ ھەرقانچە قاتتىق جازا تەدبىرى كۆرۈلگەن بولسىمۇ، كىشىلەر تەلىيىنى سىناپ بېقىشقا ئۇرۇناتتى. ناپولېئون شۇنىڭ بىلەن خۇددى ئەينى يىللىرى ئىسپانىيەدە پارتىزانلىق ئۇرۇشى قىلغىنىدەك، بۇ يەردە سودا ئۇرۇشىغا ئاتلاندى، سودىگەرلەر بولسا ئىمپېراتورغا قارشى سودا ئۇرۇشىغا كىرىشتى.

بۇ ئۇرۇش ئەمر ـ پەرمان ئۇرۇشى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، پارىژ ھۆكۈمىتى ئەنگلىيەدىن مال ئېكسپورت قىلىشنى مەنئى قىلغاچقا، ئەنگلىيە ئۆز قامال قىلىنمىغان پورتقا كىرگەن بىتەرەپ دۆلەت پاراخوتلىرىنىڭ ئىجازەت بېجىنى ئۆستۈردى. شۇ سەۋەبتىن پارىژ بىتەرەپ دۆلەتلەر سودىگەرلىرىنىڭ لوندون ۋە مالتا پورتلىرىغا كىرىشىنى يەنە بىر قېتىم مەنئى قىلدى. بىراق، لوندون بولسا ئۆزىنىڭ سودا پاراخوتلىرىنى ساختا بايراق ئېسىپ ياۋروپا پورتلىرىغا كىرىشكە بۇيرۇدى، شۇنىڭ بىلەن پارىژ ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىكى بارلىق بىتەرەپ دۆلەتلەر سودا پاراخوتلىرىنى تىنتىشقا كىرىشتى. ئامېرىكا ئۆز خەلقىنىڭ ياۋروپا قۇرۇقلۇقى بىلەن سودا ئالاقىسى، ھەتتا خۇسۇسىي ئالاقە قىلىشىنى يېقىنلا مەنئى قىلغانىدى. فىرانسىيە ئىمپېراتورى بۇ چاغدا پەقەت ئامېرىكا سودىگەرلىرى يەنە ئەنگلىيە پورتلىرىغا كىرمەيدىغانلا بولسا، تۈرلۈك ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا لەۋزە قىلدى. بۇنداق غەلىتە ۋەزىيەت يەنىلا دېڭىز سودىسىنى بوغۇپ قويۇش غەرىزىدە بولغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى، ناپولېئون مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆزىنىڭ دېڭىز ـ ئوكيانلاردىكى ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغانىدى.

ناپولېئوننىڭ ئۈمىدى ئۈلگىيىشقا باشلىدى، ئەنگلىيە پۇلىنىڭ كۇرسى چۈشۈپ، بىر فوند ستېرلىڭغا پەقەت ئون يەتتە

فىرانكلا ئايرىباشلىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئەنگلىيە بانكىلىرى زاۋاللىققا يۈز تۇتتى؛ ئەنگلىيە پارلامېنتىدىكى ئۆكتىچىلەرمۇ داۋاملىق ئۇرۇش قىلىۋېرىشكە ئۆكتە قوپتى. بىراق، ناپولېئوننىڭ يېگى تىنچلىق تەكلىپى بولسا يەنىلا رەت قىلىندى. ئەنگلىيەنىڭ بۇنداق قاتتىق پوزىتسىيە قوللىنىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئىسپانىيە ۋەزىيىتى قالايمىقانلىشىپ كەتكەن، قالايمىقانلاشقاندىمۇ يىغىشتۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەنىدى.

هازىرغا قەدەر ئىككى يۈز ئەللىك مىڭ فىرانسۇز ھېلىمۇ ئاشۇ دۆلەتتە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلار ۋېللىنگتوندىكى ئوتتۇز مىڭ ئىنگلىزنى قوغلاپ چىقىرىۋېتەلىدى. چۈنكى، ئوفېتسىرلار ۋە كاھىنلار رەھبەرلىكىدىكى يەرلىك پارتىزانلار مۆكۈپ ياتقان پاناھگاھىدىن چىقىپ، فىرانسىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا تۇشمۇ تۇشتىن ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى. فىرانسىيە ئىمپېراتورى بىلەن رىم پاپاسى ئوتتۇرىسىدىكى قورساق ئۇرۇشى نەتىجىسىدە كاھىنلارنىڭ كۈچى ئېشىپ باردى. پىرىنېئوس تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى فىرانسۇز بالىلار ئوقۇتقۇچىلىرىدىن «تەختتە ئولتۇرۇۋاتقان ناپولېئون تەڭرىنىڭ ئەلچىسى» دەپ ساۋاق ئالسا، جەنۇبىي ئېتىكىدىكى ئىسپان بالىلار ناپولېئوننى «ئالۋاستىنىڭ ئۆزى، فىرانسۇزلارنى ئۆلتۈرگەن كىشى ساۋاب تېپىپ، تەڭرىنىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشىدۇ» دەپ تەلىم ئالماقتا ئىدى.

بۇ ئەسەبىي دۆلەتتە فىرانسىيە قوشۇنى بىلەن ئۇرۇش قىلغۇدەك ھېچقانداق مۇنتىزىم قوشۇن يوق ئىدى. ناپولېئوننىڭ سەركەردىلىرى بىرئاز ساراسىمىگە چۈشكەن بولۇپ، بىر ـ بىرىگە ئورا كولىشاتتى. ناپولېئون پورتۇگالىيەدىكى تۇپىلاڭنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن مارسېنانى ئەۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر

ۋاقىتتا، پادىشاھ يوسىفنىڭ قولىدىن تۆت ئۆلكىنى قايتۇرۇۋالدى. يوسىف ئالايىتەن پارىژغا كېلىپ، ئىمپېراتورنىڭ بۇ پەرمانىدىن يېنىۋېلىشنى تەلەپ قىلدى، ئىمپېراتور بولسا ئاكىسى يوسىفقا: «بۇ تۆت ئۆلكىدىن ئۆز ئىختىيارلىقىڭ بىلەن ۋاز كەچكەنىدىڭ» دېدى.

ناپولېئون بۇ تۆت ئۆلكىنىڭ ھەربىر سىنى بىردىن گېنېراللىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇردى، بۇنىڭدىن باشقا يەنە بۇ تۆت ئۆلكىنى بىرتۇتاش باشقۇرۇشقا يەنە بىر باش قوماندان ئەۋەتتى. ئاشۇنداق رىمچە ھەربىي ھۆكۈمرانلىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئاكا - ئىنىلىرىنىڭ قىلمىشىدىن تولىمۇ ئۈمىدسىزلەنگەنىدى. دەھشەتلىك جەڭلەر، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاچ - يالىڭاچلىق ۋە كېسەللىك تۈپەيلىدىن مارسېنا ھەربىيلىكتىن چېكىنىشنى تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئىمپېراتور شۇ ئاچچىقىدا مارسېنانى يېنىغا چاقىرتتى.

ناپولېئون ئۆزى جەڭگاھقا ئاتلانمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئاخىرقى ھېسابتا بىلىپ يەتكەنمىدۇ؟ سەردار - سەركەردىلەر، بولۇپمۇ لەشكەرلەر قارارىنى كۈتمەكتە ئىدى، بۇنىسى ئۆزىگىمۇ ئايان بولسىمۇ، بىرەر ھەرىكەت قوللانمىدى. ئاشۇ تەلۋە خەلقنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقامدىغاندۇ ياكى ئۆزى ئاستورگادا قوشۇنلىرىنى تۇرغۇزغان چېغىدىكىدەك مەملىكەت ئىچىدە بىرەر ھىيلە - مىكىر بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەمدىغاندۇ؟ پۈتكۈل ئۇلۇغۋار ئىشلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقارماقچى بولۇپ تۇرغان پەيتتە جەنۇبتىكى بۇ كىچىككىنە بۇلۇڭدا يەنە بىر قېتىم شەكلىنىپ تۇرۇپ قالسۇنمۇ؟ ئالدىدا ئىسپانىيە دېگەن نېمىدى! ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنىڭ ھەربىي ھاياتىدىكى ئەڭ كونا قەدىناسى مارمىنتنى بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنى ئاياغلاشتۇرۇشقا ئەۋەتىش قارارىغا كەلدى.

ناپولېئوننىڭ ئىنىسى — يەنە بىر دۆلەتنىڭ پادىشاھى لۇئىسمۇ تەختىنى بوشىتىپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. ناپولېئون شۇنىڭدىن ئىلگىرى ئالدى بىلەن رېيىن دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى گوللاندىيە زېمىنىنى قايتۇرۇۋالغانىدى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە قالغان زېمىنىدا فىرانسىيەگە قارىتىلغان تاموژنا بېجىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. تېخىمۇ يامىنى ئۇ يەردىكى خەلقنى ئەنگلىيەنىڭ سودىسىغا قارشى تۇرۇشقا قىستىدى، بۇ ھال دېڭىزدا قاتناپ يۈرۈپ تىجارەت قىلىدىغان بۇ مىللەتنى قاتتىق غەزەپلەندۈردى. ئىلگىرى ئىنىسىنىڭ يېڭى دۆلەتتە بۇنداق مىللىي كەيپىياتقا قارشى كۆرەش قىلىشىنى ئۈمىد قىلغان، ئەمما خەلقنىڭ كۈچىنى، شۇنداقلا مەجبۇرەن تاج كىيگەن ئىككى پادىشاھنىڭ كۈچلۈك شەرەپ تۇيغۇسىنى تولىمۇ تۆۋەن چاغلىغانىدى. ناپولېئون شۇنى بايقىدىكى، بۇنداق ھەربىي ھۆكۈمرانلىق ئارقىلىق ئۇ يەرنىڭ ۋەزىيىتىگە تاقابىل تۇرۇش پادىشاھلارنى ئەۋەتىش ئارقىلىق تىزگىنلەشكە قارىغاندا كۆپ ئاسانغا توختايتتى.

ئىمپېراتورنىڭ بىسىمىدىن سەۋر - تاقىتى توشۇپ كەتكەن لۇئىس تەختىنى كىچىك ئىنىسىغا بېرىپ، بۇ پادىشاھلىقتىن غىپپىدە قېچىپ چىقىپ ئىز - دېرەكسىز غايىب بولدى. ناپولېئون ئايغاقچىلىرى (كونسېرۋاتسىيە ساقچىلىرى) ئارقىلىق پۈتۈن ياۋروپانى ئىنتىپ يۈرۈپ ئاخىرى ئاۋستىرىيەدىن تاپتى. ناپولېئون بۇنىڭدىن بەك خاپا بولغان بولسىمۇ، ئىش بۇ يەرگە يەتكەندە ئۆز جاۋابكارلىقىنىڭ ئىنىسىنىڭكىدىنمۇ چوڭراق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئىنىسىغا ھېچقانداق جازا بەرمىدى، پەقەت ئۆز دوختۇرىنى ئىنىسىنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈپ چىقىشقا بۇيرۇدى. چۈنكى، ئۇ غەمكىن پادىشاھ ئۆزىنىڭ كېسەل بولۇپ

قالـغانلـقىنى سـەۋەب قىلـىپ كۆرسىتـىپ ئەپۇ سـورىغانـدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ناپولېئون ئاپىسىغا «ئىنىمنى تاپتىم، ئەندىشـە قىلماڭ، ئۇنىڭ بـۇ قىلىـقىنى كـېيىنـچە كۆرۈشكە ئەقىلگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. سۆيۈملۈك ئوغلىڭىز ناپولېئوندىن» دەپ خەت يازدى.

بۇ ياۋروپا ھۆكۈمرانى ئەۋەتكەن سان ـ ساناقسىز خەتلىرىدە نامايان قىلغان ئىرادىسى ھەمىشە كىشىنى ئەيمەندۈرۈپ تىترەك ئولاشتۇراتتى، پەقەت بايىقى خېتىدىلا شېئىرىي تۇسكە ئىگە يۇمشاق سۆز ـ ئىبارىلەرنى قوللانغانىدى. قاچقۇن پادىشاھ بۇ چاغدا دېمىنى ئېلىۋېلىپلا گىلاسىېرغا كېلىپ، ئاددىي ۋە پىنھانە ھاياتىنى باشلاپ يېزىقچىلىققا كىرىشتى، ئۆزىنىڭ ئىمپېراتور ئاكىسىنىڭ رەھىمسىز زەربىسىگە ئۇچرىغانلىقى توغرىسىدىكى كەچۈرمىشلىرى تەسۋىرلەنگەن «مارى خانقىز ۋە مۇھەببەت پەرىشانلىقى» ناملىق ئۈچ توملۇق بىر رومان يازدى. يوسېفمۇ ئىنىسى لۇئىسنى دوراپ ئۆز ئوردىسىغا بېكىنىۋېلىپ، پادىشاھلىق ئويۇندىن قول ئۈزۈپ پىنھان ياشىماقچى بولغانىدى، ئىمپېراتورنىڭ تۆمۈر قولى ئىختىيارىغا قويۇپ بەرمىدى. ناپولېئوننىڭ ئويىچە، بۇ دېموكراتچىل ئاكىسىنى پارىژدا ئۆز ئەركىگە قويۇۋەتكەندىن كۆرە، ئاتاقتا بولسىمۇ بىرەر ھوقۇقنى تۇتقۇزغىنى تۈزۈك ئىدى! شۇنىڭ بىلەن يوسېف يەنە يېڭىباشتىن ئورۇش قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بىراق، ئىمپېراتورنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرىدىغان يېرى شۇكى، ئۇرۇشنىڭ ئېپىنى زادىلا بىلمەيتتى.

بۇ چاغدا ئائىلىدىكى ئەڭ تەنتەك ئىنىسى ژېرومې بىلەن سىڭلىسى پاۋلىنا ئىشق ـ مۇھەببەتكە غەرق بولغانىدى، كۆيۈسى مۇرات بىلەن سىڭلىسى كارولىنا ھەر خىل قىلىقلارنى چىقىرىپ يۈرۈۋاتاتتى، چوڭ سىڭلىسى ئېلىزانىڭ شىكار قىلىپ

يۈرگەنلىكىگە دائىر خەۋەرلەر پات ـ پات گېزىت يۈزىدە كۆرۈلۈپ تۇراتتى. ئېلىزانىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنىغۇ كەچۈرۈۋەتكەن بولدى، ئەمما ئۆزىنى كۆرسىتىشكە خۇشتار ئادىتى تولىمۇ جېنىغا تەگدى.

ھالبۇكى، ناپولېئون ئۆز قوۋمىدىكى ئەڭ خەۋپلىك بىر كىشىنىڭ ئۆزىگە سېلىۋاتقان تەھدىتىنى تېخى بىلىپ يەتمىگەنىدى. سابىق ۋېنتسىيە پادىشاھى ئەنگلىيەلىكلەر بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ كەتكەچكە، ناپولېئون مەجبۇر تەختتىن چۈشۈرۈۋېتىپ، پادىشاھلىقىنى بىر تاغىسىغا ئېلىپ بەرگەن ۋە بۇ يېڭى پادىشاھنى ئەنگلىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلىشقا بۇيرۇغانىدى. قېرىپ قالغان ھەمدە ئەۋلادسىز ئۆتۈۋاتقان بۇ سادىق ـ ساداقەتمەن پادىشاھنىڭ ئويىچە، ئىمپېراتورنىڭ كۆڭلىگە يېقىش ئۈچۈن، ئىمپېراتور بىلەن شىرەم تۇغقاندارچىلىقى بار كىشىلەردىن بىرەرسىنى ئۆزىنىڭ تەخت ۋارىسى قىلىشتىنمۇ ئۆتە ئەپلىك چارە يوق ئىدى. يوسىپنىڭ قېيىنئىنىسى بېرنادوت ئىلگىرى شىۋېتسىيەدىكى لورېنىيە ئۇرۇشىدا شىۋېتسىيە ئەسىرلىرىگە خەيرخاھلىق قىلىپ، مۇناسىۋەت دائىرىسىنى كېڭەيتىۋالغانىدى، مۇشۇ پۇرسەتتە فۇشېنىڭ ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ ياردەم بېرىشى ئارقىسىدا ئويلىمىغان يەردىن بىردىنلا شىۋېتسىيە پادىشاھىنىڭ تەخت ۋارىسى بولۇۋالدى. ئىمپېراتور فىرانسىيەلىك بىر گېنېرالنى چەت ئەل پادىشاھىنىڭ تەخت ۋارىسى قىلىش تەكلىپىنى رەت قىلىشنى بىئەپ كۆرگەچكە، گەرچە بۇ گېنېرالنىڭ بېرنادوتنىڭ 18 ـ نويابىر سىياسىي ئۆزگىرىشىدە ئۆزىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغىلى تاس قالغانلىقىنى، ھازىر بولسا كۈندىشى — ئىلگىرىكى يارىنىڭ ئېرى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلسىمۇ، قارشى پىكىردە بولۇشقا ئامالسىز ئىدى.

— ئۆزىڭىز ياخشى ھەربىي، — دېدى ناپولېئون ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلاپ، — ئەمما ھۆكۈمرانلىق تالانتى يوق بىر كونا ياكوبىنچى، باشقا ياكوبىنچىلارغا ئوخشاشلا شامالنىڭ يۆنىلىشىگە قاراپ ئىش تۇتىدۇ، بۇنداق ئادەم تەختتە مۇستەھكەم ئولتۇرالمايدۇ... بىراق، بۇنداق ئىشقا ئارىلىشىۋالسام بولمايدۇ، باشقا ئىش ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئىنگلىزلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بولسىمۇ فىرانسىيەلىك بىر گېنېرالنى گۇستاف جەمەتىنىڭ تەختىگە ئولتۇرغۇزۇشتىنمۇ ئارتۇق ئىش بولمايدۇ... بۇنىڭدىن باشقا يەنە كۆزۈمدىنمۇ نېرى بولىدۇ، بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇشمەن.

بېرنادوت غەلىبە قىلدى! ئەمدى ئۇزاق ئۆتمەيلا تاج كىيىدۇ ھەمدە بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلگۈر ناپولېئونغا رەھمەت ئېيتىشىنىڭمۇ ھاجىتى بولمايدۇ! شۇنىڭ بىلەن ئۇ تەنە تەلەپپۇزىدا: «شىۋېتسىيەنىڭ ۋەلىئەھدى بولۇش سۈپىتىم بىلەن لەشكەر ۋە قورال - ياراق تەمىنلەپ بېرەلەيمەن. ئەمما، بۇنىڭ ئۈچۈن پۇل تۆلەيسىز» دەپ خەت يازدى. قورلار ئارىسىغا كۆمۈلگەن يوشۇرۇن مەنىنى بىلىپ يەتكەن ناپولېئون مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى - دە، ئۆزى بىۋاسىتە جاۋاب خەت يازماستىن، باشقا بىرىگە ئۆزىنىڭ ئەزەلدىن پادىشاھىنىڭ ۋارىسى بىلەن خەت - ئالاقە قىلىشمايدىغانلىقىنى قەيت قىلىپ خەت يازغۇزدى. ئىمپېراتورنىڭ بۇ يوشۇرۇن دۈشمىنى بۇ قېتىمقى ھاقارەتنى مەڭگۈ ئېسىدىن چىقىرالمايتتى. خەپ، ئىككى يىلغا قالمايلا بۇ ئۆچىنى، شۇنداقلا ھەممە ئۆچىنى بىراقلا ئېلىۋالماي قويمايدۇ!

تۇشمۇتۇشتىن يامراپ كېلىۋاتقان يوشۇرۇن ئوتنى ئەلەم ئىچىدە ھېس قىلىپ يەتكەن ناپولېئون بۇ چاغدا سىرداش دوستلىرىدىن ئۆز تۇغقانلىرى ۋە ئاقسۆڭەكلەردىن ئۈمىدسىزلەنگەنلىكىنى يوشۇرۇپ ئولتۇرماس بولغانىدى.

«مۇراتقا تاج كىيدۇرمىسەم، ئاكا ـ ئىنىلىرىمنىمۇ پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزمىسام بوپتىكەن، — دەپ يازدى بىر سىردىشىغا ئەۋەتكەن خېتىدە ھەسرەت بىلەن، — ئادەم بۇرنىغا سۇ كىرمىگۈچە ئەقلىنى تاپالمايدىكەن!... چەت ئەللەردىكى قاچقۇنلارغا مۈلكىنى قايتۇرۇپ بەرمەي دۆلەت خەزىنىسىگە ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئاندىن ھەممەيلەنگە پېنسىيە پۇلى ھېسابىدا ئاز ـ ئازدىن ئۈلەشتۈرۈپ بەرسەم بولغانىكەن. كونا تۈزۈمنىڭ ئاسارەتلىرى بىلەن زادىلا خوشۇم يوق، تەنتەكلەر بىلەن زادىلا چامغۇرۇم پىشمايدۇ. باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكىگە ئەزەلدىن چېقىلىپ باقمىدىم، پەقەت ئىگىسىز مۈلۈكنىلا ئىلكىمگە ئۆتكۈزۈۋالغانمەن. ئۆلكە باشلىقى ۋە ۋالىيلا قويسام بولغانىكەن، ھەتتا مارشاللىرىم ئىچىدىمۇ ھوقۇق ۋە مۇستەقىللىق دەپ چۇشەكەۋاتقانلاردىن بىرمۇنچىسى بار!»

ناپولېئون ئىمپېراتور بولۇشنىڭ نەقەدەر خەۋپلىك ئىكەنلىكىنى ئاخىر چۈشەنگەنىدى! ۋۇجۇدى قەيسەرانە روھقا تولغان چاغلىرىدا ئەجىر ـ تۆھپىسىنىڭ ۋە نام ـ شۆھرىتىنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتىگە تايانمىسىمۇ مەڭگۈ ئۆچمەيدىغانلىقىغا ئىشەنچى كامىل بولغان بولسىمۇ، كېيىنچە سۇلالىسىنىڭ بەختەرلىكىنى قوغداش ئىستىكىدە ئۆز جەمەتىگە باغلىنىپ قالغان، يەنى ئىسيانكار خاراكتېرى بىلەن تالانتى ۋە ئىدىيەسىنى ئەنئەنىۋى قائىدىگە ئۇيغۇن مۇرەسسە ـ مادارا يولىغا سېلىش ئىستىكىدە بولغانىدى، ھازىر ھېس قىلىپ يەتكەن ھەممە يوشۇرۇن خەۋپنىڭ مەنبەسىمۇ دەل شۇ ئىدى. ئاھ، ناپولېئوننىڭ شانلىق نۇرىدا يالتىراپ ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلىشىپ كەلگەن بىۋاپا قېرىنداشلىرى، قېيىنئىنىلىرى ۋە مارشاللىرى ئۇزاق ئۆتمەيلا ناپولېئونغا نەشتىرىنى سانجىغىلى تۇرسا ـ ھە!

ناپولېئوننىڭ قول ئاستىدىكى پادىشاھلار ۋە قېرىنداشلىرى

تەخت ۋارىسلىرى ئەمەس، تېخى تۇغۇلمىغان ئوغلىنىڭ ئورنىدا تۇرۇپ تۇرغانلاردىنلا ئىبارەت ئىدى، ناپولېئون ئوغلى دۇنياغا كەلگەندە ئۆزىنىڭ بۇرۇن خاتا قىلغانلىقىنى بىلىپ يەتتى، يوسېفىنىدىن بالىلىق بولمىغان دەپ ئۇلتۇرىۋەرگەنلىكىنىڭ زىيانلىق ئاقىۋىتى كۈنسايىن روشەنلەشتى. پەقەت ئوغلىنى ئۆزى يولىغا قويغان تۇزۇلمىدە ئۇلۇغ رول ئالغۇچىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈنلا شۇنچە كۆپ جەڭلەرنى قىلغان، شۇنچە كۆپ يىللارنى سەرپ قىلغان، ئۆزىنى شۇنچە قاتتىق تىزگىنلىگەن ۋە ئۆزىنى ئىنكار قىلغان، ئوغلى دۇنياغا كەلگەندە بولسا كېچىككەنىدى. هايات رىتىمى شۇنداق تېز بولدىكى، يىگىرمە ئىككى يېشىدا لېيتېنانت ئىدى، ئوتتۇز تۆت يېشىدا ئىمپېراتور بولدى، قىرىق تۆت يېشىدا تولىمۇ كېچىكىپ ئوغۇللۇق بولدى. كۈچىنى شۇ قەدەر تېز سەرپ قىلغانىدىكى، هايات مۇساپىسىنى يەنە قانچە يىل داۋاملاشتۇرالايدىغانلىقى نامەلۇم. ئېھتىمال، ئوغلىنىڭ هايات يولىغا ھەقىقىي قەدەم باسقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشمۇ نېسىپ بولماي قالار.

قارالا، تېز قېرىپ كېتىۋاتقان بۇ كىشى كۆز قارىچۇقىدەك ئەتىۋار يۈرەك پارىسىنى تىزىغا ئولتۇرغۇزۇپ مېھرى بىلەن سىلايتتى، ئىمپېراتورلۇق تاجىنى بېشىغا كىيدۈرۈپ قوياتتى، ناشتا ۋاقتىدا ھەتتا قوبۇلخانىسىغا ئۆمىلەپ كىرىپ ئوينىشىغىمۇ رۇخسەت قىلاتتى. ئەگەر ئۇششاق تاياقلارنى تىزىپ، ئىسپانىيەنىڭ ۋېللىنگتون شەھىرىنى ئېلىش پىلانى ئۈستىدە قاتتىق ئويلىنىۋاتقىنىدا ئۆي خىزمەتچىسى ئوغلىنى ئېلىپ كىرگۈدەك بولسا ــ بۇ ئائىلىنىڭ قائىدىسى بويىچە ئۆي خىزمەتچىسى بۇ ئۆينىڭ ئىشىكىدىن كىرسە بولمايتتى — ناپولېئون ئۆزى ئىشىك ئالدىغا بېرىپ، بالىنى قولىغا ئېلىپ، پولدىكى «ياغاچ قوشۇنلار»نىڭ يېنىدا «جەڭگاھ»نى خالىغىنىچە

قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىشكە قاراپ تۇراتتى، ئوغلىغا خۇددى نەۋرىسىگە كۆيگەن بوۋايدەك كۆيەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن قاقاھلاپ كۈلگىنىچە ئەينەك ئالدىغا كېلىپ، چىرايىنى ھەرقىسما ئۆزگەرتىپ شەيتانلىق قىلاتتى. ئەستايىدىللىقتا چاقچاقنى ئاربلاشتۇرۇپ ئۆزىنىڭ ياۋروپانى بويسۇندۇرۇشىغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن خەنجىرىنى بۇ ئىككى ياشلىق ئوغلىغا ئېسىپ قوياتتى ـ دە، گويا خىيالىي تەسەۋۋۇرى رېئاللىققا ئايلانغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالاتتى.

بۇ بالا «مەغرۇر ھەم چىچەن، شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ بەك ئىچىم كۆيىدۇ... ئوغلۇم بىجىرىم ھەم ساغلام، نەپەسلىرىمۇ، لەۋلىرىمۇ ۋە كۆزلىرىمۇ ماڭا ئوخشايدۇ... كەلگۈسىدە ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغىيدى !» دەيتتى يوسېفىنغا يازغان خەتلىرىدە مىشچانلارغا خاس ساددىلىق بىلەن.

ئەمدى يوسېفىننى يوقلاپ بارماس بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىلگىرىكى ئايال دوستلىرىدىنمۇ ئۆزىنى يىراق تۇتتى. چۈنكى، نىكاھقا تۇتقان پوزىتسىيەسى بىلەن ئاۋامغىمۇ، ئىتالىيانلارغىمۇ ئوخشىشىپ كېتەتتى، شۇنداقلا بىر ئەلنىڭ خاقانى بولۇش سۈپىتى بىلەن پۈتكۈل ئاۋامغا ئۈلگە بولۇشنىمۇ خالايتتى. رەپىقىسى مارى لۇئىس قىلىچە مىللىي بىرتەرەپلىمىلىك قاراشتا بولمىغاچقا، گالۋاڭ، تەنتەك خاراكتېرى مۇناسىپ ھالدا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە فىرانسۇزلىشىپ كەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن تولىمۇ ئىناق ئۆتەتتى. ناپولېئون دائىم ۋاقىت چىقىرىپ مارى لۇئىسقا ھەمراھ بولاتتى، مارى لۇئىس ئات مىنىشنى ئۆگىنىشكە كىرىشكەندە سەۋرچانلىق بىلەن ئېتىنىڭ قېشىدا ھەمراھ بولاتتى، ھەتتا تاماققا كېچىكىپ قالغان چاغلىرىدىمۇ ھېچقاچان ھېچكىمنى تاماققا ساقلىمايدىغان

ناپولېئون مارىنى كۆتۈپ تۇراتتى. مارى لۇئىس ناپولېئوندىن زادىلا قورقمايتتى، ھەتتا دادىسى ئەۋەتكەن ئەلچىگە «ناپولېئون مەندىن شۇنچىكى بولسىمۇ قورقىدۇ» دەپ چاقچاق تەرزدە گەپ ئېيتىپمۇ بەردى. فىرانسىيە ئىمپېراتورىنىڭ ۋىيېننا ئوردىسىغا ياخشى تەسىر قالدۇرۇشى تولىمۇ مۇھىم ئىدى، سىياسىي سەۋەب تۈپەيلىدىن ۋىيېنناغا رەپىقىسىنىڭ بەختلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇشنى تولىمۇ پايدىلىق دەپ بىلەتتى، شۇڭا خانىشنىڭ ئەھۋالىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن مېتتېرنىچنى خانىشنىڭ قېشىغا باشلاپ باردى، ئاندىن ئۇلارنى يالغۇز قالدۇرۇپ ئىشىكنى قۇلۇپلاپ چىقىپ كەتتى ھەمدە ئۆيىنىڭ ئاچقۇچىنى يانچۇقىغا سېلىۋالدى، بىر سائەتتىن كېيىن ئاندىن چىقاردى، بۇ چاغدا مېتتېرنىچتىن «خانىشنىڭ بەختلىك ئىكەنلىكىنى ئەمدىغۇ بىلگەنسىز» دەپ سورىدى قۇۋلۇق بىلەن كۈلۈپ. بۇ پەقەت چاقچاقلا ئىدى، خالاس. ۋاھالەنكى، بۇ ئىشى مۇشكۈل بىر قارارنى چىقىرىش ئالدىدا ئېغىر روھىي بېسىمى ۋە روھىي جىددىيلىكىنى يېنىكلىتىشنىڭ بىر ۋاسىتىسى بولۇپمۇ ھېسابلىناتتى. مارى لۇئىسنىڭ ئاشۇ يىللاردا ياشلىق باھارى ئارقىلىق ناپولېئوننىڭ كۆڭلىگە ئازراق بولسىمۇ ئارام بەخش ئەتكەنلىكى بىردىنبىر تۆھپىسى بولسا كېرەك. نىكاھ ناپولېئوننىڭ كۈتكىنىدەك سىياسىي ۋەزىيەتنى پەسەيتەلمىدى. نىكاھ ئارقىلىق نەپكە ئېرىشىشكە ئادەتلەنگەن ھېلىگەر ئاۋىستىرىيەلىكلەر ئەسلىدە تويلۇق ھېسابىدا بىرقانچە ئۆلكىگە ئېرىشىپ قېلىش تەمەسىدە ئىدى، ئويلىمىغان يەردىن ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدى. ئاۋىستىرىيە ئىمپېراتورى فىرانسىس بۇ تېگى پەس كورسىكالىقنىڭ ھاقارىتىدىن قاتتىق ئاغرىندى. چۈنكى، ئوردىنىڭ دەرۋازىسىنى تاقاپ يالغۇز ئولتۇرۇپ تازا ئويلىنىپ كۆرگەندە، بۇ قېتىمقى توي ھەممە كىشى ئۈچۈن بىر

خىل نومۇس ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتمەك تەس ئەمەس ئىدى. ئەنئەنىۋى ئىدىيەنى ساقلاپ كەلگەن بۇ ئىمپېراتور ئۆز كۆڭلىگە ئاز - تولا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن توسكاناغا شۇ يەردىكى كونىراپ كۆكىرىپ كەتكەن ئىلگىرىكى ھۆكۈمەت ئارخىپلىرىدىن ناپولېئوننىڭ ئەجدادلىرىغا دائىر ماتېرىياللارنى تېپىپ چىقىپ تەتقىق قىلىپ كۆرۈش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتتى، كۈيئوغلى بىلەن قايتا ئۇچراشقاندا «ئەجدادلىرىڭىزنىڭ بەزىسى 11 - ئەسىردىكى تىرېۋىسودا تۇرغان بولسا كېرەك» دېۋىدى، تۇنجى، شۇنداقلا ئاخىرقى بوناپارت بولسا خۇشاللىق بىلەن جاۋاب بەردى:

— رەھمەت سىزگە، ئالىيلىرى، مەن جەمەتىمىزنىڭ رۇدولوفى (خابسبۇرگ سۇلالىسىنىڭ پېشۋاسى) بولۇشقا رازى.

تېخى يېڭىلا ئىمپېراتورلۇق تەختىگە چىققان بىر ئادەمنىڭ شۇنچە مەمەدانلىق بىلەن ئېيتقان بۇ سۆزى بۇ ئاتا مىراس ئىمپېراتورنىڭ كۆڭلىگە قاتتىق تەگدى. ئۇزاق ئۆتمەي شۇنداق بىر ئەھۋال كۆرۈلۈپ، بۇ قېيىنئاتىنىڭ ئاۋسترىيە ئىمپېراتورى بولۇش سۈپىتى بىلەن كۈيئوغلىنى قوللاش - قوللىماسلىق كېرەكلىكى ئۈستىدە ئويلىنىشىغا توغرا كەلگىنىدە ناپولېئوننىڭ بىپەرۋالىق بىلەن ئېيتقان بايىقى سۆزلىرى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. كېيىن ناپولېئون بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتكىنىدە تولىمۇ كېچىككەنىدى. «ئەگەر شۇ چاغدا قېرى تۈلكىنى كىنايە قىلىپ چېقىۋالماي ماختاپ ئۇچۇرۇپ قويغان بولسام، لېيپزىگ جەڭگاھىدا ئون تۈمەن دۈشمەن لەشكىرى كېمەيگەن بولار ئىدى!» دەپ يازىدۇ ناپولېئون كېيىنكى ئەسلىمىسىدە.

ھالبۇكى، بۇ ئىنقىلابچى ئاشۇ ئەنئەنىۋى ئىمپېراتورنىڭ بەزى ئىستىلىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپمۇ كېتەتتى. ئۆز خوتۇنىنىڭ دادىسىغا خەت يازغاندا دادىسىنى «مۇقەددەس

ئالىيلىرى، ئېپىسكوپ ئىمپېراتور» دەپ ئاتىغانلىقىنى كۆرگىنىدە بارىكاللا ئېيتاتتى، شۇنداقلا ئۆزىنى ئىلاھ جۈپىتېرنىڭ ئوغلى دەپ ئاتىۋالغان ئالېكساندىرنى يادىغا ئالماي قالمايتتى. پاپانىڭ دۇئاسىنى ئالغان ئىمپېراتور پاپا ئۈچۈن كۆيۈ ئوغلىدىن تولىمۇ ئاغرىناتتى. چۈنكى، ناپولېئون پاپانى تىزگىنلەش ھەرىكىتىنى ئۇزۇكسىز جىددىيلەشتۈرۈپ، ساۋۇنادا يۇمشاق تەقىب قىلدى، يەنە تېخى رىم دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى بىلەن پىششىق تونۇش بولمىغان بۇ پاپانىڭ مەسلىھەتچىلىرىنى قايتۇرۇۋەتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇرلاش ئۈچۈن ھۆججەتلىرىنىمۇ ئېلىپ كەتتى. چىركاۋنىڭ پارچىلىنىشى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدىلا قالغانىدى. ئىمپېراتور توي مۇراسىمى ئۆتكۈزگەندە ئون ئۈچ كاردىنال تويغا كەلمىدى. چۈنكى، پاپا ناپولېئوننىڭ تاغىسى كاردىنال فېرشىل جاكارلىغان ناپولېئون بىلەن يوسېفىننىڭ نىكاھىدىن ئاجرىشىشىنىڭ كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايتتى. ئەمدى بولسا گويا پارىژنى خىرىستىيان دىنىنىڭ پايتەختى قىلىپ بېكىتكەندەك، ناپولېئون ۋاتىكاندىكى دىن ئارخىپلىرىنى يەشىك ـ يەشىكلەپ پارىژغا ئەكەلدۈردى. بارلىق ياۋروپا پادىشاھلىقلىرىدەك بارلىق ئېپىسكوپلارنىڭ ئىشتىراكىدا بىر يىغىن چاقىرىپ، پاپانىڭ ئىمپېراتور بىلەن ئوخشاش بولمىغان قاراشتا بولغان ئەھۋالدىكى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ھوقۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش پەرمانىنى زورمۇزور ماقۇللاتقۇزدى، ئاخىردا پاپامۇ پەرمانغا ئىمزا قويۇشقا مەجبۇر بولدى، پەرمان ھېچ بولمىغاندا فىرانسىيەدە بولسىمۇ كۈچكە ئىگە ئىدى. ياۋروپادا بۇ مەسىلە توغرىسىدا غۇلغۇلا كۆتۈرۈلۈپ، مۇخلىسلار مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى. پاپانىڭ تەس كۈنگە قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان رۇسلار ۋە پولەكلەر ئاساسىي جەھەتتىن خۇش بولدى،

پىرۇسسىيە ۋە ئەنگلىيەلىكلەر ھەرھالدا قوبۇل قىلدى، شۇ چاغدا كىشىنى ئەڭ ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇ بولدىكى، چېركاۋ ھۆكۈمرانلىقىدىكى دۆلەتنىڭ يۇقىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىمپېراتور تەرەپتە تۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئىلگىرى بىر مەھەل ئۆز ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قوش ئېكسپلاتاتسىيەسىگە ئۇچرىغان بۇ مەملىكەت ئەمدىلىكتە «ناپولېئون قانۇنى»نى، زامانىۋى تەربىيەنى، مۇۋاپىق مەمۇرىي باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى قوبۇل قىلدى، يول قۇرۇلۇشى، شۇنداقلا پىنئېر سازلىقىدا سۇ چىقىرىۋېتىش قۇرۇلۇشىنى پائال ۋە ئۈنۈملۈك يولغا قويدى. ئىنقىلابىي روھقا ئىگە بۇ تەگرىنىڭ ئەركىسى قەدىمىي رىم روھىنى پارىژغا ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەمدى پارىژنىڭ ئىسلاھات شاملىنى رىمغا يۆتكەشكە كىرىشتى. ناپولېئون بۇ ئىككى شەھەر ئوتتۇرىسىغا ئەنە شۇنداق قىلىپ بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان مەنىۋى كۆۋرۈك سالدى.

دىندىن قوغلاپ چىقىرىلغان بۇ ئىمپېراتور ھىيلىگەرلىك بىلەن پاپانى جازاغا ئۇچرىتىش خىيالىدا ئىدى. ئۆز زېمىنىغا يېڭىلا قوشۇۋالغان گوللاندىيەدە روھانىيلارنى قوبۇل قىلغىنىدا، باستىرلاردىن نۇرغۇن يېڭى دىن مۇخلىسلىرىنىڭ ئالدىدا سورىدى:

— سىلەرنىڭ ئېتىقاد قىلىدىغىنىڭلار گىرىگورى VII نىڭ دىنىمۇ؟ مەن ئېتىقاد قىلمايمەن، پەقەت خىرىستوس ئەيسانىڭ دىنىغىلا ئېتىقاد قىلىمەن، ئەيسا «ئەسلىدە قەيسەرگە مەنسۇپ نەرسىنى قەيسەرگە بېرىڭلار» دېگەنىدى. شۇنىڭغا ئوخشاشلا مەنمۇ ئەسلىدە تەڭرىگە مەنسۇپ نەرسىنى تەڭرىگە تاپشۇرىمەن. مېنىڭ سۇلالەم تەڭرىگە مەنسۇپ! قولۇمدا پانىي دۇنيانىڭ شەمشىرى تۇرۇپتۇ، بۇ شەمشەرنى قانداق ئىشلىتىشنى ئوبدان بىلىمەن! بۇ ئىمپېراتورلۇق تەختىنى تەڭرى تىكلىگەن! بۇ

تەختكە ھەرگىزمۇ ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئولتۇرغۇزۇۋالغان ئەمەس، بەلكى تەڭرى مېنى ئولتۇرغۇزغان. سەن بايقۇشلار قارشى چىقماقچىمۇ؟ رىم پاپاسى پادىشاھلارنى دىندىن قوغلاپ چىقارغانلىقى ئۈچۈنلا پادىشاھلارغا دۇئا قىلمامتىڭلار؟ مەن سىلەرنىڭچە پاپانىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ پۇت بارماقلىرىنى سۆيىدىغان ئادەممۇ؟... ۋاي قورقۇنچاقلار، ئىسپاتلاپ بېرىڭلارچۇ، خىرىستوس ئەيسا پاپانى ئۆزىنىڭ ۋەكىلى قىلىپ بەلگىلىگەن ھەمدە ئۇنىڭغا بىر پادىشاھنى دىندىن قوغلاپ چىقىرىش ھوقۇقىنى بەرگەنمىكەن؟... نېسىۋىسىگە شۈكۈر قىلىدىغان ياخشى پۇقرالاردىن بولۇپ، سىياسىي ۋە دىن پۈتۈمىگە ئىمزا قويغىنىڭلار تۈزۈك! سىز، جانابىي ۋالىي، بۇنداق ۋەقەلەرنىڭ قايتا يۈز بېرىپ قېلىشىنى توسۇڭ!

ناپولېئون بەزىدە ئۆزىنىڭ چوڭقۇر پىكىرلىرىنى شۇ قەدەر كۆپتۈرمىلەك بىلەن بۇرمىلاپ شەرھلىيەلەيتتى، بەزىدە ئاچچىقىدا نېمىلەرنى دەۋەتكىنىنى بىلمەي قالاتتى، ئەمما بۇنداق سىپايىگەرلىك تەلەپپۇزىدىكى سۆزلىرىنى كۆڭلىدە مەسخىرىمۇ قىلاتتى. دەسلەپتە رىم پاپاسىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ئۆزىگە ئۆزى تاج كىيگۈزگەن بولسا، ھازىر بۇ تاجغا سىرلىق روھانىي ھوقۇقتىن ھەل بېرىپ، بۇ تاجنىڭ مەنىۋى قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرغانىدى.

## ئىككىنچى، ياۋروپا قوشما ئىشتاتلىرى توغرىسىدىكى بۈيۈك تەسەۋۋۇر

— قېنى ئېيتىڭ، نېمە ئۈچۈن ستراسبۇرگ ئەتراپىدا تۇزنىڭ باھاسى بىر سو ئۆرلەپ كەتتى؟

ناپولېئون قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئىشتاب كوماندىرىغا بۇ

سوئالنى قويغاندىن كېيىن دېگىز ئارمىيە ئىشتات كوماندىرىغىمۇ بىر پارچە خەت يېزىپ، ئۈچ يىل ئىچىدە قۇدرەتلىك ئىككى فىلوت ــ سېتسىلىيە ۋە مىسىرغا تاقابىل تۇرىدىغان ئوكئانىيە فىلوتى، ئىرلاندىيەگە تاقابىل تۇرىدىغان ئوتتۇرا دېڭىز فىلوتى قۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئىسپانىيەدىكى ئۇرۇش فىرانسىيەگە پايدىلىق ۋەزىيەتكە بۇرىلىدىغانلا بولسا، 1812 ـ يىلى ئۇمىد تۇمشۇقىغا ئەھلىسەلىپ قوشۇنى ئەۋەتىشى، ئالتە تۈمەن كىشىلىكتىن سەككىز تۈمەن كىشىلىككىچە قوشۇن ئارقىلىق سۇرىنان ۋە مارتىنىك ئارىلىغا ھۇجۇم قىلىشى شەرت ئىدى. دۈشمەننىڭ ئوكيان چارلىغۇچى پاراخوتلىرىدىن چەتنەپ، ئەسكىرىي كۈچىنى شەرقىي يېرىم شار ۋە غەربىي يېرىم شارغا تەكشى تەقسىملەشكە توغرا كېلەتتى.

ــ كىشىلەر نەگە بېرىپ، نەدىن كېلىشىمىزنى بىلمەكچىمۇ؟ ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدا ئۇرۇشقا خاتىمە بېرىمىز، ــ دېدى ناپولېئون، ــ ئاندىن ئاجىز قاراقچىلارنى بولايمىز ـ دە، ياۋروپانىڭ غوجا ئاكىسى بولۇۋالغان ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ قولىدىن ھىندىستاننى تارتىۋالىمىز... ئەنگلىيەگە ياۋروپانىڭ بىر ئۇچىدىن باشلاپ ئارقا سېپىدىن ھۇجۇم قىلىمىز... موسكۋانى ئالدۇق دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ تۇرايلى، چار پادىشاھ سۈلھى قىلغان بولسۇن ياكى پۇقرالىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن بولسۇن ۋەياكى ماڭا بېقىنىدىغان يەنە بىر يېڭى سۇلالە قۇرۇلغان بولسۇن، قېنى ئېيتىپ بېقىڭلار، فىرانسىيە قوشۇنى تىئالىستىن كەلگەن ياردەمچى قوشۇننىڭ ياردىمىدە ئۇدۇللا گانگ دەرياسىغا بارالماسمۇ ھەمدە شۇ يەردە ئىنگلىزلارنىڭ بارلىق سودا ئاپپاراتلىرىنى بىراقلا بىتچىت قىلىپ تاشلىيالماسمۇ؟ فىرانسىيە بىرلا ئۇرۇش بىلەن غەربتە مۇستەقىللىق بەرپا قىلىپ، دېڭىزدىكى ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ!

ئەينى چاغدىكى بىر شاھىت ناپولېئوننىڭ شۇ چاغدىكى ھالىتىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق قەيت قىلىدۇ:

كۆزلىرى ئاجايىپ چاقناپ كەتكەنىدى، ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەستىن خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشنىڭ ئاساسىنى تەھلىل قىلاتتى، دۈچ كېلىش ئېھتىماللى بولغان قىيىنچىلىقلارنى كۆرسىتىپ ئۆتەتتى، ھەل قىلىش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قوياتتى ۋە پارلاق كېلەچەكنى يورۇتۇپ بېرەتتى.

چار پادىشاھ سۈلھى تەلەپ قىلارمۇ ياكى قەتل قىلىنارمۇ؟ بۇ ناپولېئوننىڭ پىكىر ـ خىيالىنى توپتوغرا بىر يىل چىرمىۋالغان مەسىلە ئىدى. چۈنكى، ماتېماتىكىلىق ھېسابلىرى ۋە مۆلچەرى چار پادىشاھنى ئۆزىگە دۈشمەن تۇتماي دوست تۇتۇشقا دەۋەت قىلاتتى. دەرۋەقە، رۇسىيەنىڭ مەغلۇبىيىتى ناپولېئونغا ھېچقانداق پايدا ئېلىپ كەلمەيتتى؛ ئەكسىچە، بۇ ئۇرۇشنىڭ مالىمانچىلىقىدىن ئەندىشە قىلىپ، ئۆزىنى چەتكە ئېلىش خىيالىدا ئىدى؛ بىراق، ئالدىنقى شەرت شۇكى، چار پادىشاھ ئەلگىرىكى قارارىدەكلا فىرانسىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشى ھەمدە بۇ ئاخىرقى ئۇرۇشقا قاتنىششى كېرەك ئىدى. چار پادىشاھنىڭ ھەرىكىتىگە ئىزچىل دىققەت قىلىپ كەلگەن ناپولېئون شۇنى بايقىدىكى، ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپنىڭ بارغانسېرى سالمىقى قالمايۋاتاتتى، شۇنىڭ بىلەن رېيمىن ئىتتىپاقىدىكى بىر پادىشاھقا ئەۋەتكەن تەكلىپىدە: «چار پادىشاھنىڭ ياكى مېنىڭ قانداق ئويلىشىمدىن، شۇنداقلا ئىككى دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ ئۇرۇش مۇقەررەر پارتلايدۇ» دەپ يازدى. ناپولېئون مەيلى ئىمپېراتور سالاھىيىتى بىلەن ياكى باش مەمۇر سالاھىيىتى

بىلەن بولسۇن، ئۇرۇشتىن ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېچقاچان مۇنداق تەلەپپۇزدا جاكارلاپ باققان ئەمەس، مۇۋاپىق باھانە تاپالمىغانلىقى ئۈچۈنلا روسسىيەگە قارشى جەڭ ئېلان قىلىشنىڭ سەۋەبىنى تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا دۆڭگەپ قويغانىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا نېمان دەرياسى بويىدىكى سەييارە چېدىردا ئۆتكۈزۈلگەن ئۇچرىشىشتا تۇنجى قېتىم قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەن چېغىدىلا ئۇرۇش ئۇرۇقى سېلىنغانىدى. بۇ ئۇرۇق ئۇلارنىڭ دوستانە ئۇچرىشىشلىرى داۋامىدا شەپىسىز بىخ سۈردى؛ كېيىن ۋەتەن ساتقۇچ تاللېيراننىڭ ئاسىي دىپلوماتىيە ھەرىكىتى بۇ ئۇرۇقنىڭ بىخلىنىشىغا تېخىمۇ تۈرتكە بولدى، ئىككى ئىمپېراتور ئېرفۇرتتا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكىنىدە ئۆزلىرىگە ياماشقان خۇپىيانە زەھەرلىك يىلاننىڭ نەشتىرىنى ئېنىق ھېس قىلىشقانىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن كۈيئوغۇل - قېيىنئاتا بولۇشالمىدى، بۇ تاسادىپىيلىقمۇ ئەمەس، شۇنداقلا مەقسەتلىك بولغان ئىشمۇ ئەمەس، بەلكى چار پادىشاھنىڭ ئىشەنچ باغلىيالمىغانلىقىدىنلا بولغان ئىش ئىدى. ياۋروپانى بۆلۈشۈۋېلىش غەرىزىدە يۈرگەن بۇ ئىككى نەپسانىيەتچىنىڭ ھەچقايسىسى ياۋروپا زېمىنىنىڭ يېرىمىنى بولسىمۇ قارشى تەرەپكە ئۆتۈنۈپ بېرىشنى خالىمايتتى، ھەرقانچە سەممىي ئارزۇدا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ خىل مۇددىئاسىنى ھەرقانداق قىلىپمۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئىككى دۆلەت قوشۇنىنىڭ بىر - بىرىگە قارشى روبىرو تۇرىدىغان كۈنلىرىگە ئاز قالدى.

— بۇ ماڭا تەھدىت بولۇپ قالىدىغان بىردىنبىر كىشى. رەقىبىم تېخى ياش بولغاچقا، زېھنىي كۈچى كۈنسايىن ئېشىپ بارماقتا، مېنىڭ زېھنىم بولسا ئەكسىچە كۈنسايىن ئاجىزلاشماقتا.

چار پادىشاھنىڭ بۇ پاسسىپ سۆزلىرى ناپولېئوننىڭ ئۆزۈكسىز ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولاتتى. بۇ تەقدىرچىلىك نۇقتىئىنەزىرىنى سىياسىي سەۋەبكە باغلاپ چۈشەندۈرۈش قىيىن ئەمەس.

فىرانسىيە ئىمپېراتورى تېخى يېقىندىلا چار پادىشاھتىن بىتەرەپ دۆلەتلەرنىڭ كېمىلىرىنى ئۆزىگە ئوخشاش تۇتۇپ قىلىپ ئەنگلىيەگە «ئەجەللىك زەربە» بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بىراق، بىتەرەپ دۆلەتلەرنىڭ كېمىلىرى رۇسىيە دېڭىز ترانسپورتىغا زىيان سالمىغان بولغاچقا، چار پادىشاھ بۇ تەلەپنى ماقۇل كۆرمىدى، پەقەت بۇرۇنقىدەكلا تەكشۈرۈپ قولغا چۈشۈرۈلگەن ئەتكەس تاۋارلارنىلا مۇسادىرە قىلدى. ھالبۇكى، بىتەرەپ دۆلەتلەرنىڭ پاراخوتلىرى ئارقىلىق توشۇپ كېلىنگەن مۇستەملىكە ئەللەرنىڭ تاۋارلىرى بولسا رۇسىيەگە تولىمۇ كېرەكلىك ئىدى. شەرقتىكى بۇ كاۋاكنى ئەتكىلى بولمىغانلىقتىن، فىرانسىيە ئىمپېراتورى گېرمانىيەنىڭ دېڭىز بويىدىكى رايونلىرىغا ھەسسىلەپ دىققەت ـ ئېتىبارىنى بېرىپ، ۋىتتېر دەرياسى ۋە ئېلبا دەرياسىنىڭ دېڭىزغا قۇيۇلۇش ئېغىزىنى، شۇنداقلا ئەركىن شەھەرلەر ئىتتىپاقى ۋە خالوۋېرنىڭ بىر قىسمىنى ئىشغال قىلدى ھەمدە بۇنى: «ھازىرقى ئەھۋالدا ئىنگلىزلارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن قوللانماي بولمايدىغان كاپالەت تەدبىرىم» دەپ چۈشەندۈردى. بىراق، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان چار پادىشاھقا قارشى بولۇپ كەلگەن ئودېنبۇرگ كىنەزلىكىنىمۇ قوشۇپلا يۇتۇۋالدى.

فىرانسىيە ئىمپېراتورىنىڭ ئۆز مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن بۇ ھەرىكىتىدىن چار پادىشاھنىڭ ئوغىسى قاينىماي قالمايتتى. چۈنكى، چار پادىشاھ ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى ئودېنبۇرگنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان تىلسىت

شەرتنامىسىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىق، دەپ قارىغانىدى. شۇڭا، ھەرقايسى دۆلەتلەرگە مەكتۇپ ئەۋەتىپ، فىرانسىيەنىڭ رۇسىيە ئوردىسىغا كەلتۈرگەن بۇ ھاقارەتكە نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ بايانات ئېلان قىلدى، بۇ بايانات ئۇرۇش ئېلان قىلغانغا تەڭ دېيەرلىك ئىدى. چار پادىشاھ رۇسىيە ـ فىرانسىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاق شەرتنامىسىنى قايتا ـ قايتا شېپى كەلتۈرۈپ تەكىتلىگەندىن كېيىن فىرانسىيەگە سوئال قويۇپ، «ئەگەر تۈزۈشكەن كېلىشىمنامىمىزگە رىئايە قىلىنمايدىغان بولسا، ئىتتىپاق تۈزۈشكىنىمىزنىڭ نېمە قىممىتى بولسۇن؟» دېگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە مۇستەملىكە ئەللەرنىڭ مەسىلىلىرى ئۈچۈن رۇسىيە پورتلىرىنى ئېچىۋېتىش، ۋىنو ۋە تاۋار ـ دۇردۇنلاردىن، يەنى فىرانسىيە مەھسۇلاتلىرىدىن ئېغىر باج ئېلىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى.

شۇ تاپتا چار پادىشاھمۇ، فىرانسىيە ئىمپېراتورىمۇ پۈتۈن دىققىتىنى غەربتىكە مەركەزلەشتۈرۈپ، قارشى تەرەپكە قەيەردىن ھۇجۇم قىلىپ زەربە بېرىش ئۈستىدە جىددىي ئويلىناۋاتقان ئىدى. چار پادىشاھ تۈركىيە بىلەن سۈلھى قىلىشماقچى، فىرانسىيە ئىمپېراتورى بولسا ئاۋستىرىيەنى ئاۋۋال سېربىيەنى ئىشغال قىلىشقا كۈشكۈرتمەكچى، ئاندىن مولداۋىيە بىلەن ۋاراناسىغا قاراپ يۈرۈش قىلدۇرماقچى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزى بىر لەشكىرىنىمۇ ئۇرۇشقا سالماي تۇرۇپ چار پادىشاھنى بىئارام قىلىپ پۈتى كۆيگەن توخۇدەك تېپىرلايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويماقچىدى. مىتتىپىرىنىچ قوبۇل كۆرۈپ باش لىڭشىتىپ قويدى ـ يۇ، ھەرىكەت قىلماي تۇرىۋەردى. پولشاچۇ؟ بوناپارت ۋارشاۋا ئىتتىپاقىغا گارسىيەنى قوشۇش ئارقىلىق ۋارشاۋا بەگلىكىنىڭ كۈچىنى ئۇلغايتقان ئەمەسمىدى؟ كىممۇ بوناپارت قايتا پولشا دۆلىتى قۇرمايدۇ، دەپ ھۆددە قىلالىسۇن؟ فىرانسىيە

ئىمپېراتورىنىڭ رۇسىيەدە تۇرۇشلۇق ئەلچىسى كولانگورت چار پادىشاھقا قايىل بولغانلىقى ھەمدە تىنچلىقنى ياقلايدىغانلىقى ئۈچۈن چار پادىشاھنىڭ ئالدىدا كاپالەت بەردى. ھالبۇكى، فىرانسىيە ئىمپېراتورى بۇ قارارنى پەقەت خۇپىيانە ھالەتتىلا تەستىقلىدى. چۈنكى، ئەگەر رۇسىيە بىلەن فىرانسىيە ئەپ ئۆتەلمەي ئۇرۇشۇپ قالسا، فىرانسىيە ئىمپېراتورىنىڭ پولشانى رۇسىيەگە ھۇجۇم قىلدىغان بازىسى قىلىشقا توغرا كېلەتتى. شۇڭا، پولەكلەرنىڭ ئۆز دۆلىتىنى تىرىلدۈرۈش ئۈمىدىنى ئۈلغايتىپ، كۆڭلىنى ئۆزىگە رام قىلىۋالماقچى بولدى. ناپولېئوننىڭ نىيىتىنى بىلىۋالغان چار پادىشاھ بولسا پولەكلەرنىڭ ئۈمىدىنى ئۈزۈل - كېسىل بەربات قىلىش مەقسىتىدە ئاشكارا كېلىشىم تۈزۈشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى.

مارسېنا ئىسپانىيەدە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن فىرانسىيە ئىمپېراتورىنىڭ كۆڭلىدە يېڭى بىر شۇبھە تۇغۇلدى، كولانگورتنىڭ پايتەختتە قايتىپ كېلىشى بىلەن كۆڭلىدىكى شۇبھە تېخىمۇ ئۈلغايدى، كولانگورت فىرانسىيە ئىمپېراتورىغا چار پادىشاھنىڭ تىنچلىق ئارزۇسىنى بايان قىلدى، ھەتتا كۆچىنىڭ بارىچە چار پادىشاھنى ئاقلىدى. ناپولېئون شۇنىڭ بىلەن ئاۋۋال ئاغزىنى كوچىلاپ قۇلاق سېلىپ تىڭشىدى، ئاخىرىدا يەنە چار پادىشاھ، رۇسىيە ئوردىسى، رۇسلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى، شۇنداقلا رۇسىيە ئاقسۆڭەكلىرى ۋە پۇقرالىرىغا دائىر نۇرغۇن ئىشلارنى سۈرۈشتۈردى. ئاندىن قىزغىنلىق ۋە يېقىنچىلىق بىلەن كولانگورتنىڭ قۇلىقىنى تۇتۇپ قويۇپ:

— سىز ئۇنى ياخشى كۆرىسىز - ھە؟ — دەپ سورىدى.

— مەن تىنچلىقنى سۆيىمەن.

— مەنمۇ شۇ. بىراق، ھەرقانداق كىشىگە بوي بەرگۈم يوق. دانزىگدىن قوشۇن چېكىندۈرمەنمۇ؟ ھىم! ئېھتىمال،

مايىنتىزدانى پاراتتىن ئۆتكۈزۈشۈم ئۈچۈنمۇ چار پادىشاھنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىشىم كېرەكتۇر!... تازىمۇ ئەخمەق ئىكەنسىز. مەن بىر قېرى تۈلكە، رەقىبلىرىمنى ئوبدان چۈشىنىمەن... جەنۇبقا كېڭىيىش ئېھتىمالى بار بۇ گىگانت ئورۇسنى ۋە كۆچمەن چارۋىچى خەلقنىڭ كۈچىنى يوقاتمىساق بولمايدۇ... مەن شىمالغا ئىلگىرىلەپ، ئۇدۇللا شىمالىي ياۋروپاغا تېگىش قىلىمەن ھەمدە ياۋروپانىڭ چېگراسىنى يېڭىباشتىن ئايرىيمەن.

بۇ تامامەن ئاساسسىز سەۋەب ۋە باھانىلەر ئىدى. كولانگورت ناپولېئوننى قايتا - قايتا ئاگاھلاندۇرۇپ، چار پادىشاھنىڭ ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتقان سۆزىنى ئەينەن يەتكۈزدى:

— مەن بىر ئۇستازدىن — ناپولېئوندىن ئوبدان تەلىم ئالغانمەن. بىز بۇ يەرنىڭ كىلىماتىغا تايىنىپ مۇداپىئەدە تۇرىمىز، فىرانسۇزلار سوغۇققا بىزدەك بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. دەرۋەقە، فىرانسىيە ئىمپېراتورىنىڭ قەدىمى يەتكەنلىكى جايدا مۆجىزە پەيدا بولىدۇ، ئەمما بىر جېنىنى نەچچىگە پارچىلاپ ھەممە يەردە تەڭ چېچىپ يۈرىدىغان ئەۋلىيا ئەمەس - دە.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ناپولېئون ھاياجانلانغانلىقىدىن جىم تۇرالماي ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ كەتتى. ئىككىيلەننىڭ سۆھبىتى يەنە بىرقانچە سائەت داۋاملاشتى، كولانگورتنىڭ نۇقتىئىنەزىرىنى رەت قىلىۋېتەلمىگەچكە، گەپ يورغىلىتىپ قۇرۇق جاۋاب بېرەتتى. بىراق، كۆڭلىدە بولسا زور بىر تەسەۋۋۇرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقى شۈبھىسىز ئىدى:

— بۈيۈك ئۇرۇش دوستىڭىز ئالېكساندىرنىڭ بارلىق ئارزۇلىرىنى بەربات قىلغۇسى... ئۇ ساختىپەز، نەپسانىيەتچى، ئەمما ئاجىز بىر بەندە، خاراكتېرى بەئەينى گىرىكلەرنىڭكىگە ئوخشايدۇ. بۇ ئۇرۇش كۆڭلىگە پۈكۈكلۈك، ماڭا ئىشىنىڭ، بۇ ئۇرۇشنى قوزغىماقچى بولغان ئادەم مەن ئەمەس، ئۆزى... پەقەت

سىڭلىسىنى ئالماي، ئاۋستىرىيەلىكلەرگە كۆيۈ ئوغۇل بولغانلىقىم ئۈچۈنلا، ئوغىسىنى قايىنتىپ قويدۇم.

كولانگورت پاكىت بىلەن دەلىللەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىۋىدى، ناپولېئون:

— تەپسىلاتلار ئېسىمدىن چىقىپ قاپتۇ، — دېدى.

«ئېسىمدىن چىقىپ قاپتۇ؟» ناپولېئون ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ بىر يېڭى سۆز ئىدى، شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ ئاجىز كېلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى.

ناپولېئون شۇنىڭدىن كېيىن رۇسىيەگە تېخىمۇ قاتتىق قولراق بىرنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى، سان پېتېربۇرگ ھۆكۈمىتى ئودېنبۇرگقا ۋارىشاۋانى تېگىشىۋېلىش تەكلىپىنى بەرگەنىدى، ئىمپېراتور رۇسىيە باش ئەلچىسىگە پۈتۈن زالدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاڭلىغۇدەك ئاۋازدا تەھدىت سېلىپ ۋارقىرىدى:

— پولشانىڭ بىرەر كەنتىگىمۇ چېقىلغۇچى بولماڭلار!

بىراق، بۇنداق سىياسىي ۋەقەلەر پەقەت تەقدىر شەكلىدىلا پەيدا بولغانىدى. ناپولېئونىنىڭ كاللىسىدا شۇ قەدەر چىرايلىق پىلانلىرى چاقناپ تۇراتتى، كۆڭلىنى ئاجايىپ كۈچلۈك ئارزۇلىرى چىرمىۋالغانىدى، شۇنداق پىلان ۋە ئارزۇلىرىنى فۇشېدەك خەتەرلىك سىياسىي كۆشەندىسىگە ئېيتىپ بېرىشكە رازى ئىدىكى، ئەقىللىك چاكىرى كولانگورتقا ئېيتىپ بېرىشنى خالىمايتتى. ناپولېئون بۇ ياكوبىنچى سابىق باستېر فۇشېدىن زادىلا قۇتۇلالماي كەلدى. ئۆتكەن يىلى فۇشېنىڭ ئەنگلىيە بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغانلىقى پاش بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ناپولېئون ساقچى ئىشلىرى مىنىستىرلىقىدىن قالدۇرغانىدى.

بىراق، خۇددى ئۆتكەن قېتىم فۇشې قوزغىغان سىياسىي ئۆزگىرىشنى بېسىقتۇرغان ۋاقىتتىكىگە ئوخشاشلا ئىنتايىن

كەڭچىلىك قىلىپ، كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئەزاسىلىقىغا قويدى، پەقەت ئۇنىڭغا يازغان مەكتۇپىدىلا پادىشاھ بىلەن ئاسىيلار ئوتتۇرىسىدىكى دەھشەتلىك كۈرەشنى ئەسلىتىدىغان بىرقانچە كەلىمىنىلا قوشۇپ قويدى:

— گەرچە ساداقىتىڭىزدىن شۈبھىلەنمىسەممۇ، نازارەت قىلىپ تۇرۇشقا مەجبۇرمەن.

ناپولېئون ھەقىقەتەنمۇ فۇشېنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىغان، شۇنداقلا پەرمان چۈشۈرۈپ داۋاملىق نازارەت قىلدۇرغانىدى. بىراق، يەنىلا ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايتتى، ھەتتا ئەڭ مەخپىي سىرىنىمۇ ئېيتىپ بېرەتتى:

— توي قىلغىنىمدىن كېيىن بەزىلەر شىر ئۇخلاپ قالدى، دېيىشتى. بىراق، زادى ئۇخلاپ قالمىغانلىقىمنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشىدۇ. ماڭا سەككىز يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇن كېرەك بولۇۋىدى، تەق بولدى. ئەمدى پۈتكۈل ياۋروپا ئىلكىمگە ئۆتىدۇ. ياۋروپا خۇددى بىر مومايغا ئوخشايدۇ، مەن قولۇمدىكى سەككىز يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇنۇم ئارقىلىق بۇ جەددالغا قىل دېگىنىمنى قىلغۇزىمەن... ئۆزىڭىزمۇ «مۇمكىن ئەمەس» دېگەن گەپنى بىلمەيدىغان كىشىنى تالانت ئىگىسى سانايمەن، دېگەنىدىڭىزغۇ؟ ئۆزىڭىزمۇ، شۇنداقلا مېنى تەنقىدلەۋاتقان، مۆلايىم پادىشاھقا ئايلاندۇرۇپ قويماقچى بولۇۋاتقان باشقا كىشىلەرمۇ ماڭا قول - قانات بولۇپ تۇرۇۋاتىسىلەرغۇ؟ بۇرچۇم تېخى ئادا بولمىدى، ئىشىم يېڭىلا باشلاندى، ئىشىمنى ۋۇجۇدقا چىقارماي قويمايمەن. ياۋروپادا قانۇننى، سوتنى، پۇلنى، ئۆلچەمنى بىرلىككە كەلتۈرۈشىمىزگە، پۈتكۈل ياۋروپادا بىرلىككە كەلگەن قانۇننى يۈرگۈزۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. مەن بارلىق مىللەتلەرنى بىرلەشتۈرمەكچىمەن... جانابىي كىنەز، مېنى قانائەتلەندۈرىدىغان بىردىنبىر چارە شۇ.

ئاندىن بىردىنلا فۇشىنى چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇدى.

ناپولېئوننىڭ ياۋروپا قوشما ئىشتاتلىرى قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار پىلانى مانا ئەمدى شەكسىز ئاشكارىلانغانىدى. ھالبۇكى، ئىنتايىن ئاقىلانە، شۇنداقلا ناھايىتى ئۇلۇغۋار بۇ پىلاننى ئىمپېراتورنىڭ شۆھرىتىنى بۇلغاشتىن باش تارتمايدىغان بىر كىشى خۇپىيانە خاتىرىلىۋالغانىدى. ياۋروپا ئەمدى ناپولېئوننىڭ نەزىرىدە مىلان ۋە لىۋول دەۋرىدىكىدەك ئالىقانچە يەر ئەمەس، ناپولېئون ئۇ چاغلاردا پەقەتكىنە بىر گېنېرال بولسىمۇ، ياش تالانت ئىگىسىگە خاس نەزىرىدە بارلىق دۈشمىنى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى. ئون بەش يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە ياۋروپا كامال تاپتى، ئۇمۇ ئىمپېراتور، قانۇن چىقارغۇچى، بۇيرۇق بەرگۈچى، شۇنداقلا ئۆزى تەشەببۇس قىلغان ھۆكۈمەتسىزلىكنىڭ كۈشەندىسى بولۇپ قالدى. ناپولېئون قارا لايدىن مۇكەممەل ۋە يۈكسەك بىر گەۋدە تۇرغۇزماقچىدى. ئۆتكەن ئون بەش يىل مابەينىدە پىشانىسىگە پۈتۈلگەن مۇقەررەر مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى: ئالدىنئالا مۆلچەرلىگەن نىشانى توغرىسىدىكى نۇتۇقلىرىدا قان ھىدى كېلىپ تۇرىدىغان، ئۈزۈكسىز يېڭىدىن - يېڭى بەدەل تۆلەپ تۇرۇشقا توغرا كەلگەن ئاشۇ مۇساپە نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدىغان مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى زاھىر قىلىپ بەرگەنىدى. ئىمپېراتور چارلېمانغا خاس ياۋروپا قوشما ئىشتاتلىرى بەرپا قىلىش ئارزۇسى جىلۋە قىلىپ تۇراتتى؛ كۆز ئالدىدا يېڭى ياۋروپا شەكىللەنمەكتە ئىدى. بۇ قەيسەر ئىمپېراتور بېسىپ ئۆتكەن ھايات مۇساپىسىدە شۇنى ئېنىق بىلىپ يەتكەنىدىكى، روھىي كۈچ ئەلەم كۈچى ئۈستىدىن مۇقەررەر غالىب كېلىدۇ، ئۆزىمۇ «سەككىز يۈز مىڭ كىشىلىك زور قوشۇنۇم ئارقىلىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە پۈتكۈل ياۋروپانى ئەقىل - ئىدراك، ئارزۇ - ئارمان ۋە ئىختىيارلىق ئاساسىدا بىرلەشتۈرىمەن» دېگەنىدى.

## ئۈچىنچى، رۇسىيەگە يۈرۈش قىلىش تەييارلىقى

ناپولېئون ئۆزىنىڭ ئوي - پىكرىنى فۇشېنىڭ قولىغا قويۇۋاتقان چاغدا چار پادىشاھ ئالېكساندىرمۇ تىللارنى تاللېيراننىڭ چۆنتىكىگە قويۇۋاتاتتى. شۈبھىسىزكى، تاللېيران بۇ پۇللارنى فۇشې بىلەن تەڭ بۆلۈشەتتى. رۇسىيەنىڭ پارىژدا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىغا يېقىمدىن تەيىنلەنگەن كاتىپ گىراف ناسىرلوت بۇ پۇللارنى فىرانسىيە بانكىسىغا ئاغدۇراتتى، بانكا بولسا رۇسىيەنىڭ بۇ پۇللارنى كىمنىڭ نامىغا ئاغدۇرغانلىقىنى فىرانسىيە ئىمپېراتورىغا دوكلات قىلاتتى. رۇسىيەلىكلەر ئەنە شۇنداق ئاددىي ۋاستىە ئارقىلىق فىرانسىيەنىڭ ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈۋاتقانلىقى، ئۇرۇش تەييارلىقىنىڭ قاچان ئاياغلىشىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنى بىلىۋالاتتى. تاللېيران بەزى - بەزىدە رۇسىيەگە سودا ئىجازەتنامىسى بېرىش يولى بىلەنمۇ تاپان ھەققى ئېلىپ تۇراتتى، رۇسىيە بۇ ئىجازەتنامىلەر ئارقىلىق ئەنگلىيە مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلالايتتى.

چار پادىشاھ فىرانسىيە ئىمپېراتورىدىنمۇ بايمىدۇ؟ رۇسىيە بىلەن فىرانسىيە ئىتتىپاقداش بولسىمۇ، چار پادىشاھ رۇسىيەنىڭ ئىچكى بازىرىنى فىرانسىيە ئۈچۈن تاقىغانىدى، شۇنىڭ بىلەن فىرانسىيەنىڭ مەشھۇر ئېفور ۋىنوسى مۇھىم بىر خېرىداردىن مەھرۇم قالدى. ئەنگلىيە بىلەن ئىسپانىيە فىرانسىيە ماللىرىغا ئۆزاقتىن بۇيان خېرىدار بولمىغاچقا، فىرانسىيەنىڭ سانائەت ماللىرى كاساتلاشتى. بىراق، فىرانسىيە مالىيە مىنىستىرى مالىيەدىكى قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتىپ، كىرىم - چىقىم تەڭپۇڭلۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، تىنچلىقنى

ساقلاش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغىنىدا، ئىمپېراتور سۆزىنىڭ بېشىغا تېپىپ:

— ئىش دەل بۇنىڭ ئەكسىچە! مالىيە قالايمىقانلىشىپ، قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈنلا ئۇرۇش قىلىشقا موھتاجمىز! — دېدى.

بىراق، بۇ نۇقتىئىنەزەر پەقەت ئۆتمۈشكىلا باب كېلەتتى. دەرۋەقە، ناپولېئون ئەينى ۋاقىتتا گېنېرال بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىتالىيەدىن شۇ چاغدا قەرزگە بوغۇلۇپ كەتكەن ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى كابىنېتىغا پۇل ئەۋەتىپ تۇراتتى، باش مەمۇر ۋە ئىمپېراتور بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇرۇشتىن نۇرغۇن پۇل ئوندۇرۇۋالغانىدى. بىراق، ھازىر بۇ دۆلەت ئۆزىنى ئۆزى چۈشەكلەپ، باشقا ھەرقانداق دۆلەتتىنمۇ بەتتەر زىيان تارتماقتا ئىدى، شۇنىڭ بىلەن فىرانسىيەدە كۆپ بولمىسىمۇ — پەقەت ئەللىك مىليون فىرانك بولسىمۇ تۇنجى رەت قىزىل رەقەم كۆرۈلدى. ئىمپېراتور شۇنداق ئەھۋالدىمۇ زايوم تارقىتىشنى رەت قىلىپ:

— ئەخلاقىقا مۇخالىپ كېلىدۇ. چۈنكى، ئۇنداق قىلساق، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ زىممىسىگە ئېغىر يۈك ئارتىپ قويغان بولىمىز، — دېدى.

بىراق، ۋاسىتىلىك باج ئېلىشقا ھەمدە مەھسۇلات مونوپولىيەسىنى يولغا قويۇشقا قوشۇلدى. رۇسىيە ـ فىرانسىيە ئۇرۇشى ئارقىلىق يېڭى بازار ئېچىش ھەمدە مالىيە ئەھۋالىنى ياخشىلاش ئارزۇسىدا بولغانلىقى ئاساسسىز ئەمەس ئىدى. لېكىن، بۇ جەڭدە چوقۇم ئۇتۇپ چىقىشى كېرەك، ئالدىنقى شەرت شۇ.

گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن ئىمپېراتور ئۆز پىلانىنى سودا ئۇيۇشمىسىغا تونۇشتۇردى:

ـــ ئەنگلىيە توسۇق قۇرۇپ ئۆز يۇتىغا ئۆزى پالتا چاپتى، ئەنگلىيە مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەتمەسلىكىمىز كېرەكلىكىنى ئۆزى ئۆگىتىپ قويدى. بىرقانچە يىلدىن كېيىن ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدىكى خەلق يېڭى تاماق رىسالىسىگە كۆنۈپ كېتىدۇ، مەن ئۆزاقتا قالمايلا قىزىلچا شېكىرىگە ئېرىشىمەن. ھەر يىلى دۆلىتىمىزنىڭ باج كىرىمىدىن توققۇز يۈز مىليون فرانك ئاجرىتىپ ئىشلىتىمەن، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچ يۈز مىليون فرانكنى ئۆزۈپ قېلىپ، ئوردامنىڭ گەمىسىدە ساقلايمەن. ھازىر فرانسىيە بانكىسى ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن تولدى، ئەنگلىيە بانكىسى قۇرۇپ قالدى. مەن تىلسىت شەرتنامىسى ئىمزالانغاندىن كېيىن مىلياردلاپ تۆلەم پۇلى ئېلىپ كەلدىم. ھازىر ئاۋستىرىيە ئىقتىسادى ۋەيران بولدى، ئەنگلىيە بىلەن رۇسىيەمۇ ئاۋستىرىيەنىڭ كەينىدىن مېڭىپ ۋەيران بولىدۇ، پەقەت مەنلا باياشات قېلىۋېرىمەن.

بىراق، ئىمپېراتورنىڭ بۇ دەبدەبىلىك سۆزلىرىگە ھېچكىم ئىشەنمىدى. ئۆزىنىڭ دۇنيانى بويسۇندۇرۇش پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەسكەر ئېلىشنى قانچە جىددىيلەشتۈرسە، ئىچكى مۇقىملىقنى ساقلاشقا شۇنچە ئەھمىيەت بېرەتتى، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتكەنسېرى خەلق شۇنچە قاقشايتتى. ھۆكۈمەتتىن نارازى بولۇپ تىل تەگكۈزگۈچىلەر ھەرقانداق چەت ئۆلكىنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا بولغان تەقدىردىمۇ زەربىگە ئۇچرايتتى. دەرۋەقە ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق گۇناھكار سوتلانمايلا قاماققا ئېلىندى، سەۋەبى ئۇلارنىڭ «ئىمپېراتورغا ئۆچمەنلىك قىلغان» ياكى «مەلۇم دىنىي قاراشتا بولغان» ۋە ياكى «خۇسۇسىي خەتلىرىدە ھۆكۈمەتكە ئاھانەت قىلغان»لىقى ئىدى. يېڭى قۇرۇلغان بىر ئاخبارات ئىدارىسى «جامائەت پىكرى ئىدارىسى» دېگەن غەلىتە

نام بىلەن ئاتالدى. بۇنىڭدىكى مەقسەت ھۆكۈمەتكە پايدىلىق سىياسىي كەيپىيات پەيدا قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

كۈنبويى ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە مەستانە بولۇپ يۈرگەن ناپولېئون نەزىرىنى ئۆزىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش نىشانىدىن ئېغىتماي كەلگەنىدى. ھازىر خۇددى ئەينى ۋاقىتتا پاپا بىلەن كۈرەش قىلغان چاغلىرىدىكىدەك باشقىلارنىڭ قەلبىدىكى ئويىراز مەسىلىسىگە سەل قارىدى. بۇرۇنلاردا ھەر قېتىم بىرەر قارارىنى چىقىرىشتىن ئىلگىرى دائىم جامائەتتىن پىكىر ئالاتتى، ھازىر بۇ ئىشنى جامائەت پىكرى ئىدارىسىگە تاشلاپ بەردى.

ــ سالونلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىر ۋە زۇۋاندارلارنىڭ ئاغزىدىن چىققان سۆز - چۆچەكلەرنىڭ مەن بىلەن نېمە ئالاقىسى؟ پەقەت بىر خىل پىكىرنىلا ئېتىراپ قىلىمەن، ئۇ بولسىمۇ دېھقانلارنىڭ پىكرى.

ناپولېئون دەسلەپتە دېھقانلارنىڭ مال - مۈلكىنى ئىنقىلابنىڭ تەھدىتىدىن ساقلاپ قالغاچقا، دېھقانلار ئەڭ سادىق ئىدى، ئەلۋەتتە. بىراق، ھازىر ئىسپانىيە فرونتىدا بېھىساب لەشكەر قازا بولغان ۋە يارىدار بولغاچقا، ئېلىنىدىغان ئەسكەرلەر سانىمۇ كۈنسايىن كۆپەيمەكتە ئىدى. دېھقانلار ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان ئېتىز - ئېرىقلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى بىر ئوغلىنى بولسىمۇ ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن سەككىز مىڭ فرانكقىچە پۇل تاپشۇرۇش بەدىلىگە ئوغلىنى ھەربىي مەجبۇرىيەتتىن خالاس قىلاتتى. مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان نامرات يىگىت باشقا يۇرتلارغا جېنىنى ئېلىپ قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر ئىدى. بۇرۇن كىشىلەر بەس - بەستە ھەربىيلىككە كىرەتتى، ھازىر ھۆكۈمەت يىگىتلەرنىڭ ئائىلىسىگىچە تەھدىت سېلىپ يۈرۈپ ئەسكەر ئالىدىغان بولدى.

بۇنداق ئۆزگىرىش بۇ ئىمپېراتورنى ھەيران قالدۇرارمۇ؟ گېنېرال بوناپارت بۇنداق ئىنقىلابىي ئىدىيەنى ئۆز ۋاقتىدا ئىمپېراتورلار ۋە پادىشاھلارنىڭ دەستىدىن زار ـ زار قاقشاپ ياشاۋاتقان دېھقانلارغا تارقاتقاندىغۇ؟ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ باش مەمۇر ۋە ئىمپېراتور بولغىنىدىن كېيىنمۇ ئۇچ قېتىملىق ئۇرۇش داۋامىدا پادىشاھلارنىڭ بىرلەشمە ھۇجۇملىرىنى كەينى ـ كەينىدىن چېكىندۇرمىگەنمىدى! ئۆزگە تېگىشلىغان بۇ ئۇرۇش ئارقىلىق فىرانسىيەنىڭ ھۆرلۇكىنى قوغداپلا قالماستىن، ئاۋستېرلىز، جېنا ۋە ۋاگرام ئۇرۇشلىرىدا دۈشمەننىڭ قولىدىن يېڭى ـ يېڭى شەھەرلىرىنى تارتىۋېلىپ، فىرانسىيەنى نۇرغۇن يېڭى زېمىنغا ئىرىشتۇرگەن ۋە بۇ ئۇرۇشلارنىڭ شاراپىتىدە ئۆزىمۇ تالانت ئىگىسى دېگەن ئاتاققا ئېرىشكەن، شۇنداقلا خەلق قوشۇنىنىڭ يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۇرۇش قىزغىنلىقىنى ئۇرغۇتقانىدى. فىرانسىيە خەلقى ئەنگلىيەگە قارشى بۇ ئۇرۇشنىمۇ توغرا چۈشىنەتتى. چۈنكى، بۇ ئىككى ئەل ئەجدادىدىن ئەۋلادىغىچە ئەسىرلەر بويى ئۈزۈلدۈرمەي ئۇرۇش قىلىپ كەلگەن. بىراق، دېھقانلار فىرانسىيەنىڭ ئىسپانىيەگە، شۇنداقلا رۇسىيەگە قارشى نوقۇل سىياسىي مەقسەتتىكى ئۇرۇشىغا قانداق قارايدۇ؟ ئىمپېراتور ياۋروپا قوشما ئىشتاتلىرى قۇرۇش پىلانىنى ئۇلارغا سۆزلەپ چۈشەندۇرۇشكە ئاجىزلىق قىلاتتى. چۈنكى، ئۆز ئوغۇللىرىنىڭ جەسىتىنىڭ ئاندالۇتسىيەدىكى ئىسمىنىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان قانداقتۇر دەريالارنىڭ تەكتىدە قېلىۋاتقانلىقىغا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرۇشتىن باشقا ئامال قىلالمايۋاتقان دېھقانلار ئەڭ ئاخىرقى بىر ئوغلىنى پۇلغا سېتىۋېلىشقا مەجبۇر ئىدى، قىبرىغىنىدا شۇ ئوغلىغا تايىنىدىغان گەپ ـ دە.

پادىشاھلىرىنىڭ، بەگلىرىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ

«سەپلىمە» قوشۇنغا ئەسكەر بولۇپ كىرىپ جاھاننىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئىمپېراتورنىڭ كەينىدىن يىراق ـ يىراق ئەللەرگە بېرىپ تەرەپ ـ تەرەپلەردە جەڭ قىلىپ يۈرگەن گېرمانىيە دېھقانلىرى قانداق ئويلاردا بولۇۋاتقاندۇ؟ مايىن جىلغىسىدىكى دېھقانلار مىڭلاپ، تۈمەنلەپ ئىسپانىيەگە ئەۋەتىلدى، ژېرومې ئوتتۇز مىڭ ۋېستفالىيىلىقنى ئودېر دەرياسى بويىغا ئەۋەتتى، ساكسونىيەلىكلەر ۋېستۇرا دەرياسى رايونىنى قوغداپ تۇردى، فورتېنبۇرگلىقلار بىلەن باۋارىيەلىكلەر شەرققە ئاتلاندى، چۈنكى: «ئەگەر رېيىن ئىتتىپاقىدىكى پادىشاھلار بىرلەشمە مۇداپىئە جەھەتتە مەندە ئازراق گۇمان پەيدا قىلىپ قويىدىغان بولسا، ئوچۇقنى ئېيتسام، جېنىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. يوشۇرۇن خەۋپلىك دوستتىن ئاشكارا دۈشمەننى ئەلا بىلىمەن» دېگەندى ئىمپېراتور ئۇلاردىن بىرىگە يازغان خېتىدە قوپال سۆزلەر بىلەن. خابسبۇرگ سۇلالىسىگە ھەرھالدا ئاز ـ تولا ھۆرمەت قىلاتتى، ھەتتا «ئەگەر ئىشلار ئوڭۇشلۇق ئاياغلاشسا، ئاۋسترىيە تېگىشلىك ھەققى سۈپىتىدە سېتسىلىيەگە ئېرىشىدۇ» دەپ لەۋزىمۇ قىلغانىدى.

ئۇششاق دۆلەتلەرگە پارچىلىنىپ كەتكەن گېرمانىيە ناپولېئوننىڭ يۈتۈۋېلىشىغا تازىمۇ باب كېلەتتى. ئېۋگېن ئۆز ئىمپېرىيەسىنى ئىمپېراتورنىڭ «رىم پادىشاھى» بولمىش ئوغلىغا ئۆتۈنۈپ بەرگەنلىكتىن، قوراشتۇرۇپ چىقىلغان «فىرانكفورت بەگلىكى»نىڭ بېگى بولۇپ قالدى.

پىرۇسسىيەنى قانداق قىلغۇلۇق؟ ساقلاپ قالغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ ناپولېئون ھېلىقى يىلى تىلسىت شەرتنامىسىنى ئىمزالاشقاندا چار پادىشاھنىڭ كۆڭلى ئۈچۈنلا پىرۇسسىيەنى ساقلاپ قالغان ئەمەسمىدى؟ ئەمدى بولسا چار پادىشاھنى يوقاتماقچى بولۇۋاتىدۇغۇ؟ خاتىرە ۋە دوكلاتلاردا قەيت

قىلىنىشىچە، ناپولېئون رۇسىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلىشتىن ئىلگىرىلا پىرۇسسىيە پارچىلىنىپ بولغان. ھالبۇكى، پىرۇسسىيەنىڭ بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرىلا چار پادىشاھ بىلەن مەخپىي كېلىشىم ئىمزالىشىۋالغانلىقىنى، چار پادىشاھنىڭ پىرۇسسىيەگە ياردەم بېرىشكە لەۋزە قىلغانلىقىنى كىم بىلسۇن!

قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، فىرانسىيە ئىمپېراتورى ئەخلاق ئۆيۈشمىسىنىڭ نەزەرىيەلىرىنى، ئۇنىۋېرستېت سادالىرىنى، ئەركىن بىرلەشمە ئارمىيەنىڭ قارشىلىق ناخشىلىرىنى كۆپ ئاڭلىدى. شۇڭا، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە. ئىسپانىيەنى نەزەرگە ئالغاندا، گەرچە شىمالىي گېرمانىيەلىكلەر كەڭ قورساق ھەم سوغۇققان بولسىمۇ، پىرۇسسىيە قوشۇنىنى يوقىتىشتىن ئىلگىرى ئۇلاردىن تولۇق پايدىلىنىش كېرەك، ئەڭ ئاقىلانە چارە شۇ.

ساداقەتمەن سائېنخوست پادىشاھى فىرېدېرىخ ۋىلىيامغا «ھازىر تازا ۋاقتى، دەرھال قايتۇرما زەربىگە ئۆتەيلى» دەپ تەكلىپ بەردى. رۇسىيەنىڭ بۇ سەردارى ئاۋستىرىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، مېتتېرنىچ تازا مازاق قىلىشۋالدى ھەمدە بۇ قېتىم ئەڭ ياخشىسى ئاۋستىرىيەدىن ئەمەس، رۇسىيەدىن ياردەم تىلەشكە دەۋەت قىلدى. چۈنكى، ئۆزى بىلەن سۆزلىشىۋاتقان بۇ ئادەمنى ئۆزىگە دۈشمەن قىلىۋالسا، يەنى پىرۇسسىيەنى ئاۋستىرىيەنىڭ دۈشمىنىگە ئايلاندۇرۇۋالسا، شۇندىلا ئاۋستىرىيە سېتسىلىيەنى يەنە بىر قېتىم ئۆزىگە قوشۇۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولالايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خادېنبېرگ سۇلالىسى بۇرۇنقىدەكلا ۋىيېنناغا ئەگىشىپ ئىش تۇتۇشقا ئادەتلەنگەنىدى. بىراق، خادېنبېرگ پادىشاھى قورقۇنچاق بولغاچقا، ناپولېئوننى يېڭىلمەس قەھرىمان دەپ بىلەتتى. شۇڭا، ئاخىر فىرانسىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش

قارارىغا كەلدى. بىراق، كېچىككەنىدى. فىرانسىيە قوشۇنلىرى سېتىسلىيە بىلەن پولشاغا باستۇرۇپ كىردى، پىرۇسسىيەمۇ قورشاۋدا قالدى، شۇنىڭ بىلەن پىرۇسسىيە پادىشاھى فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ ئۆز دۆلىتىنى كېسىپ ئۆتۈشىگە ھەمدە ئوزۇق - تۈلۈك يىغىشىغا رۇخسەت قىلدى، يەنە كېلىپ شەرقتىكى قورغانلىرى ۋە ياردەمچى بىرلەشمە ئارمىيەسىنى فىرانسىيە باش قوماندانىنىڭ كونترولىلۇقى ئاستىغا قويۇشقا مەجبۇر بولدى. «پىرۇسسىيە ئەمدى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ قاتارىدا ئەمەس !» دەپ دوكلات قىلدى مېتتېرنىچ پاسىبانىغا يازغان خېتىدە.

بىراق، 1812 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كاپىئۇرادىن تىلىستقىچە بولغان ئارىلىقتىكى ياۋروپا قۇرۇقلۇقى ناپولېئوننىڭ تۇغى ئاستىغا ئۆتتى، گەرچە قولى فىننىستايدىن بوكوۋىناغا سوزۇلغان بولسىمۇ، ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىگە تازا ئىشەنچ قىلىپ كېتەلمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن گىراف سەجۇرنىڭ ئالدىدا سەكرەپ كەتتى:

ـــ بۇنچە يىراق يەرگە بېرىپ ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلىقىم يوق ! تەييارلىق ئۈچۈن ماڭا ئۈچ يىل ۋاقىت كېرەك !

ئەمما، ھەرىكەتكە كىلىپ بولغان ئۇرۇش ماشىنىسىنى ھېچكىم توسۇۋالالمايتتى، ناپولېئوننىڭ ۋۇجۇدىدىكى كۈچلۈك ئارزۇ ۋە پۇتكۇل غەلىبە تارىخى ئالغا ئىلگىرىلىشىگە رىغبەتلەندۇرۇپ تۇراتتى. ناپولېئون ھەرقانداق ناچار شارائىتتىمۇ دالدىلىنىپ كېتەلىگۇدەك قانچىلاپ پاناھگاھ بەرپا قىلغانىدى، ئەمدى بولسا پايانسىز دېڭىزدا تارقىلىپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ. شۇ تاپتا ئۇلۇغ تەۋەككۈلچىگە خاس ئەسەبىي ئېتىقادى ۋە ئۇزاقتىن بۇيان دۆلەت رولچىسىغا خاس ئەقىل - ئىدراكى بىلەن تۇتۇپ كەلگەن رولنى يېڭىباشتىن قولىغا ئالدى.

ـــ كۆرمىدىڭلارمۇ، ـــ ۋارقىرىدى ئۇ قېرىنداشلىرىغا، ـــ

ئۆز ۋاقتىدا شان - شۆھرىتىم مېنى تەختكە ئولتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغانىدى، بۇ تەختىمنى ساقلاپ قېلىشىم ئۈچۈنمۇ يەنىلا شۆھرىتىمگە تايىنىشىمغا توغرا كېلىۋاتىدۇ؛ مېنىڭدەك قۇرۇق قول بىلەن ئىش تەۋرەتكەن ئادەمنىڭ بىر مىنۇتمۇ توختاپ قېلىشىغا بولمايدۇ. تىنماي ئالغا بېسىشىم كېرەك. بىلىش كېرەككى، ئېقىمغا قارشى ماڭغاندا توختاپ قالىدىغان بولساق، ئارقىمىزغا ئېقىپ كېتىمىز!

كەسكىن روھىي توقۇنۇش ئىچىدە قالغان ناپولېئون ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى - يۇ، بۇ ئۇرۇشتىن قورقاتتى. بورۇنقىدەكلا چار پادىشاھقا ئاۋۋال يۇمشاق، ئارقىدىن قاتتىق پوزىتسىيەدە بىر پارچە خەت يازدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پارىژدا جاسۇسلۇق ھەرىكىتى بىلەن بولۇۋاتقان بىر رۇسىيە پولكوۋنىكىغا مۇنداق دېدى:

— چار پادىشاھ تېخى ياش، مەنمۇ ئۇزاق ياشايمەن. ياۋروپانىڭ مۇقىملىقى دوستلۇقىمىزغا باغلىق، مەن دوستلۇقتىن ئايرىلىپ كەتمىدىم. بۇ گەپلىرىمنى چار پادىشاھقا يەتكۈزۈپ قويۇڭ ھەمدە مۇنداق بىر قانچە ئېغىز سۆزنىمۇ قوشۇپ قويۇڭ: ئەگەر دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك ئىككى دۆلەت كىچىككىنە پىكىر ئىختىلاپى تۈپەيلىدىن قىز باللاردەك بىر - بىرىگە ھۈرپىيىپ قورال تەڭلىشىپ قالىدىغان بولسا، مەن باتۇر جەڭچىدەك پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتىمەن. مەندىغۇ ئۆچمەنلىكمۇ، دۈشمەنلىكمۇ يوق، يەنە كېلىپ، ئەگەر مۇمكىن بولسا، بىر - بىرىگە روبىرو تۇرغان قوشۇنلىرىمىزنىڭ بارگاھىدا تاماقتا بىللە بولساقكەن دەپ تەكلىپمۇ بېرىمەن... مەن يەنىلا كىچىككىنە پىكىر ئىختىلاپىمىز تۈپەيلىدىن مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان باتۇر جەڭچىلىرىمىزنىڭ قېنىنى دەرىيادەك ئاققۇزماسلىقىمىزنى ئۈمىد قىلىمەن!

ئىمپېراتور ئالېكساندىرنىڭ قىز بالىدەك مىجەزىگە تەسىر كۆرسىتىش، شۇنداقلا كۆڭلىدىكى دەككە - دۈككىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن شۇنچە دەبدەبىلىك سۆزلەرنى ئويدۇرۇپ چىققانىدى! يېنىغا شەمشەر ئېسىپ چىقىپ خۇش تەبەسسۇم بىلەن روكوكو دەۋرىگە خاس كىچىك كۆچلۈك خېرىس قىلىش كىمنىڭمۇ قولىدىن كەلسۇن؟! دېمەك، بۇ ھال دۇنيادىكى كۈچلۈك بىر دۆلەتنىڭ يەنە بىر كۈچلۈك دۆلەتكە خىرىس قىلغىنى بولۇپ، شاگىرت بالا بىلەن ئالەمشۇمۇل تالانت ئىگىسى ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. ھالبۇكى، ئۆزىنىڭ يىگىرمە يىللىق ئارزۇسىنىڭ ئاخىر پەلەكتىن زېمىنغا چۈشكەندەك بەربات بولۇش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەن بىر ئادەم خۇددى پارتلاش ئالدىدا تۇرغان بۇ ئۇرۇشنى خۇددى ھېچقانداق خەۋپنى ھېس قىلمىغاندەكلا «قىز بالىلارنىڭ گەپ تالىشىپ قېلىشى ۋە كىچىككىنە پىكىر ئىختىلاپى» دېدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇرۇش پۈتۈن دۇنيانىڭ تەقدىرىگە بېرىپ تاقىلاتتى.

## تۆتىنچى، قاقاس رۇسىيە دالاسىدا

ئالېكساندىر شۇ تاپتا نېمىلەرنى ئويلاۋاتقاندۇ؟ ئاقسۆڭەكلەردىن ئايرىلىپ قالدى، ئاپىسىدىن تىل ئىشىتتى، تۈركىيەدىكى سوفىيە چېركاۋىغا كىرىپ ئورنىتىش ئۈمىدى يوققا چىقتى، پولشانىڭ ئازاد بولۇشىدىن ئەندىشىگە چۈشتى، مانا بۇلارنىڭ سىياسىي ھايات ۋە ئوردا تۇرمۇشىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆتكەنكى دوستى ناپولېئونغا سوغۇق مۇئامىلە قىلىشى ئۈچۈن يېتەرلىك ئاساس ئىدى. مېتتېرنىچ بۇرۇن «چار پادىشاھنىڭ كەيپىياتىنىڭ بىر قۇتۇپتىن يەنە بىر قۇتۇپقا ئۆتۈش دەۋرى بەش يىل بولىدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلغانىدى، تىلسىت

شەرتنامىسى ئىمزالانغان ۋاقىتتىن باشلاپ ھېسابلىغاندا، دەل بەش يىل بولدى. گەرچە چار پادىشاھنىڭ ئارزۇسى ئەسەبىيەرەك خاراكتېرگە باغلىق بولسىمۇ، بۇ ئۇرۇش ئۆزى ئۈچۈن يۈكسەك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. شۈغىنىسى ئۆزىدە ئۇلۇغۋار نىشانمۇ، ئۇلۇغۋار ئىدىيەمۇ يوق ئىدى. بۇ ئۇرۇشنى ئەركىنلىك ئۈچۈن، شۇنداقلا دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلماقچى بولغانلىقى ياكى ھەتتا ناپولېئوندەك ھەربىي ئالىم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ شۆھرەت تاپماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت بىر خىل تۇراقسىز سىرلىق روھنىڭ ۋەسۋەسىسى تۈپەيلىدىنلا قىلماقچى بولۇۋاتاتتى، ۋۇجۇدىدىكى ئاشۇ سىرلىق كۈچ ئۆز نۆۋىتىدە تىلسىمات سېھىرگەرگە بولغان ياخشى تەسىراتىنىمۇ يوقىتا چىقارغانىدى. چار پادىشاھ ئالېكساندىر سىياسىي جەھەتتە ئىككى تەدبىرنى ئوخشۇشلۇق يولغا قويدى، بۇنىڭ بىرى ئىنسان خاراكتېرىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولۇپ، ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىدى. كۈچ توپلاش ئۈچۈن رۇسىيەنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي چېگراسىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلىشىغا توغرا كېلەتتى، شۇنىڭ بىلەن سۇلتاننى بىتەرەپ تۇرۇشقا بىر ئامال قىلىپ كۆندۈردى؛ شىۋېتسىيە بىلەن بولسا تېخىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىتتىپاق تۈزدى. ئىمپېرىيە چېگراسىدا بېرنادوت بىلەن كۆرۈشتى ھەمدە بۇ فىرانسىيە ئىنقىلابچىسىغا ئىككىنچى قېتىم مەھلىيا بولۇپ قالدى. شىۋېتسىيە ئەنگلىيەنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ تۇراتتى. بىراق، ئەگەر رۇسىيە فىرانسىيەپەرەس دانىيەلىكلەرنىڭ قولىدىن نورۋېگىيەنى شىۋېتسىيەگە ياردىمىنىڭ ھەققى سۈپىتىدە ئېلىپ بېرىشكە كاپالەت بەرسە، شىۋېتسىيەنى ئىككى دۆلەتنىڭ بۇ ئۇرۇشتىن ئورتاق مەنپەئەتدار بولىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشەندۈرەلەيتتى.

بىراق، مۇشۇنىڭ بىلەنلا شىۋېتسىيە پادىشاھى بېرنادوتنى ئۆزى ئۇچۇن جېنىنى سېلىپ بېرىشكە رىغبەتلەندۈرگىلى بولمايتتى. چۈنكى، ناپولېئوننىڭ ئىرادىسىگە مۇخالىپ ئىش تۇتقان بۇ يېڭى پادىشاھنى — بېرنادوتنى پۇقرالىرىنىڭ ئۈنچە ھىمايە قىلىپ كېتىشى ناتايىن ئىدى. ھالبۇكى، چار پادىشاھمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق تەسەۋۋۇرغا ئىگە بولۇپ، ئەگەر بېرنادوتتىن ئىبارەت بۇ شېرىكنى قولغا كەلتۈرۈۋالالىغىنىدا، ناپولېئوننىڭ بۇ ئۇرۇشتىلا مەغلۇپ بولۇپ قالماستىن، ئاخىرقى ھېسابتا تامامەن بەربات بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ يەتكەنىدى. شۇڭا، ناپولېئون تارىختىن بۇيانقى ئەڭ زور قوشۇنىنى باشلاپ، رۇسىيەنى يۇتۇۋېلىش مەقسىتىدە داغدۇغىلىق يۈرۈش قىلىۋاتقىنىدا، چار پادىشاھ بوناپارتنىڭ ھېلىقى يوشۇرۇن دۈشمىنىگە «ئەگەر رۇسىيە غەلىبە قىلسا، سىزنى فىرانسىيە پادىشاھلىقىغا ئولتۇرغۇزىمەن» دەپ ۋەدە بەردى.

بۇ ئىككى شۇڭقار بىر - بىرى بىلەن قاتتىق تۇتۇشماقچى بولۇپ كۆككە شۇڭغۇدى. ناپولېئوننىڭ بەش يۈز مىڭ كىشىلىك زور قوشۇنى كونتىزدىن لېمبېرگ قەلئەسىگە يۆتكەلدى، قوشۇننىڭ قوماندانى ناپولېئون پوسىنغا بېرىپ، «ئىككىنچى قېتىملىق پولشا ئۇرۇشى»نىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى، بۇ ئۇرۇشتا رۇسىيە چار پادىشاھىنىڭ قولىدىن پولشانىڭ تاكى سىمولىنسكىيغىچە بولغان كەڭ زېمىنىنى تارتىۋالماقچىدى.

— ئۇ يەردە ياكى مىنىسكىدا ھەربىي يۈرۈشنى ئاخىرلاشتۇرىمەن، — دېدى ناپولېئون سەردارلىرىغا كۆڭلىدىكىنى ئېيتىپ، — ۋېرنۇستا قىشلايمەن، لىتۋا دۆلىتىنى قۇرىمەن، رۇسىيەنىڭ پۇلى ۋە ئاشلىقى بىلەن ئۆزىمىزنى قامدايمەن. شۇ چاغدىمۇ تىنچلىق شەرتنامىسى ئىمزالىنىشالمىسام، ئىككىنچى يىلى ئۇدۇل رۇسىيەنىڭ

پايتەختىگە بېسىپ كىرىپ، شۇ يەردە تاكى چار پادىشاھ تىز پۈككەنگە قەدەر تۇرىمەن.

ئىمپېراتور مۇشۇ قېتىملىق زور ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ئۈچۈن توپتوغرا بىر يىل ۋاقىتنى سەرپ قىلدى. شۇ ئاردا رېيىن ئىتتىپاقىدىكى يەتتە دۆلەتتىن — بۇ چاغدا رېيىن ئىتتىپاقى بىر دۆلەت ھېسابلىناتتى — قوشۇنلارنى، قورال زاۋۇتلىرىنى ۋە زاپاس قوشۇنلارنى يۆتكىدى، بىر مىڭ تۆت يۈز زەمبىرەك توپلىدى، زەمبىرەكچىلەر ئەترىتى، كۆۋرۈكچى قوشۇن قاتارلىقلارنى تەشكىللىدى، بالتىق دېڭىزىدىكى سەككىز قەلئەنى ئىسكىلاتقا ئايلاندۇردى، يۈزلەپ پاراخوت، مىڭلاپ ھارۋا بۇ ئىسكىلاتلارغا ئوزۇق ـ تۈلۈك توشۇدى، بىر قىسىم ھارۋىلارغا قوشۇلغان كالىلار مەنزىلگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن سويۇلدى. بۇ كالىلارنىڭ ھالى مەجبۇر ئۇرۇشقا سېلىنىۋاتقان لەشكەرلەرنىڭ ئاۋۋال قان ـ تەر تۆكۈش، ئاندىن يەم بولۇشتەك پاجىئەلىك تەقدىرىنىڭ جانلىق سىمۋولى ئىدى. ئالدىدا يەنە قانچىلىك پاجىئەلەر كۈتۈپ تۇرۇۋاتقاندۇ؟ بەش يۈز مىڭ تۇياق ئات ـ ئۇلاغقا ئوت ـ سامان ئېلىپ مېڭىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، يېڭى ئوت ـ چۆپكە ئۇلاشقۇچە ئالتىنچى ئاينى كۈتۈپ تۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. بىراق، ناۋادا ئوتلاقتىن چاتاق چىقسا، قانداق قىلغۇلۇق؟ قوشۇننىڭ روھى چۈشۈپ كەتسە، قانداق قىلغۇلۇق؟

بۇ يەردە — بارگاھتا تۇشمۇتۇشتىن غوۋغا كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. بەزىلەر ناپولېئونغا «ياش لەشكەرلەر ئۇزاق سەپەرگە بەرداشلىق بېرەلمەي قېلىۋاتىدۇ، بولغۇسى ئىسسىققىمۇ چىدىمايدۇ» دەپ دوكلات قىلدى. ھەتتا مۇراتمۇ دېرىستۇندا ناپولېئوندىن رۇخسەت سورىدى، ئەمما تەستىق ئالالمىدى، ئەلۋەتتە. ناپولېئون دانزىگدا بىرتخېر ۋە لافلار بىلەن

ھەمداستىخان بولدى، ھەركىم ئۆز خىيالى بىلەن بولۇپ جىمىمىدە ئولتۇراتتى.

— دانزىگدىن كاتزىغىچە قانچىلىك كىلەر؟ — سورىدى دۇنىيانى بويسۇندۇرۇش خىيالىغا بېرىلىپ ئولتۇرغان ئىمپېراتور.

— بەك يىراق، ئالىيلىرى ! — جاۋاب بەردى لاف يۇرىكىنى قاپتەك قىلىپ.

— ماڭا ئايان، جانابلار، — دېدى ئىمپېراتور، — ئۇرۇش قىلىۋەرگۈڭلار يوق. ناپلېس پادىشاھى گۈزەل دۆلىتىگە قايتىپ كەتمەكچى. بىرتخېر گىلوس برۇسقا قايتىپ كېتىپ ۋاقتىمنى شىكار بىلەن چاغ ئۆتكۈزسەم دەيدۇ. لاف بولسا قايتىپ كېتىپ پارىژ تۇرمۇشىنىڭ پەيزىنى سۇرۇش خىيالىدا !

ئۇلار لام ـ جىم دېمەي ئولتۇرىۋەردى، دېمىسىمۇ پاكىت شۇنداق ئىدى. ھالبۇكى، ناپولېئون ئۇلارنىڭ بۇنداق زۇۋان سۇرمەي ئولتۇرىۋېرىشىنى پەقەت ئويلاپ يەتمىگەنىدى.

ناپولېئون نېمان دەرياسىغا يېتىپ باردى ـ دە، رۇسىيە چېگراسىنىڭ بۇ بەلگىسىدىن قاتتىق ھەيران قالدى. بىرىنچى بولۇپ دەريادىن ئۆتۈپ، ئېتىنى قامچىلاپ بىر چاقىرىم يەرگىچە چاپتۇرۇپ باردى، ئاندىن كۆۋرۈك بېشىغا قايتىپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ خۇددى قەدىمكى رىم ئىمپېراتورى قەيسەرنىڭ رۇبىكون دەرياسىدىن ئۆتكىنىدەكلا ئاخىر نېمان دەرياسىدىن ئۆتتى. ناپولېئون بىرلا ئىشارەت قىلىۋىدى، ئۈچ قوشۇن پولشانىڭ كىندىكىگە قاراپ ئىلگىرىلىدى؛ ئاساسىي قوشۇنغا ئۆزى قوماندانلىق قىلدى، ئىككىنچى قوشۇنغا ئېۋگېن قوماندانلىق قىلدى، ئۈچىنچى بىر قوشۇنغا ژېرومې باشچىلىق قىلدى.

دۈشمەن قوشۇنچۇ؟ دۈشمەن قوشۇنى ئىككىگە ئايرىلغان بولۇپ، بىرى گېنېرال باكلاينىڭ قوماندانلىقىدا، يەنە بىرى

گېنېرال باگراتىئوننىڭ قوماندانلىقىدا ئىدى. ئۇلار ھازىر لىتۋا ئارقا سېپىدە بولۇپ، ئەسكىرىي كۈچى پەقەت بىر يۈز يەتمىش مىڭ كىشىلىك ئىدى. ناپولېئون دۈشمەننىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى ئۈچ يۈز مىڭ كىشىلىك دەپ بەك يۇقىرى مۆلچەرلەپ ئېغىر خاتالاشقانىدى. چۈنكى، ئەگەر ئۆزى ئازراق قوشۇن باشلاپ ماڭغىنىدا، قوشۇننىڭ ئوزۇق - تۈلۈكىگە ھەرھالدا كاپالەتلىك قىلالىشى مۇمكىن ئىدى. ئەينى يىللىرى گېنېرال بوناپارت قىرىق مىڭ كىشىلىك قوشۇنى بىلەن ئادەم سانى جەھەتتە ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق دۈشمەن قوشۇنىنى بىردىن - بىردىن پارچىلاپ يوقىتىش تاكتىكىسىنى قوللىنىپ يەڭگەنىدى. ھازىر بولسا شۇنچە كېلەڭسىز قوشۇن تەشكىللەپ باشلاپ ماڭغانلىقى يېشىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ چوڭىيىپ قالغانلىقى، ۋۇجۇدىكى ھوقۇق مېھرىنىڭ تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتكەنلىكى، شۇڭا ئەسكەر سانىغىلا ئەھمىيەت بېرىپ، قوشۇننىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇشقا سەل قارىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەجەبا ئىمپېراتور ئەمدى لوۋېر دەۋرىدىكى ھېلىقى گېنېرال ناپولېئون ئەمەسمۇ؟

ياق، ناپولېئون يەنىلا شۇ گېنېرال ئىدى، ئەلۋەتتە. چۈنكى، گەرچە شۇنچە زور قوشۇننى باشلاپ ماڭغان بولسىمۇ، ئىلگىرىكىدەك تۈيۈقسىز تېگىش قىلىش ئۇسۇلىدا غەلىبە قازانماقچىدى: بىرىنچى يول قوشۇنى تىلسىتتىن ۋىلنيۇسقا يۈرۈش قىلىپ، رۇسىيەنىڭ ئىككى قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىۋېلىپ ئارىسىنى ئۈزۈپ تاشلىماقچى، ئاندىن ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى يول قوشۇنى ئىككى تەرەپتىن تېگىش قىلىپ، دۈشمەننىڭ ئىككى قوشۇنىنى تارمار قىلماقچى. ئەپسۇسكى، رۇسىيەنىڭ بىپايان كەڭ زېمىنى فرانسىيە قوشۇنىنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويدى، مۇنچە ئۇزۇن فرونتتا

ناپولېئون ھەممە يەرگە يېتىشەلمىگەنلىكتىن ھە دېگەندىلا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالماي قالدى، قول ئاستىدىكى سەردار ـ سەركەردىلىرى بولسا نىسپىي يېتىم ھالەتتە قالدى، داۋىد بىلەن مۇرات پېتىشماي دۈئېلغا چۈشكۈدەك بولۇشۇپ كەتتى، ھەر ئىككىلىسى ئىمپېراتورغا بېقىنماتتى، ئەلۋەتتە. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا بىر ـ بىرىدىن يىراقتىكى قوشۇنلار ئارا ئالاقىنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى باشقا ھەرقانداق ئۇرۇشلاردىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ گەۋدىلىك بولدى. رۇسىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئىككى قوماندانى ئۆز قوشۇنىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئوبدان بىلگەچكە، فىرانسىيە ئارمىيەسى بىلەن توغرىدىن ـ توغرا تۇتۇشۇشقا پېتىنالماي، خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا ھەر ئىككىلىسى ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ ئارقا سەپتە ئۇچرىشىش خىيالىدا چېكىنىپ مېڭىۋەردى. ئۇلار قانداقتۇر تالانتىغا تايىنىپ شۇنداق تاكتىكا قوللانغان بولماستىن، دۈشمەننىڭ ئۆزىدىن زور دەرىجىدە ئۈستۈن تۇرىدىغان قوشۇنىدىن ۋە ناپولېئوننىڭ ئۇلۇغ نامىدىن قورققانلىقى ئۈچۈنلا ئىختىيارسىز رەۋىشتە شۇنداق توغرا قارارغا كەلگەنىدى.

ناپولېئون ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى تۇزاق دەپ چۈشەنگەنىدى. شۇڭا ۋىلنيۇستا مۇنداق دېدى:

— ئەگەر باركىلېينى ۋولگا دەرياسىغىچە قوغلاپ بارىدۇ دەپ قارىغان بولسا، ئېغىر خاتالاشقىنى شۇ. بىز كېيىنىدىن سمولېنسكىي بىلەن دۋىناغىچە بېرىپ، ئۇ يەردە غەلىبىلىك ئۇرۇش قىلىپ، زور قوشۇنىمىز ئۈچۈن پۇت تىرەپ تۇرغۇدەك ماكانغا ئېرىشىمىز... بىراق، بۇ يىل دۋىنا دەرياسىدىن ئۆتىدىغان بولساق، بېشىمىزغا پىت سېلىۋالىمىز. ۋاقتى كەلگەندە ۋىلنيۇسقا قايتىپ بېرىپ، شۇ يەردە قىشلايمەن ھەمدە فىرانسىيە تىياتىرخانىسىنىڭ ئارتىسلىرىنى چاقىرتىپ،

كۆڭلىرىمنى خۇشۋاق ئۆتكۈزىمەن. ئەگەر بۇ يىل قىشتا تىنچلىق شەرتنامىسى تۈزۈشەلمىسەك، كېلەر يىلى مايدا بۇ ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرىمەن!

بۇ چاغدا سىرتتىن خۇش خەۋەرلەرمۇ كېلىپ تۇردى: ئامېرىكا ئاخىر ئەنگلىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلىپ، دېڭىزدا بەلگىلىك غەلىبىگە ئېرىشكەن، لوندوندىكى تىنچلىقنى ياقلىغۇچى ئۆكتىچىلەرنىڭ كۈچىمۇ كۈنسايىن زورايغان، ھەتتا ئىسپانىيەدىكى ئۇرۇشمۇ ھەرھالدا ئوڭۇشلۇق بولغانىدى. بەللى، ئالغا! غەلىبىگە قاراپ ئالغا!

بىراق، دۈشمەن قوشۇنى نەدىدۇ؟ ئىمپېراتور ياڭغۇز بىر ئوفتسېرنىلا ئەگەشتۈرۈپ دۈشمەننىڭ ھەرىكىتىنى رازۋېدكا قىلىپ كۆرگەن بولسىمۇ، ھېچنېمىنى بىلەلمىدى ـــ دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە دۈشمەننىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى! شۇنىڭ بىلەن ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ كەتتى. ناپولېئوننىڭ قوشۇنلىرى ھەربىي يۈرۈش داۋامىدا دۈشمەن بىلەن ئۇچراشمىغانلىقتىن تېز ئىلگىرىلىدى، ئۇزاق ئۆتمەي كەلگەن خەۋەردىن مەلۇم بولۇشىچە، يول پاتقاق، ھاۋا ئىسسىق بولغاچقا، قىسمەن زاپاس ئارقا سەپ قوشۇنلىرى تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئارقىدا قالغان. بىلىش كېرەككى، بۇ زور قوشۇن ھەربىي يۈرۈش داۋامىدا شۇلارنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈك تەمىناتىغا قاراشلىق ئىدى. ناپولېئون ۋىلنيۇستا چار پادىشاھنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئالالمىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، چار پادىشاھ يېقىندىلا مۇشۇ يەردە بولغانىكەن. كېيىن كەلگەن خەۋەرلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، تەمىناتچى قوشۇنلارنىڭ ھارۋىلىرى سازلىقتا پېتىپ قالغان، تەمىنات كېمىلىرىمۇ دەريانىڭ تېيىز يېرىگە كەلگەندە ئىلگىرىلىيەلمەي تۇرۇپ قالغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئون مىڭ تۇياق ئات زەھەرلىك چۆپ يەپ ئۆلگەن. بۇ خەۋەرلەر قوشۇن ئىچىدە

تېزلا تارقىلىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئەندىشىگە چۈشكەن لەشكەرلەر قەدىمى يەتكەنلىكى شەھەرنىڭ ھەممىلا يېرىدە بۇلۇشچە تالان ـ تاراج قىلغىلى تۇردى، كېيىن كەلگەن لەشكەرلەرگە بولسا ھېچنېمە قالمىغانىدى.

فىرانسىيە ئىمپېراتورى بۇ دۆلەتنىڭ خەلقىگە شاپائەت ياغدۇرۇپمۇ، تېرە تاراقشىتىپ بېقىپمۇ ھېچبىر نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. تالان ـ تاراجنى يامان كۆرەتتى. چۈنكى، تالان ـ تاراج مالىمانچىلىق پەيدا قىلاتتى. پولەكلەرگە بۇرۇنلا ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، ھازىرغىچە مۇستەقىللىق بەرمىگەن ناپولېئوننىڭ ئۆزلىرىگە ھۆرلۈك بېرىدىغانلىقىغا كۆزى يەتمىگەن لىتۋالىقلار خۇددى لومباردىلىقلارنىڭ ئەينى ۋاقتىدا قىلغىنىغا ئوخشاش ناپولېئون قوشۇنىغا ياردەممۇ بەرمىدى، پۇل ۋە ئاشلىق بىلەنمۇ تەمىنلىمىدى، ئىمپېراتور پارىژدا باستۇرغان نەچچە مىليون پارچە ساختا رۇبلىغا كۆزىنىڭ قىرىنىمۇ سېلىپ قويمىدى، پەقەت تەڭرىدىنلا پاناھلىق تىلەپ تۇرىۋەردى.

قانداق قىلغۇلۇق؟ ھازىر چار پادىشاھنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ تازا ياخشى پەيتى ئىدى. «ھازىرغا قەدەر يۈز بەرگەن جىمى ئىش ئالىيلىرىنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىگە مۇناسىپ كەلمەيدۇ، — دەپ يازدى ناپولېئون چار پادىشاھقا ئەۋەتكەن مەكتۇپىدا، — ئۆتكەندە ماڭا كۆرسەتكەن ھۆرمىتىڭىزگىمۇ مۇناسىپ كەلمەيدۇ... نېمان دەرياسىدىن يېڭىلا ئۆتكىنىمدە، ئۆتكەنكى جەڭلەردە قىلغىنىمغا ئوخشاشلا كانىۋىيمنى يېنىڭىزغا ئەۋەتمەكچى بولۇۋىدىم، — بىراق، چار پادىشاھ ناپولېئوننىڭ ئۆتكەن قېتىم ئەۋەتكەن ئەلچىسىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلغانىدى، — شۇنى بىلىپ يەتتىمكى، بۇ ئىشنى خۇددى باشقا ئىشلارغا ئوخشاشلا ھەممىگە قادىر تەڭرى ئۆزى بەلگىلەيدۇ... شۇڭا، سىزدىن شۇنىسىلا ئۆتۈنىمەنكى، سىزگە بولغان مەڭگۈ ئۆزگەرمەس خەيرلىك

نىيىتىمگە ئىشەنگەيسىز.»

ناپولېئون بۇ ساختا خېتىنى يېزىشتىن ئىلگىرى ئەسىرگە چۈشكەن بىر رۇسىيە ئوفىتسېرى بىلەن سۆھبەتلەشكەندى، خەتنى دەل ئاشۇ ئوفىتسېرنىڭ چار پادىشاھقا يەتكۈزۈپ بېرىشىگە تاپشۇردى. ئىمپېراتور بۇ رۇسىيە ئوفىتسېرى بىلەن ئىنتايىن كۆلكىلىك تەرزدە سۆھبەتلىشىپ:

— چار پادىشاھ بۇ ئۇرۇشتىن نېمىگە ئېرىشمەكچىدۇ؟ مەن بىر پاي ئوقنىمۇ زايە قىلماي چار پادىشاھنىڭ گۈزەل شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلدىم، زادى نېمە ئۈچۈن ئۇرۇشىدىغانلىقىمىزنى ھەر ئىككىلىمىز بىلمەيمىز! — دېدى.

ئاندىن ئۆز ئۇسۇلىدا بىر سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت سەرپ قىلىپ، بۇ رۇسىيە ئوفىتسېرىغا رۇسلارنىڭ قانداق خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكى، ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن ۋىلنيۇسنى قوغدىمىغانلىقى ۋەھاكازالار ئۈستىدە بىرمۇبىر چۈشەندۈردى.

— سىلەر ئازراقمۇ ئىزا تارتمامسىلەر؟

بۇ ھەربىر بۆلەك سۆزنىڭ ئاخىرىدا ئالا قويماي تەكرارلىغان گېپى بولدى. پولشالىقلارنىڭ قۇربان بېرىشتىن قورقمايدىغان روھىغا ئاپىرىن ئوقۇدى، ئىلگىرى بولسا پولەكلەرنى كۆزگە ئىلىپمۇ قويمايتتى. «چار پادىشاھقا قارىغاندا ئۈچ ھەسسە ئارتۇق ئەسكىرىي كۈچۈم ۋە نۇرغۇن پۇلۇم بار، بۇ ئۇرۇشنى ئۈچ يىلغىچە داۋاملاشتۇرالايمەن» دەپ قەسەم ئىچتى ناپولېئون يەنە. ئەمەلىيەتتە بولسا ھەممىسى ساختا ئاچچىقلىنىش داۋامىدا توقۇپ چىققان قۇرۇق گەپ ئىدى. بۇ چاغدا ھېلىقى رۇسىيە ئوفىتسېرىمۇ «ئۇنداق قازانغان مۇنداق چۆمۈچ» قىلىپ، «بىز بەش يىل ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈپ قويدۇق» دەپ لاپ ئۇردى. بۇنىڭ بىلەن ئىمپېراتورنىڭ بىردىنلا سەممىيلىكى تۇتۇپ كېتىپ، ئاغزىنى تاسادىپىي ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان بۇ

رۇسىيە ئوفىتسېرىنىڭ قۇلىقىغا يېقىپ راست گېپىنى ئېيتىشقا باشلىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئوفىتسېرنىڭ ئاغزى ئارقىلىق چار پادىشاھقا ئېيتقىنى ئىدى:

— ھېساباتقا ئۇستا ئادەمەن. ئېرفۇرتتىكى ۋاقىتىمدىلا دەڭسەپ كۆرۈشۈمچە، رۇسىيە بىلەن يارىشىپ قالغىنىمىز يۈز ئۆرۈشكىنىمىزدىن ياخشى ئىكەن. شۇڭا، ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالساق ئەجەب ئەمەس... ئۆز ۋاقتىدا گەرچە رۇسىيەدىن ئىبارەت بۇ ئەلنىڭ ئۇرۇش قىلغۇسى بولسىمۇ، چار پادىشاھ يەنىلا مەن بىلەن تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالاشقانىدى. ھالبۇكى، بۈگۈنكى كۈندە رۇس ئېلى تىنچلىققا موھتاج بولسىمۇ، چار پادىشاھنىڭ مەن بىلەن ئۇرۇشقۇسى كېلىپ قالدى. چار پادىشاھتەك ئالىيجاناب زاتنىڭ ئەتراپىدىكى ئەقلى قىسقا بىر توپ كىشىنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئوينىغىنى نېمىسى؟... شۇنداق بىر ئۇرۇش كومىسسىيەسىنىڭ قاملاشمىغان قارارىغا ئىتائەت قىلىپ ئۇرۇش قوزغىغىنى نېمىسى؟ مەن بۇ يەردە ئەگەر تۈن تەڭدە بىرەر قارارغا كېلىپ قالغۇدەك بولسام، بىر سوتكىغا قالمايلا پەرمان چۈشۈرىمەن، ئادەملىرىم يېرىم سائەتكە قالمايلا قارارىمنى بەجا كەلتۈرىدۇ. سىلەرچۇ؟

ناپولېئون رۇسىيە ئارمىيەسىنىڭ ئىشتابىدىن قولغا چۈشۈرگەن بىر پارچە خەتنى چىقىرىپ، رۇسىيە ئوفىتسېرىغا بەردى:

— بۇنى ئېلىۋېلىڭ، قايتىش سەپىرىڭىزدە ئوقۇپ ئىچ پۇشۇقىڭىزنى چىقىرارسىز... چار پادىشاھقا يەتكۈزۈپ قويۇڭ، راست گېپىمنى ئېيتاي، شۇ تاپتا بەش يۈز ئەللىك مىڭ كىشىلىك قوشۇنۇم ۋىستۇلا دەرياسىنىڭ بۇ قېشىدا تۇرۇۋاتىدۇ. بىراق، ھېسسىياتىم بويىچە ئەمەس، پايدا ـ زىياننى دەڭسەپ ئىش قىلىدىغان ئادەم مەن. شۇڭا، ھېلىمۇ سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە

قارشى ئەمەسمەن. پادىشاھلار مەندىن يۈز ئۆرۈمەيدىغانلا بولسا، ھۆكۈمرانلىقى داۋاملىشىپ، مەملىكىتى گۈللىنىدۇ !

بۇ ئوفىتسېر ئىمپېراتورنىڭ سۆزلىرىدىن قاتتىق ھەيران قالدى. كەچقۇرۇنلۇقى ئىمپېراتور ۋە باشقا ئۈچ مارشال بىلەن كەچلىك تاماقتا بىللە بولغىنىدا باشقىچە مۇئامىلىگە ئۇچرىدى. ئىمپېراتور ئۇنىڭدىن خۇددى ئىمتىھان ئېلىۋاتقاندەك غەلىتە سوئاللارنى سورىدى:

— سىلەردە قىرغىز قوشۇنى بارمۇ؟

— يوق. بىراق، باشقىرت ۋە تاتارلاردىن قوشۇن تەشكىللەپ كۆردۇق، ئۇلار قىرغىزلاردىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ.

— ئاڭلىسام، چار پادىشاھ ۋىلنيۇستا ھەر كۈنى دېگۈدەك چىرايلىق بىر خانىم بىلەن چاي ئىچىشىدىكەن، شۇنداق ئىش بارمۇ؟ خانىمنىڭ ئىسمى نېمە؟

— ئىمپېراتور ھەرقانداق ئايالغا ھۆرمەت كۆرسىتىدۇ.

— ئاڭلىشىمچە، بارۇن ستەين چار پادىشاھ بىلەن تاماقتا بىللە بولغانمىش، شۇنداق ئىش بارمۇ؟

— ھەرقانداق ئېسىلزادە چار پادىشاھنىڭ تاماققا تەكلىپ قىلىشىغا نائىل بولالايدۇ.

— ستەيندەك بىر ئادەمنى قانداقمۇ ئۆزىگە ھەمداستىخان قىلغاندۇ ! چار پادىشاھنىڭ نەزىرىدە ستەيىن چار پادىشاھنى ياقتۇرۇپ كېتەرمۇ؟ پەرىشتە بىلەن شەيتاننىڭ چىقىشالىشى مۇمكىن ئەمەس... موسكۋادا قانچىلىك ئاھالە، قانچىلىك ئۆي، قانچىلىك چىركاۋ بار؟... نېمانچە جىق؟

— چۈنكى، خەلقىمىز ئىنتايىن تەقۋادار خەلق.

— بۇ زاماندا ھەقىقىي تەقۋادار ئادەم قالمىدى، موسكۋاغا قايسى يول بىلەن ئەڭ تېز بارغىلى بولىدۇ؟

— ئالىيلىرى، موسكۋاغا بارىدىغان يوللار راۋان، شۇ يولدىن

خالىغىنىڭىزنى تاللىسىڭىز بولىدۇ. چارلىزمۇ پۈلتاۋا ئارقىلىق بارغانىدى.

بۇ ئوفىتسېرنىڭ كىنايە جاۋابىنى ئاڭلىغان ئىمپېراتور پاراڭنىڭ تېمىسىنى ئۆزگەرتىشى كېرەكلىكىنى ئاخىر ئويلاپ يەتتى. بىراق، بۇ زېرەك ئوفىتسېر ناپولېئوننىڭ كەيپىياتىدىكى جىددىيلىكنى بايقاپ يەتكەنىدى، سان پېتېربۇرگقا بارغىنىدا ئىمپېراتورنىڭ بۇ ھالىنى دوكلات قىلماي قالمايتتى.

فىرانسىيە قوشۇنىدا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئەنسىز كەيپىيات كۈنسايىن كۈچىيىپ باردى. فىرانسىيە ئىمپېراتورى رۇسىيە قوشۇنلىرى بىلەن تۇتۇشۇش پۇرسىتىنى ئىزدەيتتى، رۇسىيە قوشۇنلىرى بولسا ئىزچىل تۈردە ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەلدى. باگراتىيون بىلەن ئۇچرىشىشقا ئىنتىزار باكلىي نىشانسىز چېكىنىپ مېڭىۋەردى. بىراق، باگراتىيون ئۆزى دۇچ كەلگەن قوشۇننىڭ دىتسىز ژېرومېنىڭ قوشۇنى ئىكەنلىكىنى بىلمەي، فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ ئاساسىي قوشۇنى دەپ قالغانلىقى ئۈچۈن باكلىي بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ ئامالىنى قىلالمىدى. ژېرومې ئەسلىدە باگراتىيوننىڭ قوشۇنىنى دەمبەس قەدەم قوغلاپ بېرىپ يېتىشىۋېلىشى كېرەك ئىدى، ھەرىكىتى بەك ئاستا بولغاچقا، يولنى توسۇپ زەربە بېرىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويدى. شۇ سەۋەبتىن ژېرومېنىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىشنى كۈتۈپ تۇرغان داۋىد دۇشمەننىڭ قېچىپ كېتىشىگە قاراپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇ ھالدىن دەرغەزەپكە كەلگەن ئىمپېراتور ئىنىسىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى، ژېرومې قوشۇنىنى داۋىدقا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئاچچىق يۇتۇپ گاسىلغا قايتىپ كەتتى. بۇ چاغدا ئىشلار كېچىككەنىدى!

ناپولېئون بۇ بوشاڭ ئىنىسىغا كۆڭۈل بېرىپ كەتكەچكە، بۇ قېتىمقى ھەل قىلغۇچ جەڭ پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ

قويغانىدى. مۇشكۇلات كۇنسايىن ئېغىرلاشقانسېرى، ئىمپېراتور ھەربىي يۇرۇشنى شۇنچە تېزلەتتى، ھەربىي يۇرۇش سۈرئىتى تېزلەشكەنسېرى، مۇشكۇلاتمۇ شۇنچە ئېغىرلاشتى. قوشۇنلاردا ئۇزۇق - تۈلۈك قەھەتچىلىكى ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى، رۇسىيە قوشۇنلىرى قايسى جايدىن چېكىنسە، شۇ جايدىكى ئاشلىق ۋە باشقا لازىمەتلىكلەر زاپىسىنى ئالا قويماي كۆيدۈرۈۋېتىپ، ئاندىن كېتەتتى. فىرانسىيە قوشۇنلىرىدا بولكا ۋە كۆكتات ئىنتايىن قىسلىشىپ كەتتى، گۆشتىن باشقا يېگۈدەك تۈزۈككىنە نەرسە قالمىغانىدى، شۇ ۋەجىدىن تولغاق كېسىلى تارقىلىپ كەتتى، ئاتلار ئۆگزىلەردىكى ئاچچىق توپا بىلەن بۇلغىنىپ كەتكەن پالاكىنى يەۋېلىپ، بەس - بەستە قىرىلىپ كەتتى، يول جەسەتلەر بىلەن تولۇپ كەتتى. ناپولېئون ئارمىيەسىنىڭ تەركىبىدىكى باۋارىيە باش قوماندانىنىڭ مۆلچەرىچە، پەقەت ئەنە شۇنداق ئۇرۇش قىلماي يۇرۇش قىلىش داۋامىدىلا ئۆزىنىڭ بىرلەشمە ئارمىيەسىدىن ھەر كۈنى چىقىم بولۇۋاتقان لەشكەر سانى توققۇز يۈز كىشىگە يەتكەنىدى.

پارىژدىكىلەر نېمە دېيىشىۋاتقاندۇ؟

خۇددى پارىژ بىلەن بۇ يەرنىڭ ئارىلىقىدىكى يول ئۈزۈلۈپ قالغاندەك، پارىژدىن زادىلا خەۋەر يوق دېيەرلىك ئىدى، ھەتتا خانىشتىنمۇ خەت - خەۋەر يوق. بىراق، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئوردىدىن شاھزادە توغرىسىدا خەۋەر كەلدى. ئىمپېراتور بۇ ھەقتە پارىژدىن كەلگەن خەتكە ئەۋەتكەن ئۇچۇرىدا: «ئۇزاق ئۆتمەيلا سىلەردىن بالامنىڭ تۆت چىشى تولۇق چىقىپ بولدى، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىسامكەن دەيمەن. ئوغلۇمنىڭ ئېمىكئانىسىغا لەۋزە قىلغانمەن، كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەل قىلىپ بېرىڭلار» دەپ يازدى.

كۆز يەتكۈسىز كەڭرى يايلاقتا ئولتۇرغان ئىمپېراتورنىڭ

ئالدى تەرىپىدە لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان مەھەللىدىن تۇرۇم - تۇرۇم قويۇق ئىس - تۈتەك كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى، ئارقا تەرىپىدىن چىرىگەن جەسەتلەرنىڭ بەتبۇي پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. يەپ ئادەتلەنمىگەن يىمەكلىكلەر ۋە پىژغىرىم ئىسسىق دەستىدىن ئىمپېراتور ئاشقازان ئاغرىقى قوزغىلىپ ئات مىنەلمەس بولۇپ قالدى، پەيتوندا ئولتۇرغان تەقدىردىمۇ ھەمىشە كاتاڭ يوللاردا قېقىلىپ - سوقۇلۇپ مېڭىشقا بەرداشلىق بېرەلمەي ھېچقانچە ئۇزۇن يۈرمەيلا توختىۋالاتتى، شۇنىڭ بىلەن كۆپىنچە يولنى پىيادە مېڭىشقا مەجبۇر بولدى، ئىشتابىدىكى ئوفىتسېرلىرىمۇ ئاتلىرىدىن چۈشۈپ، ناپولېئونغا ھەمراھ بولۇپ پىيادە مېڭىشقا مەجبۇر ئىدى. ئالدىمىزدىلا دۈشمەن بىلەن تۇتۇشىمەن دېگەن خىياللا ناپولېئوننى ئالغا ئىلگىرىلىتىۋاتقان بىردىنبىر تۈرتكە ئىدى.

ئۇلار ئۇزاقتا قالمايلا ۋىتېبوسكاغا يېتىپ باراتتى، ئۇ يەر بىلەن پارىژنىڭ ئارىلىقى قانچىلىك كېلەر؟

— بەك يىراق، ئالىيلىرى، — جاۋاب بەردى كۆرۈنمەس بىر ئادەم.

«ئاخىر تۇتۇۋالىدىغان بولدۇق!» مۇرات رۇسىيەنىڭ باكلېي قوماندانلىقىدىكى بىر قوشۇننى شۇ يەردە توسۇۋالغانىدى! كەلگەن خەۋەردە ئېيتىلىشىچە، ئۇلار ئەتە سىمولىنسكىيغا چېكىنمەكچىكەن. پۇرسەت كەلدى! ئەپسۇسكى، دەل شۇ چاغدا ئىمپېراتور ئاغرىپ يېتىپ قالغانىدى، شۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك، دەماللىققا بىر قارارغا كېلەلمىدى: ۋۇجۇدىدا ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان بىر خىل ئەندىشە تۈپەيلىدىن جەڭدىي سەپەر داۋامىدا چارچىغان قوشۇننى ئۇرۇش ئوتى ئىچىگە سېلىشنى خالىمايتتى؛ ۋۇجۇدىدا ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان بىر خىل ئېھتىياتچانلىقى تۈپەيلىدىن تېخىمۇ كۆپ قوشۇن توپلاپ،

دۈشمەنگە «ئاۋستېرلىز ئۈرۈشى»دىكىدەك قاتتىق زەربە بېرىش ئارزۇسىدىلا ئىدى. شۇ تەرزدە بىر قارارغا كېلەلمەي تاڭ ئېتىپ كەتتى.

رۇسىيە قوشۇنلىرىنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ئۇلار سەھەر تۇماندىن پايدىلىنىپ ئوڭۇشلۇق چېكىنىپ چىقىۋالدى، تاڭ يورۇپ تۇمان تارىغاندا ئىز - دېرەكسىز غايىب بولدى. ئىمپېراتور چۈش مەھەلدە ئەتراپنى كۆزەتكەچ ئايلىنىپ چىقىپ چېدىرغا قايتىپ كەلدى - دە، شەمشىرىنى شىرەگە تاشلىدى:

— مۇشۇ يەردە تۇرۇپ، بارلىق قوشۇنىمىزنى توپلايمەن. 1812 - يىلىدىكى ئۇرۇشنى مۇشۇ يەردە ئاياغلاشتۇرىمەن.

مۇرات ناپولېئوننى داۋاملىق يۇرۇش قىلىشقا دەۋەت قىلىۋىدى، ناپولېئون:

— 1813 - يىلى موسكۋاغا كىرىمەن، 1814 - يىلى پېتېربۇرگنى ئالىمەن. بۇ ئۇرۇشنى ئۈچ يىل داۋاملاشتۇرىمەن! — دېدى يەنە.

قالايمىقانلىشىپ كەتكەن قوشۇنلارنى رەتكە سېلىشقا توغرا كەلدى. فىرانسىيە قوشۇنى ھازىرغا قەدەر ھېچبىر ئۇرۇش قىلماي تۇرۇپلا ئۈچتىن بىر قىسىم لەشكىرىنى چىقىم تارتقان — ئۇلارنى بۇ زېمىن يۇتۇۋەتكەنىدى. زاپاس بىرلەشمە ئارمىيە قېنى؟ ماكتاننا باشچىلىقىدىكى پىرۇسسىيە قوشۇنى نەدە؟ شۋارزېنبېرگ باشچىلىقىدىكى ئاۋستىرىيە قوشۇنچۇ؟ بۇ ھەقتە ئېنىق خەۋەر يوق ئىدى. قانداق دېگەن دۆلەت بۇ! ئۇرۇش قىلمايدىغان بولساق، بۇ يەردە تۇرۇپ نېمە ئىش قىلىمىز؟ ناپولېئوننىڭ كاتىپىنىڭ پارىژدىكى كۇتۇپخانا مەسئۇلىغا يازغان قىسقىغىنا بىر پارچە خېتى ناپولېئوننىڭ لېيتېنانت بولغان چېغىدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولۇپ باقمىغان كەيپىياتىنى

چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ:

كىشىنىڭ ئىچ ـ پۇشۇقىنى ئالغۇدەك كىتابلاردىن ئەۋەتىپ بېرىڭ. ئوبدان رومانلار بولسا ئەۋەتىپ بەرگەيسىز، كونىچە رومانلار ياكى كىشىنى جەلپ قىلارلىق پەلسەپىۋى رومانلار بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ، پەقەت ئىمپېراتور ئوقۇمىغان بولسىلا بولغىنى. بۇ يەردە كۈنلەرنى كەچ قىلماق بەك تەسكە توختاۋاتىدۇ.

ئاخىر خەۋەر كەلدى، ئەنگلىيە چار پادىشاھ بىلەن ئىسپانىيە پادىشاھىنى كېلىشىم ئىمزالىشىش ئۈچۈن سۆھبەت شىرەسىگە سۆرەپ كەپتۇ. ئىمپېراتور بۇ خەۋەردىن چۆچۈپ كەتتى: چۈنكى، بۇ فىرانسىيەگە قارشى يېڭى بىر ئىتتىپاقنىڭ باشلىمى ياكى فىرانسىيەگە قارشى مۇھاسىرە چەمبىرىكىنىڭ تۈزۈلۈشىدىن دېرەك بېرەتتى ! ئىمپېراتور بۇ يەردە تاكى ياۋروپا پارچىلىنىپ كەتكۈچە تۇرسۇنمۇ؟ ئالدى تەرەپتە سىمولىنسكىي شەھىرى، ئۇ يەردە رۇسسىيەنىڭ ئىككى قوشۇنى بۇ چاغقىچە ئۇچرىشىپ بولدى ! رۇسىيە زېمىنى ئۇنىڭمۇ نېرىسىدا. ئەگەر ناپولېئون سىمولىنسكىيدا غەلىبە قازىنالىسا، موسكۋا ۋە پېتېربۇرگلارغا خالىغىنىچە بېسىپ كىرەلەيدۇ. ئىمپېراتور بۇ ھەقتە بىرمۇنچە سەردار ـ سەركەردىلىرىدىن مەسلىھەت ئېلىپ كۆرۈۋىدى، ئۇلار «ئېھتىياتچان بولغىنىمىز تۈزۈك» دېيىشتى.

— رۇسىيە ئۆز شەھەرلىرىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ئىشغال قىلىنىشىغا ھەرگىزمۇ كۆزىنى يارقىرىتىپ قاراپ ئولتۇرمايدۇ، — دېدى ناپولېئون، — چوقۇم بىر مەيدان قاتتىق ئۇرۇش قىلىشىمىز شەرت، ئالېكساندىر شۇ چاغدىلا بىز بىلەن سۈلھى قىلىشقا ماقۇل بولىدۇ. بىز بولساق ھازىرغىچە قان تۆكمىدۇق ! بىر قارارغا كەلدىم، چوقۇم ئۇرۇش قىلىمىز، ئۇرۇش

قىلغاندىمۇ چوقۇم يېڭىپ چىقمىساق بولمايدۇ، موسكۋاغا بېسىپ كىرمەي قويمايمەن !

بۇ چاغدا رۇسىيەنىڭ ئىككى قوشۇنى ئاخىر ئۇچراشقان بولۇپ، ئۇلار ئاۋۋال قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئاندىن چېكىنىش ئويىدا ئىدى. شۇنداق قىلىپ سمولىنسكىي ئاخىرقى ھېسابتا رۇسلارنىڭ قولىدىن كەتتى. بىراق، بۇ شەھەر ئوت دېڭىزى ئىچىدە قالغان بولۇپ، غالىبلار خارابە شەھەردىن باشقا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدى. فىرانسىيە ئىمپېراتورى بۇ خەلقنىڭ مەنىۋى قۇدرىتىنى ئەمدى ھېس قىلىپ يەتكەنمىدۇ؟ كۇنسايىن كۈچىيىۋاتقان مىللىي غۇرۇرنى كۆرۈپ يەتكەنمىدۇ؟ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ مۇقەددەس قەدىمىي بايلىقىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىشكە رازىكى، دۈشمىنىگە قالدۇرمايتتى.

تولىمۇ ئوسال ئەھۋالدا قالغان فىرانسىيە ئىمپېراتورىنىڭ دەردىنى ئېيتقۇدەك يەرمۇ يوق ئىدى. چار پادىشاھقا يازغان خېتىدىن ئۇچۇر ئالالمىغاچقا، يەنە بىر قېتىم خەت ئەۋەتمەكچى بولدى ـ دە، ئەسىرگە چۈشكەن يەنە بىر رۇسىيە ئوفىتسېرىنى چاقىرتتى:

— چار پادىشاھقا خەت يازالامسىز؟ يازالمايمەن؟ سۆزلىرىمنى ئىشتابىڭلاردىكى ئاكىڭىزغىمۇ يەتكۈزەلەرسىز؟ ! مېنى كۆرگەنلىكىڭىزنى، يەنە كېلىپ بۇ خەتنى مېنىڭ يازدۇرغانلىقىمنى يەتكۈزگەن بولسىڭىز، سىزدىن كۆپ خۇرسەن بولاتتىم. ئەگەر ئاكىڭىز چار پادىشاھ بىلەن كۆرۈشەلىگۈدەك ياكى كىمنەزدىن چار پادىشاھقا گەپ ئەۋەتىپ بېرەلىگۈدەك بولسا، پادىشاھقا يەتكۈزۈپ قويسۇن، مېنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم يەنىلا تىنچلىق ئورنىتىش !... ئارىمىزدا ئۇرۇشقۇدەك نېمە ئىش بار ئىدى؟ سىلەر ئىنگلىز ئەمەسقۇ، رۇسلار بىلەن ئارىمىزدا ئۆچ ـ ئاداۋەت يوق، بىز دوست بولۇپ ئۆتسەك بولاتتى. سىلەر ئەرزان

باھادا قەھۋە ھەم قەنت ــ گېزەك ئالماقچىمۇ؟ بولىدۇ، بۇنى توغرىلاپ بېرەلەيمەن. ئەگەر مېنى ئاسانلىقچە مەغلۇپ بولىدۇ دەپ قارىساڭلار، ھەربىي كومىسسىيەڭلاردىن سوراپ كۆرسەڭلار بولىدۇ، غەلىبە بىزگە مەنسۇپ دەپ قارىساڭلار، جەڭگاھتا كۆرۈشسەك بولىدۇ !... شۇنداق بولۇپ قالسا، مەن موسكۋانى ئىشغال قىلىمەن، يەنە كېلىپ قوشۇنۇمنى بۇ شەھەرنى ھەش ــ پەش دېگۈچە خانىۋەيران قىلىۋېتىشتىن توسۇپ قالالايمەن، دەپ كاپالەت بېرەلمەيمەن. دۈشمەن بېسىۋالغان شەھەر ئاياغ ئاستى قىلىنغان ئايالغىلا ئوخشايدۇ... بۇنىڭغا قانداق قارايسىزكىن؟ ئەگەر چار پادىشاھ تىنچلىقنى تەشەببۇس قىلماقچى بولسا، ھېچكىم يولىنى توسۇپ قالالمايدۇ !

ئىمپېراتور لېيتېنانت بولغىنىدىن تارتىپ تاكى گېنېرال بولغىنىغا قەدەر ھېچقاچان ھېچكىمگە يېلىنىپ باققان ئەمەس، بۇنداق ئىش ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى، بۇيرۇق چۈشۈرۈشنىلا بىلەتتى، ھەتتا پادىشاھلارغا ئەۋەتىدىغان مەكتۇپلىرىنىمۇ بۇيرۇق ۋەزنىدە يازاتتى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن «ئۆتۈنىمەن» دېگەن سۆز ئون يىل مابەينىدە پەقەت ئىككى قېتىملا چىقىپ باققان: بىرىنچى قېتىمدا پاپادىن ئۆزىنى ئىمپېراتورلۇق تەختىگە ئولتۇرغۇزۇشنى ئۆتۈنگەن، يەنە بىر قېتىمدا ئاۋسترىيە مەلىكىسىدىن ئۆزىگە تېگىشنى ئۆتۈنگەنىدى. ئەمدى ئۇنى بۇنچە ئېچىگە چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ. ئەسىرگە چۈشكەن ھېلىقى رۇسىيە ئوفىتسېرى ئىمپېراتور ئۆز قولى بىلەن قايتۇرۇپ بەرگەن قىلىچىنى قولىغا ئېلىۋاتقىنىدا قانداق ئويغا كېلىپ قالغاندۇ؟

«بۇ ئادەم دۇنياغا غوجايىن بولالارمۇ؟ دۇنيانىڭ غوجايىنى بولغان كىشىمۇ مەندىن ۋە ئاكامدىن شۇنچە تۆۋەنچىلىك بىلەن يالۋۇرامدۇ؟ ئۆزىنىڭ خەۋەرچىسى يوق بولغىيمىدى؟ قانداق

بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئادەملىرى زېمىنىمىزدا تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئۆلۈۋاتىدۇغۇ؟ سەن خەق ئۇرۇشنى شاھمات ئوينىغاندەك كۆڭۈللۈك ئىش دەپ ئويلىشىسەن، جەڭگاھقا ئايلانغان رۇسىيە زېمىنىنىڭ قان يىغلاۋاتقانلىقىنى نەدىن بىلىشەتتىڭ!»

ناپولېئون ئەسىرگە چۈشكەن بۇ ئوفىتسېر ئاكىسىغا ئېلىپ بارىدىغان خېتىنى پۈتكۈزۈپ قويىدى، بىرتخېر كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن تەستىقلىدى. بىراق، بۇ خەتمۇ ئۇچۇرسىز قالدى، شۇنىڭ بىلەن ناپولېئوننىڭ غەزەپلەنگىنىدىن قۇيقا چاچلىرى تىك بولۇپ كەتتى. بىر ئوفىتسېرى زادى ئىلگىرىلەيمىزمۇ ـ چېكىنىمىزمۇ، دەپ سورىغاندى، ناپولېئون كەسكىن جاۋاب بەردى:

— رومكا تولغانىكەن، بىرلا كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتكۈلۈك. موسكۋاغا يۈرۈش قىلماقچىمەن! ئىمپېراتور بولغىنىمغا ئۇزۇن بولۇپ كەتتى، ئەمدى يەنە بىر قېتىم گېنېرال بولىمەن!

ناپولېئوننىڭ بۇ سۆزىدىكى جەڭگىۋارلىقى ئەينى يىللىرىدىكىدىن قېلىشمايتتى! بۇ دەل سىنتەبىرنىڭ باشلىرى ئىدى.

بىر مەيدان شىددەتلىك جەڭ ئارقىلىق موسكۋاغا بارىدىغان يول ئاخىرى ئېچىلدى. ناپولېئون بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئۈچۈن بەش يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەييارلىغانىدى، ئەمدىلىكتە قىرىلىپ ئاران يۈز مىڭ كىشىلىكلا قوشۇنى قالدى. پېتىۋاتقان قۇياشقا ئارقىسىنى قىلىپ، تۆپىلىكتە تۇرۇپ يىراقلارغا نەزەر تاشلىغىنىدا موسكۋادىكى مىڭلىغان ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ قۇببىلىرى ۋە شەھەر مەركىزىدىكى كىچىك تاغقا جايلاشقان كرېمل سارىيى بىرىنچى بولۇپ كۆزىگە چېلىقتى. كۆز ئالدىدىكى بۇ شەھەرگە قاراپ تۇرغان ناپولېئوننى قاتتىق ھاياجانلاندى

دېگەندىن كۆرە، قاتتىق چارچىدى دېگەن تۇزۇك ئىدى.

— ھەي موسكۋا! ئەمدى ئەدىپىڭنى يەيسەن! — دېدى ئىمپېراتور پەس ئاۋازدا ئۆز - ئۆزىگە.

## بەشىنچى، يانغىن قاپلىغان ساراي

«شەھەر قوۋۇقىنىڭ ئاچقۇچى نەدە؟ شەھەرنى ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغانلار قېنى؟»

فىرانسىيە قوشۇنلىرى چۈشتىن كېيىن ئىمپېراتورنىڭ ئالدىدىن شەھەرگە قاراپ ئۆتمەكتە، ئىمپېراتور بولسا شەھەر قوۋۇقىنىڭ ئاچقۇچىنى كۈتۈپ ئولتۇرماقتا ئىدى. غالىب ناپولېئون ۋيېننا، مىلان، مادرىد، بېرلىنلاردا ئېيتىنى ئويناقشىتقىنىچە شەھەر قوۋۇقىدىن كىرگىنىدە شەھەر مەمۇرلىرى ۋە يۇرت كاتتىلىرى ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋېلىشقانىدى، بۇ تاتارلار شۇنداق ئېسىل رىم قائىدە - يوسۇننى بىلمەمدىغاندۇ؟ بۇ شەھەردە ھېچقانداق ھەرىكەت يوق، كۈتۈزوفنىڭ بىتچىت بولۇپ شەھەردىن چېكىنىپ چىققان قوشۇنلىرىنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى يىراقتىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ناپولېئوننىڭ غالىب قوشۇنلىرى بولسا ئايىغى ئۈزۈلمەي گۈلدۈرلەپ كەلمەكتە ئىدى. رۇسىيە ئارمىيەسىنىڭ مۇھاپىزەتچى قوشۇنلىرى بىلەن فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ ئالدىنقى سەپ قاراۋۇل قوشۇنلىرى ئاندا - ساندا كالتە - كۇسەي جەڭ قىلىپ قويۇشقاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، رۇسلار تۇزۇككىنە ئۇرۇش قىلمايلا شەھەرنى تاشلاپ بەرگەنىدى، شەھەرگە كىرىش مۇراسىمى بولسا ئەنە شۇنداق جىمجىت ئۆتمەكتە. شەھەردىكى ئۆي - ئىمارەتلەردىن ئۈننىڭ توققۇزى قۇرۇق ئىدى، ھاردۇق يەتكەن فىرانسىيە لەشكەرلىرى «ھېچبولمىغاندا نۇرغۇن ئۆي

بىكار ئىكەن، ئۇخلىۋالغۇدەك جاي، يېگۈدەك نەرسە تاپالايدىغان بولدۇق» دەپ ئويلاشتى. ئىمپېراتور ۋە ئەتراپىدىكى ئادەملىرى بۇ ئەنسىز جىمجىتلىق ئىچىدە كرېمل سارىيىنى نىشانلاپ ئاتلىق ئاستا ـ ئاستا ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. كرېملغىمۇ يېتىپ كەلدى، ھەممەيلەن ھەيرانلىق ئىچىدە يات ئەل تۇسىنى ئالغان ساراي تاملىرىغا نەزىرىنى ئاغدۇرۇشتى، ئىشىكلەر ئوچۇق، ئۆيلەر ئادەمسىز، ھەتتا يول باشلىغۇچىمۇ يوق ئىدى. غايىۋى مۇئەللەق قەلئەدەك تىككىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بۇ ھەشەمەتلىك ئىمارەت ـ سارايلار خۇددى تاشلاندۇق ئۆيلەردەك چۆلدەرەپ تۇراتتى. كىشىلەر چوڭ بىر زالغا كىرىشتى، پىيادە ئەسكەرلەر دېرىزىلەرنىڭ ياغاچ تاختىلىق قاپقاقلىرىنى مىلتىقلىرىنىڭ پاينىكى بىلەن ئۇرۇپ چېقىۋەتتى. ئىمپېراتور بۇ زالدىكى سايىۋەنگە قاراپ، بۇ يەرنىڭ چار پادىشاھقا تاج كىيدۈرۈلگەن زال ئىكەنلىكىنى بىلدى. بىراق، شاھانە ئورۇندۇق ئوراپ قويۇلغانىدى.

ئىمپېراتور شۇ دەقىقىلەردە تىنچلىققا شۇ قەدەر تەشنا ئىدى. ھالبۇكى، تىنچلىق قېنى؟ بۇ يەردە غەلىبىدىن باشقا ھېچنېمە يوق. غەلىبە مېۋىسىنى كىم ئالداپ ئېلىۋالغاندۇ؟ دەل مۇشۇ بىپايان ناتونۇش زېمىن ئالداپ ئېلىۋالغانىدى! ناپولېئوننىڭ بۈگۈن بۇ يايلاقتىكى كەچۈرمىشلىرى بۇنىڭدىن ئون ئۈچ يىل ئىلگىرى چۆلدىكى كەچۈرمىشلىرىنىڭ تەكرارى ئىدى. ناپولېئون نېمىشقا ئىلگىرى ئەرەبلەرنى ئازاد قىلغىنىغا تەقلىد قىلىپ، لىتۋادىكى يانچىلارنى ھۆرلۈككە چىقىرىپ، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە ئەسكەر ۋە يول باشلىغۇچى قىلمىغاندۇ ـ ھە؟ ئەگەر ھازىر شۇنداق قىلىپ، ئەتراپتىكى دېھقانلارنى بۇ قۇرۇق شەھەرگە يىغىپ، ئۇلار بىلەن سۆلھى تۈزۈشسىچۇ؟ ئۇلار بۇ يەرنىڭ غوجايىنى، شۇنداق قىلغىنىدا، بۇ سىرلىق ئىمپېرىيە

فىرانسۇزلارنىڭ نۇرغۇن ئارزۇسىنى قاندۇرۇشى مۇمكىن. تۇن پەردىسى يېيىلدى، ئەمما ئۇيقۇدىن ئەسەر يوق.

— يېڭىلىشلىش ئۈچۈن بولسىمۇ بىرئاز ئىشلەيلى، — دېدى ناپولېئون گۇرگوتقا. ئاندىن پولشا خەرىتىسىنى يېيىپ، ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە توختىمىغانلىقىنى، ئالتە ھەپتىدىن كېيىن ئۆزىنىڭ پېتېربۇرگقا بارىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. ئوفىتسېرلار ئىسمىلىكى ناپولېئون ئۈچۈن ئىنجىل ئىدى، سەپەر قىلغانلىرىدا يېنىدىن ئايرىمايتتى، ھەتتا ئۇرۇش قىلغان چاغلىرىدىمۇ قولىدىن چۈشۈرمەيتتى، بۇ تىزىملىك ناپولېئونغا ئۆزىنىڭ قانچىلىك قوشۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەتتى. شۇ تاپتا بۇ ئىسمىلىكتىكى سان - سىپىرغا قاراپ روھى كۆتۈرۈلۈپ قالدى:

— بىرقانچە ھەپتىدىن كېيىن ئىككى يۈز ئەللىك مىڭ كىشىلىك قوشۇن توپلايمەن، بۇ يەردە ئۇلار تۇرغۇدەك ئۆي تەييار. بىراق، ئوزۇق - تۈلۈكچۇ؟ بۇ سەھرايى كەبىر قۇملۇقىغا جايلاشقاندەكلا بىر شەھەر ئىكەن.

دېرىزە يالىلىدە يورۇپ كەتتى، ئوت! بىراق، ئۇلار كۆنۈك، تۇنۇگۇن ئاخشاممۇ بىر قانچە جايغا ئوت كەتكەنىدى. ھالبۇكى، شۇ ئەسنادا خەۋەرچىلەر ۋە ئوفىتسېرلار ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ، بەس - بەستە خەۋەر يەتكۈزدى، پۈتۈن شەھەرنىڭ ھەممە يېرىگە ئوت كەتكەنىدى. شۇنداق، بۇ تاسادىپىي ھادىسە ئەمەس، قەستەن پەيدا قىلىنغان ئىش ئىدى. بۇ ساراڭلار مۇقەددەس موسكۋانى ئۆز قولى بىلەن كۆيدۈرۈۋەتمەكچىمۇ؟ قانداق قىلغۇلۇق؟ شۇ مەزگىلدە ئىمپېراتور بىلەن بىللە بولغان سەجۇر ئۆز ئەسلىمىسىدە كېيىنكىلەرگە مۇنداق تەسۋىرلەپ بېرىدۇ:

— قارىغاندا، ئەتراپتىكى يانغىن ئىمپېراتورنىڭ يۈرىكىگە تۇتاشقان بولسا كېرەك، ھېلىدىن - ھېلىغا ئورنىدىن تۇرۇپ

كەتسە، ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئۇلتۇراتتى ياكى ئۇ ھۇجرىدىن بۇ ھۇجرىغا شاپاشلاپ مېڭىپ يۈرەتتى. بۇ تەنتەكلىكى شۇ تاپتا قاتتىق روھىي ئازاب تارتىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى. جىددىي ھۆججەتلەرنى بىر چەتكە تاشلاپ قويااتتى ـ يۇ، بىردەمدىلا يەنە قولىغا ئالاتتى، ئاندىن يەنە تاشلىۋېتەتتى. بىر چاغدا دېرىزىنى جالاقلىدە ئېچىۋەتتى ـ دە، ئىدا قىلىپ كەتتى:

— ئېمىدېگەن دەھشەت كۆرۈنۈش بۇ ! ئۆز ماكانىغا ئۆزلىرى ئوت قويۇۋەتكىنى ئېمىسى ! شۇنچە كۆپ قەسىرغۇ بۇ ! كىشىنىڭ زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ ! ھېچكىمنىڭمۇ خىيالىغا كەلمەيدۇ ! قانداق خەق بۇ ! ياۋايى چارۋىچى سكۇتىيانلارنىڭ ئۆزىلا ئىكەن !

«كرېملغا مىنا كۆمۈلگەنىكەن» دېگەن خەۋەر كەلدى. بىر قانچە خىزمەتكار قورقىنىدىن ئايلىنىپ قالدى، قاراۋۇللار جىممىدە بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇشتى. ئىمپېراتور ئىشەنمىگەندەك قىلىپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى، ھەرىكىتى بولسا تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتكەندى. ھەربىر دېرىزە ئالدىغا كېلىپ، لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان دەھشەت يانغىنىنىڭ تورۇس لىملىرىغا ۋە ئىشىك ـ دېرىزىلەرگە قانداق يامراۋاتقانلىقىنى، شۇنداقلا ئۆزى تەرەپكە قاراپ قانداق يامراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆزىتىپ تۇراتتى. بىز نەپەسلىنىۋاتقان ھاۋا ئىس ـ تۈتەك ۋە كۈل تozانلىرى بىلەن بۇلغانغانىدى، كۆز شامىلى يانغىننى تېخىمۇ ئۇلغايتماقتا ئىدى.

شۇ ئەسنادا مۇرات بىلەن ئېۋگېن پالاقشىغىنىچە ئىمپېراتورنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بۇ يەردىن ئايرىلىشقا زورلىۋىدى، پايدىسى بولمىدى. چار پادىشاھ ئوردىسىنىڭ غوجايىنى بولۇپ قالغان ناپولېئون يانغىن ئالدىدا تەۋرىنىپ قالمىدى.

— كرېملغا ئوت تۇتاشتى ! — تۇۋلىۋەتتى بىرەيلەن

توساتتىنلا. ئىمپېراتور شۇندىلا خىيىم ـ خەتەرنىڭ قىستاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى...

كىشىلەر ئوق ـ دورا ئىسكىلاتىدىن بىر رۇس ژاندارمىنى باياقاپ ئىمپېراتورنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. بۇ رۇسنىڭ ئىقرارىچە، يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە كرېملىغا ئۆزى ئوت قويغانىكەن. ئىمپېراتورنىڭ ھەربىكىتىدىن ئۇ رۇسقا بولغان نەپرىتى ۋە پىسەنتىگە ئالمىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. لەشكەرلەر بۇ رۇسنى مەيدانغا ئېلىپ بېرىپ كاللىسىنى ئالدى. بۇ چاغدا ناپولېئونمۇ بىر قارارغا كەلگەنىدى.

بىز ھاپىلا ـ شاپىلا شىمال تەرەپتىكى پەلەمپەي بىلەن پەسكە چۈشتۇق، ئىمپېراتور ئۆزىنى شەھەردىن ئېلىپ چىقىپ كېتىشىمىزنى بۇيرۇدى. بىراق، كۆيۈۋاتقان ئۇلۇغ ئوت قەلئەنىڭ جىمى قوۋۇقىنى قاپسىۋالغاچقا چىقىپ كەتكۈدەك يول تاپالىشىمىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىز ئاخىر موسكۋا دەرياسىغا چىقىدىغان قىيا تاشلار ئارىسىدىن شۇڭغۇپ ئۆتۈپ، موسكۋا دەرياسىغا بارىدىغان تار بىر يولنى بايقىدۇق ـ دە، ئاشۇ تار يول ئارقىلىق كرېمل سارىيىدىن قېچىپ چىقىۋالدۇق. بىراق، نېمىگە ئېرىشتۇق؟ بۇ يەردىن قانداق ئۆتكۈلۈك؟ لەشكەرلەر يانغىن تۇتەكلىرىنىڭ دەستىدىن كۆزىنى ئاچالماي قالغان، يۈزلىرى ئىسلىشىپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى، ئۆزلىرىنىڭ نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنىمۇ بىلەلمەيتتى، كوچىلار بولسا قويۇق ئىس ـ تۈتەك ئىچىدە غايىب بولغانىدى، ئىككى قاسىنىقىدىكى ئۆيلەر لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئەگرى ـ توقاي بىر يولدىن باشقا، بۇ دوزاختىن جاننى ئېلىپ قېچىپ چىققۇدەك يول يوق ئىدى.

ئىمپېراتور ئارتۇقچە ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا شۇ قورقۇنچلۇق يولغا چىقىپ، پاراسلاپ كۆيۈۋاتقان لىم ـ تورۇسلار ئاستىدا تېز ـ تېز قەدەم ئېلىپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدى... لاۋۇلداپ

يېنىۋاتقان يانغىننىڭ تەپتىدە نەپەس ئالالمايلا قالدۇق... يول باشلىغۇچى يولدىن ئېزىپ قالغاندى، ئەگەر بىرىنچى بىرلەشمە ئارمىيەدىكى بۆلاڭ ـ تالاڭ قىلىۋاتقان بىرقانچە لەشكەر ئىمپېراتورنى تونۇۋېلىپ، بىزنى بۇ ئوت دېڭىزىدىن باشلاپ ئېلىپ چىقمىغان بولسا، هاياتىمىز مۇشۇ يەردە توختاپ، ئوتتا دەپنە قىلىنغان بولار ئىدۇق.

داۋىدنى ئۇچراتتۇق. موسكۋا دەرياسى بويىدا يارىلانغانىكەن، باشقىلار ئوت دېڭىزى ئىچىدىن كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىقىپتۇ، ئەسلىدە ئىمپېراتورنى يانغىن ئىچىدىن قۇتقۇزۇپ چىقماقچى ياكى ئىمپېراتور بىلەن تەڭ هالاك بولماقچى بولغانىكەن. داۋىد ئىمپېراتورنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن ئىچىگە پاتماي مەهكەم قۇچاقلىۋالدى، ئىمپېراتورمۇ ناهايىتى دوستانىلىق كۆرسەتتى. ئەمما، ئېغىر ـ بېسىق، بىمالال هالىتىنى بۇزمىدى.

ناپولېئون شەهەر سىرتىدىكى بىر قەسىردە ئوت ئۆچكۈچە كۈتۈپ تۇردى، تۆتىنچى كۈنى ئۇ يەردىن يولغا چىقىپ، هېچقانچە زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىمىغان كرېمل سارىيىغا قايتىپ كەلدى، بەشىنچى كۈنى سەۋر ـ تاقىتى تۈگەپ، چار پادىشاهقا ئۈچىنچى قېتىم خەت يازدى. شۇ تاپتا دۈشمەننىڭ پايتەختىنى ئىشغال قىلىپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ كۆڭلى تىنمىغانىدى. دۈشمىنى بىلەن بولغان ئالاقىسى پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەچكە، ئەسىرگە چۈشكەن بىر دۈشمەن ئوفىتسىرىدىن يەنە بىر قېتىم ياردەم تىلەشكە مەجبۇر بولدى. بۇ قېتىمقىسى بىر لېيتېنانت ئىدى، ئىمپېراتور ئۇ لېيتېناتنى چار پادىشاهنىڭ تاج كىيدۈرۈش زالىدا قوبۇل قىلدى. ئىمپېراتور تۇتۇرۇقسىزلىق قىلىۋاتقانلىقىنى هېس قىلىپ يەتكەندىمۇ؟ نامىسىز، هوقۇقسىز كىچىككىنە بىر لېيتېنانت بۇ يەردە — چار پادىشاهنىڭ جاهانغا مەشهۇر ئوردىسىدا مۇقەددەس رۇسىيەگە ۋەكىللىك قىلىدۇرۇلۇۋاتاتتى،

ئالدىدا بولسا فىرانسوزلارنىڭ پۇتكۇل ياۋروپانى تىترەتكەن ئۇلۇغ ئىمپېراتورى تۇرۇپتۇ. ئىمپېراتور لىبىتېنانت بىلەن خۇددى تىلسىت سۆھبىتىدە چار پادىشاھ بىلەن سۆھبەتلەشكىنىدەك سۆھبەتلەشتى، دەتالاش قىلدى، ئۆز شەرتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

— مەن نوقۇل سىياسىي كۆرەش قىلىۋاتىمەن، — دەپ تەكىتلىدى ناپولېئون، — مەن بۇ يەرگە پەقەت ئارىمىزدىكى شەرتنامىنى ئىجرا قىلدۇرۇش ئۈچۈنلا كەلگەنمەن. موسكۋانى ئەمەس، لوندوننى ئىشغال قىلغىنىمدا ئۇنچە تېز چېكىنىپ چىقمايتتىم، بۇ يەردىن تېزلا كېتىمەن. ئەگەر چار پادىشاھقا تىنچلىق كېرەك بولسا، بۇ ئارزۇيىنى ماڭا بىلدۈرۈشى كېرەك... سىزنى قويۇۋېتىمەن، ئەمما بىر شەرتىم بار، پېتىربۇرگقا بارىسىز. چار پادىشاھ موسكۋانىڭ يېقىنقى ئەھۋالىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن شاھىتنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ، چار پادىشاھقا بۇ يەردە بولۇۋاتقان ئىشلارنى قويماي ئېيتىپ بېرىڭ.

— چار پادىشاھنىڭ قوبۇل قىلىشىغا نائىل بولالمايمەن، ئالىيلىرى!

— ھەرەمئاغىسى تولستويدىن ياردەم سوراڭ، دۇرۇس بىر ئادەم ئۇ. ھەرەمئاغىسىنى چار پادىشاھقا مەلۇم قىلىشقا بۇيرۇسىڭىزمۇ بولىدۇ ياكى ھەر كۈنى سەيلە قىلغىلى چىققىنىدا ئۆتىدىغان يېرىدە كۈتۈپ تۇرۇپ ئۆزىڭىز كۆرۈشسىڭىزمۇ بولىدۇ.

بۇ لىبىتېنانت خۇددى چار پادىشاھنى قەتل قىلىشقا سېتىۋېلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ شۈركۈنۈپ كەتتى. شۇڭا ھېچقانداق ۋەدە بەرمىدى، تىلى گەپكىمۇ كەلمەي قالدى.

— ئەمىسە، پادىشاھىڭىزغا خەت يېزىپ بېرەي، چوقۇم يەتكۈزۈپ بېرىڭ، — دېدى ئىمپېراتور شۇ قەدەر ئۇڭايسىزلىق ئىچىدە. بىر ئىمپېراتورنىڭ قولىدىن يەنە بىر ئىمپېراتورنىڭ

قولىغا ئۆتىدىغان بۇ مەكتۇپ شاھىنشاھلار ئارا يېزىلغان مەكتۇپلار ئىچىدە ئەڭ غەلىتە بىر مەكتۇپ ئىدى:

خان بۇرادىرىم... ھەيۋەتلىك گۈزەل موسكۋا ئەمدى مەۋجۇت ئەمەس... نەپرەتلىك ھەم ئەھمىيەتسىز ئىش بولدىغۇ بۇ. مېنى ئوزۇق - تۈلۈكسىز قويماقچى بولغانمىدىڭىز؟ ئوزۇق - تۈلۈكلەر گەمىدە تۇرۇپتۇ، يانغىن ئۇ يەرگە بارالمايدۇ. كىچىككىنە مەقسەت ئۈچۈن دۇنيا بويىچە ئەڭ گۈزەل بىر شەھەرنى، ئەسىرلەر بويى تىرىشىش نەتىجىسىدە روياپقا چىققان بۇ كاتتا ئەسەرنى نابۇت قىلىۋەتكۈلۈكمىدى؟... مەن دىيانەتنى ۋە ئالىيلىرىنىڭ بۇ شەھەرگە بولغان مېھرىنى كۆزدە تۇتۇپ، رۇسىيە قوشۇنلىرى تاشلىۋەتكەن بۇ شەھەرنى ھىمايەمگە ئالدىم. شەھەر مەمۇرلىرى ۋە خەلق قوشۇنلىرى ھېچبولمىغاندا شەھەردە قېلىشى كېرەك ئىدى، خۇددى ۋېيېننا ئىككى قېتىم قولدىن كەتكەندە ۋېيېننالىقلارنىڭ قىلغىنىدەك. بېرلىن بىلەن مادرىدلاردىمۇ شۇنداق بولغان؛ ھەتتا گېنېرال سوۋۇنوف مىلانىغا كىرگىنىدە مىلانلىقلارمۇ شۇنداق قىلغانىدى... سىز پىرىنسىپچىل ۋە پەزىلەتسىز ئەمەسسىز، شەھەرنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىشتەك رەزىللىكنى راۋا كۆرمەيسىز. چۈنكى، بۇ قىلمىش ئۇلۇغ بىر ھۆكۈمران ۋە ئۇلۇغ بىر خەلق ئۈچۈن سەتچىلىك. پۇقرالىرىڭىز ئوت ئۆچۈرۈش ئەسۋابلىرىنى ئېلىپ كېتىش ھەلەكچىلىكىدە يۈرۈپ بىر يۈز ئەللىك زەمبىرەكنى تاشلاپ كېتىپتۇ... مېنىڭ چار پادىشاھ ئالىيلىرى بىلەن ئۇرۇشقۇدەك ئۆچ - ئاداۋىتىممۇ يوق. ئەگەر ئۆتكەن قېتىمقى ئۇرۇشتىن ئىلگىرى ياكى كېيىن ماڭا بېشارەت بېرىپ قويغىنىڭىزدا، مەن دەرھال ھەربىي يۈرۈشتىن توختىغان، ھەتتا موسكۋاغىمۇ كىرمىگەن بولار ئىدىم... ناۋادا ھېلىمۇ كونا دوستلۇقىمىزنىڭ خاتىرىسىنى قىلار بولسىڭىز، بۇ مەكتۇپۇمنى خالىس قوبۇل قىلىسىز. قانداقلا بولمىسۇن، يېقىنقى ئەھۋاللاردىن مەلۇمات بەرگەنلىكىم ئۈچۈن ماڭا ھەشقاللا ئېيتىشىڭىز كېرەك.

فىرانسىيە قوشۇنلىرىنىڭ شىمالغا قاراپ ئىلگىرىلەپ قىستاپ كېلىشى، موسكۋادىكى يانغىن ۋەھاكازالار پېتېربۇرگدا كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ساراسىمىگە سالغان، ئوردىمۇ سۇلھى قىلىشقا مايىل بولغانىدى. بۇنىڭدىنمۇ ئوبدان پۇرسەت بولسۇنمۇ؟ دۈشمەن كۈنسايىن قىيىن ئەھۋالدا قېلىپ، سۈھبەتلىشىش ئىستىكىدە بولۇۋاتىدۇ ! تەكەببۇر كونستانتىنمۇ سۈھبەتلىشىشنى ياقلىدى، ھەتتا بېشىغا ئامەت قۇشى قونغان زوراۋانغا قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلىدىغان، قىزىنى بېرىشنى رەت قىلغان، تىلسىت سۈھبىتىدىن كېيىن چار پادىشاھنى ھەپتىسە ـ ھەپتىلەپ توختىماي تىللىغان چار پادىشاھنىڭ ئاپىسىمۇ ئەمدىلىكتە چار پادىشاھنى ئىمپېراتورغا قول بېرىپ يارىشىۋېلىشقا دەۋەت قىلدى. دېمەك، تازا پەيتى كەلگەنىدى !

بىراق، چار پادىشاھ بۇنىڭلىق بىلەن تەۋرىنىپ قالمىدى، بۇ دىلكەش ھۆكۈمراننىڭ ئۆز ئىرادىسىدە تەۋرەنمەي قەتئىي چىڭ تۇرۇشىغا ئىككى كىشى تۈرتكە بولغانىدى. بىرى فىرانسىيەلىك بېرنادوت بولۇپ، تېخى يېقىندىلا فىنلاندىيەدە چار پادىشاھ بىلەن قايتا كۆرۈشۈپ، چار پادىشاھنىڭ ئىرادىسىنى چىڭىتتى، ھەتتا نورۋېگىيەنى ئىشغال قىلغان ئۆز ئىلكىدىكى رۇسىيە بىرلەشمە ئارمىيەسىنى چار پادىشاھقا قايتۇرۇپ بەردى؛ يەنە بىرى مىللەت مۇنەۋۋەرز بولۇش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن پەيتلەردە ۋە ۋەتەننى مۇنەۋۋەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش كۈرىشى داۋامىدا يېتىشىپ چىققان گېرمانىيەلىك ئەڭ مۇنەۋۋەر بىر شەخس بارون ستەين ئىدى. بۇنىڭدىن تۆت يىل مۇقەددەم ناپولېئون مادرىدتا يارلىق چىقىرىپ، بارون ستەيننىڭ پۈتۈن سالاھىيىتىدىن مەھرۇم قىلىنغانلىقىنى جاكارلاپ، فىرانسىيە تەۋەلىكىدىن چەت ئەلگە سۈرگۈن قىلغانىدى. بۇ گېرمان تۆت يىل مابەينىدە ياقا ـ يۇرتلاردا مۇساپىر بولۇپ يۈرۈپ، ئاخىرىدا چار پادىشاھنىڭ

ئىشەنچلىك مەسلىھەتچىسى بولۇپ قالغانىدى. ھەرقانداق جەھەتتە ناپولېئونغا قارىمۇقارشى ئىش كۆرەتتى، شۇ تاپتا ناپولېئون ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلماقتا ئىدى.

ستەين بۇ قېتىم رەقىبى ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغان بولدى.

## ئالتىنچى، تالانت ئىگىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش

نۇرغۇن دۆلەتلەردە ئون يەتتە يىلدىن بۇيان گېنېرال، باش مەمۇر ۋە ئىمپېراتور ناپولېئونغا جاسارەت بىلەن ئىزچىل قارشىلىق كۆرسىتىپ كەلگەن ئەمەلىيەتچىل تالانت ـ ئىستېدات ئىگىلىرى ئىچىدە ئورتاق دۈشمىنىگە تاقابىل تۇرۇشتا تاللىنىپ چىقىپ باشقىسى ستەين بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرالمايتتى. تاللىنىپ چىقىپ ھېيلە ـ مىكىر تالانتى ئارقىلىق ناپولېئوننىڭ ئىجابىي تەسەۋۋۇرىنى بۇزۇپ تاشلاشقا قادىر ئىدى، ستەين بولسا ئوتتەك قىزغىن ئەخلاقىي قۇدرىتى ئارقىلىق ناپولېئوننىڭ ئەخلاقسىزلىقىغا تاقابىل تۇراتتى. ستەين گېرمانلارغا خاس پەزىلىتىنى ئىشقا سالاتتى، ناپولېئون بولسا ئىتالىيانلارغا خاس تالانتىنى ئۆز جىسمىغا مۇجەسسەملىگەنىدى، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بۇ ئىككى خىل ئالاھىدىلىك بىر ـ بىرىنى چەتكە قاقماستىن گىرەلىشىپ تۇراتتى. شۇڭا، بۇ ئىككى تالانت ئىگىسى مۇئەييەن دەرىجىدە بىر ـ بىرىنى چۈشىنىشەتتى. ئەگەر ستەين گېرمان ئەمەس، فىرانسۇز بولغىنىدا كارنۇتقا ئوخشاشلا ئىمپېراتورنىڭ ئەڭ قابىل ياردەمچىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

ئەپسۇسكى، بىر ـ بىرىگە بولغان ياسالما ھۆرمىتى ھەر ئىككى تەرەپ مۇقەررەر ھېس قىلىپ يېتىدىغان ئارىسىدىكى

چوڭقۇر ھاڭدىن ھېچقاچان ھالقىپ باقمىغانىدى. ناپولېئون سېپى ئۆزىدىن ۋەتەنسىز بولسىمۇ، ھەرقانداق مەملىكەتتە ئەجىر - تۆھپە كۆرسىتىپ ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايتتى، ئەمما فىرانسىيە ئىمپېراتورى بولغانلىقى تۇپەيلىدىنلا فىرانسۇزلارنى باشقا خەلقتىن ئەۋزەل كۆرەتتى. ۋەتەننى دەپلا ياشايدىغان ستەين بولسا ئانا دىياردا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان، ئۆزى سالماق، زېھنى ئۆتكۈر بولسىمۇ، ناپولېئونداك زېرەك، جانلىق، چاققان خىسلەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. گېرمانىيەنى ۋە گېرمانلارنىلا كۆزلەيدىغان بۇ سىياسىيون گېرمانىيەنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى؛ ناپولېئون بولسا ياۋروپا ۋە ياۋروپالىقلارنى كۆزلەيدىغان سىياسىيون بولۇپ، ياۋروپادىكى بەگ - پادىشاھلار بىلەن كۈرەش قىلىش ئارقىلىق ياۋروپانى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئارزۇيىدا ئىدى.

ستەين كىچىك بىر مۇستەقىل دۆلەتنىڭ پادىشاھى بولۇش سۈپىتى بىلەن يەتتە يۈز يىل مابەينىدە گېرمانىيە زېمىنىنى گۈللەندۈرۈپ، بۇ زېمىنغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ كەلگەن ئەجدادلىرىغا تېۋىناتتى. ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ قەلئەلىرىدىن ئايرىلىپ، ئۆز خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يولىغا ئاتلانغاندىن كېيىن دەسلەپتە باشقا گېرمان بەگلىرىگە ئىشەنمەس، كېيىن بارا - بارا ئۇلارنى مەنسىتمەس بولدى. چۈنكى، ئۇ يەردە ئۆز زېمىنىنى ۋە خەلقىنىڭ ئەركىنى، ھەتتا ئۆزىنى يات خەلققە سېتىپ، دۇنياۋى ھۆكۈمران بوناپارتنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىشكە ئۇرۇناتتى. ناپولېئون بولسا زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ سۇنغان ئاقسۆڭەك جەمەتىنىڭ پۇشتى، ئۆز ۋاقتىدا دادىسىنىڭ ئۇزۇمزارلىقىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان بىر ۋەتەنسىز ئىدى، ئۇمۇ ئۆزىگە تىز پۈككەن خۇشامەتگۈي گېرمان بەگلىرىنى ستەينگە ئوخشاشلا مەنسىتمەيتتى، سۈلھى قىلىشقا ئۇنىمىغان بىرقانچە

بەگ ـ پادىشاھقا ئىچىدە قايىل بولاتتى.

ناپولېئون يېنىدىكى چىرىكلەشكەن ياۋروپا بەگلىرىنى مەسخىرە قىلىپ كۈلكۈل ئاچاتتى، ستەيىن بۇ ھالدىن قاتتىق ئازابلىناتتى ۋە نەپرەتلىنەتتى. بۇ ئامەتلىك زوراۋان ئۇلارنىڭ تۇغما ناقابىللىقى تۈپەيلىدىنلا ئۆزىنى تالانت ئىگىسىمەن دەپ بىلىشكە ھەقلىق بولۇپ قالغانىدى، بۇ ھال تۇغۇلۇشىدىن ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىغا مەنسۇپ ستەيىننىڭ غۇرۇرىغا تېگەتتى. خۇددى كورسىكالىقنىڭ ئۆز مۇۋەپپەقىيىتى ئارقىلىق ئۆز دەۋرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى دادىل ئىسپاتلىغىنىغا ئوخشاش، بۇ گېرمانمۇ ئۆز سىنىپى ۋەكىللىك قىلغان كونا دەۋرنىڭ يىمىرىلىۋاتقانلىقىغا ھەسرەت ئىچىدە قاراپ تۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. پىرۇسسىيە پادىشاھىغا بولغان نەپرىتى فىرانسىيە ئىمپېراتورىنىڭ ئۆچمەنلىكىدىن قېلىشمايتتى.

گېرمان بەگلىرىنىڭ شۆھرىتىنى ۋە ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى مەھرۇملۇقتىن قۇتقۇزۇپ قېلىشنى ئۆزى يالغۇزلا زىممىسىگە ئالغان ستەيىن ئۇچۇن ئۇزاقتىن بۇيان كۆزلىگەن ئۇلۇغۋار ئىشلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان پەيت ئەمدى يېتىپ كەلگەنىدى. ئىمپېراتور 1808 ـ يىلى مادرىدتا بۇ پىرۇسسىيە ۋەزىرىنى پۇقرالىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىپ چەت ئەلگە سۈرگۈن قىلغانىدى، ئەمدى شۇ دۈشمىنىنىڭ قايتۇرما زەربىسىگە ئۇچراش ئالدىدا تۇراتتى، ئۇزاققا بارماي يەنە بىر قېتىم پاجىئەلىك قىسمەتكە دۇچار بولغىنى بولغانىدى. ستەيىن ئىمپېراتور تەرىپىدىن پۇقرالىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالغانلىقى ئۇچۇنلا چار پادىشاھتىن پاناھلىق تىلىگەن ھەمدە دۈشمىنىدىن چار پادىشاھنى تالىشىشقا تۇتۇش قىلغانىدى. بىر قارارغا كېلەلمەي ئىككىلىنىپ قالغان ئالېكساندىرغا بۇ سۈرگۈندى گېرمانىنىڭ جاسارىتى ۋە قىزغىنلىقىدىنمۇ ئۆتە تەسىر قىلغۇدەك

نەرسە يوق ئىدى، ھەتتا ئىمپېراتورمۇ ستەيىننىڭ چار پادىشاھقا كۆرسىتىدىغان ئەنە شۇنداق زور تەسىرىنى ھېس قىلىپ ئەندىشىگە چۈشكەنىدى. چار پادىشاھ بۇ گېرمانىنىڭ ئوردا ئەھلى ئىچىدە مەرتىۋە تەمەسىدىن، خۇسۇسىي غەرەزدىن خالىي بىردىنبىر خالىس نىيەت ئادەم ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ ۋەتەنسىز، يۇرت ـ ماكانسىز مۇساپىرنىڭ پىكىر ـ مەسلىھەتلىرىگە باشقا ھەرقانداق ۋەزىرىنىڭكىدىنمۇ بەكرەك ئىشىنەتتى.

پېتېربۇرگدىن ھېچقانداق خەۋەر بولمىدى. مانا، بەش ھەپتىمۇ ئۆتۈپ كەتتى، قىش پەسلى كۈنسايىن قىستاپ كەلمەكتە ئىدى. ئىمپېراتور بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە پېتېربۇرگدىن خەۋەر كۈتەتتى، بۇنداق بۇرۇقتۇرمىلىقتا نېرۋىسى چىدىمايلا قالدى. گەرچە پارىژدىن زاكاز قىلغان رومانلىرى تېخى يېتىپ كەلمىگەن بولسىمۇ، ھەرھالدا كرېمل سارىيىدىن تاپقان كىتابلارنى ئاندا ـ ساندا ۋاراقلاپ قويۇپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىراتتى. ئادىتىنى بىردىنلا ئۆزگەرتىپ، تاماق ۋاقتىنى ئارقىغا سوزاتتى، بەزىدە تاماقتىن كېيىن ئۆزىنى تاشلاپ قويماي يېتىپ كېتەتتى، كۆزى قولىدىكى كىتابتا بولسىمۇ كۆڭلى باشقا يەردە ئىدى. كۆلى كۆككە سورۇلغان بۇ شەھەردە قىلغۇدەك نېمە ئىش بولسۇن؟ ناپولېئون قاچ ـ قاچتا چېكىنمەي موسكۋادا قالغان رۇسىيە ئوپېرا ئۆمىكىگە فىرانسىيە دىراملىرىنى بىر ـ ئىككى ئاخشام ئوينىغۇزۇپ كۆردى، ئاندىن بىكارچىلىقتا فىرانسىيە تىياتىرىنىڭ نىزامنامىسى ئۈستىدە قايتا ـ قايتا ئويلاندى ھەمدە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا پارىژغا پەرمان چۈشۈردى، ۋاقتىنىڭ قالغان يېرىمىنى قىسىملىرىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزدى. ئىمپېراتور پېتېربۇرگدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەندە قوشۇنىنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكى تامامەن

تۆگىگەن، قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقى قىستاپ كەلگەنىدى. گەرچە ھازىر پەقەت چېكىنىشتىن باشقا يول قالمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭچى ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھەربىي يىغىن چاقىردى. دارۇ ناپولېئونغا:

— لىتىۋادىن كېلىدىغان ئوزۇق - تۈلۈك تەمىناتىنى كۆزەتكەچ مۇشۇ يەردە قىشلايلى، ئەتىيازدا پېتېربۇرگغا يۈرۈش قىلايلى، — دەپ تەكلىپ بەردى.

— مەردانىلەرچە تەكلىپ بولدى بۇ، — دېدى ناپولېئون خېلى ئۇزاق ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، — بىراق، پارىژدىكىلەر نېمە دېيىشەر؟ پارىژدىن ئالتە ئاي ئايرىلىپ تۇرغىنىمىزنىڭ تەسىرى قانداق بولىدىغانلىقىنى كىم مۆلچەرلەپ بېتەلەر؟ فرانسۇزلار مېنىڭ چەت ئەلدە تۇرۇشۇمغا كۆنەلمەيدۇ، پىرۇسسىيە بىلەن ئاۋسترىيە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قوزغىلىشى مۇمكىن.

«پۈتۈن قوشۇن چېكىنسۇن!» بۇنىڭدىن ئۆزگە بۇيرۇق يوق ئىدى. پارىژغا نېمە ئالغاچ بارسا بولار؟ ئىمپېراتور ساينىت ئىۋان چېركاۋىدىكى ئالتۇن كىرېستنى قەلئە تورۇسىدىن سۆكۈپ ئالغۇزدى، بۇ كىرېستنى پارىژنىڭ ئەنبەر كوچىسىدىكى چېركاۋغا ئورناتماقچىدى. چار پادىشاھتىن — شۇ ساختىپەز دوستىدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن بۇنىڭدىن باشقا ئوبدانراق چارە يوقمۇ؟ بار! ئىمپېراتور كرېمل سارىيىنى پارتلىتىۋېتىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى.

ناپولېئون موسكۋا سېپىلىنىڭ سىرتىدا كرېملنىڭ پارتلىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كۈتۈپ ئۈچ سائەت تۇردى. چوڭ قوشۇن ئىمپېراتورنىڭ ئالدىدىن مىسلىداپ ئۆتمەكتە ئىدى، ياردارلارنى ۋە غەنىيمەتلەرنى بىللە ئېلىپ ماڭغاچقا تېز - تېز يۈرەلمەيتتى، لەشكەرلەر تولۇق دەم ئالغان بولسىمۇ، ئىنتىزامدا

بوشاپ كەتكەندى. ئاخىر خەۋەر كەلدى: پارتلىتىش پىلانى مەغلۇپ بولغاندى. ئىمپېراتور زوۋان سۇرمىدى، لاپ ئۆزىنىڭ قەھرىتان سوغۇق توغرىسىدىكى ئەندىشىسىنى ئېيتقىنىدا، ئىمپېراتور قاتتىق ئەيىبلىدى:

— ھاۋانىڭ نەقەدەر ياخشىلىقىنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ بۈگۈن 19 ـ ئۆكتەبىر، بۈنىڭدىن مىنىڭ ئامىتىمنى كۆرۈپ يەتمىدىڭىزمۇ؟

ناپولېئون ئاغزىدا شۇنداق دىگىنى بىلەن قاتمۇقات غەمگە پاتقاندى. ئارتۇقچە يۈكنىڭ ھەربىي يۈرۈشكە كاشىلا قىلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى، ئەمما لەشكەرلەرنىڭ ئاز ـ تولا نەرسە ئالغاچ كېتىشىنى مەنئى قىلىشقا كۆڭلى ئۇنىمايتتى. ھالبۇكى، رۇسىيە قوشۇنى فىرانسىيە قوشۇنىنى قورشاۋغا ئېلىپ بولغاندى، ھەتتا يېقىندا مۇراتنىڭ ئاتلىق روتىسىنى شەھەرگە چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. ئىمپېراتور شەرققە يۈرۈش قىلىپ ئاتلانغىنىدا كۆڭلى جەڭ قىلىشتىن باشقىنى تارتمايتتى، شۇ تاپتا غەربكە چېكىنىپ ماڭغىنىدا بولسا باشقا ئىشتىن ئەمەس، جەڭ قىلىشتىن قورقماقتا ئىدى. «چاتاق چىقىپ قالمىغىيدى !» سىمولىنسكىيغا تېزدىن يېتىپ بېرىشقا ئالدىرايتتى، شۇ يەردە قىشلاش خىيالىدا ئىدى.

ناپولېئوننىڭ بۈيۈك ئىشلىرىنىڭ ئاخىرلىشىش نۇقتىسى باشلىنىش نۇقتىسى بىلەن بىر دەك بولارمۇ؟ فىرانسىيە قوشۇنلىرى خۇددى مىسىردىكىگە ئوخشاشلا ئەسەبىي دۈشمىنىدىن مۇداپىئە كۆرۈپ يوك ـ تاق ھارۋىلىرىنى ئارىغا ئېلىپ ماڭماقتا ئىدى. ئىمپېراتور سەپەر ئۈستىدە بىر قېتىم دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغىلى تاس قالدى، تەلىيىگە كانىۋىيى زېرەك كەلگەنلىكى ئۈچۈنلا ئامان قالدى.

— كازاكلار ! قايتىپ كېلىڭ ! — توۋلىدى كانىۋىيى لاپ

قولى بىلەن چاتقالىلىقنى كۆرسىتىپ. ئىمپېراتور بولسا قولاق سالمىدى، لاف پاسىبانىنى رايىغا قويۇۋەتمەي، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى ئارقىغا بۇراپ تارتىپ:

— قايتمىسىڭىز بولمايدۇ! — دەپ بۇيرۇق قىلدى.

ئىمپېراتور ئۆمرىدە ھېچكىمدىن بۇنداق بۇيرۇق ئاڭلاپ باقمىغانىدى، قانداق قىلغۇلۇق؟ قېچىپ كېتىش بىردىنبىر ئاقىلانە ئىشتەك ئىدى. ئىمپېراتور چېكىنمەستىن قىلىچىنى يالىڭاچلاپ جايىدا تۇرىۋەردى، لاف، بىرتخېر ۋە گورگۇدلارمۇ قىلىچىنى يالىڭاچلاپ، قىرىق چامدامچە نېرىدا ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان كازاكلار بىلەن ئېلىشىش ئۈچۈن راسلىنىپ تۇردى. ئىمپېراتور بىللە بىلەن ماڭغان ئوفىتسېرلار تاكى مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتى يېتىپ كېلىپ كازاكلارنى قوغلىۋەتكەنگە قەدەر ئىمپېراتورنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇردى.

ئىمپېراتورنىڭ كالىلىسىدا بۇ قېتىمقى خەتەرلىك سەرگۈزەشتىسىدىن كېيىن يېڭى پىكىر پەيدا بولدى، «ئالېكساندىر نۇسرەت قازىنىپ ئوردىغا قايتىپ ماڭغىنىدا مېنى ئۆزى چۇشكەن پەيتونىغا باغلاپ ئېلىپ ماڭارمۇ؟» ناپولېئون تۇتۇلۇپ قالغۇدەك بولسا ئىشلىتىش ئۈچۈن دوختۇردىن بىرئاز زەھەرلىك دورا ئېلىپ، قارا يىپەك خالتىسىغا سېلىپ بويىنىغا ئېسىۋالدى. بۇ قېتىمقى تۇيۇقسىز ھۇجۇمدىن كېيىن بارلىق ئوفىتسېرلىرى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بۇ رەزىلىنىڭ كالىلىسىنى ئېلىش كويىغا چۈشكەنىدى. رۇسىيە ئارمىيەسىنىڭ ئىشتابى چىقارغان تۇتۇش بۇيرۇقىغا ئىمپېراتورنىڭ رەسمى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، بارلىق بىرلەشمە ئارمىيە قوماندانلىرىنىڭ ئەسىرگە چۈشكەن ھەربىر «پەتەك»كە دىققەت قىلىشى بۇيرۇلغانىدى. چۈنكى، فىرانسىيە ئىمپېراتورى شۇلارنىڭ ئارىسىدا بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

مىسىرنىڭ قاتتىق ئىسسىقى ناپولېئوننىڭ مىڭلاپ لەشكىرىنىڭ جېنىنى ئالغانىدى، رۇسىيەنىڭ قەھرىتان سوغۇقى بولسا تۈمەنلەپ لەشكىرىنى قىرىپ تاشلىدى. فرانسىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئاتلىرى قار ـ مۇز بىلەن قاپلانغان رۇسىيە دالاسىدا يىقىلدى، زەمبىرەكلىرى پاتقاققا پېتىپ قالدى، بۇنىڭ بىلەن ئوق ـ دورا بېسىلغان هارۋىلار پارتلىتىۋېتىلدى، ئاتلىق لەشكەرلەر پىيادە يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى، توڭلاپ ئۆلگەن بىھېساب ئوفىتسېر ـ لەشكەرلەرنىڭ جەسىتى يوللاردا قالدى.

سمولېنسكىيغا ئامان ـ ئېسەن يېتىپ بارالىغان ئوفىتسېر ـ لەشكەرلەر سانى ئەللىك مىڭدىن ئاشمايتتى، بۇ سان رۇسىيەگە ھەربىي يۈرۈش قىلىپ ئاتلانغان چاغدىكى ئوفىتسېر ـ لەشكەرلەر سانىنىڭ ئوندىن بىرىگە توغرا كېلەتتى. ئوزۇق ـ تۈلۈك تامامەن تۈگىگەن، بۇ يەردە قىشنى ئۆتكۈزۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن توڭلىغان، ئېچىرقىغان بۇ ۋەيرانە قوشۇن داۋاملىق ئىلگىرىلىدى. ئونمىڭلاپ لەشكەر قوراللىرىنى تاشلىۋەتتى، ھەتتا مۇھاپىزەتچىلەرنىڭمۇ ئىرادىسى سۇنغانىدى. شۇ ئەسنادا ئىمپېراتور لەشكەرلەر ئارىسىغا بېرىپ:

— كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، قوشۇنىمىزدا تەشكىلىي ئىنتىزامدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. ئەقلىدىن ئازغان بەزى خۇنپەرلەر قوراللىنى تاشلىۋەتتى. سىلەر مۇشۇنداق شەرمەندىلىكتىن ئۆلگە ئالىدىغان بولساڭلار، ئارمىيەمىزدە قىلچە ئۈمىد قالمايدۇ. ئارمىيەمىزنىڭ كېلەچىكى سىلەردە قالدى! — دېدى.

ئاندىن قوشۇن بىلەن بىللە پىيادە ئىلگىرىلىدى. «سۇكۇتكە چۆكەن قوشۇنغا ئوفىتسېرلار يول باشلاپ ماڭغانىدى، — دەپ قەيت قىلىدۇ مەلۇم بىر شاھىت، — پەقەت بىرقانچەيلەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەممىسى پىيادە ئىدى. كىيىملىرى جۇل ـ

جۇل بولۇپ كەتكەن، ئەبجەق پەلتولىرىغا ئورىنىۋالغان، ئوروقلاپ بىر تېرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان، چىرايى سامانىدەك سارغايغان، بۇرۇت - ساقاللىرى چاڭگاكلاشقان، مۇكچەيگىنىچە ئۈن - تىنسىز كېتىۋاتقان بۇ بىچارىلەر تەقدىرنىڭ تۇتقۇنى بولۇپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ئوفىتسېرلاردىن تەشكىللەنگەن مۇقەددەس بىرلەشمە ئارمىيە كەلمەكتە ئىدى، كۆپىنچىسى قولىغا هاسا ئېلىۋالغان، پۇتىغا ئەسكى قوي تېرىسىدىن چورۇق تارتىۋالغانىدى، ئۇلارنىڭمۇ ئارقىسىدا قالدۇق ئاتلىق مۇهاپىزەتچىلەر كەلمەكتە ئىدى.

ئەڭ ئاخىرىدا ئۈچ كىشى پىيادە كېلىۋاتاتتى. ئوڭ تەرەپتىكىسى ناپلېس پادىشاهى بولۇپ، بۇرۇنقى هەشەمەتلىرىنى ئەسلەپ ئولتۇرغۇدەك رەپتارىمۇ قالمىغانىدى؛ سول تەرەپتىكىسى ئىتالىيە ۋالىيسى ئېۋگېن ئىدى؛ ئوتتۇرىدا قېيىن ياغىچىنى هاسا قىلىۋالغان، ئۇچىسىغا پولشاچە خۇرۇم پەلتو، بېشىغا تۈلكە تۇماق كىيگەن بىر پاكىنەك كېتىپ باراتتى، ئۇلار بىپايان رۇسىيە زېمىنىنى ئەنە شۇ تەرزدە ئۈن - تىنسىز كەزمەكتە ئىدى.»

## يەتتىنچى، ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقتىن كۈلكىلىك هالەتكە چۈشۈپ قالمىقى بىردەملىك ئىش

پارىژدىكىلەر نېمە دېيىشىۋاتقاندۇ؟

بۇنىسى نامەلۇم. ناپولېئون مىسىردىن قايتقىنىدىن بۇيان پايتەختتە نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقىنىدىن بىخەۋەر ئىدى، شۇ تاپتا خۇددى ياقا يۇرتلاردا يۈرۈۋاتقان ئەرنىڭ ئۆيىدە قالغان خوتۇنىنىڭ ۋاپاسىزلىق قىلىپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلغىنىدەك ئەنسىز تۇيغۇدىلا ئىدى.

پارىژدىن ئاخىرى خەۋەر كەلدى. ئىمپېرىيە ئاخباراتلىرىدا فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ رۇسىيەدىكى ھالى تىلغا ئېلىنمىغىنى بىلەن پۈتۈن فىرانسىيەلىكلەر ئەنگلىيە گېزىتلىرىدىن، خەت - خەۋەرلەردىن ۋە كوچا پاراڭلىرىدىن ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىۋالغانىدى، ئەلۋەتتە. ئاسانلا قىزىپ كېتىدىغان، شۇنىڭدەك ئاسانلا سوۋۇپ ئۈمىدسىزلىنىدىغان بىر قىسىم پارىژلىقلار ئىمپېراتورىدىن ۋاز كەچكەن، قورقۇنچلۇق خەۋەرلەر ۋە مەسخىرىلىك پاراڭلار شۇ تاپتا پارىژ كوچىلىرىنى بىر ئالغانىدى. خوش، پارىژدا قانداق يېڭىلىقلار بار؟

بەزىلەر سىياسىي ئۆزگىرىش پىلانلىغانىكەن، مەغلۇپ بوپتۇ. بىراق، بۇ ئىش يەنىلا كىشىلەرنىڭ نارازىلىقىنى نامايان قىلىپ بېرەتتى. جۇمھۇرىيەت دەۋرىدىكى ماللېر ئىسىملىك بىر گېنېرال بىر قانچە يىل ئىلگىرى بىر قېتىملىق سۇيىقەستكە ئارىلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىنغان، كېيىن ساراڭلار دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىۋېتىلگەنىكەن. شۇ گېنېرال ئىمپېراتورنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقى ۋە موسكۋادىكى يانغىن ۋەقەسى توغرىسىدىكى خەۋەر ئەل ئىچىدە پەيدا قىلغان ساراسىمىدىن پايدىلىنىپ، ساراڭلار دوختۇرخانىسىدىن قېچىپ چىقىپ، شېرىكلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئىمپېراتور ئالەمدىن ئۆتتى دەپ ساختا خەۋەر توقۇپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇتقۇيرۇقلۇق قىلغان. ئاندىن ئۇلار ساقچى ئىشلىرى مىنىستىرىنى قولغا ئېلىپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرغان، مىللىي قوغدىنىش ئەترىتىنى، ئۆلكە ۋالىيلىرىنى، ھەتتا پېشقەدەم گېنېراللارنى قايىل قىلىپ قولغا كەلتۈرۈۋالغان، ئاخىر ئىشتابتىكى ئىككى باتۇر ئوفىتسېر ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقىنى بىلىۋېلىپ، بۇ ئاسىيلارنى قولغا ئالغان، ئاندىن ھەرەمئاغىسىنىڭ بالكونىدا تۇرۇپ: «ياشىسۇن ئىمپېراتور!» دەپ شوئار توۋلىغان، بۇ ئويۇن شۇندىلا

ئاخىرلاشقان.

ئىمپېراتور رۇسىيەدىكى ئاپپاق قار بىلەن قاپلانغان چېدىردا بۇ ھەقتە يېزىلغان خەتنى ھەيرانلىق ئىچىدە ئوقۇپ چۆچۈپ كەتتى، بۇ خەۋەر ئىسپانىيەدىكى سالامانتادىن كەلگەن خەۋەردىنمۇ يامانراق ئىدى. ئاسىيلار ئېتىپ تاشلانغان، پارىژدا ئۆزگىرىش بولمىغان، بۇ ۋەقە كومېدىيەلىك تەرزدە ئاياغلاشقان. ھالبۇكى، شۇ كۈنلەردە بەزىلەر پارىژ ساقچى ئىشلىرى مەھكىمىسىنى كونترول قىلىۋالغانىدى، ساقچى ئىشلىرى مەھكىمىسىنى كونترول قىلىۋالغان كىشىنىڭ ئاخىر بېرىپ پۈتكۈل فرانسىيەنى كونترول قىلىۋېلىشى مۇمكىنغۇ! پارىژدىن كەلگەن خەتتە ئېيتىلىشىچە، توپىلاڭ مەزگىلىدە ھېچكىم پەيتونغا چۈشۈپ كوچىغا چىقىشقا پېتىنالماپتۇ! ياشانغان بىر ئاقسۆڭەك نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىغانىكەن، بىر ئىشچى كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋاب بەرگەنىش:

— ھەي پۇقرا! ئىمپېراتور ئۆلۈپتۇ! چۈشتە جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقى جاكارلىنىدۇ!

ئىمپېراتور ئوقۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە خەت قولىدىن چۈشۈپ كەتتى.

— مېنىڭ سۇلالەمچۇ؟ مېنىڭ ئايالىمنى، ئوغلۇمنى، ئىمپېرىيەمدىكى ئاپپاراتلىرىمنى ئويلايدىغان ئادەم چىقماپتۇغۇ؟! — دېدى ئىمپېراتور سىرداشلىرىغا، — پارىژغا قايتمىسام بولمايدۇ!

ئاشۇ كارتىنىلار بىشارەت بەرگەن خەۋپ ئىمپېراتورنىڭ كاللىسىدا چاقماقتەك يالت - يۇلت قىلىپ ئۆتتى. «ھېلىقى كۈلگەن ئىشچى دەل ئاۋام خەلقنىڭ ئۆزىغۇ! — ئويلىدى ئىمپېراتور، — شۇلارنى دەپ قانچىلاپ كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەن، كۆپ يىل ئەجىر قىلىپ بۇ ئۇلۇغ سۇلالىنى بەرپا

قىلغانىدىم؛ شۇلارنى دەپ سۆيۈملۈك ئايالىمدىن ۋاز كېچىپ، چىرىغىمنى ئۆچۈرمەيدىغان ئەۋلادىم قالسۇن ئۈچۈن مەلىكىنى ئەمرىمگە ئالغانىدىم. يۈرىكى قاپتەك، ئەمما دىتى يوق نامسىز بىر ئوفتسېر ئىمپېراتور ئۆلدى، دەپ توۋلاپ قويسا، خەلقنىڭ پۈقرا، جۇمھۇرىيەت دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىشقا باشلىغىنى نېمىسى؟ نائىب پادىشاھ، ۋەلىئەھدى، كېڭەش پالاتاسى دېگەنلەر ھېسابقا ئېلىنمامدۇ؟ ئادەمنىڭ نەپسى راستلا تېگى يوق ھاڭ ئىكەن! بىراق، مەن بۇ ھاڭغا تەگ پەيدا قىلىمەن، كۆزۈم ئۇچۇق ۋاقتىدا ۋەلىئەھدىگە تاج كىيگۈزىمەن، شۇنداقلا مېنى ھىمايە قىلمىدىغان پارتىزانلىقلاردىن ئەسكەر ئالىمەن!»

ئىمپېراتور يېڭى خەۋپتىن ئەنسىرەپ، تىزگىنىنى ئېغىزدىكى بىر قېتىم چىڭ سىقىمدىدى. سالامەتلىكىمۇ ئوبدان بولۇپ قالغانىدى. قوشۇنى بېلتىنا دەرياسىغا يېقىنلاپ كەلدى. ياندىشىما قوشۇنلارنىڭ ئەھۋالى چاتاق بولغاچقا، بارلىق قوشۇنلارنى تېخىمۇ يېقىن توپلىدى، ئاتلارنى بوشىتىپ زەمبىرەك ئارتىش ئۈچۈن يۈك ـ تاقلارنى كۆيدۈرۈپ تاشلاش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. كۆۋرۈك ھېلىمۇ بولغىيدى!

«دۈشمەن كۆۋرۈك بېشىنى ئىگىلىۋالغان ھەم كۆۋرۈكنى كۆيدۈرۈۋەتكەن بولسا، دەريادىن بۇ يەر بىلەن ئۆتەلمەيمىز، بالا ـ قازانىڭ تېرىلغىنى شۇ!» دەپ يازدى ناپولېئون يارلىقىدا.

قوشۇن ئەتىسى دەريا بويىغا يېتىپ كەلدى، دەريادا نە كۆۋرۈك، نە كېمە يوق ئىدى، فىرانسىيە قوشۇنىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە باراۋەر رۇسىيە قوشۇنى دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە خىرىس قىلىپ تۇراتتى، ئىككى قوشۇن ئوتتۇرىسىدىكى دەريا سۈيى ئۆركەشلەپ ئاقماقتا، دەريا قىرغاقلىرى غىچلا پاتقاق. فىرانسىيە قوشۇنلىرى بۇ يەردىن جېنىنى ئېلىپ قېچىپ قۇتۇلالارمۇ؟

ناپولېئون گېنېرال چاغلىرىدىكىدەكلا شۇنداق ئاجايىپ بىر ھىيلە ئىشلەتتىكى، يالغاندىن ھۇجۇم قىلغان بولۇۋېلىپ، رۇسلارنى باشقا ياققا باشلىۋەتتى: ئاتسىز قالغان بىر مىڭ سەككىز يۈز چەۋەنداز ئىچىدە بىر مىڭ بىر يۈز چەۋەندازنىڭ قورالى بار ئىدى. ناپولېئون ئۇلارنى ئىككى گازارمىغا ئايرىدى، ئاندىن يىغىلىشقا ۋە بارلىق بۇركۈت تۇغلىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇدى، ناپولېئوننىڭ شۆھرەت ئېگى شۇنچە خەۋپلىك پەيتتىمۇ شۇ قەدەر كۈچلۈك پېتى ئىدىكى، شۆھرىتىنىڭ سىمۋولى بولمىش ھەربىي تۇغلارنىڭ دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قېلىشىنى خالىمىدى. چۈشتىن كېيىن گازارمىدا ئۇخلاشقا ياتقان ئىمپېراتور دۇروك بىلەن دارۇنىڭ ئىمپېراتورنى ئۇخلاپ قالدى دەپ ئويلاپ پەس ئاۋازدا قىلىشىۋاتقان گەپلىرىنى ئاڭلاپ ياتتى، ئۇلار يېقىنلاپ كېلىۋاتقان بالا ـ قازا توغرىسىدا كۇسۇرلىشىۋاتاتتى. ئىمپېراتور «سىياسىي جىنايەتچى» دېگەن سۆز قۇلىقىغا كىرگىنىدە بويىنىغا ئېسىلغان قارا يىپەك خالتىنى سىلاپ قويۇپ ئۆرە ئولتۇردى:

— ئۇلارنى شۇنداق قىلىشقا پېتىنىدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟

— دۈشمەننىڭ بىزگە كەڭچىلىك قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن، — جاۋاب بەردى دارۇ شۇ ئان ئېسىنى يىغىپ.

— بىراق، فىرانسىيە بارغۇ! فىرانسىيە قانداق قىلار؟

دارۇ ئېھتىيات يۈزىسىدىن ئالدى ـ كەينىنى ئويلاپ ئەپلەپ ـ سەپلەپ جاۋاب بېرىپ ئۆتكۈزمەكچى بولغانىدى، ناپولېئوننىڭ كوچىلاپ سوراۋېرىشى ئارقىسىدا كۆڭلىدىكىنى دەپ سالدى:

— ئەڭ ياخشىسى پارىژغا قايتىڭ، ئالىيلىرى، شۇ يەردە بولسىڭىز، ئامانلىقىمىزغا تېخىمۇ ئوبدان كاپالەتلىك

قىلالىشىڭىز مۇمكىن.
— بۇ يەردە سىلەرگە يۆلەك بولۇپ قالدىمۇ؟
— شۇنداق، ئالىيلىرى.
— سىياسىي جىنايەتچى بولۇپ قېلىشنى خالىمامسىز؟ — بۇ سوئال بىلەن خېلى ئۇزاققىچە سۇكۇنات ھۆكۈم سۈردى، — ۋەزىرلەردىن كەلگەن دوكلاتلارنى كۆيدۈرۈۋەتتىڭلارمۇ؟ — سورىدى ئىمپېراتور ئاندىن.
— پەرمانىڭىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتىمىز.
— جەزمەن ئالا قويماي كۆيدۈرۈۋېتىڭلار. بۇ ئىشقا سىز ئىگە بولۇڭ. خەتەرلىك ئەھۋالدا قالدۇق.
بۇ ئىمپېراتورنىڭ موسكۋادىن يولغا چىققاندىن بۇيانقى بىرقانچە ھەپتە مابەينىدە ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى تۇنجى قېتىم ئىقرار قىلىشى ئىدى، سۆزلىرىنىڭ ۋەزنى رىم باتۇرلىرىنىڭكىگە ئوخشايتتى. ۋاھالەنكى، تەبىئىتى تەقدىرىدىن چاققان ئىدى: ئۇ بىرقانچە مىنۇتتىن كېيىن تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى.
ئەتىسى ئەتىگەندە دۈشمەننى ئازغاشتۇرۇپ دەريانىڭ ئايىغىغا بۇرنىدىن يېتىلەپ ئاپىرىپ، توپقا تۇتۇپ چېكىندۇردى، قۇرۇلۇش لەشكەرلىرى دەرياغا تېز سۈرئەتتە ئىككى لەيلىمە كۆۋرۈك سالدى. دەريادىن ئۆتۈشكە ئىككى كۈن ۋاقىت كەتتى، ئىمپېراتورنىڭ قولىدا دەريادىن ئاتلىق ئۈزۈپ ئۆتكەن چەۋەندازلىرى قوشۇلۇپ جەمئىي يىگىرمە بەش مىڭ لەشكىرى قالغانىدى. ئىمپېراتور گەرچە باشتىن - ئاياغ دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىش خەۋپى ئىچىدە تۇرسىمۇ، تاكى ئاخىرقى بىر لەشكىرى دەريادىن ئۆتۈپ بولغۇچە كۈتۈپ تۇرۇپ، ئۇچىنچى كۈنى كونا مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن بىرلىكتە دەريادىن ئۆتتى. ئارقىدىن يېتىپ كەلگەن لەشكەرلەر بولسا شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرقانچە كۈن ئىچىدە قار ئاستىدا ۋە توپ ئوقلىرى ئاستىدا

قالدى.

ئىمپېراتورنىڭ هاياتى شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرقانچە هەپتە ئىچىدە ئىككى قېتىم خەۋپكە دۇچ كەلدى. بىرىنچى قېتىمدا كازاكلارنىڭ تۇيۇقسىز هۇجۇمىغا دۇچ كەلدى، ئىككىنچى قېتىمدا فىرانسۇزلارمۇ جېنىنى ئالماقچى بولدى. 5 ـ ئۆكتەبىر كۇنى مايور لاف ئىمپېراتورنىڭ چېدىرى ئالدىدا رۇسىيە پەخرىي بىرلەشمە ئارمىيەسىنىڭ ئوفىتسېرلىرىنى قۇترىتىپ:

— جانابلار، ۋاقتى كەلدى ! — دېدى.

ئاندىن يېشى هەممىدىن چوڭ بىر پىرۇسسىيە لېيتېنانتىنى ئاۋۋال ئىمپېراتورنىڭ مامىلۇك چاكىرىنى، ئاندىن ئىمپېراتورنىڭ ئۆزىنى جايلىۋېتىشكە ئورۇنلاشتۇردى. پىرۇسسىيەلىكلەر بۇنداق قىلىشقا پېتىنالماي، بۇ ئىشنى فىرانسىيەلىكلەرگە ئىتتىردى. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ چىرايى ۋە قول ئىشارىلىرىدىن مۇددىئاسىنى بىلىپ قالغان گورگۇد يەردىن ئۇنۇپ چىققاندەكلا پەيدا بولدى ـ دە، چاۋاك چېلىپ قويۇپ دېدى:

— ئوهۇي، جانابلار، ئاتلىنىڭلار !

بۇ ئىشتىن بىخەۋەر قالغان ئىمپېراتور ئاخشىمى ئوفىتسېرلىرىنى يىغدى:

— تەختىمدە ئولتۇرۇپ ئېيتقان سۆزلىرىمنىڭ تورى چوقۇم زىمىستان سوغۇقتا بەربات بولغان قوشۇنىنىڭ ئاتامانى بولۇش سۈپىتىمدە ئېيتقان سۆزلىرىمدىن كۈچلۈك بولىدۇ...

ئاندىن هەربىرەيلەن بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم سۆهبەتلەشتى، ئۇلاردىن پىكىر ۋە تەكلىپ ئالدى، خۇشامەت تەبەسسۇمى بىلەن ئۇلارنى ماختاپ ئۇچۇردى، مەدهىيەلىدى، رىغبەتلەندۇردى. روشەنكى، مۇددىئاسى ئۇلارنىڭ يۈز ئۆرۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئېۋگېن ئەڭ ئاخىرقى بىر ئاخباراتنى ئوقۇپ ئۆتتى، ناپولېئون بۇ ئاخباراتتا فىرانسىيە قوشۇنىنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن تۈنجى قېتىم بېشارەت بەرگەنىدى:

«تۇغۇلۇشىدىن قەيسەر بولمىغان ئادەم تەقدىر ـ قىسمىتىدىكى ئۆزگىرىشكە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ ـ دە، بەختسىزلىكى ۋە مەغلۇبىيىتىنىلا ئويلاپ كۆڭۈل ئارامىلىقىدىن ۋە جاسارىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ، مۇشكۇلاتقا بەرداشلىق بەرگەن كىشى ئۆز ئېتىقادىدا ۋە مەيدانىدا چىڭ تۇرىدۇ ھەمدە يېڭى مۇشكۇلاتلار ئىچىدىمۇ يېڭى ئۈمىد نۇرىنى كۆرەلەيدۇ.»

بۇ ئاخباراتنىڭ ئاخىرى مۇنداق چۈشۈرۈلگەنىدى:

«ئىمپېراتور ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ سالامەتلىكى ھېچقاچان ھازىرقىدەك ياخشى بولۇپ باقمىغان.»

تەقدىر ئۈستىدىن غالىب كەلگەن، سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەن گېنېرال بوناپارتنىڭ قۇرۇق سۆزلەر بىلەن يېزىلغان بۇ دوكلاتى كىشىگە ئۆتمۈشتىكى دەبدەبىلىك ئىبارىلەرنى ئەسلەتتى، نەچچە ھەپتىدىن بۇيان ئىمپېراتورنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز قالغان پارىژلىقلارغا يوللىنىدىغان بۇ مەلۇماتنىڭ ئاخىرى ئەنە شۇنداق قۇرۇق دەبدەبىلىك ئىبارىلەر بىلەن چۈشۈرۈلگەن بولۇپلا قالماستىن، پۈتۈن تېكىستىمۇ ئەنە شۇنداق قەھرىمانە، ھاياسىز ۋەزىندە ئىدى، ناپولېئون رۇسسىيەدىكى ساق ئالتە ئاي داۋاملاشقان ئۇرۇشنىمۇ ئەنە شۇنداق پوزىتسىيەدە ئاخىرلاشتۇردى. پەقەت توققۇز مىڭ نەپەر قورallىق لەشكىرىلا قالغان قالدۇق قوشۇننى فىرانسىيەگە باشلاپ بېرىش ھوقۇقىنى مۇراتقا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

بۇ يېڭىلىقنى كۆرۈڭ: ئىمپېراتور چېدىرىدىكى بارلىق ئوفىتسېرلارنى بىر ـ بىرلەپ قۇچاقلاپ چىقتى. بۇ بىر ئالدامچىنىڭ ئوفىتسېرلارنىڭ تەۋرەپ قالغان ساداقىتىنى

مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ئەڭ ئاخىرقى تاكتىكىسىمىدۇ ياكى چىن كۆڭلىدىن تەسىرلىنىپ ھاياجىنىنى باسالماي قالغىنىمىدۇ؟ شۇ ئاخشىمى ھەربىر كىشى ئىمپېراتورنىڭ يۈرەك ھەرىكىتىنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى.

ئىمپېراتور دارۋ، گورگۇدلار بىلەن بىللە چانىغا چۈشۈپ ماڭدى. بىراق، بىختەرلىكنى كۆزدە تۇتۇپ ئۆزىگە كاتىپىنىڭ ئىسمىنى قوللاندى.

ئۇلار پولشانىڭ قارلىق دالاسىدا چانلىق ئۈچقاندەك چاپماقتا ئىدى. ئىمپېراتور بىر دوقمۇشتا چانىنى تۇيۇقسىزلا توختاتتى. بۇ يەرگە يېقىنىراق بىر جايدا گىراف خانىم ۋالېۋىسكانىڭ قەلئەسى بولۇپ، ئىمپېراتورنىڭ شۇ يەرگە كىرىپ ئۆتكۈسى كەلگەنىدى.

چانا بەش كۈندىن كېيىن ۋارشاۋانىڭ شەھەر ئەتراپى رايونىدىكى بىر كۆۋرۈكنىڭ يېنىدا توختىدى. ئىمپېراتور چۈش مەھەلدە گورگۇد بىلەن بىللە شەھەرگە پىيادە مېڭىپ كىردى. بىرەرسى تونۇۋالغۇدەك بولسا، ئۇلار ئىقرار قىلماستىن، ئېلىشىپ قاپسەن دېمەكچى بولۇپ پۈتۈشۈۋالغانىدى. ئىمپېراتور ھەمراھىنى فىرانسىيەنىڭ ۋارشاۋادا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىغا ئەۋەتتى، ئۆزى بولسا سالاھىيىتىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن كىچىك بىر سارايغا چۈشتى. بۇ سارايىنىڭ ئىسمى «ئەنگلىيە سارىيى» ئىدى. سارايىنىڭ ئاقارتىلغان پاكار ياتىقى تولىمۇ سوغۇق ئىدى، سارايىنىڭ ئايال مۇلازىمەسى ھۆل ئوتۇنغا ئوت تۇتاشتۇرۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۈچىسىغا جۇۋا، بېشىغا قۇلاقچا، پۇتىغا ئۆتۈك كىيگەن ئىمپېراتور بەدىنىنى ئىسسىتىش ئۈچۈن قوللىرىنى تاشلاپ ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭاتتى. شۇ ئەسنادا چاقىرتىپ كەلگەن پولشالىق ئىككى ئاقسۆڭەك كىرىپ كەلدى، ئۇلار

ناپولېئوننى بۇ ھالدا كۆرۈپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى، ئەمما بۇ ئەرۋاھ ئۇلارنى تەبەسسۇم بىلەن كۈتۈۋالدى:

— ۋارشاۋاغا قاچان كەلدىم، بىلەمسىز؟ بىر ھەپتە؟ ياق، ئىككى سائەتلا بولدى، ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقتىن كۈلكىلىك ھالەتكە چۈشۈپ قالمىقى بىردەملىكلا ئىش ئىكەن. ياخشى تۇردىڭىزمۇ، جانابىي ستانىس... خەتەرلىك دەمسىز؟ زىنھار ئۇنداق ئەمەس! جىددىيلىك ئىچىدە روھلىنىپ كەتتىم! تۇرمۇشۇم قانچە ئەگرى - توقاي بولغانسېرى شۇنچە يېتىلىپ قالىمەن. قورچاق ئىمپېراتورلار ئوردىسىدا ئۆزىنى بورداپ ئولتۇرىدۇ، مەن بولسام كونا جەڭ ھارۋىسىدا ئولتۇرۇپ تەرەپ - تەرەپتە چېپىپ يۈرىمەن... مەندىن تازا ئەندىشە قىلغانسىلەر؟ قوشۇنۇم قالتىس كاتتا قوشۇن، يەنە ئىككى يۈز مىڭ لەشكىرىم بار! بۇ زور قوشۇنۇم رۇسلارنى ئەندىشىگە سېلىپ، مەن بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا پېتىنالماس قىلىۋەتتى. بىز ۋىلنيۇستا قىشلايمىز. پارىژدىن يەنە ئۈچ يۈز مىڭ ئەسكەر توپلايمەن! ئالتە ئايدىن كېيىن نېمان دەرياسىغا قايتىپ بارىمەن...

— نۇرغۇن جەڭنى بېشىمدىن كەچۈرگەنمەن! مارىنگودا مەغلۇپ بولۇۋىدىم، چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتىدە قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتتۈم، ئىككىنچى كۈنى ئىتالىيەنىڭ غوجايىنى بولدۇم. ئېسسلىندا بىرلا كۈچەپ ئاۋستىرىيەنىڭ غوجايىنى بولدۇم، كىنەز چارلىز قوشۇنۇمنى توسۇۋالدىم دەپ ئويلاپ قالغانىدى، تېخى. دوناي دەرياسى بىر كېچىدىلا ئون ئالتە فۇت ئۆرلەپ كەتتى، بۇنى توسۇشقا قادىر ئەمەسمەن، شۇنداق بولمىغىنىدا خابسبۇرگ سۇلالىسى بۇرۇنلا تۈگەشكەن بولار ئىدى. بىراق، تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئۇلارنىڭ مەلىكىسىنى ئەمرىمگە ئالدىم. رۇسىيەدىمۇ ئەھۋال شۇنداق بولدى. ئۇ يەردىكى قەھرىتان سوغۇقنى تىزگىنلەشكە قادىر ئەمەسمەن. ھەر كۈنى

ئەتىگىنى ئالدىنقى كۈنى كېچىدە قانچىلىك ئات ـ ئۇلاغنىڭ ئۆلگىنى توغرىسىدا خەۋەرلەر كېلىپ تۇردى. بىزنىڭ نورماندىيە ئاتلىرىمىز رۇسىيە ئاتلىرىدەك سوغۇققا چىدامىلىق ئەمەس، لەشكەرلىرىمىزمۇ شۇنداق... بەزىلەر مېنى موسكۋادا ئۇزاق تۇرىدۇ دېيىشكەندى. بىراق، ئۇ چاغدا ھاۋا ياخشى ئىدى، مەن بولسام تىنچلىق خەۋىرىنى كۈتۈپ تۇردۇم، بۇ دېگەن بىر سىياسىي ئويۇن! «جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكىلى بولمايدۇ.» ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقتىن كۈلكىلىك ھالەتكە چۈشۈپ قالمىقى بىردەملىكلا ئىش ئىكەن!... موسكۋادا يانغىن لاۋۇلداپ كېتىشىنى كىم ئويلاپ يەتسۇن!... ئۆمرۈمدە ھازىرقىدەك بۇنچە ياخشى تۇيغۇدا بولۇپ باققان ئەمەسمەن، ئەگەر شەيتان بوينۇمغا مىنىۋالغىنىدا ئۆزۈمنى تېخىمۇ ئوبدان ھېس قىلغان بولار ئىدىم!

ناپولېئون ئىككى سائەتكىچە شۇ تەرزدە ئاغزى بېسىلماي سۆزلىدى، ئېيتقۇسىز چىقىم تارتقىنىدىن كېيىنمۇ ئۆزىنى ئاجايىپ باتۇر قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇندى.

تەۋەككۇلچىگە ئايلانغان ناپولېئون ئۆزىنىڭ سۆزلىرىنى تەرەپ ـ تەرەپكە تارقىتىدىغان پولەكلەرنىڭ ئالدىدا ئاللىبۇرۇن كەتسە كەلمەسكە كەتكەن قوشۇنىنى ۋە ھېچقاچان قىلىپ باقمىغان ئورۇشلىرىنى ئويدۇرۇپ چىقىپ تەسۋىرلىدى. ھازىر يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا تەقلىد قىلىپ دۇنيا تارىخىدىن مىساللارنى كەلتۈردى. ئۆزىگە ياغدۇرۇلىدىغان خىلمۇخىل تەنقىدلەردىن قۇتۇلۇش مەقسىتىدە مەغلۇبىيىتىنىڭ سەۋەبىنى تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە دۆڭگەپ قويدى، ئادەمنىڭ ئۇلۇغلۇقتىن كۈلكىلىك ھالەتكە چۈشۈپ قالمىقى بىردەملىك ئىش دېگەن دەبدەبىلىك ئەقلىيەسىنى يەنە تۆت قېتىم تەكرارلىدى.

بۇ ئىككى پولەك ناپولېئوننىڭ سۆزلىرىدىن بىرەر نەرسىنى

بىلىپ يېتەلمىدى. پىكىر ـ خىيالى ئۆز دۆلىتىنىڭ بويىنىدىكى قەرزى ئۈستىدىلا قالغان بۇ ئىككى پولەك نەزىرىدە ھېلىمۇ ئۇلۇغ سانىلىدىغان بۇ ئەربابنىڭ قولىدىن پۇلغا ئېرىشىش تەمەيىدە ئىدى. ناپولېئون قاش قارايغان مەھەلدە بايىقىدەك دەبدەبىلىك سۆزلىرىدىن توختاپ، ئۇلاردا ياخشى تەسىرات قالدۇرۇش ئۈچۈن، پولەكلەرگە چاقماق تېزلىكىدە ئالتە مىليون فىرانك چىقىم قىلىپ بېرىش توغرىسىدا خەزىنىدارىغا يارلىق چۈشۈردى. بۇ ئىككى پولەك ناپولېئونغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، سەپىرىنىڭ كۆڭۈللۈك بولۇشىنى تىلىدى ھەمدە چانىغا ئولتۇرۇپ يىراقلاپ كېتىۋاتقان بۇ سەيياھنى تاكى كۆزدىن غايىب بولغۇچە مەسخىرىلىك نەزىرىدە ئۇزىتىپ تۇردى.

ناپولېئون شۇ ماڭغىنىچە كېچە ـ كۈندۈز جىددىي سەپەر قىلىپ، رۇسىيەگە ئوخشاشلا ئاپپاق قار بىلەن قاپلانغان گېرمانىيە دالاسىنى كېزىپ توغرا ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، پىكىر ـ خىيالى تۈرلۈك سوئال، بۇيرۇق ۋە تەسەۋۋۇر بىلەن تولغانىدى — ئەنگلىيە راستلا يېڭىلمەس ئەلمىدۇ؟ ئۇلار ئەمدى بالتىق دېڭىزى بويلىرىدىكى ئەللەر بىلەن، شۇنداقلا ئىسلام ئەللىرى ۋە ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى ئەللەر بىلەن ئەركىن سودا قىلالايدۇ. ھىندىستاننى بويسۇندۇرۇش پىلانىدىن ۋاز كەچمىسەم بولمىغۇدەك، باشقا پىلانلىرىمنى بولسا قىلچىلىكمۇ ئۆزگەرتمىسە بولمايدۇ! رېيىن ئىتتىپاقى ماڭا بۇرۇنقىدەكلا ئىتائەت قىلىپ قۇللۇق بىلدۈرەرمۇ؟ رۇسىيەدىكى مەغلۇبىيىتىمنى قانداق چۈشەندۈرگۈلۈك؟ بۇ ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيىتىمنى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوشۇرۇپ كېتىش مۇمكىنمۇ؟ مۇمكىن ئەمەس! فىرانسىيەدە يەنە ئىككى يۈز مىڭ كىشىلىك يېڭى قوشۇن تولپىيالايمەنمۇ؟ ئەسكەر بولۇش يېشىغا كېلەر يىلى توشىدىغان باللارنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئەسكەرلىككە

ئالمىسام بولمىغۇدەك. پاپا بىلەن دەرھال يارىشىۋالاي، ئىسپانىيە مەسىلىسىدىمۇ شۇنداق قىلاي، ئارقا ھويلىغا ئوت كەتمىسۇن. مىللىي قوغدىنىش قوشۇنى تەشكىللىشىم شەرت، بۇ بۈيۈك ئىنقىلاب مەزگىلىدىكى ئەڭ ئېسىل تەسەۋۋۇرۇم ئىدى، شۇنداق قىلغىنىمدا ئۈچ ئايدىن كېيىن بىر مىليون كىشىلىك قوراللىق پۇقرايىم تەق بولىدۇ...

كېچە. چانغا ئات ئالماشتۇرۇلدى.

— بىز نەدە؟ — دېدى ناپولېئون بېشىنى چىقىرىپ.

— ۋېيماردا، ئالىيلىرى.

— ۋېيماردا؟ گىراف خانىم ئوبدان تۇرۇۋاتقاندىمۇ؟ جانابىي گيوتېمۇ ئوبدان تۇرۇۋاتقاندىمۇ؟

## سەككىزىنچى، تىراگېدىيە خاتىمىسىنىڭ مۇقەددىمىسى

قىرىق نەپەر ئوردا ئەھلى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن مەغلۇپ پاسىبانىنى تەزىم بىلەن كۈتۈۋالدى، ئىمپېراتورنىڭ بۇ سۆلەتۋازلار بىلەن زادىلا خۇشى يوق ئىدى. «كالۋالار، قورقۇنچاقلار، — دەپ ئويلىدى ئىمپېراتور ئۇلارنى كۆرۈشى بىلەنلا، — ئىتائەت قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ بۇ بايقۇشلار.» بىراق، نەزىرىنى يەنە شۇ ئان ئالتۇن قەپەسكە ئاغدۇردى، بۇ ئەركىنلىك ئوغلانى ئۆز ئەركىنى تەختكە بەند قىلىپ، ئۆزىنى ئۆزى مۇشۇ قەپەسكە سولىۋالغانىدى. پارىژدا پۇقرالىرىنىڭ ئۆزىدىن نەپرەتلىنىۋاتقانلىقى ۋە بىزار بولۇۋاتقانلىقىدىن بىخەۋەر ئىدى. يەنە كېلىپ بوگۇنكى كۈندە ياشلىق دەۋرىدىكىدەك ئۆز خاتالىقىنى ئوچۇق - يورۇقلۇق بىلەن بوينىغا ئېلىپ تۈزىتىشكە ئىنتىلمەستىن، ئۆزىگە ئېگىلىپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈۋاتقان ۋەزىر - ۋۇزرالىرى ئالدىدا ئۆزىنى قەدىمكى رىم

ئىمپېراتورى قەيسەردەك بىر خىل سالاپەتتە كۆرستىپ، مەغلۇبىيىتىگە سەۋەب بولغان ناچار كىلىماتنى ۋارقىراپ ـ جارقىراپ ئەيىبلىگىلى تۇردى. ھالبۇكى، تېخى يېقىندىلا ئۆزىنى ياۋروپانىڭ «كىلىمات ئىلاھى» دەپ تەرىپلىگەنىدى.

ۋارشاۋادىن پارىژغا يېتىپ كەلگۈچە توققۇز كۈنلۈك سەپەرنى تەۋەككۈلچىگە خاس ئەنسىزچىلىك ئىچىدە بېسىپ كەلگەنىدى، ئەمدى ئىمپېراتورغا خاس تەكەببۇرانە ھالىغا قايتتى. بۇ يىل رۇسىيەدە قىش باشقا يىللاردىكىدىن كېچىكىپرەك كەلگەن بولسىمۇ، ناپولېئون بۇ قېتىمقى زىيىننى يەكۈنلەپ مۇنداق دېدى:

ـــ رۇسىيەدە قىش مۇددەتتىن بۇرۇن كەلگەچكە شۇنچە چىقىمدار بولدۇق... ناپلېس پادىشاھى ئالىي قوماندانلىقنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدى، مەن كېتىشىم بىلەنلا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالدىم... شۇنداق بولسىمۇ ئۈچ يۈز باتالىيونۇمنى ئامان ساقلاپ قالدىم، ئىسپانىيەدىن بىرەر لەشكەرمۇ يۆتكىمىدىم.

ئۇ ئۆز ئادەملىرىنى كۆزگە ئىلماي شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنىدىكى، بىرقانچە ئايدىن بۇيان جىمى ئىشتىن خەۋىرى بار بۇ كىشىلەرنى ئەنە شۇنداق يالغاننى توقۇپ ئالداشقا ئۇرۇندى. بىراق، ئۇلارمۇ ئۆكتەبىر سىياسىي ئۆزگىرىشىنى بۆشۈكىدىلا تۇنجۇقتۇرۇۋەتمىگەنلىكى ئۈچۈن «جاۋابكارمىز» دەپ ئۆزلىرىنى گۇناھكار سانايتتى. ئىمپېراتورمۇ كۆڭلىدە ئۆز ـ ئۆزىنى ۋىجدانەن ئەيىبلەيتتى. بىراق، ئۇلارنى «ئاشۇنداق ئاچقۇچلۇق پەيتتە خانىش بىلەن تەخت ۋارىسىنى ئۇنتۇپ كەتتىڭلار» دەپ ئاغرىنىپ ئەيىبلىگۈچى بولغىنىدىن خۇرسەن ئىدى.

ناپولېئون رۇسىيەگە ئاتلىنىش ئالدىدا مېتتېرنىچقا پىلانىنى ئاشكارىلاپ مۇنداق دىگەنىدى:

— قانۇن چىقىرىش ئورگىنى ئالدىمدا پەرمانبەردار بولۇپ تۇرۇپتۇ، مۇھاكىمە زالىنىڭ ئاچقۇچىنى يانچۇقۇمغا سېلىۋالسام، كۇپايە. فىرانسىيە باشقا نۇرغۇن دۆلەتلەرگە قارىغاندا دېموكراتىيەنى يولغا قويۇشقا تېخىمۇ باب كەلمەيدۇ... شۇڭا، يۇرۇش قىلىپ قايتىپ كەلگىنىمدىن كېيىن كېڭەش پالاتاسى ۋە پارلامېنتنى يۇقىرى پالاتا ۋە تۆۋەن پالاتا قىلىپ ئۆزگەرتىمەن، پالاتا ئەزالىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى ئۆزۈم تەيىنلەيمەن. شۇنداق قىلغىنىمدا ھەقىقىي بىر خەلق ۋەكىللىرى ئاپپاراتى بارلىققا كېلىدۇ، ئورگاندا تەجرىبىلىك كەسپىي خادىملارلا بولىدۇكى، قۇرۇق سەپسەتىچىلەر بولمايدۇ. شۇنداق بولغاندا فىرانسىيە ناقابىل بىر ھۆكۈمرانىنىڭ قولىغا قالغان تەقدىردىمۇ ئۇنۇملۇك ئىدارە قىلىنىۋېرىدۇ.

سۇلالىنىڭ دەۋرانى ئۇزاق بولسىمۇ، دەۋران سۈرگۈچى تالانت ئىگىسىنىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ. بۇ ھەقىقەتنى ئوبدان چۈشەنگەن ئىمپېراتور بۇرۇن ئۆتكەن پادىشاھلارنىڭ خانىدانىغا دائىر خاتىرىلەرنى تەقلىد قىلىپ چىقارغان يەكۈنگە ئوخشاشلا ئۆز قوۋمىنىڭمۇ زاۋاللىققا يۈز تۇتىدىغانلىقىنى ئالدىن كۆرۈپ يەتكەچكە، تەۋرىنىپ تۇرۇۋاتقان يۇمىلاق تاۋۇزلارنى تازىلاپ، ئۆز ۋارىسىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملىمەكچى، شۇنداقلا پادىشاھلىق تۇزۇمىدىكى زىددىيەتلەرنى تونۇپ يەتكەنلىكى ئۈچۈنلا ئۆز ئىمپېرىيەسىنى ئۇيۇل تاشتەك مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە قىلىپ، ئۆزىگە موھتاج يىڭىچە بىر پادىشاھلىق تۈزۈمىنى بەرپا قىلماقچىدى.

نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتتە ئۆز سۇلالىسىنى يەنە بىر قېتىم شەمشىرى ئارقىلىق مۇستەھكەملەش ئىدى، ئىلگىرىمۇ مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈنلا ئۇنىڭلاپ كىشىنى پۈتكۈل ياۋروپاغا بوراندەك ئاتلاندۇرغانىدى! تېرە بىلەن تاشلانغان ئوفىتسېرلار روھىيىتىدە

ئۆلۈمگە ھۆكۈم بولغان بىھېساب يىگىتلەرنىڭ، ھەتتا مارشاللىق مەرتىۋە ھاسىسىغا ئېرىشكەن ئەڭ مۇنەۋۋەر يىگىتلەرنىڭ ئىسمىمۇ بار ئىدى.

قىسقىغىنا بىرنەچچە ھەپتە ئىچىدە يېڭى بىر قوشۇن تەشكىللىمەي بولمايدۇ! بىراق، ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش يېشىدىكى ياشلار ئاران بىر يۈز قىرىق مىڭ ئىدى، قالغىنىنى نەدىن تولۇقلىغۇلۇق؟ ئىمپېراتورنىڭ بىر شەيتان ھاسىسى بولۇپ، زۆرۈر تېپىلغاندا ھەرقانداق يەردىن ئەسكەرلىككە ئادەم چىقىرالايتتى: يېڭى بىر قانۇن ماقۇللاتسىلا، مىللىي قوغدىنىش قوشۇنى تەشكىللىيەلەيتتى ھەمدە بېقىندى دۆلەتلەردىن ئەللىك مىڭ نەپەر ئەسكەر ئالالايتتى، بۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش مۇددىتى توشۇپ كەتكەنلەردىن يۈز مىڭ نەپەر كىشىنى، شۇنداقلا كېلەر يىلى ھەربىيلىك يېشىغا توشىدىغان ياشلارنىمۇ مۇددەتتىن بۇرۇن ئەسكەر قىلىپ ئالالايتتى. ئىمپېراتور شۇنداق قىلىپ يەنە بەش يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا ئىگە بولالايتتى.

— فىرانسىيە خەلقى مېنىڭ ئەمرىمگىلا ئىتائەت قىلىدۇ، — دېدى ئۇ پىرۇسسىيە ئەلچىلىرىگە، — زۆرۈر تېپىلغاندا ئاياللارنىمۇ قوراللاندۇرىمەن!

ناپولېئون ئېگىلمەس - پۈكۈلمەس ئىرادىسىگە تايىنىپ نۇرغۇن ئاپپاراتلارنى پەيدا قىلدى، بۇ ئاپپاراتلارسىز ئۆز ئىشلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايتتى. بىراق، بۇ پەۋقۇلئاددە تەدبىرلىرىنى خەلققە قانداق چۈشەندۈرگۈلۈك؟ دۈشمەن تېخى چەت ئەلدىغۇ.

پۇرسەت كەلدى! يىل ئاخىرىدا پىرۇسسىيە سەردارى جوك ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ قوشۇنىسى رۇسىيە بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، ئۇرۇشتىن چېكىنىپ چىقىپ بىتەرەپ تۇرىدىغانلىقىنى

جاكارلىدى، بۇ ئىش قوراللىق توقۇنۇشقا تۇتۇرۇق بولدى، ئىمپېراتور ئەنە شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان فىرانسىيە جامائەتچىلىكىنى دەيدەيگە سالغىلى تۇردى. ئىتتىپاقدىشلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى ئاسىيلىقى تۆپەيلىدىن يىگىرمە مىڭ ئادىمى چىقىم بولغان بولسىمۇ، شۇ باھانىدە پارىژدا بايانات ئېلان قىلدى، رېيىن ئىتتىپاقى تەركىبىدىكى بەگ ـ پادىشاھلارغا خەت ئەۋەتىپ: «ئەگەر جوكنىڭ رېيىن ئىتتىپاقىغا ئاسىيلىق قىلغانلىقى تۆپەيلىدىن قوشۇن چېكىندۇرۇشكە مەجبۇر قىلىنغان بولسام، ياردىمىڭلارنىڭ كېرىكى يوق ئىدى» دەپ تېرە تاراقشىتتى.

دەرۋەقە، فىرانسىيە خەلقى ئىمپېراتورنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشتى، گېرمان پادىشاھلىرى، جۈملىدىن خابسبۇرگ جەمەتىمۇ ئىمپېراتور ئۈچۈن ئەسكەر تويلاپ پۇل ئىئانە قىلدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرەيلەن ھەتتا قۇللۇق بىلەن تىز پۈكتى:

— ئىمپېراتور ئالىيلىرى ئۈچۈن يېڭى تاجلىق بولۇش پۇرسىتى يارىتىپ بەرگەنلىكىم بىلەن بەختلىكمەن.

پىرۇسسىيە پادىشاھى جوكنى سەردارلىقتىن قالدۇردى ۋە ئىمپېراتورغا «رېيىن ئىتتىپاقى ئەھدىنامىسىگە سادىق بولىمەن» دەپ ۋەدە بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چار پادىشاھقىمۇ ئىچ پەش تارتتى، ئۇزاق ئۆتمەي بىرېسلاۋغا باردى. پىرۇسسىيە پادىشاھى فىرانسىيە ئىمپېراتورى بىلەن رۇسىيە چار پادىشاھى ئوتتۇرىسىدا ئارىسال بولۇپ تۇرغان پەيتتە فىرانسىيە خەلقىنىڭ مىللىي غۇرۇرى پىرۇسسىيە چېگراسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ياشلارنىڭ، سىياسىيونلارنىڭ ۋە شائىرلارنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ، بۇ زەئىپ پادىشاھنىڭ تەختىگە تەھدىت سالماقتا ئىدى. بۇ چاغدا سىتەين چار پادىشاھقا ۋاكالىتەن ئۆز دۆلىتى بولمىش فىرانسىيە بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن كىنىسبۇرگقا كەلدى، بۇ يەردە جىمى دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى

مۇستەقىل بىر تەرەپ قىلىشقا تولۇق ھوقۇقلۇق ئىدى. بۇ ئىشلارغا دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقان ئىمپېراتور بىر پارچە باياناتىدا گېرمان بەگ - پادىشاھلىرىنى پەخەس بولۇشقا ئاگاھلاندۇرۇپ: «بەزى سۈيىقەستچىلەر (ئاغدۇرمىچىلىق ۋە ئىنقىلاب)، ئارقىلىق گېرمانىيەنىڭ ئوبرازىغا نوقسان يەتكۈزۈش غەرىزىدە بولۇۋاتىدۇ. ئۇلار رېيىن ئىتتىپاقى دائىرىسىدە ئۆز تەلىماتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەرغىب قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇۋالسا، مۆلچەرلىگۈسىز ئازاب - ئوقۇبەتكە مۇپتىلا بولىسىلەر» دېدى.

ئىمپېراتور گېرمانلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەمدى بىر خىل روھنىڭ ــ ئىسپانلارنىڭكىدەكلا بىر خىل مىللىي كەيپىياتنىڭ ئۇرغۇپ تېشىۋاتقانلىقىنى تونجى قېتىم ھېس قىلىپ يەتتى. رۇسىيەگە يۈرۈش قىلىپ ئاتلىنىشتىن ئىلگىرى بۇ مىللەتنى ۋاي دەپ كەتكۈچىلىكى يوق، دەپ قاراپ:

ــ گېرمانلارنىڭ كەڭ مۇستەملىكىسىمۇ، دېڭىز ھوقۇقىمۇ، نۇرغۇن قورغانلىرىمۇ يوق، ھەتتا تېررىتورىيەسىدە ئىسپانىيەدىكىدەك ئىنگلىزلارمۇ يوق. شۇڭا، گېرمانلار ئىسپانلارغا ئوخشاش ھۆرۈن، چېچىلاڭغۇ، خۇراپىي ۋە رايىش، شۇڭا قورقۇشنىڭ ھاجىتى يوق. مۇشۇنداق بىر ئىتائەتچان، ئاقىلانە، ئېغىر - بېسىق ۋە سەۋرچان، ھېچقاچان تاپتىن چىقىپ كەتمەيدىغان ــ ئۇرۇش ۋاقتىدا ئارمىيەمىزدىن بىرەر كىشىنىمۇ قەتل قىلىپ باقمىغان خەلقنىڭ قورققۇدەك نېمىسى بار! ــ دېگەنىدى.

ناپولېئون گېرمانلارنىڭ ھېسسىيات جەھەتتە پادىشاھپەرەسلىككە مايىل ئىكەنلىكىنىلا بىلگەچكە، «گېرمان پادىشاھلىرىنى كونترول قىلغانلىق گېرمان خەلقىنى كونترول قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلغانىدى.

ھالبۇكى، تارىخ بەزىدە تالانت ئىگىسىنىڭ ئىرادىسىگە

بىقىنماي، دەۋر رىتىمىنى ئۆز ئالدىغا بەلگىلەپ قويىدۇ. ئەركىنلىك روھى يەنە ئۆز ماكانىغا، خەلقنىڭ قەلبىگە قايتىپ كەلدى، ئىلگىرى ناپولېئوننىڭ ئەركىنلىك نامىدا بەگ ـ پادىشاھلارنى قارىلاپ خەلقنى ئويغاتقىنىغا ئوخشاش، ھازىر خەلق ئەركىنلىك ئۈچۈن ئىسيان كۆتۈرۈپ، بۇ شاھىنشاھنى قارىلىماقتا ئىدى. تەقدىر ـ ئىرادە بىلەن يۇز بەرگەن بۇ ئۇلۇغ ھەرىكەت نۇرغۇن ئەرزىمەس ئۇششاق ئارزۇلارنىڭ ۋە ئۇششاق گۇرۇھلارنىڭ قايىنىمىدا سۇسلاپ قالغانىدى، يەنە كېلىپ يىگىرمە يىلدىن كېيىن تۇزۇلگەن ئىنقىلابنىڭ مەنىۋى داھىيىنىڭ قۇدرىتىنى بوغۇپ تاشلاش مەقسىتىدىكى فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاقمۇ، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بەربىر قانۇنسىز ئىدى؛ ئۆزىنى ياراتقۇچى نامىدا ئاتاشقا پېتىنىغان بۇ بىردىنبىر ھۆكۈمران ئالدىدا كونا پادىشاھلار ئىتتىپاقى ئاجىز، ئىناقسىز، چىرىك ئىدى. يەنە كېلىپ بۇ ئىتتىپاق ئىچىدە ئۇلۇغ روھ ئىگىسى بولمىش داھىينىڭ چىقىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

بىراق، ئىسپان ۋە گېرمان خەلقىنىڭ ئۆز پادىشاھ ـ بەگلىرىنى جاسارەت بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشكە قىستىغانلىقى ناپولېئوندىن ئىبارەت بۇ زوراۋاننىڭ تىراگېدىيەلىك يوسۇندا تەختتىن غۇلاپ چۈشۈرۈلۈشىگە ئادىللىق ۋە ھەققانىيلىق تۈسى بەرگەنىدى. كېيىنكىلەرنىڭ تارىخنامىلەردىن ئاشۇ ئۇۋچىلارنىڭ تەڭلا ئوق ئۇزۇپ بۇ شىرنى ئۆلتۈرگەنلىكى توغرىسىدىكى بايانلارنى ئوقۇغىنىدا چىداشلىق بېرەلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ ئىدى.

## توققۇزىنچى، ئىلاھقا خىرىس

لاتسىيە ئوغلىغا غەمكىن بىر ھالدا قاراپ تۇراتتى. چۈنكى، ئوغلىنىڭ تۇرۇلگەن قوشۇمىسى ئاغزىدىن چىقىرىشنى

خالىمايدىغان كۆڭلىدىكى دەردىنى ئېيتىپ تۇراتتى. «قانداق ياردەم بەرسە بولار؟ ئىشەنچلىك ئادەم تېپىپ بېرىشى كېرەك.» لاتسىيەگە ئايانكى، ئىشەنچلىك ئادەملىرىدىن نۇرغۇنى ئوغلىغا ئاسىيلىق قىلغانىدى. شۇڭا تالانتسىز ۋە پاراسەتسىز بولسىمۇ سادىق قەلبى بىلەن مەدەت بېرىدىغان قېرىنداشلىرىغا موھتاج ئىدى. لاتسىيە شۇنىڭ بىلەن يىراقلاردىكى — لوندون، گىرانتسىلاردىكى ئوغۇللىرىغا خەت يېزىپ، ئاكا ـ ئىنىلەرنىڭ يارىشىۋېلىشىغا يول ئاچتى. كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئىمپېراتور بىلەن ئون يىل ئاداۋەتلەشكەن لۇسىئاندىن خەت كەلدى، خېتىدە ناپولېئون ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتىلغانىدى.

ناپولېئون ئۆزىدەك بىر زور ھوقۇق ئىگىسىنىڭمۇ باشقىلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمىدى. گەرچە لۇسىئاننى قېرىنداشلىرى ئىچىدە ئەڭ قابىل دەپ قارىسىمۇ، مۇنداقلا ئۆستۈرۈپ قويۇش خىيالىدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئاپىسى ئارقىلىق ئۇچۇر ئەۋەتمەكچى بولۇپ:

— مېنىڭ نامىمدا خەت يېزىپ، خېتىنىڭ قەلبىمدە ئورتاق سادا قوزغىغانلىقىنى ئېيتىپ قويسىڭىز ئىكەن. توسكانانىڭ پادىشاھلىق تەختىنى بەرمەكچىمەن، سەنئەتخومار بولغاچقا فىرېنزېغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا تازا باب كېلىدۇ ھەمدە فىرېنزېنىڭ بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى شۆھرىتىنى قايتا زاھىر قىلىپ بېرەلەيدۇ، — دېدى.

لۇئىسمۇ دۆلەت ئۈچۈن بار كۈچىنى تەقدىم قىلىشقا رازى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ خەت ياردى ھەمدە يېقىندا يازغان شېئىرلار توپلىمىنىمۇ قوشۇپ ئەۋەتتى. بىراق، بۇ سابىق گوللاندىيە پادىشاھى ئاكىسىنىڭ تېخىمۇ تەكەببۇرلۇق بىلەن

يېزىلغان خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى. بۇ خەتتە: «مېنىڭ ئەھۋالىم توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرۇڭ پۈتۈنلەي خاتا. مىليون كىشىلىك قوراللىق قوشۇنغا ۋە ئىككى يۈز مىليون فرانك ھەربىي خىراجەتكە ئېگىمەن. گوللاندىيەمۇ فرانسىيەگە مەنسۇپ... ئىراق، مەن سېنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئاتا ئورنىدا سېنى قوبۇل كۆرىمەن» دېيىلگەنىدى.

ئىمپېراتور بۇ جاۋاب خېتىنى ئاپىسىغا ئۆز ئاغزى بىلەن ئوقۇپ بەردى. لاتىسىيە بولسا، ئۈچۈر خەتتىكى قاتتىق ۋەزىنىنى يۇمشىتىش ئۈچۈن ئۇزۇن بىر پارچە خەت يېزىپ قوشۇمچە قىلدى. خېتىدە لۇئىسقا بالىلىرىنىڭ نەقەدەر كۆيۈمچان ئىكەنلىكىنى، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پارىژغا كېلىپ كېتىشى كېرەكلىكىنى ئېيتقانىدى. «ئىمپېراتور شېئىرلار توپلىمىڭنى ماڭا كۆرسىتىشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. مەن ئىمپېراتوردىن سوراپ ئېلىپ ئوقۇيمەن، كېلەركى قېتىمدا بۇ شېئىرلار توپلىمىڭ توغرىسىدىكى تەسىراتىمنى يازىمەن.» بۇ بوزرۇكۋار خانىم ئىككىنچى كۈنى ھۆكۈمەت ئاخباراتىدىن «ناپلېس پادىشاھى ۋىيېننادا تۇرۇشلۇق ئەلچىسىنى چاقىرتىۋالدى» دەپ يېزىلغان ئۆتكۈر بىر پارچە ماقالىنى كۆردى. «بۇ نېمە گەپ» دەپ سورىۋىدى، سىرداشلىرى دۇدۇقلىغىنىچە «مۇرات كارولىنانىڭ دەيدەيگە سېلىشى ئارقىسىدا ۋىيېننا بىلەن تىل بىرىكتۈرۈشۈۋالغانىكەن، ھازىر بۇ ئەر ـ خوتۇن ئىككىيۈزلىمىچى بولۇپ كېتىپتۇ» دەپ ئېيتىپ بەردى. لاتىسىيە بۇ قىزىغا خەت يېزىپ قاتتىق ئەيىبلىدى؛ ئاندىن يوسىفنىڭ ئايالى ئارقىلىق يوسىفقا تەسەللى بەردى. يوسىف ئىسپانىيە ئۇرۇشىدا ناپولېئون ماڭا تولۇق مەدەتكار بولمىدى دەپ ئاغرىنىپ يۈرەتتى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن ناپولېئون ئاشكارا ئەيىبلەپ فىرانسىيەگە قايتۇرۇۋەتكەن ژېرومىغا تەسەللى بەردى؛ ئاخىردا

لۇئىسنىڭ پارىژغا قايتىپ كېلىشىنى توسۇشقا ئۇرۇنغان ئوتانىسقا نەسىھەت قىلدى. ئاتمىش بەش ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ ئانا ئوغۇللىرى، قىزلىرى، كېلىنلىرى، كۈيئو ئوغۇللىرى ئارىسىدا كۈچىنىڭ بارىچە مۇرەسسەگە چۈشتى. ئانىنىڭ قارىشىچە، جاھان ئەھلىنىڭ زوقى كېلىدىغان بۇ ئائىلىدىكى دۆلەتمەنلىك ئائىلە ئەزالىرىغا ئىناقسىزلىق، ھەسەتخورلۇق، تەكەببۇرلۇق، سۇرگۈندىلىك ۋە ئاسىيلىقتىن باشقا ھېچنېمە بەخش ئەتمىگەنىدى. كورسىكانى سېغىناتتى، ئارالدا ئەجدادلىرى ھەمىشە ئېجىل ـ ئىناق ئۆتۈپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ يات قوۋملارغا تاقابىل تۇراتتى. ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ كۆزلىرى روشەن بۇ ئانا بوناپارت جەمەتىنىڭ ئامىتى قېچىپ، زاۋاللىققا يۈز تۇتۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى.

ئىمپېراتور بۇ ئىشلارنى خۇسۇسىي ھېسسىياتىدىن خالىي سىياسىي نۇقتىئىنەزەر بىلەن ئويلىنىپ بىر تەرەپ قىلاتتى. مۇرات بىلەن كارولىنانى ئاسىي دەپ ھۆكۈم قىلاتتى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇراتنىڭ قوشۇنىنى قانداق قىلىپ ئۆزۈمگە باغلىۋالارمەن دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە سوئال قوياتتى. ئاشۇ مەقسەتتە سىڭلىسىغا سىلىق تەلەپپۇزدا خەت يېزىپ: «ئېرىڭگە ئۇقتۇرۇپ قويغىن، ئۇرۇش پارتلاش ئالدىدا تۇرىدۇ، قوشۇنلىرىنى يۆتكەشكە ھازىرلانسۇن» دېدى. مۇرات ئاخىرقى ھېسابتا ئەسكەر چېقىرىشقا ماقۇل بولدى. چۈنكى، بۇ ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن «ئىمپېراتور يەنە بىر قېتىم نۇسرەت قازىنىشى مۇمكىن، ئەگەر سۇلھى قىلمايدىغان بولساق بىر كېچىدىلا تاجىمىزدىن مەھرۇم قالىمىز» دەپ ئويلىغانىدى. بىراق، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار ئىككى كېمىگە تەڭ دەسسىگەنىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەنگلىيە ۋە ئۆزلىرى قوغلىۋەتكەن سابىق سىتسىلىيە پادىشاھى بىلەنمۇ مەخپىي كېلىشىم تۈزۈۋالدى،

ناۋادا فىرانسىيەنىڭ دۈشمەنلىرى قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ باستۇرۇپ كەلگۈدەك بولسا، ئۇلار مۇشۇ شەرتنامىگە ئاساسەن ئۆزىنى دالدىغا ئالماقچىدى.

ئىمپېراتور مۇراتقا ئوخشاشلا تۇغقان ھەم ئاسىي دەپ قارايدىغان بېرنادوت بىلەنمۇ سۈلھى قىلماقچى بولدى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن پومۇرزېنىڭ پادىشاھلىقىنى سۈيۈنچە ھېسابىدا بېرىشكە رازى ئىدى. ۋاھالەنكى، فىرانسىيەگە پادىشاھ بولۇش كويىدا يۈرگەن بېرنادوت پومۇرزېنى كىچىك كۆرگەچكە، پومۇرزېغا ھۆكۈمران بولغاندىن كۆرە فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاققا كىرىشنى بەكرەك خالايتتى. شۇڭا، ناپولېئوننىڭ كونا رەقىبى فىن ستېل خانىم بېرلىندا ئۆتكۈزگەن تانسا كېچىلىكىدە ئاتايىن پىرۇسسىيەلىكلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالدى. شۇنداق قىلىپ ئىمپېراتورغا خىلىدىن بىرى ئۆچمەنلىك ساقلاپ كەلگەن بۇ ۋەتەنداشلار ئۆزلىرىگە ئوخشاشلا ئېزىلىۋاتقان پىرۇسسىيەلىكلەر بىلەن بىر بۇرۇندىن نەپەس ئالدى.

ئىمپېراتور قاتىلاڭچىلىق بىلەن ئۆتكەن بۇ بىرقانچە ھەپتە ئىچىدە ئۆزىگە تارتماقچى بولغان ئۈچىنچى رەقىبى بولمىش پاپانى فىندانبىللۇغا كەلتۈرۈپ، ئۆزىگە سادىق ئېپىسكوپلارنى ئارىغا سېلىپ نەسىھەت قىلدۇردى، ئاندىن ئۆزى بىۋاستە ئوتتۇرىغا چىقىپ تاكى پاپا يول قويغانغا قەدەر تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئىمپېراتور پاپانىڭ پۇتىغا ھۆل خىش قويۇپ، «ئەگەر پۈتكۈل گېرمانىيە يېڭىباشتىن كاتولىكلاشتۇرۇلىدىغان بولسا، چىركاۋ شۇ قەدەر زورايغان بولار ئىدى» دېدى. ناپولېئون ئەرزىمەس ئىشلاردا يول قويۇش، قۇۋلۇق ئىشلىتىش ئارقىلىق ئاخىرقى ھېسابتا پاپا بىلەن يېڭى «خاس دىنىي شەرتنامە» تۈزۈشۈۋالدى، بۇنىڭ بىلەن ئاساسىي مەسىلىلەردە ئۆزىنىڭ

غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولاتتى، مۇشۇ پۇرسەتتە بارلىق بېقىندى ئەللەردىكى كاتولىكلاردىن ئەسكەر ئالالايتتى. پاپا پۈتۈمگە ئىمزا قويۇپ بىر ھەپتىدىن كېيىن ۋەدىسىدىن يېنىۋالماقچى بولۇۋىدى، ئىمپېراتور كۈلۈپ تۇرۇپ:

— پاپا ھەزرەتلىرى مۇتلەق توغرا ئىش قىلدى، خاتالاشمايدۇ، — دېدى.

شۇ مەزگىلدە تىنچلىق ساداسى پۈتكۈل ياۋروپانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەنىدى. ۋىيېننادا ناپولېئون بىلەن سۆھبەتلەشكەن گىراف بېربونا پارىژغا كېلىپ، ناپولېئوندىن سۈلھى تەلەپ قىلدى. چۈنكى، ۋىيېننا قوشۇن ئەۋەتىشكىمۇ، ئىمپېراتورنىڭ قوشۇن ئەۋەتىش تەلىپىنى رەت قىلىشقىمۇ قادىر ئەمەس ئىدى. ئەگەر مۇشۇ ئاي ئىچىدە فىرانسىيە تىنچلىق تەلەپ قىلىدىغان بولسا، تىنچلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تامامەن مۇمكىن ئىدى. تىنچلىققا ھەممىدىن موھتاج ئادەم نېمە ئۈچۈن ئۇرۇنداش مۇمكىن بولمايدىغان شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ؟

ئىمپېراتور ئون يىل مابەينىدە دەسلەپ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇرۇش قوزغاۋېرىپ، خەتەر ئىچىدە كۈنسايىن يېتىم قالغانىدى، شۇنىڭ بىلەن قەلبىدە خۇددى ياش چاغلىرىدىكىدەكلا ئۇرۇش ئىستىكى پەيدا بولدى. دېمەك، يېڭىلمەس غالىب چاغلىرىدا ئۇرۇشتىن يالتايغان بىر ئادەم مەغلۇپ چېغىدا يېڭى غەلىبىگە تەشنا بولماقتا ئىدى.

ئۇرۇشتىن ساقلىنىشقا كۆزى يەتمىگەن ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئىش بۇ يەرگە يەتكەندە ھە دەپ ھەربىي ھازىرلىقلارنى جىددىيلەشتۈرۈشكە كىرىشتى. ئەنگلىيە شىۋېتسارىيە ۋە پىرۇسسىيەلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى، چار پادىشاھ پىرۇسسىيەنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن شەرقىي پىرۇسسىيەنى

ئۆزگە قوشۇۋېلىش تەلىپىدىن ۋاز كەچتى، پىرۇسسىيە بارلىق گېرمانلارنى قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسىتىشكە چاقىردى، ئاۋستىرىيە رۇسىيە بىلەن ئۇرۇش توختاتتى، ساكسونىيە، باۋارىيەلەر بىلەن، ھەتتا ژېرومې بىلەنمۇ تىنچلىق شەرتنامىسى تۈزۈشكە تىرىشتى. فىرانسىس قوشۇنىنى كىراكوۋغا چېكىندۈردى. روشەنكى، ئىمپېراتورلار ئارىسىدىكى بولغۇسى ئۇرۇشلارغا ئارىلىشىپ قېلىشتىن ئۆزىنى تارتماقچىدى.

— ئىتتىپاقداشلىق ئەھدىنامىسىدىن يېنىۋېلىشنىڭ بىرىنچى قەدىمى بۇ! — دەپ ۋارقىرىدى ئىمپېراتور بۇ خەۋەرلەرنى ئاڭلىغىنىدا.

ئەمدى قالدۇق قوشۇنلىرىنى ۋېكسىل دەرياسى بويىدىن ئۇد دەرياسى بويىغا يۆتكىمىسە بولمايتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ۋېيېننادا سېتسىلىيەنى ئاۋستىرىيەگە قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى، ۋېيېننا تەرەپ بولسا ئۆزرە بىلەن رەت قىلىپ، ئاچقۇچلۇق ئۆتكۈنچى مەزگىلدە قوراللىق مۇرەسسەچى بولۇۋالدى. بارلىق دۆلەتلەر قوشۇنلىرىنى رەتلەپ تەق بولغانىدى، پىرۇسسىيەنىڭ ئۇرۇش ئېلان قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇچۇر پارىژغا يەتكەندە تاللېيران ئاستىرتىن ئىچىدە كۈلدى:

— ۋاقتى كەلدى، ئىمپېراتور ناپولېئون ئەمدى پەقەت فىرانسىيە پادىشاھى بولۇپ قالىدۇ.

بۇ تولىمۇ سالماق ئېيتىلغان سۆز بولدى. بۇ ئادەم ئىشنىڭ بۇ دەرىجىگە يېتىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلمايدىغاندەك قىياپەتتە كۆرۈنگىنى بىلەن ئىچىدە شۇنداق بولۇپ قېلىشىنى تىلەيتتى. قوشۇنلارنىڭ ھەربىي تەييارلىقى ۋە كىشىلەرنىڭ روھىي تەييارلىقى پۇتۇنمۇ قالغانىدى، ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى شۇ قەدەر تېز بولۇپ كەتتىكى، بۇ چاغدا ئۇرۇش ماشىنىسى قوزغالغان

بولۇپ، ئەمدى توختىتىۋالغىلى بولمايتتى. ھالبۇكى، ئۇرۇشنى توختىتىۋېلىش قولىدىن كېلىدىغان بىردىنبىر ئادەم بولسا ئۇرۇشنى توختىتىۋېلىشنى خالىمايتتى.

ناپولېئون ئالدى بىلەن ھەممە ئىشنى ئاددىي بىر تەرەپ قىلىشقا تىرىشتى.

— بۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈشنى يېگىنچە ئورۇنلاشتۇرماقچىمەن، ئارتۇقچە ئادەم ئېلىپ ماڭمايمەن، — دېدى ناپولېئون، — ئاشپەز ۋە قازان - قومۇچلارنىمۇ ئازايتىمەن، ھەر ۋاق غىزادا ئۈچ خىل تائام بولسىلا كۇپايە... ھېچقانداق خىزمەتكارنىڭ كېرىكى يوق، تۆت ئەمەس، ئىككى كارىۋات، ئىككى چېدىر بولسىلا كۇپايە.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، كىچىك ئوردا ياسىتىش ئۈچۈن چېرتيوژ ئىشلەتكۈزدى.

— ئوردا ھەشەمەتلىك بولۇپ كەتمىسۇن، ئازادە بولسۇن، ئەتراپى گۈللۈك بولسۇن، گۈللۈك ئۆيۈمدىن كۆرۈنۈپ تۇرسۇن... سەرەمجانلىرى ئادەتتىكى بايلارنىڭ سەھرا داچىسىدەك بولسىلا كۇپايە...

ناپولېئون رۇسىيەدىن قايتىپ كېلىپ تۆت ئايدىن كېيىن يەنە بىر قېتىم جەڭگاھقا ئاتلاندى. ساينىت كىلاۋد قەسرىدە زۇۋان سۈرمەي ئۇيغا پاتقان بىر ھالدا سەپەر ھارۋىسىغا چىقتى - دە، ھارۋىدىكى كىرىسلوغا چۆكۈپ، قولىدا پېشانىسىنى تىرەپ ئولتۇردى. يېنىدا ھەمراھ بولۇپ ماڭغان بىربوتقا بىردىنلا ئىچىنى تۆكۈپ بەردى:

— دىلكەش لوئىزا بىلەن ئوماق ئوغلۇمدىن ئايرىلغۇم يوق ئىدى. مەن دۆلىتىمدىكى ئەڭ نامرات دېھقانغىمۇ ھەسەت قىلىمەن. ئۇلار مېنىڭ يېشىمدا ھەربىي مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىپ بولۇپ ئۆيلىرىدە خوتۇن - بالىلىرى بىلەن بىللە ئائىلىۋى بەخت - سائادەتنىڭ پەيزىنى سۈرىدۇ. مېنى بولسا

چۈشىنىكسىز تەقدىر ـ قىسمەت ئارقا ـ ئارقىدىن جەڭگاھقا ئىتتىرىپ كېلىۋاتىدۇ.

ناپولېئوننىڭ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن بىللە ئۆتۈپ ئائىلىۋى تۇرمۇشنىڭ پەيزىنى سۈرۈش ئارزۇسى كۈچىيىپ كەتتى. ھالبۇكى، تېخى يەتتە يىل ئىلگىرىلا كاللىسى ئاجايىپ تەسەۋۋۇرلار بىلەن تولغانىدى. ھايات كومېدىيەسىنىڭ تۆتىنچى پەردىسىدە پەيدا بولغان بۇنداق مۈرەككەپ كەيپىيات ۋە قاتمۇقات روھىي كۆلەڭگە پەقەت رۇسىيەدىكى مەغلۇبىيىتىنىڭ ئاقىۋىتىمىدۇ؟ بۇ ۋاقىتسىزلا قېرىلىق يەتكەن، كېسەل چىرمىۋالغانلىقتىن خىزمىتىنى دائىم ئۈزۈپ قويۇشقا مەجبۇر بولىدىغان، يېشى قىرىقتىن ھالقىغان بىر كىشىنىڭ ئادەتتىكىچە ئاددىي ئاۋامغا خاس تۇرمۇشقا ئىنتىلىشى ئىدى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى ئۆيىدىكىلەر بىلەن بىللە تىنچقىنا ئۆتكۈزۈشنى ئىستەيتتى. ۋاھالەنكى، ئاپىسى ۋە ئاكا ـ ئۇكىلىرىدەك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلمەيتتى.

تەقدىر ئىلاھى ياشلىقىدا سۆيگۈ شادلىقى ئاتا قىلغان كىشىنىڭ ياشانغىنىدا بەدەل تۆلىشىگە توغرا كېلىدۇ. ناپولېئون ئۆز ۋاقتىدا شۇ قەدەر زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن بولسىمۇ، بۈگۈنكى كۈندە شۇ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ قەنتىنى تېتىشقا ئامالسىز ئىدى. تەڭرىلەرگە خىرىس قىلىۋىدى، ئۇلار ئاخىرى يەڭ شىمايلاپ يېتىپ كەلدى.

## ئۇنىنچى، شاھمات ئۇرۇقلىرىم قالايمىقانلىشىپ كەتتى

مايىنتىزدىكى بىرىنچى قېتىملىق ھەربىي پاراتتىن مەلۇم بولدىكى، قوبۇل قىلىنغان لەشكەر سانى ئويلىغىنىدەك ئۈچ يۈز مىڭ بولماستىن، بىر يۈز سەكسەن مىڭ ئىدى، يەنە كېلىپ

چەۋەندازلار بەكلا ئاز، قاتىلاڭچىلىقتا قوشۇنغا قورال ـ ياراقلارمۇ تولۇق سەپلەنمىگەن، ئەڭ خىل زەمبىرەكلەر رۇسلارنىڭ ياكى ئىسپانلارنىڭ قولىغا چۈشكەن، ئوفىتسېرلار سانى زور دەرىجىدە ئازايغان، ياردارلارنى قۇتقۇزۇش سىستېمىسى تولىمۇ چولتا ئىدى. ئىمپېراتور بۇ پۇچەك قوشۇنغا قاراپ ئۆتكەن كۈنلەردىكى شان ـ شەۋكىتى ۋە ئامەتلىرىنى، گاننات ۋە نايىسلاردىكى ئىشلارنى ئەسكە ئالدى: ئاپرېل كۈنلىرى ئىدى، گېنېرال بوناپارت ئەبگار قوشۇننى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، يېرىم ئاچ ـ يېرىم توق، كىيىمى يىلىڭ لەشكەرلەرنى باشلاپ تاغ ـ داۋانلار ئېشىپ غەلىبىسېرى ئىلگىرىلىگەندى. مانا، ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە ئون يەتتە يىل ئۆتۈپتۇ.

— بۇ ئۇرۇشقا ئۆز ۋاقتىدىكى بوناپارت بولۇپ قوماندانلىق قىلىمەن، — دېدى ئىمپېراتور ئاشۇ چاغلارنى ئېسىگە ئېلىشى بىلەنلا روھلىنىپ.

ئىمپېراتور غەيرەت بىلەن ئۈمىدسىزلىك گىرەلىشىپ كەتكەن ئەنە شۇنداق بىر روھىي ھالەتتە بۇ جەڭگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاتلاندى. ئىلگىرىكى يىللاردىكىگە قارىغاندا ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بەرمەس بولۇپ كەتكەندى، يەنە كېلىپ بىرىنچى كۈندىكى جەڭدە زادىلا ئۇخلىمىدى. ئىككىنچى كۈندىكى جەڭ ئوڭۇشلۇق بولغاندى، ئىمپېراتور مارمېنتنىڭ بارگاھىدا تېگىگە ئېيىق تېرىسىنى سالدۇرۇپ يېتىپلا قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى. كىشىلەر بىر سائەتتىن كېيىن ئويغىتىپ، غەلىبە خەۋىرىنى يەتكۈزگىنىدە چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ـ دە، قىزىقچىلىق قىلىپ:

— كۆرمەمدىغان، ئىشنىڭ ياخشىسى ئۇخلاپ قالغاندا بولىدىكەن ئەمەسمۇ! — دېدى.

ناپولېئون گېنېرال بوناپارت سۈپىتىدە بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرەر ـ كەلتۈرمەي تۇرۇپلا يەنە سىياسىيون ۋە ئىمپېراتور سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، تەرەپ ـ تەرەپكە خەت يېزىپ بۇ غەلىبە خەۋىرىنى داۋراڭ سېلىپ، ئارىسال بولۇپ تۇرغان ساكسىنىيە پادىشاھىنى ئۆزى بىلەن بىرلىشىشكە قىستىدى، رېيىن ئىتتىپاقى تەركىبىدىكى ئەللەرنىڭ پادىشاھلىرىغا تەگرىنىڭ ئىرادىسى ۋە ئۇرۇشنىڭ تەقدىرىنى شېپى كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى داۋاملىق ئۆزى بىلەن بىر سەپتە بولۇشقا دەۋەت قىلدى، رۇسىيە قوشۇنىنىڭ ئالدىنقى سەپ قاراۋۇلخانىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، چار پادىشاھقا پولشانى پىرۇسسىيە ۋە باشقا زېمىنلارغا تېگىشىش چارىسىنى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويۇپ، چار پادىشاھنى ماقۇل بولۇشقا قىستىدى، ھەتتا شۇنىڭغا ئوخشاش تەكەببۇرانە ۋەزنىدە ئاۋستىرىيە ئىمپېراتورى فىرانسىسقا خەت يېزىپ: «مەن قوشۇنۇمنىڭ جىمى ھەرىكىتىگە بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلىپ ئوق يامغۇرى ئىچىدە يۈردۈم، ئەمما ماڭا كىچىككىنە زەخمەتمۇ يەتمىدى» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن تەقدىرنىڭ سىگنالى كۈنسايىن كۈچىيىشكە باشلىغانىدى.

يېقىندا باۋتىزېندا يەنە بىر قېتىم غەلىبىلىك ئۇرۇش قىلدى، ئەمما بىرەر لەشكەرنىمۇ ئەسىر ئالالمىدى. ئۇرۇش باشلىنىپ ئىككىنچى كۈنى ئوق يامغۇرىغا پەرۋا قىلماي ئېتىغا مىنىپ يەنە جەڭگاھقا كىردى، گورگۇد بىلەن دوستى دۇرۇك بۇ چاغدا بۇرۇنقىدەكلا ھەمراھ بولۇپ بىللە كەلگەنىدى. ئىمپېراتور ئەتراپىدا ئوفىتسېر ـ لەشكەرلىرىنىڭ تىنماي ئوق تېگىپ يىقىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە كىچىك بىر دۆڭگە چىقتى، كانۋېيى سوگدىشىپ كەلگەنىدى، ئەتراپتىن ئىس ـ تۈتەك ۋە چاڭ ـ

تورزان پۇرقىراپ كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى، يېنىغىلا بىر پاي توپ ئوقى چۈشۈپ، بىر تۈپ دەرەخنى سۇندۇرۇپ تاشلىدى، ئىمپېراتور شارتتىدە ئۆزىنى قاچۇرۇپ بىر چەتكە ئۆتۈۋالدى. شۇ ئەسنادا ھاسىراپ ـ ھۆمۈدىگىنىچە يېتىپ كەلگەن ياش بىر ئوفىتسېر دۇدۇقلىغىنىچە:

ــ دۇروك قۇربان بولدى، ــ دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.

ــ مۇمكىن ئەمەس! بايىلا يېنىمدا ئىدىغۇ!

ــ ھېلىقى دەرەخكە تەگكەن توپ ئوقى دۇروكقىمۇ چاچراپ كېتىپتۇ.

ئىمپېراتور ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، بارگاھقا قايتىپ كەلدى.

ــ تەقدىرنىڭ كۆزى قاچانمۇ ئېچىلار؟ بۇ ئىشلار قاچانمۇ ئاياغلىشار؟ گورگۇد، بۇركۇت تۇغۇم ئۇزۇكسىز نۇسرەت قۇچۇۋاتىدۇ، ئۆمۈر يولىتۇزۇم بولسا كۇنسايىن خىرەلىشىۋاتىدۇ، ــ دېدى ھەسرەت بىلەن.

دۇروك نەق مەيداندا جان ئۈزمىگەن بولۇپ، سەكراتتا ئىدى. ئىمپېراتور پۇت ـ قوللىرى قىيما ـ چىيما بولۇپ كەتكەن، ئۇچىيى ساڭگىلاپ قالغان دوستى دۇروكنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىنى كۆرۈپ چىدىمايلا قالدى، ھەر ئىككىيلەن تارام ـ تارام ياش تۆككىنىچە تەكرار ـ تەكرار ۋىدالاشتى.

ــ مۇشۇنداق بولارىنى ساڭا دىرېستوندىكى چاغدىلا ئېيتقانىدىم، كۆڭلۈم... ئەپيۇن بەرگىن... ــ دېدى بۇ ئەزىمەت ئۆلۈم ئالدىدا.

ئاھ، بۇ ئاۋاز، بىردىنلا دوستلارغا خاس سەنلىشىش، ئۆلۈمگە پىسەنت قىلمايدىغان ئەزىمەتنىڭ ئاخىرقى ئىلتىماسى! ئىمپېراتور سەنتۈرۈلگىنىچە سىرتقا چىقىپ كەتتى. شۇ ماڭغىنىچە بىر دېھقاننىڭ ھويلىسى يېنىدا توختاپ، دوستى

يىقىلغان جايغا بىرپەس قاراپ تۇردى، ئاندىن ئەگىپ ئۆتۈپ بىر تۆپىلىككە كەلدى، بۇ يەردە مۇھاپىزەتچىلەر ئىمپېراتورنىڭ چېدىرىنى ئارىغا ئېلىپ چاسا سەپ تۈزۈپ تۇرۇشقانىدى. ئىمپېراتور شۇ ئاخشىمى كۈل رەڭ پەلتويىنى يېپىنچاقلاپ، چېدىردىن چىقىپ قاتلىما ئورۇندۇقتا ھەسرەت چېكىپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى، مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى قۇلىقىغا كىرىپ تۇراتتى، بۆكتۈرمە قوشۇندىكى لەشكەرلەرنىڭ ناخشا ئاۋازى يىراقلاردىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ماي ئېيىنىڭ كېچە ئاسمىنى پەلەككە كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان گۈلخان نۇرىدا خىرە يورۇپ تۇراتتى، ئوت قويۇۋېتىلگەن ئىككى مەھەللە گويا غايەت زور مەشئەلدەك لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتاتتى، سەھرا تاجى دەپ ئاتىلىدىغان تاغ ئۈپۈق سىزىقىدا خىرە - شىرە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۇ ئەسنادا بىر ئوفىتسېر ناپولېئوننىڭ ئالدىغا كەلدى - يۇ، ئىككىلىنىپ ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالماي تۇرۇپ قالدى، ئىمپېراتور ئۇنىڭ روھىي ھالىتىدىنلا دۇروكنىڭ جان ئۈزگەنلىكىنى بىلىپ يەتتى.

ئىمپېراتور ئەتىسى دۇروك يىقىلغان يەرنى سېتىۋېلىپ، شۇ يەرگە قەبرە تېشى ئورناتتى، قەبرە تېشىغا: «ئىمپېراتور ناپولېئوننىڭ بۈيۈك مارشالى دۇروك مۇشۇ يەردە توپ ئوقى تېگىپ شەرەپ بىلەن قۇربان بولغان، ئىمپېراتورنىڭ — يېقىن دوستىنىڭ قۇچىقىدا جان ئۈزگەن» دەپ يېزىلغانىدى.

ئىلگىرى گېنېرال بوناپارتنىڭ مۇنداق ئەھۋالدا ھەسرەت چېكىپ ئولتۇرۇشقا چولىسى تەگمەيتتى، بىۋاپا خانىمىنىڭ مۇھەببىتىدىن مەھرۇم قېلىپ ئەلەمدىن يۈرىكى قاتتىق ئېچىشىۋاتقان چاغلاردىمۇ باتۇرلۇق بىلەن ئۈزۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىگەنىدى. شۇ تاپتا سېتىسلىيەنى تۇغرا كېسىپ ئۆتۈپ داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، رۇسلارنى پولشاغا قوغلاپ ئاپىرىۋېتىشى،

روسىيەنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىغا شۇبھىلىنىپ تۇرغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چاقماق تېزلىكىدە زەربە بېرىش ئارقىلىق ئىككىلىنىپ تۇرۇۋاتقان خابىسبۇرگ جەمەتىنى ئۆزى تەرەپتە تۇرۇشقا مەجبۇرلىشى كېرەك ئىدى. كېيىن ئەسلىمىسىدە قەيت قىلىشىچە، مۇشۇنداق قىلمىغانلىقى ئۆمرىدىكى ئەڭ چوڭ سەۋەنلىكى ئىكەن. دېمەك، ئىمپېراتورغا خاس ئەندىشىسى گېنېرال بوناپارتقا خاس چەبدەسلىكىگە يەنە بىر قېتىم كاشىلا بولدى: ئىيۇلنىڭ بېشىدا سېتسىلىيەدە ئالتە ئاي ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى تۈزدى، بۇنىڭ بىلەن رەقىبىگە رېيھېنباخ ۋە پىراگالاردا ئىككى قېتىم يىغىن ئېچىپ تامامەن بىردەك پىكىر ھاسىل قىلىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بەردى.

ئىككىلىنىپ تۇرغان گېرمان پادىشاھلىرىغا ئالدانغانمۇ؟ ياق، ئىمپېراتور ئۇلارنى بەش قولدەك ئوبدان بىلىدۇ.

— ساكسىنىيەلىكلەر باشقا گېرمانلارغا ئوخشاشلا پىرۇسسىيەنى ئۇلگە قىلىشقا ئامراق، ساكسىنىيە پادىشاھى ماڭا سادىق، ئەمما ئۇلارنىڭ قوشۇنىغا تايانسام بولمايدۇ... ئاۋستىرىيە تولىمۇ يۈزسىزلىك قىلدى، ئۇلار شېرىن ـ شېكەر سۆزلىرى بىلەن مەندىن دالماتسىيە بىلەن ئېستىرىيەنى ئېلىۋالماقچى بولۇشتى... دۇنيادا ۋىيېننا ئوردىسىدىكىلەردىنمۇ ئۆتە ساختىپەز يوق! بۇگۈن ئارزۇسىغا يەتكۈزىدىغان بولسام، ئەتىلا مەندىن ئىتالىيەنى ۋە گېرمانىيەنى تەلەپ قىلىدۇ.

شۇ تاپتا خابىسبۇرگ جەمەتىنىڭ دۈشمەن بارگاھىغا ئېغىپ كېتىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەن ئىمپېراتور ئۆزىنىڭ ئۇلار بىلەن تويلىشىپ خاتا قىلغانلىقىنى تونۇپ يەتتى. ئەپسۇسكى، ئەمدى كېچىككەنىدى. بۇ نىكاھ ئىمپېراتورغا ھېچقانداق پايدا يەتكۈزمىدى، ئەكسىچە نۇرغۇن نەرسىدىن قۇرۇق

قويدى.

ئىمپېراتور ئۆزىگە ئىتائەت قىلىشقىمۇ، قارشى چىقىشىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان بەگ ـ پادىشاھلار بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتۈشكە مەجبۇر ئىدى، ھىيلە ـ مىكىر ۋە سۈيىقەستلەر بىلەن تولغان مۇشۇنداق بىر مۇھىتتا خائىن دەل ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى بولۇۋالغانىدى.

— دوستىڭىز بېرنادوت بىلەن مېتتېرنىچ ئەڭ يامان دۈشمىنىم، — دېدى ئىمپېراتور فۇشېنى ئالدىغا چاقىرتىپ كېلىپ، — بېرنادوت بىزنى مۆلچەرلىگۈسىز زىيانغا دۇچار قىلىدۇ. چۈنكى، ئىستراتېگىيەلىك تەدبىرىمىزنىڭ ئاچقۇچى ۋە قوشۇنىمىزنىڭ تاكتىكىسىنى دۈشمەنلىرىمگە ئېيتىپ بېرىدۇ... ئەنئەنىۋى پادىشاھلارنىڭ ئۇچۇرۇپ قويغىنىغا بېشى ئايلىنىپ كەتتى ئۇنىڭ.

ھەرقايسى ئەل خەلقىنىڭ دولقۇنسىمان كۆتۈرۈلگەن ساداسى پادىشاھلارنىڭ قۇرۇق پاراڭلىرىنى تېزلا بېسىپ چۈشكەنىدى، ئىمپېراتورنىڭ بولسا بۇنىڭدىن پەرۋايى پەلەك ئىدى، پەقەت ھە دەپ سولىشىۋاتقان ھەرقايسى ئەل كابىنېتلىرىنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈپ تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەنگلىيەنىڭ پىرۇسسىيەگە تولىمۇ بېخىللىق بىلەن ياردەم بېرىشلىرىگە، ئالېكساندىر بىلەن فىرانسىسنىڭ ئىتتىپاقدىشى پىرۇسسىيە پادىشاھىنى ئاجىز دەپ سۆز ـ چۆچەك قىلىشلىرىغا، پىرۇسسىيە پادىشاھىنىڭ بولسا ئىنقىلابتىن قورقۇپ زاپاس ئارمىيەنى تارىتىۋەتكەنلىكىگە ھەمدە ئەڭ باتۇر شائىنخوست بىلەن ئەڭ ئەقىللىك ستەيننى ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىشقا قويۇشنى رەت قىلغانلىقىغا، شۇنداقلا، شېلدىماننى بىر قېتىملىق نۇتقىدا خەلقنىڭ ساداسىنى باتۇرلۇق بىلەن يەتكۈزگەنلىكى ئۈچۈنلا ئەمەلدىن قالدۇرۇپ سۈرگۈن قىلغانلىقلىرىغا يېقىندىن دىققەت قىلىپ كەلدى.

ئىمپېراتور فۇشىنى مەخپىي ۋەزىپە بىلەن (توغرىسىنى ئېيتقاندا جاسۇسلۇق ۋەزىپىسى بىلەن) پىراگا يىغىنىغا ئەۋەتتى.

ئىمپېراتور ئىككى قېتىملىق غەلىبىسى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ شىمالدىكى ئورنىنى مۇستەھكەملىدى. بىراق، ئاكىسى يوسېفنىڭ ئارمىيەسى ئىسپانىيەدىكى ۋىكتورىيە ئۇرۇشىدا ۋېللىڭتون تەرىپىدىن تىرىپىرەن قىلىۋېتىلگەنىدى. ئىمپېراتور يوسېفقا ئەڭ سەرخىل ئوفىتسېرلىرىنى سەپلەپ بېرىۋىدى، يوسېفنىڭ شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ قاتتىق مات بولۇپ پارىژغا تىكىۋەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقىنىدا قاتتىق غەزەپلەندى. «جىمى ئاقمۇەتكە يوسېف جاۋابكار! — دەپ يازدى پارىژغا ئەۋەتكەن خېتىدە، — ئەنگلىيەدىن ئېلىنغان ئاخباراتتىن مەلۇم بولۇشىچە، شۇ قەدەر دۆتلۈك قىلغانىكەنكى، بۇنىڭدىنمۇ ئۆتە تۇتۇرۇقسىزلارچە قوماندانلىق بولماس!... ئۇغۇ ھەربىي ئەمەس، شۇنداقتىمۇ جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ھالبۇكى، ئۇنىڭغا ناتونۇش خىزمەتنى تاپشۇرغىنىمنىڭ ئۆزىمۇ ئەڭ چوڭ خاتالىق. يوسېفقا ئېيتىپ قويۇڭ، مەن قايتىپ بېرىشتىن ئىلگىرى پارىژدا ھەرقانداق كىشى بىلەن كۆرۈشمىسۇن... بولمىسا، تۇرالغۇسى سۇيىقەست مەركىزى بولۇپ قالىدۇ، شۇنداق بولغىنىدا قولىغا ئېلىشقا مەجبۇر بولىمەن، سەۋر - تاقىتىم قالمىدى. ھەربىيمۇ، سىياسىيونمۇ ئەمەس ھاماقەتلەر بىلەن بولۇپ كېتىپ ئىشلىرىمنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىنى خالىمايمەن».

ئىمپېراتور ئاكىسى يوسېفنى ئۆزىگە ئەڭ يېقىن كۆرەتتى. ۋاھالەنكى، ئاكىسىنىڭ پارىژدىكى ئوردىسىدا تۇرۇشىنى مادرىدتىن پادىشاھ بولۇپ تۇرغىنىدىنمۇ قورقۇنچلۇق دەپ قارايتتى! بىر قېتىملىق ئوڭۇشسىزلىقتىن ئەقلىنى تاپقان ئىمپېراتور شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئاكىسىنى بىكار قويارمۇ؟ ناتايىن! چۈنكى، مۇھىم ھەربىي ھوقۇقنى قولىدا تۇتۇپ

تۇرۇۋاتقان كەنجى ئىنىسى ژېرومې بىر گېنېرالنى ھەربىي يۈرۈش نىشانىنى ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇپ يەنە بىر قېتىم ھاماقەتلىك قىلغىنىنى ئاز كۆرگەندەك، تېخى بۇنى ئىمپېراتورنىڭ ئەمرى دەپ يالغان ئېيتقانىدى. ئىمپېراتور بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقىنىدا كېچىككەنىدى.

— نېمە ئىش قىلىپ قويغىنىڭنى ئۇچۇق ئېيتماي، قىسقىسى، بۇنداق قىلىقىڭغا ئەمدى چىداپ تۇرالمايمەن! ئەگەر يەنە شۇنداق ئويۇن ئوينايدىغان بولساڭ، كۇندىلىك ھەربىي يارلىقىمدا سېنىڭ گېپىڭنى ئىناۋەتسىز دەپ جاكارلايمەن... چۈنكى، شۇ ئىشىڭ بىلەن پۈتۈن قوشۇنىنىڭ ھەربىي يۈرۈش پىلانىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىشىڭ مۇمكىن. ئۆتۈپ كەتكەن ئالدامچىلىقىڭ بۇ! — دېدى ئىمپېراتور.

شۇنىڭدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئەڭ كونا ھەمراھلىرىدىن بىرى جۇنېۋ بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان، شۇ پاتپاراقچىلىقتا قاچماقچى بولۇپ دېرىزىدىن سەكرەپ، ئېلىشىپ قالدى. ئىلگىرى خىيانەتچىلىك قىلغانلىقى تۇپەيلىدىن بىر مەھەل ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان، كېيىن ھامبۇرگقا ۋاكالەتچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن بۇررىئېن ئوڭشالماستىن يەنە خىيانەتچىلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن قوغلاندى قىلىندى.

— ئەگەر ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا يەنە قول تىقىدىغان بولسا، قولىغا ئالماي قويمايمەن ھەمدە بۇ شەھەردىن ئوغرىلىغان بارلىق نەرسىنى قايتۇرغۇزماي قويمايمەن، — دېدى ئىمپېراتور.

ئەڭ ساداقەتسىز بېرنادوت فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاقداشلارنى قارشىلىق كۆرسىتىشكە كۈندۈرۈش ئۈچۈن راستىلا شۋېتسىيەلىك ئادەملىرىنى باشلاپ پومېرزىيىدا قۇرۇقلۇققا چىقتى. سۇيىقەست پىلانلىغانلىقى ئۈچۈن ئامېرىكا قىتئەسىگە سۈرگۈن قىلىنغان ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى گېنېرال

موررۇۋمۇ تېزلا ئۇلارغا قوشۇلۇپ، بېرنادوتقا ئوخشاشلا ۋەتەن ساتقۇچ بولۇپ قالدى.

ئىمپېراتور بۇنداق ئەھۋالدا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى: قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسىدىن تولۇق پايدىلىنالمىدى، يا تىنچلىق شەرتنامىسىنى ئەسلا تولۇق قوبۇل قىلغۇسى كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆتكەنكىدەك ئۇسۇل قوللىنىپ، مېتتېرنىچنى قولغا كەلتۈرۈش مۇددىئاسىدا درېستونغا چاقىرتتى. ئىككىيلەن تېپىك ناپولېئونچە ئۇسۇلدا ئۇزۇلدۇرمەي توققۇز سائەت سۆھبەتلەشتى، بۇ سۆھبەتتىن ئىمپېراتور ھېچبىر نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ، كېيىنكىلەر مېتتېرنىچنىڭ بايانىدىن كۆپ مەنپەئەتدار بولدى. يېنىغا خەنجەر ئاسقان، ساۋۇتىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇۋالغان ئىمپېراتور بۇ ۋەزىرىنى ئۆينىڭ قاپ ئوتتۇرىدا تۇرۇپ كۈتۈۋالدى، قىسقىچە سالام ـ سەھەتتىن كېيىن ئىمپېراتور ئالدى بىلەن قېيىنئاتىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورۇشتۇردى، ئارقىدىنلا رەسمىي گەپكە ئۆتتى:

ــــ ئۇرۇش قىلىشنى خالايدىكەنسىز ـ دە؟ بولىدۇ، ئۇرۇشتىن قورۇق قالمايسىز. مەن لۇتزېندا پىروسسىيە قوشۇنلىرىنى يوقاتتىم، باۋتزېنتدا رۇسلارنى مەغلۇپ قىلدىم، سىزمۇ شۇ تەرتىپ بويىچە ئىش تۇتارسىز، ئوبدان، بىز ۋېيېننادا يەنە بىر قېتىم كۆرۈشىمىز. ساۋاق ئالمايدىكەنغۇ بۇ خەق، مەن ئىمپېراتور فىرانسىسنى ئۈچ قېتىم تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويغان، مەڭگۇ تىنچ ئۆتىمىز دەپ لەۋزە قىلغان، قىزىنى ئۆيلەنگەندىم. شۇ چاغدا ئۆز ـ ئۆزۈمگە: «ھاماقەتلىك قىلىۋاتىسەن» دېگەن بولسامۇ توختىۋالمىغاندىم، مانا ئەمدى پۇشايماندا قالدىم.

روشەنكى، ناپولېئون سىلىق ـ سىپايە گەپ قىلىشنى بىلمەيتتى. ئەسلىدە قېيىنئاتىسىنىڭ ۋەكىلىنى سىلىق

مۇئامىلە بىلەن قولغا كەلتۈرمەكچى بولغانىدى، ھازىر بولسا ئاۋستېرلىز ئۇرۇشىدىن كېيىن ئاۋسترىيە ئىمپېراتورى فىرانسىسقا قىلغىنىدىنمۇ ئۆتە قوپال مۇئامىلە قىلدى.

— پەقەت قولىڭىزدىكى زېمىننى ئازايتىپ، ھوقۇقىڭىزغا بەلگىلىك چەك قويغىنىڭىزدىلا دۇنيا تىنچىيدۇ، — دېدى مېتتېرنىچ دۇنيا تىنچلىقى ئۈستىدە توختىلىپ، — ۋارشاۋانى چار پادىشاھقا، ئىللىرىيەنى ئاۋسترىيەگە قايتۇرۇپ بېرىڭ، خانسا ئىتتىپاقىدىكى شەھەرلەرگە ھۆرلۈك بېرىڭ. پىرۇسسىيە تېخىمۇ كۆپ زېمىنغا ئېرىشسۇن.

— مېنى ئۆزىگە ئۆزى ھاقارەت كەلتۈرسۇن دەيدىكەنسىلەر ـ دە! ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ئالىقانچە يەرنىمۇ بۆلۈپ بەرمەيمەن! تۇغما ۋارىس پادىشاھلىرىڭلار يىگىرمە قېتىم مەغلۇپ قىلىنسىمۇ تەختىدە ئولتۇرۇۋېرىدۇ. مەن بولسام ئامىتى ئوڭدىن كېلىپ تەختكە ئېرىشكەن ئىمپېراتورمەن، ئۇلارغا ئوخشاش بولالمايمەن! ناۋادا كۈچ ـ قۇدرىتىمدىن قالسام، كىشىلەرنى ئەيمەندۈرەلمەس بولۇپ قالسام، ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقۇمدىن شۇ كۈنىلا مەھرۇم بولىمەن... قەھرىتان سوغۇقتا شۆھرىتىمدىن باشقا ھەممە نەرسەمدىن مەھرۇم قالغانىدىم... ھازىر يېڭى قوشۇنلۇق بولۇپ قالدىم. قاراپ تۇرۇڭ، سىزنىڭ ئورنىڭىزدا قوشۇنلىرىڭىزنى پاراتتىن ئۆتكۈزىمەن!

بۇ تۇغما ھەربىينىڭ، گېنېرال بوناپارتنىڭ تۇغما پادىشاھ ئالدىدىكى مەردانىلىكى ئىدى. بۇ ۋەزىر دەل سىزنىڭ قوشۇنىڭىز تىنچلىققا موھتاج بولۇۋاتىدۇ دېگىنىدە، ئىمپېراتور كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە گەپنىڭ راستىنى ئېيتتى:

— قوشۇنۇم ئەمەس، ئوفىتسېرلىرىم تىنچلىقنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ! ئەمدى مېنى قوللايدىغان گېنېراللار قالمىدى، موسكۋانىڭ سوغۇقى ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇۋەتتى، ئۇ يەردە

ئـەڭ باتۇر گېـنېراللارمـۇ كـچىـك بالىدەك يـىغلـىـۋەتكەنـىدى. بـۇنىڭدىـن ئىككـى ھەپتە ئـىلگـىرىكى چاغ بـولغىنـىدا سۆلـھـى قىلىسامـۇ قـىلاتتىم، ھـازىـر ھەر ئىـككى قېـتىملـىق ئۇرۇشـتـا غەلىبە قىلدىم، ئەمدى سۆلھى قىلمايمەن!

— ئالىيلىرى، ياۋروپا بىلەن سىزنىڭ گېپىڭىز بىر يەردىـن چـىـقـمـىـغـۇدەك، — دېـدى ۋەزىـر جـاۋابـەن، — تـىـنـچـلـىـق كېلىشىمىڭىز ئەزەلدىنلا ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى بولۇپلا كەلدى. مۇۋەپپەقىيەتمۇ، مەغلۇبىيەتمۇ سىزنى قەيسەرلىك بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ئۈندەپ تۇرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە پۈتكۈل ياۋروپا سىزگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلماقچى.

— سىلەر فىرانسىيەگە قارشى دۆلەتلەر ئىتتىپاقى ئارقىلىق مېنى مـەغلۇپ قـىلماقچـىمۇ؟ — دېدى ئـىمـپـېـراتور قاقاھـلاپ كۈلۈۋېتىـپ، — ئىتـتـىپاقـىڭلاردىن ئۆرگۈلەي، سىـلەر قانچـە دۆلەت؟ تۆت، بەش، ئالتە دۆلەتمۇ؟ يىگىرمە دۆلەتمۇ؟ قانچە كـۆپ بولسا شۇنچە ياخشى!

ئاندىن گېرمانىيەنى ھېسابقا ئالماسلىقنى مېتتېرنىچنىـڭ سەمىگە سېلىپ مۇنداق دېدى:

— ئۆز قوشۇنۇم ئارقىلىق بۇ خـەلقنى تىزگىنلەيمەن، بـۇ دۆلەتلەرنىڭ پادىشاھلىرى ئاۋسترىيەدىن قورقۇپ بولسىمۇ ماڭا بېقىنىدۇ.

يەنە تېخى پىراگا يىغىنى داۋاملىشىۋېرىدىكەن، ئاۋسترىيە بىتەرەپ مەيدانىدا چىڭ تۇرۇشى كېرەك، دەپ تەكلىپ بەردى. مېتتېرنىچ بولسا قوراللىق مۇرەسسە قىلىش مەيدانىدا چىڭ تۇردى. ئۇلارنىڭ بۇ كونىچە دىپلوماتىيە ۋاستىلىرىنى قوللىنىشتىن مەقسىتى ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپنى يوشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئىككى دۆلەت ئارمىيەسىدىن قايسى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى

تالىشىپ تازا بىر سائەت مۇنازىرىلەشتى، ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنىڭ قانچىلىك ئەسكىرىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىدىغانلىقىنى شېپى كەلتۈرۈپ داۋراڭ سالدى.

— مەندە قوشۇنۇڭلارنىڭ تەپسىلىي ئىسمىلىكى بار، — دېدى ئىمپېراتور، — قوشۇنۇڭلارغا تۈركۈملەپ جاسۇس كىرگۈزگەنمىز، ئۇلار ھەتتا قوشۇنۇڭلاردا قانچىلىك نەرىچى بارلىقىنىمۇ دوكلات قىلدى... بىراق، مەن بۇنداق دوكلاتلارنىڭ قىممىتىنى ھەرقانداق ئادەمدىنمۇ ئوبدان بىلىمەن. ئۆز ھۆكمۈمنى ئەڭ توغرا ماتېماتىكىلىق ھېسابات ئاساسىدا چىقىرىمەن، ھەركىم ئۆز نېسۋىسىدىن ئارتۇق نېسۋىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

ئىمپېراتور بۇ ئاۋستىرىيە ۋەزىرىگە قولىدىكى ئاۋستىرىيە قوشۇنلىرىنىڭ رويخېتىنى كۆرسەتتى، بۇ قوشۇن تېخى تونۇلغۇنلا ئۆزىگە ئىتتىپاقداش ئىدى. ئىمپېراتور تېخى مېتتېرنىچقا بۇ رويخەتنىڭ توغرا بولغان - بولمىغانلىقىنى تەكشۈرتكۈزدى. ئاندىن رۇسىيە ئۇرۇشى توغرىسىدا سائەت - سائەتلەپ توختالدى. ۋەزىر ئىمپېراتوردىن قوشۇندىكى لەشكەرلىرىنىڭ يېشى مەسىلىسىنى تىلغا ئېلىپ، ئەگەر بۇ بالىلار جەڭدە ئۆلۈپ كەتسە قانداق قىلارسىز دەپ سورىغىنىدا، ئىمپېراتور غەزەپتىن ئەسەبىيلىشىپ، چىرايى تاتىرىپ، يۈزلىرى تارتىشىپ كەتتى.

— سىز ھەربىي ئەمەس ! — ۋارقىراپ كەتتى ئىمپېراتور، — بىر ھەربىينىڭ كۆڭلىدە نېمە ئويلايدىغىنى سىز بىلمەيسىز ! مەن جەڭگاھتا چوڭ بولغانمەن ! مېنىڭدەك ئادەم مىليونلاپ كىشىنىڭ ئۆلۈشىدىن پەرۋايى پەلەك يۈرىۋېرىدۇ !

ئاندىن ئىمپېراتور ئاندىن قالپىقىنى بىر بۇلۇڭغا چۆرۈپ تاشلىدى، بۇ چاغدا راستىلا ئاچچىقى تۇتقانىدى. چۈنكى،

مېتتېرنىچنىڭ گېپى دەل يېغىرىغا تەگكەندى، بۇ كۆڭلىدە ئىقرار بولمىسا بولمايدىغان ھەقىقەت ئىدى. جان تالىشىپ قالغان بىرەر ئاتنى كۆرسىمۇ چىرايى تاتىرىپ كېتىدىغان، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ تۇرۇشقا چىدىمايدىغان ناپولېئون ئوفىتسېر - لەشكەرلەر رويخېتىمنى نەزىرىدىن ئۆتكۈزۈپ مىڭلاپ - ئونمىڭلاپ كىشىنىڭ ئىسمىنى بۇياقتىن - ئۇياققا بىمالال يۆتكىگەن ھەمدە ھالاك بولغۇچىلارنىڭ ئىسمىنى جىجىۋەتكەن چاغلاردا بولسا تاش يۈرەكلىك بىلەن كۆزىنى مىتمۇ قىلىپ قويمايتتى، يەنە كېلىپ شۇنداق تاش يۈرەكلىك قىلمايمۇ بولمايتتى. ئۇرۇش دېگەن ئادەم جېنىنى سېلىپ بېرىدىغان ھەمدە ئاپپاق ئۇستىخانلار دۆۋىسى بەدىلىگە ئاخىرلىشىدىغان ئىشقۇ؟ ئىمپېراتور ئۆزىنى ھۈنەر - سەنئەت بۇيۇمى ياساش ئۈچۈن ماتېرىيالغا موھتاج بىر ئۇستىكارغا ئوخشىتاتتى، ئۇستىكار ماتېرىيال ئىشلەتكىنى ئۈچۈن ئەيىبلىنەمدى؟ بىراق، مېتتېرنىچ دىيانەت جەھەتتە ئوڭايلا ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەندى، شۇ تاپتا پۈتۈن فىرانسىيەنى ئىمپېراتورنىڭ مۇشۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان بولسىيدى، دېگەن ئويدا ئىدى.

— فىرانسۇزلار ئاغرىنمىسا بولىدۇ، — دېدى ئىمپېراتور ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن، — شۇلارنى دەپ گېرمانلار بىلەن پولەكلەرنى قۇربان قىلدىم، روسىيەدە ئۈچ يۈز مىڭ لەشكەر چىقىم تارتتىم، ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت ئوندىن بىرىلا فىرانسۇز! — ئاندىن بۇ ئاۋستىرىيە ۋەزىرىنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى، — راستلا ئەخمەق ئىكەنمەن، قاراپ تۇرۇپ ئاۋستىرىيە مەلىكىسىگە ئۆيلىنىپتىمەن... ئەسلىدە كونىلىق بىلەن يېڭىلىقنى يۇغۇرۇۋەتمەكچى، دەۋرانىمدا كونىچە قاراشلارنىڭ ئاسارىتىنى پاچاقلاپ تاشلىماقچىدىم. نەقەدەر زور خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىمنى مانا ئەمدى بىلدىم! شۇنىڭ

كاساپىتىدە تەختىمدىن مەھرۇم قىلىنىشىم مۇمكىن. بىراق، شۇنداق بولۇپ قالسا، پۈتكۈل دۇنيانى تەختىمنىڭ خارابىلىكى ئاستىغا كۆمۈۋېتىمەن!

سۆھبەت بۇ چاغدا يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەنىدى، ئىككى تەرەپ ئۇرۇش ۋە تىنچلىق مەسىلىسى ئۈستىدە كېڭەشتى. ئىمپېراتور ئۆزى سادىر قىلىغان خاتالىقتىن ئۆكۈنگەنلىكى ئۈچۈنلا ئەقىل ـ ئىدراكىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۆزىدىن ئۈچ ھەسسە كۈچلۈك بولغان ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بىلەن ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش قىلىشنى قارار تاپتى. خۇددى تۈزەتكىلى بولماس خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىنى بىلىپ يەتكەن قىمارۋازغا ئوخشاش تەلۋىلىك ۋە جاھىللىق قىلىپ، بارنى بىراقلا دوغا تىكمەكچى بولدى. بۇ ئارقىلىق خاتالاشقان بولسىمۇ يەنە غەلىبە قازىنالايدىغانلىقىنى ئۆزىگە ئۆزى ئىسپاتلاپ بەرمەكچىدى.

مېتتېرنىچ ئۇزاپ ماڭغاندا ئىمپېراتور تىنچىپ قالغانىدى، قولىنى ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىغا قويۇپ:

— بىز يەنە كۆرۈشەرمىزمۇ؟ — دېدى.

— قولىڭىز سىزدە، ئالىيلىرى. بىراق، دىپلوماتىك ئەلچى بولۇش ۋەزىپەمنى ئورۇنداشتىن ئۈمىدىمنى ئۈزدۈم، — دېدى مېتتېرنىچ جاۋابەن.

ئىمپېراتور ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىغىنىچە مۇرىسىگە ئۇرۇپ قويدى:

— نېمە ئىش يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ سىلەر ماڭا جەڭ ئېلان قىلمايسىلەر!

مېتتېرنىچ ئۇدا ئۈچ كۈن سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن ۋەتىنىگە قايتماقچى بولدى. بىراق، ئادا ـ جۇدا بولۇپ كېتىشتىن قورققان ئىمپېراتور ئەتىسى ئەتىگىنى يەنە بىر قېتىم چاقىرتىپ ھويلىسىدا قوبۇل قىلدى.

— خوش، ئازار يەپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟ — دېدى ئىمپېراتور مېتتېرنىچنىڭ ئالدىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭغاچ. ئۇلار ئون مىنۇتتىن كېيىن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىنىڭ ۋاقتىنى ئۇزارتىدىغان ھەمدە پىراگادا يەنىمۇ ئوبدانراق سۆھبەتلىشىدىغان بولۇپ پۈتۈشتى. بىراق، بۇ ئەڭ ئاخىرقى بېكىتمە ئەمەس ئىدى. ئىمپېراتور مېتتېرنىچ بىلەن ئىمزالاشقان ئەسلەتمىدە قېيىنئاتىسىنىڭ قوراللىق بىتەرەپ تۇرۇشىنى ئېتىراپ قىلدى. ھالبۇكى، بۇ پەقەت ئۇرۇشقا قاتنىشىشنىڭ ئۆتكۈنچى باسقۇچىدىنلا ئىبارەت ئىدى. ئىمپېراتور ئاندىن ئايالىنى — ئاۋستىرىيە پادىشاھىنىڭ قىزىنى يوقلاپ ئوردا قەسرىگە باردى. ئىمپېراتور بۇ ئايالىنى پارىژنىڭ نائىب پادىشاھلىقىغا تەيىنلىگەن، پەقەت «بەزى تەپسىلاتلار بۇ ياش ئايالنىڭ نىيىتىنى بۇلغاپ قويمىسۇن» دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈنلا بەزى ھۆججەتلەرنى كۆرۈشىنى مەنئى قىلغانىدى.

ئەگەر خابسبۇرگ خان جەمەتىنىڭ بۇ مەلىكىسى ئاق كۆڭۈل ئايال بولغىنىدا دەرھال ۋېيېنناغا بېرىپ، قېيىنئاتا بىلەن كۈيئوغۇلنى ياراشتۇرۇپ قويۇشى كېرەك ئىدى. چۈنكى، ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككىيلەن ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ مىجەز ـ خاراكتېرلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىنلا پەيدا بولغان ئىختىلاپ ئىدى، خالاس. مەلىكە ئۇنچە دۆتمۇ ئەمەس ئىدى، ئىمپېراتور شۇنىڭدىن بىرقانچە ھەپتە ئىلگىرى قېيىنئاتىسىغا خەت يېزىپ: «مەلىكىنىڭ نائىبلىق مەرتىۋىسىگە ئولتۇرغىنىدىن تولىمۇ مەمنۇنمەن» دېگەنىدى. ناپولېئوننىڭ ھازىرقىدەك ئەڭ خەۋپلىك پەيتلەردە دۇچ كەلگەن مۇشكۇلاتىنى مەلىكىدىن يوشۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس، ھەتتا فرانسىيە بىلەن ئاۋستىرىيە ئادا ـ جۇدا بولۇش گىردابىغا بېرىپ قېلىپ رايىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن بولسىمۇ ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى ئېنىق

ئېيتاتتى. بىراق، بۇ ھاماقەت قىزغا بۇ ئىشلار ھېچبىر تەسىر قىلغاندەك ئەمەس ئىدى، پەقەت تۇغقانلىرىنىڭ ئالدىدا كۆز - كۆز قىلىشقا ئەرزىگۇدەك ئېسىل سوۋغاتلارغا ئېرىشىش خىيالىدىلا يۈرەتتى.

پىراگادا تەرەپلەر بىر - بىرىنى ئازدۇرۇشنىڭ كويىدا ئىدى، فۇشې بولسا ئۇدۇل كەلگەن يەردە گەپ سېتىپ، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، غوجايىنىغا ئېغىر زىيان سالدى. بېرنادوت يېڭى دوستلىرى بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ، ئۇلارنىڭ فىرانسىيەگە قارشى مەيداننى تېخىمۇ مۇستەھكەملىشىگە تۈرتكە بولدى. ئىمپېراتور ئاخىرقى پەيتتە يول قويماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا، بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ قاتتىق ھەيران قالغان چار پادىشاھ بىلەن پىرۇسسىيە پادىشاھى مېتتېرنىچنى تېخىمۇ قاتتىق شەرتلەرنى قويۇشقا قىستىدى. چۈنكى، ئۇلارغا روشەنكى، ھايت - ھۇيت دېگۈچە قولدىن چىقىپ كېتىش ئېھتىمالى بولغان بۇنداق پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشقا بولمايتتى. مېتتېرنىچنىڭ قاتتىق شەرتلىرىدىن غەزەپلىنىپ قۇيقا چاچلىرى تىك بولۇپ كەتكەن ئىمپېراتور سۆھبەتتىن چېكىنىپ چىقتى ھەمدە ئۇرۇش توختىتىش مۆھلىتى توشۇپ ئىككىنچى كۈنى قېيىنئاتىسىنىڭ ئۇرۇش ئېلان قىلىش توغرىسىدىكى باياناتىنى تاپشۇرۇۋالدى. دەرۋەقە، مۇشۇ مەزگىلدە ناپولېئون ئۇرغۇن ياردەمچى قوشۇنغا ئېرىشىپ ئۆزىنى ئوبدانلا ئوڭشىۋالغانىدى. بىراق، رېيىن ئىتتىپاقىغا ئىشەنمەس بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ئەۋەتكەن ياردەمچى قوشۇنلارنى نازارەت قىلىپ تۇرماي بولمايتتى. ساكسونىيە ۋە سىلېزىيەلەرگە قوشۇن ئورۇنلاشتۇرۇپ، سىۋاتىنبېرگنىڭ قوماندانلىقىدىكى ئۈچ ئارمىيە بىلەن تىركىشىپ تۇردى. بۇ ئۈچ قوشۇن ئىچىدە بىلۈچېرنىڭ قوشۇنى بىلەن بېرنادوتنىڭ قوشۇنى سىلېزىيەدە

ۋە شىمالدا تۇرۇۋاتاتتى. مورروۋنىڭ قوشۇنى سىۋاتىنبېرگ قوشۇنلىرى بىلەن بىللە ئىدى.

بۇنداق ھەربىي ئورۇنلاشتۇرۇش كىشىگە تولىمۇ بىمەنىلىكتەك تۇيغۇ بېرەتتى: فىرانسىيە ئىمپېراتورىنىڭ قولىدىكى ئۈچ نەپەر گېنېرال پادىشاھى بىر نەپەر گېنېرال بىلەن روبىرو ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى، بۇ گېنېرال بولسا تېخى يېقىندىلا ئىمپېراتورنىڭ گېنېرالى سۈپىتىدە رۇسىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلغانىدى. ئىككى فىرانسۇز بولسا ناپولېئون بىلەن تۇتۇشماقچى بولۇپ خىرىس قىلىپ تۇراتتى، ئىككى فىرانسۇزنىڭ بىرى دەل ناپولېئوننىڭ قولىدا كەينى - كەينىدىن ئۆستۈرۈلۈپ يۇقىرى مەنسەپكە ئېرىشكەنىدى. ئەمدى بولسا پىرۇسسىيە قوشۇنىغا باش بولۇپ، ناپولېئونغا قارشى سەپ تۈزۈپ روبىرو تۇرماقتا. بىراق، ئۇنى خانپەرەس دېگەندىن كۆرە، ئىنقىلابچى دېگەن تۈزۈك ئىدى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، يەتتە يىل ئىلگىرى ناپولېئوننىڭ قولىدا مەغلۇپ بولغان ئوفىتسېر بىلۈچېرلا ناپولېئونغا ئەشەددىي دۈشمەن ئىدى، ھېچقاچان ناپولېئون ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىپ باققان ياكى ناپولېئوننىڭ ئىشلىرىنى قوللاپ باققان ئەمەس. ئىمپېراتورغا پايدىلىق بىردىنبىر ئامىل شۇكى، ئۈچ پادىشاھ سىۋاتىنبېرگنىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا چات كىرىۋالغان، يەنە كېلىپ بۇ ئۈچەيلەننىڭ ھەربىي ئىشلاردىن بىلىدىغىنى تولىمۇ ئاز ئىدى.

ئىمپېراتور درېستوندا نۇسرەت قازانغاندىن كېيىن، ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرىدا يېڭى جازا ئۇرۇشىنى باشلىدى. ھالبۇكى، بۇ يېڭى ئۇرۇش باشلىنىپ ئىككىنچى كۈنى فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاقداش قوشۇنلارنى غەلىبىسىرى قوغلاپ بىراقلا تارمار كەلتۈرەر چېغىدا ئاشقازان سېپىرمىزلىنىش كېسەللىكى قوزغىلىپ، ئاشقازان ئاغرىقى قاتتىق تۇتۇپ كەتتى، ناپولېئون

ھەتتا ئاغرىق دەستىدە «ئىشىمغا بىر كىم زەھەر سىلىۋەتكەندىمۇ» دىگەن گۇماندىمۇ بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئىرادىسى بوشاپ، ھۇجۇمغا ئۆتۈش تۇگۇل قوشۇن چىكىندۇردى، شۇ تۇپەيلىدىن بىر دىۋىزىيەسىنى چىقىم تارتتى. مورروۋ ئۆزى نەپرەتلىنىدىغان بوناپارتقا قارشى تۇنجى ئۇرۇشتا ھالاك بولدى، بۇ بىر ياخشىلىقنىڭ بىشارىتىمىدۇ؟ بۇ خەۋەردىن ۋاقىپلانغان ئىمپىراتورنىڭ ياشلىق دەۋرىدە مورروۋ بىلەن كۈچ سىناشقانلىرى كۆڭۈل ئېكرانىدا پەيدا بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئىچ ـ ئىچىدىن خۇش بولۇپ:

— مورروۋ ئۆلۈپتۇ، ئامىتىمدىن بىشارەت دىگەن شۇ ! — دەپ توۋلىۋەتتى.

ئىمپىراتورنىڭ يەنە بىر قوشۇنى كاتىسباخ دەرياسى بويىدا بىلۇچېر قوشۇنى تەرىپىدىن يىڭىلگەندى، گېنېرال ناپولېئون شۇ ئان سىياسىيون سۈپىتىدە ئويلىنىشقا باشلىدى: رەقىبلىرىمنىڭ ئارىسىغا قانداق قىلىپ سوغۇقچىلىق سالسام بولار؟ بوخىېرۋالدقا ھۇجۇم قىلىشتىن ۋاز كېچىش كېرەك. چۈنكى، ئۇ يەردىكى مەغلۇبىيىتىمىزدىن ئاۋستىرىيەلىكلەر قاتتىق روھلىنىپ كەتتى، ئۇنىڭدىن كۆرە دۈشمەننىڭ كۈتمىگەن يېرىدىن بېرلىنغا ھۇجۇم قىلىپ، پىرۇسسىيەلىكلەرنى سېتىسلىيەدىن ئالداپ چىققان تۈزۈك.

ھالبۇكى، چار پادىشاھنىڭ ئېيتقىنىدەك، مۆجىزە دىگەن نەرسە پەقەت ئىمپىراتور بار يەردىلا كۆرۈلەتتى. زور كۆلەملىك ئۇرۇش پىلانى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان، قوشۇننىڭ روھى سۇنغان، ئۇزۇق ـ تۈلۈك تۈگىگەن، ياردەمچى قوشۇنلاردىكى لەشكەرلەر قېچىپ كېتىش ۋەقەلىرى پات ـ پات يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، ئىمپىراتورنىڭ تەرەپ ـ تەرەپكە چېپىپ، قىسىملارنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە توغرا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن

بىر ۋاقىتتا، قوشۇنلار كىچىككىنە بىر جايدا ئۇزاق تۇرۇپ كەتكەچكە شۇ يەرنى يەپ قۇرۇتۇۋەتكەنىدى، شۇڭا قىيىنچىلىق تېخىمۇ ئېغىرلاشقانىدى.

بۇنىڭدىن باشقا، ئىمپېراتورنىڭ قوشۇنىنىڭ ئادەم سانى بەك ئازلاپ كەتكەنىدى. 1814 - يىلى ھەربىيلىك يېشىغا توشقان يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى ھەربىي بولۇپ جەڭگاھتا تۇرۇۋاتقاچقا، ئىمپېراتور كېڭەش پالاتاسىنىڭ 1815 - يىلى ھەربىيلىك يېشىغا توشىدىغان ياشلار ۋە ھەربىيلىك يېشىدىن ئېشىپ كەتكەن كىشىلەردىن ئەسكەر ئېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈشىنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىمپېراتور خوتۇن - باللىرى بىلەن خوشلىشىپ جەڭگە ئاتلانغان چاغلىرىدا ئۆز ئۆيىدە ئائىلىۋى تۇرمۇشنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتىدۇ دەپ ھەۋەس كەلگەن دېھقانلارمۇ ئەمدى قوشۇندا ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەشكە مەجبۇر بولغانىدى. بىراق، بۇ يېڭى ئەسكەرلەر قاچان كېلەر؟ ئۇلارنى كىم مەشىق قىلدۇرار؟ قانچىلىك ۋاقىت مەشىق قىلدۇرسا بولار؟ ئىمپېراتور سېنتەبىرنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇق ئاۋارە بولۇپ قېيىنئاتىسىغا «پەقەت باشقىلار گەپ يېسىلا، بەزى قۇربانلارنى بېرىشكە تەييارمەن» دەپ تىنچلىق سىگنالى بەردى، قېيىنئاتىسى — ئاۋستىرىيە ئىمپېراتورى فىرانسىس بولسا پەرۋا قىلمىدى. چۈنكى، رېيىن ئىتتىپاقىدىن باۋارىيە پادىشاھىنى ئۆزىگە تارتىپ يوچۇق ئېچىۋالغانىدى. قارا بۇلۇتلارنىڭ سۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەن بۇ مىسكىن شاھماتچى بىر قەدىناسىغا دېدى:

— مارمېنت، شاھمىتىم قالايمىقانلىشىپ كەتتى.

بۇ ھېچقاچان ئىقرار قىلغۇسى كەلمەيدىغان راست گېپى ئىدى. ئىمپېراتورنىڭ تالانتى شۇنىڭدىن كېيىن قاياقلارغىدۇر غايىب بولدى.

# ئون بىرىنچى، لېيپزىگ ئۇرۇشى

دۈبېن يايلىقىدا دۈبېن ئوردىسى دەپ ئاتىلىدىغان بىر قەدىمىي ساكسىنىيە قەلئەسى بار ئىدى. بېرلىنغا يۈرۈش قىلىپ بېرنادوت قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىش، ئاندىن بىلۈچېر قوشۇنلىرىنى تۇيۇقسىز ھۇجۇم بىلەن تارمار كەلتۈرۈش قارارىغا كەلگەن ئىمپېراتور ئەتىگىنى تەپسىلىي ئۇرۇش پىلانىنى تۈزۈشكە كىرىشكەنىدى، شۇ ئەسنادا بىر توپ ئوفىتسېر كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىپ كەلدى. ئىمپېراتور ھۇجرىسىدىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى. ئۇلارنىڭ تەلىپى ئىمپېراتورغا ئايان ئىدى. چۈنكى، يېقىنلىرى ئوفىتسېرلارنىڭ كۈنسايىن نارازى بولۇۋاتقانلىقىنى، پەقەت رېيىن دەرياسى بويىدا قىشنى تىنچىقىنا ئۆتكۈزۈۋېلىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئاللىبۇرۇنلا ئېيتىپ بەرگەنىدى.

— مەن ئەمدى قوشۇنۇمنىڭ ئاتامانى ئەمەس، — دەپ دوكلات قىلغانىدى يېقىندا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مارشال نېي.

شۇ تاپتا ئۇلاردىن بىرى دۈدۈقلىغىنىچە قاملاشمىغان ئاساسلىرىنى ئېيتىشقا باشلىدى، ئارقىدىنلا يەنە بىرى تىلىنى چايىندى، ئاندىن ھەممىسى پىكرىنىڭ بىردەك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ باشلىرىنى لىڭشىتىشتى. ھەممەيلەن ئىنتايىن ئىتائەتچان پوزىتسىيەدە ناپولېئوننىڭ بېرلىنغا يۈرۈش قىلىش پىلانىدىن ۋاز كېچىپ، ھۇجۇم نىشانىنى لېيپسىزىگكە بۇرىشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىلتىماس قىلدى.

ئىمپېراتور ئۇلارنىڭ پىكرىگە سۈكۈت بىلەن قۇلاق سالدى، كۆڭلىدە بولسا «ھوقۇقۇم قالمايۋاتامدۇ، نېمە»؟ دەپ ئويلىدى.

— باۋارىيە رېيىن ئىتتىپاقىدىن يۈز ئۆرۈش ئالدىدا

تۇرىدۇ، ـــ جاۋاب بەردى ئىمپېراتور ئاخىرىدا، ـــ لېيپزىگكە يۈرۈش قىلىش چېكىنگەنلىكتۇر، بۇنداق قىلساق قوشۇنىمىزنى ئۈمىدسىزلەندۇرۇپ قويۇشىمىز مۇمكىن. پىكرىڭلارنى ئوبدانراق ئويلىشىپ كۆرەي.

ئىمپېراتور شۇنىڭدىن كېيىن كۈنبويى ئۆزى يالغۇز ئۆيدىن چىقماي، ھېچكىمنىمۇ يېنىغا يولاتماي، خەرىتە ئالدىدىن قوپماي ئولتۇردى. سىرتتا مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرغان گورگۇد ھۇجرا ئىچىدىكى تىۋشقا دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ تۇراتتى، ئەمما دېكابىر شامالىنىڭ ئاۋازىدىن باشقا ھېچنېمە ئاڭلانمايتتى. ئاخىرى ئىجازەت بىلەن ئۆيگە كىردى، ئىمپېراتور ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى.

ـــ مەغلۇبىيەت فىرانسۇزلارغا ئېغىر كېلىدۇ، ـــ دېدى گورگۇدقا ئەمەس، ئۆزىگە گەپ قىلىۋاتقاندەك بىر تەرزدە. ئاندىن چۈش كۆرۈۋاتقاندەك بىر ھالدا چوڭقۇر ئويغا پاتتى.

ئىمپېراتور ئەتىسى لېيپزىگكە يۈرۈش قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ 15 ـ ئۆكتەبىر كۈنى ئىدى، بۇ بۇيرۇق بىلەن پۈتكۈل قوشۇن قايىنام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەنىدى. ئىمپېراتور خابىسبۇرگ سۇلالىسىنىڭ يېقىنقى ھەربىي ھەرىكىتى ئۈستىدە مارمېنت بىلەن پىكىرلەشتى.

ـــ مەن ئۆز ھۆكۈمىگە ئاساسلىنىپ سوئال سورايدىغان مەسئۇلىيەتچان كىشىلەردىن كۆرە لەۋزىدە تۇرىدىغان ھۆرمەتكە لايىق كىشىلەرنى بەكرەك ياقتۇرىمەن... ـــ دېدى ۋە ئاندىن يەكۈن چىقىرىپ، ـــ ئىمپېراتور فىرانسىس ئۆز خەلقىگە پايدىلىق دەپ قارىغان ئىشلارنىغۇ قىلدى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەسئۇلىيەتچان دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما، لەۋزىدە تۇرمىغانلىقى ئۈچۈن ھۆرمەتكە لايىق ئەمەس.

ئەتىسى زور ئۇرۇش باشلاندى، ئىمپېراتور بىر يۈز سەكسەن

مىڭ كىشىلىك قوشۇنى ئارقىلىق فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاقداشلارنىڭ ئۈچ يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇنىغا قارشى جەڭگە ئاتلاندى، كەچقۇرۇندا قىسمەن غەلىبىگە ئېرىشتى. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە بېرنادوت لەشكەر تارتىپ ياردەمگە كەلدى، ياردەمچى قوشۇنغا ئېرىشكەن دۈشمەندىن ياخشىلىق كۆرمەيدىغانلىقىنى پەملەپ يەتكەن ئىمپېراتور قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈش نىيىتىگە كەلدى ـ يۇ، سەتچىلىككە قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ كەسكىن بىر قارارغا كېلەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە سۆھبەت ئارقىلىق يول تاپماقچى بولدى ـ دە، ئەسىرگە چۈشكەن دۈشمەن گېنېرالى موفېرتنى فىرانسىسقا ئۆزىنىڭ ئۇرۇش توختىتىش تەكلىپىنى يەتكۈزۈش شەرتى بىلەن قويۇۋ بەردى.

— سائالي دەرياسىنىڭ بويىغا چېكىنىمەن، رۇسلار بىلەن پرۇسسىيەلىكلەر ئېلبا دەرياسىنىڭ قېتىغا چېكىنىپ بارسۇن، سىلەر ئاۋستىرىيەلىكلەر بوخمىيەگە قايتىپ كېتىڭلار؛ ساكسىنىيە بىتەرەپ تۇرسۇن، — دېدى يېڭىباشتىن روھلىنىپ كەتكەن ئىمپېراتور كۆڭلىگە پۈككەن ياۋروپانى بۆلۈشۈۋېلىشنىڭ يېڭى پىلانىنى دۈشمەنگە ئاشكارىلاپ.

ناپولېئون ئۆز تەسەۋۋۇرى بويىچە خانوۋېرنى ئەنگلىيەگە قايتۇرۇپ بەرمەكچى، بالتىق دېڭىز قىرغاقلىرىنى ئەركىن رايون قىلماقچى، رېيىن ئىتتىپاقىغا ئەزا دۆلەتلەردىن خالىغانلىرىنىڭ ئايرىلىپ چىقىپ كېتىشىگە ئىجازەت بەرمەكچى، پولشا، ئىسپانىيە ۋە گوللاندىيەگە مۇستەقىللىق بەرمەكچى، پەقەت ئىتالىيەنى ئاۋستىرىيەگە بېقىندى قىلىپ بېرىشكىلا بولمايتتى.

— بېرىڭ! ئاجايىپ شانلىق تىنچلىق بۇرچىنى زىممىڭىزگە ئالغانسىز. ئەگەر تەلىيىڭىز ئوڭغا تارتسا ئۇلۇغ بىر ئەلنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولىسىز. ناۋادا تىنچلىق ئارزۇيىمىز رەت

قىلىنسا، ئۆزىمىزنى قانداق قوغداش كېرەكلىكىنىمۇ ئوبدان بىلىمىز !

بۇ گېنېرال ھەيرانلىق ئىلكىدە ناپولېئوننىڭ تاپشۇرۇقىنى ئېلىپ قايتتى، گېنېرالدىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئاۋستىرىيە ئىمپېراتورى ھەيرانلىقتىن قۇلىقىغا ئىشەنمەيلا قالدى. نېمە؟ ئىمپېراتور ناپولېئون ئۇرۇش ئارىلىقىدا ياۋروپانىڭ يېرىمىدىن ۋاز كېچىشكە رازى بولۇپ، ئۇرۇش توختىتىش تەكلىپىنى بېرىپ ھەمدە بۇ پىكىرنى يەتكۈزۈشكە بىر ئەسىرنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتىمۇ؟ بۇنچە يۇمشاقلىقنى زادى بىلمەپتۇق.

ئىمپېراتور ئەۋەتكەن ئەلچىنىڭ خەۋەر ئېلىپ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. شۇ ۋەجىدىن تاكى تۈن نىسپىگىچە پەرمان چىقارماستىن تۇغقانلىرى، خوتۇن ـ بالىلىرى توغرىسىدا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق پاراڭ قىلىپ بەردى. بىردىنلا ئاشقازان ئاغرىقى تۇتۇپ، چىرايى تاتىرىپ كەتتى ـ دە، چېدىرغا يۆلىنىپ قالدى. كىشىلەر دوختۇر چاقىرماقچى بولدى.

— ياق ! ھەممەيلەننىڭ كۆزى چېدىرىمدا ! مەن مۇشۇ يەردىلا بولسام، ھەركىم ئۆز ئورنىدا تۇرىدۇ.

— ئەمىسە يېتىۋېلىڭ، ئالىيلىرى !

— ياق ! ئۆلسەممۇ ئۆرە تۇرۇپ ئۆلىمەن !

— دوختۇر چاقىرتايلى، ئالىيلىرى !

— ياق. ئاغرىق لەشكەرنى دوختۇرخانىغا بېرىپ داۋالىنىشقا مەن بۇيرۇيالايمەن، ماڭا كىم بۇيرۇق قىلالايتتى؟... چىدىغۇسىز ئاغرىقى ئۆتۈپ كەتتى، دىققەت، ھېچكىمنى چېدىرغا كىرگۈزمەڭلار.

ئىمپېراتور يېرىم سائەتتىن كېيىن يارلىق چۈشۈرۈشكە باشلىدى. بىراق، بۇ قوشۇن چېكىنىدۇرۇش بۇيرۇقى بولماستىن، ئەكسىچە لېيپزىگكە سىلجىپ يېقىنراق بېرىش توغرىسىدىكى

بۇيرۇق ئىدى. ھالبۇكى، بۇ چاغدا ئەسكىرىي كۈچى دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ يېرىمىچىلىكلا كېلەتتى.

ئىمپېراتور ئەتىسى بىر تۈگمەننىڭ يېنىدا توختىدى. دۈشمەن قوشۇنلىرى ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىۋاتقان بولۇپ، ئىشلار قالايمىقانلىشىپ كەتكەنىدى. قارىغاندا، بىرنادوت بىر قىسىم ساكسونىيەلىكنى قايىل قىلىپ زەمبىرەكلىرىنى فىرانسۇزلارغا توغرىلاتقۇزغاندەك ئىدى.

— ھۇ شەرمەندىلەر! — ۋارقىرىدى ئىمپېراتور، ئەتراپىدىكىلەرمۇ ئاۋاز قوشۇپ توۋلىدى.

ئىمپېراتورغا سادىق ساكسونىيە ئوفىتسېرلىرى ئاسىيلاردىن غەزەپلىنىپ قىلىچلىرىنى سۇندۇرۇپ تاشلىدى.

— ھەرقايسىڭنى دۈمبالىغىنىمىز دۈمبالىغان، ھۇ مۇناپىقلار! — توۋلىدى مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىدىكى چەۋەنداز ئېتىنى ئۇياق - بۇياق چاپتۇرغىنىچە، — بىز فىرانسۇزلار تېخى ھايات! ياشىسۇن ئىمپېراتور!

بارلىق مۇھاپىزەتچىلەر ئۇ چەۋەندازنىڭ كەينىدىن ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ ھۇجۇمغا ئۆتتى، ياش بىر ئوفىتسېر ساكسونىيەلىكلەرنىڭ قولىدىن بۈركۈت تۇغىنى تارتىۋېلىپ، ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە قايتىپ كەلدى، ئوق تېگىپ ئېغىر يارىلانغان بۇ ئوفىتسېر تۇغنى ئىمپېراتورغا تاپشۇرۇپ بېرىپلا يىقىلىپ چۈشتى - دە، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا جان ئۈزدى.

— فىرانسىيەدىن مانا مۇشۇنداق ئوغلانلار چىقىدۇ! — دېدى ئىمپېراتور پەس، ئەمما ۋەزىنلىك ئاۋازدا.

ئىككى كۈنلۈك جەڭدە ئىمپېراتور ئاتمىش مىڭ لەشكىرىدىن ئايرىلدى، ئەمدى مەغلۇپ بولغانىدى. بىراق، «فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە ھەربىي كۈچىگە لايىق غەلىبىگە ئېرىشەلمىدى» دېيىشتى ھەتتا

گېرمانىيە تەنقىدچىلىرىمۇ بۇ ئۇرۇشقا باھا بېرىپ.

ئىمپېراتور بىرتخىرغا چېكىنىش بۇيرۇقىنى ئاغزاكى يەتكۈزۈۋاتقىنىدا مەغلۇپ فىرانسىيە قوشۇنلىرى لېيپزىگ شەھىرىدىن چېكىنىپ سەلدەك ئېقىپ چىقىۋاتاتتى. «بىرەيلەن ياغاچ ئورۇندۇق ئەكېلىپ قويۇپ بەردى ـــ دەپ قەيت قىلىدۇ بىر شاھىت، ـــ چارچاپ ماجالى قالمىغان ئىمپېراتور ئورۇندۇقتا ئولتۇرغىنىچە مۈگدەككە چۈشتى، ھارغىن قوللىرى ئىككى تىزى ئارىلىقىغا ساڭگىلاپ چۈشكەنىدى. ئوفىتسېرلار ھەسرەت ئىلكىدە گۇلخاننى چۆرىدەپ جىممىدە تۇرۇشاتتى، قوشۇنلار بۇ يەردىن خېلى نېرىدا ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى.»

ئىككىنچى كۈنى سەھەردە كوچىلار قوغلاپ كەلگەن دۈشمەن قوشۇنى بىلەن پاتىپاراق بولۇپ كەتتى، فىرانسىيە قوشۇنلىرى قاتىلاڭچىلىقتا دەريا كۆۋرۈكىنى بەك بالدۇر پارتلىتىۋەتكەچكە، ئارقىدا كېلىۋاتقان مۇھاپىزەتچى قوشۇنى دۈشمەنگە تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى. مارشال دەريادىن ئۆتكۈچە جېنىدىن جۇدا بولغىلى تاس قالدى، يەنە بىرى بەختكە قارشى سۇدا تۇنجۇقۇپ قازا قىلدى، بىرقانچە ئوفىتسېر ياردار بولۇپ ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى. مىخائىل توم قوشۇنلىرى ئاۋگېرو قوشۇنلىرىنى كۈتۈپ تۇراتتى، ئاۋگېرو ئىككى قوشۇن ئۇچراشقىنىدا مەسخىرىلىك كۈلۈپ:

ـــ مېنى قاراپ تۇرۇپ لېيپزىگدە ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىدۇ دەپ ئويلىغانمىدىڭىز؟ ھەرقانچە ھاماقەت بولساممۇ ئۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتمىدىم، ھەرگىز بىر ساراڭنى دەپ ئۆزۈمنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەسمىنا! ـــ دېدى.

ناپولېئوننىڭ ئەڭ كونا سەپداشلىرىدىن بىرىنىڭ ئاغزىدىن تۇنجى بولۇپ چىققان بۇ گەپ ئۇلارنىڭ جان قايغۇسىدا ناپولېئوننىڭ شۆھرىتىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇشقا

باشلىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇنداق قىلىق بىرەر ئەسكەر ئۈچۈنغۇ ئېغىر ئىش بولماس، ئەمما بىر فىرانسىيە مارشالى ئۈچۈن نومۇس ئىدى. يەنە شۇ كۈنى ناپولېئوننىڭ ياشلىق دەۋرىدىكى دوستى مارمېنت ناپولېئونغا تۇنۇگۈنكى ئۇرۇش تەزكىرىسىدە نەتىجىسىنىڭ نەزەردىن ساقىت قىلىنغانلىقىدىن ئاغرىنىپ خەت يازدى. ئەسلىدە مارمېنت شۇ كۈنى ئىستىھكامنى ئۆزى يالغۇز ئون سائەت ساقلىغان، ئىمپېراتور بولسا ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىرەيلەننى ئالماشتۇرۇپ تەقدىرلىگەنىكەن. «مەن سىزگە ئۆمرۈمدە ئەڭ كاتتا ساداقەت كۆرسەتتىم دەپ ئويلىغانىدىم... ئالىيلىرى، شۇنداق ساداقەت كۆرسەتكەن ئادەم نەزەردىن ساقىت قىلىنسا، ئادەمگە بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ئېغىر ئىش بولماس دەيمەن» دەپ يازغانىدى مارمېنت ئۇ خېتىدە.

شۇ كۈنى يۈز بەرگەن بۇ ئىككى ئىش ئىمپېراتورغا بېرىلگەن سىگنال بولۇپ، بۇ ئىككىسىنىڭ ــ مارمېنت بىلەن ئاۋگېرونىڭ مۇشۇنداق ۋەزنىدىكى سۆزلىرى ئاچقۇچلۇق پەيتلەردە ناپولېئوندىن يۈز ئۆرۈيدىغانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىدى.

شۇ كۈنى گيوتې بۇ يەردىن بىرقانچە چاقىرىم يىراق ۋېيماردىكى ئۆيىدە ناپولېئوننىڭ تامغا ئېسىلغان سۈرىتىنى ئېلىۋەتتى. چۈنكى، لېيپزىگ تەرەپتىن ئۇزۇلمەي ئېتىلىۋاتقان زەمبىرەك ئاۋازى كېلىپ تۇراتتى، ئىمپېراتورنىڭ مەغلۇبىيىتى توغرىسىدا تۇنجى خەۋەرمۇ يېتىپ كەلگەنىدى. ھالبۇكى، ئىمپېراتورنىڭ ئۇزاقتا قالماي يەنە جاسارەتكە كېلەلەيدىغان ـ كېلەلمەيدىغانلىقى، غەلىبە قازىنالايدىغان ـ قازىنالمايدىغانلىقىنى ھېچكىم پەرەز قىلىپ يېتەلمەيتتى. بۇنىڭدىن بىرقانچە ئاي ئىلگىرى ناپولېئوننى يېڭىلمەس غالىب دەپ تەرىپلىگەن شائىر گيوتې ئەمدى بولسا ناپولېئوننىڭ

ھەقىقىي تەقدىرىنىڭ مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى.

بىراق، ناپولېئون ئۇچۇن زامان ئاخىرىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە تېخى خېلى بار ئىدى. ئىمپېراتور يەنىلا جاسارەت بىلەن جەڭ قىلماقتا، ناخشا تووۇلغىنىچە چېكىنمەكتە ئىدى. مۇرات ئۆز پادىشاھلىقىغا قايتىپ كەتمەكچى بولۇپ ئېرفۇرتتا ئىمپېراتور بىلەن خوشلاشتى.

— كېلەر يىلى مايدا رېيىن دەرياسى ساھىلىدا ئىككى يۈز ئەللىك مىڭ كىشىلىك قوشۇن توپلايمەن، — دېدى ئىمپېراتور.

ماينتزدا كېزىك يامراپ، ئوفىتسېر - لەشكەرلەرنى قىرىلىشقا باشلىغاندا قالدۇق قوشۇنلىرىنى دەرھال چېكىندۈرۈپ رېيىن دەرياسىدىن ئۆتكۈزۈۋالغانىدى. بۇ قېتىم قوشۇنلىرى چېكىنىۋاتقان مەزگىلدە ھەر كۈنى سەھەر ۋاقتى سائەت ئۈچ - تۆتلەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، تاكى كېچە سائەت ئون بىرلەرگىچە تىنماي ئىشلىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاقداش قوشۇنلارنىڭ ئىشتابى قارارىنى كۆنىگە ئۈچ قېتىم ئۆزگەرتىپ تۇرىدىغان تۇتۇرۇقسىز پادىشاھلار بىلەن تولغانىدى. ئۇلار ئالدىن تۈزۈپ قويغان پىلاننى تېزلا ئېسىدىن چىقىرىپ، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قوياتتى.

— بۇ بايقۇشلارنىڭ قىلىقىغا نېمە دېگۈلۈك... — دېگەنىدى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى دۇرۇس بىرى قارىشىنى بايان قىلىپ، — بۇ پادىشاھ - بەگلەر ئىچىدە قابىلىراقىدىن بىرىمۇ يوق، ئۇلار كىشىلەرنىڭ كۆرسىتىۋاتقان ئىززەت - ھۆرمىتىگە پەقەتلا مۇناسىپ كەلمەيدۇ... پۇقرالىرىنىڭ ئىسسىق قېنى بەدىلىگە قوغداۋاتقان ئاتالمىش ئىگىلىك ھوقۇقى بولسا تەكەببۇرلۇق، كەيپ - ساپا، ھوقۇق مەستانىلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

بۇ ماركىز ستەيننىڭ ئۆز تەبىقىسىدىكى گېرمان بەگ ـ پادىشاھلىرىغا بەرگەن ئەجەللىك باھاسى ئىدى.

## ئون ئىككىنچى، مەغلۇبىيەت كۈيىنىڭ مۇقەددىمىسى

لاتىسىيە تام مەش ئالدىدا ئوغلىنىڭ مايىنتىزدىن ئەۋەتكەن خېتىنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى. ئوغلى ناپولېئون ئاپىسىنىڭ لۇئىس بىلەن يارىشىپ قېلىش توغرىسىدىكى تەۋسىيەسىگە جاۋابەن ئەۋەتكەن بۇ خېتىدە ئۆزى زورلۇر دەپ قارىغان شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ئانىنىڭ كۆڭلىنى پەرىشان قىلغىنى ئوغلىنىڭ بۇ شەرتلىرى ئەمەس، بەلكى بۇ خەتتىكى ئوغلىنىڭ تەتۈر پېشانىلىكىدىن بېشارەت بەرگەن بىر جۈملە سۆز ئىدى: «شۇ تاپتا پۈتكۈل ياۋروپا ماڭا قارشى قوپتى، ئېغىر غەمدە قالدىم.»

ئانا ھېچقاچان ناپولېئونغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ ئولتۇرمايتتى، پەقەت ئوغلىدىن پەخىرلىنىپلا ئۆتەتتى.

— ئىشلار ئاخىرغىچە خەيرلىك بولغىيدى، — دەيتتى دائىم سىرداشلىرىغا. بىراق، ھېچقاچان ئۆز غېمىدە ئەمەس، بالىلىرىنىڭ غېمىدىلا شۇنداق دەيتتى.

«ئەگەر بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالسا، بالىلىرىمغا كىم ياردەم قىلار؟ ئىمپېراتور كىمدىن ياردەم تىلەر؟» ئۆز ـ ئۆزىگە سوئال قوياتتى ئۇ ھەمىشە.

ئىمپېراتور قايتىپ كەلگىنىدە ياتلاردىن كۆرە ئۆز بالىلىرىنىڭ يۈزسىزلىك قىلىشلىرىنى كۆرگەن بۇ ئانا قاتتىق ئازابلاندى. ئىنچىل تۇردە ئەقىللىك ئايالى كارولىنانىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ كەلگەن مۇرات ئەنگلىيە بىلەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالاشتى ھەمدە ئاۋستىرىيە بىلەن ئىتتىپاق

تۇزدى. ئېلىزانىڭ مەسلىھەتچىسى فۇشې تاكى ئىمپېراتور تەختتىن غۇلاپ چۈشكەنگە قەدەر تۇرۇپ ئاندىن پارىژغا قايتىپ كەلدى ـ دە، تەپتارتماستىن ئېلىزاغا دېدى:

— ئىمپېراتور ئۆلسۇن، ھەممىمىزنى قۇتقۇزىدىغان بىرلا يول شۇ.

ئېلىزا ئاپىسىغا پارىژدا بۇ يىل قىشتا قانداق تانسىلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ خەت يازدى. ئاۋستىرىيەدە تۇرىۋېرىشكە تاقىتى قالمىغان لۇئىس بولسا پەرمانغا خىلاپلىق قىلىپ، ئىجازەتسىزلا پارىژغا كېلىۋالدى، ناپولېئون بۇ ئىنىسىنى پارىژدىن ئىككى يۈز مىل يىراقلىقتىكى جايغا سۈرگۈن قىلماقچى بولۇۋىدى، لوئىس جان ـ جەھلى بىلەن قارشىلىشىپ تۇرۇۋالدى، بۇ ئاكا ـ ئىنى ئاپىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چۈشۈپ مۇرەسسە قىلىشى بىلەن يۈز كۆرۈشتى، نەتىجىدە بولسا بىر ـ بىرىدىن تېخىمۇ يىراقلىشىپ كەتتى. ژىرومې دۆلىتى ۋە خەلقىنى تاشلاپ گاسىلدىن غېپىدە تىكمۇەتتى. يوسېف پارىژنى قوغداش ۋەزىپىسىنى قوبۇل قىلماي رەت قىلدى. ئىچىدە غۇمى بار لۇسىئان بىر چەتتە تاماشا كۆرۈپ تۇردى. ناپولېئون بۇ قېرىنداشلىرىنى ئون يىل مابەينىدە تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ بەرپا قىلماقچى بولغان بوناپارت ئىمپېرىيەسىنىڭ تۈۋرۈكلىرى ساناپ كەلگەنىدى، بۇ تۈۋرۈكلىرىنىڭ ھالى بولسا شۇنچىلىك ئىدى. بۇ جاپاكەش ئوغلىغا ئەڭ ئىچى كۆيىدىغان ئانا شۇ تاپتا قانداق تۇيغۇدا بولۇۋاتقاندۇ؟

مولفېتتانىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى سەھرا داچىسىدا بولسا شادىيانە كەيپىيات ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. دۆلىتىدىن مەھرۇم قالغان يوسېف، قېيىنئاتىسى دۈشمەننىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان ژىرومېنىڭ خانىشى، چېركاۋدا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ يۈرۈۋاتقان سابىق ئىسپانىيە دىنىي سوتىنىڭ سودىيەسى، ئوردىسىز قالغان

گېرمانىيە، ئىسپانىيە ۋە ئىتالىيە ۋەزىر - ۋۇزرالىرى مۇشۇ مولفېيتتا داچىسىدا ئىدى. ئۇلار خۇددى خۇسۇسىي تىياتىرخانىنىڭ تاماشىبىنلىرىدەك بىر هالدا سەھنىدىن چۈشۈپ مېھمانخانا زالىغا كىرىپ كېلىدىغان ئارتىسلارنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشماقتا ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرەيلەن ئۇمىدىنى بولغۇسى بۆھرانغا باغلاپ، توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاشقا تەييار تۇراتتى، ئۇ بولسىمۇ بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل ئىلگىرى ئىمپېراتور تاشلىۋەتكەن قىز، هازىرقى بېرنادوت خانىم — يوسېفىنىڭ قېيىنسىڭلىسى ئىدى. فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاقداش قوشۇنىنىڭ قوماندانلىرىدىن بىرى بولۇۋالغان ئېرىنىڭ هەربىي يۈرۈش قىلىپ رېيىن دەرياسى رايونىغا يېتىپ بارغانلىقىدىن خەۋەردار بۇ ئايال ئۇزاق ئۆتمەيلا يوسېفىنىڭ خانىشلىق تاجىنى كىيىش خام خىيالىدا ئىدى.

بۇ سەھرا داچىسىدا يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن ناپولېئوننى نىشانلاپ تەييارلىنىۋاتقان سۈيىقەستلەردىن يوسېفىنىڭ بىلىدىغىنى كۆپ ئەمەس ئىدى. چۈنكى، يوسېف سۈيىقەستچى ئەمەس، بەلكى هۇرۇن، تەييارتاپ ئادەم ئىدى.

ئاشۇ خەۋپلىك بىرقانچە هەپتە ئىچىدە ئىمپېراتورنىڭ ئەسەبىيلىكى كۈنسايىن كۈچىيىپ باردى. ئوردىدىكى ئىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان هەممە ئىشنى ئويۇن قاتارىدا كۆرەتتى، ئوغلىغا ئاز - تولا كۆڭۈل بۆلگىنىنى هېسابقا ئالمىغاندا، هېچنېمىگە پەرۋا قىلمايتتى.

ئىمپېراتور ئۇزاق ئۆتمەي ئىسپانىيەنىڭ پادىشاھلىق تەختىنى هۆرلۈككە چىققان پادىشاھ فېردىناندقا قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولدى. بىراق، ئىسپانىيە پارلامېنتى بۇ هەقتىكى شەرتنامىنى تەستىقلىشى شەرت ئىدى، بۇ تاللېيراننىڭ مەسلىھەتى بىلەن بولۇۋاتقان ئىش ئىدى. ئوردىدا يېڭىباشتىن

مەرتىۋىگە ئۆلتۈرغان بۇ ئاسىيىنىڭ غەربىي بۇ ئىشنى ئەنە شۇ يول بىلەن ئارقىغا سۈرۈش ئارقىلىق فىرانسىيە قوشۇنلىرىنى فىرانسىيەنىڭ جەنۇبىدا تۇرغۇزۇش ھەمدە شۇ ئارقىلىق فىرانسىيەنىڭ كۈچىنى ئاجىزلىتىشتىن ئىبارەت ئىدى، بۇ ھال فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرگە تولىمۇ پايدىلىق ئىدى. يوسىپ بۇنىڭغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى. «مېنىڭ ئەھۋالىم مەملىكەت سىرتىدىكى ھۆكۈمرانلىقىمنى ئويلىشىپ ئولتۇرىۋېرىشىمگە ئىمكان بەرمەيدۇ، — دەپ يازدى ئىمپېراتور ئاكىسى يوسىپقا ئەۋەتكەن خېتىدە، — ئەگەر تىنچلىق ۋاستىسى ئارقىلىق فىرانسىيەنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ساقلاپ قالالىغىنىمدا ئۆزۈمنى تولىمۇ بەختلىك ھېسابلىغان بولاتتىم. ھەممە ئىشىم بەربات بولدى، قوشۇنۇم تۈگەشتى، ئەمدى باش كۆتۈرۈپ چىقمىغىنىم قىيىن. گوللاندىيە قولىمىزدىن كەتتى، ئىتالىيەنىڭمۇ ئۆلى تەۋرەپ قالدى، بېلگىيە ۋە رېيىن ئۆلكىسىدە نارازىلىق كەيپىياتى ئۆلغىيىپ بېرىۋاتىدۇ، ئىسپانىيە چېگراسىمۇ دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ قولىدا تۇرۇۋاتىدۇ. بۇنداق خەۋپلىك پەيتتە مەملىكەت سىرتىدىكى تاجۇ تەختىمنى ئويلىشىپ ئولتۇرالايتتىمۇ؟»

ساقچى ۋازارىتىنىڭ باش مىنىستىرى سەرخىل مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىنى پارىژنى ساقلاشقا قالدۇرۇش تەكلىپىنى بېرىۋىدى، ئىمپېراتور رەددىيە بەردى:

— ئۇلارنىڭ ماڭا سادىق بولۇشىغا كىم كاپالەت بېرەلەيدۇ؟ مۇشۇنداق بىر قۇدرەتلىك قورالىق كۈچنى ئارقامغا تاشلاپ قويامدىمەن؟

ئىمپېراتورنىڭ روھىي ھالىتىنى سۈپەتلەشكە «ئۈمىدسىزلىك» دېگەن سۆزدىن باشقىسى بىكار. ئائىلىسىمۇ، ئىتتىپاقداشلىرىمۇ، پايتەختىمۇ ئىشەنچلىك تۈيۈلمايتتى،

كەيپىياتى لېيپزىگ ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۆزگىرىپلا كەتكەنىدى. پارىژ بويىچە ئەڭ ئىشەنچلىك پوچتا ۋەزىرى گىراف رافالېيت ناپولېئوننىڭ ئىنتايىن مىسكىن ھالەتتە تۇرغانلىقىنى بايقىدى. ناپولېئون بىر كۈنى ئاخشىمى ھۇجرىسىدا رافالېيتنى قوبۇل قىلغانىدى، رافالېيت تام مەشىنىڭ ئالدىدا قولىنى ئوتقا سۇنۇپ ئولتۇرغان ئىمپېراتورغا سۆلھى تەلەپ قىلىش تەكلىپىنى بېرىپ، فىرانسۇزلار ئۆزگىرىشچان، ئۇجمە كۆڭۈل كېلىدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇردى ھەمدە قارامىلىق بىلەن بوربوننىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالدى. ناپولېئون ئەگەر تەختنى بوربون جەمەتىدىكىلەردىن بىرەرىگە قالدۇرۇپ قويىدىغان بولسا، دوزاخ ئازابىغا مەھكۇم بولغىنى شۇ ئىدى. ئىمپېراتور تام مەشىنىڭ ئالدىدىن تۇرۇپ، كارىۋىتىغا بېرىپ ئۈن - تىنسىز تاشلىنىپ ياتتى. رافالېيت بىرقانچە مىنۇتتىن كېيىن كارىۋات بېشىغا كېلىپ قارىغىنىدا، ناپولېئون تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

بوناپارت سۇلالىسىنىڭ ئورنىنى يەنە بوربون خاندانلىقىنىڭ قايتۇرۇپ ئېلىشى مۇمكىنلىكى توغرىسىدىكى پاراڭ قۇلىقىغا خۇشياقمىغانلىقتىن يېتىپلا بەخىرامان ئۇيقۇغا كەتكەنلىكى ۋۇجۇدىدىكى ساغلام ئىنكاس بولۇپ، يېڭىباشتىن غەيرەتكە كېلىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىدى.

ئىمپېراتور ئويغانغىنىدا ئوبدانلا روھلىنىپ قالغانىدى، ئويغىنىشى بىلەنلا شىمالدىكى ئۆلكىلەرنىڭ بوربون خاندانلىقىغا ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئېغىر خەۋپتىن بېشارەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى. زايوم كۇرسىنىڭ يېرىم باھا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى، فىرانسىيە بانكىسىدىكى پايىنگمۇ كۇرسى چۈشۈپ ئەسلىدىكى قىممىتىنىڭ يېرىمىلاپ قالغانلىقىنى، شۇنداقلا بارلىق كاشىلىلارنى تۆگىتىپ يېڭىدىن قوغدىنىش قوشۇنى قۇرۇش ئارزۇيىغىمۇ

يىغىلىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نەزەرىدە تۇتۇلغان ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ فرانكفورت يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپىنى قوبۇل قىلىش قارارىغا كەلگەن. فرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقسىزلىق دەل ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىش ئىدى. سىياسىيون مېتتېرنىخ پارىژنى ئىشغال قىلمىغان ياخشى دەپ قارايتتى. رومانىنىڭ چار پادىشاھ بولسا موسكۋا يانغىنىنىڭ ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن فرانسىيە ئىمپېراتورىنىڭ ئوردىسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاش خىيالىدا ئىدى. ئاخىردا ئاۋستىرىيەنىڭ پىكرى قوبۇل قىلىندى. ئاۋستىرىيە ئىمپېراتورى فرانسىيە تېررىتورىيەسىنى ئەسلىدىكى ھالىتىگە قايتۇرۇش، يەنى رېيىن دەرياسى، ئالىپ تېغى ۋە پىرىنېئوس تېغىنى چېگرا قىلىش تەكلىپىنى بەرگەنىدى. ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلۇپ يېنىكلەپ قالغان ئىمپېراتور فرانكفورت يىغىنىنىڭ تەكلىپىنى ئىككىلەنمەي ئولتۇرماي قوبۇل قىلدى.

بىراق، ئىمپېراتور بىردىنلا قارارىنى ئۆزگەرتىۋالدى، نېمە ئۈچۈن؟ پالاتادا بېرىلگەن قارشى پىكىرلەر غەزىپىنى قوزغىغان بولسا كېرەك. پالاتا ئەزالىرى پالاتا يىغىنىدا ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ: «پەقەت ھۆكۈمەت دۆلەتنى قوغداش مەجبۇرىيىتىنى زىممىسىگە ئېلىشقا كاپالەت بەرگىنىدىلا، بىز يېڭىباشتىن ھەربىي ھازىرلىقلار خامچوتىنى ئىشلەيمىز، ئىمپېراتور ئەركىنلىكنى قوغداش قانۇنىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك» دېيىشتى. بۇ پىكىر پۈتۈن يىغىن زالىدىكىلەرنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. شۇنداق قىلىپ ئون بەش يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم ناپولېئونغا قارشى كەيپىيات كۆتۈرۈلگەنىدى. غەزەپلەنگەن ئىمپېراتور پالاتا يىغىنىنىڭ نۇتۇقلىرىنى ئېلان قىلىشنى مەنئى قىلدى ھەمدە پالاتا يىغىنىنى تارقىتىۋەتتى. ئاندىن بىرقانچە نەپەر پالاتا ئەزاسىنى قوبۇل

قىلىپ:

— تەخت پەقەت تاۋار - دۇردۇن يېپىلغان جانسىز ياغاچتىن باشقا نەرسە ئەمەس. خەلققە مانا مەن ۋەكىللىك قىلىمەن، مەن دېمەك دۆلەت دېمەكتۇر. ئەگەر فىرانسىيەگە باشقا بىر ئاساسىي قانۇن كېرەك بولسا، باشقا بىر ئىمپېراتورنى سايلىۋالسۇن، مېنى پو ئېتىۋاتىدۇ، دەپ ئويلامسىلەر؟ بۇ گەپنى شۇنىڭغا لايىق جاسارىتىم بولغانلىقى ئۈچۈن ئېيتىشقا ھەقلىقمەن، يەنە كېلىپ فىرانسىيەنىڭ بۈگۈنكىدەك كۆلەمگە ئىگە بولغانلىقى تامامەن مېنىڭ ئەجىر - تۆھپەمگە مەنسۇپ، — دېدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن يېڭى يىل كۈنى پالاتا ئەزالىرىغا: «سىلەرنى مەخپىي يوسۇندا قاتتىق نازارەت قىلىپ تۇرىمەن» دەپ ئاشكارا تەھدىت سالدى.

شۇ كۈنى بىلۇچېر رېيىن دەرياسىدىن ئۆتتى. يىگىرمە يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ۋە ئالتە قېتىم ئۇرۇش قىلىش نەتىجىسىدە ياۋروپا ئەللىرى ئاران ئىتتىپاقلاشقان بىر پەيتتە قەدىمىي ئىمپېرىيە تۈزۈمى ئىدىيەسى ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەملەنگەن پىروسسىيە مارشالى ئىنقىلابنىڭ پاسىل دەرياسىدىن ئۆتۈپ يېڭىباشتىن كونىلىق توغىنى كۆتۈرۈپ نەرە تارتىپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھازىرقى زامان ئىدىيەسىنىڭ ۋارىسى ناپولېئون مۇشۇ ئىنقىلاب بۆشۈكىدە ھازىرقى زامان ئىدىيەسىنىڭ ۋاكالەتچىسى بولمىش پالاتا ئەزالىرىنى سۆز - توقاي قىلغىلى تۇردى ھەمدە ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىپ، زىندانغا تاشلايمەن دەپ تەھدىت سالدى. شۇنىڭدەك بىر تەرزدە بىر بىرىگە زىت ئىككى دۇنياغا مەنسۇپ ئىككى خىل بايانات بىر - بىرى بىلەن ئورۇن ئالماشتۇردى. كىشىلەر بۇۋى مەريەم چېركاۋىدا يىگىرمە يىلدىن بۇيان غەلىبىگە ئېيتىلغان ھەمدۇساناردىن باشقىنى ئاڭلىماي

كەلگەنىدى، ئەمدى بولسا فىرانسىيە ئارمىيەسىگە نۇسرەت تىلەپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىشماقتا ئىدى. فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر شۇنچە يىلدىن بۇيان فىرانسىيە ئارمىيەسىنىڭ غەلىبە تەنتەنىسىنى بويسۇندۇرۇلغان ئەللەرنىڭ مىللىي ئازادلىق ساداسى دەپ بىلىپ كەلگەنىدى، ھازىر بولسا بويسۇندۇرۇلغان فىرانسۇزلارغا بېسىپ كىرگۈچىلەرنىڭ «ئازاد قىلغۇچىلار» ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ لەۋزە قىلماقتا ئىدى. دېمەك، ئەنئەنە تەرەپدارلىرى ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزلىرىنىڭ قۇدرەتلىك دۈشمىنىدىن ئۇرۇش ۋە تەشۋىقات ماھارىتىنى ئۆگىنىۋالغانىدى. بىراق، ئۇستۇنلۇككە ئىگە ئەسكىرىي كۈچى يىگىرمە يىل غەلىبىلىك ئۇرۇش قىلغاندىن كېيىن چارچاپ ماجالى قالمىغان فىرانسىيەنىڭ دەم ئېلىۋېلىشقا موھتاج بولمىغىنىدا، ئۆگىنىۋالغان ماھارەتتىن بىرەر نەپكە ئېرىشەلىشى ناتايىن ئىدى.

فىرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاقداشلار دەسلەپتە ئارتۇقچە تەلەپ قويۇۋەتكەچكە پاسسىپ ئورۇندا تۇرۇپ قالدى، يەنى ئۇلار فىرانسىيەنىڭ 1792 ـ يىلىدىكى چېگراسىنىلا ئېتىراپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ناپولېئون تىنچلىق سۆھبىتىنى توختىتىپ، ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى ئالدىنقى سەپكە ئاتلاندى. گەرچە نۇرغۇن قارشى پىكىرگە دۇچ كەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئالدىنقى سەپنى مۇستەھكەملىمەكچىدى. ناپولېئوننىڭ روھى باشقىدىن ئۇرغۇشقا باشلىغانىدى، تەقۋادار بىر گىراف ئىمپېراتورنى خانىش ۋە ئوردا كېنىزەكلىرىنى ستېكېرىۋنىڭ مۇبارەك جەسەت سۆڭىكىنى سۆيۈشكە بۇيرۇشقا دەۋەت قىلىۋىدى، ئىمپېراتور قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى:

ــ تازىمۇ بىر تەقۋادار خۇراپىي مۇخلىس ئىكەنسىز، مەن جىمى ئىشنى ئۇرۇش ئارقىلىق ھەل قىلىمەن.

بىراق، مۇشۇنداق ئاچقۇچلۇق پەيتتە پايتەختنى كىمگە تاپشۇرار؟ ئىمپېراتورنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكۈدەك كىم بار؟

يوسېف! ئۇرۇشتىن زادىلا خەۋىرى يوق، يەنە كېلىپ ناپولېئوننىڭ دۈشمەنلىرىنى قوينىغا ئېلىپ بېقىپ كەلگەن يوسېف فىرانسىيە كورپۇس گېنېرالى ۋە پارىژ ۋالىيسى بولۇپ قالدى. بۇ ئائىلىۋى كېلىشىم بىزنى ئىمپېراتورنىڭ يېتىم قالغانلىقىنى، ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە ئىشەنمەس بولۇپ قالغانلىقىنى ۋە ئائىلە قارىشىنىڭ كۈچىيىپ كەتكەنلىكىنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ چۈشىنىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئىمپېراتور ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىش ئالدىدا ئاكىسىغا نائىب خانىشنىڭ دوستى ئىكەنلىكىنى ئاشكارا جاكارلاش ياكى پارىژدىن سۈرگۈن قىلىنىشتىن ئىبارەت ئىككى يولنىڭ بىرىنى تاللاشقا بۇيرۇدى.

— مەنلا بولىدىكەنمەن، سەنمۇ تىنچ ياشايسەن. مەن ئۆلسەم، سەنمۇ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىسەن ياكى زىندانغا تاشلىنىسەن. ئۇ يەردە ماڭىمۇ، ئائىلىمىزدىكىلەرگىمۇ، فىرانسىيەگىمۇ قىلچە كېرىكىڭ بولمايدۇ. بىراق، ھېچبولمىغاندا ماڭا زىيىنىڭ يەتمەيدۇ، ئۆزۈڭ تاللىغىن، — دېدى ئىمپېراتور.

بۇ ئۆزىنىڭ ئىمپېراتورلۇق تەختىنى قوغداش يولىدا ئاچچىق كۈرەش قىلىۋاتقان كىشىنىڭ ئاۋازى ئىدى، ھالاكىتى ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقان بۇ ئادەم نۇرغۇن مۇھىم ھۆججەتلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى، نىكاھسىز بالىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇردى. شۇ ئوغۇللىرىدىن بىرى لېئوننى مۇقىم كىرىمگە ئېرىشتۇردى، ۋالېۋسكانىڭ ئوغلى نۇرغۇن مۇقىم مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. ئۈچ ياشقا كىرىش ئالدىدا تۇرغان قانۇنلۇق ئوغلىنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ تۇرۇپ قوغدىنىش قوشۇنىدىكىلەر بىلەن خەيرلەشكەچ:

— يۇرەك پارەم سىلەرگە ئامانەت، چوقۇم ئىگىدارچىلىق قىلىپ قويۇڭلار، — دېدى. ئاكىسىغا قەيسەر بولۇشنى يەنە بىر قېتىم جېكىلىدى ھەمدە خانىمىنى ئۆزلىرىنىڭ بالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان پادىشاھلىقنىڭ نائىبى قىلىپ يەنە بىر قېتىم تەيىنلىدى. ئەتىسى ئەتىگىنى پارىژدىن ئايرىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىر يىل ئۆتتى، ئىمپېراتور سەرسانلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىپ پارىژغا قايتىپ كەلدى.

## ئون ئۈچىنچى، قورشاۋ ئىچىدە

ناپولېئون بىرقانچە كۈندىن كېيىن مەغلۇپ بولدى.

دەسلەپكى بىرقانچە قېتىملىق ھۇجۇمى ھەرھالدا ئوڭۇشلۇق بولغانىدى، بىرىئاننا ئەتراپىدا بىلۈچېر قوشۇنلىرىنى چېكىندۈردى، ئاشۇ ئۇرۇشتا ئوق يامغۇرىغا قارىماستىن جەڭگە كىرگەن، ھەتتا بىر قېتىم قىلىچىنى يالىڭاچلاپ ئۆزىنى قوغداشقا ئۆتكەنىدى.

بىلۈچېر رودىئېردا غەلىبە قىلدى، بۇنىڭ بىلەن پارىژ خەۋپ ئىچىدە قالدى. بۇ چاغدا ئىمپېراتورنىڭ كۈچى تارمار بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى. كولانگورت ئىمپېراتورنى يول قويۇشقا دەۋەت قىلىپ خەت يازدى، مارېيت بولسا يۈزتۇرا دەۋەت قىلدى. ئىمپېراتور دەسلەپتە مارېيتنىڭ تەۋسىيەسىگە قۇلاق سالماستىن موندېسنىڭ كىتابىنى ۋاراقلاپ ئولتۇردى، ئاندىن كىتابتىكى بىر بۆلەكنى مارېيتقا كۆرسىتىپ:

— ئۇنلۇك ئوقۇڭ! — دېدى.

— زامانىمىزدىكى بىر ئىمپېراتورنىڭ نالايىق شەرتنى قوبۇل قىلغىنىدىن كۆرە ئۆزىنى زاۋاللىققا يۈز تۇتقان سۇلالىسىنىڭ خارابىلىكىگە دەپنە قىلىشنى ئەلا

بىلگەنلىكىدىنمۇ ئارتۇق شەرەپنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن، — ئوقۇدى مارىيىت.

— مەن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق شۆھرەتنىڭ بارلىقىنى بىلمەن، — دېدى مارىيىت توۋلاپ، — سىز شۆھرىتىڭىزنى قۇربان قىلماستىن، ئالدىمىزدىكى ھاڭنى تىندۇرۇشىڭىز كېرەك، ئۇنداق قىلمىسىڭىز فىرانسىيەمۇ سىز بىلەن بىللە دەپنە قىلىنىدۇ.

— ماقۇل، — دېدى ئىمپېراتور، — گورگۇد بىلەن يارىشىپ سۈلھى قىلغان بولاي، تىنچلىق كېلىشىمگە گورگۇد ئىمزا قويسۇن، مەن بۇ ھاقارەتنى ئۈستۈمگە ئالغانمۇ بولاي. بىراق، مېنى ئىززەت - ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلىدىغان ئىشقا بۇيرۇماڭلار.

مارىيىت شۇنىڭ بىلەن ساتروندا دۈشمەن بىلەن يېڭىباشتىن سۆھبەتلىشىۋاتقان گورگۇتقا دەرھال خەت يېزىپ ئىمپېراتورنىڭ پىكرىنى يەتكۈزدى، گورگۇد ئىمپېراتوردىن تېخىمۇ ئېنىق يولىيورۇق سورىدى، ئىمپېراتور شۇ ئارىدا قارارىنى ئۆزگەرتىپ پارىژدىكى يوسېفقا خەت يازدى:

شەھەر قوۋۇقىنى چوقۇم باتۇرلۇق بىلەن قوغدىغىن، لەشكەرلەر ئىككى زەمبىرەك ياسىسۇن ھەمدە قاتتىق مۇداپىئەدە تۇرسۇن... ھەربىر قوۋۇققا ئون بەش نەپەردىن ناگانلىق مەرگەن، يۈز مىلتىقلىق مەرگەن، يۈز نەيزىلىك لەشكەر قوي، ھەربىر قوۋۇقنى ئىككى يۈز ئەللىك لەشكەر باقسۇن.

بۇنىڭدىن ئالتە ئاي بۇرۇنقى چاغ... ياق، ئالتە ئاي ئەمەس، ھەتتا ئۈچ ئاي بۇرۇنقى چاغ بولغىنىدا، ناپولېئون بۇ سانلارنىڭ كەينىگە ئۈچ نۆلنى قويغان بولار ئىدى. بىراق، ھازىر تۇشمۇ

تۇشتىن ھۇجۇم قىلىۋاتقان ھەرقايسى ئەل قوشۇنلىرىنىڭ قورشاۋىدا قالغان بولغاچقا، پارىژنى ئىككى زەمبىرەك ۋە بىر نەچچە يۈز مىلتىق بىلەنلا مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرۇشقا مەجبۇر !

بۇ نۇقتىنى ناپولېئونمۇ تونۇپ يەتكەنىدى. مارىيىت ئىمپېراتورنى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ سولىھى شەرتلىرىنى، يەنى بېلگىيە بىلەن رېين دەرياسىنىڭ سول قىرغاق رايونىدا ئەركىنلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئىتالىيەنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش؛ ئومۇمەن ناپولېئون ۋە ئۇنىڭ جەمەتىدىكىلەر تارتىۋالغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ بېرىش تەلىپىنى قوبۇل قىلىشقا دەۋەت قىلدى. شۇنداق قىلغىنىدا پارىژ بىلەن تەختىنى — تاۋار بىلەن ئورالغان شۇ جانسىز ياغاچنى ساقلاپ قالالايتتى. ئىمپېراتور كېلىشىمگە ئەتە ئىمزا قويىمەن دېگىنىدە، دىلىدىن سۆيىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئىختىيارسىز رەۋىشتە ئەندىكىپ كەتتى. چۈنكى، بۇ ئىمپېراتورنىڭ نۇرغۇن جەڭلەر ئارقىلىق ئېرىشكەن نەرسىسىدىن مەھرۇم قالىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

بىراق، تەقدىر ئىلاھى ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم قۇتلۇق خەۋەر ئېلىپ كەلدى. شۇ كۈنى كەلگەن ئەڭ يېڭى خەۋەردىن بىلىشچە، دۈشمەننىڭ سېپى بۇرۇنقىدەك مۇستەھكەم ئەمەس ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۇرۇش ئىلاھىنىڭ تەسەۋۋۇرى يەنە يېڭىباشتىن جانلىنىپ كەتتى. ئەتىسى مارىيىت ھۆججەت ئېلىپ كىرگىنىدە، خەرىتە ئالدىدا تۇرغان ئىمپېراتور مارىيىتنىڭ كىرگىنىگە قىلچە دىققەت قىلمىدى.

— ئەمدى ئىشلار باشقىچە بولىدۇ، بىلۇچېرنى يەڭگىنىم يەڭگەن ! — دېدى ئىمپېراتور ئۆز - ئۆزىگە دەۋاتقاندەك.

شۇ ئەسنادا بىرەيلەن يوسىفنىڭ خېتىنى ئېلىپ كىردى، يوسىف بۇ خېتىدە: «پارىژ خەۋپ ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ» دەپ

يازغانىدى.

ــ ئەگەر پارىژ قولدىن كېتىدىغان بولسا، مەن ھاياتىمنى ئاخىرلاشتۇرىمەن، ــ دېدى قوشۇنغا چۇشۇرمەكچى بولغان پەرمانىنى ئاغزاكى بايان قىلىپ يازدۇرۇۋاتقان ئىمپېراتور شۇ ئارىلىقتا تۈمۈردەك جاراڭلىق ئاۋازدا، ــ خانىشنى، رىم پادىشاھىنى ۋە جەمەتىمىزنى قوغداش يولىدا بارلىق زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللان، بۇمۇ ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى. بۇيرۇق بېرىۋىدىمغۇ... قېرىنداشلىرىمدىن ياردەم تىلەشكە ھەقلىقمەن. چۈنكى، ئىلگىرى مەنمۇ ئۇلارغا كۆپ ياردەم قىلغان. ئەگەر تاللېيران ئىمپېراتور ھەرقانداق ئەھۋالدىمۇ پارىژدا قېلىشى كېرەك دەپ قارىغان بولسا، بۇ ئۇنىڭ سۇيىقەستىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەيسەن. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان ئون ئالتە يىل مابەينىدە ھەمىشە ئۇنىڭغا پايدىلىق ئىشلارنى قىلغانىكەنمەن، ئۇ جەزمەن ئوردىمىزغا سوقۇنۇۋالغان ئەڭ چوڭ دۈشمەن. نەسىھەتىمگە قۇلاق سالغىن، ياشلارغا قارىغاندا بىلىدىغىنىم كۆپ. ئەگەر بۇ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولار بولسام ياكى جەڭگاھتا قۇربان بولار بولسام، بىرىنچى بولۇپ ساڭا ئۇقتۇرىمەن... مېنىڭچە، ئاپام ۋېستفالىيە ئوردىسىغا پاناھلىنىپ بېرىپ، خانىش ۋېستفالۇن بىلەن بىللە تۇرسۇن. بىراق، تەڭرىمنىڭ نامى بىلەن ئېيتىمەنكى، خانىش بىلەن رىم پادىشاھىنى دۈشمەنىنىڭ قولىغا چۈشۈرۈپ قويما! شۇنداق بولۇپ قالسا ئاۋستىرىيەنىڭ مەن تەرەپتە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىشتىن رايى قايتىدۇ ھەمدە خانىشنى ۋېيىناغا ئېلىپ كېتىدۇ. ئەنگلىيە بىلەن رۇسىيەمۇ فىرانسىيەنى ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇشقا مەجبۇرلايدۇ، ئىشلىرىمىز تۈگىشىدۇ...

ــ ئېھتىمال، بىرقانچە كۈن ئىچىدە تىنچلىق كېلىشىمى ھاسىل قىلىشىم مۇمكىن... ھاياتلا بولىدىكەنمەن، بۇيرۇقۇمغا

قولاق سېلىشىڭلار شەرت. ئەگەر ئۆلۈپ كەتسەم، پۈتۈن فىرانسىيەنىڭ شۆھرىتىنى كۆزدە تۇتۇڭلاركى، ۋارىس ئوغلۇم بىلەن ئاپام دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالمىسۇن، ھەتتا ئاخىرقى بىرەر لەشكەر بىلەن قالغان تەقدىردىمۇ دۈشمەننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغاندىن كۆرە بىرەر خىلۋەت يۇرتقا كېتىپ شۇ يەرنى ماكان تۇتقىنى تۈزۈك، بولمىسا مەن ئوغلىمنىڭ تەختىنى ھالاك قىلىدى دېگەن ئاھانەتكە قالىمەن. ئوغلۇمنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە رازىمەنكى، ئاۋستىرىيە شاھزادىسى بولۇپ ۋىيېننادا چوڭ بولۇشىنى خالىمايمەن.

ئۇزاق مۇددەت جەڭگاھلاردا كېزىپ يۈرگەن بۇ ئادەمنىڭ يۈرىكى شۇ دەقىقىدە قاتتىق سېلىپ كەتتى. ئۆلۈم ياكى تەختتىن غولاپ چۈشۈش خەۋپى، ھەتتا ھەر ئىككى خىل ئېھتىماللىق شۇ تاپتا تۇنجى قېتىم كۆزىگە كۆرۈنۈپلا قالغانىدى. يوسىپقا بۇنداق ئەھۋالدا قانداق ھەرىكەت قوللىنىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا خەت يېزىۋاتقىنىدا ۋۇجۇدىدىكى بىر - بىرىگە زىت پىسخىك خاراكتېر ئامىللىرى گىرەلىشىپ كەتكەن ۋە توقۇنۇشۇپ ئوت چاقناپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ زىل خاراكتېرى شۇنداق بىر يامان ئاقىۋەتتىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتىكى، ئەگەر ئاۋستىرىيەنىڭ بۇ ئۇرۇشقا كۆزى يەتمەي قالىدىغان بولسا، ئاقىۋىتى تولىمۇ قورقۇنچلۇق بولاتتى. بىراق، بۈگۈن ئادەتتىكى چاغلاردىكىدەكلا تارىختا ئۆتكەن ئوت يۈرەك قەھرىمانلارنى ئۆرنەك قىلىپ، ئۆز - ئۆزىنى ئۇلۇغ زاتلاردىن بولۇپ چىقىشقا رىغبەتلەندۈرمەكتە ئىدى.

ناپولېئون ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ھەربىي قوماندانىغا خاس شانلىق ئوبرازىنى ئاخىرغا قەدەر ساقلاپ كەلدى. قالدۇق قوشۇنلىرىنى تەڭ يېرىمىدىن ئىككى بۆلەككە ئايرىپ، بىر بۆلىكىنى باشلاپ دادىل ھۇجۇمغا ئۆتۈپ بىلۈچېر قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلدى،

توققۇز كۈن ئىچىدە ئالتە قېتىم ئۇرۇش قىلدى، بۇ جاسارىتى گېنېرال بوناپارت چاغلىرىدىكىدىن قېلىشمايتتى. ھالبۇكى، ئىلگىرى ئاچقان فىرونتلار چەت ئەل زېمىنىدا بولغان بولسا، بۇ قېتىم ئۇرۇش قىلغان جەڭگاھلارنىڭ ھەممىسى فىرانسىيە زېمىنىدا ئىدى. ناپولېئون مونتېرېئاۋدا خۇددى ئەينى يىللىرى تولوندا زەمبىرەكچى بولۇپ ئۇرۇش قىلغىنىغا ئوخشاشلا زەمبىرەكلەرنى ئۆز قولى بىلەن تەڭشىدى.

— ئالغا، يىگىتلەر! جاھاندا مېنى ئۆلتۈرەلىگۈدەك زەمبىرەك قۇيىدىغان قۇيمىچى تېخى تۇغۇلمىدى! — توۋلىدى ئىمپېراتور.

شۇنداق قىلىپ بىلۇچېر مەغلۇپ بولدى، ئەمدى نۆۋەت سىۋاتېنبېرگكە كەلگەنىدى. بىراق، باش قوماندانىنىڭ شۆھرىتىدىن ئەندىشىگە چۈشكەن ئاۋسترىيەلىكلەر ھەرقانداق بەدەل تۆلەپ بولسىمۇ ھەل قىلغۇچ ئۇرۇشتىن ساقلىنىش قارارىغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن سىۋاتىنبېرگ ئۆزى بىۋاستە بىرتخېرغا خەت يېزىپ، تىروندا ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئۈستىدە كېڭىشىش تەكلىپىنى بەردى. بۇ ئالاقىنى ئوقۇپ ئۇرۇش قىزغىنلىقى ھەسسىلەپ ئۇلغايغان ئىمپېراتور يوسېفقا تولۇپ تاشقان ئىپتىخارلىقىنى، ئەقىل ـ پاراسىتىنى ۋە جاسارىتىنى نامايان قىلىپ ئۆز قولى بىلەن يەنە بىر قېتىم خەت يازدى:

رەپىقەم بىلەن پاراڭلاشقىنىڭدا بوربون سۇلالىسىنى تىلغا ئاپسەن، بۇ تېمىدىن ئىمكانقەدەر چەتنەپ ئۆتۈشۈڭ كېرەك ئىدى. رەپىقەمنىڭ ھىمايىسىگە قېلىشنى خالىمايمەن... ئارىمىزدىكى مۇناسىۋەت يېرىكلىشىپ قالدۇ، ھەتتا ئايرىلىپ كېتىشىمىزمۇ مۇمكىن. مەن پارىژلىقلارنىڭ ھۆرمىتىنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن

ئەمەسمەن. چۈنكى، سەھنىدىكى قورچاق ئەمەس مەن... بۇنىڭدىن باشقا، پارىژغا ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلىدىغىنى ئۇ يەردىكى ئۈچ مىلىڭ كىشىنىڭ ئەسەبىي قىزغىن تەنتەنىلىرى ئەمەس. ئۇلارنىڭ شۇنداق چۇقان - سۈرەن كۆتۈرگەنلىكى، تەبىئىيكى، ئەسكەر ئېلىشقا بولمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، بۇنداق قىلىش ئەسكەر ئېلىشقا قارىغاندا كۆپ ئاسان... سېنى قۇچاقلاپ!

ئىمپېراتور شۇنچە يىلدىن بېرى خېتىنىڭ ئاخىرىنى بۇنداق چۈشۈرۈپ باقمىغانىدى، مارىنگو ئۇرۇشىدىن بۇيان يازغان خەتلىرىدە ھېچكىمگە بۇنداق دەپ باقمىغانىدى. يۈرىكى شىددەتلىك سوقماقتا، دۈشمەننى سۆلھىگە قىستاش خىيالى جەڭگە رىغبەتلەندۈرمەكتە ئىدى. پارىژنىڭ باش نازىرى ساۋارى بەزىلەرنىڭ ھەرقايسى ئەل پادىشاھلىرىغا مۇراجىئەتنامە سۇنغانلىقىنى، پارىژنىڭ تۈرلۈك سۇيىقەستلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى دوكلات قىلىپ خەت ئەۋەتتى. ئىمپېراتور ئەتىسىلا تازا ئوخشىتىپ جاۋابنامە يېزىپ، ئۆزىنىڭ جاسارىتىنى تولۇق نامايان قىلدى:

مېنىڭ بۇگۈنمۇ ئەينى يىللىرى ۋاگرام ۋە ئاۋستېرلىز ئۇرۇشىدا زور غەلىبە قازانغان ئادەمنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قالىسىلەر، مەملىكەت ئىچىدە سۇيىقەست بولمىسۇن، سىزگە ئېيتسام، ئەگەر ھۆكۈمەتنىڭ رۇخسىتىسىز ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن مۇراجىئەتنامە سۇنىدىغان بولسا، يوسېفنى ۋە مۇراجىئەتنامىگە ئىمزا قويغۇچىلارنى قولغا ئالماي قويمايمەن... كېيىم چىقارغۇچى خەلق ۋەكىللىرىنىڭ كېرىكى يوق، خەلق ۋەكىلى دېگەن مانا مەن!

بۇ چاغدا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ھە دەپ مۇنازىرە قىلىشماقتا ئىدى، چار پادىشاھ رۇسىيەدىن بىر باش ۋالىي تەيىنلەپ پارىژنى

ئۆتكۈزۈۋالىدىغانلىقىنى، فىرانسىيەلىكلەر بېرنادوتنى ياكى باشقا بىرەرسىنى ئۆزلىرىگە ئىمپېراتور قىلىپ سايلىۋالغانغا قەدەر باشقۇرۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ ئاۋستىرىيە بولسا بوربون سۇلالىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەكلىپىدە چىڭ تۇردى؛ سىۋاتېنبېرگ دەرھال سۇلھى قىلىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە ئۇرۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن «بىر خىل ھەربىي ھالەت» ئارزۇسىدا ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى؛ باشقىدىن غەيرەتكە كېلىپ، باش كۆتۈرۈپ چىقماقچى بولغان بىلۈچېر بولسا «ئالغا!» دەپ توۋلىدى ھەمدە راستلا ھۇجۇمغا ئۆتتى.

— ئەجەبمۇ ئاچچىقىمى كەلتۈردىغۇ، بۇ تەكلىپ مەن ئۈچۈن ھاقارەت، — دېدى ئىمپېراتور ئىتتىپاقداش دۆلەت تەرەپ ئەينى ۋاقىتتىكى چېگرانى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەكلىپىنى بەرگەندە دەرغەزەپ بىلەن.

بىرەيلەن دۈشمەنلىرىنىڭ ھەربىي كۈچى بىزنىڭكىدىن ئۈچ ھەسسە ئارتۇق دەپ سەمىگە سالغىنىدا بولسا مەردانىلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

— مېنىڭ ئەللىك مىڭ ئادىمىم بار، ئۆزۈمنى قوشقاندا بىر يۈز ئەللىك مىڭ دېگەن سۆز.

بۇ دەل مارت ئېيىنىڭ باشلىرى ئىدى، ئىمپېراتور بىلۈچېرغا قارشى يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم باشلىدى ھەمدە بۇنداق ئاچقۇچلۇق پەيتتە مارمېنتقا يەنە بىر بۆلەك قوشۇننى تاپشۇردى.

بىراق، ئەھۋال ناھايىتى چاتاق بولۇپ، ئاسىيلىق كەيپىياتى كۈنسايىن ئەۋج ئالماقتا ئىدى، ناپولېئون مۇشۇنداق ئالامەتنى بولتۇر كۈزدە دېبېن قەدىمىي قورغىنىدىلا بىلىپ يەتكەنىدى. قىش كىرگەندە ئاكىسىنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىمۇ مۇشۇنداق كەيپىيات بىخ سۈرگەن، مانا ئەمدى ئۇلغىيىپ

جەڭگاھتا ئاسىيلىق قىلىشقا باشلىغانىدى. ھايات سەردارلار ئىچىدە مارمېنت تۇنجى بولۇپ ناپولېئوننىڭ قەدىرلەپ ئۆستۈرۈشىگە مۇيەسسەر بولغان، شۇنداقلا بۇگۈنكى كۈندە ناپولېئونغا بىرىنچى بولۇپ ئاسىيلىق قىلغان كىشى ئىدى. ئۇدىنوت بىلەن ماك دونالد ئاسىيئوپتىكى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولدى. مارمېنت شۇ تاپتا رۇئېندا بارگاھ قۇرۇپ ئۇرۇش قىلار قىياپەتكە كىرىۋالدى، ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇرۇشقا كىرمەي بارگاھ قۇرۇپ ئولتۇرىۋەردى، ھەتتا زەمبىرەكلىرىنى شەھەر ئىچىدىكى بىكار يەرگە ئورنىتىپ قويدى، بۇنىڭ بىلەن ئىمپېراتور غەلىبە قىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدى، ئۆزىمۇ دۈشمەننىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى.

«ھالبۇكى، ئىمپېراتور ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالسىمۇ ئارتۇق كەتمەيتتى، — دەپ يازىدۇ بىر تخېر، — بىراق، ئۇنىڭغا ئامراق بولغاچقا، راسا بىر تىللاپلا بولدى قىلدى - دە، يەنىلا زور قوشۇنغا مارشال قىلىپ تەيىنلىدى.»

ئەنە شۇنداق خەۋپلىك پەيتتە ياشلىق دەۋرىدىكى دوستىغا تايىنىشتىنمۇ ئوبدانراق چارە بولسۇنمۇ؟ بىراق، ناپولېئونغا ئاسىيلىق قىلغان بىردىنبىر دوستى يالغۇز مارمېنتلا ئەمەس، رىففېلىدتا ناپولېئون بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ جەڭ قىلغان دوستى ئاۋگېرومۇ ئاسىيلىق قىلىپ، ئاۋستىرىيەلىكلەرگە ئاستىرتىن خەۋەر بەرگەنىدى. ناپولېئون مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ قاتتىق تەگمەستىن سىلىق - يۇمشاق تەلەپپۇزدا خەت يازدى:

نېمە؟ ئالتە كۈن دەم ئېلىش ۋاقتىمۇ سىزگە ئاز كېلىۋاتامدۇ؟ كىشىنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلىدىغان باھانىڭىز پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ، ئاۋگېرو! پۇلىڭىز يوقمۇ؟ ئېتىڭىز يوقمۇ؟ مەندىن بۇيرۇق، مۇشۇ خەتنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئىككى سائەت ئىچىدە

ئالدىنقى سەپكە ئاتلىنىڭ، ئەگەر ھېلىمۇ كاستىلىيون دەۋرىدىكى ئاۋگېرو بولسىڭىز، چوقۇم لاياقەتلىك كوماندىر بولۇپ ھېسابلىنىسىز؛ ئەگەر ياشىنىپ قالدىم، ۋەزىپە ئېغىر كېلىۋاتىدۇ دەپ قارىسىڭىز، قوماندانلىق ھوقۇقىنى ئۆزىڭىز ئەڭ ئىشىنىدىغان ئوفىتسېرلاردىن بىرىگە تاپشۇرۇڭ. دۆلەت خەۋپ ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ، ئالدىنقى سەپكە قاراپ توختىماستىن باشلامچىلىق بىلەن ئاتلانسىڭىز بولاتتى. ھەممەيلەن تولۇق قوراللىنىپ، خۇددى 1793 ـ يىلىدىكىدەك ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماستىن دۈشمەننى قەيسەرلىك بىلەن يوقىتىدىغان جاسارەتكە كېلىشىمىز كېرەك. ئەگەر فرانسىيە لەشكەرلىرى قالپىقىڭىزدىكى پەرنىڭ ئەڭ ئالدىنقى رەتتە جىلۋە قىلىۋاتقىنىنى كۆرگىنىدە، سىز بېرىشنى خالايدىغان ھەرقانداق جايغا ئارقىڭىزدىن ئەگىشىپ بارىدۇ.

دېمەك، ناپولېئوننىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆز ۋاقتىدىكى گېنېرال بوناپارتقا خاس جاسارەت ئۇرغۇپ تاشماقتا ئىدى. پېتىش ئالدىدىكى قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرى سەھەر قۇياشىنىڭ پارلاق نۇرىنى ئەسلىتەتتى. مارمېنت ئارقىغا چېكىنگەنلىكى تۈپەيلىدىن، ئىمپېراتور ئاسىئوپتا ياردەمچى قوشۇنسىز يېتىم قالدى، قولىدىكى قالدۇق نەچچە مىڭ لەشكىرى ئارقىلىقلا كۈچلۈك دۈشمىنى بىلەن تىركىشىشكە توغرا كەلدى، بۇنداق ئەھۋالدا مەغلۇپ بولۇشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. ئۇرۇش شىددەتلىك داۋاملىشىپ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن بىر پەيتتە جەڭگاھتا بىردىنلا قارا قۇيۇن پەيدا بولدى، مىڭدىن ئارتۇق چەۋەنداز بۇ ھالدىن قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ، «كازاكلار!» دەپ ۋارقىراشقىنىچە قېچىشقا باشلىدى، ئىمپېراتور ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە سەپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ لەشكەرلىرىنى توستى:

— قايتىپ كېلىڭلار، يىگىتلەر، قاچساڭلار، ئىستىھكامنى مەن باقامدىم؟!

ئىمپېراتور قىلىچىنى يالىڭاچلاپ دۈشمەن قوشۇنىغا باستۇرۇپ كىردى، ئارقىسىدا پەقەت پۇرقىراپ كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزان ۋە مۇھاپىزەتچىلەردىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. بۇ كۆپ يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم چەۋەندازلارنى باشلاپ بىۋاستە ھۇجۇمغا ئۆتۈشى ئىدى، شۇ ئەسنادا ئېتىغا ئوق تېگىپ يىقىلدى، بۇ چاغدا باشقا بىر ئاتنى مىنىپ جەڭنى داۋاملاشتۇردى. «روشەنكى، ئىمپېراتور جەڭگاھتا ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەكچى» دەپ دوكلات قىلدى بىرتخېر.

بىراق، ناپولېئون جەڭگاھتا قازا قىلمىدى، قەيسەر، كىلونبېر ياكى فىربىدېرىخلار بىلەن تەقدىرداش بولسىمۇ ھاياتىنى ئۇنچە تېزلا جەڭگاھتا ئاياغلاشتۇرمايتتى. بۇنداق تالانت ئىگىسى ھەربىي داھىي بولۇپلا قالماي، خەلق داھىيسى بولۇش سۈپىتى بىلەن پۈتۈن يەر ـ جاھانغا رەھبەرلىك قىلىشى شەرت ئىدى، ھەتتا بەزىدە ئۆز خەلقى بىلەن تىركىشىشكە توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ ئۆزىنى تاشلىۋەتسە بولمايتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىمپېراتور تېخىمۇ كۆپ ۋە تېخىمۇ قاتتىق زەربىگە ئۆتتى، ھەر قېتىملىق زەربىسى ئوخشاشلا سىمۋوللۇق ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

رەيىقىسىگە يازغان ئەڭ ئاخىرقى بىر پارچە خېتىدە، رەيىقىسىدىن ئۆزىنىڭ ئورنىدا ئاكىسىغا خەت يېزىشنى ئۆتۈندى. بىراق، رەيىقىسى ئاران ماقۇل بولغان بولسىمۇ، رەھىمسىزلىك بىلەن ئېرىنىڭ ھەقىقىي مۇددىئاسىنى دادىسىغا ۋە دادىسىنىڭ ۋەزىرلىرىگە پۈرتىپ قويدى. ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ئىشتابى ئەنگلىيە قوشۇنلىرىنىڭ پوردۇدا قۇرۇقلۇقتا چىققانلىقى، ئۇ يەردە بوربون سۇلالىسىنىڭ تۇغى قادالغانلىقى توغرىسىدا ئاخبارات ئالدى؛ ئىمپېراتورنىڭ رەيىقىسىگە يازغان خېتىمۇ ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانىدى،

بۇ خەتتە ئۆزىنىڭ قوشۇنلىرىنى مائىن دەرياسى بويىغىچە چېكىندۈرۈش قارارىغا كەلگەنلىكى ئېيتىلغانىدى. يېتەرلىك ئاخباراتقا ئېرىشكەن ئىتتىپاقداش قوشۇنلار ئاخىرقى ھېسابتا پارىژغا يۈرۈش قىلىشنى بىردەك قارار تاپتى.

ناپولېئون ئەنە شۇنداق ئاچقۇچلۇق پەيتتە دېھقانلارنى قوراللاندۇرۇپ، زاپاس قوشۇن تەييارلاشتىن ئىبارەت ئاخىرقى بىر كوزۇرىنىمۇ ئىشقا سالماقچى بولدى. دەرۋەقە، تاجاۋۇزچىلارغا چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ كەتكەن دېھقانلار ئىمپېراتورنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇشنى خالايتتى. بىراق، مارمېنت جەڭدە مەغلۇپ بولۇپ، مورتىئېر بىلەن بىللە پارىژغا قاراپ چېكىنىپ مېڭىپتۇ دېگەن يېڭى خەۋەر كەلدى. بۇ خەۋەردىن ۋاقىپلانغان ئىمپېراتور خۇددى ئۆيىگە ئوت كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئادەمدەك ئىچى تىت - تىت بولۇپ، دەرھال پارىژغا قاراپ ئاتلاندى، قوشۇنىنىڭ قوماندانلىق ھوقۇقىنى بىرتىخېرغا ئۆتكۈزۈپ بەردى، ئىمپېراتور مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىدىكى چەۋەندازلىرى بىلەن بىرلىكتە ئات چاپتۇرۇپ پارىژغا قايتتى، ئاندىن ھەممە ئىشنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، گورگۇد بىلەن جەڭ ھارۋىسىغا ئولتۇردى - دە، شەھەر قوۋۇقىغا قاراپ يول ئالدى، پۈتۈن ئوي - خىيالى ۋاقتىدا ئۇلگۈرۈپ بېرىپ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىشتىلا ئىدى. ناپولېئون قانچە قېتىملاپ نۇسرەت قۇچۇپ قايتىپ كەلگىنىدە ئەنە شۇ تەرزدە جەڭ ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ شەھەر قوۋۇقىدىن كىرگەنىدى، ھەر قېتىم مېڭىشىدە «پارىژدىكىلەر نېمە دېيىشەر؟ پارىژ قانداق بولۇپ كېتەر؟» دېگەن پىكىر ھۆكۈم سۈرەتتى، بۇ قېتىم بولسا پۈتۈن ئوي - خىيالى پەقەت مۇنداق بىر سوئالغا مەركەزلەشكەنىدى:

«مەن ئىمپېرىيەنىڭ تەقدىر - ئىستىقبالىنى قولىغا

تاپشۇرغان ئۈچ كىشى ــ نايىب خانىش، باش نازىر يوسىپ ۋە ئەڭ قۇدرەتلىك قوشۇننىڭ ئاتامانى مارمېنت مەن قايتىپ كەلگۈچە بەرداشلىق بېرىپ چىلىڭ تۇرالىغانمىدۇ؟»

ناپولېئون تۇنۇيى ئات ئالماشتۇرۇپ جەڭ قىلدى، شۇ ئەسنادا بىر توپ لەشكەرنى باشلاپ يېتىپ كەلگەن بىر ئوفىتسېر دوكلات قىلدى:

ــ گېنېرال مورتىئېرنىڭ پەرمانىغا بىنائەن چېكىنىۋاتقان قوشۇنغا قونالغۇ ئىزدەپ كەلدۇق.

ــ قوشۇن ھازىر چېكىنىۋاتامدۇ؟ خانىش نەدە؟ يوسىپچۇ؟ ــ سورىدى ئىمپېراتور.

ــ خانىش تۈنۈگۈن رىم پادىشاھى بىلەن بىرووۋاغا كەتتى، پادىشاھ يوسىپ بۈگۈن پارىژدىن كەتتى.

ــ مارمېنتچۇ؟

ــ بىلمەيمەن، ئالىيلىرى.

ئىمپېراتورنىڭ پېشانىسىگە سوغۇق تەر تېپىپ چىقتى، لەۋلىرى تىترەپ كەتتى.

ــ ئالغا! مۇھاپىزەتچىلەر ئەتە بۇ يەرگە يېتىپ كېلىدۇ، گىۋاردىيە لەشكەرلىرى مېنى ھىمايە قىلىدۇ، پارىژغا كىرىۋالساملا، غەلىبە قىلغىنىم ياكى قۇربان بولغىنىم شۇ! ــ دېدى ئىمپېراتور.

گورگۇد خېلى جىق ئاۋارە بولۇپ ئىمپېراتورنى بۇ خەتەرلىك نىيىتىدىن ئاران تەستە ياندۇردى. مارمېنت قوشۇنلىرى بۇ چاغقىچە ئىمپېراتورنىڭ پەرمانىغا بىنائەن ئىسسون دەرياسىنى قورشىغاندىن كېيىن ئىستىھكامنى ئېلىپ بولۇشى كېرەك ئىدى. ئىمپېراتور گورگۇتقا بۇرۇلۇپ:

ــ دەرھال پارىژغا بېرىڭ، تىنچلىق شەرتنامىسى ئىمزالىشىڭ! مەن سېتىۋېتىلدىم، تولۇق ھوقۇقلۇق

ۋەكىللىرىمىز، خەۋىرىڭىزنى كۈتىمەن. مەنزىل يىراق ئەمەس، بېرىڭ! — دېدى.

ئىمپېراتور ھارۋىلىق يەنە بىرەر يۈز قەدەمچە ماڭغىنىدا سېنا دەرياسىنى كۆرگەن بولار ئىدى، دەريا سۈيىدە يالتىراۋاتقان نېمىدۇ؟ ئەسلىدە دۈشمەن تەرەپتىن چىققان بەلگە ئوتىنىڭ شولىسى ئىكەن. دۈشمەن قاراۋۇللىرى دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدە تاماق ئەتكەچ ناخشا توۋلىشىۋاتاتتى، ناپولېئون — بىر دۆلەتنىڭ ئىمپېراتورى بولسا دەريانىڭ بۇ تەرىپىدە ئىككى ھارۋا ۋە ئازغىنا خىزمەتكارى بىلەن بىللە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قاراپ تۇراتتى.

ئىمپېراتور ھارۋىسىنى باشقا ياققا بۇراپ فونتاينېبلې تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

## ئون تۆتىنچى، بوناپارت مەجبۇرىي تەختتىن چۈشتى

ئەتىسى ئەتىگىنى تاللېيران پارىژدىكى ئۆيىدە ئولتۇرۇپ، خىزمەتكارلىرىغا ئۈستىبېشىنى تۈزەتكۈزۈۋاتاتتى. ئىنقىلاب دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن بۇ سىياسىيون ھېلىمۇ روكوكوچە چىرايلىق سۈنئىي چاچ كىيەتتى. ئىشىك تىۋىشىسىزلا ئېچىلىپ، رۇسىيەلىك نېزىرلوت ھېچكىم دىققەت قىلماستا شەيتاندەكلا غىپپىدە كىرىپ كەلدى ـ دە، كۆپ يىللىق بۇ كونا قەدىناسىدىن ئەھۋال سورىدى. بېشىدىن ـ ئايىغىغىچە قويۇق ئۇپا ـ ئەتىر سەپكەن تاللېيران ئىككى سائەتتىن كېيىن بۇ يەرگە ئەزىز مېھمان سۈپىتىدە يېتىپ كەلگەن چار پادىشاھنى كۈتۈۋېلىپ، يېقىن سىرداش دوستى سۈپىتىدە ھۇجرىسىغا ئورۇنلاشتۇردى. چۈنكى، چار پادىشاھ ئېلىزا ئوردىسىدا پارتلاتقۇچ بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇ يەرگە چۈشۈشكە جۈرئەت

قىلالمىغانىدى. ناپولېئوننىڭ بۇ ۋەزىرى ئالتە يىلدىن بۇيان شامۇ ـ سەھەر ئىنتىزار بولۇپ كۈتكەن پەيت ئاخىرى يېتىپ كەلگەنىدى، غالىبلار بىر ـ بىرىگە قول بېرىشىپ ياراشتى، ھەققانىيەت ۋە ئادالەت ئاخىرى غەلىبە قىلدى دەپ يايراپ كەتتى. يىگىرمە ئىككى يىل زارىقىپ كۈتكەن ئەنئەنىۋى پادىشاھلار پارىژ قوۋۇقىدىن كىرىشكە مۇشەررەپ بولدى، بۇ ئۇلار ئۈچۈن ئۇلۇغ دەقىقىلەر ئىدى. ئۇلار قوۋۇقتىن كىرىپ ئاتلىق يېتىپ كەلگىنىدە بىر ئوچۇم بوربونچىلار ئۇلارنى ھۆرىيەتچىلەر قاتارىدا قارشى ئالدى. باي ساينىت ژېرمان رايونى قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەن، ئەمما پارىژنىڭ باشقا جايلىرىدا بولسا يەنىلا سۈكۈنات ھۆكۈم سۈرەتتى، ئاھالىلەر ئەتىكى ھۆكۈمرانىنىڭ بوربون ياكى بوناپارت بولۇپ چىقىدىغانلىقىنى بىلەلمەي سۈكۈت ئىچىدە تېڭىرقاپ تۇرماقتا ئىدى.

ئىمپېراتورنىڭ مەغلۇبىيىتى پېشانىسىگە پۈتۈلگەن مۇقەررەرلىك ئىدى. چۈنكى، يوسېف قېچىپ كەتمەكچى بولۇپ تۇرغاندا ناپولېئون تاللېيراننى ئېلىپ كەتكىن دەپ ئاگاھلاندۇرغانىدى. ئەمما توخۇ يۈرەك يوسېف ھولۇققىنىدىن بۇ ئەڭ ئەقىللىك ھەم ئەڭ خەۋپلىك دۈشمەننى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭماستىن پارىژدا قالدۇرۇپ قويغانىدى. ناپولېئون خەلقىنىڭ ئۆزىگە قارشى تۈشمۈتۈشتىن قوزغىلىپ قارشى قوپقانلىقى ئۈچۈنمۇ ئەمەس، كۈچلۈك تۆت دۈشمەن دۆلەتنىڭ بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلغانلىقى سەۋەبىدىنمۇ ئەمەس، بەلكى نامەرد چاكارلىرى ۋە ئاسىي دوستلىرىنىڭ بىرلىشىپ ھۇجۇم قىلغانلىقى تۈپەيلىدىن مەغلۇپ بولدى. ۋاھالەنكى، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىمپېراتورنىڭ پۇقراسى ھەم دوستى بولمىش بىر كىشىنىڭ ــ تاللېيراننىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن روي بەرگەنىدى. تاللېيران بۇ چاغدا چار پادىشاھنىڭ ئەتىۋارلىشى

نەتىجىسىدە پارىژلىقلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى مەنۋى داھىيسى بولۇپ قالدى، كۆرەڭلەپ كەتكەن بۇ سۇيىقەستچى ئۆز كارامىتىنى ئەمدى ئاشكارىلىماقتا ئىدى.

تۈنۈگۈن يەنە بىر مېھماننى قوبۇل قىلدى. تاللېيران ئەسلىدە ئىمپېراتورنى ھەرھالدا يامان كۆرمەيتتى. بىراق، ناپولېئوننىڭ مەغلۇپ بولۇش ئالامىتى تۈنجى قېتىم نامايان بولغاندا يۇقىرىغا يامىشىپ چىقىۋېلىش ئۈچۈن ئۆز ئىگىسىنى تاشلاپ يېگى ئىگە ئىزدىدى. تاللېيران قاراپ تۇرۇپ بىر مەھبۇستىن ئىنتىقام ئېلىشنى خالىمايتتى ھەمدە بۇنداق قىلىشنىڭ ئاساسمۇ يوق ئىدى. بىراق، ئەگەر تىنچلىقنى بۇزغۇچى ئادەمنىڭ جىمىدە غايىب بولۇشىنى ھەقىقەتەنمۇ قۇتلۇق ئىش دەپمۇ قارايتتى. شۇڭا، نۇرغۇن پۇل خەجلەپ، موبېللىيلاردىن ئاتلىق بىر قاتىلنى سېتىۋېلىپ، «فونتاينېبلېغا بېرىپ مۇھىم بىر ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىپ كەل» دەپ بۇيرۇدى. بىراق، بۇ تەلۋە قاتىل ئاخىرقى مىنۇتتا قورقۇپ قالدى ـ دە، پەقەت ژىرومېنىڭ ياش ھەم باتۇر رەپىقىسىگىلا ھۇجۇم قىلدى ھەمدە ئۇنىڭ زىبۇ ـ زىننەتلىرىنى ئېلىپ قاچتى، ناپولېئوننىڭ جېنىغا زامىن بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىلۇچېرمۇ ناپولېئونغا قەست قىلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتكەنىدى، ئۇلارمۇ نەتىجىسىز قايتتى.

— پارىژغا نېمە كېرەكتۇ؟ — سورىدى چار پادىشاھ نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئېپىسكوپتىن.

ئۇزاقتىن بۇيان ئالدىنقى پادىشاھنى تىرىلدۈرۈش خىيالىدا بولۇپ كەلگەن تاللېيران چار پادىشاھنىڭ سوئالىغا ئۇدۇللا جاۋاب بەرمەستىن، كۆرسەتكۈدەك لايىق نامزاتنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سورىدى. چار پادىشاھ بىرپەس ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن «بېرنادوت» دېگەن ئىسمنى تىلغا ئالدى.

— فىرانسىيە ئەمدى ھەربىيلەرگە موھتاج ئەمەس، — جاۋاب بەردى تاللېيران كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئەگەر موھتاج بولىدىغان بولساق، نەق ھېلىقى ھەربىينىڭ ئۆزىنىلا كۆرسەتسەك كۇپايە ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئادەم دۇنيا بويىچە ئەڭ ياخشى ھەربىي، ئەگەر ئۇنىڭ ئورنىدا باشقىلار بولىدىغان بولسا، ھەتتا بىرەر ئەگەشكۈچىسىنىمۇ تاپقىلى بولمايتتى.

ھالبۇكى، بۇ چاغدا فونتايىنېبلېدا تۇرۇۋاتقان مەغلۇپ ئىمپېراتورنىڭ مۇشۇنداق بىر شارائىتتا تاللېيرانغا ئوخشاش ئادەمنىڭ ئاغزىدىن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلەن ئېيتىلغان بۇ سۆزنى ئاڭلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

تاللېيران ئەتىسى ئىككى پالاتا يىغىنىنى چاقىردى، بۇ قانۇن چىقىرىش ئاپپاراتى «ئىمپېراتور تەختتىن چۈشۈشى شەرت» دېگەن قارار لايىھەسىنى تەكىتلەپ ئۆتتى، جىمى مەجلىس ئەھلى بىردەك قوبۇل كۆردى، پەقەت گورگۇدلا ناپولېئوننى ئاقلىدى ھەمدە چار پادىشاھنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولدى. كۆڭلى يۇمشاق چار پادىشاھ ئالېكساندىر راستىلا تەسىرلەندى، ئۆتمۈشتىكى كونا دوستىنىڭ سىيماسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن تەۋرىنىپ قالدى ھەمدە باشقا ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن بىرلىكتە تەختنى ئىمكانقەدەر ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىمەن دەپ ۋەدە بەردى. بىراق، ھوقۇقىمۇ، مادارىمۇ يەتمەيدىغان گورگۇد ئىككىلىنىپ تۇرۇۋاتقان ئىمپېراتورنى قايىل قىلىۋاتقان ھەمدە بوناپارت جەمەتىنى كۈچىنىڭ بارىچە قۇتقۇزۇپ قېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان شۇ پەيتتە، 3 - مارت كۈنى تاللېيران ئون ئىككى مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ سېنا دەرياسىدىن ئۆتكەن مارمېنتنى يېنىغا چاقىرتتى. بۇ چاغدا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ئاساسىي قوشۇنى تېخى پارىژغا كىرمىگەن بولغاچقا، مارشال مارمېنتمۇ ھەرھالدا سەل قاراشقا بولمايدىغان كۈچ

ھېسابلىناتتى.

ناپولېئون بىلەن ئىغىر كۈنلەردە بىللە ئۆتكەن بۇ ئىككى دوست — ئالىي ۋەزىر بىلەن ئالىي سەردار شۇ تاپتا كېڭەشمەكتە ئىدى، دىپلومات تاللېيران ھەربىي مارمىنتقا سوغۇققانلىق ۋە ئىدراك بىلەن ۋەزىيەتنى چۈشەندۈرەتتى. بىراق، بۇ چۈشەندۈرۈشلىرى بولسا ئۇزاقتىن بۇيان ئۈمىدسىز ۋە ھارغىن بىر ھالدا تۇرۇپ كەلگەن بۇ ھەربىيگە كار قىلغاندەك ئەمەس ئىدى. «ئۆلگەن ئادەم بىلەن ئىلگىرىلەيمەن دەپ ئولتۇرغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ — دەپ ئويلايتتى ئىپتىقادى بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرىلا ئىسپانىيەدە بەربات بولغان بۇ ھەربىي، — كونا پادىشاھ ئۆلدى، ياشىسۇن يېڭى پادىشاھ! ھەربىي مەكتەپتە پادىشاھلىق تۈزۈمىنىڭ ھىمايىچىلىرى ئىدۇق، ئۇنىڭ مەغلۇبىيىتى بوربون ھاكىمىيىتىنىڭ بەرھەق تىرىلدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. كونا ئوردا تېمىنىڭ ئالدىدا مەجبۇر تۇرۇش ياكى تەشەببۇسكارلىق بىلەن كونا سۇلالىنىڭ تەختى ئارقىسىدا تۇرۇش كېرەكلىكىنى كىشىلەر ئەمدى ئۆزى تاللىسۇن. ئەينى يىللاردا سادىق بولىمىز دەپ بەرگەن قەسەملىرىمىز نەدە قالدى؟ ئەمدى سادىق بولۇش مۇمكىن ئەمەس. دوستلار ئارا كۆڭۈلنى كۆڭۈلگە باغلىغۇچى رىشتىچۇ؟ تېخى يېقىندىلا رائونىنىڭ سەتچىلىكى ئۈچۈن مېنى تىللىغاندۇغۇ!»

مارمىنت دوستىنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن ئىتتىپاقداش قوشۇنلارنىڭ قوماندانى سىۋاتىنبىرگكە: «فىرانسىيە ئارمىيەسى ۋە فىرانسىيە خەلقىنىڭ ناپولېئونغا سادىق بولۇش مەجبۇرىيىتى كېڭەش پالاتاسىنىڭ قارارىغا بىنائەن بىكار قىلىندى، ئەمدى ئىچكى ئۇرۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن خەلق بىلەن ئارمىيە ئوتتۇرىسىدىكى چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تەييارلىق

كۆرمەكتىمەن» دەپ خەت يازدى. ئىمپېراتورنىڭ بۇ مارشالى مۇشۇ باھانىدە ئىمپېراتورنى ئاغدۇرۇپ تاشلىماقچى بولغانىدى. كېيىن بۇ باھانىسىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك دېگەن ئاساس بىلەن قۇۋۋەتلىدى، بۇ قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۆتكەن ئاسىيلارنىڭ ئىزچىل ئىستىلى ئىدى، مارمېنتتىن كېيىن ئاۋگېرومۇ ئىمپېراتورغا شەرمەندىلەرچە ئاسىيلىق قىلىپ، ئىپلاس بىر دوكلات تەييارلىدى.

تاللېيران گېنېراللارنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان پەيتتە فونتايىنبىلېدا قوشۇنىنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقان ئىمپېراتور لەشكەرلىرىگە خىتاب قىلدى:

— ھەرقانداق كىشىنىڭ پارىژدا قالپىقىغا مۇساپىرلارنىڭ ئاق بەلگىسىنى تاقىشىغا مەڭگۈ يول قويمايمىز... بىز بىرقانچە كۈن ئىچىدە پارىژدىكى دۈشمەنگە ھۇجۇم باشلايمىز!

ناپولېئوننىڭ ئوفىتسېرلىرىمۇ قولىدىكى قىلىچىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ:

— پارىژغا قاراپ ئالغا! ياشىسۇن ئىمپېراتور! — دەپ شوئار توۋلاشتى. ئىمپېراتور ئۇلارغا قول پۇلاڭلىتىپ، ئىللىق تەبەسسۇم قىلدى ۋە پوزۇر كىيىنگەن ئەڭ ئاخىرقى ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا تېز قەدەم تاشلاپ مۇنبەرگە چىقتى.

ئۇزاق ئۆتمەيلا بىر پەيتون كىرىپ كەلدى، چىرايى تاتارغان گورگۇد ئىمپېراتورنىڭ ئالدىغا كەلدى، ئۇنىڭ چىرايىدىن تۇن بويى كىرپىك قاقماي چىققانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— سۆيۈملۈك سەپدىشىم، قېرىندىشىم، ئەھۋال قانداقراق؟ — سورىدى بىرتخېر.

ئۇنىڭ ئاشۇنداق ئاۋازدا گەپ قىلىشلىرىدىن خۇشى كەتكەن گورگۇد سوئالىنى جاۋابسىز قويدى. ئىمپېراتورنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىمۇ ئايرىلىپ كەتسە ـ ھە؟ ئىمپېراتو بولسا ئالدىراش

ئىشلىمەكتە ئىدى.

— مېنى نېمە قىلسۇن دېمەكچىكەن؟ — سورىدى ئىمپېراتور.

— ۋەلىئەھدىڭىز ئۇچۇن ئىمپېراتورلۇق تەختىڭىزنى ساقلاپ قالىمەن دەيدىكەنسىز، تېخىمۇ زور قۇربان بېرىشىڭىز شەرت ئىكەن.

— دېمەك، مەن بىلەن كېڭىشىشنى خالىمايدىكەن - دە. ئۇلار تالانتىغا تايىنىپ ئىنسانلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى، ۋارىس پادىشاھ - ئىمپېراتورلارنى تىترەتكۈچى تالانت ئىگىلىرىگە ئاگاھلاندۇرۇش سۈپىتىدە مېنى — بىرنى ئۆلتۈرۈپ مىڭغا ئىبرەت قىلماقچىكەن - دە!

بۇ بۇگۇنكى كۇندىمۇ جەڭگىۋارلىقى شۇ قەدەر ئۇرغۇپ تۇرغان يېڭىلمەس گېنېرال بوناپارتنىڭ پولاتتەك جاراڭلىق مەغرۇرانە قەسەمىيادى ئىدى. شۇ تاپتا مۇھاپىزەتچىلىرى ئارىسىدا لەشكەرلىرىنىڭ روپخىيتىنى، ئوفىتسېر - سەردارلارنىڭ ئىسىملىكىنى ۋاراقلاپ كۆرگەچ خەرىتە ئالدىدا پىكىر يۈرگۈزۈۋاتقان ئىمپېراتورنىڭ جەڭگىۋار روھى ئۇرغۇپ تاشماقتا ئىدى. ۋەزىرلەر چار پادىشاھنىڭ شەرتىنى يەتكۈزۈپ:

— تەختىڭىزنى رىم پادىشاھىغا ئۆتۈنۈپ بەرگۈدەكسىز، ئاندىن نائىبلىق شەرتلىرى ئۈستىدە كېڭەش قىلغۇدەكسىلەر، بوربون خاندانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشمۇ شۇ جۈملىدىن ئىكەن، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئىمپېراتور قاتتىق غەزەپلەندى:

— ئېلىشىپ قاپتۇ ئۇلار، بوربون فىرانسىيەگە قايتىپ كەلگۈدەك دەڭ! ئۇلار فىرانسىيەدە ھېچقانچە ۋاقىت تۇرالمايدۇ! مەملىكەت خەلقىنىڭ توقسان پىرسەنتى ئۇلارنى راۋا كۆرمەيدۇ، مېنىڭ لەشكەرلىرىممۇ ئۇلارنىڭ قوماندانلىقىغا قۇلاق سالمايدۇ.

ئۇلار چەت ئەللىكلەرنىڭ پۇلى بىلەن يىگىرمە يىل جان بېقىپ، ئەمدى ۋەتەننىڭ ئاساسىي پرىنسىپىغا قارشى قوپۇپتىمۇ؟ !
كېڭەش پالاتاسى پۈتۈنلەي پادىشاھنى ئۆلتۈرگۈچى ئاسىيلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىدىن تەشكىل تاپقان. مەن مۇتەئەسسىپلەردىن ئەمەس، يېڭىلىق تەرەپدارىمەن، ئۈچ ئېلىش غەرىزىدە بولۇشۇمنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى، پەقەت تەكلىپ ـ تەۋسىيە بېرىش بىلەنلا بولدۇم. ئۇلار بۇ خەۋپلىك ۋەزىيەتتىن نەپكە ئېرىشەلەيدۇ، مېنى ۋە ئائىلەمدىكىلەرنى سۈرگۈن قىلىشمۇ قولىدىن كېلىدۇ. بىراق، بوربون جەمەتى مەقسىتىمىزگە يېتەلەيمىز دەپ خام خىيال قىلمىسۇن !
ئۇنىڭ ھاياتىدا قوشقان تۆھپىلىرى كۆڭۈل ئېكرانىدا چاقماقتەك يالت ـ يۇلت قىلىپ ئۆتتى، قەلبى ئىلگىرى مەنسەپكە ئولتۇرغان، ھازىرمۇ ئۆزىنىڭ ئورنىنى ئالماقچى بولۇۋاتقان ئاشۇ خان جەمەتىگە بولغان غەشلىك بىلەن تولغاندى. يەنە ھەربىيلەرگە خاس ئەسلىي ھالىتىگە قايتتى:
— ئۇلار مېنى تەختتىن چۈشسۇن دەپتۇ. بىراق، شۇنداق قىلسام تەختنىڭ ئوغلۇمغا مەنسۇپ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلامدىكەن؟ ھازىر قولۇمدا يەنە ئەللىك مىڭ كىشىلىك قوشۇنۇم بار، بۇ يىگىتلىرىم ماڭا ئەگىشىپ پارىژغا يۈرۈش قىلىدۇ، مەن نۇسرەت قازانغاندىن كېيىن خەلق ئۆزى قارار قىلسۇن. ئەگەر پارىژ خەلقى مېنى قوغلىسا، مەن پارىژدىن كېتىمەن.
روشەنكى، ناپولېئون بىر ئەلنىڭ ئىمپېراتورى سۈپىتىدە تەختنى ئوغلىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش قارارىغا كەلگەنىدى؛ ھەربىي بولۇش سۈپىتى بىلەن ھازىرقى ھالەتنى ئۇرۇش ئارقىلىق ساقلاپ قېلىش خىيالىدىمۇ ئىدى.
بىراق، لەشكەرلەرنىڭ جاسارىتى ئۇرغۇپ، قانلىرى قايناپ

تۇرغان پەيتتە ئوفىتسېرلار كۆڭلىدە نارازى بولۇشماقتا ئىدى، ئۇلار مارمىنتنىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقىدىن بىخەۋەر بولسىمۇ، بەك سەتچىلىككە قالمايدىغانلا ئىش بولسا ناپولېئونغا سادىق بولۇپ خىزمەت قىلىش بۇرچىمىزنىڭ بىكار قىلىنىشىغا رازى ئىدۇق دېگەن خىيالدا ئىدى. ئوفىتسېرلارنىڭ بۇنداق كەيپىياتتا بولۇپ قېلىشى دەل ناپولېئون ئىمپېراتور بولغاندىن بۇيان بەگلىك ئۈنۋان تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئوفىتسېر - گېنېراللارنى مارشال قىلغانلىقىنىڭ جازاسى ئىدى. ئەتىسى نېي، ماك تاننا، ئودىنو، لېفىفور قاتارلىق ئالىي سەردارلار تىلىنى بىر قىلىۋېلىپ، ئىمكانىقەدەر ھۆرمەت - ئېھتىرام ۋە سىلىق - سىپايە سۆز - ئىبارىلەر بىلەن ئىمپېراتورغا تەختتىن چۈشۈشنىڭ پايدىسىنى بايان قىلىشتى.

ئىمپېراتور ئۇلارغا رەڭلىك يىگىنلەر بىلەن توشۇپ كەتكەن خەرىتىنى كۆرسىتىپ، دۈشمەن پايدىسىز ئورۇندا تۇرۇۋاتىدۇ دەپ چۈشەندۇردى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى. بىراق، قۇرۇق ئاۋارە بولغانىدى. ئوفىتسېرلىرىنىڭ بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى دېيىن قەسىرىدىكى خىيالى ھازىر يۈز ھەسسىلەپ مۇستەھكەملەنگەن بولۇپ، ئىمپېراتورنىڭ يولىغا توسۇق بولۇپ تۇرماقتا ئىدى. ناپولېئون ئۇلارنى ئۇنىسىز ئۆزىتىپ قويدى، بۇ چاغدا شۇنداق بىر قارارغا كەلگەنىدىكى، بارلىق ئەسكىرىي كۈچىنى يىغىدىغان بولسا ئەھۋالى ئانچە ناچار بولۇپمۇ كەتمەيتتى. شۇڭا، «تەختتىن شەرتلىك يوسۇندا چۈشۈشكە رازىلىق بەرسەممۇ بېرەي، بۇ پەقەت كۈچلىنىۋالغۇچە ئۇرۇش توختىتىش، ۋاقىتنى سوزۇش چارىسىدىنلا ئىبارەتتۇ» دەپ ئويلىدى.

ئىمپېراتور بايىقى ئوفىتسېرلارنى ئۇزىتىپ قويۇپ بىرەر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن گورگۇدنى قوبۇل قىلدى ھەمدە

شىرەدىكى هۆججەتنى كۆرسىتىپ:

— تەختتىن چۈشمەكچىمەن، باياناتىم مانا، پارىژغا ئېلىپ بارسىڭىز بولىدۇ، — دېدى.

گورگۇد باياناتنامىدە يېزىلغان مۇنۇ سۆزلەرنى ئوقۇدى:

ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ناپولېئوننى ياۋروپانىڭ تىنچلىق يولىدىكى بىردىنبىر توسالغۇ دەپ جاكارلىغانىكەن، ناپولېئونمۇ شۇنى جاكارلايدۇكى: ئوغلى ۋە خانىشىنىڭ نائىبلىق هوقۇقى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان دۆلەت مەنپەئەتى ئۈچۈن، ئىمپېرىيە قانۇنىنىڭ ئادىللىقى ئۈچۈن تەختتىن چۈشۈشكە، فىرانسىيەدىن ۋاز كېچىشكە، هەتتا ئۆز هاياتىدىن ۋاز كېچىشكە رازى.

بۇ نەقەدەر ئۇستىلىق ۋە دانالىق بىلەن يېزىلغان بايانات - هە ! دىپلوماتلارنى باھالاشقا سېلىش ئۈچۈن ئەتەيلا يېزىلغان ئارخىپسىمان بۇ خىتابنامە كىشىگە ناپولېئون بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوقتەك تۇيۇلاتتى. بۇ ئىنتايىن زور بىر تاپشۇرۇق بولغاچقا، گورگۇد ناپولېئوندىن بۇ هۆججەتنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ بېرىشقا ئىككى سەردارنى تەيىنلەپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى.

— مارمېنت بىلەن ماك تانىنى ئېلىۋالسىڭىز بولىدۇ، — دېدى ئىمپېراتور ۋە ئاندىن قوشۇپ قويدى:

— مارمېنت مېنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى كونا دوستۇم بولىدۇ.

— مارمېنت بۇ يەردە ئەمەس.

— ئەمىسە، ماك تانىنا بىللە بارسۇن.

ئىمپېراتورنىڭ تولۇق هوقۇقلۇق ئۈچ ۋەكىلى ئۈچ سائەتتىن كېيىن تۈن نىسپىدە ئېلىسېي ئوردىسىدىكى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ پادىشاهلىرى ئالدىدا هازىر بولدى. بىراق،

سۆھبەتنىڭ كۆپىنچىسى گورگۇد بىلەن چار پادىشاھ ئوتتۇرىسىدا داۋام ئەتتى. گورگۇد «پۈتۈن فىرانسىيە خەلقى بوربون سۇلالىسىنىڭ تىرىلىشىگە قارشى تۇرىدۇ» دېگەن پىكىردە چىڭ تۇردى، شۇڭا سۆھبەت ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتتى. شۇ ئەسنادا بىرەيلەن رۇسىيە تەرەپنىڭ بىر باياناتىنى جاكارلىدى، ئەمما فىرانسۇزلار بۇ رۇسچە باياناتنى تازا چۈشىنىپ كەتمىدى.

— جانابلىرىم، تايىنىۋاتقىنىڭلار دۆلىتىڭلار قوشۇنىنىڭ ئىمپېرىيە تۈزۈمىگە بولغان تەۋرەنمەس ساداقىتى، — دېدى چار پادىشاھ چۈشەندۈرۈپ، — مەن يېڭىلا ئالغان خەۋەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئاۋانگارت قوشۇنۇڭلار — ئالتىنچى بىرلەشمە ئارمىيەڭلار ئىمپېراتورنى تاشلاپ بىز تەرەپكە ئۆتۈپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىشلار ئوڭايلىشىپ كەتتى، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئىمپېراتورنىڭ تەختتىن شەرتسىز چۈشۈشىنى تەلەپ قىلدى. شۇ ئارىدا ئىمپېراتور فونتايىنبىلېدىن گورگۇتقا:

— ئەگەر ئۇلار مەن بىلەن كېڭەشمەيدىغان بولسا، بۇنى قانداقمۇ كېلىشىمنامە دېگىلى بولسۇن ؟... مەندىن بۇيرۇق، تەختتىن چۈشۈش باياناتنامىسنى قايتۇرۇپ كېلىڭ... كېلىشىمنامىگە ئىمزا قويمايمەن، — دەپ قايتا ـ قايتا گەپ ئەۋەتتى.

ئىمپېراتور ئەتىسى ئەتىگىنى سائەت ئالتىدە بىرتىخىر بىلەن ئىشلەۋاتقىنىدا مورتىئېرنىڭ كانۋىيى كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىپ كەلدى.

— نېمە خەۋەر ئېلىپ كەلدىڭىز؟

— ئالتىنچى بىرلەشمە ئارمىيە دۈشمەنگە تەسلىم بوپتۇ، شۇ تاپتا پارىژغا قاراپ كېتىۋېتىپتۇ !

— مارمېنت؟ خەۋرىڭىز ئىشەنچلىكمۇ؟ — سورىدى

ئىمپېراتور ھەيرانلىق ئىلكىدە، — لەشكەرلەر ئۆزلىرىنىڭ نەگە باشلاپ مېڭىلغانلىقىنى بىلەمدىكەن؟

— كوماندىر كېچىدە ئۇلارنى دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىمىز دەپ ئاۋستىرىيە قوشۇنىنىڭ بارگاھىغا باشلاپ ئېلىپ بېرىپتۇ.

— ئۇلار چوقۇم ئارمىيەنى قولۇمدىن ئالدامچىلىق بىلەن ئېلىپ قاچقان گەپ. بۇياققا مېڭىشىڭىزدا مارمېنتنى كۆردىڭىزمۇ؟

— كۆرمىدىم، ئالىيلىرى !

— چەۋەندازلارمۇ كېتىپتۇمۇ؟

— شۇنداق، رەتكە تىزىلىپ مەخپىي يولغا چىقىپتۇ.

— مورتىئېرچۇ؟

— مورتىئېر مېنى ئۆز قوشۇنىنىڭ ئۆلۈم - كۆرۈمگە قارىماي سىزگە ئاداققىچە سادىق بولۇش ئىرادىسىنى يەتكۈزۈپ قويۇشۇم ئۈچۈن ئالدىڭىزغا ئەۋەتتى. سىزدىن بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، ياش مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىدىكى جەڭچىلەر سىز ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىشقا تەييار ئىكەن، ئۇلارلا ئەمەس، پۈتكۈل فىرانسىيە ياشلىرى تەق تۇرۇپتۇ !

ناپولېئون بۇ ياش ئوفىتسېرغا يېقىن كېلىپ، قەيسەرانىلىكى چىقىپ تۇرغان چىرايىغا زوقمەنلىك بىلەن قارىدى ۋە قولىنى مۇرىسىدىكى پاگونىغا قويۇپ، پاگون چۇچىسىنى بويلىتىپ سىيرىلدۇردى. ئەنە شۇ ھەرىكىتىنى دوستانىلىق بىلەن تەكرارلاپ، كىشىنى ئۇنىسىز رىغبەتلەندۇرەتتى.

شۇنداق قىلىپ ياشانغان ناپولېئون يەنە بىر قېتىم فىرانسىيە ياشلىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى.

گورگۇد دۈشمەن تەرەپنىڭ تەلىپىنى ئېلىپ يېتىپ كەلگىنىدە پەقەت ماك تاننالا بىللە ئىدى.

— نېمە قىلىمىز؟ — سورىدى ئىمپېراتور.

ئەتراپىدىكىلەر جاۋاب بەرمەستىن سۈكۈتتە تۇردى. بىرپەس جىملىق ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن دۈشمەن تەرەپنىڭ يېڭى شەرتىنى ئىمپېراتورغا يەتكۈزدى، ئۇلار ئىمپېراتورنىڭ بۇ شەرتلەرنى دەرھال ئورۇندىشىنى تەلەپ قىلغانىدى! دېمەك، سۇلالە ئالماشتۇرماقچى! بۇ ئۇلارنىڭ ئون يىلدىن بۇيان ئىنتىلىپ كەلگەن نىشانى ئىدى.

«تەختتىن چۈشسەممۇ نەپسى قانمىغۇدەك. ئايالىم ۋە ئوغلۇمنى تەختكە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىدىن ئۆزۈم ئىمزا قويۇپ مەھرۇم قىلىشىم كېرەكمىكەن؟ ئۇنداق قىلالمايمەن. ئۆز ئەجىر - تۆھپەم ئارقىلىق ئۇلارغا زېمىن ھازىرلاپ بەرگەنمەن! »

ناپولېئوننىڭ قارىماققا توغرىدەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە خاتا ئويى ۋۇجۇدىدا شۇنداق چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەنىدىكى، شۇ تاپتا ئاشۇ خىيالى بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۆزىنىڭ ھازىرقى رېئال ھالىنى ھېس قىلىپ يېتەلمەي، ئەسكىرىي كۈچىنى يەنە بىر قېتىم ھېسابلاشقا كىرىشتى.

«بۇ يەردە يىگىرمە بەش مىڭ لەشكىرىم بار، ئىتالىيەدىن ئون مىڭ لەشكەر باشلاپ كېلىمەن، بۇنىڭدىن باشقا سۈچېيتتا ئون مىڭ، سارتتا قىرىق مىڭ لەشكىرىم بار، ئۇرۇشتىن توختاپ قالمايمەن، تەختىمنى بەرمەيمەن!»

ئىمپېراتورنىڭ قالدۇق قوشۇنلىرى ھەرھالدا ئۆزىنى قوللايتتى، ئەمما ئوفىتسېرلىرى داۋاملىق ئۇرۇش قىلىشنى خالىمايتتى، لەشكەرلەرمۇ تىنچلىققا تەشنا ئىدى. ناپولېئون نېمە ئۈچۈن مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىغا بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلمايدۇ؟ فېئودال سۇلالىگە خاس كەيپىيات تۈپەيلىدىن تۆۋەن قاتلامدىكى سادىق ۋە ئىشەنچلىك باتۇرلار بىلەن بىۋاسىتە ھەپىلىشىدىغان جاسارەتتىن مەھرۇم قالغاچقا، پەقەت

ئوفىتسېر ـ سەردارلارغىلا رەھبەرلىك قىلىشنى خالايتتى.

ئۇلار يەنە دەۋەت قىلغىلى تۇردى، ئەمدى ھەتتا بىرتخىرمۇ ئۇلارغا ھە ـ ھۇ دېيىشىپ، فونتاينىبىلى ئوڭايلا قورشاۋدا قالىدۇ دەپ ئاگاھلاندۇردى. ئىمپېراتور ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ئەستايىدىل قۇلاق سېلىپ تۇردى، ئاندىن تۇروپلا ئۆزى بىلەن بىللە لۇئار دەرياسى تەرەپكە ياكى ئىتالىيەگە يۈرۈش قىلىپ، ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن ئۇچرىشىشنى خالايدىغان ـ خالىمايدىغانلىقىنى سورىدى، بۇ تەكلىپتىن كۆڭلىدە يېڭى بىر خەتەرلىك پىلان تۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىش قىيىن ئەمەس ئىدى. بىراق، ئالدىدا تۇرغان فىرانسىيەلىك مارشاللىرى بولسا ناپولېئوننىڭ يۈزىچە ئىچكى ئۇرۇش خەۋپىنى ھە دەپ تىلغا ئالماقتا ھەمدە تەختتىن چۈشۈشكە دەۋەت قىلماقتا ئىدى، ئۇلار ناپولېئونغا ئالدىنئالا ئېلىپ ئارىلىنى پاناھگاھ قىلىپ تەييارلاپ قويۇشقانىدى، بۇ ھال ئىمپېراتورنىڭ دەرھال بىر قارارغا كەلمىسە بولمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

— ئاراڭلاردا بىرمۇ ۋىجدان ئىگىسى يوق ئىكەن، — دېدى ناپولېئون ئۇلار ئۇزاش ئالدىدا، — مەن پېشانەمنىڭ تەتۈرلۈكىدىن ئەمەس، ئادەملىرىمنىڭ ۋاپاسىزلىقىدىن مەغلۇپ بولدۇم. تازىمۇ شەرمەندىلىك ـ دە بۇ ! بىراق، ھەممە ئىش ئۆتۈپ كەتتى.

زالدا ۋەزىر ـ ۋۇزرالار ۋە ئېسىلزادە ئاقسۆڭەكلەر گويا ئىمپېراتور سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندەك سۈكۈنات ئىچىدە ئىمزا قويۇشنى كۈتمەكتە ئىدى. بۇ ھالنى ئېنىق بىلىپ تۇرغان ئىمپېراتور ھەرقانداق كىشىنى قوبۇلخانىسىغا كىرگۈزمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تاكى ئەتىسى ئەتىگەنگە قەدەر كۈتۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى، تۈنبويى ئۇيقۇسىز تاڭنى ئاتقۇزغان كىشىلەر سەھەر ۋاقتىدا كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، ئىمپېراتور

تام مەش ئالدىدا كىچىلىك كىيىمى بىلەن ھارغىن، روھسىز، مىسكىن بىر ھالدا ئولتۇراتتى.

ئۇلار ئالدىنقى كۈنى ئاخشىمى پارىژدا ئىمزالاشقان ھۆججەتنى ئالغاچ كەلگەنىدى. بۇ ھۆججەتتىكى كېلىشىم بويىچە ئىمپېراتور ئېلبا ئارىلىغا ئېرىشىدىغان ۋە يىلىغا ئىككى مىليون فرانك مائاش ئالىدىغان، ئىمپېراتور دېگەن ئاتىقىنى ۋە تۆت يۈز نەپەر مۇھاپىزەتچىسىنى ساقلاپ قالىدىغان بولغانىدى. تاللېيران ئىلگىرى فرانسىيەگە قارشى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنى بۇ شىرنى فرانسىيە ئەتراپىدا قويساڭلار بولمايدۇ دەپ ئاگاھلاندۇرغان ھەمدە كورفۇ ئارىلىغا، ھەتتا ساينت خېلېنا ئارىلىغا سۈرگۈن قىلىش تەكلىپىنى بەرگەنىدى. قۇشى بولسا ئىمپېراتورنى يوقىرى ئورۇندىن ئاستا ـ ئاستا سىيرىلدۇرۇپ چۈشۈرۈشنى خالىمايتتى، شۇڭا چىرايلىق سۆز ـ ئىبارىلەر بىلەن يازغان بىر پارچە خېتىدە ئۇدۇللا ئامېرىكىغا كېتىش تەكلىپىنى بەرگەن ھەمدە ئۇ يەردە ھۆر يۇقرا بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئۆز تۇرمۇشىنى يېڭىباشتىن باشلىسا بولىدىغانلىقىنى — ياۋروپا قىرغىقىدىن قانچە ئۇزاپ كەتسە، شۇنچە ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەنىدى.

يۈز بەرگەن بۇ ئىشلار ئىمپېراتورنىڭ كۆڭلىنى سوۋۇتۇپلىۋەتتى. بىراق، ئىمپېراتور بۇ ھەقتە باشقىچە قاراشتا بولۇپ، كۆڭلىدە ساداقەتمەن مارشالى ماك تانىنانى ئاشۇ ساداقەتسىز خۇنپەرلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىقىپ، بۇ كىشىگە بەرگەن ئىنئامىم يېتەرلىك بولماپتۇ، دەپ ئويلىغانىدى.

— سىزگە يېتەرلىك ئىنئام بەرمىگەنىكەنمەن، ئەمدى بولسا قۇربىم يەتمەيدۇ. سەلىم سۇلتان ماڭا ھەدىيە قىلغان زۇلپىقارنى سىزگە بېرەي، يادىكار بولۇپ قالسۇن، — دېدى تەخت ئىستېپانامىسىگە ئىمزا قويۇش ئالدىدا. ئاندىن ھەممەيلەن ئۇنىڭ

ئىستېپانامىگە ئىمزا قويۇشىنى كۈتۈپ تۇرغان پەيتتە ھېلىقى ئالتۇن ھەل بېرىپ بېزەكلەنگەن زۇلپىقارنى ئەكەلدۇرۇپ سەردارغا ھەدىيە قىلدى ھەمدە مېھرى بىلەن چىڭ قۇچاقلىدى، ئاندىن ئىستېپانامىگە ئىمزا قويدى.

— ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئىمپېراتور ناپولېئوننى ياۋروپادا تىنچلىق ئورنىتىش يولىدىكى بىردىنبىر توسالغۇ دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن ناپولېئون لەۋزىدە تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ۋە ئەۋلادىنىڭ فىرانسىيە ۋە ئىتالىيەدىكى تەختىدىن ۋاز كەچكەنلىكىنى جاكارلايدۇ ھەمدە فىرانسىيەنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ھەرقانداق قۇربان بېرىشتىن، ھەتتا ھاياتىنى قۇربان قىلىشتىنمۇ ئايانمايدۇ.

ئىش ۋۇجۇدقا چىقىپ كىشىلەر مۇراد - مەقسىتىگە يەتتى، ھەممەيلەن ئەمدى ئەركىن نەپەس ئېلىشتى، مارىيېتتىن باشقا جىمى ۋەزىر - ۋۇزرالار ۋە سەردارلار فونتايىنېبلېدىن ئايرىلىپ پارىژغا يول ئالدى، ھەتتا بىرتخېرمۇ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتكە قاتناشتى. ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى تاللېيران بىلەن فۇشېنىڭ قولىغا ئۆتتى.

ئىمپېراتور ئوردىسىدا يەنە بىرقانچە كۈن تۇردى، بۇ چاغدىمۇ يىگانىلىكتە غېرىبسىنىپ قالغان بولماستىن، ئەتراپىدا يىگىرمە بەش مىڭ كىشىلىكتىن ئارتۇق سادىق - ساداقەتمەن مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنى بار ئىدى. بىللە قالغانلاردىن يەنە كىم بار؟ قوۋم - قېرىنداشلىرى قېچىپ كەتتى، شۇ تاپتا يوسېفىن مارمېسۇن قورۇقىدا نېمە ئىش قىلىۋاتقاندۇ؟ زار - زار يىغلىغان ۋە «ئىمپېراتور نەدە بولسا، مەن شۇ يەردە بولىمەن» دەپ قەسەم بەرگىنىدىن كېيىن ناپولېئوننى بويسۇندۇرغان غالىبلارنى نازلىرى بىلەن قوبۇل قىلدى. رومانتىك باتۇر بولۇش خىيالىدا يوقلاپ كەلگەن چار پادىشاھنىمۇ شۇ تەرزدە كۈتۈۋېلىپ، جامالىغا

مەھلىيا قىلدى. بىراق، خانىشنىڭ قىزى ئوتانىس بولسا ئۆزىنى زىيارەت قىلىپ كەلگەن چار پادىشاھقا چىراي ئاچماي سوغۇق مۇئامىلە قىلدى ھەمدە چار پادىشاھ كەتكەندىن كېيىن دەرھال فونتاينېبلېغا بېرىپ، ئىمپېراتور بۇ يەردىن كەتكەنگە قەدەر بىللە تۇردى.

ناپولېئوننىڭ ئايىسى دەسلەپتە ھەمراھ بولۇپ بىللە تۇرغانىدى. بىراق، ناپولېئون ئايىسىنى ژىرومې بىلەن بىللە ساياھەت قىلىپ كېلىشكە دەۋەت قىلدى ھەمدە بىز چوقۇم يەنە جەم بولىمىز دەپ ۋەدە بېرىپ ئىشەندۈردى. خانىش مارى لۇئىس قېيىنئانىسى لاتىسىيە بىلەن خەيرلەشكىنىدە ئەدەپ يۈزىسىدىن تەكەللۇپ سۆزلىرى بىلەن ئامانلىق تىلىدى. كېلىنىنىڭ ھىيلە ـ مىكرىنى ھەمدە ئۆز بەختەرلىكى ۋە راھەت ـ پاراغەتتىن باشقىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغانلىقىنى بىلمىگەن بۇ بۇزرۇكۋار خانىم بولسا خابسبۇرگ جەمەتىنىڭ بۇ قىزىغا:

— بۇ تامامەن ئۆزىڭىزگە ۋە ئەمدىكى ئىش ـ ھەرىكىتىڭىزگە باغلىق، — دېدى.

ئىمپېراتور خوتۇن ـ بالىسىغا نۇرغۇن خەت يازغان، نۇرغۇن كىشىدىن گەپ ئەۋەتكەن بولسىمۇ ھېچقانداق ئۈچۈر ئالالمىدى. ئۆزىگۇ يەر ـ زېمىنغا ۋە پۇل ـ مالغا قىزىقمايتتى، ئەمما ئائىلىسى ئۈچۈن گامادىن باشقا توسكانانى، ھېچ بولمىغاندا توسكانانىڭ كىچىك بولسىمۇ بىر پارچە زېمىنىنى تەلەپ قىلاتتى، شۇنداق بولغاندا خانىشنىڭ زېمىنى ئۆزى تۇرۇۋاتقان ئېلباغا يېقىنراق بولاتتى ـ دە، ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەننىڭ باغلىنىپ تۇرۇشى ئۈچۈن قولايلىق بولاتتى. ناپولېئون ئائىلىسىغا يازغان خەتلىرىدە سەپەر ئۈستىدە قەيەردە توختىشى كېرەكلىكىنى، قەيەرنىڭ ھاۋاسىنىڭ سالامەتلىكىگە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى، زىبۇ ـ زىننەتلىرىنى ئېلىپ كەتسە بولىدىغانلىقىنى جېكىلەپ تۇردى.

ئاندىن ھەرەمئاغىسىغا ئۆزى ۋە خانىشىنىڭ تەئەللۇقاتلىرىدىن باشقا بارلىق ئالماسلارنىڭ فىرانسىيەگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، شۇڭا دەرھال خەزىنىگە ئۆتكۈزۈۋېلىشىنى جېكىلەپ خەت يازدى.

شۇ ئارىدا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئىمپېراتورنىڭ ئوردىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، دۆلەتنىڭ مال - دۇنياسىنى تىنتىپ چىقتى، شۇنىڭ بىلەن بارلىق ئالتۇن ۋە لاتارىيە بېلەتى بولۇپ بىر يۈز ئەللىك مىلىيون فىرانكتىن ئاشىدىغان يۇ... خۇسۇسىي مۈلكى پېچەتلەندى، ئەمەلىيەتتە بولسا مەجبۇر بۇلاپ كېتىلدى. بۇلار بولسا ناپولېئوننىڭ ئون تۆت يىلدىن بۇيان ئۆز مائاشىدىن تېجەپ توپلىغان مۈلكى ئىدى، كۈمۈش قاچا - قۇچىلىرى، ئالتۇن تاماكا قۇتىسى ۋە باشقا بارلىق خۇسۇسىي مۈلكىنى، ھەتتا «N» ھەرپى كەشتىلەنگەن قول ياغلىقىدىن تارتىپ ھەممىنى ئېلىپ كېتىشتى. ئاشۇ تىنتىش بۇيرۇقىغا ئىمزا قويغۇچىلارنىڭ بىرى تاللېيران ئىدى. شۇنداق قىلىپ تېخى تۈنۈگۈنلا ياۋروپا بويىچە ئەڭ باي ئىمپېراتور بۈگۈنكى كۈندە پەقەت ئۈچ مىلىيون فىرانك بىلەنلا قالدى، ئاشۇ پۇلى بىلەنلا ئېلبا ئارىلىغا سۈرگۈندى بولۇپ باردى.

ناپولېئوننىڭ كۆڭلى تولىمۇ سۇنۇق ئىدى، بۇنىڭدىنمۇ ئۆتە كۆڭلىنى بۇزىدىغان ئىش بولسۇنمۇ؟ ناپولېئون تەختتىن چۈشۈپ ئىككىنچى كۈنىلا ئىنىسى لۇسىئان پاپاغا خەت يېزىپ، رىمنىڭ خانزادىسى بولۇۋالدى. مۇرات فۇشېنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن رىمغا ھەربىي يۈرۈش قىلدى ھەمدە توسكاناغا ھۇجۇم قىلىپ، قېيىنسىڭلىسى ئېلىزانىڭ زېمىنىغا بېسىپ كىردى. ھەر قېتىم ئايالى كارولىنانىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن شۇنداق قىلغان ھەمدە ئىنگلىزلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغانىدى، نەتىجىدە ئىنگلىزلار توسكانانى ئىشغال قىلدى. ئېلىزا ئىشنى خاتا مۆلچەرلىگەنلىكتىن ئەنە شۇنداق ئاخىرقى ئاچقۇچلۇق پەيتتە

جىمى دەسمايىسىنى دوغا تىككەنىدى. ئىمپېراتورغا ھېلىغىچە سادىق بولۇپ كەلگەن ئېلىزا ئاچىسىنىڭ قوشۇنى بېسىپ كېلىش ئالدىدا قېچىپ كەتتى، ئۇزاق ئۆتمەي تاغ ئارىسىدىكى كىچىك بىر قاۋاقخانىدا يەڭگىدى، بورۇنگىناغا بارغىنىدا ئاۋستىرىيەلىكلەرگە ئەسىرگە چۈشتى. بوناپارت جەمەتىدىن پەقەت ژىرومې ۋە خانىمىلا ھەرھالدا دۇرۇس بولۇپ، تاپتىن چىقىپ كەتمىگەنىدى.

ئاخىرقى كۈنلەر جىممىدە ئۆتۈپ كەتتى، ھويلىغا بىرەر پەيتون كىرىپ قالغۇدەك بولسا ھەممەيلەننىڭ قۇلىقى دىڭ بولۇپ كېتەتتى. بىرەرسى ناپولېئون بىلەن خوشلاشقىلى كېلىپ قالارمۇ؟ سودا پۈتمەستە ھېچكىم كەلمەيتتى. ناپولېئون يولغا چىقىش ئالدىدىكى بىر ئاخشىمى چۈمبەل تارتىۋالغان يوچۇن بىر خانىم كەلگەنىدى، ھېچكىم تونۇمىغاچقا ناپولېئوننىڭ قوبۇلىغا نائىل بولالمىدى. بۇ خانىم — ۋالېۋسكا كىچىچە كۈتۈپ تۇرۇپ، ئەتىسى ئەتىگىنى بىر پارچە خەت قالدۇرۇپ قويۇپلا كېتىپ قالدى. ناپولېئون ۋالېۋسكانى چاقىرىپ كىرىشكە ئادەم چىقاردى، بۇ چاغدا خانىم كېتىپ قالغانىدى. «مارى، ماڭا بولغان مېھرى - مۇھەببىتىڭىز مېنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى، — دەپ يازدى ناپولېئون، — بۇ ئەقىدىڭىز بىلەن گۈزەل ۋە مېھرىبان قەلب ئىگىسى بولۇشقا مۇناسىپسىز. مېنى ئەسلەپ تۇرۇڭ، مەندىن قىلچە شۈبھىلەنمەڭ. N».

ئىمپېراتورنىڭ كۆڭلى تىنار - تىنماي تۇرۇپلا جاسارىتى يېڭىباشتىن ئەسلىگە كېلىپ ئۇرغۇشقا باشلىدى. راستىلا كارامىتىنى ئىشقا سالغۇدەك سورۇن قالمىغاندىمۇ؟ كەلگۈسىدە نېمە ئىشلارنىڭ روي بېرىدىغانلىقىنى كىم بىلسۇن؟ كورسىكامۇ ئوتتۇرا دېڭىزدىكى كىچىك بىر ئارال ئىدىغۇ؟ ئۆزى بىللە ئېلىپ كەلگەن قۇرۇلۇش كەسپىگە دائىر بىر كىتابنى ۋاراقلاپ، ئېلبا

ئارىلىنىڭ جۇغراپىيەسى ۋە مۇھىتىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشتى. «ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ساپ، ئاھالىسى سەممىي ۋە ئىشچان، سۆيۈملۈك رەپىقەم لۇئىس ئۇ يەرنى ياقتۇرۇپ قالغىدى.» ئاندىن خوتۇن ـ باللىرىنى تاشلاپ خانىۋەيران بولۇپ كەتكەن تەقدىرىدىمۇ ئىمپېراتورغا ئەگىشىشكە رازى مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىدىن تۆت يۈز نەپەر سەرخىل لەشكەرنى تاللىدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە يىگىرمە ئىككى يىل ئىلگىرى تولوندا لېيتېنانت بولۇپ تۇرغان ۋاقتىدىلا سىرداش بولۇشۇپ ئۆتكەن، قاھىرەدىن موسكۋاغىچە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۆزى بىلەن ئاتمىش قېتىمدىن ئارتۇق جەڭنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئادەملىرى بار ئىدى.

كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالغان ناپولېئون ھەرەمئاغىسىغا تەقدىر ـ قىسمەت ۋە يېقىنقى بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇش داۋامىدا گۆر ئاغزىدىن قايتىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا پاراڭ قىلىپ بەرگەندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

ــ ئۆلۈۋېلىش قورقۇنچاقنىڭ ئىشى، بۇنداق ئۇسۇلدا مەسئۇلىيەتتىن قاچقان ئادەمنىڭ ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازدىن پەرقى بولمايدۇ. ئۆلۈۋېلىش مېنىڭ ياشاش پرىنسىپىم ۋە دۇنيادا تۇتقان ئورنۇم بىلەن سىغىشالمايدۇ.

ئۇلار شۇ تەرزدە زوۋان سۇرمەستىن شىپاڭدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈردى.

ــ سىزدىن يوشۇرمايمەن، ئەمەلىيەتتە ئۆلمەي تۇرۇۋالغاندىن ئۆلۈپلا تۈگەشكەنمۇ ياخشى، ــ دېدى ئىمپېراتور بىرپەستىن كېيىن مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ.

جىمى رەسمىيەت پۈتكەندى، ئىمپېراتورغا ھەمراھ بولۇپ ئېلباغا ئارىلىغا بارىدىغان ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ تۆت كومىسسىيونېرىمۇ تەق بولدى، ئۇلار چۈشتىن كېيىن يولغا

چىقىشنى قارار تاپتى. ئىمپېراتور رەپىقىسىگە ئەھۋالنى ۋاقىپلاندۇرۇش ئۈچۈن بىر پارچە خەت يازدى.

«خەير-خوش، سۆيۈملۈك لۇئىس، ئېرىمىزنىڭ جاسارىتى، سالماقلىقى ۋە سىزگە بولغان مۇھەببىتى مەڭگۇ ئۆزگەرمەيدۇ. N، — دەپ يازدى خاتىمىسىگە، ئاندىن يەنە، — شاھزادىچاقنى سۆيۈپ» دەپ قوشۇپ قويدى. ناپولېئوننى ئۆزىتىپ قويىدىغان ئادەم چىقمايمۇ قالمىدى، بۇرۇنقى مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىدىكى يىگىتلەر ئۆزىتىپ قويۇش ئۈچۈن قورۇدا چاسا سەپ تۈزۈپ كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. ئىمپېراتور پەلەمپەيدىن چۈشكىنىدە مىڭلارچە كۆز ئۇنىڭغا تىكىلدى. ئىمپېراتور بىرقانچە ئېغىز گەپ قىلىشى كېرەك ئىدى، نېمە دېسە بولاركىن؟ يىگىرمە يىل مابەينىدە ھەمىشە ئۇرۇش ئالدىدا ياكى غەلىبىدىن كېيىن لەشكەرلىرى ئالدىدا سۆز قىلىپ ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرۈشنى ياكى ئۇلارغا رەھمەت ئېيتىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلغانىدى. گەرچە ھازىر غەلىبە قازانغان بولمىسىمۇ، ھەرھالدا بىرقانچە ئېغىز سۆز قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆتكەنكى يۈز قېتىملاپ ئۇرۇش داۋامىدا غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن سىڭدۈرگەن ئەجرى ۋە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ئۈچۈن رەھمەت ئېيتىشى كېرەك ئىدى.

— ياشىسۇن ئىمپېراتور! — توۋلىدى لەشكەرلەر.

— سادىق مۇھاپىزەتچى يىگىتلىرىم، سىلەر بىلەن خوشلىشار بولدۇم، — دېدى ناپولېئون سەپ ئالدىغا كېلىپ، — يىگىرمە يىلدىن بۇيان ھەمىشە شۆھرەت ۋە نۇسرەت بىلەن تولغان داغدام يولدا ئۆزۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىگەنلىكىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغانىدىم. ئاخىرقى ئاچقۇچلۇق پەيتلەردىمۇ خۇددى نۇسرەت قۇچقان ئامەتلىك چاغلىرىمىزدىكىدەكلا باتۇرلۇق ۋە ساداقەتمەنلىك كۆرسەتمەكچى بولدۇڭلار. بىراق، شۇنداق

بولغىنىدا ئىچكى ئۆرۈش پەيدا بولۇشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، دۆلەتنىڭ ئالىي مەنپەئەتىنى ئەلا بىلىپ، ھەممىدىن ۋاز كەچتىم... كېتەر بولدۇم، دوستلار، فرانسىيەگە داۋاملىق سادىق بولۇڭلار. پىكىر ـ خىيالىم پۈتۈنلەي خانىشنىڭ بەختىدىلا قالدى، ئۈمىدىم سىلەردە. تەقدىرىمدىن ھەسرەت چېكىپ ئولتۇرماڭلار. دۇنيادا داۋاملىق ياشاپ قېلىشىمنى قارار تاپتىم دېگەندىمۇ، پەقەت شۆھرىتىڭلارنى ئۇلغايتىش ئۈچۈنلا شۇنداق قارارغا كەلگەنمەن. قالغان ئۆمرۈمنى بىز بىرلىكتە بەرپا قىلغان ئۇلۇغۋار ئىشلارنى خاتىرىلەشكە سەرپ قىلماقچىمەن. خوش، بالىلىرىم! قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا ئۆچمەس مۆھرىڭلارنى بېسىپ، ھەربىرىڭلارنى باغرىمغا بېسىپ ماڭغۇم بار ئىدى، ھېچبولمىغاندا بۇركۈت تۇغۇڭلارنى سۆيۈپ ماڭاي!

بىر ئوفىتسېر ھەربىي تۇغنى ئېلىپ كەلدى، ئىمپېراتور ئوفىتسېر بىلەن مەھكەم قۇچاقلاشتى ھەمدە تۇغنى سۆيدى، ئاندىن:

— خەير ـ خوش، سەپداشلىرىم! — دېدى ـ دە، پەيتونغا چىقتى.

— ياشىسۇن ئىمپېراتور! — شوئار توۋلاشتى يىگىتلەر.

ئىمپېراتورنىڭ پەيتونى بارا ـ بارا يىراقلاپ كۆزدىن يىتتى...

يۇزلەپ ئۇرۇشنى بېشىدىن كەچۈرگەن بۇ كونا جەڭچىلەر گويا دادىسىغا تارتىشقان كىچىك بالىلاردەك ئۈن سېلىشىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇلارنىڭ دادىسى — ئىمپېراتور ھېچقاچان ئۇلارغا بۈگۈنكىدەك تەسىرلىنىپ سۆز قىلىپ باقمىغانىدى. ناپولېئوننىڭ رىمچە سەلتەنەتلىك ھېسسىي تەسىرى ۋە قىزغىنلىقى، باياناتىدىكى ئوتتەك قىزغىن تەسەۋۋۇرلىرى، ئوبرازلىق تەسۋىرلىرى، ئوخشىتىشلىرى ۋە ئىستىلىستىك

مۇبالىغىلىرى ئۇرۇش تەلۋىلىكى بىلەن تەڭلا غايىب بولغانىدى. ئەمدى ئىمپېراتور سۇپىتىدە قىلغان سۆزلىرى بىلەن قوماندانغا، قوماندان سۈپىتىدە قىلغان سۆزلىرى بىلەن روتا كوماندىرىغا ئوخشاپ قالغانىدى، ئەمما سۆزلىرى ئەر كىشىگە خاس مەردانە، ئىخچام ئىدى. بابا بۇركۇت توغىنى سۆيگەن ۋاقتىدىكى قىياپىتى شۇنداق تەسىرلىك ئىدىكى، بۇنداق قىياپەتتە بىرەر ئىش قىلىپ باققىنىنى ھېچكىم، ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغانىدى. مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇندىكى جەڭچىلەر ئىمپېراتورنىڭ بايىقى سۆزلىرىنى نەۋرىلىرىگە سۆزلەپ بېرىدۇ، نەۋرىلىرىمۇ نەۋرىلىرىگە سۆزلەپ بېرىدۇ، ئەنە شۇ تەرزدە ئەۋلادمۇئەۋلاد ھېكايە بولۇپ تارقىلىپ كېتىۋېرىدۇ.

ناپولېئون دەل ئەنە شۇنداق ھەربىي مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەن ھەمدە ئۇلۇغ زات بولۇپ چىققانىدى. ھالبۇكى، قوشۇندىن ئايرىلار ـ ئايرىلماي تۇرۇپلا غەلىيانچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. ئىمپېراتور چۈشكەن پەيتون پرووۋېنىس ئۆلكىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە ھۇجۇم قىلىپ توۋلىشىۋاتقان گولدۇرمامىدەك قورقۇنچلۇق چۇقان ـ سۈرەنلىرى ئىمپېراتورنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ تۇردى:

— يوقالسۇن زوراۋان ئىمپېراتور! يوقالسۇن لۈكچەك ئىمپېراتور!...

ئىمپېراتور يول ئۈستىدىكى سەھرادا ئات ئالماشتۇرۇۋاتقاندا ئاياللار ئولىشىپ كېلىپ چىرقىراق ئاۋازلىرى بىلەن تىللاپ قىيقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈشتى ھەمدە تاش ئېتىشتى، پەيتونكەشنى «ياشىسۇن پادىشاھ!» دەپ توۋلاشقا مەجبۇرلىدى. يەنە بىر مەھەللىگە كەلگەندە ھەربىي فورما كىيگۈزۈلگەن، لاي ۋە قان بىلەن بۇلغانغان سامان قارانچۇقلارنى كۆتۈرۈشۈۋالغان سەھرا ئاھالىسى «بۇ قاتىلنى ئۆلتۈرەيلى!» دەپ ئالىتاغىل

توۋلاشقىنىچە يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى. ئىمپېراتور پەيتونىنى بولۇشىچە چاپتۇرۇپ بۇسۇپ ئۆتۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ بۇ سەپىرى پېتىراپ قېچىشقا ئايلىنىپ قالدى، بۇ ناپولېئوننىڭ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئەنە شۇنداق ئوسال بولۇپ قېچىشى ئىدى.

ئىمپېراتور بۇ توپىلاڭچىلارغا قارىغىنىچە چۇقان ـ سۈرەنلەرگە قۇلاق سېلىپ هەيرانلىق ئىلكىدە ئولتۇردى. ئەينى يىللىرى ئۇچقاندەك چېپىپ كېتىۋاتقان پەيتونى يېنىدا بىر كۆرۈۋېلىشقا تەشنا بولۇپ كېتىشىدىغان كىشىلەر شۇمىدۇ؟ شۇنداق، دەل شۇلار. ئىمپېراتور نۇسرەت قۇچۇپ پارىژغا تۇنجى قېتىم كىرگىنىدە ئالدىغا چىقىپ تەنتەنە قىلىپ قارشى ئېلىشىۋاتقان مىغ ـ مىغ كىشىلەرگە قاراپ، هازىر بېشىغا كەلگەن ئىشلارنى ئىنسانغا بولغان نەپرەت نەزىرى بىلەن ئالدىن مۆلچەرلەپ يەتكەنىدى. شۇ تاپتا پەيتوننىڭ بىر بۇرجىكىدە جىمغىنا تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان ناپولېئوننىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى. پەيتون توختىغان هەربىر جايدا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ بىللە كەلگەن كومىسسىيونېرلىرى پەيتوندىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئىمپېراتورنى قوغداش ئۈچۈن پەيتوننىڭ كۆزنىكىنى ئېتىۋېتەتتى. شۇنچە شەپقەتسىز رېئاللىققا قىلچىمۇ هېسسىياتسىز بىر تەرزدە چىداپ ئولتۇرىۋەرسۇنمۇ؟ قىلچىنى يالىڭاچلىسىچۇ؟ بىراق، ئەمدى يېنىدا قىلىچى يوق. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى مۇشۇنداق سەرگۈزەشتىنى پەقەت بىرلا قېتىم بېشىدىن ئۆتكۈزگەنىدى. تۇمان ئېيىنىڭ ئون سەككىزىنچى كۈنى ئىدى، شۇ كۈنى رادىكاللار ئۇنىڭغا مۇشت ئاتقان چاغدىمۇ شەمشىرىنى سۇغارمىغانىدى. چۈنكى، ئۇلارغا قول ياندۇرۇشقىمۇ، ئۇلارنى سۆز بىلەن قايىل قىلىشقىمۇ قادىر ئەمەس ئىدى. هازىرمۇ شۇنداق، ئەگەر قارشىلىق كۆرسىتىدىغان بولسا، بۇ بىر مەيدان

ئۇرۇشنىڭ پارتلايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

ئىمپېراتور پۈت - قولىنى ھەرىكەتلەندۈرۈۋېلىشقا، يېڭى ھاۋادىن نەپەس ئېلىۋېلىشقا موھتاج ئىدى. ئۇلار ئادەمسىز تىنچ بىر كوچىغا كەلگەندە، ئىمپېراتور پەيتوننى توختاتتى ھەمدە پەيتونغا قوشۇلغان ئاتلاردىن بىرىنى بوشاتتى، ئاندىن يۇمىلاق قالپىقىغا قىزىل كاكاردىن بىرنى تاقاپ پەيتوننىڭ ئالدىدا ئاتلىق ماڭدى، خىزمەتكارلىرى ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. شۇ ھالدا ئېكىس شەھىرىگە يېقىنلا قالغاندا توختىدى - دە، ئاتتىن چۈشۈپ يول بويىدىكى كىچىك بىر سارايغا كىرىپ، ئۆزىنى ئەنگلىيەلىك كاپىتان كامبىر دەپ تونۇشتۇردى، بۇ ئۇنىڭ ئالتىنچى ئىسمى ئىدى.

— دېڭىز بويىغا بېرىپ بولغۇچە كىشىلەر جېنىنى ئېلىپمۇ بولىدۇ! — دەپ تىنماي ۋاتىلدىغىلى تۇردى خىزمىتىنى قىلىشقا كەلگەن پىروۋېنسلىق بىر كۈتكۈچى قىز.

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە — ئىمپېراتور بولسا بېشىنى لىڭشىتقىنىچە تەكرارلايتتى جاۋاب بېرىپ.

ئىمپېراتور خىزمەتكارىنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويۇپ كىچىككىنە مۈگدىۋالدى. چۈنكى، كۆز يۇمغىنىغا ئىككى كېچە - كۈندۈز بولغانىدى. ئاھ، شەپقەتلىك ئىگەم، ئەڭ ئۇلۇغ جەڭچىگە بېرىدىغان ئىنئامىڭ شۇمىدۇ؟ ناپولېئون ئويغانغىنىدا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ شۈركۈنۈپ كەتتى.

— ياق، بۇرۇن قىلغانلىرىمنى ئەمدى تەكرارلىسام بولمايدۇ، — دېدى خىزمەتكارىغا بوش ئاۋازدا، — ئېلبا ئارىلىغا بېرىۋالسام، كۈنلىرىم بۇ يەردىكىدىن بەختلىكرەك ئۆتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىلمىي تەتقىقات بىلەنلا بولىمەن، باشقا ئىش قىلمايمەن، ياۋروپادىكى ھەرقانداق دۆلەتنىڭ پادىشاھلىق تاجىنى ئىككىنچىلەپ كىيمەيمەن، خەلقىنىڭ ئەپتبەشىرىسىنى

كۆردۈمغۇ، ئىنساندىن يىرگىنىشكە ھەقلىق ئەمەسمەنمۇ؟
پەيتون يەنە بىر سارايغا كەلگەندە ناپولېئون يول ئۈستىدىكى سەرگۈزەشتىسىنى ئېسىدە تۇتۇپ كىيىمنى ئالماشتۇرۇۋالماقچى بولدى. ۋاقىت قىستاپ قالغاچقا ئاۋستىرىيەلىك كومىسسىيونېر كوللىېرنىڭ ئاۋستىرىيەچە ھەربىي چاپىنىنى، ئۈستىگە رۇسىيەلىك كومىسسىيونېر سۇۋوروفنىڭ پەلتوسىنى يېپىنىۋالدى، بېشىغا پىرۇسسىيەلىك پولكوۋنىك تۇرۇسېسنىڭ ھەربىي قالپىقىنى كىيدى، شۇنداق قىلىپ بىر ئۈچىسىغا ئۈچ دۆلەتنىڭ كىيىمىنى كىيىپ، بەئەينى شادلىق بايرىمىغا خاس ياسىنىۋالغان ھەزىلكەشنىڭ ئۆزگىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ناپولېئون ئۆز دۆلىتىدىن ئەنە شۇ تەرزدە ئايرىلدى.
ئۇلار ئاخىرى فىجىرىگاسقا يېتىپ كەلدى، بۇ ناپولېئون ئۆز ۋاقتىدا مىسىردىن قايتقىنىدا قۇرۇقلۇققا چىققان پورت ئىدى. ئۇ چاغدا مەغلۇپ ئوفىتسېر بولۇش سۈپىتى بىلەن بارلىق ئۇرۇش پاراخوتلىرىدىن مەھرۇم قالغان بولۇپ، ھەربىي سوتقا تارتىلىشقا تېگىشلىك ئىدى. بىراق، ئەكسىچە شۇ چاغدا باشسىز قالغان بۇ خەلقىنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولغانىدى. چۈنكى، ئىتالىيەدە ئېرىشكەن شانلىق غەلىبىسى تېخى كىشىلەرنىڭ ئېسىدە شۇ پېتى ساقلانغانىدى. شۇ چاغدا قانچىلاپ زەپەر دەرۋازىسىدىن ئۆتۈپ ئاندىن پارىژغا كىرگەنىدى، ھازىر بولسا شۇ يولنى بويلاپ ئەكسى نىشانغا قاراپ ماڭغان بۇ سەپەردە ماڭىدامدا بىر خەتەرلىك سەرگۈزەشتىنى باشتىن كەچۈردى، چالما ـ كېسەككە قالغىلى تاسلا قالدى، باشقىلارنىڭ كىيىمى بىلەن نىقابلىنىپ يۇرۇپ ئاران دېگەندە جېنى ئامان قالدى. بىر دۆلەتنى قايتىدىن گۈللەندۈرمەك، بىر مىللەتنى شۆھرەت تاپقۇزماق ئۈچۈن پەقەت ئون بەش يىللا كەتكەندى! ئاھ، ئۈزۈلمەي كەتكەن قورالىق توقۇنۇشلار، جەڭچىلەرنىڭ

قەبرىلەردە چىرىپ كەتكەن جەسەتلىرى، نۇسرەت قۇچۇپ قايتىپ كەلگەن قەھرىمانغا ئاتالغان تەنتەنىلەر، پىۋىخانا مۇلازىملىقىدىن مارشاللىققا، مارشاللىقتىن پادىشاھلىققا ئۆستۈرۈلگەن كىشىلەر، ئاشۇ ئىستىبلاچىنىڭ ئىلىنى ھىمايە قىلىش ياكى قارشىلىق كۆرسىتىش يولىدا ئىلىپ بىرىلغان قانلىق ئۇرۇشلار — مانا بۇلار پەقەت ئاشۇ ئون بەش يىل ئىچىدىلا روي بەرگەنىدى! دەل ئاشۇ قىسقىغىنا ئون بەش يىل ئىچىدە ئوتتۇرا دېڭىزدىكى كىچىك بىر ئارالدىن كەلگەن بۇ چەت ئەللىك ئۆزىنىڭ ئىقتىدارى ۋە ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىپ، دۇكىلەككىنە ئالتۇن تاجنى بېشىغا كىيگەنىدى!

## ئون بەشىنچى، ئېلبا ئارىلىغا سۈرگۈن

كورسىكا ئارىلى نەقەدەر چوڭ، تاغلىرى نەقەدەر ئېگىز - ھە! باستىيە شۇنداقمۇ پاكىز بىر يورت! دۇربۇن بىلەن قارىسىڭىزلا، بۇ يورتتىكى ئىستىھكاملار مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئەگەر شەرق تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىدىغان بولسا...

ئېلبا ئارىلىنىڭ بۇ ھۆكۈمرانى تاغنىڭ چوققىسىدىكى ئورمانغا چىقىپ ئەتراپقا نەزەر تاشلىغىنىدا، ئانا يۇرتىنىڭ مەنزىرىسى شۇ ئان كۆڭۈل ئېكرانىدا زاھىر بولدى. دېڭىزنىڭ بۇ تەرىپىدە تۇرۇپ ئۇ تەرىپىگە نەزەر تاشلىغىنىدا، ئۇ يەردىكى ھەممە نەرسە بۇ يەردىكىدىن چوڭ كۆرۈنەتتى. كورسىكا ئارىلى بۇ يېڭى زېمىندىن نەچچە ھەسسە چوڭ، ئاھالىسىمۇ ئون ھەسسە كۆپ ئىدى. بۇ ھەقتىكى سان - سىپىرلارنىڭ ھەممىسى كۆڭۈلگە ئايان. ئېلبا ئارىلى ئۆزىنىڭ نەزىرىدە كورسىكاغا سېلىشتۇرغاندا سۇغۇر ئۇۋۇسىچىلىكلا يەر ئىدى.

ناپولېئون ماي ئېيىنىڭ سۈزۈك بىر ئەتىسىنى قورۇقلۇقتا

چىققاندا فېۋرالىي پورتىدىكى دېھقانلار ۋە شەھەر ئاھالىسى ۋەكىللىرىنىڭ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يېڭى ھۆكۈمرانىغا ئېھتىرام بىلەن سالام بەردى. ھالبۇكى، بۇ يېڭى ھۆكۈمرانى زىياپەت بەرمەستىن ئېتىغا مىنىپ، مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى كۆزدىن كەچۈرگىلى ماڭدى. ئەتىسى ئۇزاق زامان ئۇخلاپ ياتقان بۇ ئارالغا يېڭى ھۆكۈمراندىن پىيانوسادا ئىككى پوتەينى كۆپەيتىپ ياساش؛ مۇداپىئە دۆڭىنى ئۆزارتىش؛ يوللارنى ياخشىلاش توغرىسىدا بىرمۇنچە پەرمان چۈشتى. تۆت يۈز كىشىلىك مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنى ئارالدا قۇرۇلۇۋاتقا چىققىنىدا ئارال ئەھلى ئۇلارنى چەت ئەللىك دەپ قاراپ تىكىلىپ قاراشقىمۇ پېتىنالمىدى. ئۇزاققا بارمايلا چەت ئەللىكلەردىن تەشكىللەنگەن بىر قوشۇن ۋە مىللىي قوغدىنىش ئەترىتى قۇرۇلۇپ، ئارالنىڭ ھەربىي كۈچى زورايتىلدى، شۇنداق قىلىپ ناپولېئون يەنە مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا ئىگە بولدى. ئارىدىن يەنە ئۇزاق ئۆتمەي فىلوت قۇرۇش خىيالىدا ئىدى. نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدۇ؟ ئارال خەلقىنىڭ يىراق كەلگۈسىنى كۆزلەپلا شۇنداق قىلغانىدى. بۇ ئارالدا كېيىنكى پالاتاسىمۇ قۇردى، ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ بۇ يەرگە كەلگەن گېنېرال بېرتران بىلەن درو ۋە يىگىرمە نەپەر يەرلىك ئارال ئاھالىسى پالاتاغا ئەزا بولدى، ناپولېئون پالاتا رەئىسى بولدى. ئۇلار تۆمۈر كانى ۋە تۇز قۇدۇقلىرىنى ياخشىلاش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى.

— ئارالغا ئۇجمە دەرىخى تىكمىگەنمۇ؟ لىئوندا كىشىلەر پىلە بېقىپ كۆپ پۇل تاپىدۇ. ئەگەر فىرانسىيە ھۆكۈمىتى بىزدىن تاموژنا بېجى ئالسا، بىز ئىتالىيەگە يىپەك تاۋار ساتىمىز.

تېجەش كېرەك! بىز تولىمۇ نامرات. فىرانسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بولسا لەۋزە قىلغان پۇلنى بەرگۈسى يوق. ئىمپېراتورنىڭ بۇ يەردىكى ئاق ئۆيى ئاياكىستىكى ئۆيىچىلىكمۇ

چوڭ ئەمەس، يەنە كېلىپ تولىمۇ ئاددىي، يېڭىدىن سالدۇراي دېسە پۇلى يوق.

بۇ ھارماس - تالماس ئادەم ئۆزىنىڭ بۇ ئارالدىكى ھۆكۈمرانلىق ھەرىكىتىنىڭ نەقەدەر كۈلكىلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتمىگەندىمۇ؟ قوشۇنى ۋە ئىگىلىكى شۇ قەدەر ئاجىز ئىدى. بىراق، تېتىك روھى ۋە ساغلام جىسمى بىلەن بۇ ئارالدىكى يېڭى ئىشلىرىغا كىرىشىپلا كەتكەنىدى. شۇنى ھېس قىلىپ يەتتىكى، ئۇنىڭ بېرىلىپ ئىشلىشىگە ئارال خەلقى ئەمەس، بەلكى سەنئەتكارغا خاس روھى تۈرتكە بولغانىدى. دائىم بۇيرۇق چۈشۈرەتتى، قۇرۇلۇش قىلدۇراتتى، خەلقنى يېڭىچە ئادەملەردىن قىلىپ ئۆزگەرتىشكە ئىنتىلەتتى. بىراق، پۇقرالارنى ئۆزگەرتىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس ئىدى، بۇ ئارال غوجايىنىنىڭ تەۋسىيەلىرى بەجا كەلتۈرۈلمەيدىغان چاغلارمۇ بولۇپ تۇراتتى، شۇڭا بەزىدە مەجبۇرلاش، پەرمان چۈشۈرۈش، ئېڭىنى ئويغىتىش، ھوشىنى تاپقۇزۇش ۋە روھلاندۇرۇش تەدبىرىنى قوللىنىشقا توغرا كېلەتتى. قىسقىسى، ھۆكۈمرانلىقنى ئۈزۈكسىز كۈچەيتىش ئارقىلىق ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلماقچىدى. شۇڭا بۈگۈنكى كۈندە بۇ كىچىك چاقنى ئايلاندۇرۇشقا خۇددى ئۆتكەن كۈنلەردە پۈتۈن يەر شارىنى ئايلاندۇرغان چاغلىرىدىكىدەكلا پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن كۈچىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي ئارالدىكى ئىشلىرى كۆڭۈلدىكىدەك يۈرۈشۈپ كېتىۋاتقان بىر پەيتتە جىسمانىي ۋە روھىي ھاردۇق يەتتى، ھەتتا ماتېماتىكا تەتقىق قىلىپ كۆرگىنىدىمۇ ئەھۋال شۇنداق بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى يېڭىباشتىن ئويلىنىشقا مەجبۇر بولدى.

«ۋۇجۇدىدا زۆرۈر شەرتلەر ھازىرلانغان ئادەمنىڭ كۈنلىرىنى ئويلىنىش بىلەن ئۆتكۈزۈشكە پەيدىنپەي ئادەتلەنمىكى ئانچە

قىيىن ئەمەس، ــ دەپ يازدى ناپولېئون خاتىرىسىگە، كابىنېتىمدا نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدىم. سىرتقا چىققىنىمدا مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنۇمدىكى لەشكەرلىرىمنى ھەقىقىي كۆزىتىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتىم... تۇغما پادىشاھلار تەختىدىن مەھرۇم قالغىنىدا ئېغىر دەردكە دۇچار بولىدۇ. چۈنكى، ھەشەمەتلىك سورۇنلار ۋە ئوردا مۇراسىملىرى ھاياتىدىكى زۆرۈرىيەت بولۇپ قالغان. مەن بولسام ئەسلىدىنلا ئاددىي بىر ھەربىي ئىدىم، تاسادىپەن ئىمپېراتور بولۇپ قالدىم. شۇنداق ئوردا مۇراسىملىرى ۋە ھەشەمەتلەر مەن ئۈچۈن ئارتۇقچە يۈك ئىدى، تەختىمدىن ئايرىلغىنىمدا بۇنداق يۈكتىن خالاس بولدۇم. ئۇرۇش ۋە جەڭگاھلارغىلا ئادەتلەنگەنمەن. ئۇلۇغ ۋە شانلىق ئۆتمۈشۈمنى ئەسلىگىنىمدە، پەقەت لەشكەرلىرىمگە يېتەرلىك شاپائەت يەتكۈزەلمىگەنلىكىم ئۈچۈنلا ئۆكۈنىمەن. بىھېساب مال دۇنيارىم ۋە تاجۇتەختىم ئىچىدە ئېلىپ قېلىشىمغا رۇخسەت قىلىشقان نەچچە قۇر فىرانسىيە ھەربىي فورمامنىلا ئەڭ قىممەتلىك بايلىقىم سانايمەن.»

بۇ بىر ئىمپېراتورنىڭ ياسالمىلىقتىن خالىي ھەقىقىي يۈرەك سۆزى ئىدى. كىشىلەر بۇ سۆزلىرىگە قانداقمۇ ئىشەنمىسۇن؟ مۇشۇنداق بىر كىچىك مەملىكەتتە پادىشاھلىق تۈزۈمنى ساقلاپ قالمەن دەپ ياۋروپالىقلارنىڭ كۈلكىسىگە قالارمۇ؟ ياۋروپالىقلار «بۇ ئارالدا بىر سىر بارمۇ، نېمە» دەپ گۇمانلىنارمۇ؟ نۇرغۇن يىل ئىلگىرى ياش گېنېرال چاغلىرىدا تۇغما سەلتەنەتنى بىلەن ۋارىس ئاقسۆڭەكلەرنى قايىل قىلغان، بۇگۈنكى كۈندىمۇ مەسخىرە قىلىپ چېقىشۋالماقچى بولغان زىيارەت ئەھلىنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلىيالايدۇ. ھەرقانداق كىشى بۇ غېرىبنىڭ ئاددىي ـ ساددا ياشاش پىرىنسىپىغا قايىل بولماي تۇرالمايدۇ. چۈنكى، شۇنچە ئاددىي ئۆيدە تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئىمپېراتورغا خاس ئىززەت ـ

هۆرمىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ ئارالدا نە ئوردىسى، نە شاھانە مۇئەسسەسى، نە ئوردا قەسرى، نە ۋەزىر - ۋۇزراسى بولسۇن، ئەتراپىدا بارى - يوقى پەقەت تۆھپە - ئەجىرگە لايىق شانۇ - شۆھرەتتىنلا ئىبارەت.

بۇ قېتىم يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ كۆڭلى تەسكىن تاپقانىدى ـــ ئېلىبا ئارىلىمۇ ئىتالىيەگە تەۋە ئىدى. ئۇ يەرلىك دېھقانلار ناپولېئوننىڭ سوئاللىرىغا ئانا تىلىدا جاۋاب بېرەتتى. تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئوتتۇرا دېڭىز، قىرغاقتا يېقىن تىنچىقىنا بۇ ئارال بالىلىق دەۋرىنى ئېسىگە سالماي قالارمۇ؟ تاش دەرەخ، ئەنجۇر ۋە قىيا تاشلار؛ ئۈزۈم-زاردىكى ئاق ئۆي؛ يەلكەن ۋە بېلىق تورى؛ مەغرۇرانە جەمەتى؛ ئاياللار چېركاۋدا چىگىۋالىدىغان ياغلىقلار... گويا ئىللىق بىر قولدەك يېتىلەپ بالىلىق دەۋرىگە ئېلىپ باراتتى. شۇنداق قىلىپ بوران - چاپقۇنلاردا چىڭقىلىپ كەتكەن نېرۋىسى ئەمدى ئارامغا چۈشۈپ، سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى، يۈز بەرگەن ئىشلار گويا چۈشتەك بىلىندى، پەقەت كونا مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنى كۆزدىن كەچۈرگەن چېغىدىلا كورسىكادىن تارتىپ ئېلىبا ئارىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىشلارنىڭ ھەقىقىي يۈز بەرگەن رېئاللىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى.

«ئىمپېراتور ئارالدىكى تۇرمۇشىدىن ئىنتايىن رازى ئىدى، ـــ دەپ قەيت قىلىدۇ بىر ھەمراھى خاتىرىسىدە، ـــ ئۆتمۈشتىكى ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى، ئۆيىنى سەرەمجانلاشتۇرۇش ھەلەكچىلىكىدە بېشى ئايلىنىپ كېتەتتى. شۇ تاپتا بىرەر داچا سالدۇرۇش ئۈچۈن مۇۋاپىق جاي ئىزدەپ يۈرۈۋاتىدۇ. بىز ئات مىنىمىز، پەيتوندا ئولتۇرىمىز، دېڭىزدا كېمىلىك سەيلە قىلىمىز، تازا كۆڭۈللۈك ئوينايمىز.»

ئىمپېراتورنىڭ ۋاقتى يېتەرلىك ئىدى، ئەمما تېجەشلىك

بىلەن ئىش كۆرمىسە بولمايتتى. شۇڭا، ھەر ئىشنى ئىمكانقەدەر تەپسىلىي تەكشۈرەتتى. خۇددى ئوردىسىدىكى چاغلىرىدا كىيىم ـ كېچەك تىزىملىكىنى ئۆزى يازغىنىدەك، ئېلبا ئارىلىدىمۇ بىر تىزىملىك تۇرغۇزغان، ئەمما ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشاش ئىچىدە بىرىمۇ ئاساسىي بار، ھەر بىرى:

ــ كىيىم ـ كېچەكلىرىم بەك قالايمىقان تاشلىنىپ قالدى، بەزى چامادىنىم ئېچىلىپمۇ باقمىدى ۋە بەلگىمۇ قويۇلمىدى. بۇيرۇقۇمنى يەتكۈزۈپ، كىيىملىرىمنى ئىشكاپقا سالدۇرۇۋېتىڭ، ھەرقانداق ئوردا بۇيۇمى تىلخەتسىز بېرىلمىسۇن. ئورۇنسىز قىلىنغان چىقىمنىڭ ھېسابىنى ئالىدىغان ئىش بولسا، ئەمما، ھەربىر ئورۇندۇقنىڭ باھاسى بەش فىرانكتىن ئېشىپ كەتمىسۇن، ــ دېدى.

ياۋروپالىقلار بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقىنىدا ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈشتى، ناپولېئوننىڭ تېجىدىم دەپ شۇ قەدەر پىخسىقلىق قىلىپ كېتىشلىرى ھەقىقەتەن كىيىنكىلەرنىمۇ ھەيران قالدۇردى.

كىشىلەر ئۇنىڭ ئۇھ تارتقىنىنى پەقەت بىر قېتىملا ئاڭلىدى. قاش قارايغان مەھەل ئىدى، ئىمپېراتور تاغنىڭ چوققىسىغا چىقىپ، بوگۇنكى ئىمپېرىيەسىگە نەزەر تاشلاپ تۇراتتى.

ــ ئىقرار قىلماساق بولمايدۇ، بۇ ئارال ھەقىقەتەنمۇ بەك كىچىك ئىكەن، ــ دېدى ئۇ. تەقدىر ـ قىسمىتى مۇجەسسەملەنگەن بۇ سۆزى كىشىلەرگە خۇددى يىراقلاردىن ئاڭلانغان گۈلدۈرماما ساداسىدەك بىلىندى.

يازدا ئىمپېراتورنىڭ ئاپىسى بۇ ئارالغا كەلدى، ناپولېئوننىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن پەقەت ئاپىسىلا خۇرسەن ئىدى. چۈنكى، ئوغلى ئەمدى بۇرۇنقىدەك ئۇرۇش ۋە سۈيىقەستلەرنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىمايتتى. بۇ يەر شۇ قەدەر تىنچ ۋە خەيرلىك، كورسىكادەكلا

سۆيۈملۈك ئىدى، ھەر كۈنى ئوغلى بىلەن بىللە، ئۆتكەن كۈنلەردىكىدەك ئائىلىۋى بەخت ـ سائادەتنىڭ پەيزىنى سۈردى.
لاتىسىيە بۇ يەرگە دەل ۋاقتىدا كەلگەن ــ شۇنچە يىلدىن بۇيان نەچچە مىليون فىرانك تېجەپ قالغان بۇ ئانا ئوغلى تازا موھتاج بولۇپ تۇرغان پۇلنى ئېلىپ كەلگەنىدى. ئاپىسى ئىمپېراتورغا ئىسىم قويۇلغان خاتىرە كۈنى ئوغلى ئۈچۈن سەھراچە زىياپەت ئۆتكۈزۈپ بەردى.
لاتىسىيە شۇنىڭدىن ئىلگىرى پارىژدا ساينىت ناپولېئون كۈنى (ئىسىم قويۇلغان كۈنى) شەرىپىگە ئۆتكۈزۈلگەن ئون ئىككى قېتىملىق زىياپەتكە قاتناشقانىدى، بۇنداق كۈنلەردە تەبرىك توپى ۋە سالىيوت ئېتىلاتتى، چېركاۋلاردا دۇئا ـ تىلاۋەت ئۆتكۈزۈلەتتى. ئوردا ئاقساقاللىرى، ۋەزىر ـ ۋۇزرالار ۋە چەت ئەل ئەلچىلىرى ئىمپېراتور ئوردىسىدىكى زاللاردا جەم بولاتتى. ئاخشىمى ئەزىز مېھمانلار بىلەن تولغان زىياپەت زالىدا مۇزىكىلار ئورۇندىلاتتى، فىرانسىيەدىكى مەشھۇر زاتلا ۋە ساھىبجاماللار مېھمانلارنى ئارىلاپ يۈرۈشەتتى، ئاۋغۇست ئېيىنىڭ كېچە ئاسمىنى ساليوتلار بىلەن يورۇپ كېتەتتى، «N» ھەرپى چۈشۈرۈلگەن پانۇسلار «N» ھەرپى شەكلىدە تىزىلىپ كېچىگە بېزەك بېرىپ تۇراتتى. لاتىسىيە ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرۈشكەن پادىشاھلاردىن (ئۆزى تۇغقان شۇ ئوغۇللىرىدىن) چەكسىز سۆيۈنۈپ تۇرسىمۇ، ئىختىيارسىز رەۋىشتە «بۇ ئىشلارنىڭ ئاخىرىمۇ خەيرلىك بولغىيدى !» دېگەن ئەنسىز سۆز ئېسىدىن نېرى بولمايتتى. نىھايەت، بۈگۈن بولسا خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتمايلا كەتتى، بۈگۈنكى شادىيانە كەيپىياتنى كورسىكادىكى يۇرتى ئاياكسىتىكى مۇراسىم كەيپىياتىدىن قېلىشمايدۇ دەپ بىلدى. «خويمۇ كۆڭۈللۈك كۈن بولدى» دەپ ئويلىدى لاتىسىيە شۇنچە يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم.

لاتسىيە رىمدىكى چىغىدا بالىلىرىنىڭ قىزىقتانلىق تۇيەيلىدىن پەيدا بولغان بىرمۇنچە كۆڭۈل يارىسىنى ساقايتىشقا كۆپ تىرىشقاندى. رىمغا قايتىپ كەلگەن پاپامۇ بۇرۇنقى دۈشمىنىنىڭ ئاپىسىنى ئەپۇ قىلغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە ۋەزىر - ۋۇزرالار، جۈملىدىن لاتسىيەنىڭ كاتىپىمۇ تىرىلگەن بوربون سۇلالىسىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى، لاتسىيە بولسا بۇ ھالدىن قىلچە ئەجەبلەنمىدى. چۈنكى، مۇشۇنداق بولارىنى بۇرۇنلا پەرەز قىلىپ يەتكەنىدى.

پەقەت قىزى كارولىنالا يۈز ئۆرۈمىگەن بولۇپ، بوربون سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى لۇئىسنى قوبۇل قىلمىدى. يەنە بىر قىزى پاۋلىنا بولسا دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ئىش تۇتقانىدى. بوناپارت ئائىلىسىنىڭ ئەركىسى شوخ پاۋلىنا تولىمۇ زىرەك ئىدى، تەۋرىنىپ تۇرغان سۇلالە ۋە تاجۇتەختتىن كۆرە ئۇنچە - مەرۋايىت ۋە ئاشنا - يارغا بەكرەك قىزىقاتتى. ئەمدى ئارالغا كۆچۈپ كېلىپ ئاپىسى بىلەن بىللە تۇرۇپ، ئىمپېراتور ئاكىسىنىڭ دەردىگە دەرمان بولدى.

ئىمپېراتور ئاكا - ئىنىلىرىدىن ھېچقانداق ئۇچۇر ئالالمىدى. بىر قېتىم لۇسىئاندىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدى. لۇسىئان سۈرگۈن قىلىنغان بۇ ئاكىسىغا قانداق مەسلىھەت بەرمەكچىدۇ؟ رىمدا پادىشاھلاردەك ھەشەمەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بۇ ئىنىسى ئۇرغۇن پۇل - مال بەرمەكچىمىدۇ؟ ئۆزىنىڭ تەسىرىدىن پايدىلىنىپ ئاكىسىنىڭ كەتمىنىنى چاپماقچىمىدۇ؟ پاپا تەيىنلىگەن بۇ «خانزادە كارنىنو» بۇ خېتىدە نېمىلەرنى يازغاندۇ؟ لۇسىئاننىڭ ھازىر تۆمۈر تاۋلاش زاۋۇتى بار ئىدى، ئېلبا ئارىلىدا بولسا تۆمۈر رودىسى كۆپ چىقاتتى. شۇڭا، بۇ خېتىدە ئاكىسىدىن تۆمۈر رودىسى بىلەن تەمىنلەپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغانىدى. ئىلگىرى ئاكىسى

بەرمەكچى بولغان تاجۇ تەختنى ۋە مال ـ دۇنيانى رەت قىلغان، بۇگۈنكى كۈندە بولسا ئاكىسىنىڭ ئىلكىدىكى تۆمۈر رودىلىرىغا ھاجىتى چۈشكەنىدى. ئېھتىمال، لۇسىئان ئۆزىنى شائىر سانايدىغاندۇ ياكى كومېدىيەسىنى كۆرۈشكە خۇشتاردۇر. ئەمدى سۇرگۈندە تۇرۇۋاتقان ئاكىسىنى ئەسكە ئالغان بولسا، بۇمۇ بىر خىل مېھرىبانلىق ھېسابلانامدۇ؟ ئاكىسىغا ئۆزىدىن باشقا كىممۇ خەت يازاتتى؟

يوسىپنى ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. ناپولېئون پارىژدىن كېتىپ بىرقانچە ھەپتىدىن كېيىن ئۆزىنىڭ قورۇقىدا كېسەل بىلەن ۋاپات بولغانىدى. ناپولېئون يوسىپنىڭ ئۆزىگە يازغان خېتىدىن تۆلىشى تەلەپ قىلىنغان ئۈچ مىليون فىرانك قەرزى بارلىقىدىن باشقا ھېچنېمىنى بىلەلمىدى. ئۇتانىس ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەنىدى. ھازىر ئايال كىنەز بولۇپ، بوربون پادىشاھىنىڭ ئالدىدا خۇشامەتگۈيلۇق بىلەن كۈن ئېلىۋاتاتتى، يەنە كېلىپ ئاپىسى بىلەن كۆپ يىل بىللە تۇرغان ئۆيدە تۇرۇۋاتاتتى. ناپولېئوننىڭ ئاپىسى لاتسىيە بىلەن بىر مەزگىل رىمدا تۇرغان ئوغلى لىئون دادىسىنىلا تارتقان بولۇپ، باتۇر ھەم كەپسىز ئىدى. ئىمپېراتورنىڭ ئائىلە ئەزالىرى توغرىسىدا بىلىدىغىنى شۇلا بولدى.

ئىلگىرى فونتاينېبلېغا خۇپىيانە زىيارەت قىلىپ، ئىمپېراتور بىلەن كۆرۈشەلمەي كەتكەن ھېلىقى خانىم ئەنگلىيەنىڭ بىر پاراخوتىغا چۈشۈپ ئارالغا كەلدى. ئىمپېراتور كاشتانزاردىكى كەپىسىدە بۇ خانىمنى قوبۇل قىلدى ۋە ئىككى كېچە ـ كۈندۈز بىللە بولدى. ئۇلار شۇ قەدەر ئېجىل ـ ئىناق بولۇپ كېتىشكەنىدىكى، ئىمپېراتور پەقەت پەرمان چۈشۈرمەكچى بولغان چېغىدىلا ئۆيدىن چىقاتتى. پولەكچە كىيىنگەن تۆت ياشلىق ئوغۇل بالا چىملىقتا ئېگىز بوي بىر لەشكەر بىلەن

ئوينايتتى. ئىمپېراتور ۋالېۋسكانى يېنىدا ئېلىپ قالماقچى بولدى ـ يۇ، خانىشنىڭ بۇنى باھانە قىلىپ كەلمەي قويۇشىدىن ئەنسىرەپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ناپولېئون خابسبۇرگ مەلىكىسىنىڭ نەزىر سۇپىسى ئالدىدا ئۆز بەختىنى ئىككىنچى قېتىم قۇربان قىلدى. ۋالېۋسكا شۇنىڭدىن كېيىن خوشلىشىپ قايتىپ ماڭدى. كېيىن كەلگەن خەۋەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ۋالېۋسكا چۈشكەن پاراخوت دەھشەتلىك بوران ـ چاپقۇنغا دۇچ كېلىپ تالاپەتكە دۇچار بولغانىكەن، بۇنىڭدىن ۋاقىپلانغان ئىمپېراتور تولىمۇ بىئارام بولدى، تاكى ۋالېۋسكانىڭ ئامان قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقىنىدىلا كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى.

جاھاندىكى ئىشلار ئاجايىپ بولىدۇ، قىرىق بەش ياشلىق بۇ ئادەم ئوخشاش بولمىغان دەۋر ۋە ئوخشاش بولمىغان خەلقنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى گويا بىر سېھىرگەردەك ئۆز كارامىتى بىلەن بىرلەشتۈرگەنىدى. ھازىر ئوتتۇرا دېڭىزدىكى بۇ كىچىك ئارالدا قوبۇل قىلغان ئايال ئىلگىرى ۋىيېننادىكى خابسبۇرگ سۇلالىسىنىڭ ئوردىسىدا نىكاھسىز ئۆي تۇتۇپ ئۆتكەن ئايالنىڭ دەل ئۆزى ئىدى، شۇ ئوردىدىن ئىمرىگە ئالغان يەنە بىر ئايال — مارى لۇئىس بولسا بۇ ھالال ئېرىنى ئاللىبۇرۇن تاشلىغانىدى. ئىمپېراتورنىڭ نىكاھسىز ئوغلى پولشادىكى مەلۇم بىر يېگانە قەلئەدە تۇغۇلغان، ھازىر بولسا يات ئەلنىڭ — ئىمپېراتور ئىلگىرى ئازاد قىلىمەن دەپ لەۋزە قىلغان پولشانىڭ مىللىي كىيىمىنى كىيىپ بۇ يەردىكى كاشتانزاردا ئوينىماقتا ئىدى. بۇ ئىشلارنىڭ پەقەت ئاشۇ قىسقىغىنا بەش يىل ئىچىدە يۈز بەرگەن ئىشلار ئىكەنلىكىگە كىممۇ ئىشىنەر؟ ئۇزاق زامانلاردىن كېيىن كىشىلەر بۇ ئىشلارنى خۇددى ئالتۇنبېلىقنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىشقاندەك بىر تەرزدە «بۇنىڭدىن مىڭ يىللار ئىلگىرى ئۇلۇغ بىر ئىمپېراتور ئۆتكەنىكەن، بۇ ئىمپېراتور كېيىن خىلۋەت بىر

ئارالغا سۈرگۈن قىلىنىپتۇ. ئىنتايىن گۈزەل بىر ساھىبجامال ناھايىتى يىراق بىر ئەلدىن ئۇزاق يوللارنى بېسىپ، تاغ ـ داۋانلار ئېشىپ، دېڭىز ـ ئوكيانلاردىن ئۆتۈپ بۇ ئارالغا كېلىپ، ئىمپېراتور بىلەن جەم بوپتۇ ھەمدە ئوغلىنى ئىمپېراتور دادىسىغا بېرىپتۇ...» دەپ رىۋايەت قىلىشار.

ھالال ئايالى ۋە ئوغلىنىڭ ئۆزىنى تاشلىۋەتكەنلىكى ئىمپېراتورغا ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالغىنىدىنمۇ بەكرەك ئېغىر كەلگەندى. تېخى سۈرگۈن بولۇپ پارىژدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدىمۇ خانىشى مارى لۇئىسقا بۇرۇنقىدەكلا ئۇزۇلدۇرمەي خەت يازغان، شۇنداقلا خەتلىرىدە ئارالدا خانىش ئۇچۇن يېڭى ئۆي سەرەمجانلاشتۇرۇپ بەرمەكچى بولغانلىقى ھەمدە لايىھەسىنىمۇ ئۆزى بىر قوللۇق ئىشلەپ قويغانلىقىنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتكەنىدى. بىراق، ھېلىغىچە ئۇچۇرى بولمىدى.

جاھاننىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكىنى، ئادەملەرنىڭ نىيىتىنى بىلمەكنىڭ قىيىنلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتكەن ناپولېئوننىڭ ۋۇجۇدىدا بۇرۇنقى چاغلىرىدىكىدەك مەغرۇرانە تۈيغۇ بىخلىنىشقا باشلىدى. كىشىلەر ھەمىشە ئىمپېراتورنىڭ بۇرۇنقىدەك جاراڭلىق ۋە كۈچلۈك ۋەزىندىكى سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىدىغان بولۇشتى:

— ئۆز ۋاقتىدا ماڭا تىز پۈكۈپ، ئەلچى ئەۋەتىپ تۇرىدىغان پادىشاھلار ئۆز قىزىنى ماڭا ياتلىق قىلىپ بەرگەن ھەمدە مېنى «خان ئاكا» دەپ ئاتايدىغان پادىشاھلار ئەمدى ھاكىمىيەت بۇلاڭچىسى دەپ قارىغىشىۋاتىدۇ، يۈزۈمدە تىللاشقا پېتىنالماي، رەسمىمگە قاراپ تىللىشىۋاتىدۇ، ئۇلار شۇ قىلىقى بىلەن ئىمپېراتورلارغا خاس سەلتەنەتنى بۇلغىدى ! ئىمپېراتور دېگەن ئاتاق نېمىدى؟ ئەگەر ئەۋلادلىرىمغا مۇشۇ ئاتاقتىن باشقا قالدۇرغۇدەك نەرسەم بولمىسا، كېيىنكىلەر چوقۇم مەندىن

كۇلۇشىدۇ...

ناپولېئون تۆت ياشلىق ئوغلىنىڭ ھېلىقى ئەنسىز كۈندە دادىسىنىڭ ئوردىسىدىن ئايرىلىشىنى رەت قىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلگىنىدە قانداق تۇيغۇدا بولار ئىدى ـ ھە؟ بۇ شاھزادىچاق ئانا جەمەت بوۋىسىنى تۇنجى قېتىم كۆرگىنىدە گۆدەكلىك بىلەن: «ئاۋستىرىيە ئىمپېراتورى چىرايلىق ئەمەس ئىكەن» دېگەنمىش. ئۇلار بۇ بالىغا بىر ـ بىرىگە زىت ئىككى دۇنياغا مەنسۇپ ئىككى كىشىنىڭ ئىسمىنى تاشنى تاياقتا تاڭغاندەك بىرىكتۈرۈپ «ناپولېئون فىرانسىس» دەپ ئىسىم قويۇۋالغان بولسىمۇ، «ناپولېئون» پەقەت سىمۋوللۇق ئەھمىيەتكىلا ئىگە ئىدى. چۈنكى، بۇ بىچارە كاككۇك خابسبۇرگ سۇلالىسىنىڭ قەپىسىگە سولانغان ھامان ئىسمى «فىرانسىس» بولۇپ قالدى. كېيىن خانىشنىڭ كاتىپى ۋېيېننادىن ئايرىلماقچى بولۇپ خانىش بىلەن خوشلاشقىلى كەلگىنىدە، بۇ بالا كاتىپنى دېرىزە تۈۋىگە باشلاپ كېلىپ، قۇلىقىغا پىچىرلاپ تۇرۇپ:

— دادامغا ئېيتىپ قويۇڭ، مەن دادامنى ئىنتايىن سۆيىمەن، — دېدى.

ناپولېئوننىڭ قۇلىقىغا يەتكەن سۆز ـ چۆچەكلەردە ئېيتىلىشىچە، نىبوك ئىسىملىك نامسىز بىر ئەرزىمەس ئاۋستىرىيە ئوفتسېرى خابسبۇرگ مەلىكىسىنىڭ — ناپولېئونغا ياتلىق بولمىغىنىدا ئەبەدىل نامسىز ئۆتۈپ كېتىدىغان بىر مەلىكىنىڭ ھۇجرىسىدىن ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالغانمىش. دادىسىنىڭ رەسىمىگە قاراپ يىغلاپ تاشلىغان شاھزادىچاقنى كۆرگەن دوستلارنىڭ بۇ ھالىدىن زىنھار ئەجەبلەنمىگەنلىكىمۇ ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئىتالىيەلىكلەر بۇ كىچىك ئارالغا بارغانسېرى كۆپلەپ زىيارەت قىلىپ كېلىشكە باشلىدى.

ئىمپېراتور تونۇشتۇرۇشنامىلەرنى ئېلىپ كۆرۈشكىلى كەلگەن كىشىلەرنى — تارىخشۇناسلار، شائىرلار، ئاقسۆڭەكلەر، ھەتتا ئىنگلىزلارنى قىزغىن قوبۇل قىلىپ كۈتۈۋالاتتى، ئۇلار بىلەن سائەت ـ سائەتلەپ سۆھبەتلىشەتتى، سۆھبەتلىرى ئۆتمۈش ئۈستىدىلا بولاتتىكى، كېلەچەك زىنھار تىلغا ئېلىنمايتتى. ئىمپېراتور زىيارەت قىلىپ كەلگەن مېھمانلىرىنىڭ ئۆز سۇئالىسىنى يېڭىباشتىن تىرىلدۇرگەن ئاۋستىرىيە ئىمپېرىيەسىگە تىل تەگكۈزۈشلىرىگە خۇشتار ئىدى، ئۆزىنى ئىتالىيەگە بېرىپ ئۆزلىرىنىڭ غەلىيانىغا باش بولۇپ بېرىشنى تەكلىپ قىلغۇچىلارغا ئەتەيلا ئېرەن قىلمىغان كىشى بولۇۋالاتتى، تەپەككۇرى بولسا دېڭىز قىرغىقىغا قاراپ پەرۋاز قىلاتتى، شۇنىڭ بىلەن كۆڭلىدە يېڭى بىر پىلان بارا ـ بارا پىشىپ يېتىلىشكە باشلىدى.

پارىژدىكىلەر نېمە دېيىشىۋاتقاندۇ؟ بۇ ئىمپېراتور ئۇچۇن ھېلىمۇ ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە ئىدى. ناپولېئون ھەپتىسىگە ئىككى قېتىم گېزىت كۆرۈپ تۇراتتى، گېزىت خەۋەرلىرىدىن يېڭى ئۇچۇرغا ئېرىشەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە زىيارەت قىلىپ كەلگەن مېھمانلارمۇ يېڭىلىقلاردىن ۋاقىپلاندۇرۇپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن يېڭى ئېھتىماللىق ئۈستىدە ئويلىنىدىغان بولدى. بىراق، بۇ يەردە ئاشۇنداق ئېھتىماللىقنى ئاساسلىنىپلا يېڭى دەۋر ئېچىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئېلبا ئارىلىدا قۇرۇقلۇقتا چىققىنىدا بۇ ئۆمرىدە بۇ يەردىن قايتىپ كېتەلىشىگە كۆزى يەتمەي قالغانىدى، ئەمدى بولسا تەۋەككۇلچىگە خاس ئالدىن بىلەر تۇيغۇسى ئاساسىدا بولغۇسى پۇرسەتكە بولغان دىققىتى كۈنسايىن چوڭقۇرلىشىپ بارماقتا ئىدى. پارىژنىڭ ئەھۋالىدىكى ئۆزگىرىشكە قاراپ يېڭى ـ يېڭى پىلانلارنى تۈزەتتى، ئاندىن ئىنكار قىلاتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە يېڭى پىلان تۈزەتتى،

تۇزۇپ بولۇپ ئۆزگەرتىش كىرگۈزەتتى. پارىژدىكىلەر بوربون جەمەتى ھەققىدە نېمە دېيىشىۋاتقاندۇ؟ گەرچە گېزىتلەر قاتتىق تەكشۈرۈشكە ئۇچرىغانلىقى تۈپەيلىدىن يالغان ـ ياۋىداقلار بىلەن تولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ يىراق ئارالدا تۇرۇۋاتقان ناپولېئون ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىپ تۇراتتى: كىچىك بىر پەيتونغا تۆت ئادەم چۈشتى، بۇنىڭ بىلەن مەسخىرىۋاز پارىژلىقلارنىڭ كۈلكە قىلىشىغا دەستەك تېپىلدى. ئۇچىسىدا ئادەتتىكى كىيىم بولسىمۇ، مۇرىسى پاگونلار، مەيدىسى ئىزناكلار بىلەن توشقان، سەمرىپ ئېغەكلىرى ئۈچ قەۋەت بولۇپ كەتكەن پادىشاھ شۇ پەيتوندا ئىقىلىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزلىرىگە ھاڭۋېقىپ قارىشىپ تۇرغان خەلققە ھىجىيىپ ھۆرمەت بىلدۈرمەكتە ئىدى. يېنىدا ئولتۇرغان ئانگىلىنىڭ ئايال كىنەزى ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ئەسلىمىسىگە غەرق بولۇپ ھەسرەت چەكمەكتە؛ ئۇدۇلىدا ئولتۇرغىنى قېرىپ كەتكەن خانزادە كوندا؛ يەنە بىرى بوربون كىنەزى ئىدى. ئۆتكەن زاماننىڭ ئوردا كىيىملىرىنى كىيىشىۋالغان بۇ تۆتەيلەن بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى كۆمۈۋېتىلىپ، ئەمدى تىرىلگەن ئەرۋاھلار ئىدى، ئۇلارنى غەمكىن مۇھاپىزەتچىلەر قوغداپ ماڭماقتا ئىدى، مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ ھەربىي فورمىسىدىكى ئوق ۋە تىغ ئىزلىرى يىگىرمە ئىككى يىل مابەينىدە بولۇپ ئۆتكەن بىھېساب جەڭلەرنىڭ شاھىتى ئىدى.

ئىمپېراتور بوربون پادىشاھىنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىنى بىلىشكە تەشنا ئىدى، لۇئىس XVIII نىڭ ئوردىغا كىرگەندىن بۇيان ئۈچ قەسىرنىڭ سەرەمجانلىرىنى زادىلا ئۆزگەرتمىگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ ئىنتايىن خۇش بولدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، لۇئىس XVIII نىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى پادىشاھنىڭ سالاپىتىگە زادىلا مۇناسىپ كەلمەيدىكەن. بۇ ھەقتە نۇرغۇن لەتىپىلەرمۇ بار

ئىدى، لۇئىس XVIII خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئالالىغۇدەك بىرەر ئىش قىلغانمىدۇ؟ بىرەر ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلغاندىمۇ؟ ئەپسۇسكى، يېقىندا كەلگەن خەۋەرلەرگە قارىغاندا، بۇ پادىشاھنىڭ شاپائەت كۆرسىتىپ تۈزگەن ئاساسىي قانۇنى قەغەز يۈزىدىلا قالغان، ئۆتكەنكى تەڭسىزلىك، دەرىجە ئىمتىيازى ئەمدى ئۈن - تىۋىشسىز ئەسلىگە كەلگەنىدى. ئاقسۆڭەكلەر ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىمەيتتى، تېگى نامراتلارنىڭ يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشىشىدىن ئۈمىد يوق، يېڭى ئاقسۆڭەكلەر كەمسىتىلىپ بىر تىيىنگىمۇ ئەرزىمەس بولۇپ قالغانىدى. ياخشىچاق، سىلىق - سىپايە پادىشاھ لۇئىس XVIII ئىشتا ئادىل بولسىمۇ، خەتەرلىك گىراف ئاتوۋائىسنىڭ سىزىقىدىن چىقالمايتتى. بۇ گىرافنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان قىساسكار مۇساپىر ئاقسۆڭەكلەر بۈيۈك ئىنقىلاب دەۋرىدە مۇسادىرە قىلىنغان مال - مۈلكىنى تەلەپ قىلىشماقتا ئىدى. بىراق، قانۇن ئۇ مۈلۈكلەرنىڭ ھازىرقى ئىگىلىرىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغدايتتى. شۇڭا پادىشاھ قاچقۇن ئاقسۆڭەكلەرگە تەسەللى بېرىش ئۈچۈن تېخىمۇ يۇقىرى مەرتىۋە ئىنئام قىلدى ھەمدە يىلىغا نۇرغۇن مائاش بەردى. نېمە ئۈچۈن؟ ئۆتكەنكى چېركاۋ ھاكىمىيەتنى يەنە بىر قېتىم قولىغا ئالدىمۇ؟ روھانىيلار كونا ئاقسۆڭەكلەر بىلەن ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ، ئىنقىلاب دەۋرىدە سەكراتقا چۈشۈپ قالغان يېڭى ئاقسۆڭەكلەرنى ئىنقىلاب دەۋرىدە ئېرىشكەن مال - مۈلكىنى ئەسلى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا ۋەسىيەت قالدۇرۇشقا مەجبۇرلىدى. گەرچە يېڭى ئاساسىي قانۇن دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلار بولسىمۇ، ئەمما ئىبادەت كۈنلىرى تۈرلۈك كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كاسىپلار ئىش توختىتىپ دىنىي مۇراسىمغا قاتنىشىدىغان، قاتناشمىسا جازاغا تارتىلىدىغان بولۇپ قالدى. پارىژلىقلار

ياقتۇرىدىغان رومانتىك ئارتىس ۋاپات بولغانىدى، چېركاۋ دىنىي مۇراسىم ئارقىلىق دەپنە قىلىشنى رەت قىلدى، بۇنىڭ بىلەن بىر مەيدان توپىلاڭ كۆتۈرۈلدى.

كىشىلەر ئەمدى چەت ئەللىك ھۆرىيەتچىلەرنىڭ «پايدىسى»نى ھېس قىلىپ يېتىشكە باشلىغانىدى. يېڭى ھۆكۈمەت ھەربىيلىكتىن بوشانغان ئوفىتسېرلارغا تېگىشلىك مائاشنىڭ يېرىمىنىلا بەردى، دىنىي ئەھكامغا رىئايە قىلمىغۇچىلارنى ئەمەلىدىن قالدۇردى، بۇنىڭ ئەكسىچە، ئاقسۆڭەكلەردىن تەشكىللەنگەن يېڭى پادىشاھ مۇھاپىزەتچىلىرى بولسا يۇقىرى مائاشتىن بەھرىمەن قىلىندى. ئاقسۆڭەك ئوفىتسېرلار مەكتىپى قايتا ئېچىلغان بولسىمۇ، پەخرىي بىرلەشمە ئارمىيە ئوفىتسېرلىرىنىڭ پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ئېچىلغان دارىلئېتام تاقىۋېتىلدى. پۈتكۈل پارىژ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالدى، پارىژدا ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتىنىڭ بۇ قەدەر شىددەتلىك ئەۋج ئېلىشىنى ناپولېئونمۇ ئويلاپ يەتمىگەنىدى.

ئېلبا ئارىلىدا ياكوبىنچىلارغا خاس ئويۇن بىلەن كىشىلەرنىڭ خۇشى يوق ئىدى. ئۆز خاتالىقىنىڭ نېگىزىنى بىلىپ يەتكەن ناپولېئون «فىرانسىيەگە كېرىكى ئاقسۆڭەكلەر ھاكىمىيىتى ئىكەن. بۇنداق ھاكىمىيەتنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ۋاقىت ۋە ئەنئەنە كېرەك ئىكەن. مەن كىشىلەرگە خانزادىلىك ۋە كىنەزلىك مەرتىۋىسىنى بەرگەن، يەر ۋە مال ـ مۈلۈك بۆلۈپ بەرگەنىدىم. بىراق، تېگى نامرات بۇ كىشىلەرنى ھەقىقىي ئاقسۆڭەكلەرگە ئۆزگەرتەلمەيتتىم. شۇڭا، ئۇلارنى كونا ئاقسۆڭەكلەر بىلەن تويلاشتۇرۇش ئۇسۇلىدا بىرىكتۈرۈشكە ئۇرۇنغانىدىم. ئەگەر كىشىلەر ماڭا فىرانسىيەنى ئۇلۇغ دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىم ئۈچۈن يىگىرمە يىل ۋاقىت بەرگەن بولسا، تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغان بولار ئىدىم.

بىراق، تەقدىرىم كاج كەلدى» دەپ قارىغان بولسىمۇ، ئۆز نەشەببۇسىدىن ۋاز كەچمىگەندى.

قىسقىسى، ئىمپېراتور خۇددى بىر شاھماتچىغا ئوخشايتتى، شاھمات ئاياغلاشقىچە بىلەنلا قايسى ئورۇقنى كەتكۈزۈپ قويغانلىقى ئۇچۇن ئۇتتۇرۇپ قويغانلىقىنى ئوچۇق - ئاشكارا ئېتىراپ قىلاتتى، ھەتتا ئۆز سەۋەنلىكىنى ھەركىمگە ئېيتىۋېرەتتى. بۇ يەرگە ئۆزىنى زىيارەت قىلىپ كەلگەن ئىنگلىزلارغا «ئۆز ۋاقتىدا دىروستوندا سۇلھى قىلغان بولسام بولار ئىكەن» دېدى. ئىنگلىزلار «نېمە ئۇچۇن شارۇندىدا سۇلھى قىلمىدىڭىز» دەپ سورىۋىدى، ناپولېئون مەغرۇر بىر ھالدا جاۋاب بەردى:

— فىرانسىيەگە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان شەرتنامە تۈزسەم بولمايدۇ - دە. ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان مەزگىلىمدە بىلگىيە فىرانسىيەنىڭ بىر قىسمى ئىدى، ئۆزۈم ئىگىلىگەن زېمىندىن چېكىنىپ چىقىپ بوربون سۇلالىسى دەۋرىدىكى چېگراغا قايتىپ بارامتىم؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق قىلمايتتىم! مەن بىر تۇغما ھەربىي ئىدىم، ئىنقىلاب ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىمنى بىردىنلا ھېس قىلىپ يەتتىم. ئوردا قۇرۇقدىلىپ قالغانىكەن، دەرھال قولۇمغا ئالدىم ھەمدە ئىمكانىيىتىمنىڭ بارىچە ئۆزاقىراق ئىلكىمدە تۇتتۇم. ئەمدى دەسلەپكى ھالىتىمگە قايتىپ، يەنە ھەربىي بولۇپ قالدىم.

ناپولېئوننىڭ مىجەزى بىلەن تونۇش كىشىلەر ئۇنىڭ روھىي ھالىتىدىن بېغىشلىگىنىگە تېخى تەن بەرمىگىنىنى كۆرۈپ يېتەلەيتتى، ئۆتمۈشىنى شۇ قەدەر بىمالال تىلغا ئېلىۋېرىشى كىشىنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇراتتى. ناپولېئون ئېلبا ئارىلىدا تارىخنى ئۆزگەرتىش غەرىزىدە ئەمەس ئىدى. بىراق، بۇ يەرگە كەلگەن بىرىنچى ئېيىدا ئىشلىرىنىڭ ئاخىرلىشىپ قالغانلىقىنى

ھېس قىلىپ يېتىپ، يېڭىباشتىن ئىمپېرىيە قۇرۇش ئۈستىدە ئويلانماس بولغانىدى، ھەتتا ئەنگلىيەگە بېرىپ سودىيە بولۇش خىيالىدا ئىدى، تېخى.

— ئەنگلىيەگە بارسام، كىشىلەر مېنى چالما ـ كېسەك قىلارمۇ؟ لوندوندىكى غەلىيانچىلار خەتەرلىك ئامىل ـ دە، ـ دېگىنىدە، سۆھبەتلىشىۋاتقان ئىنگلىزلار ئەنگلىيە چوقۇم ئىززەت ـ ھۆرمەت كۆرسىتىدۇ، دەپ ۋەدە بەرگەنىدى، ناپولېئونمۇ ئۆلارنىڭ ۋەدىسىنى ئېسىدە مەھكەم تۇتقانىدى.

ئىمپېراتورنىڭ ھەرىكەت قوللىنىشىغا سەۋەب بولغان بىرىنچى ئامىل ۋېيېننا يىغىنى ئىدى. پادىشاھلىق تۈزۈمىدىكى تۆت دۆلەت بىرلىشىپ دېموكراتىيە تۈزۈمىدىكى بىر دۆلەتكە قارشى ھۇجۇم قىلىپ، ئون يىلدىن كېيىن ئاخىر بۇ دۆلەتنى بەربات قىلغانىدى، ئەمدى بولسا پادىشاھلىق تۈزۈمىدىكى بەش دۆلەت بىرلىشىپ، يېڭى ياۋروپا بەرپا قىلىش ئۈستىدە كېڭىشىش ئۈچۈن بىر يەرگە جەم بولدى. چۈنكى، ئەمدى ئۆزلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىش ئېھتىمالى بولغان دۈشمەنىدىن ئېھتىيات قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭمۇ ھاجىتى قالمىغانىدى. بوربون سۇلالىسى يېرىم غالىب ھېسابلانغىنىدا، تۆت بۆلۈك يېرىم غالىب ئوتتۇرىسىدا تۇغما ھەسەت تۈپەيلىدىن ئىناقسىزلىق يۈز بېرىدىغانلىقى چوقۇم ئىدى. چار پادىشاھ پۈتكۈل پولشانى مۇتلەق ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش كويىدا ئەمەسمۇ؟ پىرۇسسىيە ساكسونىيەنى يۇتۇۋېلىش خىيالىدا ئىدىغۇ؟ بىراق، بوربون سۇلالىسى بىلەن ئىتتىپاقداش گارسىيەچۇ؟ ساكسونىيە پادىشاھى قانداق قىلار؟ ئىتتىپاقداشلارنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشى مۇقەررەر ئىدى. ۋېيېننا يىغىنى ئېچىلىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن يېڭى يىلنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بۇ ئىتتىپاق پارچىلىنىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن تېخى يېقىنىدىلا ئۆز غەلىبىسى ئۈچۈن بىر قاتار تەبرىكلەش

پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈشكەن بۇ ۋەزىر - ۋۇزرالار ۋە پادىشاھلار ئەمدى بىر - بىرىنى ئالداشقا ئۆتتى، خابىسبۇرگ ئىمپېرىيەسى ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيە بىلەن بىرلىشىۋېلىپ، ئىلگىرى ئۆزى بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ ناپولېئونغا تاقابىل تۇرغان رۇسىيە ۋە پىرۇسسىيەگە قارشى سەپكە ئۆتتى.

مېتتېرنىچ ئۆزىنىڭ شاللاق، مۇتتەھەم، شۆھرەتپەرەس ۋە شۇم تەبىئىتى بىلەن ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كونترول قىلغانىدى. «ئاشۇ ئاق كۆڭۈل، غالىب پادىشاھلارنى ئۆز چاغلىرىدا ئوينىتىپ قىينايتتى، — دەپ قەيت قىلىدۇ ۋېيېننادا ساكسىنىيە ئاقسۆڭەكلىرىدىن بىرى، — پىرۇسسىيە پادىشاھىنىڭ پەيلى يامان، دانىيە پادىشاھى ئاق كۆڭۈل، بەزىدە ناھايىتى ئەقىللىق. باۋارىيە پادىشاھى بولسا قوپال، مىجەزى غەلىتە پەيتونكەشنىڭ ئۆزى. ئېگىز بوي، قارىمۇتۇق باتتون بەگ شۆھرەتپەرەس، ئەمما بىجىرىم. كونا ۋېيمار كىنەزى بولسا بۇرۇنقىدەكلا شادىمان.»

ئېلبا ئارىلىدىكى سۈرگۈندىنىڭ بۇنداق خەۋەرلەرنى ئاڭلىغانسېرى، ئوقۇغانسېرى ئۈمىدى كۈچىيىپ باردى. «ئەگەر بۇ قېتىمقى ۋېيېننا يىغىنى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشىدىغان بولسا، قايتا باش كۆتۈرۈپ چىقىدىغان كۈنۈمنىڭ تۇغۇلغىنى شۇ» دەپ ئويلىدى. شۇ چاغدىن باشلاپ دائىم مەخپىي ئاخبارات ئېلىپ تۇردى، بولۇپمۇ مارىيىت ۋېيېنناغا دائىر ئەھۋاللاردىن خەۋەر بېرىپ تۇراتتى. ۋېيېننا يىغىن مەزگىلىدە ناپولېئوننىڭ ئەشەددىي يوشۇرۇن رەقىبى تالليېران كۆزىتىش مۇنارىدا جىمى شەيىنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ ئولتۇراتتى. ئىتالىيەدىكى رىئوناغا جاسۇسلارنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى، بۇ جاسۇسلار ئېلبا ئارىلىغا بارىدىغان پاراخوتلارنىڭ ھەممىسىنى تالليېرانغا دوكلات قىلىپ تۇراتتى ھەمدە يولۇچىلارنىڭ ئىسىملىكىنى يوللاپ بېرەتتى. بۇ ئىككى رەقىب تاغ - دەريانىڭ ئىككى تەرىپىدە

دىپلوماتىيە ھۆججەتلىرى ئارقىلىق بىر ـ بىرىنى نازارەت قىلىشىپ تۇراتتى. بۇ ئىككىيلەننىڭ ھېلىقى يىلى تۇمان ئېيىنىڭ سەككىزىنچى كۈندىكى سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ ھارپا ئاخشىمى كوچىدا تۇيۇقسىزلا پەيدا بولغان ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلەشلىرىدىن بىزنى تۇتقىلى كەلگەنلەر ئوخشايدۇ دەپ قورقۇپ تىترەپ كەتكەنلىكلىرى ئەسلىرىدە بارمىكىن.

شۇنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، كىشىلەرنى كۆزىتىشكە ھېلىمۇ شۇنداق ماھىر ۋە كۆزى ئۆتكۈر تاللېيران ۋېيېننادا مۇراتنى خەتەرلىك شەخس دەپ قاراپ، بۇ ناپلېس پادىشاھىنى قۇرۇقلۇقتىن ئاز دېگەندىمۇ مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئازورېس ئارىلىغا ماگدروۋېتىش تەكلىپىنى بەرمەكچى بولغانىدى، ھۆكۈمرانلىق ئارزۇسى ۋە نەپسانىيىتى بۇ پىلاننى توسۇپ قويىدى. خالتا كوچىدا يولسىز يېتىم قالغان ھېلىگەر مۇرات ۋېيېننا يىغىنىدا ئۆز پادىشاھلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىپ، تاللېيراننىڭ ناپلېسقا يېقىن بىنېفىلدىكى سۈيۈرغاللىق يېرىنى يۇقىرى باھادا سېتىۋېلىشقا لەۋزە قىلدى، بۇنىڭ بىلەن تاللېيران مۇراتنى سۈرگۈن قىلىش پىلانىدىن ۋاز كەچتى. بىراق، باشقا بىر سۇيىقەستلىك پىلاننى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويىدى، يەنى ئىمپېراتورنى تۇتقۇن قىلماقچى بولدى. بىراق، رىئوننادىكى جاسۇسلىرىنىڭ دوكلات قىلىشىچە، بۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ناپولېئوننىڭ قوماندانلىقىدىكى تۆت كاپىتاننىڭ بىرىنى سېتىۋالماي بولمايتتى.

ناپولېئون بۇ سۇيىقەستتىن ۋاقىپلانغىنىدا تومۇرىدىكى كورسىكالىق قارام تەۋەككۈلچىگە خاس قانلىرى يەنە بىر قېتىم قايناپ تاشتى. شۇنىڭ بىلەن ئېلبا ئارىلىدىكى مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى كۈچەيتتى ھەمدە زەمبىرەكچىلەرنى بومبا

مەشقىگە سالدى.

— مەن ھەربىي، ئېتىپ تاشلىنىشقا تەييارمەن. بىراق، تۇتقۇن بولۇپ قېلىشىمنى ھەرگىز خالىمايمەن، تۇتقۇن قىلىمەن دېسە، ئاۋۋال قورغىنىمنى ئالسۇن، بولمىسا خام ـ خىيال قىلمىسۇن.

بىراق، ئۇلار تۇتقۇن قىلىشقا كەلمىدى. ھەرقايسى دۆلەتلەر ۋېيېنادا ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىشتى، بۆلۈنۈپ كېتىشتەك ۋەزىيەتمۇ پەسىيىپ قالدى. بىراق، فىرانسىيەدە كىشىلەرنىڭ بوربون سۇلالىسىگە بولغان نارازىلىق كەيپىياتى كۈنسايىن ئەۋج ئالماقتا ئىدى. بۇ ھال ئىمپېراتورنىڭ تېزرەك بىر قارارغا كېلىشىگە تۈرتكە بولدى.

«ئەگەر بۇ قېتىمقى ۋېيېنا يىغىنى تەرەپلەرنىڭ تىنچلىق كېلىشىمى ھاسىل قىلىشى بىلەن ئاياغلاشسا ھەمدە بارلىق تىنچلىق شەرتنامىلىرى ئىمزالانسا، باشقىچە تەدبىر ئۇستىدە ئويلىنىشىمغا توغرا كېلىدۇ، — ئويلىناتتى ناپولېئون، ھازىر ئۇلارنىڭ بىرلىكى تازا مۇستەھكەم ئەمەس، پارچىلىنىپ كېتىشكە ئازانلا تۇرىدۇ. فىرانسۇزلار لۇئىس X Ⅷ دىن ئاغرىنىۋاتىدۇ، پارىژلىقلا بوربون جەمەتىنى مەسخىرە قىلىشىۋاتىدۇ، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرگە ۋە بوربون جەمەتىنىڭ ھىمايىچىلىرىگە ھەممە كىشىنىڭ ئۆچلۈكى كېلىۋاتىدۇ. بۇرۇنقى مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنى ھېلىمۇ ئىمپېراتور تەرەپتە — مەن تەرەپتە، نۇرغۇن مىساللار بۇنىڭ دەلىلى. بوربونچىلار بولسا توخۇ يۈرەك، ۋاقتى كەلگەندە چوقۇم قېچىپ كېتىدۇ. ئەگەر مەن يەنە بىر قېتىم ئوردىنى قولۇمغا ئالىدىغان بولسام، ئوغلۇمنى — تەخت ۋارىسىنى ئەكېلىپ بېرىدۇ.»

ئىمپېراتور ھېچقاچان مۇنداق سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىپ باققان ئەمەس ئىدى. شۇنچە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئويلىنىپ

تەپسىلىي ھېسابلىغان بولسىمۇ، ئاخىر يەنىلا تۇيغۇسىغا تاياندى.

— تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ھەممىسىنى تەمتىرىتىپ قويماقچى بولۇۋاتىمەن. — دېدى شۇ ئاساستا ئىشەنچ بىلەن، — فىرانسىيەنى زور بەختسىزلىككە دۇچار قىلغانىدىم، بۇ سەۋەنلىكىمنىڭ ئورنىنى بىر ئامال قىلىپ تولۇقلىمىسام بولمايدۇ.

ناپولېئون فېۋرالنىڭ ئاخىرىدا خەزىنىدارىنى يېنىغا چاقىرتتى:

— قولىڭىزدىكى پۇل كۆپمۇ؟ بىر مىليون فىرانك قانچىلىك ئالتۇنغا توغرا كېلىدۇ؟ بىر مىليون فىرانك قىممىتىدىكى ئالتۇننىڭ ئېغىرلىقى قانچىلىك كېلىدۇ؟ لىق كىتاب قاچىلانغان ساندۇقنىڭ ئېغىرلىقى قانچىلىك كېلەر؟... ساندۇقتىن بىرقانچىنى ئېلىپ كېلىپ بارلىق پۇلنى ساندۇقلارغا قاچىلاپ، ئۈستىنى كىتابلىرىم بىلەن يېپىڭ. كىتابلىرىمنى خىزمەتكارلىرىم ئەكېلىپ بېرىدۇ، خىزمەتكارلىرىمنى تاپان ھەققى بېرىپ يولغا سېلىۋېتەرسىز. ھەممە ئىش ئىنتايىن مەخپىي بولسۇن.

قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەن بۇ خەزىنىدار شۇ ئان ئوفىتسېر دىرونى ئىزدەپ كەلدى، ئىككىيلەن بىر - بىرگە ئەندىشىلىك قاراپ قويۇپ زۇۋان سۈرۈشمىدى. ئەتىسى ناپولېئون ھەرقانداق پاراخوتنىڭ پورتتىن چىقىشىغا بولمايدۇ دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. تەييارلىق جىممىدە بولۇۋاتاتتى، بۇ ھال خۇددى مىسىرغا ئاتلىنىش ئالدىدىكى ئەھۋالغا ئوخشاپ كېتەتتى، ئەمما بۇ قېتىم كۆلىمى ئۇ چاغدىكىدىن كۆپ كىچىك ئىدى.

ئىمپېراتور يولغا چىقىدىغان كۈننىڭ ھارپا ئاخشىمى خانىملار بىلەن ئەتەيلا قارتا ئويناپ ئولتۇردى. خېلىدىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ گۈللۈككە كىردى. ئاپىسىنىڭ ئەسلىمىسىدە

قەيت قىلىنىشچە، ئاپسى ئىمپېراتورنى ئەنجۈر تۈۋىدە ئولتۇرغان يېرىدىن تاپقانىدى. ئىمپېراتور بىرپەس ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن قولىنى ئاپسىنىڭ پېشانىسىگە قويۇپ، بالىلىق مېھرى بىلەن:

— ھەممە ئىشنى سىزگە ئېيتىپ بېرەي، ھېچكىم بىلمىسۇن، پاۋلىنامۇ ئۇقمىسۇن، — دېدى. ئاندىن خۇددى ئۆتكەنكىدەك ئاۋازدا بىرتخېرغا گەپ قىلىۋاتقاندەك بىر تەرزدە داۋاملاشتۇردى، — سىزگە ئېيتسام، مەن ئەتە ئەتىگەندە بۇ يەردىن كېتىمەن.

— نەگە؟

— پارىژغا، — دەپ جاۋاب بەردى ناپولېئون ۋە بىرپەستىن كېيىن يەنە قوشۇپ قويدى، — تەكلىپىڭىز بولسا ئاڭلاپ باقسام دەيمەن.

شۇ دەقىقىلەردە لاتسىيەنىڭ يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ قالغاندەك بولدى. يېرىم يىل مابەينىدە ئوغلى بىلەن تىنىچ، خاتىرجەم بىللە ئۆتكىنىدىن كۆڭلى نەقەدەر شادىمان ئىدى ـ ھە! ئەمدى بولسا بۇنداق خەيرلىك كۈنلەر ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرماقتا. بىراق، لاتسىيە غۇرۇرلۇق ھەم ئىنتايىن ئەقىللىق ئايال ئىدى، ئوغلىنى قارارىدىن ياندۇرۇشقا ھېچكىمنىڭمۇ قادىر ئەمەسلىكىنى، شۇ تاپتا ئەندىشە قىلىپ نەسىھەت قىلىدىغان بولسا پايدىسى بولمايلا قالماستىن، كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىپ قويىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

— پېشانەڭگە پۈتۈلگىنى باردۇر، — دېدى ئۇ، — تەڭرىم زەھەرلىنىپ ئۆلۈشكە ياكى ئەجىلىڭ يېتىپ كۆز يۇمۇشقا بۇيرۇماس، تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن شەمشىرىڭنى قولۇڭدا تۇتقىنىڭچە جەڭگاھتا ئۆلۈش نېسىپ بولار. سېنى بۇۋى مەريەم ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي!

ئىمپېراتور ئاخىرقى ئاخشىمى ئارالدىكى ئەربابلارنى يىغىپ، ئۆزىنىڭ ئارالدىن كېتىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى جاكارلىدى:

— بۇ يەردىكى تۇرمۇشۇمدىن خۇرسەنمەن. ئاپام بىلەن سىڭلىمنى سىلەرگە ئىشىنىپ بۇ يەردە قالدۇرماقچىمەن. ئۆزۈم ئىنتايىن قەدىرلەيدىغان بۇ مەملىكەتنى پاناھىڭلارغا تاپشۇردۇم.

ۋالىي ۋە شەھەر باشلىقى ناپولېئوننىڭ بۇ يەردىن ئايرىلىدىغانلىقىغا ئىنتايىن ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئىمپېراتور ئەتىسى سەھەر ۋاقتىدا كېمىگە چۈشتى، يەلكەنلىك يەتتە كېمە مىڭدىن ئارتۇق لەشكەرنى ۋە بىرقانچە زەمبىرەكنى ئېلىپ فىرانسىيە دېڭىز قىرغىقىنى نىشانلاپ يۈرۈپ كەتتى. ئىمپېراتور كېمە ئۈستىدە ئەتراپقا نەزەر تاشلاپ تىككىدە تۇراتتى، تىنچقىنا كۆنلىرىنى ئۆتكۈزگەن ئېلبا ئارىلىنىڭ، نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى گۈللەندۈرمەكچى بولغا ئانا يۇرتى كورسىكا ئارىلىنىڭ ئىزناسى بارا ـ بارا كۆزىدىن غايىب بولدى. فىرانسىيە دېڭىز قىرغىقى 1 ـ مارتتىكى تۇمان ئىچىدە بارا ـ بارا كۆزگە چېلىقتى.

«ئەڭ يامان پاجىئە نېمە؟ مەغلۇبىيەت ۋە ھالاكەتتۇر، — دەپ ئويلىماقتا ئىدى ناپولېئون شۇ تاپتا، — ئەڭ ياخشى خاتىمچۇ؟ ياۋروپاغا ئەمدى تەلپۈنمەيمەن! ياۋروپا قوشما ئىشتاتلىرى بەرپا قىلىش غايەم يوققا چىقتى. ئەمدى ھەرگىز مىليون كىشىلىك فىرانسىيە قوشۇنىغا ئېرىشەلمەيمەن، يەنە كېلىپ ياۋروپادىكى باشقا ئەللەرمۇ مېنى ئەمدى قوبۇل قىلمايدۇ. ياۋروپاغا جەزمەن بىر ئاساسىي قانۇن تۈزۈپ بېرىشىمگە ھەمدە پالاتانىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇشۇمغا توغرا كېلىدۇ. مۇستەبىتلىك دەۋرى كەلمەسكە كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى پارىژغا يېتىپ بارمىدۇق. قوشۇن قانداق ئىنكاس قايتۇرار؟»

قىرىق ياشلىق بۇ ئىنساننىڭ ئۆتكەن كۈنلىرى ئۆتكۈزىدىغان

كۆنلىرىدىن كۆپ ئىدى، ئەمدى بۇ يېشىدا ياشلىق دەۋرىدىكىگە ئوخشاش جاھاننى لەرزىگە سالغۇدەك ئىش تەۋرىتەلمەيتتى. بىراق، ھەرھالدا تىركىشىپ بېقىش ۋە تەۋەككۇل قىلىپ بېقىشقا قادىر ئىدى. ئىمپېراتور باتۇرلۇق كۆرسىتىش ۋە ئېتىقادىدىن ۋاز كېچىشتەك زىددىيەتلىك تۇيغۇدا فىرانسىيە قىرغىقىغا قەدەممۇقەدەم يېقىنلىشىپ بارماقتا ئىدى.

## ئون ئالتىنچى، قايتا باش كۆتۈرۈپ چىققان قەھرىمان

ئىمپېراتورنىڭ لەشكەرلىرى كىچىك بىر سەپ تۈزۈپ، گانا پورتىدا مىڭلاپ كىشىلىك قوشۇنى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن تاغ - جىرالارنى لەرزىگە سالغۇدەك ھەيۋەت بىلەن ئالپ تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتتى. ناپولېئوننىڭ كونا قوغدىنىش قوشۇنىدىكى لەشكەرلىرى تارىختىي تەرەققىيات مۇساپىسىدە شەكىللەنگەن غەم - قايغۇدىنمۇ خالاس، شادلىقتىنمۇ مۇستەسنا ئۆزگەرمەس ئۇيۇل تاشتەك بىر خىل چىراي ئىپادىسى بىلەن مەھەللىلەردىن ئۆتكىنىدە، بۇ ھالدىن ئىلھاملانغان ئاممىنىڭ يول - يولدا قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. بۇ تاغ - دالا ئوغلانلىرى ئىمپېراتورنى — دەل ئاشۇ كوچىلاردا شۇ نامسىز ۋۇجىك گېنېرالنى كۆرگەنىدى، بۇ گېنېرال شۇ چاغلاردا ئۇلارنى ئېغىر ھەربىي ئالۋان - سېلىقلاردىن ئازاد قىلغان ھەمدە ئالپ تاغلىرىدىن ئۆتۈپ غەلىبىلىك ئۇرۇش قىلىپ شۆھرەت قازانغانىدى. ئەنە شۇنداق مۆجىزىلەرنى ياراتقانلىقىنى بىرىنچى بولۇپ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بۇ كىشىلەر كېيىنكى كۈنلەردە شۇ ئىشلارنى ئېپتىخار بىلەن تىلغا ئېلىشىپ، ئىمپېراتور ئۇلۇغ ئىشلىرىنى بىزنىڭ مەھەللىدىن باشلىغان دەپ ماختىنىشقانىدى. بۈگۈن بۇ زات ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئالدىدا

پەيدا بولدى، جاھاندا شۇنچە چوڭقۇر تەسىر پەيدا قىلالىغۇدەك ئۇنىڭدىن ئۆتە ئەۋلىيا ئەزەم بولسۇنمۇ؟

دېھقانلار تاغ ـ ئېدىرلاردىن چىقىپ كەلدى، ئاياللار ۋە باللار ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭدى، ئۇلارنىڭ زۇۋانىدىن پادىشاھقا قارشى ناخشا ـ قوشاقلار تۇزۇلدى؛ بەزى قاپ يۈرەكلەر شەھەردە باستىرلارنى يىڭى كەلگەن بۇ مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى. ئىمپېراتور بىر يۈز چاقىرىمچە كېلىدىغان بۇ مۇساپىسىدە دېھقانلاردىن باشقا كىشىلەرنى ئۇچراتمىدى.

ناپولېئون بۇ ئىشلارنى بۇرۇنلا پەرەز قىلىپ يەتكەنىدى. ئايكس ۋە ئاۋىنيۇن قاتارلىق شەھەرلەر جايلاشقان خانپەرەسلەرنىڭ كۈچى زورراق ئۆلكىلەردىن ئۆتۈشنى خالىمىغان، ھەتتا دۇفىنېغا تېزرەك بېرىۋېلىش ئۈچۈن زەمبىرەكلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاپپاق قار بىلەن قاپلانغان تاغ يولىغا تاشلىۋەتكەنىدى. ئۇ يەردىكى دېھقانلار پادىشاھقا، روھانىيلارغا ۋە تاجاۋۇزچىلارغا ئۆچ ئىدى. چۈنكى، دېھقانلار ئۆز ۋاقتىدا ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يەرلىرىنى بۆلۈشۈۋېلىپ ئىگىدارچىلىق قىلىپ كېلىۋاتقىنىغا يىگىرمە بەش يىل بولغان بولسىمۇ، ئۇلار بۇ دېھقانلارنىڭ شۇ يەرلەرگە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىشمىغانىدى. بۈيۈك ئىنقىلابنىڭ مەقسىتى نامراتلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ئىدىغۇ؟ ئىنقىلابنىڭ تايانچلىرى دېھقانلار ۋە پىرولېتارلار ئەمەسمىدى؟ ئىنقىلابتىن كېيىن باش مەمۇر بولغان ناپولېئون ئۇلارنىڭ قولىدىن ھېچقاچان ھېچنېمىنى ئېلىۋالمىغان، ئىمپېراتور بولغىنىدىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىنى ئەسكەرلىككە ئېلىپ كەتكىنىدىن باشقا ھېچ يامانلىق قىلمىغان، شۇڭا گالۋاڭراق بولسىمۇ كۆڭلى روشەن بۇ دېھقانلار ئىمپېراتورنى ئەزەلدىن

ئۆزلىرىگە يات كۆرمىگەن، بەلكى كۆڭلىدە بۇرۇنقىدەكلا سادىق ـ ساداقەتمەن بولۇپ كەلگەنىدى. بۈگۈنكى كۈندە كونا پادىشاھنىڭ چەت ئەلدىن قايتىپ كېلىشى بىلەن ئاقسۆڭەكلەرمۇ يېنىپ كېلىپ دېھقانلارنىڭ تېرىۋاتقان ئۇ يەرلىرىنى تارتىۋالغانىدى.

ۋەزىيەتتە كۆرۈلگەن بۇ يېڭى ئۆزگىرىش تۇيۇقسىزلا دېھقانلارنىڭ قەلبىنى قاتمۇقات مۇرەككەپ تۇيغۇلار چىرمىۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ كەيپىياتى بۇنىڭدىن ئون بەش يىل ئىلگىرىمۇ ئەنە شۇنداق بولۇپ، ناپولېئون مىسىردىن كىچىك بىر كېمە بىلەن ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ قۇرۇقلۇققا چىققىنىدا فىرانسىيەنىڭ جەنۇبىدىكى پۇتكۈل خەلق ئەۋلىيادەك بىلىپ قارشى ئالغانىدى. يېقىنقى ئون بىر ئاي مابەينىدە زادى نېمە ئىش يۈز بەردىكىن، تېخى ئون بىر ئاينىڭ ئالدىدىلا ئىمپېراتورنى ئاغزى بېسىقماي قارغاشقان كىشىلەرنىڭ ئەمدىلىكتە شۇنچە شادىمان قارشى ئېلىۋاتقىنى نېمىسى؟ دەرۋەقە، قىچىپ ماڭغىنىدا فىرانسىيەنىڭ باشقا بىر رايوندىن يول ئالغاندى. يەنە كېلىپ بېشىغا كۈن چۈشكەن دۆلەت جىنايەت جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدىغان بىرەر قۇربانغا موھتاج ئىدى. ھالبۇكى، خەلقنىڭ بۇ قۇربانغا ئۆچمەنلىك قىلىدىغان ۋاقتى مەغلۇپ چاغلىرىدەك قىسقا، ئىخلاس قىلىدىغان ۋاقتى خۇددى غالىب چاغلىرىدەكلا ئۇزاق بولدى.

ئەڭ ئاۋۋال ئۇچراشقان قوشۇن قانداق مۇئامىلىدە بولار؟ ئىمپېراتور تېخى يېقىندىلا ئۇلار بىلەن خوشلاشقان ۋاقتىدا ۋەتەن ئۈچۈن، توغرىراقى پادىشاھ ئۈچۈن سادىق بولۇڭلار، دەپ جېكىلىۋىدى، ئۇلار بوربون سۇلالىسىنىڭ ئاق رەڭ بەلگىلىك قالپىقىنى كىيىپ، پادىشاھنىڭ مائاشىنى ئېلىپ، ئاقسۆڭەك ئوفىتسېرلارنىڭ ئاغزىدىن ئۆتكەنكى داھىيسىنىڭ غەيۋەت ـ شىكايەتلىرىنى ئاڭلاپ كەلگەنىدى، ئەمدى ئۇنى كىممۇ قوللار؟

جىمى ئىش ئۆزىنىڭ قايىل قىلىش كۈچىگە باغلىق. ناپولېئون ئوكانادىن ئىچكىرىلەپ يولغا چىققىنىدا كۆڭلىدە ئۆزىگە ئازراق ئىشەنچىمۇ يوق ئىدى. ئەگەر شۇ تاپتىكى ئۇلۇغۋار پىلانلىرىنى ۋە بۇيرۇقلىرىنى بۇرۇنقىدەك ئۆتكۈزەلمەي مەغلۇپ بولسا، بوربونچىلار قاماپ قويۇشى مۇمكىن، شۇنداق بولغىنىدا، ياۋروپانىڭ كەلگۈسى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنى پەقەت قاماق تاملىرىغا قاراپ تەسۋىرلەپ بېرىشتىن باشقا ھېچ ئىش قىلالمايدۇ.

ناپولېئون گرېنوبىلنىڭ سىرتىدىكى لامار ئەتراپىدا پەرمانغا بىنائەن ناپولېئوننى يوقىتىش ئۈچۈن كېلىۋاتقان ھۆكۈمەت قوشۇنى بىلەن تۇنجى قېتىم دوقۇرۇشتى، قوشۇننىڭ خۇددى بۇرۇن ئىمپېراتورغا سادىق بولمىسىز دەپ قەسەم بەرگىنىدەكلا پادىشاھ ئالدىدا قەسەم بەرگەن ئوفىتسېرلىرى بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغانىكەن، ھۇجۇم قىلماي قالمايدۇ ـ دە. قاراپ تۇرۇپ قانلىق ئۇرۇش بولارمۇ؟ بۇ شەھەر كوچىسى جەڭگاھقا ئايلىنىپ قالارمۇ؟ ئىمپېراتور ئاتتىن چۈشۈپ، ئالدىغا ئون نەچچە قەدەم مېڭىپ توختىدى ـ دە:

ــ ئەي بەشىنچى بىرلەشمە ئارمىيە لەشكەرلىرى ! مېنى تونۇدۇڭلارمۇ؟ ئاراڭلاردا ئىمپېراتورۇڭلارنى ئۆلتۈرۈشنى خالايدىغانلار بولسا ئالدىغا چىقسۇن، مانا مەن تەييار ! ــ دەپ توۋلىدى ـ دە، كۆل رەڭ پەلتوسىنىڭ ئالدىنى ئاچتى.

دەھشەت بىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. ئەمدى قانداق بولاركىن؟ «ئۇلار ئۆز يىگىتلىرىمىز ئىكەن ! ئۆز گېنېراللىمىز ئىكەن ! بىز چوققىلاردا، چۆشكۈنلەردە ۋە بىھېساب جەڭلەرنىڭ ئوت ـ يالقىنى ئىچىدە گېنېراللىمىزنىڭ سىيماسىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەنمىز ! ئىنساننىڭ تۇغما خاراكتېرى ۋە ئەستىلىكى يېڭى قەسىمنى ئاغدۇرۇۋېتىشكە يېتەرلىك ئاساس

بولالماسمۇ؟»

— ياشىسۇن ئىمپېراتور ! — تۇۋلاشتى ئارقا - ئارقىدىن لەشكەرلەر ۋە ئوفىتسېرلار.

ئارقىدىنلا ئىككى تەرەپ قوشۇندىكى لەشكەرلەر بىر - بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتتى، ھەربىي قالپاقلىرىنى مىلتىق خەنجىرىگە ئىلىشىپ تەنتەنە قىلىشتى. كۆك ھەربىي فورمىسىغا يەنە بىرەردىن تۆشۈك ئېچىلغانلىغا نېمە بولىماقچىدى؟ بىر سائەتتىن كېيىن داھىينىڭ يېنىدىكى مىڭ لەشكەر ئۇلغىيىپ ئىككى مىڭ بولدى.

گرېنوبىل كوچىسىدا ئىككى قوشۇن ئۇچراشقان ئاشۇ ئاچقۇچلۇق پەيتتە ناپولېئوننىڭ چۇقانى ۋە كۆزلىرى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى، شۇ تاپتا پەقەت سۆز - ھەرىكىتى ۋە كۆزلىرى ئارقىلىق رەھبەرلىك ئورنىنى، ھوقۇقىنى ۋە دۆلەتنى يەنە بىر قېتىم ئىلكىگە ئالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن گرېنوبىلغا بېرىپ خەلققە بايانات ئېلان قىلىپ ئۆز ئوينى جاكارلىدى:

— فرانسۇز ۋەتەنداشلار ! پارىژ قولدىن كەتكەندىن كېيىن يۈرىكىم ئېزىلىپلا كەتكەنىدى. بىراق، ئىرادەم تەۋرەنمەستىن بۇرۇنقىدەكلا مۇستەھكەم... ھاياتىم سىلەرگە مەنسۇپ، شۇڭا سىلەرگە كېرەكلىك ئادەم بولۇپ چىقماقچىمەن. سۈرگۈن بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىمدا ئازابلىق ئىگراشلىرىڭلار ۋە ئىلتىجايىڭلار قۇلىقىمغا يەتتى. سىلەر مېنى بەك ئۇزاق ئۇخلاپ كەتتى، ئۆزىنىڭ دەم ئېلىشى بىلەنلا بولۇپ فرانسىيەنىڭ مەنپەئىتىنى قۇربان قىلدى دەپ ئەيىبلىدىڭلار. مەن قاتمۇقات خېيىم - خەتەرلەرنى بۆسۈپ، دېڭىز - ئوكيانلاردا تاسقىلىپ يۈرۈپ قايتىپ كەلدىم. مانا، ئاراڭلاردا تۇرۇۋېتىمەن. ماڭا، سىلەرگە مەنسۇپ ھوقۇقنى تەلەپ قىلىپ كەلدىم.

— ئەي لەشكەرلەر، مەن كەلدىم، ئومۇمىي ئاۋاز بېرىپ

سايلىغان ئىمپېراتورۇڭلار، ئۆزۈڭلار ھىمايە قىلىپ ئۆستۈرگەن گېنېراللىڭلار يەنە ئالدىڭلاردا تۇرۇپتۇ، گېنېراللىڭلارنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇڭلار، غالىبىيەتنىڭ بەلگىسى بولغان ئۈچ رەڭ بەلگىلىك قالپىقىڭلارنى يېڭىباشتىن كىيىڭلار، ئولىم ۋە ئاۋستېرلىزلاردا، جېنا، ئايلور ۋە فرىيېدلاندلاردا، ئېيكمىر ۋە ۋاگراملاردا، سىمولىنسكىي ۋە موسكۋالاردا، لۇتسىز ۋە مونمىلانلاردا كۆتۈرگەن بۈركۈت تۇغۇڭلارنى يېڭىباشتىن جەۋلان قىلدۇرۇڭلار! سىلەرنىڭ ۋە پەرزەنتىڭلارنىڭ مال ـ مۈلكۈڭلار، مەرتىۋەڭلار ۋە شۆھرىتىڭلار ئالدىدىكى ئەڭ چوڭ دۈشمەن دەل سىلەرنى خانىۋەيران بولۇشقا مەجبۇر قىلغان پادىشاھ ـ بەگلەرنىڭ ئۆزى، ئۇلاردىنمۇ ئارتۇق دۈشمەن بولمايدۇ... ئىنقىلاب بوران ـ چاپقۇنلىرىدا قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىمىز بىزنى ئالغا باشلايدۇ، بۈركۈت تۇغىمىز چېركاۋلارنىڭ قۇببىسىگە، تاكى بۈۋىمەريەم چېركاۋىنىڭ قۇببىسىگىچە ئارقا ـ ئارقىدىن قادالغۇسى!

ياشىسۇن ئىمپېراتور! گىرېنوبىلدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلار ۋە ئۇ يەردىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قوشۇنلىرى بەس ـ بەستە ناپولېئون تەرەپكە ئۆتتى. بۇنىڭ بىلەن يەتتە مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئىمپېراتورنىڭ كەينىدىن مېڭىپ لىئونغا يۈرۈش قىلدى، لىئونمۇ ناپولېئوننىڭ ئىلكىگە ئۆتتى. پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ كەلگەن مارسېنا ئەمدى كېلىپ ئىمپېراتورنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ تۇردى.

— نېمە قىلىسىز؟ — ھەممەيلەن ئوڭايسىزلىق ئىچىدە سۈكۈت قىلىپ تۇردى، — پادىشاھنىڭ قېشىدىمۇ؟

پارىژدىكى ئوردا ئەھلى يېڭى ئۇرۇش توغرىسىدىكى ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقاندى. كىشىنى ۋەھىمىگە سالىدىغان قورقۇنچلۇق خەۋەرلەر ئوردىغا يېتىپ كەلگەندە بودەك پادىشاھ،

ئاۋاق ۋەزىر - ۋۇزرالارغا تىترەك ئولاشتى. ئۇن بىر يىل مابەينىدە ناپولېئون ئۈچۈن يالغان ئېيتىپ كەلگەن ھۆكۈمەت ئاخباراتى ئەمدى فىرانسىيە پادىشاھى ئۈچۈن يالغاننى توقۇپ، ئىمپېراتورنى ئۆلدى، دەپ جاكارلىغاندى. ئوردا ئەھلى قانداق ھەرىكەت قوللىنىش كېرەكلىكى ئۈستىدە كېڭىشىۋاتقاندا، قېرى گىراف كوندى پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ «پاسخا بايرىمى ھارپىسىدىكى بۇت يۇيۇش مۇراسىمىغا ئۆزىڭىز رىياسەتچىلىك قىلغانمىدىڭىز» دەپ سورىدى. پادىشاھ بۇ چاغدا قوشۇنغا مۇراجىئەتنامە يېزىش بىلەن ئىدى، قابىل ياردەمچىسى بوربون قوشۇنلىرىنىڭ ھەقىقىي باش قوماندانى قېشىدا ئولتۇراتتى. بۇ ياردەمچىسى كىم، ئىسمىچۇ؟

دەل مارشال نېي ئىدى. فىرانسىيە قوشۇنلىرى موسكۋادىن چېكىنگەندە، نېينىڭ قوشۇن بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان بولغاچقا، ياردار بولغانلىقى ۋە قازا قىلغانلىقى نامەلۇم ئىدى. پاسىبانى ناپولېئون شۇ چاغدا:

— نېي يوقاپ كەتتى. ئەگەر تىرىك تىلىۋالغىلى بولىدىغان ئىش بولسا، ئوردامنىڭ گەمىسىدە ساقلاۋاتقان قىممىتى ئىككى يۈز مىليون فىرانكقا يارايدىغان ئالتۇنلىرىمنى سەرپ قىلىشقىمۇ رازى ئىدىم! — دېگەنىدى.

ناپولېئون شۇ قەدەر قەدىرلەيدىغان بۇ مارشال بولسا شۇ چاغدا پادىشاھنىڭ قەسىرىدىكى يېشىل رەڭلىك يىغىن شىرەسى ئالدىدا ئۆرە تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئاشۇ بۇرۇنقى غوجايىنىنى يوقىتىشقا قەسەم ئىچتى. بىراق، لەشكەرلەرنىڭ ناپولېئوننى قارشى ئېلىپ تۇۋلىغان تەنتەنىلىك ساداسى قۇلاق تۈۋىدە ياڭرىغىنىدا شامالنىڭ يۆنىلىشىگە بېقىپ ئىش تۇتۇپ، ئۆز قوشۇنىغا ئۈچ رەڭ بەلگىلىك قالپاق كىيگۈزدى. بېسانسۇندا ئۆتكۈزۈلگەن قوبۇل مۇراسىمىدا ئىمپېراتورغا ئۆزىنى ئاقلاپ

بىر پارچە بايانىامە يازىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىراق، ئىمپېراتور بولسا ئۇ ئىشلار بىلەن كارى بولماستىن گەپ ئەۋەتتى:

— ئېيتىپ قويۇڭلار، ئۇنى بۇرۇنقىدەكلا ياقتۇرىمەن ھەم ئەتە باغرىمغا باسىمەن.

بۇ نەقەدەر دانا تەدبىر - ھە ! نېي گەرچە ناماقۇل بولۇپ ئىمپېراتورنىڭ ئەپۇ قىلىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، كۆڭلى دەككە - دۈككىدە ئىدى.

— سىزنى سۆيىمەن، ئالىيلىرى. ۋەتەن ئۇغلانى بولۇش سۆيۈتتۈم بىلەن بايان ئەيلەيمەنكى، — دېدى ئەتىسى دۇدۇقلىغىنىچە، — مەن ھېلىقى سېمىز چوشقىنىڭ ئالدىدا دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈشكە ھەمدە سان لۇئىسنىڭ كىرىپ ئورنىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغانمەن. سىز قايتىپ كەلمىگەن تەقدىردىمۇ، بىز ئۇنى بەربىر قوغلىۋېتەتتۇق.

«قالتىس ئادەم ئىكەن بۇ، يۇمىلاق تاۋۇزنىڭ ئۆزى ! چىرايىنىڭ تاتىرىپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان !» مارشال نېي ئىمپېراتورغا گەپ قىلىۋاتقىنىدا ئىمپېراتورنىڭ كۆڭلىدىن ئەنە شۇنداق خىياللار كېزىپ ئۆتتى.

گىراف ئاتوۋامۇ قېچىپ كەتكەنىدى، تېخى شۇ كۈنى ئەتىگىنى گىراف بىلەن ئۆلۈم - كۆرۈمنى تەڭ كۆرىمىز دەپ قەسەم ئىچكەن قوغدىنىش قوشۇنى چۇش بولار - بولمايلا ئىمپېراتورنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئىمپېراتور ئەمدى بۇنداق ئىشلارغا ئانچە قىزىقىپمۇ كەتمەس بولۇپ قالغانىدى، بۇ قوغدىنىش قوشۇنىدىكىلەردىن ئۆزىنى يىراق تۇتاتتى. بىراق، لەشكەرلەردىن بىرى پادىشاھ لۇئىسقا ئىنتايىن سادىق بولۇپ، پادىشاھنى بىخەتەر جايغا يەتكۈزۈپ قويۇپ، ئاندىن ئىمپېراتورنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلگەنىدى. ئىمپېراتور ئۇ لەشكەرنى يېنىغا

چاقىرتتى ھەمدە مەيدىسىگە شۆھرەتلىك بىرلەشمە ئارمىيە ئىزنىكىنى ئۆز قولى بىلەن تاقاپ قويدى.

نەقەدەر زور ئۆزگىرىش ـ ھە بۇ! ناپولېئون پارىژغا يۈرۈش قىلىش سەپىرىدە ئۆزىگە بەيئەت قىلغان لەشكەرلەر كۆپەيگەنسېرى، سۆزلىرى شۇنچە يۇمشاپ كەتتى:

— ئۇرۇش تىنچىدى. ئۇرۇش ۋە ئەركىنلىك ئىنقىلابىنىڭ ئىككى ئاساسىي پرىنسىپىدۇر، — دەيتتى ئىمپېراتور بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە ئۆتكىنىدە شەھەر پارلامېنتىنىڭ ئەزالىرىغا ۋە شەھەر ئاھالىسىگە يۇمشاق ۋەزىنىدە نۇتۇق سۆزلەپ، — بۇ ئىككى پرىنسىپنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قاچقۇنلارنىڭ تاجاۋۇزىدىن قاتتىق مۇداپىئە كۆرۈش كېرەك، ياۋروپا بىلەن تۈزۈشكەن كېلىشىملىرىمىزگە رىئايە قىلىشىمىز شەرت. فىرانسىيە ئۇرۇشسىز ۋاستە ئارقىلىق شان ـ شۆھرىتىنى يېڭىباشتىن قولغا كەلتۈرىدۇ. بىز باشقا ئەللەرنى تىزگىنلىمەيلا قانائەتلىنەرلىك دۇنياۋى شۆھرەتكە ئىگە ئەل بولۇپ چىقىمىز.

خەلق بۇ نۇتۇقتىكى يېڭى مەنىنى ھېس قىلىپ يەتكەندىمۇ؟ ھېس قىلىپ يەتكەن تەقدىردىمۇ ناپولېئوننىڭ سەممىيىتىگە ئىشىنەرمۇ؟ بۇنىڭدىن قانائەت ھاسىل قىلارمۇ؟ ئۇرۇشسىز شۆھرەت قازىنالارمۇ؟ ناپولېئون ھەربىي يۈرۈش داۋامىدا يۇقىرى دەرىجىلىك بىر كونا گېنېرالنى ئۇچراتقانىدى، بۇ گېنېرال ناپولېئوننىڭ ئاشۇ نادان خەلققە سۆزلىگەن نۇتۇقلىرىنى ئاڭلىغۇچىلار ئىچىدىكى ئاقىل سىردىشى ئىدى.

— ئاممىنىڭ ئېڭىدا ئۆزگىرىش بولدى، — شەرھلىدى ناپولېئون ئۆزىنىڭ سىياسىي نۇقتىئىنەزىرىنى، — بۇرۇن ھەممە كىشى شۆھرەت ھەلەكچىلىكىدە ئىدى، بۈگۈنكى كۈندە ئەركىنلىككىلا ئەھمىيەت بېرىدىغان بولدى. مەن بۇرۇن

كىشىلەرگە شۆھرەت بەخش ئەتكەنىدىم، بۇگۈنكى كۈندە خەلقنىڭ ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك بېرەلمەيمەن. ئەگەر كىشىلەرنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئەتى مۇكەممەل قانۇن ئاساسىدا كاپالەتكە ئىگە بولىدىغان بولسا، كىشىلەر ئەركىنلىكتىن تولۇق بەھرىمەن بولالايدۇ، لېكىن ھۆكۈمەتسىزلىكتە رۇخسەت يوق. چۈنكى، ھۆكۈمەتسىزلىك بىزنى مۇستەبىت جۇمھۇرىيەت دەۋرىگە چېكىندۇرۇۋېتىشى مۇمكىن، شۇنداق بولغىنىدا ھەركىمدە سىياسىيغا چات كېرىۋېلىش ھوقۇقى پەيدا بولۇپ قالىدۇ. مەن پەقەت ھۆكۈمرانلىق ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلساملا بولدى.

مەسىلە گۆدەكلەرچە ئېيتقان ئاخىرقى بىر ئېغىز گەپتە ئىدى. روشەنكى، ئۆزىنىڭ دېموكراتىيە نۇقتىئىنەزىرىنى مۇستەھكەملەشكە بەل باغلىغانىدى.

— تۆئېلېرس ئوردىسىنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ — سورىدى ناپولېئون.

— شۇ پېتى، ھەتتا بۇركۇت تۇغىمۇ ئۆز جايىدا، — جاۋاب بەردى ھەمسۆھبىتى.

ناپولېئون بۇ جاۋابتىن خۇش بولۇپ يايراپ كەتتى.

— بۇركۇت تۇغى پادىشاھ لۇئىسنىڭ كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەن بولسا كېرەك، — دېدى ناپولېئون كۈلۈپ تۇرۇپ، — تىياتىرخانىدا قانداق تىياتىرلار قويۇلۇۋاتىدۇ؟ تارمانىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ سىز ئوردىدا تۇرۇۋاتامسىز؟ ئاڭلىسام، بوربون جەمەتى بىردىنلا بېيىپ كەتكەن جەمەتكە ئوخشاش قانداق سۆھبەت بايان قىلىشنى، قانداق سىلىق ـ سىپايە سۆز ـ ھەرىكەتتە بولۇشنى بىلمەسىمىش.

ناپولېئون شۇ قەدەر قىزىقچى، شۇ قەدەر مەسخىرىۋاز ئىدى ھەمدە پارىژنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشكە تولىمۇ تەقەززا ئىدى.

خىلىدىن بىرى باشقىلارنىڭ مازاق قىلىشىغا ئۇچراپ كەلگەچكە، ئەمدى ئۆزىمۇ مازاق قىلىش ئۇسۇلىدا ئۆچ ئېلىشقا ئۇرۇناتتى. بىرەيلەنگە ئوردىدىكىلەرنىڭ بېخىللىقىنى تەسۋىرلەپ بەردى ھەمدە يىگىرمە فىرانك مېتال پۇلدىن بىرنى كۆرسەتتى.

— كۆردىڭىزمۇ؟ بۇ پۇلغا «پادىشاھ تەڭرىگە ئامانەت» دەپ ئويدۇرۇپتۇ، مەن بولسام «فىرانسىيە تەڭرىگە ئامانەت» دەپ ئويدۇرغانىدىم. ئۇلار دائىم شۇنداق ئۆز مەنپەئىتىنىلا ئويلىشىدۇ، فىرانسىيەنى كۆزلىمەيدۇ!

ناپولېئون ئۇچ مىنۇت ئىچىدە يىگىرمە نەچچە كىشىدىن سوئال سوراپ بولدى.

— ئۆزىنى بوناپارت خانىم دەپ ئاتىسا بولار ئىكەن، — دېدى ناپولېئون ئوتانىسقا ئايال كىنەز مەرتىۋىسى بېرىلگەنلىكىنى ئاڭلىغىنىدا، — بۇ ئاتاق باشقا ھەرقانداق نامدىن قىممەتلىكرەك ئىدى!

ناپولېئوننىڭ بۇ سۆزلىرىدىن يېڭى دەۋر پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. ئەگەر ئۆزىنى بوناپارت دەپ ئاتاپ، يەنە بىر قېتىم ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىپ خەلققە ئەركىنلىك بەرگىنىدە، ئەگەر ئۆزى موھتاج ھوقۇققا ئېرىشكىنىدە فىرانسىيە پادىشاھىغا ئايلانغان بولار ئىدى. شۇنداق بولغىنىدا ياۋروپانى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئارزۇيى بەربات بولغىنىدىن كېيىنمۇ يەنىلا فىرانسىيەنى — دۇنيانىڭ بىر قىسمىنى يېقىنقى زامان پادىشاھلىقلىرىنىڭ نەمۇنىسىگە ئايلاندۇرغان بولار ئىدى. بۇرۇن ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئىزچىل تۇردە شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە مۇناسىپ رەۋىشتە يۇرگۈزۈپ كەلگەنىدى، بۈگۈنكى كۈندە يەنە بىر قېتىم ھاكىمىيەت بېشىغا چىققىنىدا تەپەككۇرى نىجاسەتكە قاراپ پەرۋاز قىلىپ، ئۆزىنىڭ نادىرلىقىنى نامايان قىلدى. ئۇنىڭ يولى راۋان ئىدى.

پارىژنىڭ يولىمۇ ئوچۇق ئىدى. پادىشاھ تىكىۋەتكەن، ئاھالىنىڭ كۆپىنچىسى ئىمپېراتورغا مايىل ئىدى. كېمەركى پادىشاھنىڭ ئاخىرقى قالدۇق قوشۇنى بىلەن تۇتۇشۇپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلسا، بۇ ھال ئۇلارنى زىيادە يۇقىرى مۆلچەرلىۋەتكەنلىك بولاتتى. ئىمپېراتورنىڭ پارىژغا يېتىپ بېرىشى ئۈچۈن يەنە قىرىق سائەتچە يول يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى، بۇ چاغدا پادىشاھ ئوردىسىدىكى ئاخىرقى بىر مۇھاپىزەتچىمۇ پايتەختنى تاشلاپ كېتىپ بولغانىدى. ئىمپېراتورنىڭ قوشۇنى پادىشاھقا يېتىشىۋالدى ـ يۇ، پادىشاھ ئېلىپ ماڭغان لىق ئاتمىش ھارۋا كۆمۈش ۋە بىرمۇنچە زەمبىرەكنى ئېلىپ قېلىپ، پادىشاھنى ئەتىيالا پورت تەرەپكە قاچۇرۇۋەتتى. فرانسىيەلىكلەر قېچىپ ماڭغان سېمىز پادىشاھنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشتى. چۈنكى، دۈشمەن قوشۇننى ئەنگلىيەدىن پارىژغا باشلاپ كېلىپ ئۆزىنى بۇرنىدىن يېتىلەتكۈزگەن ئۇ پادىشاھ ئەمدى يەنە فرانسىيە قوشۇنىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ پارىژدىن ئەنگلىيەگە قاچقانىدى.

پارىژ ــ ئۇزاقتىن بۇيان ئىتائەت قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن بۇ شەھەر تىنچىپلا كەتتى. ئىمپېراتور قۇرۇقلۇققا چىقىپ پارىژغا يېتىپ كەلگۈچە سەرپ قىلغان يىگىرمە كۈن ئىچىدە پارىژ ئاخبارات ۋاستىلىرى خۇددى تېرمومېتىردەك كۈندە نەچچە ئۆزگىرىپ تۇردى.

«دىۋە سۈرگۈن قىلىنغان جايدىن قېچىپ كەتتى»، «كورسىكالىق چىل بۆرە كانادا قۇرۇقلۇققا چىقتى»، «كىشىلەر گاكۇدا يولۋاس ئىزىنى بايقاپ، توسۇشقا لەشكەر ئەۋەتتى، ئەمما بۇ تەلۋە تاغقا قېچىپ بېرىۋالدى»، «بۇ ئالۋاستى ھىيلە ئىشلىتىپ گرېنوبىلغا بېرىۋالدى»، «مۇستەبىت لىئون شەھىرىگە كىردى، ھەممە ياقنى ۋەھىمە قاپلىدى»، «بوناپارت

شىمالغا قاراپ تېز ئىلگىرىلىمەكتە. ئەمما، پارىژغا مەڭگۈ كىرەلمەيدۇ»، «ناپولېئون ئەته لەشكەر تارتىپ شەھەر قوۋۇقىدىن كىرىدۇ»، «ئىمپېراتور ئالىيلىرى فونتاينېبلېدا...»

ئىمپېراتور توسالغۇسىز ئىلگىرىلەپ، بۇنىڭدىن ئون ئۈچ ئاي ئىلگىرى كېتىشكە مەجبۇر بولغان ئوردىسىغا قايتا قەدەم باستى، پۇتكۇل پارىژ ئىمپېراتور قوشۇنلىرىنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتتى، كونا ئاقسۆڭەكلەر پادىشاھقا ئەگىشىپ قېچىپ كەتكەنىدى. پۇتكۇل پارىژ تىنچىپلا كەتتى. بۇنى ھېس قىلىپ يەتكەن ئىمپېراتور قولىقىنى دىڭ تۇتۇپ ئەتراپىدىكى تىۋىشقا دىققەت قىلىپ تۇردى.

ناپولېئون تۇنجى قېتىم ئۈمىدسىزلەندى! پارىژغا قىلغان ھەربىي يۈرۈش شانلىق يۈرۈش ئىدى، ئۆزىمۇ كېيىنكى كۈنلەردە بۇ مەزگىلنى ھاياتىمدىكى ئەڭ شانلىق چاغلار ئىدى دەپ قەيت قىلدى. بىراق، ئاخىرقى ھېسابتا تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان، ئۆزى ئىزچىل خۇشامەت قىلىپ كەلگەن، ھەتتا شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ پادىشاھلىقىدىن ۋاز كېچىپ ئالايتەن كەلگەن بۇ پايتەختتە — ھېچقاچان ئۆزىگە ھەقىقىي بويسۇنۇپ باقمىغان بۇ ئاستانىدە ئەخلاقىي قارشىلىققا ئۇچرىدى. ئۆزى ئىزچىل تۇردە تىلەپ كەلگەن نەرسىنى — سادىق يۈرەكنى يېڭى دوستلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىن تاپالمىغىنىدا غېرىبسىنىپ روھى چۈشۈپلا كەتتى، لاددى قىزىپ - قايناپ ئاخىرى ھالىدىن كەتكەندەك سالپىيىۋالغانىدى. بىراق، ئىمپېراتور ئۆزىنى ئۆزى روھلاندۇرمىسا بولمايتتى.

ناپولېئون نەزىرىنى ۋىيېننا تەرەپكە ئاغدۇرۇپ تەلمۈردى. فىرانسىيە قورۇقلۇقىغا چىقىپ بىر ھەپتە بولغان كۈنى مېتتېرنىچ تۈن نىسپىي سائەت ئۈچتە ئاندىن ئۇخلىغانىدى، ئەتىگەن سائەت ئالتىدە خىۋەرچىسى ئويغىتىپ، بىر پارچە خەتنى

سۈندى. كونۋېرتقا «باش ئەلچىخانا، ژېنوۋا» دەپ يېزىلغانىدى. مېتتېرنىچ ئاچچىقىدا خەتنى بىر چەتكە تاشلاپ قويۇپ ئۇيقۇسىنى ئۇخلاۋەردى. بىرقانچە سائەتتىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، كونۋېرتنى ئېچىپ خەتنى ئوقۇدى. خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى:

ئەنگلىيە ۋالىيسى كېنىبېر رېنايادا ناپولېئوننى كۆرگەنلەر بارمۇ، دەپ سۈرۈشتۈرۈپ كەلدى. ناپولېئون ئېلبا ئارىلىدىن غايىب بوپتۇ.

ئوچۇق ھاۋادا چاقماق چاققاندەكلا دەھشەت خەۋەرغۇ بۇ ! ئاھ، تېخى تۈنۈگۈنلا بىر ـ بىرىنىڭ دوپپىسىغا جىگدە سېلىپ ئۆتۈشكەن كىشىلەر بۈگۈن قىيامەتلىك دوستلاردىن بولىمىز دەپ قەسەم ئىچىشىپ، ئارقىدىنلا يەنە ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىنىشمىسا ـ ھە !؟ بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرى ناپولېئوننى قانۇنسىز دەپ جاكارلىغان كىنەز ستەين ناپولېئوننى «قانۇنسىز ئىمپېراتور» دەپ جاكارلاش تەدبىرىنى بىرىنچى بولۇپ ئويلاپ تاپتى. بۇھەقتىكى مۇزاكىرىدە ناپولېئوننىڭ قېيىنئاتىسى ئىككىلىنىپ قېلىپ، ئاۋۋال مارى لۇئىستىن پىكىر ئېلىپ كۆرمەكچى بولدى. دېمىسىمۇ مارى لۇئىس ئېرى بىلەن ئۆتكەن تۆت يىل مابەينىدە دادىسىغا ياكى دوستلىرىغا ناپولېئوندىن ئاغرىنىپ بىرەر ئېغىزمۇ يامان گېپىنى قىلىپ باقمىغانىدى. ئاغرىنغۇدەك نېمىسى بولسۇن؟ ناپولېئون توققۇزىنى تەل قىلىپ بىرەتتى، نېمىگە رايى تارتسا شۇنىڭغا مايىل بولاتتى. ھەقىقەتەنمۇ تېپىلىك ياخشى ئەر بولۇشقا مۇناسىپ ئىدى، ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن ئۇ چاغلاردا بالىسى بىلەن بىللە شۇنداق كۆڭۈللۈك ئوينايتتى. مارى لۇئىس ئەمدى ئوتتۇرىغا چىقىپ ئېرىنى ئاقلارمۇ؟

ناپولېئوننىڭ رەپىقىسى، ئاۋستىرىيە ئوفىتسېرىنىڭ ئاشنىسى مارى لۇئىس پارلامېنتقا ئۆز قولى بىلەن باياناتنامە يېزىپ، ئۆزىنىڭ ناپولېئون بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوقلۇقىنى، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ھىمايىسىدە تۇرۇشنى خالايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۆز ۋاقتىدا تۇغۇتى قىيىنلىشىپ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە تۇرغاندا، ناپولېئون قانۇنلۇق پۇشتىدىن كېچىپ، ئالدى بىلەن مارىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشقا بۇيرۇغانىدى، بۇ ئايال مانا ئەمدى ۋاپاغا جاپا قىلىپ، ناپولېئونغا قارشى ئاۋاز بېرىپ، ناپولېئوننىڭ قانۇنسىز دەپ جاكارلىنىشىغا سەۋەبچى بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاقداش چوڭ دۆلەتلەر: «ناپولېئون بوناپارت دۆلەت ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت كاتېگورىيەسىدىن مۇستەسنا تۇرىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن دۇنيا تىنچلىقىنىڭ دۈشمىنى ۋە تىنچلىقنى بۇزغۇچى سۈپىتىدە جامائەتنىڭ نازارىتى ئاستىدا بولىدۇ» دەپ جاكارلىدى. ئىمپېراتور بۇ خەۋەردىن ئەندىكىپ كەتتى، بۇنداق كەچۈرمىشنى بېشىدىن كۆپ ئۆتكۈزگەنىدى: ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن كورسىكادىن ئايرىلىشىدا باشقىلار شۇنىڭغا ئوخشاش باينات ئېلان قىلغان؛ ساينىت كىلوۋدىكى ئەپلىس قەسرىدىمۇ شۇنداق بولغان؛ پاپا دىندىن قوغلاپ چىقارغان، ئەمما بۇ ئۈچ قېتىملىق ئېغىر قارغىشلار ساۋۇتىنى تېشىپ ئۆتەلمىگەنىدى. بىراق، بۇ تۆتىنچى قېتىملىق قارغىش ئاخىر غۇلاتتى.

ناپولېئون خابىسبۇرگ جەمەتىدىن زور ئۈمىد كۈتۈپ، ئىمپېرىيە ئومۇمىي سايلىمى يىغىنى چاقىرماقچى ۋە بۇ يىغىنغا سىياسىي يىغىن دەپ نام بەرمەكچى، شۇنداقلا خانىشى ۋە ئوغلىغا تاج كىيدۈرمەكچى بولدى، شۇ ئارقىلىق ئاۋستىرىيەنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرمەكچىدى. «مەن فىرانسىيەنىڭ ھۆكۈمرانى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ۋە ئارمىيەنىڭ قانلىرى

قايناپ تاشتى. ئاتالمىش پادىشاھىنىڭ ئەنگلىيەگە قېچىپ كەتكىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، فىرانسىيەدىن ھېچكىم كەتمىدى. ئاپرىلدا ئوغلۇم ئۈچىمىزنىڭ جەم بولۇشىمىزغا ئىنتىزارمەن» دېگەنىدى خانىشىغا يازغان خېتىدە. روشەنكى، ناپولېئوننىڭ ئىمپېراتور بولۇش ئىدىيەسى مېڭىسىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەنىدى. «پايتەختكە قايتىپ كەلگىنىمدە ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم، شۇنداقلا ئەڭ چوڭ نىشانىم خوتۇن - بالىلىرىم بىلەن جەم بولۇشتىن ئىبارەت بولدى... مېنىڭ شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كېلىشىمدىن مەقسەت ئىمپېراتورلۇق تەختىمنى مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت، بۇ پۈتۈن فىرانسىيە خەلقى تاپشۇرغان بۇرچۇمدۇر. كۆنلەرنىڭ بىرىدە تەختىمنى تەۋرەنمەس ئاساسقا ئىگە قىلىپ، ئوغلۇمغا ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن. بۇ ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس نىشانغا يېتىشىم ئۈچۈن تىنچلىق ھەل قىلغۇچ ئالدىنقى شەرتتۇر. مېنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنىم شۇ ئاساستا بارلىق دۆلەتلەر بىلەن تىنچ ئۆتۈش.»

ناپولېئون ئورۇشنى تەرك ئەتكەن، پۈتكۈل ياۋروپانى بويسۇندۇرۇش پىلانىدىن ۋاز كەچكەن بولۇپ، پەقەت فىرانسىيەنى ساقلاپ قېلىش ئارزۇسىدىلا ئىدى. بۇ ئالىيجانابلىقنىڭ نامايەندىسىمىدۇ ياكى كۆلكىلىك تەرىپىمۇ بارمىدۇ؟ ناپولېئوننىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلگەن بۇ ئىمپېراتورلار يېڭى ئىتتىپاق تۈزۈش ئۈستىدە بىردەك پىكىرگە كەلدى ۋە ناپولېئوننىڭ پۇقرالىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغانلىقىنى جاكارلىدى، بۇ ئاۋستىرىيە ئىمپېراتورى فىرانسىس ۋە قىزى مارى لۇئىسنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن ئاۋستىرىيە پايتەختىدە ئىمزالانغان ھۆكۈمنامە ئىدى. ناپولېئون ئەڭ ئاخىرقى قېتىم شىمالغا يۈرۈش قىلىپ مەغلۇپ بولغىنىدىن كېيىن مارى لۇئىس ئۇنىڭدىن ئايرىلدى ھەمدە سادىقلىق بىلەن ئاداققىچە ئادا قىلىمەن دەپ قەسەم بەرگەن

نائىبلىق ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىپ، ئوغلىنى ئىلىپ كېتىپ، باشقا بىر ئەرنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى ھەمدە بوگونگە قەدەر شۇ ئەر بىلەن ئۆتتى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىمپېراتورغا ئايان ئىدى. بىراق، ناپولېئون بۇ ئىشلار بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي ئىشنى يىغىدىن باشلاش ئۈچۈن ئۆز ھاكىمىيىتىنى تەۋرىتىپ قويغان ھەمدە بەربات قىلغان كىشىلەردىن قارىغۇلارچە دوستانىلىق ۋە تۇغقاندارچىلىق تىلىدى.

ئىمپېراتورنى يۇقىرالىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلغان ئەنە شۇ ھۆكۈمنامە ئىمپېراتورنىڭ ئىككىنچى قېتىم بەربات بولۇشىغا سەۋەب بولدى.

## ئون يەتتىنچى، يۈز كۈنلۈك سۇلالە

بۇ تەۋەككۈلچى بىرلا موللاق ئېتىپ چاشقان تۇتقۇچىغا ئايلاندى!

بوربون سۇلالىسى ئىنتايىن ئاقىلانىلىك بىلەن ئىش كۆرۈپ، بارلىق ئىستىدات ئىگىلىرىنى ئوردىغا كىرىپ ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا تەكلىپ قىلغانىدى. ھەر قېتىم ئۆركېپتىمىر مىڭگان چېلىپ سۇلالە گېمىنى ئورۇندىغىنىدا، ئوردا ئەھلى چىن ئىخلاسى بىلەن پادىشاھنىڭ ئىتائىتىگە ئۆتەتتى. ناپولېئون ئەنە شۇنداق بىر چاغدا قايتىپ كېلىۋىدى، ئوردا ئەھلىدىن بەزىلەر ئارىسال بولۇپ تۇرۇپ قالدى. بۇيرۇق چۇشۇرۇشنىلا بىلىپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئوۋلاشنى بىلمەيدىغان ناپولېئون ئەمدى كىشىلەرگە بۇيرۇقۋازلىق قىلماي تەكلىپ بېرىشكە ۋە كۈلۈمسىرەشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەچكە، ئېزىتقۇ نېيىمنى چالماقچى بولۇپ لېۋىگە قويىدى. ئۆز مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىمپېراتورغا سادىق بولۇپ كەلگەن مارلىپت،

داست، گورگۇدلار ئىمپېراتور بىلەن قول قىسىشار ـ قىسىشماي تۇرۇپ بۇرۇنقى مەرتىۋىسى ئەسلىگە كېلىپ ئۆز ئەملىگە ئولتۇردى.

ئىمپېراتور بوربون سۇلالىسىگە بەيئەت قىلىپ، ۋاپاغا جاپا قىلغۇچىلارنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنى ئوبدان بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارغا كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ پەرقلىق مۇئامىلە قىلدى. مۈلكىي ۋە ھەربىي ئەمەلدارلار، شۇنداقلا ئوردا ئاقسۆڭەكلىرى توپ ـ توپى بىلەن كېلىپ ئىمپېراتورنىڭ ئوردا يىغىنىغا قاتناشتى. كونا ئاقسۆڭەكلەردىن بىر گىرافمۇ تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن كەلدى، ناپولېئون ئۇنى ئىلگىرى سۈرگۈن بولۇپ بارغان يېرىدىن قۇتقۇزۇپ ئەكېلىپ، پالاتا ئەزاسى قىلغانىدى. بىراق، بۇ ئاقسۆڭەك بوربون سۇلالىسى تىرىلگەن پەيتتە پادىشاھنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقانىدى. ئىمپېراتور ئالدىغا كەلگەندە بۇ گىراف «ئىختىيارىم ئۆزۈمدە ئەمەس، قىلمىشىم سىرلىق تەقدىرنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولدى» دېگەن مەنىدە ئاسمانغا قارىدى. ئىمپېراتور زوۋان سۈرمەي كۈلۈپلا قويدى. بۇ گىراف شۇنىڭدىن كېيىن ئوردىغا ئىككىنچى كەلمىدى. بىراق، مارمېنتنىڭ قول ئاستىدىكى بىر ئوفىتسېر ئۆز ۋاقتىدا مارشال مارمېنت ئاسىيلىق قىلىش قارارىغا كېلىپ چاقىرغان ھەربىي يىغىندا ئاچقۇچلۇق سۆز قىلغانىدى، بۇ قېتىم ناپولېئوننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولۇۋىدى، ئىمپېراتور كۈلمەستىن، سۇرلۇك ئاھاڭدا:

— سىزنى تونۇمايمەن! — دېدى. يىگىرمە نەچچە يىلدىن بۇيان ئىزچىل تۇردە ناپولېئوننىڭ يېقىن سەپدىشى بولۇپ كەلگەن ئودىنوتمۇ ئەمدى ناپولېئوننىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەنىدى.

— بىلەمسىز، ئودىنوت؟ — دېدى ئىمپېراتور، —

لورېنلىقلار بىزنى تەگرىدەك بىلىدۇ، بۇلتۇر ئىككى يۈز مىڭ دېھقان سىز ئۈچۈن ئوت دېڭىزىغا كىرىشكە تەييار ئىدى، بۈگۈن بولسا سىزنى ئاشۇ دېھقانلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قوغدىشىمغا توغرا كېلىۋاتىدۇ.

ئۇزاقتىن بۇيان تەۋرىنىپ تۇرغان لافمۇ بۈگۈنگە قەدەر ئىككىلىنىپ تۇرغانىدى، ئەمدى ھەرھالدا ئىمپېراتور تەرەپكە ئۆتتى.

— ئەجەبمۇ ئۇزۇن ساقلاتتىڭىز، ماڭا قوراللىق قارشى قوپماقچىمىدىڭىز؟ — دېدى ئىمپېراتور ئۇنىڭغا. لاف ئالسالىق ئارغۇن بولۇپ، يېرىم گېرمان ھېسابلىناتتى، شۇڭا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك بولۇپ، ئاسانلىقچە ھېسسىياتقا بېرىلمەيتتى.

— ئالىيلىرى، مەسئۇلىيىتىم چۈشەكلەپ تۇرغاچقا ئامالسىز قالغانىدىم، — دېدى.

— يوقىلاڭ گەپ بۇ ! لەشكەرلەر ئەمدى بۇيرۇقىڭىزغا بويسۇنمايدۇ، ئالسالىق يۇرتداشلىرىڭىزمۇ سىزنى چالما - كېسەك قىلىشتىن يانمايدۇ.

— ئېتىراپ قىلمىسىڭىز بولمايدۇ، ئالىيلىرى، — دېدى لاف ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن، — ھالىمىز خاراب. سىز تەختنى بوشىتىپ فىرانسىيەدىن ئايرىلىشىڭىزدا بىزنى پادىشاھقا سادىق بولۇپ خىزمىتىنى قىلىڭلار دېگەنىدىڭىز، ئەمدى قايتىپ كەپسىز.

— سىزمۇ شۇ يەردە تۇرۇپ كەلدىڭىزمۇ؟ ئۇلار سىزگە قانداق مۇئامىلە قىلدى؟ مېنىڭچە، ئاۋۋال پۇچىقىڭىزدىن يەل بەردى، ئاندىن ئىشىكىدىن قوغلاپ چىقاردى. بۇنى پېشانىڭىزدىن كۆرۈۋاتىمەن... بەزىلەر مېنى نەپسانىيەتچى دەپ ئاغرىنىشىدۇ، قىلغۇدەك باھانە تاپالمىغانلىقتىن دېگەن گېپى بۇ. يەنە بىر قېتىم تەكىتلەپ ئۆتەي، گېنېرالىم، فىرانسىيە

ئۇچۇن يەنە بىر قېتىم خىزمەت قىلايلى! شۇنداق قىلساق، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئالدىدا يۈزىمىز يورۇق بولىدۇ.

ئىمپېراتور جىگەرلىك، ئەمما سالاپەتلىك بۇ ئادەم بىلەن ئەنە شۇنداق زوق ـ شوخ تاكاللاشتى. بىراق، لافمۇ بوش كەلمىدى:

— ھۆرمەتلىك ئالىيلىرى، دىرېستون ئۇرۇشىدىن كېيىن تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالاپ خاتا قىلغانلىقىڭىزنى ئىقرار قىلامسىز؟ شۇ چاغدا مېنىڭ گېرمانىيە ۋەزىيىتى ھەققىدىكى دوكلاتىمنى قالايمىقان بىلجىرلىغانلىق، دەپ قارىغانىدىڭىز.

— تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى زادىلا چۈشەنمەيسىز، — دېدى ئىمپېراتور ئۇنىڭ گېپىنىڭ بىلىگە تېپىپ. ئىمپېراتورنىڭ گېپىنىڭ ۋەزنى بىردىنلا ئۆزگىرىپ كەتتى، شۇ تاپتا ئوردىدا ئەمەس، بارگاھتا تۇرۇۋاتقاندەك بىر ھالدا سەپداشلىرىغا بولغان يېقىنچىلىق كەيپىياتتا ئىككەيلىكنى سېزىۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى، بۇ ھالدىن لافنىڭ كۆڭلى ئېرىپلا كەتتى.

— ئېھتىمال، يەنە بىر قېتىم ئۇرۇش قىلىشىمىزدىن قورقۇۋاتقانسىز، ئون بەش يىلدىن بۇيان ماڭا كانۋاي بولۇپ كەلدىڭىز. مىسىردىن قايتىپ كەلگىنىڭىزدە ئاددىي لەشكەر ئىدىڭىز، مەن سىزنى ھەقىقىي باتۇر قىلىپ ياراتتىم. ئەمدى ھەرقانداق تەلىپىڭىز بولسا ئېيتىۋېرىڭ. موسكۋادا كۆرسەتكەن خىزمىتىڭىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن. دانزىگدىمۇ زور خىزمەت كۆرسەتتىڭىز. نېمە بىلەن ئىككىڭلار تېپىلغۇسىز قەيسەر ئىرادىلىك ئادەملىرىمىسىلەر

ئىمپېراتور بىردىنلا لافنى مەھكەم قۇچاقلاپ، يېنىش ـ يېنىشلاپ سۆيۈپ كەتتى.

— نېمە؟ مىسىر ۋە ئاۋستېرلىز ئۇرۇشىدا ئەڭ باتۇرلۇق كۆرسەتكەن باتۇرلىرىمىدىن بىرى تۇرۇقلۇق، مېنى تاشلاپ

كەتمەكچىمىدىڭىز؟ — دېدى ۋە ئاندىن بۇرۇتىنى تارتىپ قويۇپ، — كەلگۈسىدە پىرۇسسىيەلىكلەر ۋە رۇسلارغا قارشى لەشكەر تارتىپ ئاتلانغىنىمدا رېين بىرلەشمە ئارمىيەسىگە قوماندانلىق قىلىسىز. ئىككى ئايدىن كېيىن خوتۇن ـ بالىلىرىمنى ئېلىپ كەلگىلى بارسىز. بۈگۈندىن باشلاپ ماڭا كانۋاي بولۇپ، تېگىشلىك بۇرچىڭىزنى ئادا قىلىسىز.

— خوپ.

شۇنداق قىلىپ بۇرچ تۇيغۇسى تۈپەيلىدىنلا پادىشاھ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن بۇ مىسلىسىز باتۇر چارەك سائەتتىن كېيىن يەنە ئىمپېراتورنىڭ ئادىمى بولۇپلا قالماستىن، بۇرۇنقىدەكلا قوشۇن قوماندانى ۋە كانۋاي بولۇپ تەيىنلەندى. ناپولېئون شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتكەنىدىكى، ھازىر يېنىدا ئەڭ كەم بولۇۋاتقىنى كىشىلەرنىڭ ساداقىتى ئىدى.

نېينىڭ ئەھۋالى مۇرەككەپرەك ئىدى. گەرچە ناپولېئون قايتىپ كەلگەن كۈندىن باشلاپلا ناپولېئوننىڭ خىزمىتىدە بولۇپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ۋىجدانى ئالدىدا ئۆزىنى ئەيىبلەپ ئۇيقۇسى ھارام، كۆڭلى پەرىشان، گەپ ـ سۆزى قالايمىقان يۈرمەكتە ئىدى.

— ئالىيلىرى، ئاڭلىغان بولۇشىڭىزمۇ مۇمكىن، — دېدى ئۇ، — بېشانسۇنغا يۈرۈش قىلىش ئالدىدىكى ھەربىي يىغىندا، مۇشۇ يەردە، مۇشۇ ئوردىدا پادىشاھقا لەۋزە قىلىۋىدىم...

— نېمە دەپ لەۋزە قىلىۋىدىڭىز؟

— تۆمۈردەك جەڭ قىلىپ، سىزنى تۇتۇپ تۆمۈر قەپەسكە سولاپ، تەختىڭىز ئالدىغا ئېلىپ كېلىمەن دەپ لەۋزە قىلغانىكەنمەن.

ئىمپېراتور چۆچۈپ كەتتى.

— ئەخمىقانە گەپ قىلماڭ، بۇنداق خىيالدا بولىدىغان

ھەربىي بولمايدۇ، — دېدى بىر پەستىن كېيىن.
— خاتالاشتىڭىز، ئالىيلىرى، — دېدى بۇ ئوفىتسىر تېخىمۇ كۈچلۈك ھاياجان ئىلكىدە، — گېپىمنى تۈگىتىۋېلىشىمغا رۇخسەت قىلغايسىز. راستلا شۇنداق دېۋىدىم، بىراق، ھەقىقىي ئويۇمنى يوشۇرمىسام بولمايتتى.
ئىمپېراتورنىڭ ئەمدى قاتتىق ئاچچىقى تۇتقانىدى، نېپى خوشلىشىپ قايتتى. ئىككى ئايدىن كېيىن ئاندىن جەڭگاھقا قايتىپ كېلەلىدى، بۇ پولاتتەك ھەربىيلەر ئۆز ۋاقتىدا بۇرچ ۋە ھېسسىيات ئوتتۇرىسىدا قىسىلىپ قاتتىق ئازابتا ئېلىشىپ قالغىلى تاس قالغانىدى. ناپولېئوننىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ خىزمىتىدە بولۇۋاتقان بىرتخېرمۇ شۇ تاپتا ئەنە شۇنداق ئازابلىق سەرگۈزەشتىنى بېشىدىن كەچۈرمەكتە ئىدى.
— بۇ ھاماقەتنى كۆرمەمدىغان، — دېدى ئىمپېراتور ئۆزى ئامراق ئۇ باش ئىشتاب كوماندىرىنى ئەپۇچان تەلەپپۇزدا تىلغا ئېلىپ، — ئۆزىغۇ ياراملىق يىگىت ئىدى. ئىمپېرىيە مۇھاپىزەتچىلىرى فورمىسىنى كىيىپ ئالدىمدا ھازىر بولسىلا كۇپايە ئىدى، باشقا تەلىپىممۇ يوق ئىدى.
ئىمپېراتور پارىژغا قايتىپ كەلگەن كۈنى بىرتخېر ھۇجرىسىغا بېكىنىۋېلىپ تۇنبويى ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ چىقتى، ئاخىردا شۇنچە جەڭلەردىن تىرىك چىققان بۇ ئەزىمەت جۇنېۋغا ئوخشاشلا بالكوندىن سەكرەپ، يولغا ياتقۇزۇلغان تاشقا چۈشۈپ ئۆلدى.
يەنە كىم بار؟ ھە، ستېل خانىم يەنە پەيدا بولدىمۇ؟ ئىمپېراتورنىڭ بۇ كونا رەقىبى خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئىمپېراتورغا ئىنتايىن قايىل ئىكەنلىكىنى، فىرانسىيە ئەگەر دادىسىنىڭ ئىككى يۈز مىليون فىرانك قەرزىنى قايتۇرۇپ بېرىدىغان بولسا، ئەدەبىي ئىستېداتىنى فىرانسىيەگە

بېغىشلايدىغانلىقىنى بايان قىلدى. ئەپسۇسكى، بۇ باتۇر خانىم پەقەت ئاشۇ بىر جۈملە سۆزى تۈپەيلىدىنلا نامىنى بۇلغىۋېلىپ تارىخ بېتىدە مەغلۇپلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. رەقىبى بولمىش ئىمپېراتور بولسا سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ يۈگۈرتۈپ: «سۆزىڭىزدىن تەسىرلەندىم. ئەپسۇسكى، ئۇنچە باي ئەمەسمەن، تەلىپىڭىزنى قاندۇرالمايدىغان بولدۇم» دەپ جاۋاب ئەۋەتتى.

يەنە كىم قالدى؟ مارمېنتمۇ؟ ئاۋگېرومۇ؟ ئۇلار ۋەتەنگە ساتقۇنلۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئىمپېراتور تەرىپىدىن پۇقرالىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىندى. كېيىن تالليېرانمۇ شۇنداق ئاقىۋەتكە قالدى! ۋېيېننا بىلەن پارىژ ئارىسىدا خام تاۋۇزدەك يۇملاپ يۈرۈپ، ئىمپېراتور بىلەن بولغان ئون سەككىز يىللىق رىشتىنى ئۈزۈلگەندى. ھەر ئىككىسىلەن ئۆز كۆڭلىدە: «ۋاي ئىست، شۇنچە ئەقىللىك ئادەمنىڭ قارشى تەرەپكە خىزمەت قىلىپ جېنىنى سېلىپ بېرىۋاتقىنىنى» دەپ ئويلايتتى.

«بالا كەلسە قوشلاپ كەپتۇ» دېگەندەك يەنە بىر سۇيىقەستچى فۇشې قايتىپ كەلدى، قايتىپ كېلىپلا يەنە بىر قېتىم ساقچى ئىشلىرى مىنىستىرى قىلىپ تەيىنلەندى. بىراق، فۇشې بۇ ۋەزىپىنى پاسسىپانىغا داۋاملىق ئاسىيلىق قىلىشنىڭ پۇرستى دەپ بىلدى.

— قايتىپ كەلدى، قايتىپ كېلىشىنى ھېچقايسىمىز خالىمايتتۇق، — دېدى باسسىيانى ئۇستىدە توختىلىپ، — ئەمدى ھەربىي ھەرىكىتىنى يېقىندىن كۆزىتىپ تۇرمىساق بولمايدۇ. بۇ قېتىم تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كېتىدۇ. بىراق، ئۈچ ئايمۇ تۇرالمايدۇ.

فۇشې شۇنىڭدىن كېيىن مېتتېرنىچ بىلەن خەت ـ ئالاقە قىلىشىپ تۇردى، ناپولېئوننىڭ جاسۇسلىرى بولسا بۇ ئىشنى دەرھال دوكلات قىلدى.

— ھۇ ساتقۇن! — تىللىدى ئىمپېراتور دەرغەزەپ بولۇپ. بۇ

چاغدا ئىمپېراتورنىڭ قوبۇلىنى كۈتۈپ تۇرغان مۇلازىمى رافالىيېت يېرىم يېپىق ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئىمپېراتورنىڭ سۆزىنى تىڭشاپ تۇراتتى، ــ ماڭا ساتقۇنلۇق قىلماقچى بولۇپ تۇرۇقلۇق، يەنە نېمە دەپ ماڭا ۋەزىر بولاتتىڭ؟ مېتتېرنىچ بىلەن خەت ـ ئالاقە قىلىشىپ تۇرغىنىڭنى بىلىمەن. سېنى دارغا ئېسىش قولۇمدىن كېلىدۇ، شۇنداق قىلسام خەلقئالەممۇ بۇ ئىشىمنى راۋا كۆرىدۇ.

فۇشې بۇ مەرتىۋىگە روبېسپېر دەۋرىدىلا تۇراقلاشقان رادىكال ئىدىيەسىنىڭ شاراپىتى بىلەن ئېرىشكەنىدى، ئىمپېراتورمۇ دېموكراتىك زاتلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش زۆرۈرىيىتى تۈپەيلىدىنلا كابىنېتقا كىرگۈزۈپ قويغانىدى. بىراق، فۇشې پاسىبانىنى مېتتېرنىچقا سېتىپلا قالماستىن، مېتتېرنىچنىمۇ رادىكاللارغا ساتقانىدى، ئۇنىڭ مەقسىتى ئۆزى باشچىلىقىدىكى جۇمھۇرىيەت قۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. كارنوتمۇ پادىشاھنىڭ ناپولېئوندىنمۇ كۈچلۈك رەقىبى بولۇش سۈپىتى بىلەن تۇنجى قېتىم كابىنېتقا كىردى.

بىراق، مەنىۋى داھىي ئىمپېراتور يوشۇرۇن دۈشمىنى بىيومان كونىستانتنى قولغا كەلتۈردى. گەرچە بىيومان كونىستانت گېزىتلەردە ناپولېئوننى «ئىبلىس ئارىلىدىكى قاراقچى» دەپ قارىلىغان، هون تەڭرىقۇتى ئاتىللا ۋە چىڭگىزخانلارغا ئوخشاتقان بولسىمۇ، پالاتا ئارقىلىق ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزمەكچى بولغان ئىمپېراتور بۇ دېموكراتىيە تەرەپدارىغا موھتاج ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ئون ئۈچ يىل كۆرۈشمىگەن بۇ سىياسىي رەقىبىنى قوبۇل قىلىپ سۆھبەتلەشتى. كونىستانتنىڭ ناپولېئون بىلەن بولغان بۇ قېتىمقى كۆرۈشۈشى توغرىسىدا يازغان خاتىرىسى كېيىن قىرىق نەچچە بەت بېسىلغان بولۇپ، بىز بۇ خاتىرىلەردىن ناپولېئوننىڭ ھەرىكەت رىتىمىنى ئەمەلىي ئېھتىياجغا قاراپ

تەڭشەپ تۇرىدىغان سىياسىيون ئىكەنلىكىنى بىرلا قاراپ بىلىۋالالايمىز:

خەلق يەنە بىر قېتىم مۇنبەر ۋە مەجلىس تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. ئۇلاردا ھېچقاچان بۇنداق تەلەپ بولۇپ باققان ئەمەس ئىدى. تەختكە چىققىنىمدا خەلق ئايىغىمغا باش قويدى. ئەلنىڭ ماڭا بەرگەن ھوقۇقىدىن تولۇق پايدىلانغان ئەمەسمەن. بۈگۈنكى كۈندە ئىشلار ئۆزگىرىپلا كەتتى. ھەممەيلەننىڭ پارلامېنت قۇرۇشنى، سايلام ئۆتكۈزۈشنى، نۇتۇق ئەركىنلىكىنى تەلەپ قىلىشى مودا بولۇپ قالدى. بىراق، بۇ پەقەت ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭلا تەلىپى، خالاس. كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ تەلىپى مەن ئۆزۈم... مەن ھەربىيلەرنىڭلا ئىمپېراتورى بولۇپ قالماستىن، پرولېتارلارنىڭ ۋە دېھقانلارنىڭمۇ ئىمپېراتورىمەن. شۇڭا، نۇرغۇن ئىشلار يۈز بەرگەن بولسىمۇ، خەلق يەنىلا يېنىمغا قايتىپ كەلدى. خەلققە قاتتىق تەلەپچان بولدۇمكى، ھېچقاچان خۇشامەت قىلىپ باقمىدىم، ئەمما خەلق بەرىبىر «ياشىسۇن ئىمپېراتور!» دەپ توۋلاشتى. چۈنكى، خەلق بىلەن مەنپەئەت بىرلىكىگە ئىگىمىز.

بىراق، ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئەھۋالى باشقىچە. ئۇلار تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئوردامغا گۇلدۇرلەپ ئېقىپ كىرىپ، بارلىق مەرتىۋە ئورنىنى ئىگىلىۋېلىشتى. بىراق، ئارىمىزدا مەنپەئەت بىرلىكى يوق. ئاتنىڭ مىنگۈچىگە بويسۇنمىقى ياخشى ئۆگىتىلگەنلىكىدىندۇر. بىراق، مەن ئاتنىڭ ئاستىمدا تىترەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتىم. دەرۋەقە، دۇنياۋى ئىمپېرىيە قۇرۇشقا تىرىشىپ كەلدىم، بۇنىڭ ئۈچۈن چەكسىز ھوقۇققا موھتاجمەن، مېنىڭ ئورنۇمدا بولسا كىمنىڭمۇ مۇشۇنداق تەلىپى بولماي قالار؟ مېنى شۇنداق قىلىشقا دەل مۇشۇ دۇنيا رىغبەتلەندۈرمىدىمۇ؟ ئاقسۆڭەكلەرمۇ، ئاۋام خەلقمۇ ئىمپېراتورلۇق ھوقۇقۇم ئالدىدا قول باغلاپ تۇرۇۋاتىدۇ. بىراق، ئەگەر پۈتۈن دۇنياغا ئەمەس، يالغۇز فرانسىيەگىلا ھۆكۈمرانلىق قىلماقچى بولسام، بىرەر ئاساسىي قانۇننى تۈزۈپ چىقىنىم

ياخشىراق.

ئوي ـ پىكرىڭىزنى ماڭا ئېيتىۋېرىڭ. نۆتۆق ئەركىنلىكى، سايلام ئەركىنلىكى، جاۋابكار كابىنېت، نەشر ئەركىنلىكى بولسۇن، دېمەكچىمۇسىز؟ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى، بولۇپمۇ نەشر ئەركىنلىكىنى قوبۇل كۆرىمەن. ئەگەر خەلق راستلا ئەركىنلىك تەلەپ قىلىدىغان بولسا، چوقۇم ئەركىنلىك بېرىمەن. مەن ئەمدى ئىستىبلاچى ئەمەس، ئىستىبلاچى بولىمەن دەپمۇ بولالمايمەن، نېمىنىڭ مۇمكىن بولىدىغانلىقى، نېمىنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقى ماڭا ئايان. ئەمدىكى بۇرچۇم فىرانسىيەنى قايتا گۈللەندۈرۈش ھەمدە خەلق رايىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر ئاساسىي قانۇننى تۈزۈپ چىقىش.

ئەركىنلىكتىن ئېيمىنىپ قاچقىنىم بىلەن ئەركىنلىكنى ئەسلا يامان كۆرمەيمەن. ئەركىنلىكنى چۈشىنىمەن، دەل ئاشۇ خىل ئىدىيەنىڭ تەسىرىدە ئۆسۈپ چوڭ بولغانمەن. ئون بەش يىل مابەينىدە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىم بەربات بولدى، ئەگەر ئىشنى باشتىن باشلاپ ۋۇجۇدقا چىقىرىمەن دەيدىغان بولسام، يىگىرمە يىل ۋاقىت كېتىدۇ ھەمدە ئىككى مىليون كىشىنىڭ ھاياتىنى قۇربان قىلىشىمغا توغرا كېلىدۇ. تىنچلىققا موھتاجمەن. بىراق، تىنچلىقتا پەقەت غەلىبە ئارقىلىقلا ئېرىشەلەيمەن. سىزنى قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق ئۈمىدلەندۈرۈپ خاتا تۇيغۇ بېرىپ قويسام بولمايدۇ، بىر مەيدان دەھشەتلىك ئۇرۇش كۈزۈمگە كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ. ئۇرۇشتا نۇسرەت قازىنىشىم ئۈچۈن خەلقنىڭ قوللىشىغا موھتاجمەن. خەلق مېنى قوللىغانىكەن، ئەركىنلىك تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق، خەلق ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇشقا ھەقلىق، ئەھۋالىمدا يېڭى ئۆزگىرىش بولدى، شۇنداقلا ئاستا ـ ئاستا قېرىۋاتىمەن. قىرىق بەش ياشلىق ئادەمنىڭ ئوتتۇز ياش چاغلىرىدىكىدەك بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئاساسىي قانۇن چىقىرىپ دۆلەتنى تىنچ ئىدارە قىلىدىغان پادىشاھ بولغىنىمدا ئۆزۈمدىن تولىمۇ خۇرسەن بولغان بولاتتىم، يەنە كېلىپ ئوغلۇممۇ ماڭا ئېغىر بېسىپ چاۋاك چالار ئىدى.

نايولېئوننىڭ ئېلبا ئارىلىدىن قېچىپ چىقىپ فىرانسىيەگە

باشقىدىن ئىمپېراتور بولغىنىدىن كېيىنكى ئاساسىي مەپكۇرىسى ئەنە شۇ ئىدى. بەرھەقكى، ناپولېئوننىڭ مەپكۇرىسى ساختىلىقتىن خالىي، مۇددىئاسى ساپ ئىدى. ناپولېئون شۇنى ھېس قىلىپ يەتكەندىكى، بۇ چاغدا يېڭى بىر دەۋر يېتىپ كەلگەندى. گەرچە بۇ دەۋرنى ئىمپېراتور ياراتقان دېگىلى بولمىسىمۇ، ئىمپېراتورنىڭ مەغلۇبىيىتى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن دېيىشكە بولاتتى. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ ئىنقىلاب ئوغلانى ئاينىپ زالىم بىر مۇستەبىت بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن تەختتىن چۈشۈشكە توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئورنىنى بىرەر ۋارىس پادىشاھ ئەمەس، پەقەت دېموكراتىيەلا ئالالايتتى.

شۇڭا، ئىمپېراتور مۇساپىر ئاقسۆڭەكلەرگە بۇرۇنقىدىنمۇ قاتتىق قولراق بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۈلكىنى مۇسادىرە قىلدى، پادىشاھنىڭ مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنى تارقىتىۋەتتى ھەمدە ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان دەسلەپكى چاغلىرىدىلا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى ئەمدى سىياسىي ھاياتى ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان چېغىدا بولسىمۇ ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، ئاقسۆڭەك ئۇنۋانى بېرىش تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. بۇنىڭ بىلەن ئۆزىگە خۇشامەت قىلىپ يۈرۈپ ئىشلىرىنى ئاقسىتىدىغان ئاقسۆڭەكلەردىن قۇتۇلدى.

«ئەمدى يەنە ئۇرۇش قوزغىغۇم يوق، بۇرۇن دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلماقچى بولغانلىقىمىزدەك پاكىتنى ئۇنتۇپ كېتىشىمىز شەرت، — دەپ بايانات ئېلان قىلدى ئىمپېراتور مۈلكىي ئەمەلدارلارغا، — ئۇ چاغلاردا ياۋروپانى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىزچىل نىشانىمنى ئىشقا ئاشۇرۇش ھەلەكچىلىكىدە يۈرۈپ، خەلقنىڭ تولۇق ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان نۇرغۇن ئىچكى قۇرۇلۇش مەسىلىلىرى بىلەن قالغانىكەنمەن. ھازىر قىلماقچى

بولغان ئىشىم فىرانسىيەنىڭ مۇقىملىقىنى مۇستەھكەملەش، خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى قوغداش، ئىدىيەۋى پىكىر ئالماشتۇرۇش ئەركىنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت. پادىشاھ جەزمەن دۆلەتنىڭ بىرىنچى چاكىرى بولۇشى كېرەك.»

بۇ باياناتنى ئاڭلىغۇچىلاردىن بىرمۇنچىسى بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى ئېغىر كۈنلەردە دەل مۇشۇ ئادەمنىڭ ئاغزىدىن: «ئىمپېراتور دۆلەت دېمەكتۇر» دېگىنىنى ئاڭلىغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار ھازىر يەنىلا ئۈمىدىنى بۇ ئىمپېراتورنىڭ يارلىقىغا بىنائەن كونستانت قەلەم تەۋرىتىپ تەييارلاۋاتقان يېڭى ئاساسىي قانۇنغا باغلىدى. ئاساسىي قانۇن پۈتكىنىدە قاتتىق ھەيران قېلىشتى:

ـــ ئاساسىي قانۇننىڭ قوشۇمچە ماددىلىرى؟ يەنە بىر قېتىم ئالدىنىپتۇقمۇ نېمە؟ ـــ دېيىشتى ئۇلار.

دېموكراتىك زاتلارمۇ ئۆزلىرىگە شۇنداق سوئاللارنى قويۇشتى.

ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بۇ چاغدا ۋېيېننادىن ناپولېئونغا ئۇرۇش ئېلان قىلدى، ئەمما دۆلەت نامىدىكى فىرانسىيەگە زىيان يەتكۈزمەيدىغان دەپ خەۋەر كەلدى. بۇ بىر سىگنال ئىدى. يىگىرمە يىل مابەينىدە تىنچلىقنى تەلەپ قىلىپ كەلگەن خەلق ئاخىر تىنچلىققا ئېرىشكەنىدى، تىنچلىقنىڭ ئۆمرى يەنە شۇنداق كوتە بولارمۇ؟

ـــ سىزدىن يەنە يوشۇرۇپ ئولتۇرسام بولمايدۇ، ـــ دېدى بىر پالاتا ئەزاسى ئىمپېراتورغا، ـــ ئاياللار ھازىر ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق سىزنى دۈشمەن دېيىشىدىغان بولۇۋالدى. ھالبۇكى، بۇ قارشىلاشقۇچىلار فىرانسىيەدە ئىنتايىن خەۋپلىك ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ چاغدا ئىمپېراتورنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ ئەسكەر

بولۇشنى ئەمدى ھېچكىممۇ خالىمايتتى، ئەسلىدە ئىككى يۈز ئەللىك مىڭ ئەسكەر ئالماقچىدى، ئاران ئاتمىش مىڭلا ئەسكەر ئالالىدى.

ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ئۇرۇش ئېلان قىلىشى خەلقنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قارارى بويىچە بولغان ئىش ئىدى. چۈنكى، ھەرقايسى ئەل خەلقى فىرانسىيە خەلقىگە ئوخشاشلا تىنچ تۇرمۇشقا موھتاج ئىدى. ناپولېئوننى پۇقرالىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش قارارىغا كەلسەك، سىياسىي ئامىلدىن كۆرە، ئۆچ ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ كەلگەن خابسبۇرگ جەمەتىنىڭ يۈز - خاتىرىسى تۈپەيلىدىن چىقىرىلغان قارار ئىدى. بىراق، بۇنىڭ بىلەن ناپولېئوننىڭ ھۆكۈمرانلىقى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاندى. ناپولېئون فىرانسىيەگە قايتىپ كەلگەن دەسلەپكى چاغلاردا ھەرھالدا فىرانسىيە خەلقىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، كۈچلۈك ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى ناپولېئونغا قارشى تۇرغاندا خەلقمۇ ناپولېئون ئۈچۈن ھەرقانداق قۇربان بېرىشتىن باش تارتتى. ئىمپېراتور پارىژغا قايتىپ كەلگەن چاغدا بىرمەھەل ھە دەپ ئۆرلىگەن زايۇمنىڭ كۇرسى ئەمدى تۆۋەنلەشكە باشلىدى.

ئىمپېراتور ھودۇقۇپلا كەتكەنىدى.

— ئىمپېراتور ئالىيلىرى، ياردەمدىن مۇستەسنا يىتىم قالغۇدەك ئەھۋالدا ئەمەسسىز، — دەپ جاۋاب بەردى ئىمپېراتورنىڭ بىر يېقىن ئادىمى ئەسكەر ئېلىش توغرىسىدا سورالغان سوئالغا.

— شۇنداق ئاقىۋەتكە قېلىشىم ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس، — دېدى ئىمپېراتور پەس ئاۋازادا.

دوستلىرى ئىمپېراتورنىڭ بۇرۇنقىدەك ئاسان ھاياجانلانمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى، يەنە كېلىپ سەمرىپ

كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىدى، ھەممىشە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق ئىسسىق سۇغا چىلىنىپ ياتىدىغان ۋە ئۇيقۇچان بولۇپ كەتكەنىدى. «ئىچى دەردكە توشۇپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى، ــ دەپ يازىدۇ بىر خىزمەتكارى، ــ سۆز قىلغان چاغلىرىدىكى بۇرۇنقى غورۇرى ۋە سەلتەنەتلىك ئىنتونatسيەسىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.»

تېخى بۇنىڭدىن تۆت ھەپتە ئىلگىرى قايتا باش كۆتۈرۈپ چىققىنىدا شۇ قەدەر روھلۇق، تېتىك ئىدى. ھازىر نېمە ۋەجىدىن بۇنچە مىسكىن ھالغا چۈشۈپ قالغاندۇ؟ ئالدى بىلەن رەپىقىسىنىڭ قىلىقىدىن قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەنىدى. رافالىيېتىنىڭ ۋىيېننادىن ئەۋەتكەن بىر پارچە ئىمزاسىز خېتى قولىغا چۈشۈپ قالغانىدى، بۇ خەتتە مارى لۇئىسىنىڭ ئىمپېراتورنى قانداق مازاق قىلغانلىقى، ئاشنىسى نېيپپېرگكە قانداق كۆيۈپ ـ پىشىپ يۈرگەنلىكى يېزىلغان ھەمدە بەزى بېزەپ تەپسىلاتلارمۇ بايان قىلىنغانىدى. ئىمپېراتور خىرە كابىنېتىدىكى تام مەش ئالدىدا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق كۆڭلى غەش بىر ھالدا ئولتۇرۇپ كەتتى.

پەرمانغا بىنائەن خانىشنى مۇھاپىزەت قىلىپ ۋىيېنناغا ئاپىرىپ قويغان مېنىۋالمۇ ۋىيېننادىن يالغۇز قايتىپ كەلدى. ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن كۈنى ۋە ئەتىسى ئىمپېراتورغا ۋىيېننادا كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى يىپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە ئېيتىپ بەردى. ئىمپېراتور قاتتىق ھەسرەتكە چۆككەن، بوشاپلا كەتكەنىدى. مېنىۋال ئىمپېراتورنىڭ ۋىيېننا ئوردىسىدىكى رىم شاھزادىچىقىنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلاتلىرىغىچە قويماي ئېيتىپ بەردى. يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئىمپېراتور مايىنىڭ ئاشۇ بىر كۈنى قورۇسىدىكى گۈللۈكتە يېگانە ئايلىنىپ يۈردى، ئوغلىنىڭ رايىنىڭ قانداقلىقى، ئۆزىنى تارتقانلىقى ياكى ئانا

جەمەت بوۋىسىنى تارتقانلىقىنى پەقەت خەقنىڭ ئاغزىدىنلا بىلسە، بۇ نەقەدەر ئازابلىق بىر ئىش ـ هە !

كىشىنى دەردكە سالىدىغان ئەنە شۇنداق ئىشلار ئىمپېراتورنى تۇگەشتۇرۇۋەتكەنىدى. تېخىمۇ يامىنى ۋۇجۇدىدا زىددىيەتلىك توقۇنۇشلار يەنە ئەزۋەيلىگىلى تۇردى. ئۆز كۆڭلىدە دەۋرنىڭ تەلىپىگە لايىقلىشىپ، دېموكراتچىلاردىن بولماقچىدى. بىراق، تاشقى تەھدىت خەلقنى ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن قىلىشىغا ئەسلا ئىمكان بەرمەيتتى. ئۆز ۋاقتىدا ئەنئەنىۋى هۆكۈمران بولماقچى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەنئەنىچىلەر بىلەن ئىسلاھاتچىلار ئوتتۇرىسىدا كەسكىن توقۇنۇش يۈز بېرىپ، پۇقرالىق هوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغانىدى؛ ئەمدى ئەنئەنىۋى هۆكۈمران بولۇشتىن ۋاز كەچكىنىدە بولسا ئەنئەنە تەرەپدارلىرى بىلەن ئەنئەنىگە قارشى تەرەپدارلار ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر قېتىم كەسكىن كۈرەش مەيدانغا كەلدى، يەنە بىر قېتىم ئەركىنلىككە قايتا قەدەم باسقىنىدا مەغلۇبىيەتكە دۇچار بولدى.

شۇنىڭ بىلەن بۈيۈك بىر يېڭىلىقتا كۆچۈش ئالدىدا ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئاساسىي قانۇننىڭ قوشۇمچە ماددىلىرىنى ئۆتكەنكى نۇرغۇن قانۇنلىرىغا ئوخشاشلا «ئىگىلىك هوقۇقىغا ئىگە خەلق»نىڭ تەستىقىغا سۇنۇپ، خەلقنىڭ ئاۋازىغا قويدى.

شۇنداق بولسىمۇ كونستانت كاللا قاتۇرۇپ ئويلاپ چىققان ئاساسىي قانۇننىڭ خېلى ئىلغار دېموكراتىيە ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ ئاتمىش يەتتە ماددىلىق قوشۇمچىسى ئەنگلىيە ئاساسىي قانۇنىدىنمۇ ئىلغار بولۇپ، 19 ـ ئەسىر ئۈچۈن ئۆرنەك بولۇپ قالغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن قانۇنىي تەرتىپتىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ هەرقانداق كىشىنى قولغا ئېلىش ياكى

سۇرگۇن قىلىش مەنئى قىلىندى؛ خەلق دىنىي ئېتىقاد ۋە نەشىر ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن قىلىندى؛ قانۇن تۈزۈش ئۆزگەرتىلدى، كېڭەش پالاتاسى يۇقىرى پالاتا قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئىلگىرىكىدەك ئىمتىيازلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى؛ كېڭەشلەر ئاشكارىلاشتۇرۇلدى؛ ھەر ئىككى پالاتا قانۇن تۈزۈش، خام چوتنى رەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە قىلىندى؛ كابىنېت ئەزالىرى پارلامېنت ئالدىدا جاۋابكار قىلىندى؛ قانۇننى ئىزاھلاش ھوقۇقى پارلامېنتقا مەنسۇپ بولدى.

ئېلان قىلىنغان بۇ ئاتمىش يەتتە قوشۇمچە ماددىنىڭ ھەربىر ماددىسى مۇستەبىت ناپولېئوننىڭ يۈرىكىگە سانجىلغان خەنجەر ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئاخىرى سۈلھى قىلدى. بىراق، كونىستانت بىلەن جىددىي مۇنازىرىلىشىپ: بىرىنچى، ئاقسۆڭەك مەرتىۋىسىنىڭ ۋارىسلىقى توغرىسىدا «ئاقسۆڭەكلەرنىڭ پۇشتى بىر ـ ئىككى قېتىم غەلىبىلىك ئۇرۇش قىلغاندىن كېيىن ئاقسۆڭەك ئىمتىيازىغا ۋارىسلىق قىلسا بولىدۇ»؛ ئىككىنچى، مۇسادىرە قىلىش ھوقۇقۇم بولۇشى كېرەك، دىگەن ئىككى تۈرلۈك تەشەببۇسىدا چىڭ تۇردى ۋە: «بۇنداق ھوقۇقۇم بولمىسا، گۇرۇھلار ئىختىلابىغا تاقابىل تۇرۇشقا قۇربىم يەتمەيدۇ. مەن ئەۋلىيا ئەمەس، ئاددىي ئادەممەن، باشقىلارنىڭ ھۇجۇمى ئالدىدا مۇۋاپىق جازا تەدبىرى قوللانماستىن قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرالمايمەن» دەپ ئىزاھلاپ ئۆتتى. بۇ ئىككى تەشەببۇسى «قوشۇمچە ماددىلار»نىڭ ئىناۋىتىگە نۇقسان يەتكۈزەتتى. چۈنكى، ئىلگىرى ئۆمۈرلۈك باش مەمۇر ۋە كېيىن ئىمپېراتور بولماقچى بولغىنىدا قىلغىنىدەك بۇ ھەقتىكى مۇنازىرىگە يول قويماستىن، پەقەت قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق خەلقنىڭ ئاۋازىغا قويۇشقىلا ئىجازەت

بەرگەندى، شۇنىڭ بىلەن دېموكراتىيەچىلەر ئاغرىنىشقا باشلىدى. بۇ مەنسۇۋى داھىينىڭ قىلماقچى بولغان ئىشىنىڭ فىرانسىيەگە نەقەدەر زور نەپ يەتكۈزىدىغانلىقىنى بىلىدىغان كىشى يوق ئىدى. ئىمپېراتور ئەينى يىللىرى ئومۇمىي خەلقنىڭ ئاۋازىغا قويغىنىدا تۆت مىليون ئاۋازغا ئېرىشكەن بولسا، بۇ قېتىم ئاران بىر مىليون بەش يۈز مىڭ ئاۋازغىلا ئېرىشتى. چۈنكى، خەلقنىڭ كۆپىنچىسى ئاۋاز بېرىش ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىپ جىم تۇرۇۋالغانىدى.

باتۇر كىشىلەردىن بىرقانچىسى ئوتتۇرىغا چىقىپ قارشى پىكىر بەردى، بۇنىڭ بىرى ناپولېئوننىڭ سادىق ئادىمى كارنوت ئىدى.

— قوشۇمچە ماددىلىرىڭىز خەلقنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدۇ، شۇڭا خەلق قوبۇل قىلمايدۇ. ماقۇل دەڭ، تۈزىتىش كىرگۈزۈڭ. گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام بولمايدۇ، سىز بىلەن بىزنىڭ تەقدىرىمىز كەڭ قورساقلىقىڭىز ۋە مېھرىبانلىقىڭىزغا باغلىق بولۇپ قالدى، — دېدى كارنوت. بوناپارت لېيتېنانت بولغىنىدىن تارتىپ ھازىرغىچە بۇنداق گەپ قىلىشقا ھېچكىم پېتىنغان ئەمەس ئىدى. — ئالىيلىرى، گېپىمدىن ھەيران قالغانسىز ـ ھە؟ بىراق، پاكىت ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق، قارارىڭىز ھەقىقەتەنمۇ خەلقنىڭ ئارزۇسىغا مۇخالىپ كېلىدۇ.

— دۈشمەن بوسۇغىمىزغا قىستاپ كەلدى، قوغلىۋېتىشىمگە ھەمدەم بولۇڭلار، — دېدى بۇ كونا ھەربىي ناپولېئون، — ئاندىن ئەركىنلىك ئۈستىدە ئويلىنىشىمغا چولام تېگىدۇ.

بىراق، بۇنداق قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يېڭى دەۋرنىڭ تەلىپىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەن بولسىمۇ، خەلق ۋەكىللىرى بىلەن چىقىشىپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ناپولېئون بۇيرۇق بېرىشتىن باشقىنى بىلمەيتتى!

## ئون سەككىزىنچى، ۋاتېرلودا مەغلۇبىيەت

ھاۋا ئوچۇق بىر ئەتىگىنى پارىژنىڭ شەھەر ئەتراپى رايونىدىكى بايرام تۈسىگە كىرگەن كەڭرى مەيدان ئاممىۋى يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن شەھەر كوچىلىرىنى تاشلاپ بۇ يەرگە توپلاشقان شەھەر ئاھالىسى بىلەن قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەنىدى. كونا ئەسكەرلەرمۇ، يېڭى ئەسكەرلەرمۇ شۇ يەردە ئىدى، ئۈچ رەڭ بايراق رەئىس سەھنىسىدە جەۋلان قىلىپ تۇراتتى، ئالتە يۈز نەپەر پالاتا ئەزاسى ۋە نەچچە يۈز ئاقسۆڭەك ئىتتىپاقداش قوشۇنلارنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى ئاتلىنىش ئالدىدا يېڭى ئاساسىي قانۇنغا سادىق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا قەسەم بېرىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلىدىغان ئىمپېراتورنى كۈتۈپ تۇرۇشماقتا ئىدى.

ئىمپېراتور شۇ ئەسنادا ھەمراھلىرى بىلەن چىقىپ كەلدى، كاناي ئاۋازى يىراقتىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كىشىلەر ئىمپېراتورنى چوقۇم سەلتەنەتلىك ھەربىي فورمىسىنى كىيىپ كېلىدۇ، دەپ ئويلاشقانىدى. چۈنكى، ئىمپېراتور يەنە بىرقانچە كۈندىن كېيىن يېڭىباشتىن قوشۇن تارتىپ ئىمپېراتورلۇق تەختى ۋە ۋەتىنى ئۈچۈن ئۇرۇشقا ئاتلىناتتى.

ئالدىدا گىۋاردىيە بايراقچىلار ئەترىتى، ئارقىدا بۈركۈت تۇغلۇق قوشۇن ۋە ئۈچ رەڭ تۇغلۇق قوشۇنلار ئەترىتى، ئۇنىڭدىن كېيىن رەڭدار فورمىلىق گىۋاردىيە قوشۇنى، ئەڭ ئاخىرىدا ئىمپېراتورنىڭ سەككىز ئات قوشۇلغان شاھانە پەيتونى سەلتەنەت بىلەن كېلىۋاتاتتى، پەيتون ئىچىدە ئۈچىسىغا ئاق شايى كۆڭلەك، بېشىغا تۆگىقۇش پېيى قادالغان شلەپە كىيگەن، شاھانە تون يېپىنچاقلىغان ئىنتايىن سۆلەتلىك، ئەمما مىسكىن

بىر كىشى ئولتۇراتتى. ئىمپېراتور شۇمىدۇ؟

ئىمپېراتور بىلەن چىقىشىۋالماقچى بولغان خەلق بۇ سۈرلۈك ئىمپېراتورنىڭ شۇ ھەيۋىتىدىن ئەيمىنىپ داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قېلىشتى. چاچلىرىغا ئاق سانجىغان، خوتۇن ـ بالىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان بۇ غېرىب تولىمۇ مىسكىن كۆرۈنەتتى.

ـــ قەسىمىڭىزگە ئىشەنچىمىز كامىل، ئاقىل ۋەكىلىمىز قانۇنلارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ئاساسىي قانۇنغا ئۇيغۇنلاشتۇرىدۇ، ـــ خىتاب قىلدى يېڭى پالاتا باشلىقى دۇئا ـ تىلاۋەتتىن كېيىن ئىمپېراتورنىڭ ئالدىغا كېلىپ جاراڭلىق ئاۋازدا. بۇ خىتاب ئىشلارنىڭ تېخى ئاياغلىشىپ كەتمىگەنلىكى، كىشىلەرنىڭ ئاساسىي قانۇننىڭ قوشۇمچە ماددىلىرىدىن قانائەت ھاسىل قىلمىغانلىقى، تېخىمۇ كۆپ نەرسە تەلەپ قىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇ پالاتا باشلىقى ئاندىن خەلقنى باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىپ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە چاقىردى ۋە قوشۇنغا نۇسرەت تىلىدى.

ئىمپېراتور كۆڭلىدىكى پەرىشانلىقنى يوشۇرۇپ، يېڭى ئاساسىي قانۇننى جاكارلاتقۇزدى ھەمدە ئاساسىي قانۇن ئالدىدا قەسەم بەردى، قوشۇن ئىمپېراتورنىڭ بۇ قەسىمىدىن شادلىنىپ تەنتەنە قىلدى. بىراق، ئۇلار سۆلەتلىك كىيىملەر ئىچىدىكى ئۆز ئىمپېراتورىنى تونۇمايلا قېلىشتى، ئۇلار ئۆز قەھرىمانىنى كۆزلىرى چاقنىتىدىغان سۆلەتلىك ۋال ـ ۋۇل كىيىم ۋە پەي بېزەكلىرى بىلەن ئەمەس، ئۇچىسىغا يېشىل ھەربىي فورما كىيگەن، قالپىقىغا ئۈچ رەڭ بەلگە تاقىغان ھالىتىدە كۆرۈشنى خالايتتى.

ئىمپېراتور بىر ھەپتىدىن كېيىن يىغىن چاقىردى، يىغىندا سۆزلىگەن نۇتقىدا شۇ يىلى كۈزدىكى ئومۇمىي يىغىندا خەلقنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلغان ئىشلارنى تىلغا ئېلىشتىن ئىمكانقەدەر

ساقلاندى. تۆۋەن پالاتا دۆلەتنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوغداشقا ۋەدە بەردى. بىراق، يەنە:

— ھەرقانچە غالىب ھۆكۈمرانمۇ ئۆز ئىرادىسى ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتنى قوغدىنىش يولىدىكى ئۇرۇش دائىرىسىدىن ھالقىتىشقا قادىر ئەمەس، — دېدى.

يۇقىرى پالاتا ۋەكىللىرىمۇ ئۆز نۇتۇقلىرىدا «فىرانسىيە ھۆكۈمىتى غەلىبىنى دەپ دۆلەتنى تاپتىن چىقارسا بولمايدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇردى. ئىمپېراتور گەپ قىلماي تۇرغىنى بىلەن ئاچچىقىدا تىترەپ كەتكەنىدى، ئۇلارنى شۇ ئان قوغلىۋەتكۇسى كېلىپ كەتتى. بىراق، قوغلىۋېتىش تۇگۇل، قالايمىقان بىلجىرلاۋاتىسىلەر، دەپ ئەيىبلەشمۇ ئەپسىز ئىدى.

لۇسىئان ئاخىر ئاكىسى بىلەن بىرلىشىپ، يېڭى پالاتا ئەزالىرىدىن بىرى بولغانىدى. ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن يۈز كۆرۈشۈپ، بىر ـ بىرىگە قول بېرىشىپلا يارىشىۋالدى. ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم خانزادە ۋە ئالىيلىرى ئاتىلىشقا مۇشەررەپ بولغان لۇسىئان ئىمپېراتورغا بولۇشۇپ تەرەپ ـ تەرەپتە نۇتۇق سۆزلىدى، ئاكادېمىيەدە دوكلات بەردى ھەمدە نۇرغۇن پۇللۇقمۇ بولۇپ قالدى. لۇئىس ئاغرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن كېلەلمىدى. ژېرومې كەلدى ۋە ئاكىسىنىڭ ئالدىدا پەرمانبەردار بولۇپ تۇردى. ئۇتانىس ئوردىدا خانىشنىڭ خىزمىتىنى ۋاكالىتەن يۈرگۈزدى، ئۇتانىسنىڭ ئوغلى شۇ تاپتا ئوغۇلسىز قالغان ئىمپېراتور ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم ئىدى. ناپولېئون جىيەن ئوغۇللىرى بىلەن بالكونغا چىقىپ، فىرانسىيە خەلقىگە ئۆزىنىڭ ئوغۇلسىز قالغان بولسىمۇ ۋارىسسىز ئەمەسلىكىنى نامايان قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئىمپېراتورنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىدىن ئىبارەت تىراگېدىيەلىك تارىخىغا خاتىمە بېرىلگەنىدى.

ئىمپېراتور ئەتىسى سەھەردە جەڭگاھقا ئاتلاندى، بۇ

ئۆرۈشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق ئۆرۈش بولۇپ قېلىشىنى تىلەيتتى. دەرۋەقە، بۇ ئىمپېراتور ئۈچۈن ئاخىرقى بىر قېتىملىق پۇرسەت ئىدى.

ئىمپېراتور پىلانىنى كارنوتقا ئاشكارىلىدى، كارنوت بولسا ياردەمچى قوشۇنلار تولۇق كېلىپ بولغاندىن كېيىن بىرقارارغا كېلىش تەكلىپىنى بەردى. چۈنكى، ئىيۇلنىڭ ئاخىرىغىچە رۇسىيە قوشۇنىمۇ، ئاۋىستىرىيە قوشۇنىمۇ فىرانسىيەگە كېلىپ بولالمايتتى. شۇنداق بولغىنىدا ئەنگلىيە ۋە پىرۇسسىيە قوشۇنلىرى ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمايتتى. ناپولېئون شۇ ئالتە ھەپتە ئىچىدە ئەسكىرىي سانىنى بىر قاتلىيالايتتى، پۈتۈن فىرانسىيەنى بارگاھقا ئايلاندۇرۇۋېتكىلى بولاتتى ھەمدە پارىژنىڭ مۇھىم - مۇھىم جايلىرىدا مۇداپىئە مۇئەسسەلىرىنى كۈچەيتىشكە مۇۋەپپەق بولاتتى.

— بۇنىسى ماڭا ئايان. بىراق، — دېدى ئىمپېراتور باش چايقاپ، — بۇنچە ئۇزاق كۈتۈپ تۇرالمايمەن، جاھاننى زىلزىلىگە سالغۇدەك غەلىبىلىك ئۇرۇش قىلمىسام بولمايدۇ!

مەغلۇپ چېمپىيوننىڭ خىيالىغۇ بۇ؟ بىراق، ناپولېئوننىڭ پىلانى ئازغىنا قوشۇن بىلەن ھۇجۇم قىلىش، زاپاس قوشۇن بولمىغان ئەھۋالدا چەبدەس ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئىدى. ناپولېئون قورامىغا يەتكىنىدىن بۇيان زادىلا بۇنداق تەۋەككۈلچىلىك قىلىپ باقمىغانىدى، بۇنداق قىلىشىدىن مەقسىتى تۆت دۈشمىنىگە بىر - بىرى بىلەن ئۆچرىشىش پۇرسىتى بەرمەسلىك، كۆز ئالدىدىكى ئىككى دۈشمىنىنى بىردىن - بىردىن بەربات قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

بىراق، مۇشۇ يىگىرمە يىل مابەينىدە ياۋروپادىكى قوماندانلارنىڭ ھەممىسى بۇ مۇتەخەسسىسنىڭ تاكتىكىسىنى بەش قولدەك ئېنىق بىلىپ كەتكەن ناپولېئون بولسا بۇ يىگىرمە يىلدا

بارى ـ يوق تاكتىكىسىنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سېلىپ بولغانىدى. بۇ قېتىمقى ھەربىي يۈرۈشتە ھەرىكەتنى چەبدەس بولسىمۇ، يەنىلا ئىلگىرىكىدەك تېز ئەمەس ئىدى. ئەندىشىسى ئىلگىرىكى بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇشتىكىگە ئوخشاشلا دادىللىقىغا كاشىلا بولدى. كارلوسلونى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن بىرقانچە كۈن ئىچىدە بىلۈچېر قىسىملىرىغا غەلىبىسىنى قوغلاپ زەربە بەرگۈدەك مادارى قالمىدى، قوشۇنىنىڭ يېرىمىنى مارشال نېيغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، نېينى ئەنگلىيە قوشۇنلىرىغا ئالدىنى توسۇپ زەربە بېرىش ئۈچۈن بېرىيۇسېل تەرەپكە قاراپ يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئالدىدىكى دۈشمەننىڭ پۈتۈنلەي پىرۇسسىيە قوشۇنلىرى ئىكەنلىكىدىن ھەيرانلىق ئىچىدە خەۋەر تاپتى ـ دە، نېيغا قوشۇنلىرىنى قايتۇرۇپ كېلىش توغرىسىدا شۇ ئان بۇيرۇق چۈشۈردى. «فىرانسىيەنىڭ تەقدىرى سىزنىڭ قولىڭىزدا» دەپ يازدى نېيگە چۈشۈرگەن پەرمانىنامىسىدە. نېينىڭ داۋاملىق ئىلگىرىلىمەستىن، دۈشمەننى ئارقا تەرەپكە ئۆتۈپ قورشاۋغا ئېلىشىغا توغرا كەلدى. بىراق، كېچىككەنىدى. گۋاتېرادا ۋېللىڭتون قوشۇنلىرى بىلەن تۇتۇشۇپ قالغاچقا، بىرلا بىرلەشمە ئارمىيەنى ئاجرىتالىدى. ھالبۇكى، ئاجراتقان بۇ قوشۇنلىرى رولىنى جارى قىلدۇرالمايدىغان ناباب بىر جايغا ئەۋەتىلگەنىدى، شۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىشى مۇمكىن بولماي قالدى ـ دە، چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

بىراق، ناپولېئون بولسا شۇ كۈنى پەقەت قوشۇنىنىڭ يېرىمى بىلەنلا رىنىدا غەلىبىلىك ئۇرۇش قىلدى، بۇ ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق غەلىبىسى ئىدى. بىلۈچېر ئوق تېگىپ يارىلانغان ئېتى بىلەن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلدى، گېنىسنو شۇنچە خەۋپلىك

ئەھۋالدىمۇ ھولۇقۇپ كەتمەي، بۇ قېتىمقى چېكىنىشنىڭ مەغلۇبىيەتكە ئايلىنىپ كەتمەسلىكىنى قولغا كەلتۈردى ھەمدە ئىتتىپاقداش قوشۇنلارغا «ئەتە ۋاپىلدا ئۇچرىشايلى» دەپ خەۋەر بەردى. ئىمپېراتور شۇ كۈنى غەلىبىسىرى قوغلاپ زەربە بەرمىدى. ئەگەر ناپولېئوننىڭ ئاغرىپ ھالىدىن كەتكىنىنى بىلمىگىنىمىزدە، گالۋاڭلىقىدىن قاتتىق ھەيران قالغان بولار ئىدۇق. پىرۇسسىيە قوشۇنلىرىغا قوغلاپ زەربە بېرىش ئۈچۈن گىروچىيغا ئوتتۇز مىڭ كىشى ئەۋەتتى، ئەمما كېچىككەندى. ناپولېئون شۇنچە ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغان پىرۇسسىيە قوشۇنلىرىنىڭ شۇنچە تېز ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، ئەنگلىيە قوشۇنلىرى بىلەن ئۇچرىشالىشىغا ئىشەنمەيتتى، تونۇگۈن پىرۇسسىيە قوشۇنلىرىنى ئۆزىنىڭ يېرىم - يارتا قوشۇنى بىلەن يالغۇزلا مەغلۇپ قىلغان يەردە، ئەتە ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالىدىغان ئەنگلىيە قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلماي قالمايمەن، بۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت يەتمىش مىڭ كىشىلىك قوشۇن يېتىپ ئاشىدۇ دەپ ئويلىغان، گېنېسونىڭ تىز پۈكمەس روھىنى، سالماق تەبىئىتىنى ۋە بىلۇچېرنىڭ قەيسەرانە خاراكتېرىنى نەزەرگە ئالمىغانىدى.

ناپولېئون رەقىبىنى تونجى قېتىم تۆۋەن چاغلىدى. ئۆتكەن قېتىم فىرانسىيە قوشۇنىنىڭ ئۆزى يالغۇز ئۈچ دۆلەت قوشۇنلىرىغا تاقابىل تۇرغان بولسا، بۇ قېتىم تۆت دۆلەت قوشۇنلىرىغا تاقابىل تۇرۇشقا توغرا كەلگەنىدى. بىراق، بۈگۈنگە قەدەر «ناپولېئوننى يەڭدىم» دېيەلەيدىغان بىرمۇ قوماندان چىقمىغانىدى.

ناپولېئون شۇ تاپتا ئۆزىنى بەك ئۈستۈن، دۈشمىنىنى بەك تۆۋەن چاغلاپ خاتالاشقانىدى. بىراق، بېپەرۋالىق ۋە بىمەنىلىك بىلەن ھۇجۇم قوزغىغانمۇ ئەمەس، شۇنداقلا قوشۇنىنىڭ

قوماندانلىق ھوقۇقىنى تۇغقاندارچىلىقنىڭ يۈز ـ خاتىرىسىنى قىلىپ، تەجرىبىسىز كىشىنىڭ قولىغا تۇتقۇزغانمۇ ئەمەس، ئەگەر گىروچىينىڭ قوشۇنىنى يېنىغا ئېلىپ قالغان بولسا، دۈشمەننىڭ ئەسكىرىي كۈچى ئۆزىنىڭكىدىن ئېشىپ كەتمىگەن بولار ئىدى. دېمەك، ناپولېئوننىڭ ھېساباتىدىكى خاتالىق فىرانسىيەنىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەب ئەمەس ئىدى.

ئومۇمەن، ناپولېئوننىڭ تەقدىرىگە تەسىر كۆرسەتكەن ئامىللارنى تەتقىق قىلىپ كۆرگەنلىكى كىشىنىڭ ھەممىسى شۇنداق قاراشتا ئىدىكى، مەغلۇپ بولۇشىدىكى ئاخىرقى ئامىل يېشىنىڭ چوڭىيىپ كەتكەنلىكى ئىدى. ناپولېئوننىڭ ھەرىكىتى ئاغىرىق ئازابى تۈپەيلىدىن چەكلىمىگە ئۇچرايتتى، ھېلىقى كۈنى ئەتىگىنى ۋاتېرلو ئۇرۇشىدا دەرھال ھۇجۇمغا ئۆتمىگىنىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ ئىدى. ئىيۇننىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى بىر كۈنى سەھەر سائەت تۆتلەردە قويۇق ئۇيۇقتىن يېڭىلا كۆتۈرۈلۈپ چىققان مەھەل ئىدى، پىرۇسسىيە قوشۇنلىرى ئۇدا بىرقانچە كۈن ياغقان يامغۇر بىلەن پېتىق بولۇپ كەتكەن يولدا يۈرۈش قىلالىغانىكەن، سىناقتىن ئۆتكەن فىرانسىيە قوشۇنلىرى ماڭالماي قالمايتتى، ئەلۋەتتە. چۈنكى، ناپولېئون بۇ قېتىم باشلاپ ماڭغان قوشۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى كۆپ جەڭنى بېشىدىن كەچۈرگەن كونا لەشكەرلەر ئىدى. بىراق، ناپولېئون يەر زەمبىرەكلەرنى قويغۇدەك قاتسۇن، دەپ قاق چۈش بولغۇچە كۈتۈپ تۇردى — ۋىيېننا ئۇرۇشىدا ئۆكتەبىرنىڭ سەھەر تۇمانلىرىغا پەرۋا قىلماي قاق سەھەردىلا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، دۈشمىنىنى تاتلىق ئۇيقۇسىدىن ئويغاتقان ناپولېئون ئەمدى بولسا چۈش بولغۇچە ھۇجۇم قىلماي كۈتۈپ تۇردى. ئىمپېراتور ئاشۇ يېرىم كۈن ۋاقىتنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقى ئۈچۈنلا

يېڭىلدى. ناپولېئون «ياخشى ئىتتىپاق» دەپ ئاتىلىدىغان بىر دۆڭگە ئاتلىق چىقىپ، قوشۇننى ئۈچكە ئايرىپ، لەشكەرلىرى ئالدىدا پولاتتەك جاراڭلىق ئاۋازدا قەسەمياد قىلدى، بۇ قېتىم دۈشمەنىنىڭ مۇداپىئە سېپىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئۇدۇللا بېريۇسېلغا كىرمەكچىدى.

قوشۇنلار جەڭگە ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشىپ كەتكەنىدى. چۈشتىن كېيىن بولغاندا «پىرۇسسىيە بىرلەشمە ئارمىيەسى ئاتلىنىپتۇ» دەپ خەۋەر كەلدى. بۇ خەۋەردىن چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ئىمپېراتور بىرپەستىن كېيىن گىروچىغا «قوشۇننى قايتۇرۇپ كېلىڭ» دەپ بۇيرۇق ئەۋەتتى. گىروچى بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالالارمۇ؟ تاپشۇرۇۋالغان تەقدىردىمۇ دۈشمەن قوشۇنى شۇنچە ئاسان قويۇۋېتەرمۇ؟ بۇ ئىشلارنىڭ قانداق نەتىجە بېرىشى ئاشۇ بىر سائەت ئىچىدە تەلىيىنىڭ قانداق بولۇشىغا باغلىق ئىدى. پىرۇسسىيەلىكلەر ھەمدەمگە كېلىپ بولغۇچە ئارىلىقتا ئىنگلىزلارنى مەغلۇپ قىلىش شەرت ئىدى. شۇڭا، ناپولېئون نۇرغۇن ئاتلىق چەۋەندازلىرىنى قوشۇپ ئەنگلىيە قوشۇنلىرىغا شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئاتلاندۇردى. بىراق، ئەنگلىيە قوشۇنلىرى تەۋرەپمۇ قويمىدى. كونا گىۋاردىيە قوشۇننى ئاتلاندۇرۇش كېرەكمۇ ـ قانداق؟ ياق، تېخى پۇرسەت يېتىپ كەلمىدى. بىرونىڭ قوشۇنى ئوققا تۇتقىلى تۇردى، ناپولېئون ھەرقانچە زور بەدەل تۆلەپ بولسىمۇ چېكىنىش يولىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك ئىدى، ئۇنداق قىلمىغاندا پۈتۈن قوشۇنى ھالاك بولۇشى مۇمكىن ئىدى. بىراق، بۇ چاغدا ئىنگلىزلارنىڭ يېرىمى يوقىتىلغان، سائەتمۇ بەش بولۇپ قالغانىدى. ئەگەر كونا گىۋاردىيە قوشۇننى ئىشقا سالغىنىدا قىر ـ چاپ بىلەن يول ئېچىۋېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. چۈنكى، بۇ چاغدا ۋېللىڭتون پىرۇسسىيە قوشۇنلىرىغا: « قوشۇنۇڭلار داۋاملىق ئالغا

ئىلگىرىلىمەيدىغان ھەمدە ئۇزۇلدۇرمەي ھۇجۇمغا ئۆتمەيدىغان بولسا، مەغلۇپ بولغىنىمىز شۇ» دەپ خەۋەر بەرگەنىدى. ھازىر ئىمپېراتور كونا گىۋاردىيە قوشۇنىنى ھۇجۇمغا ئاتلاندۇرىدىغان ئەڭ ياخشى پەيت ئىدى. بىراق، ئىمپېراتور پىرۇسسىيەنىڭ ئىككىنچى بىر بىرلەشمە ئارمىيەسى ھۇجۇمغا ئۆتتى دەپ ئويلاپ ئەزمىلىك بىلەن ئارتۇقچە ئېھتىياتچان بولۇپ كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن ئەنە شۇنداق ئاچقۇچلۇق پەيتتە يەنە بىر قېتىم قوشقۇنغا ئولتۇرۇۋالدى.

ئىمپېراتور دەھشەت بىر قارارغا كەلدى! شۇنچە ئەقىللىق بىر قىمارۋاز تۇرۇپ بار دەسمايىسىنى بىراقلا تاۋكاغا ئاتتى. ئەمما، بۇگۈن ئۇتتۇرۇۋەتسە بولمايتتى. چۈشتىن كېيىن سائەت يەتتىدە كونا گىۋاردىيە قوشۇنىدىكى ئاخىرقى بەش مىڭ جەڭچىنى ھۇجۇمغا ئاتلاندۇردى، بۇ ئۇمىدتىن ئەسەرمۇ يوق بىر تەۋەككۇلچىلىك ئىدى. بىر چاغلاردا پۈتكۈل ياۋروپانىڭ تەڭ يېرىمىنى زىلزىلىگە سالغان «ياشىسۇن ئىمپېراتور!» دېگەن شۇئار سادالىرى ئەمدى ئولتۇرۇۋاتقان قۇياش بىلەن تەڭ ئولتۇرۇپ، سېھرىي كۈچىدىن مەھرۇم قالارمۇ؟ شۇنداق، بۇ قۇياش ئەتىدىن باشلاپ يەر ـ زېمىننى يورۇتالماس بولۇپ قالدۇ. پىرۇسسىيەنىڭ ئىككىنچى بىرلەشمە ئارمىيەسى فىرانسىيە گىۋاردىيەسىنى شىددەتلىك توپقا تۇتۇپ چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى، شۇنچە ئۇستۇنلۇككە ئىگە پىرۇسسىيە قوشۇنىنىڭ ئەسكىرىي كۈچى بولسا ئازايماستىن ئۇزۇكسىز كۆپەيدى. سائەت سەككىزلەردە پىرۇسسىيە ئۈچىنچى بىرلەشمە ئارمىيەسى جەڭگاھتا پەيدا بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىر يۈز يىگىرمە مىڭ كىشىلىك ئىتتىپاقداش قوشۇنلارنىڭ ئەسكىرىي سانى ئۆزىنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەيدىغان فىرانسىيە قوشۇنلىرىغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتى، مەغلۇپ بولغان فىرانسىيە قوشۇنلىرى

پىتىراپ قېچىشقا باشلىدى، گېنېرال بوناپارت ئاخىرقى ئۇرۇش ھاياتىدا ئۆز قوشۇنىنىڭ پىتىراپ قاچقانلىقىنى تۇنجى قېتىم كۆردى. دۈشمەننىڭ ئوق يامغۇرى ئىچىدە قالغان ئىمپېراتور ئاتلىق بىر سائەت قېچىپ يۈرۈپ، فىرانسىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئىككى تۇركۇم قالدۇق سېپىگە كىرىۋالدى. بۇ ئىككى سەپ يىمىرىسپ تاشلانغاندىن كېيىن ئاتلىق مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ ھىمايىسىدە ئېتىنى ئۇچقاندەك چاپتۇرغىنىچە چېگرادىن ئۆتۈپ فىرانسىيەگە كىرىۋالدى. كېسىلى قوزغىلىپ ئاشقازىنى قاتتىق ئاغرىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئەتىسى ئەتىگىنى سائەت بەشكە قەدەر ئاتتىن چۈشمەي يولىنى داۋام ئەتتى، ئاندىن ئەبجەق بىر پەيتونغا چۈشۈپ بىرقانچە سائەت دەم ئېلىۋالدى. قورقۇپ قوشقۇنغا ئولتۇرۇۋالدىمۇ؟ ياق، ئىش دەل ئەكسىچە بولدى! پارىژلىقلار نېمە دېيىشىۋاتقاندۇ؟ پەقەت مۇشۇ خىياللا ئىزچىل ئالغا ئىنتىلدۈرۈپ كەلگەندى، ئەمدى بۇرۇنقىدەك ئىش تۇتۇپ قوشۇن توپلاش مۇمكىنچىلىكى ياكى بىرەر قەلئەگە بېكىنىۋېلىش كېرەكلىكى ئۈستىدە قايتا ـ قايتا ئويلىنىپ ئولتۇرماي، پەقەت پارىژنىلا ئويلايتتى. چۈنكى، ئۇ يەردە ــ شۇ كۈچ بولىقىدا تېخىمۇ كۆپ كۈچ توپلىغىلى بولىدۇ، دەپ قارايتتى، شۇ ۋەجىدىن كۆڭلىدە: «مەن يەنە خەلقنى سەپەرۋەر قىلىپ بىر يۈز ئەللىك مىڭ ئادەم توپلىيالايمەن، قوغدىنىش قوشۇندىكىلەرنى قوشقاندا ئۈچ يۈز مىڭ لەشكىرىم بولىدۇ، بۇ ئەسكىرىي كۈچۈم دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى توسۇپ قېلىشىم ئۈچۈن بەخۇدۇك يېتىدۇ» دەپ چوت سوقاتتى. پارىژغا ئەۋەتكەن ئاخىرقى بىرقانچە يارلىقىنى «غەيرەت قىلىڭلار! قەتئىي بولۇڭلار!» دېگەن ئىبارىلەر بىلەن ئاخىرلاشتۇردى.

ئىككى كۈندىن كېيىن يېقىندىلا كۆچۈپ كىرگەن ئېلىزا

قەسىرىگە قايتىپ كەلدى. بۇ پوتكۈل ئۇرۇش چۈشىمۇ ـ قانداق؟ توققۇز يىل ئۇرۇش قىلىپ ئېرىشكەن ئىمپېرىيەسىدىن ئاشۇ توققۇز كۈن ئىچىدىلا مەھرۇم قالدى.

## ئون توققۇزىنچى، خاراكتېر پاجىئەسى

ئىش تېخى تۈگىمىدى !

كابىنېت بىلەن پارلامېنت ئوتتۇرىسىدا يېڭىدىن ئىختىلاپ كۆرۈلدى. ئىمپېراتورغا قېرىنداشلىرى ۋە ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى تۇرلۇك تەكلىپلەرنى بەرمەكتە ئىدى. ئىمپېراتور چارچاپ ھالى قالمىغان بولسىمۇ، قەددىنى تىك تۇتۇپ مەزمۇت ئولتۇراتتى، ھېچبىر تەختتىن چۈشىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. پالاتا يىغىنىدا قانداق تەكلىپلەرنى بېرەر؟ پالاتانىڭ پىكرى بىلەن بىردەك بولارمۇ؟ ياق، مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقنى يولغا قويماقچى ! چۈنكى، مىللەت خەۋپكە دۇچ كەلگەن پەيتتە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بولسىمۇ تولۇق ھەرىكەت ئەركىنلىكىگە موھتاج ئىدى. بەزى ۋەزىرلەر «پالاتا سىزگە ئىشەنمەس بولۇپ قالدى» دەپ سەمىگە سالدى. لۇسيئان ئورنىدىن تۇرۇپ، ياشلارغا خاس قىزىققانلىقى بىلەن پىكىر بايان قىلىپ، ئىمپېراتورنى پالاتانى تارقىتىۋېتىشكە، پارىژنىڭ جىددىي ھالەتكە ئۆتكەنلىكىنى جاكارلاشقا، قورال كۈچى ئارقىلىق قالدۇق قوشۇنلارنى توپلاشقا دەۋەت قىلدى ھەمدە شۇنداق قىلغاندىلا بۇ دۆلەتنى قۇتقۇزۇپ قالغىلى بولىدۇ دەپ كۆرسەتتى. ئىمپېراتور لۇسيئاننىڭ سۆزىگە جىمىدە قۇلاق سېلىپ ئولتۇردى. بۇنىڭدىن ئون ئالتە يىل مۇقەددەم نويابىرنىڭ بىر كۈنى دەل مۇشۇ لۇسيئان مۇشۇنىڭغا ئوخشاشلا تەكلىپ بېرىپ، قىسقىغىنا نۇتقى ئارقىلىق ئاكىسىنى خېيىم ـ خەتەردىن قۇتقۇزۇپ قالغان، ئۇنىڭدىن

كېيىن ئاكىسىغا پەۋقۇلئاددە يۇقىرى باھا بەرگەندى. ئىمپېراتور شۇ تاپتا لۇسىئاننىڭ تەكلىپىنى قوبۇل كۆرگەن بولسىمۇ، دەرھال ھەرىكەتكە كەلمەي جىممىدە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرىۋەردى. قۇرۇقلۇق ئارمىيە ۋەزىرى داۋىد قالدۇق قىسىملارنى ئىمپېراتورغا تاپشۇرۇپ بېرىش تەكلىپىنى رەت قىلدى. ئۇلار بەس - مۇنازىرە قىلىشىۋاتقان ئەسنادا پالاتادىن شۇنداق خەۋەر كەلدىكى، پالاتا ئۆز يىغىنىنى ئۇزاققىچە ياپمايدىغانلىقىنى، پالاتانى تارقىتىۋېتىش توغرىسىدىكى ھەرقانداق پەرەزدە بولغۇچىلارنىڭ ئېغىر گۇناھكار ھېسابلىنىدىغانلىقىنى، ئۇرۇنۇپ بېقىشقا پېتىنغانلارنىڭ جاۋىسىنى چىتقا يايىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ.

— بىرسى تىنچلىققا ئۆتىدىغان يولىمىزنى توسۇپ توغرا تۇرۇۋالدى، — دېدى رافالىيېت، — يولنى بىكارلايدىغانلا بولسا، بىز تىنچلىققا ئېرىشكەن بولار ئىدۇق!

بۇ خەلقنىڭ ساداسىمۇ؟ پارىژ شۇ قەدەر تىنچ ئىدى. شۇڭا، بۇ پەقەت ئازاد دېموكراتچىلارنىڭلا ساداسى ئىدى، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭمۇ ساداسى ئىدى، بېشىغا كەلگەن كۈلپەتكە چىدىماي قىلىۋاتقان بۇ جەمئىيەت ئىسلاھاتقا تەلپۈنمەكتە ئىدى. پالاتادىكىلەر ئىمپېراتورنىڭ پالاتا يىغىنىغا قاتنىشىشىنى تەلەپ قىلىشتى. ناپولېئون يىغىنغا بارمىدى، نېمە ئۈچۈن؟ كىممۇ يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ قارشى چىقالىسۇن؟

— يىغىنغا بېرىشىم كېرەك ئىدى. بىراق، بەك چارچاپ كەتكەنىدىم، — دېدى ئىمپېراتور كېيىن بۇ ئىشنى چۈشەندۈرۈپ، — پالاتانى تارقىتىۋەتسەم بولاتتى. ياق، مەندە ئۇنداق جاسارەت يوق، مەن مالائىك - ماشايىخلاردىن ئەمەس، بەربىر ئاددىي ئادەم - دە، 18 - نويابىر ۋەقەسىنى ئەسلىسەملا شۈركۈنۈپ كېتىمەن.

پالاتادىكىلەر ئەمدى كابىنېتتىكى ۋەزىرلەرنىڭ بولسىمۇ يىغىنغا كېلىشىنى تەلەپ قىلىشقانىدى. بىراق، ئىمپېراتور ئۇلارنىڭ بىرىشىنى مەنئى قىلدى، پالاتا: «ئەگەر ۋەزىرلەرنى يىغىنغا قاتناشتۇرمايدىغان بولسا، ئەمىلىدىن قالدۇرىمىز» دېدى، ئىمپېراتور شۇندىلا يول قويدى، لۇسىئان ۋە بىرقانچە ۋەزىر ئىمپېراتورنىڭ ھاۋالىسى بىلەن يىغىنغا بېرىپ، ئىمپېراتورنىڭ سۇلھى كومىتېتى تەشكىللىگەنلىكىنى دوكلات قىلدى. ئىككى پالاتا بولسا «چوڭ دۆلەتلەر ئەمدى ئىمپېراتور بىلەن كېڭەشمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار ناپولېئوننى قوراللىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىپ بولغان. ئەمدى تەختتىن چۈشمىسە بولمايدۇ. رەت قىلىدىغان بولسا، ئەمىلدىن ئېلىپ تاشلايمىز» دەپ گۇركىرىدى.

پالاتا يىغىنى ئەنە شۇ تەرزدە قىزغىن داۋاملىشىۋاتقاندا، ئىمپېراتور گۈللۈكتە كونستانت بىلەن پەرىشان بىر ھالدا ئايلىنىپ يۈرەتتى.

— ئۆزۈمنىڭ ئەمەس، فىرانسىيەنىڭ بېشىغا كەلگەن بالا – قازادىن قايغۇرۇۋاتىمەن، — قايناپ كەتتى ئۇ ئىختىيارسىزلا، — تەختتىن چۈشكىنىمدىن كېيىنكى ئاقىۋەتنى ئويلىشىپ كۆرگەندىمۇ؟ قوشۇندىكى لەشكەرلەر ئالدىمدا پەرمانبەردار بولۇپ تۇرۇپتۇ. كىشىلەرنىڭ ئەقىدىسى سوۋۇپ كېتىۋاتقان ۋەزىيەتنى قۇرۇق گەپ بىلەن ئوڭشايمىز دەپ ئويلىشامدىغاندۇ؟ ئەگەر فىرانسىيەدە يېڭىلا قۇرۇقلۇققا چىققان ۋاقتىمدىلا چەتكە قاققان بولسا، ھەرھالدا توغرا چۈشەنگەن بولار ئىدىم. بىراق، دۈشمەن قوشۇنى پارىژغا قىستاپ كەلگەن بۈگۈنكى كۈندە ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇۋەتمەكچى بولۇشۇۋاتىدۇ. ئۇلار ئىككى ھەپتە ئىلگىرى مېنى رەت قىلغان بولسا، ھەرھالدا جىگەرلىك ئوغۇل بالا ھېسابلىناتتى. ھازىر بولسا دۈشمەننىڭ زەربە بېرىش

ئوبېيكتىنىڭ بىر قىسمى، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ قوغدىشىغا تېگىشلىك فىرانسىيەنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالدىم. ئەگەر فىرانسىيە مېنى قۇربان قىلىدىغان بولسا، ئۆزىمۇ مەن بىلەن تەڭ مۇقەررەر بەدەل تۆلەيدۇ. مېنى ئەركىنلىك ئەمەس، بەلكى ۋاتېرلو ئۇرۇشى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان. نېمىدېگەن دەھشەت ئىش بۇ! مەن يەنە باش قوماندان بولىمەن، ئاز ـ تولا ئەسكىرىي كۈچۈم چىقىم بولسىمۇ كارايىتى چاغلىق، ھايتلا دېسەم ئىشچىلار شۇ ئان قوزغىلىدۇ، چىقىم بولغان لەشكەرلەرنىڭ ئورنىنى شۇلاردىن تولۇقلىۋالىمەن.

شۇ ئەسنادا كوچا تەرەپتىن كەلگەن «ياشىسۇن ئىمپېراتور!» دېگەن شوئار سادالىرى بۇ ئىككىيلەن ئايلىنىپ يۈرگەن قورۇنى زىلزىلىگە سالدى. ناپولېئوننى ئاخىرقى پەيتلەردىمۇ ھىمايە قىلىشۋاتقانلار كىم؟ ئۇلار بېشىغا كۈن چۈشكەندە ناپولېئوننىڭ خەيرخاھلىقىغا ئېرىشكەن ساينىت ئانتون رايونىدىكى ئىشچىلار ئىدى، شۇ تاپتا ئۇلار بىلەن بۇ ئىنقىلاب ئوغلانىنى قورۇنىڭ قاشاسىلا ئايرىپ تۇراتتى.

— كۆردىڭىزمۇ؟ — دېدى ناپولېئون، — بۇلار ھېچقاچان مەندىن ئىنئام ئالغان ئەمەس، يەنە نېمە ئۈچۈن مەندىن مىننەتدار بولىدۇ؟ مېنىڭ كاساپىتىمدىنلا نامراتلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتى، شۇنداق بولسىمۇ تەبىئىي يوسۇندا ئۆزلۈكىدىن مەن تەرەپتە تۇرۇۋاتىدۇ. ئەگەر مەنلا خالىسام، ئىسيان كۆتۈرگەن پارلامېنتنى بىر سائەت ئىچىدىلا تارقىتىۋېتەلەيمەن، ماڭا قارشى قوپقان بارلىق پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ كاللىسى بىر ئېغىز گېپىم بىلەنلا تېنىدىن جۇدا بولىدۇ! بىراق، ئۆزۈمنى دەپلا شۇنداق قىلىدىغان بولسام، بۇ بەدەل بەك ئېغىر كېتىدۇ. پارىژدا قان تۆكۈلمىسە بولاتتى.

لۇسىئان بۇ چاغدا ئىككى پالاتانىڭ مەخپىي يىغىنىدا

ئىمپېراتورنىڭ يارلىقىنى مۇزاكىرىگە قويغاندى، پالاتا ئەزالىرىمۇ مۇزاكىرە قىلىپ كۆرۈشكە رازى بولدى. بىرقانچە پالاتا ئەزاسى سىلىق ـ سىپايە سۆزلەر بىلەن ئىمپېراتورنىڭ تەختتىن چۈشۈشى مىللەت ئۈچۈن قۇربان بەرگەنلىك بولىدۇ دەپ كۆرسەتتى. سادىقەتمەن كارنوت مۇنبەرگە چىقىپ سۆز ئالدى، مۇشۇنداق ئېغىر كۈنلەردە پەقەت كارنوتلا ئىمپېراتورغا بېغىر بېسىپ تەرىپىنى قىلاتتى، ھەممەيلەن ئامىتى قوشلاپ كەلگەن ناپولېئوننىڭ ئالدىدا قول باغلاپ قۇللۇق بىلدۈرۈپ تۇرۇۋاتقان چاغلاردا بولسا ئۆزى يالغۇز قارشى چىقىدىغان ئادەممۇ يەنە شۇ كارنوت ئىدى. سېيىسمۇ ئۆز مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىمپېراتورغا بېغىر بېسىپ، خۇددى قەدىمي رىملىقلاردەك تەرزدە سۆز ئالدى:

ـــ ناپولېئون بىر قېتىم مەغلۇپ بولدى... ئەمدى ئاشۇ ياۋايىلارنى قوغلىۋېتىشكە ھەمدەم بولايلى. چۈنكى، بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدىغان ئىككىنچى بىر ئادەم تېپىلمايدۇ. ئەگەر بۇ ياۋايىلارنى قوغلاپ چىقارغىنىدىن كېيىن يەنە زالىملىق قىلىدىغان بولسا، دارغا ئاسساق بولىدۇ. بىراق، ھازىر ناپولېئون بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ كۆرەش قىلمىساق بولمايدۇ!

ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىرى سۆز ئالدى:

ـــ بالىلىرىمىزنىڭ ۋە قېرىنداشلىرىمىزنىڭ سۆڭەكلىرى قالغان جەڭگاھلارنى ئۇنتۇپ كەتتىڭلارمۇ؟ ئافرىقىدا، تاگاس دەرياسى بويىدا، ۋىستۇلا دەرياسى بويىدا، قار بىلەن قاپلانغان رۇسىيە دالاسىدا ئىككى مىليون جان ئىگىسى پۈتكۈل ياۋروپانىڭ بۇ دۈشمىنىنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتى. بىز ئەمدى يېگىلدۇق!

يىغىن ئەتىسى سەھەر ۋاقتى سائەت ئۈچكىچە داۋاملاشتى، يىغىن ئەھلى ناپولېئوننىڭ تەختتىن چۈشۈشىنى تەلەپ قىلدى. ئىمپېراتور ئىككىلىنىپ قالغانىدى. ھەرەمبېگى پارلامېنتنىڭ

ھاۋالىسىغا بىنائەن ناپولېئوننىڭ ئالدىغا كېلىپ، دۇدۇقلىغىنىچە پارلامېنتنىڭ پىكرىنى يەتكۈزدى:

— ئەگەر تەختتىن چۈشمەيدىغان بولسىڭىز، پارلامېنت يۇقىرالىق ھوقۇقىڭىزدىن مەھرۇم قىلماقچى.

شۇ ئەسنادا ساۋالى بىلەن گورگۇدمۇ يېتىپ كېلىپ، ئىمپېراتورنى تەختتىن چۈشۈشكە دەۋەت قىلدى، بۇ چاغدا لۇسىئانمۇ بۇ كۆرەشتىن ۋاز كەچكەنىدى.

— سىلەرنى ئۆزۈم غەلىبىگە ئۆگىتىپ قويغانمەن، كۆنلەرنىڭ بىرسىدە بېشىڭلارغا كۈن چۈشسە قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەرسىلەر، فىرانسىيە نېمە بولۇپ كېتەر؟ — دېدى ئىمپېراتور، ئاندىن قوشۇپ قويدى، — جان كۆيدۈرۈپ جىمى كۈچۈمنى ئىشقا سېلىپ بولدۇم.

ناپولېئون چۈشتە خەلققە جاكارلايدىغان باياناتنى ئاغزاكى ئېيتىپ يازدۇردى، ئەمدى تەختنى قۇربان قىلىپ، سىياسى ھاياتنى ئاخىرلاشتۇرۇش قارارىغا كەلگەنىدى. ئوغلىنى ناپولېئون II دەپ جاكارلىدى، پارلامېنتنىڭ نائىبلار ئۆمىكى تەشكىللىشىنى تەلەپ قىلدى.

ئەھۋال بۇرۇنقىدەكلا بولدى. ئىلگىرى ناپولېئون تەرىپىدىن ئەملى ئېلىپ تاشلانغان بەش نەپەر باش مەمۇر يېڭىباشتىن ئۆز مەرتىۋىسىگە تەيىنلىنىپ، ئۆزلىرىنى ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت دەپ ئاتىدى. بىراق، ئاردىن كىمنىڭ رەئىس بولىدىغانلىقىنى ئاۋازغا قويۇشىغا توغرا كېلەتتى، كىم سايلىنىپ ھاكىمىيەتنى ئۆتكۈزۈۋالار؟ كىم ئۆزىگە ئۆزى ئاۋاز بېرەر؟ فۇشې! بىراق، پارلامېنت پەسكارىغا چۈشۈپ قالغانىدى. تېخى تۇنۇگۈنلا ئىمپېراتورنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغان بۇ كىشىلەر بۈگۈن ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ، تەختتىن چۈشكەنلىكىگە ھەشقاللا ئېيتتى.

— دۆلەت باشسىز قالسا، ئاقىۋىتى ياخشى بولماسلىقىنى دەپ ئەندىشە قىلىمەن، — دېدى ئىمپېراتور بۇ سىپايە جانابلارغا، — ئەل - ۋەتەننىڭ بەختىنى كۆزلەپ ۋە ئوغلۇمنى نەزەردە تۇتۇپلا تەختتىن چۈشۈشكە ماقۇل بولدۇم، فىرانسىيە مېنى ئۇنتۇپ قالماس دېگەن ئۈمىدتىمەن. فىرانسىيە خەلقى مېنىڭ ھۆكۈمرانلىقىم ئاستىدىلا بەخت ۋە ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولالايتتى.

ئىمپېراتور ئاشۇ سۆزلىرىنى قىلىۋاتقاندا فۇشېلار ئورلىيان سۇلالىسىدىكىلەرنىڭ بىرەرىنى ياكى بىسرنىرېك جەمەتىدىن بىرەرىنى، ھەتتا ساكسىنىيە كىنەزىنى ناپولېئوننىڭ ۋارىسى قىلىشنى ئويلىشىۋاتاتتى. چۈنكى، بۇ بەش نەپەر باش مەمۇر نائىبلار ئۆمىكى ئەمەس، بەلكى ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىشقا تەيىنلەنگەنلەر ئىدى. شۇڭا، فۇشېنىڭ دوكلاتىدا: «ئەل - ۋەتەن»لا تىلغا ئېلىنغانكى، «ناپولېئون II» زىنھار تىلغا ئېلىنمىغان. ئىمپېراتور بۇ ئىشلارغا دىققەت قىلغان بولسىمۇ ئېغىز ئاچمىدى. كەچقۇرۇن رافالىيېت يوقلاپ كەلگىنىدە ئىمپېراتورنىڭ دۆشقا چىلىنىپ يۈيۈنۈۋاتقىنىغا بىرقانچە سائەت بولۇپ قالغانىدى.

— نەگە بارىدىكەنمەن؟ مېنى نېمىشقا ئامېرىكىغا يولغا سېلىپ قويمايدۇ؟

— ئامېرىكىغا موللېر بېرىپ بولدى ئەمەسمۇ.

ئىمپېراتورنىڭ نەزىرىدە بۇ قېيداپ بېرىلگەن جاۋاب ئىدى. چۈنكى، ئىمپېراتور ئامېرىكا قىتئەسىگە بېرىپ پاناھلىنىش ئۈستىدە ناھايىتى ئەستايىدىل ئويلانغان ھەمدە ھۆكۈمەتتىن بىر پاراخوت سورىغانىدى. بىراق، پارلامېنت پارىژدىن تېزرەك كېتىشىنىلا تەلەپ قىلدى. چۈنكى، خەلق ئوردىغا ئولىشىۋېلىپ، دىكتاتۇرا ۋە مۇستەبىتلىك تەلەپ قىلىشماقتا ئىدى. ئىمپېراتور

بىرمۇنچە ھۆججەتنى كۆيدۈرۈۋەتتى، ئاندىن مارمىسون قورۇقىغا يول ئالدى.

ناپولېئون يوسېفىننى ئەسلىتىدىغان بۇ قورۇقتا ئىككى كۈن ۋاقتىنى شېرىن ئەسلىمىلەر بىلەن ئۆتكۈزدى، سادىق ئادەملىرى — ئاپىسى لاتىسىيە، ئوتانس، گورگۇد، رافالىيېت، لۇسىئان ۋە يوسېفلارمۇ ھەمراھ بولۇپ شۇ يەردە تۇردى. بىراق، ناپولېئون ئەمدىكى بارارگاھىمغا كىم بىللە بارىدۇ، دەپ سورىغىنىدا، ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. ئاپىسى بىللە بېرىشنى خالايتتى، ئەلۋەتتە. بىراق، ناپولېئون ئاپىسىنىڭ ئۆمرىنى قىسقارتىپ قويۇشنى خالىمايتتى. رافالىيېتنىڭ تېخى بويىغا يەتمىگەن بىر قىزى بار ئىدى، يەنە كېلىپ خانىمىنىڭمۇ كۆزى يورۇش ئالدىدا تۇراتتى، شۇڭا ھازىرچە بارالمايتتى. ئېلبا ئارىلىغا بىللە بارغان دىرو پارىژدا ئىشى بولغاچقا ئاجرىلىپ چىقالمايتتى. كاتىپى تېخى تۇنۇگۈنلا بىللە بېرىشقا ماقۇل بولۇۋىدى، بۈگۈن بولسا ئاپامنىڭ كۆزى ئەما ئىدى، يېنىدا تۇرۇپ خەۋەر ئالمىسام بولمىغۇدەك، دېدى. ئىمپېراتور:

— بۇ گېپىڭىز ئورۇنلۇق، ئاپىڭىزنىڭ قېشىدا قېلىڭ، — دېدى ـ دە، كېتىپ قالدى.

ئۆتكەن قېتىم يورۇش قىلىپ ئاتلانغىنىدا سىڭلىسى پاۋلىنا زىبۇ ـ زىننەتلىرىنى سوۋغا قىلغانىدى، ئەمدى ئوتانس ئالماش زۇننارىنى ئىمپېراتورنىڭ شۇنچە يىلدىن بۇيانقى ئىلتىپاتىغا جاۋابەن يوللۇق قىلىپ تۇتتى. بۇ سوۋغات ناپولېئوننىڭ خىيالەن تەسەۋۋۇرى بىلەن تولغان تۇرمۇشىغا باب كېلەتتى. ناپولېئون ئوتانسقا بىر مىليون فىرانك بېرىمەن دەپ لەۋزە قىلدى. بىراق، بۇ پۇلنىڭ نەقلەشكەن ـ نەقلەشمىگەنلىكى نامەلۇم. لۇسىئان بىلەن ئېۋگېنمۇ بىرمۇنچە پۇلغا ئېرىشتى، ناپولېئون يەنە نىكاھسىز تۇغۇلغان ئوغلىغا ئاتاپ ئاپىسىغا نەچچە تۈمەن

فىرانك بەردى.

ناپولېئون بۇ ئىشلارنى ئەنە شۇ تەرزدە ئۈن - تىۋشسىز پۈتكۈزدى. مۇشۇ كۈنلەردە يېقىنقى بىرقانچە ھەپتە ئىچىدىكى ئىشلارنى زادىلا تىلغا ئالمايتتى، پەقەت ئۆتكەنكى ئىشلار توغرۇلۇقلا توختىلاتتى، يەنە كېلىپ پارىژنىڭ كۆپىنچىسى يوسېفىن توغرىسىدا بولاتتى.

— فۇشې بىلەن سۆزلىشىپ فىرانسىيەدىن كېتىشكە ماقۇل بولدۇم، بۈگۈن ئاخشام يولغا چىقىمەن. ئۆزۈمدىن، فىرانسىيەدىن، شۇنداقلا پارىژدىن زېرىكتىم. يۈك - تاقىلارنى تەق قىلىپ قويۇڭلار!

نەگە بارىدىغاندۇ؟ ھەممەيلەن قايتا - قايتا پەرەز قىلىپمۇ، ئويلاپمۇ تاپالمىدى. ھەممىنى ھەيران قالدۇرغىنى ھەربىيلەرگە يازغان مۇراجىئەتنامىسى ئىدى:

يىگىتلەر!... فىرانسىيەدىن كەتكىنىم بىلەن كۆڭلۈم سىلەردە. بىرلەشمە ئارمىيەدىكى ھەربىر لەشكەر بىلەن ئوبدان تونۇشىمەن. كىمنىڭ غەلىبە قازىنىشىدىن قەتئىينەزەر، جاسارىتىڭلارغا ئاپىرىن ئوقۇيمەن. كەلگۈسىدىمۇ ۋەتەنگە ساداقەتمەن بولۇڭلار، ۋەتەنگە بولغان ساداقىتىڭلار ماڭا ئىتائەت قىلغىنىڭلار بىلەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئەگەر راستىلا ھۆرمىتىڭلارغا ئېرىشەلىگەن بولسام، بۇنداق شۆھرەتلىك تۆيغۇنى بىزنىڭ ئورتاق ئۆلۈغ ئانىمىزغا بولغان مۇھەببىتىمىزنىڭ شاراپىتى دەپ بىلىمەن. يەنە بىر قېتىم بوراندەك گۈركىرەپ قوزغىلىدىغان بولساق، ئىتتىپاقداش قوشۇنلار تارمار بولۇپ كېتەتتى. ناپولېئون سىلەرنى ھۇجۇملاردىن تونۇۋالىدۇ. فىرانسىيەنىڭ شۆھرىتى ۋە ئەركى ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى! يىگىرمە يىل مابەينىدە نامايان قىلغان شۆھرىتىڭلارنى ساقلىغايسىلەر، سىلەر مەڭگۈ تىز پۈكمەس ئەزىمەتلەردۇرسىلەر!

ھۆكۈمەت بۇ مۇراجىئەتنامىنى چەكلىدى. ۋاھالەنكى، ئىلان قىلىنغان تەقدىردىمۇ، ھۆكۈمەتكە ھېچ زىيىنى تەگمەيتتى.

ناپولېئون بىردىنلا ئۆزگە كەلدى، ئۆتكەنكىدەك تونۇش سادالار بىردىنلا قۇلاق تۇۋىدە ياڭرىدى: سايىنىت دانىنىس تۈزلەڭلىكىدە ئېتىلغان زەمبىرەك ساداسى بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەنىدى، بۇ ھال دۈشمەننىڭ شەھەر قوۋۇقىغا قىستاپ كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. ئوفىتسېر ـ لەشكەرلەر دەسلەپتە پاتىپاراق بولۇشۇپ كەتتى، كېيىن تېزلا يىغىلىپ، بۇ خەۋەرنى ئىمپېراتورغا يەتكۈزۈشتى. ھەسرەتلىك قەلب كۆيىنىڭ تەسىرىدە مۇڭغا پاتقان ناپولېئون بىردىنلا ئۆزگە كېلىپ روھى ئۇرغۇپ تاشتى. قوشۇننى ئىككىگە ئايرىش كېرەكمۇ؟ بۇنداق قىلغاندا دۈشمەن قوشۇنى بىردىن ـ بىردىن قىرىپ تاشلايدۇ.

سەھەر ۋاقتى، تونۇش زەمبىرەك ئاۋازىدىن ياشلىق دەۋرىگە قايتقان ئىمپېراتور خۇددى گېنېرال بوناپارت چاغلىرىدىكىدەك باش مەمۇرغا خەت يازدى:

قوشۇنغا باش بولسام دەيمەن. لەشكەرلەر مېنى كۆرگىنىدە چوقۇم يېڭىباشتىن روھلىنىپ، دۈشمەنگە يولۋاستەك ئېتىلىپ قاتتىق ئەدىپىنى بېرىدۇ. مەن بىر گېنېرال، ئاددىي لەشكەر، ئاددىي پۇقرا بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن شۇنداق قەسەم بېرىمەنكى، ئەگەر غەلىبە قازىنىپ قالساق، باش قوماندانلىق مەرتىۋەمدىن دەرھال ئىستىپا بېرىمەن، بىر سائەتمۇ كېچىكتۈرمەيمەن. قەسەم، ئۆزۈم ئۈچۈن ئەمەس، سىلەر ئۈچۈنلا ئۇرۇش قىلىمەن.

ناپولېئون شۇنداق دېگەنىكەن، غەلىبە قازانماي قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، جەڭگە كىرەر ـ كىرمەيلا قازا تاپسىمۇ باشقا بىر گەپ. ئىمپېراتور شۇ تاپتا ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى بىلەن بىللە قورۇدا ئايلانغاچ ئىلتىماسىنىڭ ئۈچۈرىنى تاقەتسىزلىك

بىلەن كۆتمەكتە ئىدى. فۇشېنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان كۈنى تۇغۇلغانىدى. ھەتتا ئۆزىنى يامان كۆرىدىغان بۇرۇنقى پاسىبانىنىڭ خېتىنى ئىلىك ئالماي ئۇچۇر خەتمۇ يېزىپ قويمىدى. ئاتلىنىشقا ئالدىراپ تۇرۇۋاتقان ئىمپېراتور قورامىغا يەتكىنىدىن بۇيان ھەرقانداق ئىشتا خەقنىڭ ئىجازىتىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپ باقمىغانىدى، بۈگۈنكى كۈنلۈكتە بولسا خەۋەر ئېلىپ كەلگەن ئەلچىنىڭ ئاغزىدىن خېتىنىڭ ئۇچۇرىنى سورۇشتۇرۇشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلار بولسا «ئەگەر ھۆكۈمەت مەمۇرلىرىنى ئەخمەق كۆرۈپ تەكلىپىمنى قوبۇل قىلمىدۇ دەپ قارىغان بولسا، خاتالاشقان بولىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىشكەن، تېزرەك كېتىشىنىلا تەلەپ قىلغانىدى.

— ئۇنى بۇرۇنلا دارغا ئاسقان بولسام بولاركەن، — دېدى ئىمپېراتور ھەسرەت بىلەن، — بۇ ئىش ئەمدى بوربون جەمەتىگە قالدى.

ناپولېئون پۇقراچە كىيىنىپ، يۇك ـ تاقىنى تېز يىغىشتۇردى، ئوتانىس زۇننارىنى ئىمپېراتورنىڭ قارا يىپەك خالتىسىغا سېلىپ تىكىپ قويدى. كورسىكا ئارىلى ناپولېئوننىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدا پەيدا بولدى، ناپولېئون لۇسىئاننى كورسىكاغا ۋالىي قىلماقچىمۇ بولدى، ئاپىسىنىڭ كۆزلىرى بۇ مەسىلىھەتتىن زوقلىنىپ چاقناپ كەتتى. بىراق، بۇ پىلاننىڭ ئاقمايدىغانلىقى ناپولېئونغا ئايان، پەقەت ئامېرىكىلا ئەڭ ياخشى مەنزىل ئىدى. بىراق ئۇچ كۈندىن بۇيان تەلەپ قىلىپ كېلىۋاتقان پاراخوتلار تەل بولمايۋاتاتتى. ھەممەيلەن شۇنى ھېس قىلىپ يەتكەندىكى، ناپولېئوننىڭ ئەركىنلىكى دۆچ كېلىۋاتقان خەۋپ سائەتلەپ، مىنۇتلاپ ئۇلغايماقتا ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ۋېللىڭتون ناپولېئوننى تۇتۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان، پارلامېنتتا بۇ پىكىرنى قوللايدىغان پارلامېنت ئەزالىرىمۇ ئۇزۇكسىز

كۆپەيگەنىكەن. رافالىيېت ئىمپېراتورنى دەرھال يولغا چىقىشقا دەۋەت قىلدى، ئىمپېراتور بولسا كاجلىق قىلىپ تۇرۇۋالدى:

— ھۆكۈمەتتىن كاپىتانغا بۇيرۇق چۈشمىسە، يولغا چىقىشقا ئامالسىزمەن.

— ئالىيلىرى، نېمىشقا؟

— ماتروسلارغا پۇل بېرىمىز دەپ ۋەدە قىلمىسىز ـ دە، پاراخوت قوزغىلىدۇ. ئەگەر كاپىتان رەت قىلسا، چىقىرىۋېتىمىز.

— فۇشې سىزنى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرگە سېتىپ بولدى.

— دەرھال دېڭىز ئارمىيە ۋەزىرىنىڭ قېشىغا بېرىپ كېلىڭ!

رافالىيېت پەيتونغا ئولتۇرۇپ دىرۇكنىڭ ئۆيىگە كەلدى، بۇ چاغدا دىرۇك يېتىپ بولغانىدى.

— فۇشېنى ئىزدەڭ، مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، — دېدى دىرۇك قىسقىچىلا جاۋاب بېرىپ.

بىراق، فۇشېنى تاپقىلى بولمىدى. رافالىيېت سەھەر ۋاقتى سائەت بىردە مارمېسون قورۇقىغا قايتىپ كەلدى. ئىمپېراتور ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ ئورنىدىن تۇردى، بۇ چاغدىمۇ يەنىلا ئامېرىكىنى ئەڭ ياخشى قارارگاھىم دەپ قارايتتى. بىراق، ئىككىلىنىپ ئەك تۇراتتى.

— ئۇياقتا كىشىلەر ماڭا بىرەر پارچە يەر بېرىدۇ ياكى ئۆزۈم بىرەر قورۇقنى سېتىۋېلىپ تېرىقچىلىق قىلىمەن، — دېدى ناپولېئون، — ئاشۇ ئىنسانىيەت بوشۇكىدە كۆز يۇمىمەن. ئۆمرۈمنى شۇ يەردە دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن ئۆتكۈزىمەن.

— ئۇ يەردىكىلەر سىزنى تۇتۇپ بەرمەكچى بولۇپ قالسا قانداق قىلىسىز؟ — سورىدى كاتىپى.

— مېكسىكىغا كېتىمەن. ئۇ يەردىكىلەر مېنى ھىمايە

قىلىدۇ ھەمدە ئۆزلىرىگە باش قىلىۋالىدۇ.

— ئۇ يەرنىڭ ئاقساقىلى سىز بىلەن قېرىشىشچۇ؟

— شۇنداق بولۇپ قالسا، ئۇلارنى تاشلاپ بوئىنۇس ـ ئايرىسقا ياكى كالىفورنىيەگە بارىمەن. قىسقىسى، دېڭىز كېزىپ يۈرۈۋېرىمەن، تاكى ئىنسانلىرىمىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن خالاس بولغۇدەك بىرەر پاناھگاھنى تاپمىغۇچە توختىمايمەن.

— بىراق، ئالىيلىرى، ئەگەر ئىنگلىزلار تۇتۇۋالسا قانداق قىلغۇلۇق؟

— تەۋەككۈل قىلمىسام بولمايدۇ. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بىر تىيىنگە ئەرزىمەس بولغىنى بىلەن ئىنگلىزلار ئۇلۇغ، ئالىيجاناب ھەم مەرد خەلق. ئۇلار ماڭا ئەدەپ كۆرسىتىدۇ. يەنە كېلىپ بۇنىڭدىن باشقا يولۇمۇ يوق. ئەجەبا خۇددى قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن پادىشاھ جوندەك بۇ يەردە ۋېللىڭتوننىڭ تۇتۇشىنى كۈتۈپ ئولتۇرارمىدىم؟ بۇ يەردە كېرىكىم قالمىغانىكەن، كېتىشىم كېرەك ـ دە ! قابىلىيىتىم بولغانىكەن، غەم قىلىشىمنىڭ ھاجىتى يوق.

— قاچمىسىڭىز بولاتتى، ئالىيلىرى.

— قاچمىسىڭىز؟ بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — دېدى ناپولېئون كاتىپىغا سوئال ھەم ئىپتىخار نەزىرى بىلەن قاراپ.

— ئىنگلىزلارنىڭ كۆزى سىزدە. مەغلۇپ بولغان تەقدىردىمۇ كىشىلەردە ئەسلىمە قالدۇرغۇدەك بىرەر ئامالنى تاپسىڭىز بولاتتى.

— ئۆلۈۋېلىش يولىنى دېمەكچىمۇسىز؟ بۇنداق ئىش ئاجىزلارغا ۋە نېرۋىسى چاتاقلارغا قالسۇن ! تەقدىرىمنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆمرۈمنى ھەرگىز بىر كۈنمۇ ئۆز قولۇم بىلەن قىسقارتمايمەن.

— بۇنداق دېمەكچى ئەمەسمەن، ئالىيلىرى، فىرانسىيەنى

قۇتقۇزۇپ قېلىش يولىدا ئەركىڭىزنى ۋە ھاياتىڭىزنى فىرانسىيەنىڭ دۈشمىنىگە تاپشۇرغىنىڭىزدا، بۈيۈك ئىمپېراتور ناپولېئونغا لايىق ئالىيجاناب ئىش قىلغان بولاتتىڭىز.

— ئوبدان گەپ بولدى. بىراق... كىمگە تاپشۇرىمەن؟ بىلۇچېرغىمۇ ياكى ۋېللىڭتونغىمۇ؟ ئۇلار تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىل ئەمەس، شۇڭا ئۇلار مېنى ئەسىر قاتارىدا كۆرۈپ، فىرانسىيەنىمۇ، مېنىمۇ خالىغىنىچە بىر تەرەپ قىلىدۇ.

— چار پادىشاھقا تاپشۇرسىڭىز قانداق بولار؟

— رۇسلارنى چۈشەنمەيسىز. بىراق، ئوبدانراق ئويلىنىپ باقاي، ئۆزۈمنى قۇربان قىلغىنىمنىڭغۇ كارايىتى چاغلىق، گەپ بۇنىڭ فىرانسىيەگە پايدىلىق بولۇش - بولماسلىقىدا.

بۇ سۆزىدىن بۇ سىياسىيوننى سىياسىيون قىلىپ تۇرغان ئامىللارنىڭ بىرىمۇ تېپىلمايتتى. بۇ ئادەم دۇنيانىڭ ھەرقانداق بولۇڭ - پۇچقاقلىرىدىن بولسىمۇ يېڭى دېڭىز يولى تېپىش كويىدا ئىزدىنىۋاتقان بىر قارام تەۋەككۈلچى ئىدى، شۇنداقلا ۋەتىنىمۇ، ئۆزىنى سىغدۇرغۇدەك ئالىقانچە ماكانىمۇ يوق بولۇپ، دېڭىز - ئوكيانلار ئارا بوران - چاپقۇن ئىچىدە قېقىندى - سوقۇندى بولۇپ كېمىلىك لەيلەپ يۈرگەن دېڭىز قاراقچىسىنىڭ ئۆزىلا ئىدى.

شۇنداق، ئۇ ئۆلۈمدىن قورقمايتتى. بۇ نەقەدەر يېڭىلمەس ھاياتىي كۈچ - ھە! ئىمپېراتور شۇنداق قىلىپ يولغا چىقتى، ئاخىرقى مىنۇتلاردا تىنچقىنا پاراڭلاشقان كىشى ئاپىسى بولدى. بىراق، شۇ ئەسنادا بىر لەشكەر ھەرقانداق كىشىنىڭ توسقىنىغا ئۇنىماي ئېتىلىپ كىردى، بۇ ئارتىس لەشكەر تارما بولۇپ، كۈچلۈك ئىچكى ھاياجىنى ۋە بۇ تىراگېدىيەلىك پېرسوناژغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ تۈرتكىسىدە خوشلاشقىلى، شۇنداقلا خوشلىشىش مىنۇتلىرىدىكى تەسىرلىك مەنزىرىنى ئۆز كۆزى

بىلەن كۆرگىلى كەلگەنىدى. كېيىن بۇ ئانا ـ بالا ئىككىيلەن خەيرلىشكەن مەنزىرىنى تەنتەنىلىك ۋە تەسىرلىك تەرزدە سەھنىگە ئېلىپ چىقتى. ئىمپېراتور ئاپىسى بىلەن خەيرلەشكىنىدىن كېيىن غايىپەرەس ياش گېنېرال گورگۇدنى ئۆزى بىلەن بىر پەيتونغا تەكلىپ قىلدى. بۇرۇن ئېلىپا ئارىلىغا ھەمراھ بولۇپ بىللە بارغان بېرتران ۋە خانىمى، بۇلاردىن باشقا يەنە ئىككىيلەن ھەمراھ بولۇپ يولغا چىقتى، ئۇلار بىرەر ھەربىي پاراخوت تېپىش ئۈمىدىدە روشېفورت پورتىغا قاراپ يول ئالدى، بۇ قاچقۇنىنىڭ ھەرىكىتى ناھايىتى ئاستا ئىدى. ئاخىرقى مىنۇتلاردا كىشىلەر ئۆزىنى پارىژغا چاقىرتىپ قايتۇرۇپ ئەكېتىدىغاندەكلا تۇيۇلۇپ پات ـ پات ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاراپ قوياتتى ۋە قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ماڭاتتى. ئۇلار يول ئۈستىدە شىمالغا قاراپ كېتىۋاتقان ئىككى بۆلەك قوشۇننى ئۇچراتتى، ئىمپېراتور ئورنىدىن تۇرۇپ لەشكەرلەر بىلەن سالاملاشتى، لەشكەرلەرنى باشلاپ ماڭغان ئوفىتسېرلار بىللە پارىژ تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇۋېتىش مۇمكىنچىلىكىنىڭ بار ـ يوقلۇقى ئۈستىدە كېڭەشتى. ئاندىن ھەركىم ئۆز يولىغا راۋان بولدى. ناپولېئونلار ئۇزاق ۋە مۇشكۇل سەپەردىن كېيىن ئاخىرى ئوكئانىيەگە يېتىپ كەلدى. يوسېف شۇ يەردە ئىدى. ناپولېئوننى ئامېرىكا قىتئەسىگە ھاراق كىرا قىلىپ ماڭىدىغان يەلكەنلىك كېمىلەردىن بىرىنى ئىجارە ئېلىشقا دەۋەت قىلدى. ئىمپېراتور ئىسمىنى مويرلان دەپ ئۆزگەرتىۋالدى، بۇ يەتتىنچى ئىسمى ئىدى، بۇ ئىسىم دېڭىزنىڭ قىرغىقىدىكى ئىشلارنى، ئاراللىرى كۆپ ئوتتۇرا دېڭىزنى، كورسىكانى ۋە ئىتالىيەنى ئېسىگە سالاتتى؛ چاچلىرى مۇرىسىگە ساڭگىلاپ چۈشكەن، كۆكۈچ كۆزلىرىدىن سوغۇق نۇر چىقىپ تۇرىدىغان ياش پاكىنەك گېنېرالنى — گېنېرال بوناپارتنى كۆز

ئالدىدا قايتا زاھىر قىلىپ بىرەتتى. ناپولېئون ئاشۇ يىللاردا ئۆزىنىڭ ۋە ئەل ـ ۋەتىنىنىڭ تەقدىرى باغلانغان ھېلىقى لوردى كۆۋرۆكىنى ئېسىگە ئالدى. شۇ چاغدا ياش مۇھاپىزەتچىسى مويرلان گېنېرال بوناپارتنى گەۋدىسى بىلەن ھىمايە قىلىپ ھاياتىنى قۇربان قىلغان ۋە ئاشۇ شانلىق ئۆلۈمى بىلەن تارىخ بېتىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالغانىدى.

شۇ تاپتا بۇ تالانت ئىگىسىنىڭ كۆز ئالدىدا يېڭى بىر دەۋر نامايان بولغاندەك ئىدى. دېڭىزنىڭ ئۇ قېشىدا يېڭى زېمىن، ئادەم ئاياغ باسمىغان بىپايان يايلاق كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، بۇ تەۋەككۈلچى ئەمدى دېڭىزدىن ئۆتۈپ، يېڭىباشتىن ئېتىغا مىنىپ يەر ـ زېمىننى ۋە چارۋىسىنى ئارىلاپ ھۆر ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرىدۇ، مېكسىكىدا توپىلاڭچىلارنىڭ ئاتامىنى بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن، تېخى. بىراق، تەڭرىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ئۇستۇنرەك كەلدى!

تەڭرى بۇ ئۇلۇغ جان ئىگىسىنىڭ ھاياتىغا ئۇندەش بەلگىسى قويدى، بۇ ھاياتنىڭ خاتىمىسى كۆپمۇ ئەمەس، ئازمۇ ئەمەس دەل بىر كۈپلېت مەرسىيە ئىدى. ھازىر ناپولېئوننىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى تەۋەككۈلچىگە خاس ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىدىن تۇغۇلغان ھاياجىنى يەنە بىر قېتىم تورمۇزلاندى. ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە ئون كۈن ئۆتۈپ كەتتى، ناپولېئون بۇ ئون كۈننى تاكى ئاخىر بىر قارارغا كەلگەنگە قەدەر شۈبھە، مەسلىھەت، ئارىسالدىلىق بىلەن ئۆتكۈزدى.

ئىمپېراتور ۋە ھەمراھلىرى كىچىك بىر ئارالغا قاراپ يول ئالدى، ھەمراھلىرى ماچتىلىق بېلىقچى كېمىسىدىن ئىككىنى ياللىماقچىدى، شۇنداق قىلغاندا ئىنگلىزلارنىڭ كۆزىنى بوياپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولاتتى. بىراق، ئىمپېراتور بۇنداق قىلىشنى رەت قىلدى. ئۇ يەردە ئىككى ئامېرىكا كېمىسى تەييار ئىدى،

شۇنىڭدىن ئىلگىرى تاق ماچتىلىق بىر دانىيە كېمىسى بىلەنمۇ ئۇقۇشۇپ قويغانىدى. دېڭىز ئارمىيە مەشىق مەكتىپىدىكى ئوت يۈرەك ياشلار ناپولېئوننى خەۋەرچى كاتىرى ئارقىلىق ئېلىپ كەتمەكچىمۇ بولىغانىدى، ئون ئالتە نەپەر دېڭىز ئارمىيە پىراكتىكانتى تۈن نىسپىدە ناپولېئوننى پورتتىن ئېلىپ چىقىپ كېتەلەيتتى. ئۇلار كىچىك بىر ھۇجرىدا ئىمپېراتورنىڭ يېڭى سىردىشى لاسكاس بىلەن بۇ پىلان ئۈستىدە قىزغىن مۇزاكىرىگە چۈشتى. ئۇلار بۇ تەۋەككۈلچىلىك پىلانىنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە سوغۇققانلىق بىلەن قايتا ـ قايتا ئويلىشىپ مۇزاكىرە قىلدى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ناپولېئوننىڭ قوشۇنغا قايتىپ كېتىشىنى تەشەببۇس قىلدى. چۈنكى، ئالدىنقى سەپنىڭ ۋەزىيىتى كىشىنى ئۈمىدلەندۈرەتتى. بىراق، ئىمپېراتور بۇ پىكىرنى قەتئىي رەت قىلدى.

— ئىچكى ئۇرۇشقا تۈتۈرۈق بولۇپ قېلىشنى خالىمايمەن، سىياسىيغا ئەمدى ھەرگىز ئارىلاشمايمەن، تىنچ كۈنلەرگە موھتاجمەن، ئامېرىكا قىتئەسىگە كېتىمەن.

بىراق، كۆز بويامچىلىق بىلەن يوشۇرۇن قېچىپ كېتىشكە ۋىجدانى يول قويمايتتى.

بۇ چاغدا ئىتتىپاقداش قوشۇنلارنىڭ ھىمايىسىدە بوربوننىڭ ۋەتەنگە يەنە بىر قېتىم قايتىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى. دېڭىزدا ئەنگلىيەنىڭ «بېللېروفون» ناملىق ئوكيان چارلىغۇچى پاراخوتى ئىمپېراتورنىڭ يولىنى توسۇپ تۇراتتى، شۇنداق قىلىپ ئىمپېراتور پۈرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغانىدى.

«پارىژغا قايتىش يولۇم ئېتىلدى، پورتمۇ قامال قىلىندى، — دەپ ئويلايتتى ناپولېئون، — ئەمدى دېڭىز قاراقچىسىدەك قولغا ئېلىنىپ، لوندوندا قاماللارمەنمۇ؟ ئىنگلىزلار كۆپ يىلدىن بۇيان

دۈشمىنىم بولۇپ كەلدى. فىرانسۇزلار ئىنگلىزلارنى ئىزچىل تۈردە ئۇلۇغ، مۇنەۋۋەر خەلق دەپ قاراپ كەلدى. مەن ئىمپېراتور ئىدىمغۇ؟ يېڭىلگەن دۈشمىنىگە كەڭچىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش قەدىمدىن تارتىپ جاھان ئەھلى قايىل بولۇپ كەلگەن ئىش ئىدىغۇ؟ كورسىكادىمۇ ئارال ئىگىلىرىنىڭ مېھماندوستلۇق يوسۇنىغا مۇخالىپ ئىش قىلغان كىشىنىڭ كاللىسى ئېلىنماي قالمايتتى.»

ئىمپېراتور دەرھال بىر قارارغا كېلىپ، ئەنگلىيە نائىبىغا خەت يازدى:

نائىب پادىشاھ ئالىيلىرى، پارتىيەلەر ئىختىلاپى تۈپەيلىدىن دۆلىتىم پارچىلاندى، ياۋروپادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر ماڭا دۈشمەن بولدى. شۇڭا، سىياسىي ھاياتىمغا خاتىمە بېرىش ھەمدە قەدىمدە ئۆتكەن تېمىستوكلېسنىڭ قىلغىنىدەك ئۆزۈمنى مەرد ئەنگلىيە خەلقىنىڭ پاناھىغا تاپشۇرۇش قارارىغا كەلدىم، ئەزىز دۆلىتىڭلار قانۇنىنىڭ ھىمايىسىگە نائىل بولۇش ئارزۇيىدىمەن. ئالىيلىرىنى رەقىبلىرىم ئىچىدە ئەڭ نوپۇزلۇق، ئەڭ قەتئىي ۋە ئەڭ مەرد سانايمەن. ئالىيلىرىنىڭ پاناھىغا نائىل بولۇشنى تىلەيمەن.

ناپولېئون

ئەدەپ بىلەن ئېيتىلغان، ئەمما ئۆزىنى سۇندۇرۇپمۇ كەتمىگەن بۇ ساناقلىقلا بىرقانچە سۆز ئىمپېراتورنىڭ سالاپىتىگە خويمۇ باب كېلەتتى. بىراق، قارشى تەرەپ مەردلىك بىلەن كاپالەت بېرىدۇ دىگەن مەنىنى ئالغان بەزى سۆزلەر يەنىلا كىشىنىڭ كۆڭلىنى بۇزىدۇ. ناپولېئونىنىڭ ئويىچە، مۇشۇ ئەسىردە ئىمپېراتورلۇق تۈرمۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، خۇددى قەدىم زاماندا ئافىنادىن يۈز ئۆرۈپ، ئۆزىنى پارس پادىشاھىنىڭ پاناھىغا تاپشۇرغان

سىياسىيون تېمىستوكلېسنىڭ قىلغىنىدەك دۈشمەن ئەلدىن پاناھلىق تىلەپ بارغان كىشى ئەزىز مېھماندەك قارشى ئېلىنىدۇ دېگەن خىيالدا ئىدى. ناپولېئون دەل ئاشۇنداق تارىخىي سېلىشتۇرما ئاساسىدا ئۆزىگە تامامەن ئىشىنىپ كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىنلا ئىشلىرىنىڭ ئاخىرىدا خۇددى ياش چاغلىرىدا پاۋلىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقىنىدەك مۇشۇنداق زور بىر قارارغا كەلگەنىدى.

ئىككىنچى كۈنى لاسكاس ئىمپېراتورنى خېتىنبېللېروفون ناملىق ئەنگلىيە پاراخوتىنىڭ كاپىتانىغا تاپشۇردى، كاپىتان ئۆزىنىڭ باشلىقى دېگىز ئارمىيە ئادمىرالىغا تاپشۇرۇپ بەردى. بۇ ئادمىرال بولسا لاسكاس بىلەن مەسلىھەتلەشمەيلا قاچقۇننى تۇتۇش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى، خەلقئارا مىزان بويىچە شۇنداق قىلىشقىمۇ ھەقلىق ئىدى. چۈنكى، ۋېيېننادا ئەنگلىيە باشقا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە ناپولېئون قانۇن تەرىپىدىن قوغدالمايدۇ، دەپ جاكارلىغانىدى. بىراق، مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىت شۇكى، كاپىتان بۇ مېھماننىڭ ھۆرلۈكىگە كاپالەت بېرىپ:

— ناپولېئوننىڭ ئەنگلىيەدە قانداق مۇئامىلىگە ئۇچرايدىغانلىقى كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغايدۇ. شۇڭا، ناپولېئون ئەنگلىيەدە ئىززەت - ئىھرامغا نائىل بولىدۇ، بىز ئەزەلدىن مەرد ۋە دېموكراتلاردىندۇرمىز، — دېگەنىدى.

شۇنداق قىلىپ بۇ ياۋروپا ھۆكۈمرانى ئاخىر دۈشمەن پاراخوتىغا چىقتى. ھالبۇكى، تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بۇ ۋەقەنىڭ تارىخنامىلەردە قەيت قىلىنغانلىقى بىزگە نامەلۇم. بۇ ھەرگىزمۇ ناپولېئوننىڭ ھاپىلا - شاپىلا چىقارغان قارارى بولماستىن، بەلكى ئۇزاق ۋاقىت ئەقلىي پىكىر يۈرگۈزۈش،

مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق چىقارغان مەنتىقىي ھۆكمى بىلەن بولغان ئىش ئىدى. ناپولېئوننىڭ ئۆتكەن يىگىرمە يىل مابەينىدىكى تەجرىبىلىرىدىن مەلۇمكى، ئاغزاكى كېلىشىم ئىشەنچلىك بولمايتتى، جەزمەن يازما كېلىشىم ئىمزالىنىشىقا توغرا كېلەتتى. بىراق، ناپولېئون ئاشۇ ئاخىرقى ئاچقۇچلۇق ھەرىكىتىدە كېلىشىم ئىمزالاشمىدى، مۆھۈر بېسىشمىدى ۋە يازما ھۆججەت ئالماشتۇرۇشمىدى. چۈنكى، لوندون تەرەپتىن جاۋاب ئېلىشتىن ئۈمىد كۈتمەيتتى، شۇنداقلا كىچىككىنە بىر كاپىتاننىڭ ئاغزىدىكى قۇرۇق گېپىگە ئىشىنىپ كەتكەنمۇ ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ بۇ ئاخىرقى ھەرىكىتى پەيدا قىلىدىغان ھەققانىي تەسىرىدىن زور ئۈمىد كۈتكەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ پاراخوتقا چىقىش ئالدىدا پاراخوتنىڭ ئالىي كوماندىرىغا يۇقىرىقى مەردانە مەكتۇپىنى يازغانىدى.

شۇنداق قىلىپ ناپولېئون ھەربىي فورمىسى بىلەن ئەنگلىيە ھەربىي پاراخوتىغا چىقتى.

## يىگىرمىنچى، ئۇلۇغ رىۋايەتنىڭ خاتىمىسى

ناپولېئون پاراخوت ئۈستىدە تۇرغان كاپىتان مېترانىغا قالپىقىنى ئېلىپ ئېھتىرام بىلدۈردى.

— ئۆزۈمنى ئىمپېراتورۇڭلار بىلەن قانۇنۇڭلارنىڭ ھىمايىسىگە تاپشۇرۇش ئۈچۈن كەلدىم، — دېدى ناپولېئون.

ئاندىن پاراخوتتىكى ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيە ئوفىتسېرلىرى ئىمپېراتورنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىرمۇبىر كۆرۈشتى، ناپولېئون ئۇلاردىن قايسى - قايسى ئورۇشلارغا قاتناشقانلىقىنى سورۇشتۇردى. كاپىتان «ئالىيلىرى» دېگەن سۆز بىلەن

«ئەپەندى» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەي، ناپولېئوننى «ئەپەندى» دەپ چاقىرىۋىدى، ناپولېئون بۇ ئاتاقنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. ئىمپېراتور مىسلى كۆرۈلمىگەن ئاجايىپ تىنچ بىر خىل روھىي كەيپىياتتا دېڭىز ئارمىيەسى ھەققىدە توختالدى ھەمدە «ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيەسىدىكى ئوفىتسېر ـ لەشكەرلەرنى تازىلىقتا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ، ناھايىتى قابىل كېلىدۇ» دەپ تەرىپلىدى، ھەمدە ئۇلار بىلەن ھەر قېتىمقى دېڭىز ئۇرۇشىدىن كېيىن دېڭىز ئارمىيەسىدە ئادەت بويىچە قوللىنىلىدىغان جازا ئۈستىدە مۇنازىرىلەشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن سۆزىنى ئادەتتىكى تېمىغا بۇرىدى:

— مەن كېمەڭلارنىڭ فىرانسىيە كېمىلىرىنى شۇنچە ئاسان يېڭىۋالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلىگۈدەك ھېچقانداق ئاساس تاپالمىدىم. كېمىنىڭ نوچىسى بىزدە ئىدى، فىرانسىيە قوشۇنىنىڭ ھەرقانداق تىپتىكى ھەربىي كېمىسى ئەنگلىيەنىڭ شۇ تىپتىكى كېمىلىرىدىن كۆپ پۇختا ئىدى، كېمىلىرىمىزدە زەمبىرەك ۋە قوشۇمچە ئەشيالارمۇ كۆپ، يەنە كېلىپ كېمە خادىملىرىنىڭ سانىمۇ جىق ئىدى.

— ئەپەندى، سىزگە چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەنىدىم. بىزنىڭ ماتروسلىرىمىز سىزنىڭ ماتروسلىرىڭىزدىن كۆپ تەجرىبىلىك.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ناپولېئون كىرپىكىنى قېقىپمۇ قويمىدى. سۆھبەت ئۆتكۈر ئىلمىي مەسىلىلەر ئۈستىدە بولۇۋاتاتتى، ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنىڭ كېمە سەنئىتى ئۈستىدە توختالدى.

— ئەگەر فىرانسىيە كېمىسىگە چۈشۈپ قاچقان بولسىڭىز، — دېدى كاپىتان مىېتران، — ماتروسلىرىمىزنىڭ نەقەدەر توغرا نىشانلاپ ئوق ئۈزىدىغانلىقىنى شۇ چاغدا بىلىپ قالاتتىڭىز.

تالاش ـ تارتىش بولمىدى. چۈنكى، بۇ يەردە تۇرۇۋاتقان كىشى ئويۇن قائىدىسىگە رىئايە قىلمىدىغان قىمارۋاز ئىدى. ئىمپېراتور يىگىرمە تۆت قاداق ئېغىر زەمبىرەكتىن بىرقانچىسى قويۇلغان ئىككى فىرانسىيە كېمىسىنىڭ يەتمىش تۆت قاداق ئېغىر زەمبىرەك سەپلەنگەن ئەنگلىيەنىڭ بېللېروفون ناملىق بىرلا كېمىسىنى يېڭەلمەيدىغانلىقىغا پەقەت ئىشەنمەي كاپىتان بىلەن مۇنازىرىلەشكۈسى كەلدى. كاپىتان بۇنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىگە ئاساس كۆرسەتتى. ئاندىن ناپولېئون كېمىدىكى زەمبىرەكلەرنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە راسا ماختىدى، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ بەزى يېتەرسىزلىكلىرىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتتى. كاپىتان كېيىن قول ئاستىدىكىلەرگە ناپولېئوننىڭ مول كەسپىي بىلىمىگە قايىل ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

بېللېروفون ناملىق كېمە يولغا چىقىپ ئون كۈندىن كېيىن پىلىمۇس پورتىدا توختىدى. بۇ ئىيۇلنىڭ بىر ئەتىگىنى ئىدى، پىرىستانغا بىھېساب ئۇششاق كېمە ـ قولۋاقلار توپلانغان، بۇ كېمىنىڭ ئەتراپى يىگىرمە يىل مابەينىدە پەقەت ناپولېئون ھەققىدىكى تىل ـ ئاھانەت ۋە مەسخىرىلەرنىلا ئاڭلاپ كەلگەن، ناپولېئوننىڭ ئالۋاستى سۈپەت سەتلەشتۈرۈپ سىزىلغان ھەجۋىي رەسىملىرىنىلا كۆرۈپ كەلگەن مىڭلاپ، تۈمەنلەپ كىشى بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. بىراق، ئەنگلىيە تېخى ئاخىرقى قارارغا كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن بۇ كېمىنىڭ سىرت بىلەن ھەرقانداق ئالاقىدە بولۇشى چەكلەنگەن بولغاچقا، ھېچكىم يېقىنلىشالمايتتى. ماتروسلار بۇ ئۇلۇغ زاتنى ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرۇشقا مۇيەسسەر بولغانلىقى بىلەن شۇ كۈنلىرىنى ئۇلۇغ، ئۆزلىرىنى بەختلىك ھېسابلايتتى. ئىمپېراتور ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئانچە ـ مۇنچە فىرانسۇزچە بىلىدىغانلىرى بىلەن پاراڭلىشاتتى.

كىشىلەر تۇتقۇن قىلىنغان شىرنىڭ چىرايىنى كۆرۈشكە ئىنتىزار ئىدى. باشقىلار كۆرگەزمە قىلىپ كۆرىدىغان ئەرمەك مەخلۇق بولۇپ قېلىشىنى خالىمىغان ناپولېئون كۆپىنچە ۋاقتىنى كېمە ئىچىدە ئۆتكۈزدى. بۇنداق ھالەت ئۇزاققا بارمايلا ئاخىرلىشىدۇ، ئەركىنلىككە چىقىمەن، دەپ ئويلايتتى بۇ شىر. بىراق، كېمە ئىچىدە تۇرىۋېرىپ ئىچى سىقىلىپ كەتكەچكە، يېڭى ھاۋادىن نەپەس ئالماقچى بولۇپ كېمىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى راۋاققا چىقتى. بۇ ئۇلۇغ مەغلۇپ دۈشمەن جاھانغا مەشھۇر كونا يېشىل ھەربىي كىيىمىنى كىيگىنىچە شۇ يەردە تۇرغىنىدا ئۆزىنى تولىمۇ غېرىب ھېس قىلدى. شۇ ئەسنادا بىھېساب كۆزلەر بىردىنلا ئۆزىگە ئاغدۇرۇلۇۋىدى، ئۆزىگە مەركەزلەشكەن شۇ كۆزلەردىن چاقنىغان ئوتلاردا كۆيۈپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ قالدى.

بىراق، تىز پۈكمەس بۇ پەزىلەت ئىگىسى شۇ قەدەر چىدىغۇسىز ھاقارەت ئىچىدىمۇ ئىززەت - ھۆرمىتىنى نامايان قىلىپ قەددىنى تىك تۇتاتتى. شۇ ئەسنادا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان شۇنداق بىر ئىش يۈز بەردىكى، ئۆزىگە بويۇنداپ قاراپ تۇرۇشقان تۈمەنلەپ كىشى بىردىنلا باش كىيىملىرىنى ئېلىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى، كېمىلەردىكى، پۈتۈن پورتتىكى ئادەم دېڭىزى ئىچىدە باش كىيىمىنى ئېلىپ ھۆرمەت بىلدۈرمىگىنىدىن بىرىمۇ يوق ئىدى. پەقەت بىر كىشى بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولۇپ، ئۈچ قىرلىق قالپىقىنى بېشىدىن ئالماي تۇرىۋەردى. شۇ ئىچى تار كاپىتاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، گويا پۈتۈن ئەنگلىيە خەلقى ئىمپېراتورغا ھۆرمەت بىلدۈرۈۋاتقاندەك ئىدى. بۇ ھال بۈيۈك بىرىتانىيە خەلقىنىڭ خاھىشى ۋە بىرىتانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ نامايەندىسى ئىدى، ئۇلار ئۆز دۆلىتىنى دۇچار بولۇش ئالدىدا تۇرغان ھاقارەتلىك نامدىن خالاس

قىلماقچى بولغانىدەك ئىدى. ناپولېئونلار شۇ تەرزدە كېمىدە تۇرۇپ ئۈچ كۈن كۈتتى. تۆتىنچى كۈنى ئەنگلىيە گېنېرالى پاراخوتقا چىقىپ، ناپولېئوننىڭ بۆلمىسىگە كىرىپ ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قارارىنى تاپشۇردى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قارارنامىسىدە: «ئەگەر گېنېرال بوناپارت يەنە بىر قېتىم تىنچلىقنى بۇزۇش يولىنى تۇتۇپ پۇرسەت تېپىشقا ئۇرۇنىدىغان بولسا، ئەنگلىيە ۋە ئەنگلىيەنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى بىلەن تۈزۈشكەن كېلىشىمگە خىلاپ بولىدۇ. شۇڭا، ناپولېئوننىڭ ئۆز ئەركىنگە چەك قويىمىقى زۆرۈر» دېيىلگەن ھەمدە ساينىت خېلېنا دەپ ئاتىلىدىغان بىر يىگانە ئارالغا سۈرگۈن قىلىنىدىغانلىقى، ئۈچ نەپەر گېنېرالنى ۋە ئون ئىككى نەپەر خىزمەتكارىنى ئېلىۋالسا بولىدىغانلىقى ئېيتىلغانىدى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ناپولېئون ئۇ ھۆججەتنى ئۈستەلگە تاشلاپ قويۇپ بىرپەس تۇرۇپ كەتكەن، ئاندىن قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ مۇنداق دېگەن:

— مەن ئەسىر ئەمەس... پاراخوتۇڭلارغا ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن چىققان ھەمدە ئۆزۈمنى ھىمايەڭلار ئاستىغا قويغانمەن، مېھمان قاتارىدا كۈتۈلۈشۈم كېرەك ئىدى. پاراخوتۇڭلارغا چىققىنىمدا ئۈچ رەڭ تۇغۇم روشېفورت ۋە پورتدولاردا لەپىلدەپ تۇرۇۋاتاتتى. مەن ئەسلىدە قوشۇنۇمغا قايتىپ بارسامму ياكى ماڭا سادىق خەلق ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ پىنھان ياشىساممۇ بولاتتى.

ھالبۇكى، مەن بۇ زېمىنغا ئۆز نامىم بىلەن ئاياغ باستىم. پاراخوتۇڭلارنىڭ نوپۇزلۇق بىر ئادمىرالىدىن مېنى ۋە ئادەملىرىمنى ئەنگلىيەگە ئېلىپ بارالايدىغان ـ بارالمايدىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرسەم، بۇ ئادمىرال ھۆكۈمەتنىڭ پەرمانىغا بىنائەن سىزنى ئالغىلى كەلگەن، دېگەنىدى. ئەگەر ئالدىنىپ قىلتاققا چۈشكەن بولسام، ھۆكۈمىتىڭلارنىڭ يۈزىگە

سەت بولـدۇ، دۆلـتـىڭلارنىڭ بـايرىقىـغىمۇ هـاقارەت بولـدۇ...
ساينىت خېلىلېـنـا ئارىلىـدا ئۈچ ئايـغا قالمـايلا جېنـىمدىن جـۇدا بولـمەن. هەر كۈنى ئوتتۇز چاقىرىم يەرگـىچە ئاتلىـق بېرىـپ ـ كـېلىـپ هـەرىكەت قـىـلـىـپ ئـادەتـلـەنگـەنـىدىم، جـاهـانـنـىـڭ ئۇ تـەرىـپـىـدىـكـى قەپـەسـتـە نېمـە قـىـلاتـتـىـم؟ بـارمـايـمـەن! ...
هۆكـۈمـىتـىڭلارنىڭ مېنى ئۆلتۈرگۈسى بولسا، مۇشۇ يەردىلا قـول سالسـۇن... ئـىسـىـت، نائىب پـادىشاهلـىرىڭـلارغـا ئۆمرىـدە ئـەڭ شانلىق نام قالدۇرىدىغان تېپىـلغۇسـىـز پۇرسەت بـېرەر ئىدىـم. دۆلـتـىـڭلارنـىـڭ ئـەڭ چوڭ دۈشـمـىـنى بولـۇش سۈپـىتـىـم بـىـلـەن ئۆزۈمنى هىمايەڭلار ئاستىـدا قويۇپ، سـىـلەرگە ئـالـىي شۆهـرەت بەخىش ئەتكەنىدىم. هالبۇكى، بۇگۈنكى قىلمىش ـ ئەتمىشىڭـلار بۈيۈك بېرىتانىيەنى مەڭگۈلۈك ئار ـ نومۇسقا دۇچار قىلىدۇ.

بۇ باياناتتىكى ئەڭ ئاچقۇچلۇق نۇقتا كىشىلەرنىڭ هەققانىي نەپرىتىنى قوزغىغانلىقىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ناپولېئوننىڭ باياناتى قەهرىمانلىق هوقۇقىنى تەلەپ قىلىش بولغاچقا، خەلقئارا مىزانغا چېتىلىپمۇ كەتمەيتتى. ئاشۇ كىچىككىنە كېمە بـۆلمىسـىـدە ئەنگـلىيە گـېنېرالـى هۆكۈمـنـامىـنـى تـاپشۇرغـانـدا ئاچچىقىغا پايلىماي ئېيتقان بۇ سۆزلىرىنى ئاشۇ ئەنگلىيە گېنېرالـى خاتىرىلـىۋېلـىـپ كېيىـنكـىـلەرگە قالـدۇرغانىدى. بـۇ گەرچە ئاچچىقىدا ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەن گەپلەر بولسىمۇ، مۇهىم تارىخىي ئەهمىيەتكە ئىگە ئىدى، هەتتا بىرقانچە جۈملىسى مەڭگۈ ئۆچمەس هېكمەتلىك سۆز بولۇپ قالدى. ناپولېئوننىڭ قەلبى ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكتىن مەهرۇم قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، جاهان ئەهلىنىڭ ئۇلۇغۋار قەدىر ـ قىممىتىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن نالە قىلدى.

ناپولېئون تەقدىر ـ قىسمىتىنىڭ مۇشۇنداق بولىدىغانلىقىنى هېلىقى قىيامەت هۆكۈمنامىسىدىن ۋاقىپلانغان دەسلەپكى

مىنۇتلاردىلا بىلگەنىدى، ئەسىرلەردىن كېيىنكى كىشىلەر ياكى نەۋرە - چەۋرىلىرىمۇ بۇ نۇقتىنى ئۇنىڭدىن ئارتۇق شەرھلەپ بېرەلمەيتتى. ناپولېئون ئۆزىنىڭ سېتىۋېتىلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى، ئەنئەنىۋى پادىشاھلاردەك «ئۆمرىدە ئەڭ شانلىق نام قالدۇرىدىغان تېپىلغۇسىز پۇرسەت»تىن يەنە بىر قېتىم مەھرۇم قالدى، تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بۇ قارا كۆچ ئىگىسى ئۆز قولىغا چۈشكەن كاتتا زاتنى ماغدۇرسىز، ئەمما قان بىلەن بويالغان شەپقەتسىز مۇشتۇمى بىلەن نابۇت قىلىشتىن باشقىنى بىلمىدى.

بىراق، بۇ زاتنىڭ خورلانغان روھى قارا كۆچ ئىگىسىنىڭ مۇشتىغا بوي بەرمەي پەلەك قەرىگە شۇڭغۇدى. قىيامەت ھۆكمىگە دۇچار بولغان بۇ روھ ئىگىسى ئادەتتىن تاشقىرى شۇنداق بىر قۇدرەتكە ئېرىشتىكى، بۇ قۇدرەت ماغدۇرسىز قالغان چاغلىرىدا تەۋرەنمەس روھقا ئىگە قىلدى. ھېلىقى ئاغزاكى نارازىلىق باياناتىنى بىرىنچى قېتىم جاكارلىغاندىن كېيىن پىلمۇستا يەنە ئون كۈننى خورلۇق ئىچىدە چىداپ ئۆتكۈزدى، شۇنداقلا بىساتلىرىنى ۋە پۇللىرىنى ئىنگلىزلارنىڭ قانداق قىلىپ ئالا قويماي ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىغا تىنچىقىنا قاراپ ئولتۇردى.

ناپولېئون ھەمراھلىرى بىلەن ئاخىرى ساينىت خېلىنا ئارىلىغا قاراپ ماڭغان «نوزىنبىران»ناملىق باشقا بىر كېمىگە ئېلىپ چىقىلدى. ئاۋغۇستنىڭ بىر ئەتىگىنى فرانسىيەنىڭ تىمتاس دېڭىز قىرغىقى قويۇق تۇمان ئىچىدە خىرە - شىرە كۆزگە چېلىقتى، ناپولېئون بۇ قىرغاق بىلەن شۇ قەدەر تونۇش ئىدى. بۇ قىرغاقنىڭ كۆڭۈل بۆلگۈدەك نېمىسى بولسۇن؟ ناپولېئوننىڭ قىزىقىدىغىنى قىرغاقنىڭ ئىچىدىكى شەرققە جايلاشقان ئىچكى قۇرۇقلۇق پارىژ ئىدى. ھالبۇكى، پارىژ

ناپولېئوننى سىغدۇرمىغانىدى.

ناپولېئون ھۆكۈمرانلىق قىلغان ياۋروپا قاش قارايغان مەھەلدە كۆزدىن يىتتى، قاپقارا دېڭىز سۈيى يىراق - يىراقلاردا ئاستا كۆۋەجەپ كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. ناپولېئون خۇددى مىسىر سەپىرىدىكىدەك بىر ھالدا پاراخوت ئۈستىدە تۇرۇپ، ئالدىغىمۇ - ئارقىسىغىمۇ قارىماستىن، ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردىن كۆزىنى ئۈزمەي ئۆزىنىڭ يۇلتۇزىنى ئىزدىمەكتە ئىدى.

# بەشىنچى باب

# قىيا

نايولېئون مەھشەر كۈنى تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا ئېلىپ بېرىلىپتۇ. شەيتان نايولېئون جەمەتىنىڭ گۇناھلىرىنى بىرمۇبىر ئوقۇغىلى تۇرۇپتىكەن، «بەس، — دەپتۇ تەڭرى ئاتا بىلەن تەڭرىزادە، — ھەي كاس - كاس، گېرمان پوپلارنىڭ شىكايەتنامىسىنى ئوقۇپ كاسىلداۋەرمە، قۇلىقىمىزنى يادىتىۋەتتىڭ. ئەگەر ناپولېئونغا تاقابىل تۇرغۇدەك ماجالىڭ بولمىسا، دوزاخقا تاشلىغۇزىمەن دەپ خام خىيال قىلما!»

گيوتې

## بىرىنچى، سۇرگۈندى ئىمپېراتور

دېڭىز سۈيى بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ ئەينەكتەك يالتىراپ كەتتى. بىر كىشى قىيا ئۈستىدە قوللىرىنى كەينىگە تۇتقىنىچە زېرىككەنلىك ئىچىدە دېڭىزغا — بىپايان دېڭىزغا نەزەر تاشلاپ تۇراتتى.

يىراقتىن قارىغاندا ئۆزى سېمىز، يېشى نامەلۇم كۆرۈندىغان بۇ كىشىنىڭ يېشىل چاپىنىدا پەخرىي بىرلەشمە ئارمىيەنىڭ

ئىزنىكى، قولىدا ئۈچ بۇرجەك بۆكى بار ئىدى. بېشى يوغان ۋە تاقىر بولۇپ، چېچى ئارقا مېڭىسىگە بارا ـ بارا قويۇقلىشىپ بارغان، ئەمما بىرەر تالمۇ ئاق ئارىلىمىغانىدى. مۇرىلىرى مەزمۇت، بوينى توم ئىدى، خۇددى تاشقاتمىسىدەك سارغۇچ يۈزلىرى بوران ـ چاپقۇنلاردا سىلىقلىنىپ كەتكەن قەدىمىي رىم مەرمەر تاش ئويمىلىرىدەك سىلىق بولۇپ، زادىلا قورۇق چۈشمىگەنىدى. يان تەرەپتىن قارىغاندا، سەترەك سەمرىپ كەتكەن ئېڭىكىلا يۈزىنىڭ ئاشۇ كۆركەم سىماسىغا نۇقسان يەتكۈزۈپ تۇراتتى، پەقەت بۇرنى، چىشى ۋە قوللىرىلا ئادەتتىكىدەك چىرايلىق كۆرۈنەتتى. ئۇزاق داۋاملاشقان ئۇرۇش يىللىرىدا قوللىرىنى كۆكۈل قويۇپ ئاسراپ كەلگەنىدى، شۇ ۋەجىدىن ماقالىلىرىغا، مەكتۇپلىرىغا تۆزىتىش كىرگۈزگەنلىرىدىمۇ سىياھ ئىشلەتمەي، ھەمىشە قېرىنداش ئىشلىتەتتى.

دوختۇرلىرىغا مەلۇمكى، تومۇرىنىڭ سوقۇشى ھېچقاچان ئاتمىش ئىككى قېتىمدىن ئېشىپ كەتمەيتتى، مەيدىسى ئايال كىشىنىڭ كۆكسىدەك تولۇق، مەيدە تۈكلىرى شالاڭ ئىدى. بەدىنىنىڭ ئەھۋالىنى بەش قولدەك ئېنىق بىلەتتى، تېنىنى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىشقا سېلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھاياتلىق جەڭگاھىنى ئىنچىكە تەتقىق قىلاتتى.

— زادىلا يۈرىكىم سالمايدۇ، خۇددى يۈرىكىم يوقتەكلا، — دەيدۇ ناپولېئون چاقچاق ئارىلاش، — تەبىئەت ماڭا مۇنداق ئىككى تۈرلۈك قىممەتلىك نەرسە ئاتا قىلغان: بىرى، ھەرقانداق چاغدا، ھەرقانداق جايدا بىمالال ئۇخلاۋېرىمەن؛ يەنە بىرى، ھېچقاچان بولۇشىچە كۆپ تاماق يېمەيمەن... سۇ، ھاۋا ۋە پاكىزلىق ھاياتىمغا باغلىنىشلىق ئەڭ ئېسىل دورام بولۇپ كەلدى.

ناپولېئوننىڭ تېنى چېنىققان، بەقۇۋۋەت بولغاچقا، پەيتونغا

بىرلا ئولتۇرۇۋېلىپ تىلسىتتىن درېسدېنغا بارغۇچە توختىماي يۈز سائەتلەپ يول يۈرگەن، مەنزىلگە يېتىپ بارغىنىدىن كېيىنمۇ يەنە شۇنداق روھلۇق پېتى ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كەتكەنىدى؛ ۋېيېننادىن سىمپلىنغا ئاتلىق بېرىپ، شۇ يەردە ناشتا قىلغان، ئاخشىمى شورىنبرۇئېن قەسرىدە ئىشىنى داۋاملاشتۇرغان؛ ۋرادورىدىن بۇرگوسقا ئات چاپتۇرۇپ بەش سائەتتىلا يېتىپ بارغانىدى. پولشادىن ئۆتۈشىدىمۇ ئۇزۇن يوللارنى ئاتلىق بېسىپ قاق چۈش مەھەلدە ۋارشاۋاغا يېتىپ بارغان، ئەتىسى ئەتىگىنى سائەت يەتتىدە يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ ئەمەلدارلىرىنى قوبۇل قىلغانىدى. جىسمانىي تەڭپۇڭلۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈنمۇ ئادەتتىن تاشقىرى ھەرىكەتلەردە بولاتتى: ئۈستەلگە مۈكچىيىپ ئۇزاق ۋاقىت ئىشلىگەندىن كېيىن ئېتىنى بىر مىنگىنىچە تىنماي چاپتۇرۇپ ئاتمىش مىلچە يەرگە بېرىپ كېلەتتى ياكى كۈنبويى ئوۋ ئوۋلايتتى. چارچاپ ھالى قالمىغان چاغلاردا بىر سوتكىغىچە ئۆيىدىن چىقماي دەم ئالاتتى.

ناپولېئوننىڭ موسكۇللىرى شۇ قەدەر كۈچلۈك، نېرۋىسى بولسا شۇ قەدەر چىدىماس ئىدى. بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە ئادەتلىنىپ قالغاچقا، چەكلىمىگە زادىلا كۆنمەيتتى، ھەتتا چاپىنى ياكى ئايىغى ئازراقلا قورۇۋالسا ياكى قىستىسا دەرھال سېلىۋېتىپ خىزمەتكارلىرىنىڭ يۈزىگە ئاتاتتى. پۈزۈر كىيىنىپ سىرتلارغا چىقماقچى بولسا، خىزمەتكارلىرى ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن كىيىم تاللاپ كىيىندۈرەتتى. قاتتىق ئويلانغىلى تۇرسا — ئويلانمايدىغان ۋاقتىمۇ بارمىدى — ناشتىلىقىنى نېرى ئىتتىرىپ، ئورۇندۇقىنى تاشلاپ ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭاتتى، ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلىشىپ كېتەتتى ياكى ۋارقىراپ - جارقىراپ كېتەتتى. ئويلىغانلىرىنى قەغەز يۈزىگە چۈشۈرمەكچى بولۇپ قەلىمىنى ھەرقانچە تېز چاپتۇرسىمۇ تەپەككۇرىغا

يېتىشەلمەي قوللىرىنىڭ پەيلىرى سوزۇلۇپ كېتەتتى. شۇڭا، ئىلىپ ـ تارتىپ يازغان خەتلىرىنى يۈز يىلدىن كېيىنكى كۈنلەردىمۇ ئوقۇغىلى بولمىدى. سىر ۋە رېزىنكە پۇرىقىغا چىدىماي، دائىم دېگۈدەك ئۆزىگە ئەتىر سېپەتتى. نېرۋىلىرى قاتتىق چارچىغان چاغلاردا قىزىق سۇدا يۇيۇنۇش ئارقىلىق هاردۇقىنى چىقىراتتى. ئەنگلىيەلىكلەر بىلەن تونۇشقان مەزگىلىدە تۆت كاتىپى بىلەن ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئىشلىگەندىن كېيىن دۇشتا ئالتە سائەت چىلىنىپ ياتتى، شۇنداقلا ئۇدۇللۇق ئاغزاكى پەرمان چۈشۈرۈپمۇ تۇراتتى. ئۆزىنىڭ بايان قىلىشىچە، شۇنچە جىددىيلىشىپ تۇرىدىغان نېرۋىسى بىلەن شۇنچە ئاستا ئاقىدىغان قېنى قارىمۇقارشى ئىككى قۇتۇپنى شەكىللەندۈرگەن.

ـــ بۇنداق روهىي هالەتتە قېنىم ئاشۇنداق ئاستا ئايلانمىسا ئېلىشىپ قېلىشىم تۇرغانلا گەپ، ـــ دەيتتى ناپولېئون.

ناپولېئوننىڭ تۇتقاقلىق كېسىلى بار دېگەن پاراڭنىڭ ئاساسى يوق، بالا ئاغىنىلىرىدىنمۇ كېسىلى تۇتقانلىقىنى كۆرگەنمەن دەيدىغىنى يوق. ئۆمۈر بويى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن ساقىت بولماي ياشىغان بۇ ئادەمنىڭ تۇتقاقلىق كېسىلى بار ئىكەنلىكىگە دائىر ماتېرىياللار بولسىمۇ، پاكىتىنىڭ تايىنى يوق، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنمەن دېگەن بىردىنبىر گۇۋاهچىمۇ گۇمانلىق، بۇ گۇۋاهچىنىڭ يازغان دوكلاتىمۇ مۇجمەل.

ناپولېئون تېنى ساغلاملا بولىدىكەن، هەرقانداق جىددىيلىك ۋە پاتىپاراقچىلىقتا ۋاي دېمەيتتى. قىرىق ياشنىڭ قارىسىنى ئالغاندىلا تۇنجى قېتىم ئاشقازان ئاغرىقىنىڭ دەردىنى تارتتى، ئۇ چاغلاردا كىشىلەر ئاشقازان كېسىلىنى پوملاپلا راك دەپ ئاتايتتى. شۈبهىسىزكى، بۇ ئىرسىي كېسەل ئىدى. ناپولېئون شۇنىڭدىن كېيىن ئاخىرقى ئۈچ يىللىق جەڭ داۋامىدىكى ئاچقۇچلۇق پەيتلەردە ئاشقازان ئاغرىقىنىڭ دەردىنى تازا تارتتى.

ئەگەر ئاشقازان كېسىلى قوزغىلىپ ئاغرىقى تۇتۇپ تۇرمىغان بولسا، ئەينى ۋاقىتتىكى مۇشكۇل شارائىتتىمۇ ئىرادىسى سۇنمىغان، زاۋاللىققا يۈز تۇتۇش تارىخنىمۇ باشقىچە يېزىشقا توغرا كەلگەن بولاتتى.

## ئىككىنچى، ئىشەنچ، زېھنىي كۈچ ۋە تەسەۋۋۇر

بۇ تەنگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغۇچى روھقا تۈرتكە بولۇپ تۇرىدىغان ئۈچ تۈرلۈك كۈچ بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ ئىشەنچ، زېھنىي كۈچ ۋە تەسەۋۋۇر.

«مەن باشقىلارغا ئوخشىمايمەن، ئەخلاق ۋە ئۆرپ ـ ئادەت مىزانلىرى ماڭا تەتبىقلانمايدۇ» دەپ باشلىنىدىغان ناپولېئون ئۆسمۈر چاغلىرىدا يازغان تۇنجى پوبلىستىك ماقالىسىنى ئاشۇنداق تولۇق سۆزلىرى بىلەن «مەن»نى گەۋدىلەندۈرۈپ، بۇ شۆھرەتپەرەسلىكتىن قىلچە خەۋىرى يوق ئون ئۈچ ياشلىق بىر بالىنىڭ ئاشكارا بايانى ئىدى.

«نېمىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئىكەنلىكىنى ئۆزۈمگە خاس ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلىقىم ئۈچۈن پەقەت مەنلا بىلىپ يېتەلەيمەن، — دېگەنىدى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، — ئىشەنچىم كاملىكى، بۈگۈنكى كۈندە فىرانسىيەگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا مەندىن باشقا ھېچكىممۇ قادىر ئەمەس. مېنىڭ ۋاپاتىم ئەل ئۈچۈن زور بەختسىزلىك بولۇپ قالىدۇ.»

ناپولېئون بۇنداق گەپلەرنى كەمدىن ـ كەم قىلاتتى، قىلغاندىمۇ خۇپىيانە قىلاتتى. بۇ سۆزلىرى بىلەن تەبىئەتشۇناسلارغا خاس بىر تەرزدە «ناپولېئون ھادىسىسى»نى سوغۇققانلىق بىلەن كۆزىتىۋاتقانلىقىنى نامايان قىلىپ بېرەتتى. بىرەيلەن فىرانسىيە قوشۇنى رۇسىيەدە تارمار قىلىنغاندىن

كېيىن، ناپولېئوندىن «فىرانسىيەدە سىزنى كىملەر ھىمايە قىلىدۇ» دەپ سورىغاندا، «مېنىڭ ئىسمىم» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

ناپولېئوننىڭ زامانداشلىرىمۇ، كېيىنكىلەرمۇ بۇ ئاساسىي تۇيغۇسىنى نەپسانىيىتىدىن كۆردى. ئاددىي ئادەملەرنىڭ نەپسانىيىتى بىلەن ناپولېئوننىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق خۇددى يۇقىرىغا يامىشىپ چىقىش ئۈچۈن تىنىماي قىمىرلاپ تۇرۇۋاتقان ھايۋان بىلەن كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان شۇڭقار ئوتتۇرىسىدىكى پەرققە ئوخشايدۇ. شۇڭقار تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىگە مۇناسىپ ئەركىن پەرۋاز قىلىۋېرىدۇ، قانچىكى ئېگىز ئۇچسا، نەزەر دائىرىسى شۇنچە كېڭىيىدۇ. ناپولېئوننىڭ ئۆز غايىسى يولىدىكى ئىنتىلىشلىرى پۈچەك ئارزۇ ــ ھەۋەسلىرىنىڭ دەيدەيگە سېلىشىدىنمۇ، ھەسەتخورلۇق ۋەسۋەسىسىدىنمۇ ئەمەس، بەلكى تۇغما تەبىئىتىدىن ئىدى. ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندا بۇ ھەقتە سىردىشى رودېرېرغا توغرىسىنى ئېيتتى:

— مەندە يامان نىيەتتىن ئەسەرمۇ يوق. بار دېيىلىدىغان بولسا، خۇددى تومۇرۇمدا ئېقىۋاتقان قېنىمدەكلا تۇغۇلۇشۇم بىلەن تەڭ ئاپىرىدە بولغان. نىيىتىم مېنى دېمەتلىكلىرىمدىن ئېشىپ كېتىشكە قۇتراتمايدۇ... بىرنېمىنى قۇترىتىپ ئولتۇرۇشۇمنىڭمۇ، تېپىشىپ ئولتۇرۇشۇمنىڭمۇ ھاجىتى يوق، ھەرىكەت سۈرئىتىم ھېچقاچان تەبىئىي سۈرئىتىمدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، ھەمىشە مۇناسىپ كونكرېت ئەھۋالدا ئارزۇ ــ ئارمانىم بىلەن بىللە پەيدا بولىدۇ.

مۇھىت ۋە غايە ناپولېئونغا ياش گېنېرال چېغىدىلا ئۆزىنىڭ فىرانسىيەنى قۇتقۇزىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەنىدى. نىھايەتكى، بۇ بىر بۇرچ تۇيغۇسى ئىدى. شۇڭا، ئۆز ۋاقتىدا

رودىرىرغا:

— ئەھۋال ئۆزگەردى. دۆلەتنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشىغا قاراپ تۇرغۇچىلاردىن ئەمەس، دۆلەتنىڭ گۈللەندۈرگۈچىسى بولۇشۇم پېشانەمگە پۈتۈلگەنىكەن، — دېگەنىدى.

يەنە بىر قېتىملىق سۆھبەتتە شائىر گونىناي ئۈستىدە توختىلىپ، ئەمەلىيەتتە ئۆزىگە قارىتىپ:

— گونىنايىنىڭ شۇنچە ئۇلۇغ كىلاسسىك ئەدەبىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرى نەدىن كەلگەن؟ ۋۇجۇدىدىنمۇ، روھىي دۇنياسىدىنمۇ؟ خوش، جانابىي كاردىنال، بۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىز؟ بۇ دېگەن تالانت. قاراڭا، تالانت تەڭرىدىن نازىل بولىدىغان بىر پارچە ئوت دېمەكتۇر. بىراق، بۇ ئوتنى قوبۇل قىلىشنى خالايدىغان كاللا كەمدىن ـ كەم تېپىلىدۇ... گونىناي جاھانغا مەشھۇر كىشى، — دېگەنىدى.

بۇ چاغدا بىرەيلەن شائىر ئۇ ئوتنى كۆرۈپ باقمىغان تۇرسا قانداق پەرقلەندۈرگەندۇ، دەپ سورىشىدى، ناپولېئون:

— شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇلۇغ زات دەيمەن! — دەپ جاۋاب بەرگەنىدى.

ناپولېئون خۇددى گيوتېنىڭ ئۆز تالانتىنى جاھان ئەھلىگە شەرھلىگىنىدەك بىر تەرزدە ئۆزىنىڭ تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى قەدىمكىلەرنىڭ نامىدىن پايدىلىنىپ جاھان ئەھلىگە پۈرىتىپ قوياتتى.

ئەنە شۇنداق قەيسەرانە ئىرادىسى بىلەن ھوقۇققا ئىنتىلەتتى ۋە ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرەتتى.

— مەن، دەرۋەقە، ھوقۇقنى سۆيىمەن. بىراق، خۇددى مۇزىكانتنىڭ ئىسكىرىپكىسىنى يېقىملىق مۇزىكا چىقىرىش ئۈچۈن سۆيگىنىدەك سەنئەتكار سۈپىتىدە سۆيىمەن، — دېگەنىدى ناپولېئون ئۆزىنىڭ تالانت سەنئەتكارى ئىكەنلىكىنى يىغىنچاق

شەرھلەپ. شۇنداق بولغاچقا تۇغما بۇيرۇقۋاز ئىدى. ئەگەر «نەدىلا بولماي، بۇيرۇق بېرىپلا سۆھبەت ئۆتكۈزىمەن» دەپ قوشۇپ قويغان بولسا، تېخىمۇ تولۇقراق بولغان بولاتتى. چۈنكى، ئۆمرىدە ۋاقتىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە سەرپ قىلغانىدى. بۇيرۇق قىلىشنىلا بىلەتتى، ئىتائەت قىلىش دېگەننى زادىلا بىلمەيتتى، ناپولېئوننىڭ بۇ تەرىپى خۇددى موزاينىڭ تۇغۇلۇپلا ئۆرە بولۇپ ماڭغىنىدەك تۇغما تەبىئىتى ئىدى. تۇغما قوماندان بولغاچقا، ھېچقاچان، ھېچكىمدىن بۇيرۇق ۋە شاپائەت كۈتمەيتتى.

ناپولېئوننىڭ غۇرۇرى ئۆزىگە بىر خىل تەبىئىي سۈرلۈك كۆچ بەخش ئەتكەنىدى. بۇ ھال ئەجدادلار ۋە ئالىي تەربىيە كۆرگەن زاتلارلا مۇشۇنداق سۈرلۈك سالاپەتكە مۇناسىپ كېلىدۇ دەپ ئەقىدە قىلىدىغان ئەھلى ئىخلاسمەنلەرنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتكەن ۋە غەزەپلەندۈرگەنىدى. ناپولېئوننىڭ ۋۇجۇدىدىن سەردارغا خاس ئىستىبداتنى بايقىغان بالا ئاغىنىلىرى تولىمۇ خىجالەت بولۇشاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇنداق يۇقىرى مەرتىۋە ئاپىرىدە قىلغان غەمكىنلىك ۋە غېرىبانىلىقنىمۇ سېزىپ تۇراتتى.

ناپولېئون ھايات ھەقىقىتىنى تەھلىل قىلىشقا ماھىر بولۇپ، شۇ زاماندىكى ئۇلۇغ پىسخولوگ ئىدى، ئۆزىنىڭ بارلىق سۈپەتلىرىنى ئوبدان بىلەتتى ھەمدە بۇ تۇغما پەزىلەتلىرىنى پەيدىنپەي راۋاجلاندۇرۇپ پىرىنسىپقا ئايلاندۇرغانىدى.

— پادىشاھلىقنىڭ يولى شۇدۇركى، — دېدى بىر قېتىم گوللاندىيە پادىشاھى بولمىش ئىنىسى لۇئىسقا تەلىم بېرىپ، — سەندە پادىشاھلارغا خاس سالاپەت بولسۇن، پەلەمپەتمۇ يۇرمە... كىشىلەرنىڭ پادىشاھقا بولغان ھۆرمىتى ئەقىدە، ۋەھىمە ۋە ئىززەت بىلەن يۇغۇرۇلغان بولسۇن. كىشىلەر سېنى «ياخشىچاق»

دەپ ئاتىسا، ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تۈگەشكىنى شۇ.

ناپولېئون ئاۋامغا ئۆزىدىن سۆيۈنۈش ۋە ئەيمىنىشنى ئۆگىتىپ كۈچلۈك ئۈنۈمگە ئېرىشكەنىدى.

ناپولېئوننىڭ كىشىنى قاتتىق ئەيمەندۈرىدىغان سۈرى ياسالما ئەمەس، ئىنتايىن تەبىئىي بولۇپ، يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ ئۇلغىيىشىغا ئەگىشىپ قاتماللاشماستىن تېخىمۇ كۈچىيىپ باردى. خۇش چاقچاق، ئوچۇق - يورۇق تەبىئىتى ھەربىر سۆز - ھەرىكىتىدە يېڭى - يېڭى ئۇسلۇبتىكى قىزغىن نۇتۇقلىرىدا زاھىر بولۇپ تۇراتتى. «ھەقىقىي ئۇلۇغ كىشى قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن قانائەتلىنىپ ئولتۇرىۋەرمەيدۇ» دەيدۇ ناپولېئون ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشىنى يىغىنچاقلاپ. ئۆزىنىڭ ھەر - ھەر مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ ھېچقايسىسىنى دوستلىرىنىڭ ئالدىدا ھېچقاچان كۆز - كۆز قىلىپ ئولتۇرمايتتى، بەلكى شاگىرت بالىدەك سەبىيلەرچە مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپلا ئۆتكۈزۈۋېتەتتى.

— ئەمدى پادىشاھلار مېنى ئاكا - ئىنى دەپ چاقىرغىلى تۇردى، قىزىق ئىش ئەمەسمۇ بۇ، — دېگەنىدى ناپولېئون تاج كىيىش مۇراسىمىنىڭ ھارپىسىدا. يەنە بىر قېتىم پېتېربۇرگقا ئەلچىسىنى ئۇزاتقاندا:

— رۇسىيەلىك ئىمپېراتورىمىز ھەشەمەت ۋە باراۋەتكە ئامراق. بىرئاز پۇل ئالغاچ بېرىڭ، تازا بىر يايرىۋالسۇن، — دەپ جېكىلىگەنىدى.

بەزىدە بالىلىق قىلىپ قائىدە - يوسۇننى بۇزۇپ سىلىپ ئاقسۆڭەكلەرنى تولىمۇ ئوسال ھالدا قويياتتى. بىر قېتىم دىرېسسىتېندا پادىشاھلار بىلەن بىللە بولغان زىياپەتتە:

— نەزەرگە ئېلىنماس بىر لېيتېنانت چېغىمدا، — دەپ گېپىنى باشلىۋىدى، تاڭ قالغان سورۇن ئەھلى كۆزلىرىنى

ئېلىپ قېچىپ ئالدىدىكى قاچىلىرىغا قارىۋېلىشتى، ناپولېئون بولسا تامىقىنى قىرىپ قويۇپ داۋاملاشتۇردى، ــ شەرەپ بىلەن ۋالېنستىكى زەمبىرەكچىلەر 2 ـ پولكىنىڭ لېيتېنانتى بولغان چېغىمدا...

يەنە بىر قېتىم چار پادىشاھ بىلەن بولغان سۆھبەتتە توغرىدىن ـ توغرا سورىغانىدى:

ــ ھەر يىلى قەنت بېجىدىن قانچىلىك كىرىم قىلىسىز؟

ئوردا پۈتۈكچىسىنىڭ قەيت قىلىشىچە، شۇ چاغدا بۇ سوئالدىن ئوسال ئەھۋالدا قالغان سورۇن ئەھلى جىمىپ كەتكەن. نېمىشقا دەمسىز؟ چۈنكى، خۇددى سودىگەردەك پۇلنىڭ ئىشىنى سۈرۈشتۈرگەنىدى ـ دە. پادىشاھ بولغان ئادەم پۇلنىڭ پەيزىنى سۈرۈشنىلا بىلىدۇ، پۇلنى تىلغا ئالمايدۇ.

شۆھرەتپەرەسلىكتىن خالىي ناپولېئون ئۆزىگە شۇنداق ئىشىنەتتىكى، ھەرقانداق چاغدا ئۆزىنىڭ يېتەرسىزلىكىنى تەن ئالاتتى. ئۆمرىنىڭ تولا چاغلىرىدا: «ئەتىكى ئۇرۇشتا مەغلۇب بولۇشۇم مۇمكىن» دەيتتى. قايسىلا گازارمىغا بارسۇن، قەدىناس دوستلىرىدىن ياكى مۇتەخەسسىسلەردىن مەسلىھەت سورايتتى. ئەڭ ئىشەنچلىك گۇۋاھچى دەپ تەرىپلەنگەن مارمېنت ناپولېئوننىڭ پاكىتقا كۆز يۇممايدىغان جاسارىتىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق قەيت قىلىدۇ:

ناپولېئون كۈچلۈك ھەققانىي تۇيغۇغا ئىگە ئىدى. باشقا كىشى يوق ئەھۋالدا دەردى ـ ھالىنى ئېيتىپ كەلگۈچىلەرنىڭ ئورۇنسىز سۆزلىرىنى ياكى ئارتۇقچە ئاچچىقلاشلىرىنى ئەپۇ قىلىۋېتەتتى. ئاندىن ئۇياقنىڭ تەلىپىنى ئېيتىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرمايلا ئويلىناتتى. ئاجىزلارغا ھېسداشلىق قىلاتتى، مۇۋاپىق ۋاقىت ۋە مۇۋاپىق جايدا كىشىلەر ھەرقانداق گېپىنى ئېيتسا بولىۋېرەتتى، ناپولېئون ھەق سۆزگە مەڭگۈ قۇلاق سالاتتى.

گەرچە بىرەر ئىپادە بىلدۈرمىسىمۇ، راست گەپنى ئېيتقان كىشىگە زىيان يەتكۈزمەيتتى.

ناپولېئون خۇشامەتچىلەرنىڭ غەرىزىنى بىلىۋالغاچقا، ئۇنداقلارنىڭ خۇشامەتلىرىنى ئېتىبارسىز قالدۇراتتى. قىلچە سىياسىي قىممىتى يوق دەبدەبىلىك سۆزلەرنى ئاڭلىسا ئاچچىقى تۇتاتتى. ئەكسىچە، كىمكى قورقماستىن ئالدىدا راست گەپ قىلسا، شۇنى ئېسىدە تۇتۇۋالاتتى. يازغۇچى شادۇبۇررىئان ناپولېئوننى قارىلىغانىدى، شائىرغا ئاپىرىن ئېيتتى. ناپولېئون دەۋر سۈرگەن ئاشۇ يىللاردا كېڭەش پالاتاسىنىڭ يىغىنلىرىدا ئۆزىگە ئەڭ كەسكىن رەددىيە بەرگەن كىشىلەرنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ تۇردى. ئەسىرگە چۈشكەن رۇسىيەلىك بىر گېنېرال ناپولېئونغا موسكۋادىكى يانغىنىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئېيتقاندا، دەسلەپتە ئاچچىقىغا پايلىماي گېنېرالنى قوغلاپ چىقارغانىدى، كېيىن يەنە چاقىرتىپ كىرىپ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «يىگىت ئىكەنسىز» دېدى. مېيۇر ئۆزى يېڭى ئىجاد قىلغان مۇزىكىسىنى ئىتالىيە كۆيلىرىدىن دەپ ئورۇنداپ ئىمپېراتورنى كولدۇرلىتىپ چاۋاك چالدۇرغان، پاسىرومۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئىش قىلىپ، ناپولېئوننىڭ زادىلا خۇشى يوق سىماروسسانىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆزىنىڭ ئەسىرى قاتارىدا ئورۇنلاپ ناپولېئوننىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغانىدى. كېيىن ئىش ئاشكارىلانغاندا، ناپولېئون كۈلۈپلا قويۇپ ئۆتكۈزۈۋەتكەنىدى.

ستېل خانىم ياۋروپا ئەركىنلىكىنى تەرغىب قىلىپ ناپولېئوننى ئون بەش يىل قىيىنىغانىدى. ناپولېئون شۇڭا كىتابلىرىنى پېچەتلىگەن، ئۆزىنى چېگرادىن قوغلاپ چىقارغان، ھەتتا رۇسىيەدە ئۇرۇش قىلىۋاتقان چاغلىرىدىمۇ بوش قويماي، پارىژ سالونى داۋالغۇشىنى پەيدا قىلغان ئاساسىي جاۋابكار دەپ ئەيىبلىگەنىدى. بىراق، ناپولېئوننىڭ شۇنچىلىك ئەيمەنگەنلىكى

تۆپەيلىدىن بۇ دۈشمىنىنىڭ شۆھرىتى ئاشقانىدى.

ناپولېئون باۋارىيە قوشۇنىنىڭ تىزىملىكىدىن ئىلگىرىكى بىرلەشمە ئارمىيەدە بىللە تۇرغان بىر سەپدىشىنىڭ ــ سادىق بىر خانىپەرەسنىڭ ئىسمىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۆزىگە مۇھاپىزەتچى قىلىۋالدى. ئايرىلغىنىغا ئون تۆت يىل بولغان بۇ ئىككى سەپداش شۇ چاغدا جەڭ مەيدانىدا ئۇچراشقانىدى. بۇ قەدىناس دوستى ئۆزىنى مەلۇم قىلغىلى كەلگەندە، ناپولېئون خىزمەتكارلىرىنى شۇ يەردە قالدۇرۇپ، دوستى بىلەن خالىي بىر يەرگە بېرىپ، ئېتىدىن چۈشۈپ بىر پارچە تاشتا ئولتۇردى. ئۇياق ناپولېئوننىڭ ئېتىنى يېتىلىۋالماقچى بولۇۋىدى، «بىھاجەت، بۇ سىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىڭىز ئەمەس» دېگىنىچە بىر چاكىرىنى چاقىرىپ ئاتلارنى ماشغۇزۇۋەتتى. ئاندىن گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتىپ:

ــ سىز ئۆز ۋاقتىدا بېسانسۇندىكى تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار زىياپىتىدە سالىمدىكىڭىزنى ئۇستەلگە ئېتىپ: «ياكوبىنچى بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرمايمەن» دەپ تۇۋلاپ كەتكەنىدىڭىز! بۇ كونا ھېساب ـ كىتابنى بۈگۈن تۈگىتەيلى ــ دېدى. ئاندىن بىر خىزمەتكارىنى چاقىرتىپ، ــ قارا، بۇياق ئۆز ۋاقتىدا ھەربىي مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرىمنىڭ سەرخىلى ئىدى! بىز بىللە فورمۇلا يېشەتتۇق، ــ دېدى. ئاندىن رەسمىي گەپكە ئۆتۈپ، ــ ئوق ـ دورىلىرىڭىز يېتەرلىكمۇ؟ قورال ـ ياراغلىرىڭىزچۇ؟ قاچان تەق بولىسىز؟ ــ دەپ سورىدى.

1812 ـ يىلى ۋېيمار جۇمھۇرىيىتىنىڭ باش ۋەزىرى فېن مىللېرنىڭ ئېرفۇرتتا دەرغەزەپ بولغان ناپولېئونغا يانغانلىقى ناپولېئوننىڭ پۈتۈن ھاياتىدىكى مىسلىسىز مەنزىرە بولسا كېرەك. ئالاھىدە ھوقۇقلۇق ئىككى كونسۇل مەخپىي شىفىر ئارقىلىق ئالاقىلىشىۋاتقاندا قاراۋۇللارنىڭ قولىغا چۈشكەنىدى. مىللېر شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئوردىغا چاقىرتىلدى. بۇ چاغدا

غەزەپتىن قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتكەن ناپولېئون جېنا شەھىرىنى كۆيدۈرۈپ كۇل قىلىۋېتىمەن، ئىككى گۇناھكارنى ئاتقۇزۇۋېتىمەن دەپ ئاچچىق قىلىۋىدى، مىللېر قاتتىق نارازى بولۇپ:

— ياق، ئالىيلىرى، بۇنداق زوراۋانلىق قىلسىڭىز بولمايدۇ! بىگۇناھلارنىڭ قېنىنى تۆكمىدىغان بولسىڭىز، نام - شۆھرىتىڭىزگە داغ تەگكۈزۈۋالمىسىز - دە، مەڭگۈ يۇيۇۋېتەلمەيسىز! — دېدى.

دېمەك، بۇ گېرمان قاتتىق ھاياجان ئىچىدە ئىمپېراتورنىڭ جېنىغا تەگكەنىدى. چۆچۈپ كەتكەن ئىمپېراتور قولىنى ئىختىيارسىز قىلىچىغا ئۇزارتتى، مىللېرنىڭ ھەمراھلىرى شۇ ئان ئارىغا چۈشۈپ مىللېرنى ئاجرىتىۋالدى.

— يۈرىكىڭ قاپتەك ئىكەن سېنىڭ. بىراق، مېنىڭچە، ياخشى دوست ئىكەنسەن. بېدئېل بۇ دېلونى قايتا تەكشۈرۈپ چىقىدۇ، — دېدى ناپولېئون بىرپەستىن كېيىن. نەتىجىدە، ئىككى كونسۇل قويۇپ بېرىلدى.

بۇ ھال ناپولېئوننىڭ ھەرقانداق قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان ھاقارەت كۆتۈرمەس تۇغما غۇرۇرىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلىپ بەرگەنىدى. ناۋادا بىرەر زەھەرلىك ئوق تەگكۈدەك بولسا، ئاشۇنداق يىمىرىلمەس غۇرۇر ئىگىسىگىمۇ تىترەك ئۇلاشماي قالمايتتى، ئەلۋەتتە.

— ئەگەر فىرانسىيە خەلقى ئۆزلىرىگە سائادەت بەخش ئېتىشىمنى ئىستىسە، يېتەرسىزلىكلىرىمگە چىدىشى كېرەك. ئەڭ چوڭ يېتەرسىزلىكىم شۇكى، ھاقارەتكە چىدىمايمەن، — دېگەنىدى ھاكىمىيەت بېشىغا يېڭى چىققاندا. ئاندىن ناھايىتى قاملاشتۇرۇپ، — ئۆلتۈرۈلسەم مەيلىكى، ھاقارەتلەنسەم بولمايدۇ، — دېگەن تەسىرلىك سۆزنىمۇ قوشۇپ قويغانىدى.

بۇررىئېن ناپولېئون تـوغرىسـدا يازغان ئەسـلـمـىسـىنىڭ بېشىدىلا: «ناپولېئون ئەزەلدىن قانۇن ۋە ئەخلاقنىڭ قـۇدرىتىگە ئەمەس، شان ـ شۆھرەتنىڭ قۇدرىتىگە ئىشىنەتتى. شۆھرەت تۇيغۇسى ئەخلاقتىن مۇستەسنا ئاساسىي ئېڭىنىڭ ئورنىنى تولدۇرغانىدى. ناپولېئون شۆھرەت تۇيغۇسى ۋۇجۇدىغا بەخش ئەتكەن قۇدرەت نەتىجىسىدە ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللىنىش دەۋرىدىكى نام ـ مەنپەئەتكە ئېرىشىشنى كۆزلەپ ئۇرۇش قىلمىغان يالالىما قوشۇن ئاتامانلىرىغا ئوخشىمايتتى، ناپولېئوننى تۇرلۇك سەۋەبلەر تۇپەيلىدىن ئاشۇ كىشىلەرگە تەڭ قىلىشىمىزغىمۇ ھەرگىز بولمايدۇ» دەپ قەيت قىلىندۇ. دەل ناپولېئوننىڭ ئاشۇ سىردىشى ۋە خۇسۇسىي كاتىپى بۇررىئېن پارا ئېلىپ سەتچىلىككە قالغانلىقى ئۈچۈن ناپولېئون قىلچە ئىككىلەنمەي يېنىدىن ھەيدىۋەتكەن ھەمدە نۇرغۇن يىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ بۇررىئېننىڭ شۆھرەتلىك قوشما ئارمىيەگە كىرىشىگە رۇخسەت قىلمىغان ۋە:

— پۇلپەرەس ئادەم نۇرغۇن پۇلغا ئېرىشەلىشى مۇمكىن، ئەمما شان ـ شۆھرەتكە ئېرىشەلمەيدۇ، — دېگەنىدى.

ئىنىسى پادىشاھ ژېرومېنىڭ چەت ئەل بانكا چېكى رەت قىلىنىپ پۇل چىقىم قىلىپ بېرىلمىگەندە، ناپولېئون بۇ ئىنىسىغا:

— ئالماسلىرىڭنى، كۇمۇشلىرىڭنى، ئۆي ـ بىساتلىرىڭنى، ئات ـ ئۇلاغلىرىڭنى سېتىپ بولسىمۇ قەرزلىرىڭنى تۆگەت! شان ـ شۆھرەت ھەممىدىن مۇھىم! — دېگەنىدى.

ناپولېئون بۇ ئىشتا بەكمۇ زىل ئىدى. نۇرغۇن يىل ئىلگىرى بىر ئادۋوكات يوسېفىننى بۇ پەزىلەتسىز ئادەمگە تەگمەڭ دەپ دەۋەت قىلغانىدى. ناپولېئون پادىشاھلىق تاجىنى كىيگەندىن كېيىن ئادۋوكاتنى ئالدىغا چاقىرتىپ، يۈزتۇرا «شۆھرىتىنى

ئاقلاپ بېرىش»نى تەلەپ قىلدى. ساينىت خېلېناغا سۈرگۈن بولۇپ كېتىۋاتقان سەپەر ىدىمۇ بۇررىئاندا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئۆزىنى كۆزگە ئىلمايدىغان گېرمانىيەلىك بىر ئوقۇتقۇچىسىغا ئاداۋەت ساقلاپ: «پاۋلى ئەپەندى مېنىڭ بوشاشماي تىرىشىپ ئېرىشكەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىمنى كۆرگەن بولسىيدى، كاشكى» دەپ ئويلىغانىدى.

ناپولېئون شان ـ شۆھرەتنى مۇھىم بىلەن بىر ۋاقىتتا ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىياتنىمۇ مۇھىم بىلەتتى. «ھۆكۈمرانىنىڭ ئەڭ ناچار سۈپىتى ئەخلاقسىزلىقتۇر، ھۆكۈمران ئەخلاقسىزلىق قىلىدىغان بولسا، كىشىلەر شۇ ھۆكۈمرانىنىڭ ئەخلاقسىزلىقىنى دورايدۇ ـ دە، پۈتۈن جەمئىيەت زەھەرلىنىدۇ». ناپولېئون ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپلا يوسېفىنىنىڭ بۇزۇق دوستلىرىنى ئوردىغا ئېلىپ كىرىشىنى چەكلىگەنىدى. بىرقانچە يىلدىن كېيىن يوسېفىن تاللېيرانىنىڭ ئۆزىنى يوقلاپ كېلىشىگە ئىجازەت بەرگەنىدى، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ناپولېئون دەرھال خەت يېزىپ: «تاللېيرانىنىڭ ھەرقانداق ئۆزرىخاھلىقىنى قوبۇل قىلالمايمەن. نىكاھسىز تۇغقان سەككىز بالىسى بار كۆڭلى پەس بىر بايقۇشقا ئۆيلىنىپتۇ، شۇ قىلىقى بىلەن نەزىرىمدىن چۈشۈپلا كەتتى» دەپ ئەيىبلىدى.

تاللېيران مەشۇقى بىلەن كۆپ يىل نىكاھسىز ئۆي تۇتۇۋالغانىدى، ناپولېئون تاللېيرانىنىڭ ئايالىنى ئەمرىگە ئېلىشىنى، ئۇنداق قىلمايدىكەن يىگىرمە تۆت سائەت ئىچىدە ئىستېپا بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. بىرتخېرغا گىراف مەرتىۋىسىنى ئىنئام قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا: «رومانتىكلىقىڭىز ئۇزاق سوزۇلۇپ كەتتى، ھازىر ئەللىك ياشقا كىرىپسىز، سەكسەن ياشقىچە ياشىيالىشىڭىز مۇمكىن، كېيىنكى ئوتتۇز يىللىق ئۆمرىڭىزنى نىكاھلىق ئائىلىڭىزگە قالدۇرۇڭ»

دەپ شەرت قويدى. بۈيۈك ئىنقىلاب نەتىجىسىدە يالىڭاچ ئىلاھ ھەيكىلىنى قۇيۇشتەك ئېقىم ئەۋج ئالغانىدى، ناپولېئون بۇ خاھىشقا قارشى تۇراتتى. كىشىلەر ئاشكارا سورۇنلاردا كۆكسىدىن سۇ ئېتىلىپ چىقىپ تۇرىدىغان بىر ئىلاھەنىڭ ھەيكىلىنى تىكلىگەنىدى، ناپولېئون قائىدە ـ ئەخلاققا سىغمايدىغان بۇ «ئېمىكئانا»نى يۆتكىتىۋەتتى ھەمدە پەرمانىدا: «سۇ پەرىسى دېگەن ئىپپەتتى ئېچىلمىغان قىز بولمامدۇ» دېدى. ناپولېئون ئۆزىنىڭ ئاشنا ـ يارلىرىنىڭ ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ھېچقاچان يول قويمايتتى، ئۇلارغا نۇرغۇن پۇل بېرەتتى، ئەمما ھەرگىز ئارتىس دوست ـ يارانلىرىنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرۈپ قويمايتتى. ئەكسىچە، گويا بىر ئوتتۇرا بۇرژۇئازدەك خانىمى بىلەن بىر ياستۇققا باش قويۇپ ئۆتىۋاتقانلىقى بىلەن ماختىناتتى:

— بۇنداق قىلىش نىكاھلىق تۇرمۇش ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، ئەرنىڭ تەسىرىنى كۈچەيتىدۇ، ساداقىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ، ئېجىل ـ ئىناقلىقنى ۋە ئېسىل پەزىلىتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەر ـ خوتۇنلار تۇنىبويى بىر ياستۇققا باش قويۇپ ياتسا مەڭگۈ ياتلىشىپ كەتمەيدۇ. يوسېفىن مۇشۇنداق ئادىتىنى تاشلىمايدىغانلا بولسا، پىكىر ـ خىيالىنى بەش قولدەك ئېنىق بىلىپ تۇرىدۇ.

ناپولېئوننىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنىڭ ئەڭ ئالىي شەكلى ۋاپاغا ۋاپا قىلىدىغان پەزىلىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. بۇنى ساخاۋەتچىلىكىدىن ئەمەس، ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغانلارغا خاس مەغرۇرلۇقىدىن كۆرۈش كېرەك. ناپولېئون ئۆزىگە ياردەم قىلغان ھەرقانداق كىشىنىڭ ياخشىلىقىنى كاتتا ئىنئام بىلەن قايتۇراتتى، خەقنىڭ ئالدىدا تىلى تۇتۇق بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھەرقانداق ئەھۋالدىمۇ ھەرقانداق پىرقىدىن پايدىلىنىشنى خالىمايتتى. ھالبۇكى، ھاكىمىيەتنى قولىغا

ئېلىپلا ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىكى دوستلىرىنى، ھەربىي مەكتەپتىكى ساۋاقداشلىرىنى ئىشقا قويدى، ھەتتا بۇرىئاندىكى چېغىدا مەكتەپ مۇدىرى بولغان بىر باستېرنى پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن مارمېسون قورۇقىدا كۇتۇپخانا خادىمى بولۇشقا تەكلىپ قىلدى، ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ يەردە باشقۇرغۇدەك كىتاب يوق ئىدى... ئۆزىنىڭ ۋەسىيەتنامىسىدە ئىلگىرى ئۆزىگە ئازراق بولسىمۇ شاپائەتتە بولغان كىشىلەرگە ئالاھىدە مۇكاپات ئاجرىتىشنى ئۇنتۇمىغانىدى.

يۇقىرىقىلار ناپولېئوننىڭ ياخشىلىقنى پۇل ياكى مۈلۈك بىلەن قايتۇرغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇھەببەتكە كەلسەك، يوسېفىننىڭ شاپائىتىگە ياخشىلىق قايتۇرۇش ئۇسۇلى باشقىچە بولدى. ناپولېئوننىڭ سىياسىي رەقىبى مارمۇن بۇ ھەقتە لىللا باھا بېرىپ، ناپولېئوننىڭ قەلبى مىننەتدارلىق ۋە مېھىر ـ شەپقەت بىلەن تولغان، ھەتتا مۇھەببەتكىمۇ باي دەپ يازىدۇ. ناپولېئون تاج كىيىش ئالدىدا رودېربېرغا مۇنداق دېگەنىدى:

— توغرا يوللۇق ئادەم ئىدىم، نېمىشقىمۇ مەرتىۋىنى دەپ بىر ئوبدان ئايالىمنى تاشلىغاندىمەن ـ ھە؟

## ئۈچىنچى، «قەيسەر»نىڭ پۇشتى

ناپولېئوننىڭ ئۆزىگە تەمەننا ئەيلەشلىرى ئىنقىلاب بىلەن ئەنئەنە ئوتتۇرىسىدا ئارىسال بولۇپ يۈرۈشىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى بولۇپ قالغانىدى. ناپولېئون نەسەبىنىڭ ئېسىللىقىنى پەش قىلىپ ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان سۆلەتۋازلارنى مەسخىرە قىلاتتى، ئەمما قازانغان ئۇتۇقلىرى بىلەن ئۆزىنى مەغرۇر تۇتقۇچىلارنى بولسا ھۆرمەت قىلمايمۇ قالمايتتى، شۇنداقلا ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرۇشىغىمۇ يول قويمايتتى.

ئىستىبداتلىق كىشىلەرنى تالالاپ ئىشقا قويايتتى، شۇنداقلا ئاددىي پۇقرالارنى نەزەردىن سارقىت قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى. ھەممە كىشىنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى قوغدىشىغا توغرا كېلەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىشنىمۇ ئېسىدىن چىقارمايتتى. مانا بۇ زىددىيەتلەر تەبىئىي يوسۇندا ئۆز ۋۇجۇدىدا تىراگېدىيەلىك توقۇنۇشلارنى پەيدا قىلغانىدى.

ناپولېئون ھاياتلىق كۈرىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان روھ ۋە قىلىچتىن ئىبارەت ئىككى خىل قورالغا ئىنقىلابىي نۇقتىئىنەزەر بويىچە قارايتتى.

«فىرانسىيە قوشۇنى نېمە ئۈچۈن دۇنيادا تەڭداشسىز؟ چۈنكى، پۇقرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار توگەل قېچىپ كەتكەنلىكتىن ئورنىغا ئىستارشىي سېرژانتلار چىقتى، ھەتتا ئۆسۈپ گېنېرال بولدى. ئىستارشىي سېرژانتلار قوماندانلىق قىلىۋاتقان قوشۇن خەلقنىڭ قوشۇنىدۇر. چۈنكى، ئۇلار خەلق ئىچىدىن كەلگەن.»

ناپولېئون كۆپ يىلدىن بۇيان شۆھرەتلىك بىرلەشمە ئارمىيەنىڭ بۈيۈك كىرېست مېدالىنى مېتتېرنىچ بىلەن سىۋارلىنىبېرگكە بېرىشنى رەت قىلىپ كەلگەنىدى. بۇ ئىككىيلەن پەقەت سىۋارلىنىبېرگنىڭ ئۆيىگە ئوت كەتكەندە ئوت ئۆچۈرۈشتە باتۇرلۇق كۆرسەتكەنلىكى نەتىجىسىدىلا بۇ شۆھرەتكە نائىل بولدى. گوللاندىيە پادىشاھى بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىنىسىنىڭ گوللاندىيەدە خالىغانچە ئوردېن بېرىۋاتقانلىقىدىن ۋاقىپلانغان ناپولېئون ئۇلارنىڭ پارىژدا شۇنداق ئوردېنلىرىنى تاقاپ يۈرۈشىنى مەنئى قىلدى ھەمدە پەند ـ نەسىھەتلىرىنى ئىنىسىغا ئەۋەتىپ بەردى. ئىمپېراتور ئۇ پەند ـ نەسىھەتلىرىدە مۇنداق دېگەنىدى:

ئەجىر ـ تۆھپە خاتىرىلىنىدىغان بۇنداق بەلگىلەرنى باشقىلارغا خالىغانچە بەرسەك قانداق بولىدۇ؟ ئوردىن ئالغان كىشى ئوردېن ئېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆزىنىڭ بىر لوكچەك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ قويۇشى مۇمكىن. ئەتراپىڭىزدىكىلەرگە كۆزۈڭىزنى يوغان ئېچىپ قاراپ باق ! مېدال تارقىتىش ئارزۇيۇڭ بىر دىنلا ئوۋ ئوۋلىغۇڭ كېلىپ قالغاندەك پەيدا بولسا بولمايدۇ. خاتىرىلەشكە ئەرزىگۇدەك ئەجىر ـ تۆھپىسىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى ئويلاشماي بولمايدۇ... سەن تېخى رەسمىڭنى مېدالغا چۈشۈرگۇدەك سالاھىيەتكە ئىگە ئەمەسسەن.

ناپولېئون نەسەبىنىڭ خاسىيەتسىز نەتىجە ياراتقۇچىلىرىنى قەدىرلەيتتى. بىر قانچە خۇشامەتچى ئىتالىيان ناپولېئوننىڭ ئەجدادلىرىغا ئاقسۆڭەكلىك مەرتىۋىسى ئىنئام قىلىش تەكلىپىنى بىرىۋىدى، ناپولېئون ئەخمىقانىلىق دەپ ئەيىبلىدى. مېتتېرنىچ ۋېيېنادا پۇتۇپ چىققان ناپولېئون جەمەتىنىڭ شەجەرىسىنى كۆرسىتىۋىدى، ناپولېئون: «نېرى ئاپىرىڭ بۇ قەغەزىڭىزنى» دېدى قوپاللىق بىلەن. دۆلەت بايانا تىدىمۇ: «بوناپارت جەمەتى شەجەرىسىنىڭ قاچاندىن باشلانغانلىقىغا دائىر سوئاللارنىڭ ھەممىسىگە ئاددىيلا جاۋابىم شۇكى، جەمەتىمىزنىڭ شەجەرىسى تۇمان ئېيىنىڭ ئون سەككىزىنچى كۈنىدىن باشلانغان.» دېدى. كىشىلەرنىڭ سوئاللىرى ئىمپېراتورنى چوڭقۇر ئويلاندۇرۇپ قويدى، «ئەگەر ئۇلاردا شۇنچىكى بىلىم، شۇنچىكى ئىدراك بولغىنىدا ئىمپېراتورنىڭ ئەجداد ـ نەسەبىگە مۇنچە قىلىپ كەتمىگەن بولار ئىدىغۇ؟» بەزىلەر رەددىيە بىرىۋىدى، ناپولېئون ئاچچىقلىنىپ: «مېنى پادىشاھ ساناپ ھاقارەت قىلغۇچى بولماڭلار !» دەپ توۋلاپ كەتتى.

ناپولېئوننىڭ ئىدىيەسى كېيىنچە ئۆزگىرىشكە باشلىدى، توقۇنۇشمۇ شۇنىڭ بىلەن تەڭلا پەيدا بولدى.

— ئىمپېراتورلارنىڭ بىرۇتۇسى، جۇمھۇرىيەتنىڭ قەيسەرى بولماقچىمەن، — دەيتتى ئىككى بىسلىق قىلىپ، — ئاقسۆڭەك دەپ نىمىگە ئېيتىلىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، پەقەت بىر تۇركۇم يۇرت بۇزۇقلىرىنى قويۇۋېتەلىكەنلىكىمنىلا بىلىمەن؛ يۇرت بۇزۇقلىرى دەپ نىمىگە ئېيتىلىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، پەقەت بىر تۇركۇم ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تۈرلىشىگە يانتاياق بولغانلىقىمنىلا بىلىمەن.

بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ئەمدى ئايدىڭلاشتى.

بىز ناپولېئون «ھۆرىيەت» بايرىقىدىن پايدىلانماقچى، ھاكىمىيەتنى قولىغا كىرگۈزۈۋالسا، لەۋزىدە تۇرماستىن ھۆرىيەت بايرىقىنى چۆرۈپ تاشلايدۇ، دېگەندەك يەڭگىلتەكلىك بىلەن چىقىرىلغان ھۆكۈمگە ئىشەنمەيمىز. بۇ يەردىكى مەسىلە ناپولېئوننىڭ روھىي دۇنياسىكى ئىچكى كۆرىشىگە بېرىپ تاقىلاتتى، ئەمما ناپولېئون بۇ مەسىلىنى ئۆمۈر بويى ھەل قىلالماي ئۆتتى.

— خەلق ئىچىدىن كەلدىم، خەلق بىلەن تومۇرداشمەن... ئاقسۆڭەكلەر مەڭگۈ شەپقەتسىز كېلىدۇ، كەچۈرۈم دېگەننى بىلمەيدۇ.

ناپولېئوننىڭ بۇ گېپى تەبىئىتىنى نامايان قىلىپ بەرگەندى. بىراق، ناپولېئون بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالماي، ھەقىقىي تالانتلىق سىياسىيون بولۇپ چىقتى. چۈنكى، ناپولېئون ئەزەلدىنلا نوقۇل نەزەرىيەچى ئەمەس ئىدى، يەنە كېلىپ تۇغما دىلكەشلىكىدىن ھالقىپ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى يۇرگۈزگەندى. دەرۋەقە، ئەزەلدىن تۆھپىكارلاردىن باشقا ھېچقانداق كىشىنى تارتۇقلىمايدىغان ناپولېئون پەخرىي بىرلەشمە ئارمىيەنىڭ ئوردېن لېنتىسىنى ئوغلىنىڭ بۆشۈكىگە ئوراپ قويۇپ كۆلكىلىك ئىش قىلاتتى. يەنە بىر قېتىم ئىسپانىيەنىڭ

ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان پادىشاھى ئىمپېراتور ئاكا دەپ ئاتىغاندا، تاللىيراننى «مېنى ئالىيلىرى دېسۇن» دەپ ئارىغا سالدى. بىراق، بۇ نۇقسانلىرى پەقەت يۈزەكىي نۇقسانلاردىنلا ئىبارەت ئىدى. ناپولېئون ئۆزىنىڭ نۇقسانلىرىنى بىلەتتى، بۇنداق نۇقسانلىرىنى يېڭىدىغان چاغلىرىمۇ بولاتتى.

تەخت ۋارىسلىقىنىڭ مەنبەسى ۋە قانۇنىي تەرتىپ مەسىلىسى ناپولېئون ئۈچۈن تېخىمۇ ئېغىر مەسىلە بولۇپ قالدى. «مېنى تەختنى تارتىۋالغان دېيىش توغرا ئەمەس، مەن پەقەت لۇئىس ساقلاپ قالالماي بوش قالغان تەختنى ئۆتكۈزۈۋالدىم، شۇ. ئۇنىڭ ئورنىدا بولغىنىمدا، ئىنقىلاب كىشىلەرگە ھەرقانچە زور تەرەققىيات بەخش ئەتكەن تەقدىردىمۇ، ئىنقىلابنى بەرىبىر توسۇپ قالغان بولاتتىم... مېنىڭ كۈچۈم تەلىيىمدىن كېلىدۇ، مەن ئۆز ئىمپېرىيەمدەكلا ياشىمەن.»

ناپولېئون بۇ مۇرەككەپ يەكۈننى چىقارغىنىدىن كېيىن يەنە دادىللىق بىلەن ئالدىغا بىر قەدەم ئىلگىرىلىدى.

«مەندىن بۇرۇن ئۆتكەن پادىشاھلارغا تىل تەگكۈزۈشكە رۇخسەت يوق، — دېدى ئىنىسى لۇئىسقا يازغان خېتىدە، — كرائۇسنىڭ زامانىدىن تارتىپ جامائەت خەۋپسىزلىكى كومىتېتى مەزگىلىگە قەدەر يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە مەن جاۋابكار، يېڭى ھۆكۈمەتكە قىلىنغان يامان غەرەزلىكى ھەرقانداق ھاقارەت مېنىڭ شەخسىيىتىمگە قىلىنغان ھۇجۇم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.»

ناپولېئون ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ بىلەن ئەنئەنىۋى ھاكىمىيەت ۋەسۋەسىسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت توقۇنۇشى ئىچىدە قايمۇقۇپ قالغانىدى. «پادىشاھلىق تەڭرىدىن بولۇر» دېگەن ئەنئەنىۋى قاراشقا كېلىپمۇ قالغان ناپولېئون ئەمدى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان پادىشاھلارنىڭ قىلمىشلىرىغا ئۆزى جاۋابكار

بولغىلى تۇردى. ھالبۇكى، كونا پادىشاھلىقنى بىكار قىلىپ ئۆز ئىشلىرىغا يول ئاچقان ئادەممۇ دەل ئۆزى ئىدى.

ناپولېئون ئۆمۈر بويى مەرتىۋە ھەلەكچىلىكىدە ئۆتتى. ئاۋستېرلىز جېڭىدە غەلىبە قازانغان كۈنى ئاخشىمى ئاۋسترىيە ـ رۇسىيە قوشۇنىنىڭ بايراقلىرى، ئەسىرگە چۈشكەن دۈشمەن سەركەردىلىرى ۋە دۈشمەن قوشۇنلارنىڭ ھۆججەتلىرى ئۆزۈلمەي كەلتۈرۈلدى. پارىژدىن كەلگەن ئەلچى يېتىپ كەلگەندە بولسا ھەممە ئىشنى بىر ياقىغا قايرىپ قويدى. پارىژدىن كەلگەن خەۋەرلەرنى بىر چەتكە تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت بىر خانىمنىڭ ئەپقاچتى گەپلەر بىلەن تولغان بىر پارچە خېتىنى ئوقۇش بىلەنلا بولدى. ئۇ خانىمنىڭ خېتىدە ئېيتىلىشىچە، سايىنت گېرمان بايلىرى رايونىدىكى ئۆكتىچىلەر يېقىندا «بىز ئەمدى ئوردىغا تاۋاپ قىلىپ سالامغا بارمايمىز» دەپ قەسەمياد قىلىشقانمىش.

— بۇ خەق ئۆزىنى مەندىن كۈچلۈك ساناپتۇمۇ؟ ماقۇل، كونا ئاقسۆڭەك جانابلار، قېنى، كۆرەرمىز! — دېدى ناپولېئون غەزەپلىنىپ. بۇ ئاۋستېرلىز جېڭىنىڭ غەلىبە ئاخشىمى بولغان بىر كۆڭۈلسىزلىك ئىدى.

بۇ بىر ئايالنى قوغلىشىپ كۆپ قېتىم رەت قىلىنغان ئەرنىڭ رەشك ئوتىدا كۆيگىنىدەك بىر ئىش ئىدى. ھەرقانچە بەدەل تۆلىشىدىن قەتئىينەزەر، جەزمەن ئەنئەنىۋى روھنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. ناپولېئون بۇ ئىش يۈز بېرىشنىڭ ئالدىدىراق بىر ئاخشىمى مېھمانخانىدىن رودېرېرنى بىليارتخانىغا چاقىرتىپ، توغرىدىن ـ توغرىلا:

— كېڭەش پالاتايىڭلار ئاقسۆڭەكلەر روھىغا ئىگە ئەمەس، ئىمپېرىيە تۈزۈمىگە سادىق ئەمەس، — دېدى.

— ئالىيلىرى، كېڭەش پالاتاسى سىزگە سادىق جۇمۇ، —

دېدى رودېرېر.

— ماڭا كېرىكى بۇ ئەمەس. پالاتا ئۆچامدىكى تونغا ئىتائەت قىلىشى، بۇ تون كىمنىڭ ئۆچىسىدا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مۇتلەق ئىتائەت قىلىشى، بۇ تون كىيگۈچىنىڭ بىخەتەرلىكىگە جەزمەن كاپالەتلىك قىلىدىغان قۇدرەتكە ئىگە بولۇشى شەرت. سىلەردە كەم بولۇۋاتقان روھ ئەنە شۇ، ۋاي نەزەرىيەچىلەر !

بۇ سۆزلەر دەل ۋارىسلىق ھوقۇقى مەسىلىسىنى نامايان قىلىپ بېرەتتى، مەسىلىنىڭ تۈگۈنىمۇ شۇ يەردە ئىدى. ناپولېئون دەل ئەنە شۇ ۋارىسلىق مەسىلىسى تۈپەيلىدىن ئىككىنچى قېتىم نىكاھلىق بولدى، ھەتتا كېيىنكى كۈنلەردىكى تىراگېدىيەلەرگە دۇچار بولدى. ناپولېئون پەقەت ئەۋلاد ۋە ئەجدادتىن ئىبارەت ئىككىلا ئىشنى مۇستەقىل ھەل قىلىشقا قادىر ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئەۋلاد مەسىلىسىنى ھەل قىلىش مەقسىتىدە ئەنئەنىۋى پادىشاھلارنىڭ ئۆزى بىلەن ئىتتىپاق تۈرۈشىنى تەلەپ قىلدى ھەمدە ئۆز ئەجداد ـ نەسەبىنى تامامەن ئىنكار قىلىپمۇ كەتمىدى. ھالبۇكى، ئۆزى ئاۋام پۇشتىدىن ئەمەس، ئاقسۆڭەكلەردىن ئىدى. يەنە كېلىپ ئۆزىنى مۇشۇنداق دەپ ئاتىسا كىممۇ ئۆكتە قوپالايتتى؟

— ئالاھىدە ئەھۋالدا تۇرۇۋاتىمەن. نەسەب تەتقىقاتچىلىرى جەمەت رىسالەمنى توپان بالاسى زامانىغىچە يەتكۈزدى، بەزىلەر بولسا مېنى ئوتتۇرا ھالغا مايىل تۆۋەن تەبىقىگە مەنسۇپ دېيىشىۋاتىدۇ. ھەر ئىككىلىسىنى پۈتۈنلەي توغرا دېگىلى بولمايدۇ. بوناپارت جەمەتى ئاق كۆڭۈل، ئالسىجاناب كورسىكالىقلاردىندۇر، گەرچە ئۇنچە داڭدار بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا مېنى پەسلەشتۈرۈش غەرىزىدە يۈرگەن تېشى پار ـ پار، ئىچى غال ـ غال سۆلەتۋازلاردىن كۆپ ئەۋزەل.

ناپولېئوننىڭ بۇ سۆزى ئۇن ئالتە ياشلىق بالا ۋاقتىدا دېگەن

گېپىنىڭ تەكرارى ئىدى. بۇ سەھرالىق ئاقسۆڭەك پۈشتى ھەربىي مەكتەپتە ۋە پارىژدىكى ياتاقلىق مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا بىر ئوچۇم ئاقسۆڭەك بالىلىرىنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچرىغانىدى. بۇ يىگىت فىرانسىيە خان جەمەتىگە تەۋە ئاقسۆڭەكلەر ئۆزىنى ھاقارەتلىگەن چاغلاردىمۇ مەكتۇپلىرىدا ئەنە شۇنداق دەپ يازغانىدى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇچرىغان ھاقارەتلەر خىيالىدىن چىقمايتتى، ئەگەر خاتىرىسىدىكى ئەنە شۇنداق مەڭگۈ ئۆچمەس ئاھانەت كەچۈرمىشلىرى بولمىغان بولسا، ئەنئەنىۋى ھاكىمىيەتنىڭ قانۇنىيلىقى مەسىلىسى، ئوردا مەسىلىسى، نىكاھ مەسىلىسىدىكى قاراشلىرى باشقىچە بولغان بولاتتى، شۇنداقلا ئۆز تەقدىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق ياۋروپانىڭ تەقدىرىمۇ باشقىچە بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

ناپولېئوننىڭ ئۆزۈمچىللىكى خۇددى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ئاقسۆڭەكلەرگە قارشى كۈرەشىدە ئىپادىسىنى تاپقىنىدەك، فىرانسىيەگە قارشى كۈرەشىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ناپولېئون بۇ ئىككىسىگە پەقەت شەرتلىك يوسۇندىلا مەنسۇپ ئىدى. بىراق، ئۆزى ئاقسۆڭەكلەردىن بولسىمۇ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئاقسۆڭەكلەردىن ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئۆمۈر بويى ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىگە تەنقىدىي پوزىتسىيەدە بولۇپ ئۆتتى. شۇنىڭغا ئوخشاشلا قارىماققا فىرانسۇزدەك كۆرۈنسىمۇ، فىرانسۇز قېنىدىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، فىرانسۇزلار بىلەن خۇشى يوق ئىدى. ناپولېئون فىرانسىيەنىمۇ، ئاقسۆڭەكلەرنىمۇ بويسۇندۇردى، ئەمما ھېچقايسى جەھەتتىن خاتىرجەم بولالمىدى.

بىراق، ئەنئەنىۋى پادىشاھلىق بىلەن بىرىككىنىگە قارىغاندا فىرانسىيە بىلەن بىرىككىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانىدى. دەل فىرانسىيەلىك ئەمەس بولغىنى ئۈچۈن فىرانسىيە ھېچقاچان قانۇنلۇق خوتۇنى ئەمەس، پەقەت ئاشنىسىلا بولالايتتى. بۇ

ئۇقتىنى چۈشەنگەن ناپولېئون بۇ ئاشىنىسىنى قوغلاشقان، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى بېغىشلىغانىدى، ئاخىرقى ھېسابتا بەربىر مەغلۇپ بولدى. بىراق، بۇنداق تۇراقسىز مۇناسىۋەت داۋامىدا ئۆمۈرلۈك شادلىققا ئېرىشتى. «مېنىڭ بىرلا مۇھەببىتىم، بىرلا مەشۇقۇم بار، ئۇ بولسىمۇ فىرانسىيە. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر ياستۇققا باش قويىمەن، ئۇ ھېچقاچان ماڭا بىۋاپالىق قىلمىدى، ئۆز جىسمىنى ۋە مال ـ مۈلكىنى ماڭا تەقدىم قىلدى. ئەگەر مەن بەش يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا ھاجەتمەن بولغۇدەك بولسام، دەرھال شەرتسىز يەتكۈزۈپ بېرىدۇ !»

ناپولېئوننىڭ بۇ مەشۇقىنى سۆكۈشلىرىمۇ قاتتىق كۈنداشلىقى ۋە ئوتتەك مۇھەببىتى تۈپەيلىدىن ئىدى. ناپولېئون بۇ مەھبۇبىغا «يۈك پەلەي كىيگەن تۆمۈر قولى» بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى، مىجەز ـ خاراكتېرىگە بېقىپ ئىش تۇتاتتى، بارلىق ئارزۇلىرىنى قاندۇراتتى؛ قانداق قىلىپ قۇرۇق نام ۋە قۇرۇق تەسەۋۋۇرى بىلەن قايمۇقتۇرۇپ ئۇندەككە كەلتۈرۈشنى ھەرقانداق كىشىدىنمۇ ئوبدانراق بىلەتتى. شۇڭا، زەپەر قۇچۇپ قايتقانلىرىدا، بۇ مەشۇقى ئىللىق تەبەسسۇمى بىلەن ئالدىغا چىقاتتى ھەمدە بالىلىرىنى تاپشۇراتتى.

ۋاھالەنكى، ئىككىيلەن مەڭگۈ بىر ـ بىرىنى ئەيىبلەشەتتى، بىر ـ بىرىنى كۈنلىشەتتى، ھەر ئىككىلىسى بىر ـ بىرىنى تىزگىنلەشنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويمايتتى. ناپولېئوننىڭ مۇستەبىت ئاشىققا خاس تەلەپپۇزدا نېمە دەيدىغانلىقىغا قۇلاق سېلىپ باقايلى:

— قەسەم قىلىمەنكى، قىلغان ـ ئەتكەنلىرىمنىڭ ھەممىسى فىرانسىيە ئۈچۈن ! ئەگەر فىرانسىيەگە كۆپرەك ئەركىنلىك بەرمىگەن بولسام... بۇ ئۇنچە كۆپ ئەركىنلىككە موھتاج ئەمەسلىكىدىن بولغان ئىش ! — دەيتتى ناپولېئون

مىھمانخانىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇرغىنىچە ئۆزىنى چۆرىدەپ ئولتۇرغانلارنى ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن بىرمۇبىر نەزىرىدىن ئۆتكۈزۈپ تۇرۇپ.

— يەنە شۇ يەڭگىلتەك، شۆھرەتپەرەس ئۆزگەرمەس گاللو مىجەز ـ دە بۇ خەق ! — دەيتتى سىرداشلىرى بىلەن بىللە بولۇپ قالغان چاغلىرىدا بولسا، — شۇ ئىللەتلىرىنىڭ ئورنىنى قاچانمۇ ھەقىقىي غۇرۇرى ئالار ـ ھە؟

فىرانسۇزلارنىڭ ناپولېئونغا بولغان مۇھەببىتىمۇ ئوخشاشلا شۇبھىلىك ئىدى. بۇنداق مۇناسىۋەت مۇقەررەر يوسۇندا تىراگېدىيە بىلەن ئاخىرلاشتى. ناپولېئوننىڭ فىرانسىيەدىن ئىبارەت بۇ مەشۇقىغا كېرىكى قالمىغاندا، بۇ مەشۇقى ئىككىلىنىپ ئولتۇرمايلا تاشلىدى.

ناپولېئوننىڭ مەغرۇرلۇقىنىڭ ئالىي شەكلىمۇ تىراگېدىيە بىلەن ئاخىرلاشتى.

— ئۆزۈمنىڭ ئۆممىتى مەن، خۇددى گوننايدەك شائىرنىڭ ماڭا يازغان ئوبزورىنى ئوقۇپ باقسام دەيمەن.

ناپولېئون ئۆسمۈر چاغلىرىدىن تارتىپ سۇرگۈندى بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىغىچە، تۇغۇلغان ئارىلىدا ياشىغان چاغلىرىدىن تارتىپ ئالەمنى تەرك ئەتكەن چاغلىرىغىچە ئۆتكەن ئۆمرىدە ئۆز غۇرۇرىنى تارىخىي سىيلىشتۇرما ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇردى. ئەگەر ناپولېئون تارىخقا مۇنچە بېرىلمىگەن بولسا ئىشلىرى باشقىچە بولغان، ھەتتا مۇنچە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى يارىتالمىغان بولاتتى. سىياسىي تەدبىر ـ پىلانلىرى دەل ھېسسىي تەسەۋۋۇرىدىن ۋە ئىدراكىي تارىختىن مول ئوزۇق ئالغانىدى. ناپولېئون ئۆز دەۋرىدە تەڭداشسىز ئىدى، تارىخى ئۆزىگە قاراپ قانات قېقىپ ئەركىن پەرۋاز قىلغانلىرىدا ماياك بولۇپ بېرەتتى، پەقەت تارىختىنلا ئۆزىگە ئۆرنەك تاپاتتى ھەمدە ئۆز نىشانىنى

بەلگىلەيتتى. بۇ زەمبىرەكچى لېيتېنانت دەسلەپتە قەيسەرنى ئۆزىگە ئۆرنەك قىلىپ پەرۋاز قىلغان بولسا، كېيىنچە روشپفورتتا تىمىستولسىنىڭ نەمۇنە قەھرىمانلىقىغا زىيادە ئىشىنىپ كېتىپ ئۆز ئىشلىرىغا خاتىمە بەردى.

ناپولېئوننىڭ تارىخ توغرىسىدىكى نۇرغۇن ئوبزورلىرى ئەمەلىيەتتە دەل ئۆزىنىڭ نۇقتىئىنەزىرىنى ئىنكاس قىلىپ بېرىدۇ. ناپولېئون ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن ھەتتا «قەيسەرنىڭ مەقسىتى ئىمپېراتور بولۇش ئەمەس، بىرلىككە كەلگەن پىرقە ئارقىلىق يېڭىباشتىن تەرتىپ ئورناتماقچى بولغانلىقى ئۈچۈنلا قەتل قىلىنغان»لىقىنى ئىسپاتلاش مەقسىتىدە بىرقانچە بابلىق رىم تارىخى يازماقچىمۇ بولغانىدى. «قەيسەر سېناتتا (ئۆلىمالار مەھكىمىسىدە) قەتل قىلىندى، سېناتتىكى قىرىق نەپەر پومپىيەلىكنىڭ ھەممىسى ئەشەددىي رەقىبلىرىدىن ئىدى» دېگەن بايانىدىن مەنمۇ سېناتىمنى تازىلىشىم كېرەك، دېگەن ئەقلىي يەكۈن ئېنىقلا چىقىپ تۇرىدۇ، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق قىلغانىدى.

ناپولېئون ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئابىدىسى سۈپىتىدە قەدىمىي رىم ئۇسلۇبىدا سەككىز پارچە تاش پۈتۈك لايىھەلەپ ياسىتىپ زەپەر قوۋۇقىغا ئورناتقۇزدى، بۇ پۈتۈكلەردە پاكىتلارلا بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۆزىگە مەدھىيە ئوقۇلمىغان، تارىخىي مەغرۇرلۇقى پەقەت تاشقى شەكلىدىلا بەدىئىي زاھىر قىلىنغانىدى. ناپولېئون كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ مەدھىيەسىگە ئېرىشىش مەقسىتىدە ھەرقايسى ئەل تارىخ پۈتۈكچىلىرى ۋە ئەدىبلىرىدىن كەمتەرلىك بىلەن تەلىم ئېلىپ، ئۇلار بىلەن كەڭ كۆشادە پاراڭلىشاتتى.

ناپولېئون ئۆز تارىخىنى ئۆزۈلدۈرمەي يازاتتى. بۇ ياش سەردار ئۆزىنىڭ دەسلەپكى بىر قاتار غەلىبىسىنى پەرمانلىرىدا

قەيت قىلىپ ئۆتكەنىدى. ھەر قېتىمقى يىراق مۇساپىلىك ھەربىي يۈرۈشتىن ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن كېيىنكىلەرنىڭ بىلىپ قېلىشى ئۈچۈن گۈزەل بەدىئىي تىل بىلەن ئۇزۇلدۇرمەي خاتىرە قالدۇراتتى. ئىتالىيە پادىشاھلىق تاجىنى ئاتا قىلغاندا ئۆزىنىڭ بەش يىلدىن بۇيانقى گويا رىۋايەتلەردىكىدەك ئاجايىپ كەچۈرمىشلىرىنى ۋە قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئەسلەپ ئۆتتى:

«بىز بىرقانچە يىلدىن كېيىن نىل دەرياسىنىڭ قىرغىقىدا ئىشلىرىمىزنىڭ تامام بەرباد بولغانلىقىنى بىلگىنىمىزدە بۇ بەختنى ئازاب ئىچىدە ھېس قىلغانىدۇق. قوشۇنىمىزنىڭ غەيرىتىگە بارىكاللا، بىز مىلاندا يەنە پەيدا بولدۇق، ئىتالىيەلىكلەر بولسا بىزنى قىزىل دېڭىزنىڭ ئىككى قىرغىقىدا بارگاھ قۇرىدۇ دەپ ئويلاشقانىدى.»

ئەمەلىيەتتە، ناپولېئون بۇ چاغدا جاھان ئەھلىنىڭ ئالدىدا تەپ تارتماستىن فىرانسىيە ئاساسىي قانۇنىنى ئاغدۇرۇۋەتكەنىدى. مىسىردىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئالىپ تاغلىق رايونىدىكى ھەرقانداق بىر چوپانمۇ بىلەتتى.

شانۇ ـ شەۋكەت ناپولېئوننىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنىڭ ئالىي نىشانى، شۇنداقلا بىردىنبىر نىشانى ئىدى، شۇڭا جىمى كۈچىنى مۇشۇ نىشاننى كۆزلەپ سەرپ قىلدى. ئۆزۈمچىللىكى، تارىخ قارىشى، شەرەپخۇمارلىقى، ئىززەت ـ نەپسى، بالىلىق چاغلىرىدىكى ئارزۇ ـ ئارمانلىرى، ياشلىق دەۋرىدە كۆڭلىگە پۈككەن پىلانلىرى، قىران چاغلىرىدىكى ئەجىر ـ تۆھپىسى ۋە كېيىنكى كۈنلەردىكى پەرىشانلىقى ئەنە شۇ جۇملىدىندۇر. ئۆزىنىڭ كېيىنكى زامانلاردىكى شۆھرىتى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرى زور بىر كۆلەڭگە سىيماسىدا پۈتۈن پىكىر ـ خىيالىنى چۇلغىۋالغانىدى. ناپولېئوننىڭ ئىنتىلىدىغىنى پەقەت

فىرانسۇزچىدىكى زامانداشلىرى ئىچىدىلا كۆزنى چاقنىتىدىغان «غەلىبە» بىلەنلا چەكلەنمەستىن، بەلكى لاتىنچىدىكى كېيىنكى زامانلار نەزەردە تۇتۇلغان مەنىدىكى «شۆھرەت» ئىدى. ناپولېئون پانىي ئالەمدە ھېچكىمنىڭمۇ ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. ھالبۇكى، قەلبى ئالەمدە ئۆچمەس نام قالدۇرۇش ئىستىكىنىڭ ۋەسۋەسىسىدە ئۆرتىنەتتى.

— ئۆمرۈمنى ھېچبىر ئىش تەۋرەتمەي بىھۇدە ئۆتكۈزگىنىمدىن كۆرە ياشىمىغىنىم ئەلا، — دەيتتى دائىم.

ناپولېئون ئالدى بىلەن تاج كىيىش قەسەمىيادىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، فىرانسىيە زېمىنىنى ۋە فىرانسىيە خەلقىنىڭ بەختىنى قوغداپلا قالماستىن، «ئۆز ھۆكۈمرانلىقىمدىن پايدىلىنىپ فىرانسىيەلىكلەرنىڭ شۆھرىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىمەن» دېدى. نورماندىيە پادىشاھى خېنرىنىڭ زامانىغا تەئەللۇق بىر قەدىمىي جەڭگاھقا بىر تاشپۇتۇك تۇرغۇزۇپ، تاشپۇتۇككە « ئۇلۇغلارنىڭ شۆھرىتىنى ئۇلۇغلار قەدىرلەيدۇ» دېگەن ھېكمەتنى ئويدۇردى. ئىمپېراتور فىرېدېرىخنىڭ قىلىچى ناپولېئوننىڭ ئالدىدا «پىرۇسسىيە پادىشاھىنىڭ جىمى مال ـ دۇنياسىدىنمۇ قىممەتلىك» ئىدى. بىراق، زامانلاردىن زامانلارغىچە نام قالدۇرۇشنى جەڭگاھلاردىلا ئويلاش بىلەن چەكلەنمەيتتى. ناپولېئون بىر قېتىم ئىشسىزلارغا ئۆي سېلىپ بەرمەكچى بولغانىدى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ ئىشقا مەسئۇل ۋەزىرگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بولۇپ:

— ئىشلىرىمىزدىن كېيىنكىلەر بىزنى ئەسلەپ تۇرغۇدەك ئىز بىز قالسۇن، بۇ ئالەمدىن ئىزسىز كەتسەك بولمايدۇ، — دېدى توساتتىنلا.

ناپولېئون تەختتىن چۈشۈش ئالدىدا بىر قىسىم زېمىندىن ۋاز كېچىش شەرتىدىكى تىنچلىق كېلىشىمىگە ئىمزا قويغىلى

ئۆنىمىغانىدى. چۈنكى، ئۆزى قولغا كەلتۈرگەن بۇ بىر قىسىم زېمىن شۆھرىتىنىڭ بىر قىسمى ـ دە. ئالەمدىن ئۆتۈش ئالدىدا ئاچچىق خۇددى ئۆز تەقدىرىدەك چۈشىنىكسىز مەنىدىكى ئوخشىتىشلار ئارقىلىق ھەسرەت بىلەن مۇنداق دېگەنىدى:

— ئادەمنىڭ نام ـ شۆھرەتكە ئىشتىياق باغلىغىنى خۇددى شەيتاننىڭ پىلىسىراتتىن ئۆتۈپ جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن كۆۋرۈك سالغىنىغا ئوخشاش بىر ئىش ئىكەن. نام ـ شۆھرەت ئۆتمۈش بىلەن كېلەچەكنى بىر ـ بىرىگە باغلايدۇ، ئەمما تېگى يوق يار ئالدىدا بەربىر توسۇلۇپ قالىدۇ. مەن ئەۋلادلىرىمغا ئىسمىمدىن باشقا ھېچنېمە قالدۇرالمايدىغان بولدۇم.

## تۆتىنچى، چارچاشنى بىلمەسلىك، مەڭگۈ بوشاشماسلىق

ناپولېئوننىڭ زېھنىي كۈچى خاراكتېرىنى شەكىللەندۈرگۈچى ئىككىنچى بىر ئامىل ئىدى. زېھنىي كۈچى نېمىدە ئىپادىلىنىدۇ؟

بىرىنچى، ھېسابلاشقا ماھىرلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ بىر كىشىنىڭ چاقناپ تۇرغان تالانتىنىڭ شولىسى ئەمەس، بەلكى پۈتۈنلەي قايتا ـ قايتا ئۆلچەش، ئىنچىكە ئويلىنىش ۋە ئۇزۇكسىز قۇراشتۇرۇش ـ شالغۇتىش نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان ماھىرلىقىدۇر.

— بىرەر ئۇرۇش پىلانى ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقىنىمدا ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم مۇنازىرىلىشىمەن، ئۆز ئويۇمنى ئۆزۈم ئىنكار قىلىمەن... ئۇرۇش پىلانى تۈزۈۋاتقىنىمدا بەئەينى نومۇسچان قىزنىڭ ئۆزىلا بولۇپ قالىمەن، خېيىم ـ خەتەر ۋە كۈتۈلمىگەن ئېھتىماللىقلارنى ئۆزۈمچە يوغىنىتىۋالىمەن، شاد ـ خۇرامەدەك كۆرۈنگىنىم بىلەن كۆڭلۈم ھەمىشە جىددىي ھالەتتە تۇرىدۇ.

سەنئەتكارنىڭ ئۆز ئەسرىگە ھاملە بولغان چاغلىرىدەك روھىي ھالەتنىڭ ئۆزىغۇ بۇ؟ رودېرېرغا ئۆزىنىڭ ئېھتىياتچانلىقىنى تېخىمۇ مەسخىرىلىك تەسۋىرلەپ بەرگەندى:

— تىنماي ئىشلەيمەن، كۆپ ئويلىنىمەن. ئەگەر بىرەر ئىش يۈز بەرگەندە تەييارلىقسىز بولغاچقا، بىمالال تاقابىل تۇرالىغان بولسام، بۇ ھەرگىزمۇ پەرىشتىلەرنىڭ قانداق قىلىشىم كېرەكلىكىنى قۇلىقىمغا سىبىلىپ ئۆگىتىپ قويغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى شۇنىڭدىن ئىلگىرى شۇنچىكى ئۇششاق - چۇششەك ئىشلارنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماي پىششىق ئويلانغانلىقىمنىڭ نەتىجىسى. مەيلى داستىخان ئۈستىدە بولسۇن ياكى تىياتىرخانىلاردا بولسۇن، ھەمىشە يىگىرمە يۇرگۇزۇپ ئولتۇرىمەن، ھەتتا كېچىلىرىمۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ خىزمىتىمنى داۋاملاشتۇرىمەن.

ئەنە شۇنداق ئۇزاق مۇددەت ئويلىنىشىرىش نەتىجىسىدە ۋۇجۇدىدا ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە توپتوغرا ھۆكۈم قىلىدىغان ئىقتىدار شەكىللەنگەن. ناپولېئوننىڭ بىر قىسىم مۇۋەپپەقىيەتلىرى ماتېماتىكىلىق ھۆكۈملىرى نەتىجىسىدە قولغا كەلگەندى، ناپولېئون بۇنى ئۆزىنىڭ ماتېماتىكا مەشىقلىرىدىن يېتىلدۈرگەن تالانتىنىڭ خاسىيىتىدىن كۆرەتتى. كاللىسىدا قايناپ تۇرىدىغىنى ئۇششاق سانلار بولماستىن، بەلكى پۈتۈن دۇنيانىڭ پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان مىليونلاپ تەپسىلاتلارنىڭ يىغىندىسى ئىدى. بىرەر سەركەردە بۇيرۇقىڭىز بەجا كەلتۈرۈلدى دەپ تومتاقلا دوكلات قىلغۇدەك بولسا، ناپولېئون بۇ دوكلاتنى ئادەتلەنگەن ئاھاڭدا ئىنكار قىلىپ، تەپسىلىي دوكلات قىلىشقا بۇيرۇيتتى. چۈنكى، ئۆزىگە كېرىكى تەپسىلاتلار ئىدى، ئىشلارنىڭ چوڭى بولسۇن ياكى ئۇششىقى بولسۇن، ھەرقاندىقىنى تەپسىلىي بىلىپ، مۇھىم ياكى

مۇھىم ئەمەسلىكىنى ئايرىباشلاپ چىقمىغۇچە قانائەت ھاسىل قىلمايتتى. ئىتالىيەدە تۇرۇشلۇق ئېۋگېنىگە ئەۋەتكەن مەكتۇپىدا: «سەن نېمىشقا ئۈچ مىليون يەتتە يۈز قىرىق يەتتە مىڭ ئۇلۇش كالا گۆشى تارقىتىسەن؟ ... جەمئىي قانچىلىك قۇرۇق كۆكتات، ھاراق، تۇز ۋە ئىسپىرت كېتىدىغانلىقىنى ساڭا ھېسابلاپ بېرەلەيمەن. قوشۇن بىرلىكى بويىچە ھېسابلاپ چىققىن. مەن شۇ سەۋەبتىن ئەللىك پىرسەنت، ھەتتا يەتمىش پىرسەنت ھەربىي خىراجەتتىن قۇرۇق قالدىم. سەن نېمىشقا قۇرۇق چۆپنى قاراپ تۇرۇپ خەققە ھېسابلاتقۇزۇپ بىر مىليون ئۈچ يۈز يەتمىش بىر مىڭ باغ چىقارغۇزىسەن؟ مېنىڭ ئاران يەتتە مىڭ تۇياقلا ئېتىم بارلىقىنى ئوبدان بىلىسەن، ئۇنچە كۆپ ئوت ـ چۆپ دېگەن ئون ئىككى مىڭ ئاتقىمۇ بەخۇدۇك يېتەتتى. خىزمەت خىراجىتىمۇ كىشىنى چۆچۈتىدۇ، تۆت ئايدا بىر يۈز ئون سەككىز مىڭ فىرانك كېتىدۇ دەپ ھېسابلىغاندا، يىلىغا تۆت يۈز مىڭ فىرانك دېگەن سۆز! بۇنچە كۆپ خىراجەت پۈتۈن ئىتالىيەنىڭ ئىشلىتىشىگىمۇ يېتىدۇ!» دەپ يازغانىدى.

بۇ پەقەت بىرلا مىسال. ناپولېئوننىڭ خەت ـ ئالاقىلىرى توپلىمى ئىچىدە جەڭگاھلاردىن ياكى ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىدىن ئاغزاكى بايان قىلىپ يازدۇرۇپ ئەۋەتكەن بۇ خىلدىكى خەتلەردىن نەچچە مىڭ پارچىسى ئۇچرايدۇ. خەت ـ ئالاقىلىرىدە غايىسى ۋە قىزغىن خاراكتېرىنى ئىپادىلەيدىغان مەزمۇنلاردىن باشقىسى يوق دەپ ئويلايدىغان كىشىلەر بۇ خەتلىرىنى ئوقۇغاندا قاتتىق نائۈمىد بولماي قالمايدۇ. ناپولېئون ئىتالىيە جەڭگاھلىرىدىن ۋەتەنگە خەت ئەۋەتمەكچى بولغانلىقىدىمۇ ئادەملىرىگە بىرەر ۋەتەنپەرۋەر گېرمانىنىڭ نامىدا ئاۋستىرىيەنىڭ سىياسىي ئەھۋالى توغرىسىدا گەپ سېتىپ ساختا خەت يازغۇزاتتى، ئاندىن گېرمانىيەدە تەرەپ ـ تەرەپكە تارقاتقۇزاتتى. ھەربىي يۈرۈش

سەپىرىدە ناپلېس پادىشاھى مۇراتقا خەت يېزىپ، تانسىلاردا، تىياتىرخانىلاردا ئۆزىنى قانداق تۇتۇش، كىملەرنى چاقىرىش، كىملەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ۋاھاكازالار توغرىسىدا ئەقىل ئۆگەتكەنىدى. ناپولېئون ئېرفۇرت ئۇچرىشىشىغا تەييارلىق كۆرۈلۈۋاتقان مەزگىلدە ئۇچرىشىشقا كەلگەن بەگلەرگە مەشھۇر ئارتىسلارنى تونۇشتۇرغۇزىدىغان بىرەر مۇۋاپىق نامزات تېپىشى كېرەكلىكىنى بىردىنلا ئېسىگە ئالغانىدى. ناپولېئون تەقدىرنى سان ـ سىپىرلار ئارقىلىق يىغىنچاق ئىپادىلىگىلى بولىدۇ دەپ قارايتتى، بۇ نۇقتىنى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا بولغان قارىشىنى زاھىر قىلىپ بېرىدىغان تۆۋەندىكى سۆزلىرى ئەڭ كۆچلۈك دەلىللەپ بېرىدۇ:

— ھەربىر ئائىلە ئالتە پەرزەنتلىك بولۇشى كېرەك، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بۇلاردىن ئۈچى بىئەجەل ۋاپات بولسا، ئامان ـ ئېسەن چوڭ بولغان ئۈچىدىن ئىككىسى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ، بىرى دۆلەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

دېمەك، ناپولېئوننىڭ ھېساباتلىق تەپەككۇرىنىڭ توغرىلىقى ئەنە شۇنداق كۆلكىلىك دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنىدى.

ئۈچىنچى، ناپولېئوننىڭ زېھنىي كۈچى ھەرىكىتىنىڭ تېزلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. ناپولېئون چۈشۈرگەن بۇيرۇقلىرىدا بىرقانچە قېتىم ئۆز قەلىمى بىلەن: «دەرھال ھەرىكەتلىنىڭلار !» دەپ يازغانىدى. بۇ نۇقتا پىرۇسسىيە پادىشاھىنىڭ تۆۋەندىكىدەك تەسۋىرىدە ئەڭ جانلىق ۋە دەل جايىدا ئىپادىلىنىدۇ: ئات مىنىدىغان بولسا «دائىم بولۇشىچە چاپتۇراتتى، ئارقىسىدا كىملەرنىڭ ئاتتىن يىقىلىپ چۈشكىنىدىن پەرۋايى پەلەك كېتىۋېرەتتى». ھالبۇكى، بىرەر ئىشقا تۇتۇش قىلسا، ئات مىنگىنىگە قارىغاندا ئاقىلانىرەك ئىش قىلاتتى، دائىم پىششىق ئويلىنىپ ئاندىن ھەرىكەت قىلاتتى. جىددىي تەدبىر قوللىنىشقا

توغرا كەلگۈدەك ئىش بولمىغان تەقدىردىمۇ «مىنۇت ـ سېكۇنتنىمۇ قولدىن بەرمەيلى» دېمەي قالمايتتى. زىممىسىدىكى زىيادە ئېغىر يۈك ئۆمرىنى بارا ـ بارا قىرقىيتتى، شۇنداق ئەھۋالدا يوشۇرۇن ئالتە ـ تۆيغۇلىرى خۇددى ئىشلىرىنى بىر باشقا ئېلىپ چىقىشقا يەتكۈدەك ۋاقتى قالمايۋاتقانىدەك تىنماي چېپىشقا ئۈندەپ تۇراتتى. شىددەتلىك داۋاملىشىۋاتقان ئۇرۇش جەريانىدا بىرنادوتقا خەت يېزىپ: «سىزنىڭ سەۋەبىڭىزدىن بىر كۈنلۈك ۋاقتىم زايە كەتتى، دۇنيانىڭ تەقدىرى ئەنە شۇنداق بىر كۈن تۆپەيلىدىن ئۆزگىرىپ كېتىدۇ» دەپ تەنبىھ بەرگەنىدى.

ناپولېئون تىنماي ئىشلەيتتى، شۇنداقلا قول ئاستىدىكىلەرنىمۇ ئەنە شۇنداق جىددىي ئىشلەشكە ئالدىرىتىپ جىددىيلەشتۈرۈۋېتەتتى. خادىملىرىنى جىددىي ئۇرۇش داۋامىدىلا ئەمەس، ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ ھۆكۈمەت بىرقانچە ئايدا ئاران قارار قىلىدىغان ئىشلارنى چاپسان پۈتكۈزۈشكە قىستايتتى. رۇسىيە بىلەن شەرتنامە ئىمزالاشماقچى بولغاندا تاللىيراننىڭ شەرتنامە كۆپىيەسىنى بىرقانچە سائەت ئىچىدە يېزىپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى؛ ئۆزىنىڭ نېمە ۋەجىدىن قايتا نىكاھلىق بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش مۇناسىۋىتى بىلەن ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئەلچىلىرىگە ۋە باش مەمۇرلىرىغا يوللىنىدىغان ئالاقىنى «شۇ كۈنى»نىڭ ئۆزىدىلا پۈتكۈزدى؛ بىر كۈنى كېچىسى تۇرۇپلا پارىژنى قانداق گۈللەندۈرۈش مەسىلىسى ئۈستىدە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قاتتىق ئويلىنىپ چىقىپ، ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئىچكى ئىشلار ۋەزىرىگە:

— پارىژنى ئون يىل ئىچىدە ئىككى مىليون نوپۇسقا ئىگە قىلماقچىمەن، بۇ شەھەر ئۈچۈن ئۇلۇغ ۋە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ بېرەي دەيمەن. قانداق تەكلىپىڭىز باركىن؟ — دېدى.

— ئۇنداق بولسا پارىژغا سۇ باشلاڭ، ئالىيلىرى، — دېدى

ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى. ئاندىن قانداق قىلىپ ئوككىۋېس دەرياسىدىن پارىژغا سۇ باشلاش كېرەكلىكىنى چۈشەندۈردى.

— تەكلىپىڭىز تەلىمۇ ئورۇنلۇق بولدى. G نى چاقىرىپ كىرىڭ، ئەتە بەش يۈز كىشىنى باشلاپ بېرىپ قانال چېپىشقا كىرىشسۇن.

ناپولېئوننىڭ ئادەتتىن تاشقىرى كۈچلۈك خاتىرىسى يەنە بىر ئۆتكۈر قورالى ئىدى.

— ئۆزۈمنىڭ قانداق ئەھۋالدا تۇرۇۋاتقانلىقىمنى مەڭگۈ ئېنىق بىلىپ تۇرىمەن. شېئىرنىڭ قاپىيەسىنى ئېسىمدە تۇتالمايمەن، ئەمما قوشۇنلىرىمنىڭ ئەمەلىي كۈچىگە دائىر ھەرقانداق سان ـ سىپىرنى سۇدەك يادقا بىلىمەن.

ناپولېئون ئۆزى ئۇچۇن مۇھىم جايلارنىڭ يەر ناملىرىنى، ئۆزى جەڭ قىلغان دۆلەتلەرنىڭ تەۋەيىدىكى يەر ناملىرىنى پىششىق يادقا بىلەتتى. پوچتا مىنىستىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئىمپېراتور يوللارنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى تېنىمەي ئېيتىپ بېرەلەيدىكەن، مىنىستىر بولسا ماتېرىيالغا قارىماي تۇرۇپ ئېيتىپ بېرەلمەيدىكەن. ناپولېئون بىر قېتىم تولوندىكى بارگاھىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ يولدىن ئېزىپ قالغان بىر توپ لەشكەرنى يولۇقتۇرغان، ئۇلارنىڭ قىسىم نامىنى، قاچان، قەيەردىن يولغا چىققانلىقىنى سوراشتۇرغاندىن كېيىن بىر تەرەپنى كۆرسىتىپ:

— ئۇياققا قاراپ ئىلگىرىلەڭلار! قىسىمىڭلار بۈگۈن ئاخشام H جايغا چۈشىدۇ. شۇ تاپتا ئىككى يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇن سەپەر ئۈستىدە! — دەيدۇ.

ناپولېئون مېڭىسىنى بىرقانچە تارماققا بۆلگەنىدى.

— كاللامدىكى بىرەر ئىشنى كەلگەن يېرىدە توختىتىپ تۇرۇش ئۇچۇن بۇ تارتمىنى ئېتىپ، يەنە بىر تارتمىنى ئاچىمەن،

شۇنداق قىلسام ئىشلار ئېلىشىپ كېتەمدۇ. ئۇخلايدىغان چېغىمدا جىمى تارتمىنى ئېتىۋېتىمەن ـ دە، بىردەمدىلا ئۇيقۇغا كېتىمەن.

ناپولېئون ئېسىلزادىلەرنىڭ دىتىغا ياقمىدىغان يۇلتۇزلار، ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالار ياكى يىرتقۇچلارنىڭ ئوبرازى چۈشۈرۈلگەن نۇرغۇن تاج بەلگىسىنىڭ نۇسخىلىرىنىڭ ھېچقايسىسىنى ياراتماي ھەسەل ھەرىسىنى تاللىدى ھەمدە تالانت ئىگىسى بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىلا مەقسىتىگە يېتىدۇ دەپ قايتا ـ قايتا تەكىتلىدى. ناپولېئون «تالانت تىرىشچانلىق دېمەكتۇر» دەيتتى دائىم. ئەمەلىيەتتە، تىرىشچانلىق تالانتلىق بولۇشنىڭ مۇھىم ئامىلى دېمەكچىدى. خىزمەت ناپولېئوننىڭ ھاياتىنى تەشكىل قىلغۇچى مۇھىم بىر ئېلېمېنت ئىدى، ئىشلىرى پۈتۈنلەي بەربات بولغان، كېيىنكىلەرگە ھېچنېمە قالدۇرالمىغان تەقدىردىمۇ، تىرىشچانلىقى ۋە شۆھرىتى كېيىنكى زامانلاردىكى ياشلارنى بەرىبىر تۈگىمەس ـ پۈتمەس مەنىۋى قۇدرىتى بىلەن رىغبەتلەندۈرىدۇ، ئەلۋەتتە.

نۇرغۇن كىشى ناپولېئوننىڭ ئۇيقۇنىمۇ، تاماقنىمۇ ئۇنتۇپ دېگۇدەك توختىماي خىزمەت قىلغانلىقىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەنىدى. ناپولېئوننىڭ دوستى رودېرېر ئەسلىمىسىدە قەيت قىلىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ:

ئىشقا بىر كىرىشىپ كەتسە ئون سەككىز سائەت توختىماي ئىشلەيتتى، بىر ئىشنى ياكى بىرقانچە ئىشنى بىر تەرەپ قىلىۋەتمىگۈچە بولدى قىلمايتتى. كاللىسىنىڭ بىكار قالغانلىقىنى زادىلا كۆرۈپ باقمىدىم، قاتتىق چارچىغان چاغلىرىدىمۇ، سەپەر قىلىپ كېتىۋاتقان ياكى دەرغەزەپ بولۇپ تۇرغان چاغلىرىدىمۇ ئويلىنىشتىن زىنھار توختاپ قالمايتتى. ھېچقاچان قىلىۋاتقان ئىشنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ زېھنىنى

باشقا بىر ئىشقا چىچىۋەتمەيتتى. قانۇن كوپىيەسىنى يېزىش توغرىسىدىكى يىغىندا مىسىردىكى جەڭ ئەھۋالىدىن يېڭى – يېڭى خەۋەرلەر كېلىپ تۇراتتى، خۇش خەۋەر بولۇشىدىن ياكى شۇم خەۋەر بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ خەۋەرلەرگە زادىلا دىققىتىنى بۆلمەيتتى. ھەمىشە بىرەر ئىشقا پۈتۈن دىققىتى بىلەن بېرىلەتتىكى، ھېچقاچان كېچىكتۈرمەيتتى، شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە تازا مۇھىم بولمىغان ئىشلارنى قەتئىي بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ۋاقتى كەلگەندە بىر ياقلىق قىلاتتى.

ناپولېئون نۇرغۇن ئادەملەرنى ساغلاملىقتىن، ياشلىق باھارىدىن مەھرۇم قىلدى. چۈنكى، ئۇلارغىمۇ ئۆزىگە قويغان تەلەپنى قوياتتى. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ناپولېئوننىڭ تەلىپىدەك ئىشلەشكە قۇربى يەتمەيتتى. تۇن نىسپىدە چاقىرتىلىپ كەلگەن كاتىپى سەھەر ۋاقتى سائەت تۆتلەرگىچە ئىشلەپ ئاندىن ياتاتتى، سائەت يەتتە يېرىمدا يەنە يېڭى ۋەزىپە كۈتۈپ تۇراتتى، شۇنىڭ بىلەن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ سائەت توققۇزغىچە توختىماي ئىشلەيتتى. ناپولېئون تاماق ۋاقتىدا ئىككى كىشىلىك تاماق كەلتۈرگۈزەتتى – دە، خۇددى ئۇرۇش قىلىۋاتقان چاغلاردا كانۋىيى بىلەن بىللە تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ غىزالانغاندەك، ئىش ئۈستىلىنىڭ بىر بۇرجىكىدە كاتىپى بىلەن بىللە تاماق يەيتتى. ناپولېئون باش مەمۇر بولغان چاغلىرىدا ئاخشىمى سائەت ئالتىدە يىغىن ئاچاتتى، يىغىن تاكى ئەتىسى ئەتىگىنى سائەت بەشكىچە داۋاملىشاتتى. ئۆز بولاق قەسرىدە تۇرغان ئۈچ ئاي ئىچىدە جەمئىي تۆت يۈز ئوتتۇز بەش پارچە ئالاقە ئەۋەتتى، بۇ ئالاقىلەر تۆت كىسەك چوڭ قەغەزگە يېزىلغان بولۇپ، ساق تۆت يۈز بەت كېلەتتى. بۇ ھۆكۈمەت ئالاقىلىرىدىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئاغزاكى بۇيرۇق ۋە خۇسۇسىي خەت – ئالاقىلەرمۇ بار ئىدى.

ناپولېئون ئەنە شۇنداق زېھنىي قۇۋۋىتىگە تايىنىپ دۇنيا

بىلەن ئېلىشاتتى. «زۆرۈر تېپىلغاندا» دېگەن سۆزنى قىلىشقا تولىمۇ خۇشتار ئىدى، پىلاننى يولغا قويۇش داۋامىدا ھېچقانداق پىرىنسىپقا ئېسىلىۋالمايتتى، لايىھەسىنى مۇھىت، شارائىتقا قاراپ ئۆزگەرتىشكە ھەر ۋاقىت تەييار ئىدى ھەمدە ئەنە شۇ تەرزدە يېڭىباشتىن تەڭشەش ئارقىلىق ئۆزگىرىشچان ۋەزىيەتنى كونترول قىلاتتى. پولاتتەك ئىرادىلىك بۇ ئەزىمەت ئاقىلانىلىك بىلەن ئەڭ جانلىق ئىش كۆرۈپ، بىر تەرەپتىن ئۆز قارارىنى باشقىلارغا تاڭسا، يەنە بىر تەرەپتىن جانلىق تەدبىر قوللىنىپ، مۇھىت ۋە شارائىتتىكى ئۆزگىرىشكە تەن بېرەتتى.

— كاپىتانىنىڭ ئاجىزلىقى پورتقا مەجبۇر بۆسۈپ كىرمەستىن، ئوچۇق دېڭىزدا خەقنىڭ سۇر - توقاي قىلىشىغا بوي بېرىپ ئولتۇرىدىغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. فىلوتىمىزنىڭ بۇ ئاجىزلىقىغا باشقا ئەيىبلىرى قوشۇلۇپ كەتكەچكە، دۇنيانىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشكە قادىر بولالمىدىم، — دېگەنىدى ناپولېئون، — ئەگەر ئۆز ۋاقتىدا ئاق قورغاننى ئالغان بولساق، ھەلەبكە قاراپ تېز ئىلگىرىلەپ، خىرىستىيانلار، دېرۇسلار ۋە ئەرمەنلەرنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرەتتۇق - دە، تېزلا يېفرات دەرياسىغا يېتىپ باراتتۇق، ئاندىن ھىندىستانغا بېرىپ يېڭى تۈزۈمنى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە تارقاتقان بولاتتۇق.

بۇ سۆزنىڭ پۈت تىرەپ تۇرالايدىغان - تۇرالمايدىغانلىقى نامەلۇم، ئەمما ئۆزى شۇنداق بولۇشىغا شەكسىز ئىشىنەتتى. بۇ ئۆزىنىڭ رېئالىزمچىلارغا خاس روھىنى زاھىر قىلىپ بېرىدۇ. ناپولېئون سان - سىپىرلاردىن تۈزۈلگەن بۇ دۇنيادا ھەممە ئىش ئادەملەرنىڭ ھەربىر ئىش - ھەرىكىتىگە باغلىق بولىدۇ، ھەرقانداق كىشىنىڭ كىچىككىنە سەۋەنلىكى تۈپەيلىدىن پۈتۈن ۋەزىيەت باشقا بىر تەرەپكە بۇرىلىپ كېتىشى مۇمكىن، دەپ قارايتتى. شۇڭا، دائىم شارائىتقا يارىشا ئىش كۆرۈپ، ئۆز ئويىنى

ئەھۋالغا قاراپ تەڭشەپ تۇراتتى. بىراق، ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى بۇنىڭ خاسىيىتىدىن كۆرمەيتتى، بەلكى شۇنداق بىر زاماندا ياشىغانلىقىدىن كۆرەتتى. «ئەگەر لۇئىس XIV نىڭ امانىدا ياشىغان بولسام، كۆپ بولغاندىمۇ تۇرىنغا ئوخشاش بىر ئارمىيە گېنېرالىلا بولالىشىم مۇمكىن ئىدى» دېگەنىدى.

ناپولېئوننىڭ زېھنىي كۈچى ھېسسىياتىغا بوي بەرمەيتتى، غۇرۇرى ۋە ئىززەت ـ نەپسىنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۆزىنى كونترول قىلىپ تۇرالايتتى. تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ئىشلارغا دۇچ كەلگىنىدە ئۆزىنى بىمالال تۇتاتتى. «چوڭ ـ چوڭ ۋەقەلەرگە كۆنۈكمەن، شۇڭا باشقىلار ماڭا دوكلات قىلغاندا ئاھ ئۇرۇپمۇ كەتمەيمەن، بىرەر سائەتچە ئۆتكەندە ئاندىن بارا ـ بارا قايغۇرۇشقا باشلايمەن.»

بىراق، ناپولېئوننىڭ قاتتىق ئاچچىقلىنىدىغان چاغلىرىمۇ بولاتتى. قايناق ھېسسىياتى ۋە مەغرۇر تۇيغۇلىرى ئۇرغۇپ تۇرغان، قەلبى نازۇك تۇيغۇ ۋە ئىلھام بىلەن تولۇپ تاشقان پەيتلەردە ئۆز ئىشلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىغا كېرەكلىك مىليونلاپ كىشىنىڭ تەق بولمايۋاتقانلىقىدىن خۇيى تۇتۇپ قالاتتى.

تېخىمۇ مۇھىمى، بەزىدە سىياسىي ئېھتىياج تۈپەيلىدىن ئەتەي ئاچچىقلانغان قىياپەتكە كىرىۋالاتتى. بەزى چاغلاردا ئىشلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئويۇننى ئۆزى پاش قىلىپ قوياتتى.

— مېنى راستىلا ئاچچىقى كەلدى، دەپ قالدىڭىزمۇ؟ خاتالاشتىڭىز، مەن ھېچقاچان غەزىپىمنى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەيمەن، — دېگەنىدى بىر قېتىم ۋارشاۋادا.

بىر كۈنى جىيەنى بىلەن بىللە ئوردا كېنىزەكلىرى بىلەن كۆڭۈللۈك پاراڭلىشىپ ۋاقىتنى خۇشۋاق ئۆتكۈزۈۋاتاتتى، شۇ

ئەسنادا بىرەيلەن «ئەنگلىيە ئەلچىسى كۆرۈشكىلى كەپتۇ» دەپ مەلۇم قىلدى، بۇ گەپنى ئاڭلاپ، شۇ ئان چىرايى تۇتۇلۇپ كەتتى. قوشۇمىسى تۈرۈلگەن، چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ناپولېئون گۈرسۈلدەپ دەسسىگىنىچە ئەنگلىيە ئەلچىسىنىڭ ئالدىغا كىلىپ، شۇنچە كۆپ كىشىنىڭ ئالدىدىلا دەرغەزەپ بىلەن بىر سائەتكىچە توختىماي سۆكتى. ناپولېئوننىڭ ئەنگلىيەگە ئاچچىقى بارلىقى راست، ئەنگلىيە ئەلچىسىنىڭ ئارامىنى بۇزۇپ تىنماي زىيارەتكە كېلىشۋەرگەنلىكىدىن كەيپى ئۇچقانلىقىمۇ راست ئىدى. بىراق، شۇ چاغدا پەقەت سىياسىي ئېهتىياج تۈپەيلىدىنلا شۇنچە قاتتىق غەزەپلەنگەن قىياپەتكە كىرىۋالغانىدى.

بۇنداق چاغلاردا نەق مەيداندا بار نۇرغۇن كىشى ناپولېئوننى مىجەزى ئۇسال ئىكەن دەپ قالاتتى. ھالبۇكى، ئىچ سىرىنى كۆرۈپ يەتكەن تاللېيران بولسا مۇنداق دېگەنىدى:

— بۇ ئالۋاستى ھەممىمىزنى ئالدايدۇ، ئالدىغاندىمۇ غەزەپ ئويۇنى بىلەن ئالدايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇمۇ بىر ئەقىل ئىگىسى، ئەمما ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن قانداق ئويۇن ئويناشنى ئوبدان بىلىدۇ!

ناپولېئوننىڭ شۆھرەتپەرەسلىكى ۋە ھوقۇقىنىڭ زورلۇقىنى نەزەردە تۇتقاندا، ئەسلىدە ئاداۋەتخۇمار بولۇشى كېرەك ئىدى. بىراق، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا ماھىر، سوغۇققان بولغاچقا، ھېچقانداق ئاداۋەت ساقلاپ ئۆچ ئالىدىغان ئىشنى قىلىپ باقمايتتى، رەقىبلىرى ياكى ئاسىيلارنى جازالىغاندىمۇ ھېچقاچان چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەيتتى، تازىلىۋېتىش كېرەك دەپ قارىغان كىشىلەرنىمۇ سۈرگۈن قىلىش بىلەنلا بولدى قىلاتتى. ئۆزى مەغلۇپ قىلغان دۈشمەنلىرىنى بولسا، مەرتىۋىسىنىڭ چوڭ - كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەردلىك بىلەن بىر دەك كەچۈرۈم قىلىۋېتەتتى.

بىر قېتىم بادېن ئەلچىسى بادېننىڭ كىنەزى بولـونىرۇكنىـڭ ئورنىدا تۆلەم تەلەپ قىلىپ كەلگەنىدى، ئىمـپېراتور نـاپولېئـون غەزەپ بىلەن كەسكىن رەت قىلدى. بۇنداق قىـلىشـى ھەرگىـزمـۇ كىنەزنىڭ ئىلگىرى پىرۇسسىيەنى فىـرانسىيـەگە جەڭ ئېـلان قىلىشقا كۈشكۈرتكەنلىكىگە ئاداۋەت ساقلىغانلىقى ئۈچـۈن ئەمەس، بەلكى 1792 ـ يىلىدىكى فىرانسىيەگە قارشى بىـرىنچى قېتىملىق ئۇرۇش مەزگىلىدە ئېلان قىلغان مەشھۇر بـاياناتىـدا پارىژنى تۈزلىۋېتىش كېرەك دەپ جار سالغانلىقى ئۈچۈن بەرگەن جازاسى ئىدى.

ــ بۇ شەھەر ئۇنىڭ ئالدىدا نېمە گۇناھ قىـپتىكـەن؟ ـــ دەپ ھۆركىرىـدى ئەينى يىـللاردىكى لېيتېـنانت، يىگىرمـە يىلدىـن كېيىـنكى ئىمپېـراتور غەزەپ بىـلەن، ـــ بۇ ھاقـارەتنى يـۇمـاي بولمايدۇ!

## بەشىنچى، قوماندانلىق سەنئىتى

باشقا ئەللەرنى بويسـۇندۇرۇپ ئىسـتېلاچى بـولـۇپ قالـغان ناپولېئوننىـڭ زېھنـىي كۈچى ئەيـنى چاغـلاردا ئـەڭ گەۋدىلىـك زاھىر بولۇشقـا باشلىغانىدى. بىـراق، زېھنـىنىڭ ئـۆتكۈرلـۈكـى ئادەتتىـكىدەك ھەربىيلەرگـە خاس ساپاسىدىن كۆرە كـۆپىنچـە ھالىلاردا مەنىۋىيىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپاتتى.

ــ قىلىچىمنى كەمدىن ـ كەم قىنىمدىن سۇغۇرىمەن، چۈنكى قـورالغا تـايىنىـپ ئەمەس، كۆزلىـرىمگـە تـايىنىـپ غەلـىبە قازىنىمەن.

نـاپولېئـوننىڭ روھىـنى چۈشىـنىپ يېتىش ئـۈچۈن، يېڭى تاكتىكا شەكىللىرىنى چۈشىنىش ئـۇنچە مۇھىم ئەمەس، ئـەڭ مۇھىمى پۈتۈن ۋۇجۇدىنىڭ ئۇرۇش ئالـدىدا، ئۇرۇش داۋامىـدا ۋە

ئۇرۇشتىن كېيىن قانداق ھالەتتە تۇرىدىغانلىقىغا قارىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ناپولېئوننىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىپادىسىمۇ ناھايىتى ئۆزگىچە.

ھەربىيلەرنىڭ كۈچ مەنبەسى ۋۇجۇدىدىكى باتۇرلۇقىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ، ناپولېئوننىڭ ۋۇجۇدىدىكى باتۇرلۇقىمۇ ئۆزگىچە ئىدى. ناپولېئون ياش چاغلىرىدىكى، شۇنداقلا ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى نۇرغۇن جەڭلەر داۋامىدا ئۆز جاسارىتىنى كۆرسىتىپ قېتىم ئىسپاتلاپ بەردى. مەڭگۈ قورقماس ھەربىي بولمايدۇ، مۇھىمى دۈشمەن ھولسۇقلۇپ ۋەھىمىگە چۈشكەن دەقىقىلەردىن پايدىلىنىپ غەلىبە قازىنىشقا ماھىر بولۇش كېرەك. ناپولېئون ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن دەھشەتلىك ۋەقەلەر ئالدىدا ھولۇقماستىن ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ، كەسكىن تەدبىر قوللىنىدىغان تەڭداشسىز جاسارەتكە ئىگە ئىدى. يەنە بىر جەھەتتىن، دۈئېلغا چۈشكەنلەرنىڭ «رىتسارلارچە روھى»نى ياراتماي، بۇنداق باتۇرلۇقنى «ئادەمخور باتۇرلۇق» دەپ ئاتايتتى.

بۇ بۈيۈك قوماندان ئادىمىيلىك بىلەن شەپقەتسىزلىكنىڭ چەك ـ چېگراسىنى ئايرىشقا ماھىر ئىدى. بىر قېتىم قوبۇلخانىسىدا مېتتېرنىچقا:

ـــ غەلىبە ئۈچۈن مىليونلاپ كىشى قۇربان بولسىمۇ ۋاي دەپ كەتمەيمەن، ـــ دېگەنىدى.

ئەمما، جەڭگاھتا بولسا قاتتىق ئېچىنىپ:

ـــ ئەگەر پادىشاھلار، سەركەردە ـ سەردارلار، ۋەزىر ـ ۋۇزرالار بۇ يەردىكى پاجىئەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بولسا، ئۇرۇش ـ يىغىلىقنىڭ مۇنچە بېرىلىپ كەتمىگەن بولاتتى، ـــ دەيتتى. يەنە بىر قېتىم يوسېفىنغا يازغان خېتىدە: «بۇ يەردە تۆكۈلگەن قانلار دەريا بولۇپ ئاقتى، جەسەتلەر دالانى بىر ئالدى، ئۇرۇش دېگەن شۇنداق بولىدۇ، بۇ ھالنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشى قاتتىق

ئازابلانماي قالمايدۇ» دېگەنىدى. ئەقىل بىلەن ھېسسىيات توقۇنۇشى ئىچىدە قالغان ناپولېئون مەسئۇلىيەتچانلىقىنى پەش قىلىپ: «جەڭگاھتا ھېسسىياتقا بېرىلىپ كەتكەن كىشى تېخىمۇ كۆپ بىگۇناھ كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ» دەپ ئۆزىنى ئاقلايتتى، كۈچىنىڭ بارىچە ساقلانماقچى بولىدىغىنىمۇ شۇ ئىدى. بىراق، ياۋروپانى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن جەڭگاھتا مىليونلاپ ئادىمىنى چىقىم قىلىشتىن ئايانمايتتى. ئەمما، بىرەر كۆۋرۈك، بىرەر ئاكوپنى ئالماقچى بولغاندا، ئىمكانقەدەر ئەڭ ئاز قۇربان بېرىشكە تىرىشاتتى ۋە: «ئەگەر نادانلىق قىلىپ ئىككى ئادەمنىڭلا قۇربان بېرىشى كۇپايە قىلىدىغان يەرگە ئون ئادەمنى قۇربان قىلسا، شۇ قوماندان بىئەجەل كەتكەن سەككىز شېھىتنىڭ ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ» دەيتتى.

ناپولېئون ئادەتتە سىياسىي ئېھتىياج تۈپەيلىدىنلا ئۇرۇش قوزغايتتى، ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش داۋامىدا بولسا ھېچقانداق ئۆچمەنلىك بىلەن ئىش كۆرمەيتتى. شۇڭا، ئۇرۇش ئاياغلاشقان ھامان قارشى تەرەپنى دۈشمەن سانىمايتتى. «لوبۇرگ ئارىلىدا ئون سەككىز مىڭ ئەسىرنىڭ ئاچارچىلىقتا قالغانلىقىنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈدۈم، — دەپ يازغانىدى ۋېيېننادىكى ئوردىدىن ئەۋەتكەن خېتىدە، — بۇ كەچۈرگۈسىز ئىنسابسىزلىق بوپتۇ. دەرھال يىگىرمە مىڭ كىشىلىك بولكا ھەم شۇنچىلىك بولكا پىشقۇدەك ئۇننى بولكىخانىغا يەتكۈزۈپ بېرىڭ.»

بىراق، تىلورلارنىڭ ئۇرۇش توختىغاندىن كېيىنمۇ فىرانسىيە لەشكەرلىرىنى قىرغىن قىلىۋاتقانلىقىدىن ۋاقىپلانغاندا بولسا غەزىپىنى باسالماي دەرھال پەرمان چۈشۈردى:

ئاز بولغاندىمۇ ئالتە چوڭ كەنتنى بۆلاك ـ تالاڭ قىلىشلار ھەمدە ئوت قويۇپ كۆلىنى كۆككە سورۇۋېتىشلار... بۇ تاغلىقلار ئۆزلىرىدىن ئۆچ ئالىدىغانلىقىمىزنى ئېسىدە مەھكەم تۇتىدىغان بولسۇن.

ناپولېئون ئۇرۇشنى بىر خىل سەنئەت دەپ بىلەتتى. گويا بىر سەنئەتكاردەك پەتىۋا چىقىرىپ، بۇ خىل سەنئەتنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزلەشتۈرۈۋالغىلى بولمايدۇ، دەيتتى. تىپىك سەنئەتكارغا خاس ئۇسۇلدا ئۆزى پىششىق تونۇش ساھەگە بەرگەن تەبىرىنىمۇ يەنە ئۆزى ئىنكار قىلاتتى. ئىسپانىيە ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن بىر سەركەردىسىگە ئەۋەتكەن خېتىدە «ئۇرۇشتا يېڭىش ـ يېڭىلىشىڭىز ماددىي كۈچىڭىزنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە ئەمەس، مۇھىمى ئىستراتېگىيەلىك ھېسابلاش ئىقتىدارىڭىزنىڭ قانداق بولۇشىغا باغلىق» دەپ يازغانىدى. يەنە بىر قېتىمدا «لەشكىرىي سان جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈك ياكى قوشۇننىڭ جاسارىتى ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنىشنىڭ ئاچقۇچى» دېدى. ناپولېئون بەزىدە ھەتتا ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى ئىلھام بەلگىلەيدۇ دەپ قاراپ «ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسى قىل ئۈستىدە تۇرىدۇ، ئۇرۇش كۆپىنچە ھاللاردا تۇشتۇمتۇت پەيدا بولىدۇ ـ دە، كىچىككىنە بىر زاپاس قوشۇنىمىزنىلا ئىشقا سېلىپ ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسىنى چىقىرىمىز!» دەيتتى.

ناپولېئون تېخىمۇ ئاقىلانىلىك بىلەن، شۇنداقلا سەنئەتكارغا خاس سالاپەت بىلەن مۇنداق دەيدۇ: «ئۇرۇشنىڭ ئاچقۇچلۇق پەيتى ئىككى مەرتەم تۇتۇشقاندىن كېيىن مانا مەن دەپ مەلۇم بولىدۇ. ئاچقۇچلۇق پەيت بىر چارەكتىن ئېشىپ كەتمەيدۇ... ھەر قېتىمقى ئۇرۇش داۋامىدا ئەڭ باتۇر جەڭچىنىڭمۇ چېكىنىش خىيالىغا كېلىپ قالىدىغان چاغلىرى بولىدۇ، بۇنداق چاغدا ئازراق بولسىمۇ رىغبەتلەندۈرۈپ دەۋەت قىلىپ قويغاندا، شۇ

جەڭچىنىڭ ۋۇجۇدىدا يېڭىباشتىن ئىشەنچ پەيدا بولىدۇ.»
ناپولېئون ئەنە شۇنداق ئىقتىدارىغا تايىنىپ بىرمۇنچە جەڭنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەنىدى. ئاددىي ـ ساددا بولغاچقا، لەشكەرلەر ئۇبدان چۈشىنەتتى. ھەتتا: « ئۇرۇش سەنئىتى خۇددى گۈزەل، ئەمما ئاددىي شەيئىلەرگە ئوخشاش ئاددىي بولىدۇ» دەيتتى. ئۇرۇشنى جاھاندىكى سەنئەت تۈرلىرىنىڭ ئەڭ ئالىيسى، دەپ قارايتتى.
ناپولېئوننىڭ لەشكەرلەر ئىچىدىكى ئابرۇيى ھەممە كىشىگە ئايان ئامەتلىك تارىخىنىڭ خاسىيىتى بىلەن تىكلەنگەنىدى. ئەينى يىللىرى سەركەردە بولغان چاغلىرىدا بيۇروكرات مۇلكىي ئاپپاراتلاردىن پايدىلىنىشنى ئۆگىنىۋالغانىدى، ئىمپېراتور بولغاندىن كېيىن مۇلكىي ئەمەلدارلارنىڭ ئىسكەنجىسىگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئېپىنى بىلمەي يۈرگەن چەت ئەللەردىكى رەقىبلىرىگە ئىچ ئاغرىتىدىغان بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇرۇشنىڭ ئەھلى بولمىغان كىشىلەرنىڭ قارىغۇلارچە قوماندانلىقىنىڭ خەۋپىنى تونۇپ يەتكەنىدى. ئاكىسى يوسېفقا ئەۋەتكەن خېتىدە: «قوشۇنغا پادىشاھ قوماندانلىق قىلىدىغان بولسا، لەشكەرلەر ئۆزلىرىنىڭ قوماندانلىق قىلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ پادىشاھقا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ «ھۇررا» توۋلىغىنى خۇددى پاراتتىن ئۆتۈۋاتقان قوشۇنلارنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقان خانىشقا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ توۋلىغىنىدەك بىر ئىش. سەركەردە بولمىغانىكەنسەن، سەركەردىنىڭ ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىغا يول بەر» دېگەنىدى.
ناپولېئون ياۋروپادىكى ئىمپېراتور ـ پادىشاھلار ئىچىدە تۆۋەن دەرىجىلىك ھەربىيلەر تەبىقىسىدىن ئۆسۈپ تەختكە چىققان بىردىنبىر كىشى ئىدى، شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ئۆسمۈرلۈك

چاغلىرىدىن باشلاپ ئالدىنقى سەپتە تۇرغۇچى ئوفىتسېرلارنىڭ خىزمەتلىرىنى تەپسىلاتلىرىغىچە پىششىق بىلەتتى.

— جەڭگاھتا، — دەيتتى ناپولېئون ئىپتىخار بىلەن، — ھېچقانداق ئىش قولۇمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئوق سېلىش، قورال ئىشلىتىش، زەمبىرەك ئېتىش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى قولۇمدىن كېلىدۇ.

بىراق، ئۇ بۇ ئىشلارغا زۆرۈر تېپىلمىسا ھەرگىز قول تىقمايتتى.

ناپولېئون ئۆز قوشۇنىدا مۇتلەق باراۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلاتتى، بۇ جەھەتتە باشقىلارغا باشتىن - ئاياغ سادىق بولۇپ كەلدى. سەركەردە - لەشكەرلەرنى كۆرسەتكەن خىزمىتىگە قاراپ تارتۇقلاشتا ئىزچىل چىڭ تۇردى، گەرچە ئۆز قېرىنداشلىرىنى قائىدىدىن ھالقىپ ئۆستۈرگەن بولسىمۇ، پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن خۇددى لېيتېنانتلىرىغا تەنبىھ بەرگەندەك تەنبىھ بېرىپ تۇردى. ئاكىسى يوسېفنىڭ بىرۇن شەھرىدە پادىشاھلىق كىبىرىنى كۆرسىتىپ، ئارمىيە گېنېرالى سورنىڭ يېنىدا تۇرۇۋېلىپ ئوفىتسېرلارنى قوبۇل قىلغانلىقى ۋە بەسلىشىپ زىياپەت بەرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقاندا دەرھال خەت يېزىپ: «ئارمىيەدە ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۆزىنى ئالىي قوماندانىنىڭ ئۈستىگە قويۇشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، قوشۇنلارنى كۆزدىن كەچۈرگەن كۈنلەردە پادىشاھ ئەمەس، گېنېراللا زىياپەت بېرىشى كېرەك. قوشۇنلارنى كۆزدىن كەچۈرگەندە خان جەمەتىدىن چىققان پولكوۋنىكمۇ بېرىبىر پولكوۋنىك. ئىنتىزام بۇنىڭدىن ئارتۇق ئىشقا رۇخسەت قىلمايدۇ. قوشۇن بىر پۈتۈن بولىدۇ، قوماندان ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. دەرھال ئۆز ئىشتابىڭغا قايتقىن» دەپ تەنقىدلىدى...

قوماندان يارىلانغاندىن كېيىن داۋالانغاندا ئاددىي ئەسكەرلەر بىلەن ئوخشاش كۈتۈنۈشنى تەكىتلەيدۇ. ئىسپانىيەدىكى ئېررو ئۇرۇشىدا فىرانسىيە قوشۇنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرايدۇ، بىر ھەربىي دوختۇر يارىلانغان بىر گېنېرالنى ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن داۋالىماقچى بولغاندا، ئىمپېراتور قەتئىي چەكلەپ:

— سىز ئۆز بۇرچىڭىزنى بىر گېنېرالنىڭ ئالدىدىلا ئەمەس، ھەممە كىشىنىڭ ئالدىدا باراۋەر ئادا قىلىشىڭىز كېرەك، — دەپ تەنبىھ بېرىدۇ.

بىر گېرمان ئوفىتسېرىنىڭ ئېيتىشىچە، ناپولېئون ھەر قېتىملىقى جەڭدىن كېيىن ھەمىشە نەق مەيدانغا بېرىپ، يارىدارلارنىڭ يېنىدا كىشىلەر يارىدارلارنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ جىرغىغا سېلىپ ئېلىپ ماڭغۇچە قاراپ تۇرىدىكەن ۋە «بۇ يىگىت ساقىيىپ قالسا بىر ئۇلۇش بولسىمۇ ئاز چىقىم تارتقان بولىمىز» دەپ تۇرىدىكەن.

بارلىق خاتىرىلەردىن بىزگە مەلۇم بولىدۇكى، ئىمپېراتور دائىم گازارمىدا لەشكەرلەر بىللە گۇلخان ئالدىدا مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ تامىقىنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقى قاتارلىق ئىشلارنى سۈرۈشتۈرەتتى، لەشكەرلەرنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندا قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتەتتى، بەزىدە لەشكەرلەر ئىمپېراتورغا ئىچ - قارنىنى تۆكۈپ بېرەتتى، ھەتتا ئىمپېراتور بىلەن «سەن»لىشەتتى، بۇ ھەرگىزمۇ ئىمپېراتورنىڭ ياسالمىلىق بىلەن لەشكەرلىرىگە يېقىنچىلىق قىلغىنى ئەمەس، بەلكى ئاتىلارچە مېھرى بىلەن مۇئامىلە قىلغىنى ئىدى. ناپولېئون ئۇلارنى «بالام» دەيتتى، ئۇلار بولسا ناپولېئوننى مەسئۇلىيەتچان يولداش دېگەن مەنىدە «كوماندىر» دېيىشەتتى.

ناپولېئون ئۆزىنىڭ ئۇرۇش پىلانىغا ئەزەلدىن ھېچكىمنى ئارىلاشتۇرمايتتى. كۆرسەتكەن خىزمىتىگە قاراپ تارتۇقلاشتا

بولسا تۆۋەن قاتلامدىكى لەشكەرلەردىنمۇ پىكىر ئالاتتى. ھەربىر جەڭدىن كېيىن ھەمىشە بىر توپ كوماندىر ۋە جەڭچىنى يىغىپ، ئۇلار بىلەن بىرمۇبىر پاراڭلىشىپ، جەڭدە ئەڭ باتۇرلۇق كۆرسەتكەن كىشىنى سۈرۈشتۈرەتتى ــ دە، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا تارتۇقلاپ، ئۆز قولى بىلەن بۇركۇت مېدالى تاقاپ قويۇاتتى. ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈچىلەر بۇ ھالنى «لەشكەرلەر كۆرسىتەتتى، ئوفىتسېرلار بېكىتەتتى، ئىمپېراتور تەستىقلايتتى» دەپ تەسۋىرلىشىدۇ.

دەرۋەقە، ناپولېئون ئۇرۇشخۇمار ئىدى، ئەمما ئۇرۇشنى بىر تۇرلۇك سەنئەت دەپ قاراپ، خۇددى ھوقۇقتا ئامراق بولغىنىدەك ئامراق ئىدى. سەپەردىن قايتىپ كەلگەن بىر سەيياھ ناپولېئونغا جۇڭگودا بىر ئارال بارلىقىنى، بۇ ئارالدا ھېچقانداق قورالنىڭ يوقلۇقىنى ئېيتىپ بەرگىنىدە، ناپولېئون بۇ گەپكە ئىشەنمەي كۈلۈپ كەتكەنىكەن.

ــ نېمە؟ ! ئۇلاردا قورال بولماي قالامدۇ !

ــ يوق ئىكەن، ئالىيلىرى، ھېچنېمە يوق ئىكەن.

ــ قىلىچچۇ؟

ــ ئۇمۇ يوق ئىكەن.

ــ ئۇنداق بولسا قانداق ئۇرۇش قىلالايدۇ؟

ــ ئۇ ئارالدا ئەزەلدىن ئۇرۇش بولۇپ باقماپتۇ.

ــ نېمە؟ ! ئەزەلدىن ئۇرۇش بولۇپ باقماپتۇ، دېگىن !

سەيياھ ناپولېئوننىڭ بۇ گېپىدىن شۇنى ھېس قىلىپ يەتكەنىكى، جاھاندا ئۇرۇش قىلمايدىغان شۇنداقمۇ خەلقنىڭ بولغانلىقى ئىمپېراتورنى قاتتىق خاپا قىلغان، تومۇرىدىكى ھەربىيلەرگە خاس ئىسسىق قېنىنى قايناتتۇۋەتكەن.

بىراق، ناپولېئون يېڭى بىر تىنچلىق دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى. ئېھتىمال،

بۇنداق دەۋرنى ياقتۇرماسلىقى مۇمكىن، ئەمما شۇنداق دەۋرنىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى بەربىر ئالدىن كۆرۈپ يەتكەندى. ناپولېئون يېڭى دەۋردىكى ھەربىيلەرنىڭ ئالدى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەقلىي كۈچىنىڭ ئەلەم كۈچىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەندى، مۇشۇ ئارتۇقچىلىقى بىلەن رەقىبلىرىدىن كۆپ ئېشىپ چۈشەتتى. مەشھۇر ھەيكەلتىراش كارنوۋا ناپولېئوننىڭ ھەيكىلىنى ياساپ بەرگەندە، ئۆزىنىڭ سورلۇك قىياپىتىنى كۆرگەن ناپولېئون مەسخىرىلىك تەلەپپۇزدا:

— مېنى ئۇرۇشتا تۆمۈر مۇشتىغا تايىنىپ غەلىبە قىلىدۇ دەپ ئويلامدۇ نېمە؟ — دېگەندى.

ناپولېئون «باش قوماندان» دېگەن سۆزگە بەرگەن تەبىرىدە «باش قوماندان» ئۇقۇمى «ھەربىي» ئۇقۇمىدىن ھالقىپ كەتكەندى. يېڭىلا باش مەمۇر بولغىنىدا كېڭەش پالاتاسىدا نۇتۇق سۆزلەپ مۇنداق دېگەندى:

— باش قوماندانىنىڭ دانالىقى نېمىدە ئىپادىلىنىدۇ؟ ئۆزگىچە ئەقىل - پاراسىتىدە، يەنى ئەقىل كۆزى بىلەن كۆرۈش، ھېسابلاش، تەدبىر بەلگىلەش، قايىل قىلىش ۋە ئادەملەرنى ماھىيىتىدىن چۈشىنىپ ئىشقا قويۇش ئىقتىدارىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇلار شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئادەتتىكى قانۇنىيىتىگە ياتىدۇ... يېتەرلىك جىسمانىي كۈچى ۋە جاسارىتى بولسىلا، ھەرقانداق بىر لەشكەرمۇ پۈتۈن ئارمىيەگە قوماندانلىق قىلالايدۇ... بۈگۈنكى كۈندە ھەربىي كۈچ دېيانەتكە ئورۇن بېرىدىغان، قورالىقلار ئۆتكۈر ئەقىل - ئىدراك ئىگىلىرىگە باش ئېگىدۇ. قۇرۇقلۇق ئارمىيەنىڭ باش قوماندانى بولۇپ تۇرغان چاغلىرىمدا نېمە ئۈچۈن فىرانسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاكادېمىكى ئۇنۋانىنى ئالغانلىقىمنى ئوبدان بىلىمەن، مېنىڭ مەقسىتىمنى ئەقەللىيسى ئەڭ ياش نەرە -

دۇمباقچىلارمۇ بىلىدۇ.

ناپولېئون كېيىن يەنە تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېگەنىدى:

— ئۇرۇش دەۋر تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە خىلاپ. غەلىبە قازىنىش ئۈچۈن زەمبىرەك ۋە شەمشەرگە تايىنىشنىڭ ھاجىتى قالمايدىغان دەۋر ھامان بىر كۈنى يېتىپ كېلىدۇ... كىمكى ياۋروپانىڭ تىنچلىقىنى بۇزماقچى بولسا، شۇ ئىچكى ئۇرۇش قوزغايدۇ.

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، بۇ باشقا كىشىنىڭ ئەمەس، بۈيۈك قوماندان ناپولېئوننىڭ سۆزى ئىدى.

## ئالتىنچى، ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى كۆرۈپ يېتىشكە ماھىر پسىخولوگ

ناپولېئون زېھنىي كۈچىنى كىشىلەرگە تاقابىل تۇرۇشقا قاراتقانىدى، تەبىئەت بىلەن كەمدىن ـ كەم قارشىلىشاتتى. تەبىئەت بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغانلىرىدا مەغلۇپ بولماي قالمايتتى. بۇ سەنئەتكار پۈتۈن زېھنىنى ۋە ئوي ـ پىكرىنى ئادەمدىن ئىبارەت بۇ ماددىغا سەرپ قىلغانىدى. چۈنكى، ئۆز قىممىتىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن كىشىلەردىن ئۈستۈن تۇرمىسا بولمايتتى. ھېچقانداق جان ئىگىسى كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بويسۇندۇرۇپ باققان ئەمەس، ئارمىيەنى ۋە خەلقنى ئۆزىگە قول باغلاپ تۇرىدىغان قىلىپلا قالماستىن، ئەربابلارنىمۇ، جۈملىدىن مەن ـ مەن دېگەن نوچىلارنىمۇ ئۆزىگە بويسۇندۇرۇۋالاتتى.

ئىنسانىي مەنسىتمەسلىك ناپولېئوننىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولى، شان ـ شەرەپ ۋە پۇل مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش

ۋاسىتىسى ئىدى. ناپولېئون ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ۋە تەجرىبىسى ئاساسىدا شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنەتتىكى، كىشىلەر مەنپەئەت ۋەسۋەسىسىدە ھەرىكەت قىلىدۇ، راھەت ـ پاراغەت، نەپسى ۋە جەمەتى ئۈچۈن پۇلنىڭ كەينىدىن يۈگۈرىدۇ؛ شۆھرەتپەرەسلىكى، ھەسەتخورلۇقى ۋە نەپسانىيەتچىلىكى ئارقىلىق جامائەتنىڭ مەدھىيەسىگە ئېرىشىشكە بېرىلىدۇ. ناپولېئون غايىۋى مۇددىئانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ رېئال ۋاستىلەرنى قوللىناتتى، ئەگەر نام ـ مەنپەئەت ۋە مەڭگۈلۈك شۆھرەتكە بېرىلەتتى دېگەن تەقدىردىمۇ، بۇ ناپولېئوننىڭ ئارزۇسى ئەمەس ئىدى. ئۇ نام ـ مەنپەئەت ئارقىلىق باشقىلارنى قىزىقتۇرۇشقا ئۇرۇناتتى. ۋاھالەنكى، ئىنسانىي خىسلەتنى تېخىمۇ زور جەلپكارلىقىنى ئۇرغۇتۇپ تۇراتتى. گىيوتې: «ناپولېئون غايە ئىچىدە ياشايتتى ـ يۇ، ئۆز غايىسىنىڭ ماھىيىتىنى بىلمەيتتى. غايىدىن ئىبارەت بۇ شەيئىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تامامەن ئىنكار قىلىپ تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشاتتى» دېگەنىدى.

ھالبۇكى، ناپولېئونمۇ گىيوتېغا ئوخشاشلا ئادەمنىڭ ماھىيىتىدىن رەزىل كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى.

— كۆپىنچە كىشىنىڭ ۋۇجۇدىدا تۇغۇلۇشىدىنلا ياخشىلىق بىخلىرىمۇ، رەزىللىك ئۇرۇقىمۇ بولىدۇ. ئادەم قەھرىمان بولۇپ چىقىشىمۇ، قورقۇنچاق بولۇپ چىقىشىمۇ مۇمكىن. ئادەم ماھىيىتىدىن شۇنداق بولىدۇ، قالغىنى تەلىم ـ تەربىيە ۋە مۇھىتقا باغلىق بولىدۇ.

ناپولېئون بۇ ھەقتە گىيوتې بىلەن ئوخشاش قاراشتا ئىدى. يىگىرمە يىل مابەينىدە ھەر كۈنى دېگۈدەك ئادەمنىڭ بۇ خىل تەبىئىتىگە دائىر يۈزلەپ مىساللار بىلەن تونۇشۇپ چىقاتتى.

ئادەملەرنىڭ ئەنە شۇنداق ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىشقا ماھىرلىقى مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىن بىرى ئىدى. قولىدىكى ماتېرىياللار ئىچىدە ئۆزىگە ئەڭ پىششىق تونۇشلۇقى ئادەملەرنىڭ نىيىتى ئىدى.

ناپولېئون خۇددى بىر روھىي كېسەللەر دوختۇرىدەك جىمى كىشىنىڭ پىسخىك كېسەللىكلىرىنى سوغۇققانلىق بىلەن ئېنىق كۆزىتىپ تۇراتتى، بولۇپمۇ رەمماللىقتا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. باشقىلارغا تەنىسھ بېرىشكە خۇشتار ئىدى، «ئۇلارنىڭ ئىنكاسىغا قاراپ روھىي دۇنياسىنى ئېنىق بىلىۋالايمەن» دەيتتى دائىم. ئۆزى بىلەن تۇنجى قېتىم يۈز كۆرۈشكەنلىكى كىشىنى نۇر چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلىرى بىلەن كۆزىتىپ چىقماي قالمايتتى.

پاراڭلىشىش ۋە سوئال سوراش ناپولېئوننىڭ ھەر خىل كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسى بىلەن تونۇشىدىغان مۇھىم ۋاسىتىسى ئىدى. دائىم قوللىنىدىغان يەنە بىر ۋاسىتىسى كىشىگە پاراڭ قىلىپ بېرىش ئىدى. يېنىدا خىزمەت قىلغان بىر كىشى مۇنداق دەپ قەيت قىلىدۇ:

«باشقىلارغا پاراڭ قىلىپ بېرىش ناپولېئوننىڭ ئۆز كۆڭلىنى ھەقىقىي خۇش قىلىدىغان بىردىنبىر ئىش ئىدى. نى ـ نى گۇپپاڭچىلارنى كۆرگەنمىز، ئەمما ھېچقايسىسى ناپولېئونغا يەتمەيدۇ. ناپولېئون دۇنياغا ھەمىشە يېڭانە ھالەتتە يۈزلىنەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ دۇنياغا ئۆزىنىڭ خاراكتېرىنى بىلدۈرمەكچى بولغاندەك توختىماي سۆزلەيتتى. كىشىلەر بىلەن پاراڭلاشقىلى تۇرسا، پارىڭىنى يەتتە ـ سەككىز سائەتكىچە داۋاملاشتۇراتتى، بەزىدە ھەتتا ئون سائەتتىن ئېشىپ كېتەتتى. پاراڭ داۋامىدا كۆپىنچە باشقىلارغا گەپ بەرمەي ئۆزىلا سۆزلەيتتى، سۆزلىگەندىمۇ چەت ئەللىكلەرگە خاس تەلەپپۇزدا رىملىقلارنىڭ

ئەمەس، ئىتالىيانلارنىڭ ئادىتى بويىچە تېز - تېز سۆزلەيتتى. سۆزلىگەندە قولىنى كەمدىن - كەم پۇلاڭلىتاتتى، پەقەت ھاياجانلىنىپ كەتكەندىلا ئادەتتىكى چاغلاردا خۇددى پۇتكۇل دۇنياغا مەيدىسىنى كېرىپ، قەددىنى تىك تۇتۇپ قاراۋاتقاندەك ئارقىسىغا تۇتۇۋالغان قوللىرىنى بوشىتاتتى.»

قول ئاستىدىكىلەرگە سېخىيلىق بىلەن نۇرغۇن پۇل ئىنئام قىلىپ تۇراتتى، ئۆزى بولسا كەمدىن - كەم پۇل خەجلەيتتى.

— شۇنچە كۆپ ئۇرۇشنى باشتىن كەچۈرگەن كىشى، — دېگەنىدى ناپولېئون ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندا، — ئۆزىنىڭ خالاش - خالىماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئازراق پۇل يىغماي قويمىسا بولمايدۇ. مېنىڭ سەكسەن مىڭ فىرانكتىن يۈز مىڭ فىرانكقىچە پېنسىيە مائاشىم، شەھەردە، سەھرادا بولۇپ ئىككى يەردە ئۆي - زېمىنىم بار، بۇنىڭدىن باشقا ھېچنېمىدىن تەمەيىم يوق. ناۋادا فىرانسىيە بىلەن يامانلىشىپ قالسام ياكى مېنىڭ فىرانسىيەگە كېرىكىم قالمىسا، تەختنى بوشىتىپ پىنھاندا ياشىيالايمەن... بىراق، يېقىنىمدىكىلەر نىيىتىنى بۇزۇپ ئوغرىلىق قىلىۋاتىدۇ، ۋەزىر - ۋۇزرالىرىمىنىڭ ئىرادىسى ئاجىزلاپ كەتتى، ئۇلار جەزمەن نۇرغۇن دەپىنە - دۇنيالىق بولۇۋالدى... قانداق قىلغۇلۇقكىنىتاڭ، دۆلەت كونسايىن بەتتەرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، بىرىنىڭ بېشىغا ئامەت قۇشى قونسا، ئىت - مۈشۈكلىرىدىن تارتىپ بېشى ئاسمانغا يېتىدىغان ئىشقۇ قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەن... ئۇلار قەيسىر سالدۇرۇش ئۈچۈن مەندىن قانچە پۇل سوراۋاتىدۇ دېمەمسىز، ئىككى مىليون... سەككىز يۈز مىڭنىلا بېرىمەن. ئەتراپىمدىكىلەرنىڭ ھەممىسى نومۇسنى بىلمەيدىغان كۆكەرمىلەر.

— سىز نى - نى چوڭ ئۇرۇشلارنى قىلدىڭىز، — دېگەنىدى رودېرېر، — بۇ ئۇرۇشلارنىڭ چىقىمى مەمۇرىي

چىقىملىرىڭىزدىن كۆپ ئېشىپ كېتىدۇ.
— شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز چىقىمىمنى قاتتىق تىزگىنلەيمەن ـ دە.

ناپولېئون بۈيۈك ئىنقىلابنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە چىرىكلىك، پارىخورلۇق ئەۋج ئالغان ئەھۋالدا ھەربىي تەمىنات سودىگەرلىرى ۋە ئۇرۇشتىن پايدىلىنىپ هارامدىن بېيىغانلارغا قارشى كۈرەش قىلدى. چىرىكلەرنى قاتتىق تەدبىرلەر ئارقىلىق ئىنقىلاپ تانابىنى تارتقاندىن كېيىن، خىزمەت كۆرسەتكەن سەركەردىلەرنى تارتۇقلاپ نۇرغۇن پېنسىيە پۇلى بەردى، بەزىلەرنىڭ يىللىق پېنسىيە مائاشى بىر مىليون فىرانكتىن ئېشىپ كەتتى. هاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ هۆكۈم سۈرگەن مەزگىلدە دۆلەتنى تولۇم چاشقانلارنىڭ چاڭگىلىدىن ئازاد قىلغان بولسىمۇ، نۇرغۇن تۆھپىكارنى تارتۇقلايمەن دەپ دۆلەتنىڭ سېلىقىنى ئېغىرلىتىۋەتتى.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە ناپولېئون بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ يېنىنى چىڭدىۋالغانلارمۇ بولدى.

— كۈنلەرنىڭ بىرىدە گادايلىشىپ قاقسەنەم بولۇپ قالسام، — دېگەنىدى ناپولېئون تاللېيرانغا، — سىزدىن ياردەم سورايمەن. راستىنى ئېيتىڭا، سىز مەندىن قانچە پۇل ئۇندۇرۇۋالدىڭىز؟

— باي ئەمەسمەن، ئالىيلىرى. بىراق، بارلىق تەئەللۇقاتىم سىزنىڭ ئىلكىڭىزدە.

ناپولېئون كىم ـ كىملەرگە قانداق تاقابىل تۇرۇش ئۇسۇللىرىنى نۇرغۇن ئاملارغا قاراپ بەلگىلەيتتى. ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ماھارىتىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن بىرقانچە تۈرگە بۆلۈپ مۇھاكىمە قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئوفىتسېرلار ئەڭ ئاسان ئىتائەتكە ئۆتەتتى. چۈنكى، ئۇلار ئىنئام ئېلىشقا ئىنتىلىپ تۇراتتى، ناپولېئون بولسا

تۆھپىكارلارنى نۇرغۇن پۇل بىلەن تارتۇقلاپ تۇراتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بايلىقى ئۈزۈكسىز كۆپىيىپ باراتتى. ناپولېئون پۇل ئارقىلىق مۇنداق ئىككى مەقسەتكە يېتەتتى: بىرى، ئۆز شۆھرىتىنى ئاشۇراتتى؛ يەنە بىرى، ئوفىتسېرلارنى ئۆز قولىدا مەھكەم تۇتۇپ تۇرالايتتى. ناپولېئون پۇل بىلەن ھەپىلىشىپ باقمىغان بۇ ھاماقەت ھەربىيلەرنىڭ پۇلنى بۇزۇپ - چېچىپ يۈرۈشلىرىنى كۆرۈشكە ھېرىسمەن ئىدى. چۈنكى، ئۇلار پۇلنى بۇزۇپ - چېچىپ خەجلەپ قەرزگە بوغۇلغاندىن كېيىن ياردەم تىلەپ ئالدىغا كېلەتتى. شۇنداق قىلىپ، ناپولېئون ئۇلارنى باياشاتلىقتىن نامراتلىققا، نامراتلىقتىن باياشاتلىققا باشلايتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەربىي ئىشلاردا تامامەن ئۆزىگە بېقىندۇرۇۋالاتتى، ھەرقانداق قارارنى ئۆز ئاغزى بىلەن چىقىراتتى - دە، قولىدىكى ئوفىتسېرلىرىغا ئاسانلىقچە تالانتىنى جارى قىلدۇرۇش پۇرسىتى بەرمەيتتى. ئۇرۇش ئاخباراتلىرىدىمۇ ئوفىتسېرلار توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئەپچىل ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ شۆھرەتپەرەسلىكى ۋە ھەسەتخورلۇقىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىش ئارقىلىق ئوبدان تىزگىنلەپ تۇراتتى. نەتىجىدە، ئۇلار ناپولېئونغا بولغان ھېسسىياتى مۇھەببەت بىلەن ئۆچمەنلىكنىڭ ئارىلاشمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ قالغانىدى. گەرچە ناپولېئونغا چىن دىلىدىن قىزغىن خىزمەت قىلمىسىمۇ، ناپولېئون ئۇلارنى بەربىر ئۆزىگە مەھكەم بېقىندۇرۇۋالغانىدى. پەقەت بىرتېخىر بىلەن تۇلوكلا ناپولېئونغا چەكسىز سادىق ئىدى، ناپولېئون ئۇلارنىڭ ئۆزىگە بولغان مۇھەببىتىنى بالىنىڭ ئاپىسىغا بولغان مۇھەببىتىگە ئوخشاتقانىدى. نېي بولسا ئۆزىنى «ئىمپېراتور بۇيرۇق قىلسىلا، كۆرسەتكەن تەرەپكە ئېتىلىدىغان بەتلەكلىك مىلتىقمەن» دەپ ئاتايتتى. ناپولېئون پەقەت ئۆزى بىلەن بىللە

قوروق قولىغا تايىنىپ ئىش تەۋرەتكەن كىشىلەرنىگىلا ئىشىنەتتى، ئەسلىمىسىدىمۇ ئۇلارنى ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئېلىپ مەدھىيەلىگەندى. گەرچە ئاشۇ يىللاردا ئېغىر كۆڭۈلنى ئۆزى بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن ئادەملەرگە غەزەپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنى ئەسلا يېنىدىن ئايرىغۇسى يوق ئىدى. مارمېنت ۋاگرام ئۇرۇشىدا يېڭىلگەندىن كېيىن ناپولېئوننىڭ قاتتىق تىل - ئاھانىتىگە قالغانىدى، بىر چارەكچە ئۆتكەندە بولسا ئۆزىنىڭ مارشاللىقىقا ئۆستۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدىكى شاھادەتنامىنى تاپشۇرۇۋالدى.

ناپولېئون يۇقىرى قاتلام ئوفىتسېرلىرىنىڭ ئۆلۈم - كۆرۈمدىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە بولغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى، ئەمما بۇ ئۇلار خاتالىق ئۆتكۈزگەندە ياكى قورقۇنچاقلىق قىلىپ سالغاندا يۈز - خاتىر قىلماي ئەيىبلىشىگە تەسىر يەتكۈزمەيتتى. ناپولېئون جۇنېۋغا ئەۋەتكەن بىر پارچە خېتىدە: «بەك يېنىكلىك قىپسەن، ھەرگىز كەچۈرگىلى بولمايدۇ... ھەربىي مەجبۇرىيىتىڭ توغرىسىدا خاتا تونۇشتا بوپسەن، سېنى تونۇيالمايلا قالدىم!» دەپ يازغان؛ لومباردىدا تۇرۇۋاتقان بىر گېنېرالغا ئەۋەتكەن خېتىدە: «شۇنداقمۇ قوماندانلىق قىلغان بارمۇ، بۇ ئىشىڭدىن سېنىڭ سەمىمىي ئادەم ئەمەس، نەپسانىيەتچى ئىكەنلىكىڭنى بىلىپ يەتتىم، مۇنچە قورقۇنچاق بىر بەندە ئىكەنلىكىڭنى بىلمەپتىكەنمەن. قوشۇندىن چىقىپ كەتكىن، كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما!» دەپ تىللىغانىدى. ئىسپانىيە فرونتىدا بىر گېنېرال دۈشمەنگە تەسلىم بولغانىدى. يىرىم يىلدىن كېيىن يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ پاراتتىن ئۆتۈۋاتقانلار سېپىدە پەيدا بولغاندا، ناپولېئون غەزەپتىن ئۆزىنى بېسىۋالالمايلا قالغانىدى. خاتىرىلەردە قەيت قىلىنىشىچە، ناپولېئون ئۇ گېنېرالنى ساق بىر سائەت سۆككەن:

«بىرەر قورغاننى قولدىن بېرىپ قويساقمۇ، ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولساقمۇ مەيلى، ھېچكىممۇ ئۇرۇشتا مەڭگۈ تەلىيىم ئوڭدىن كېلىۋېرىدۇ دېيەلمەيدۇ. ئەسىرگە چۈشۈپ قالساقمۇ مەيلى، ئېھتىمال، مەن ئەتە بولمىسا ئۆگۈن ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىشىممۇ مۇمكىن. بىراق، نام - شۆھرىتىمىزنى ئۇنتۇپ قالساق بولمايدۇ! ئەپەندى، ھەربىي دېگەن جەڭگاھتا تەسلىم بولمايدۇ، ئېلىشىدۇ. تەسلىم بولغۇچىلار ئۆلۈمگە مەھكۇم... ھەربىي بولغان كىشى قۇربان بولۇشقا تەييار تۇرۇشى كېرەك. ھەممىمىز ئۆلۈمگە يۈزلىنىپ تۇرۇپتىمىزغۇ؟ سەن دۈشمەنگە قوللۇق بىلدۈرۈپ تەسلىم بولۇپ ئېغىر گۇناھ قىلدىڭ، گېنېرال بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن دۆتلۈك قىلدىڭ، ھەربىي بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن نومۇسسىزلىق قىلدىڭ، فىرانسىيەلىك بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن شان - شۆھرىتىمىزنى بۇلغىدىڭ!»

شۇ دەۋردىكى دىپلوماتلار ناپولېئوننىڭ ئوچۇق - يورۇقلۇقىغا ھەيران قالغان، ھەتتا ئەنسەنمەي قالغانىدى.

— دىپلوماتىك مۇناسىۋەت داۋامىدا مەككارلىق ئەمەس، راستچىللىق ۋە ئوچۇق - يورۇقلۇق كىشىگە تېخىمۇ كۆپ ئامەت بەخش ئېتىدۇ. كونىچە دىپلوماتلارنىڭ مەككارلارغا خاس ئەڭگۈشتىرىنىڭ ۋاقتى ئۆتتى، ئالدامچىلىقى مانا مەن دەپ چېنىپلا قالىدۇ... ئالدامچىلىق ئەڭ ئاسان ئاشكارىلىنىپ قالىدىغان ئاجىزلىقتۇر.

ناپولېئون ئەنگلىيەگە قارشى ئۇرۇش پارتلاش ھارپىسىدا ئەنگلىيە ئەلچىسىگە فىرانسىيە قوشۇنىنىڭ يەنە قانچە يىلدىن كېيىن ئەنگلىيە ئىسكادرونى بىلەن تىركەشكۈدەك بولىدىغانلىقىنى، ئۆز قوشۇنىنىڭ ئەسكىري سانىنى قىرىق مىڭ كىشىگە يەتكۈزۈشى ئۈچۈن يەنە قانچىلىك ۋاقىت كېتىدىغانلىقىنى بىرمۇبىر تەھلىل قىلىپ ئېيتىپ بېرىدۇ.

ۋىيېنىنادىكى ئۆز بۆلاق قەسىرىدە ئاۋسترىيەنىڭ سۆھبەت ۋەكىللىرىگە:

— بۇ مېنىڭ ئاخىرقى باياناتىم، ئەگەر سىلەر مېنى يېڭىۋالساڭلار، سىلەرگە پايدىلىق شەرتلەرنى قويىمەن؛ ئەگەر مەن يېڭىۋالسام، تەبىئىيكى، شەرتىم تېخىمۇ قاتتىق بولىدۇ. ماڭا كېرىكى تىنچلىق، — دەيدۇ.

ناپولېئون چەت ئەل ۋەكىللىرىگە تەسىرىنى كۆرسەتمەكچى بولغاندا ھەربىر ھەرىكىتى ۋە چىراي ئىپادىسىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماي ئىنچىكە ئويلىناتتى. تۇغۇلغان كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن زىياپەتتە ئۆزىنى چۆرىدەپ تۇرۇشقان چەت ئەل ئەلچىلىرىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ مېتتېرنىچنىڭ ئالدىدا توختاپ:

— ھە، باش ئەلچى جانابلىرى، ئېيتىڭا ئەمدى، ئىمپېراتورۇڭلارغا كېرىكى زادى نېمىكەن؟ مېنى ۋىيېنناغا بارسۇن دەمدىكەن؟ — دەيدۇ.

ناپولېئون مۇشۇ ئۇسۇلدا ئاۋسترىيە ئەلچىلىرىنى قورقۇتۇپ قويماقچى ھەمدە ياۋروپاغا ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ قويماقچىدى. بىراق، مېتتېرنىچ ئىككى كۈندىن كېيىن خۇسۇسىي زىيارەت قىلىپ كەلگەندە بولسا، ئىمپېراتور:

— ئەمدى ئىمپېراتور بىلەن ئاۋسترىيە ئەلچىسىنىڭ ئويۇننى ئويناپ ئولتۇرۇشىمىزنىڭ ھاجىتى قالمىدى، بۇ يەردە ئاڭلىغۇچىلار يوق، دەبدەبىلىك نۇتۇق سۆزلىشىمىز بىھاجەت، — دەيدۇ.

ناپولېئون خان جەمەتىدىكىلەر ۋە كىنەزلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشقاندا تېخىمۇ ئەپچىل ۋاسىتىلەرنى قوللىناتتى. تازا دەۋر سۈرۈپ يۈرگەن مەزگىللەردە ئۇلارنى ئالدىغا چاقىرتىپ ئوردىسىدىلا قوبۇل قىلاتتى، ھېچقاچان ئۇلارنى زىيارەت قىلىپ

بارمايتتى.

بىراق، ھەرقايسى ئەل خەلقى بىلەن قانداق چىقىشىش كېرەكلىكىنى بىلمەيتتى، پەقەت فىرانسىيە خەلقى ۋە ئىتالىيە خەلقى بىلەن ھەرھالدا ئەپ ئىدى.

ــ مېنىڭ سىياسىتىم شۇكى، ــ دېگەنىدى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندا چاقىرىلغان بىر قېتىملىق پارلامېنت يىغىنىدا ئاشكارا ئىپادە بىلدۈرۈپ، ــ كۆپ سانلىق كىشىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئەلگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشتۇر. مېنىڭچە، بۇ خەلقنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلغانلىق بولىدۇ. گوللىنىش دەۋرىدىكى ئۇرۇشقا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن تەقۋادار كاتولىك بولدۇم؛ مىسىردا تۈرك بولدۇم؛ ئىتالىيانلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پاپاغا سادىق ئىتالىيە كاتولىكلىرىدىن بولدۇم. ئەگەر يەھۇدىيلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىمغا توغرا كەلگەن بولسا، سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ قەسرىنى يېڭىباشتىن سالدۇرغان بولاتتىم. سانتو دومىنگونىڭ ئازاد رايونلىرىدا ھۆرلۈكنى، قۇللۇق تۈزۈم ئەۋج ئالغان رايونلاردا قۇلدارلىق تۈزۈمنى تەرغىب قىلغانلىقىمنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ.

ناپولېئوننىڭ نېگىرىيە جۇمھۇرىيىتىدە يولغا قويغان سىياسىتى تازا مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىدى، پولشادا بولسا پولەكلەرنى قولغا كەلتۈرۈش غەربىزدە زىياپەت بېرىپ ۋە نۇتۇق سۆزلەپ يۇرۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، بولۇپمۇ يەھۇدىيلارغا ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تاقابىل تۇردى. يەھۇدىيلار ئىنقىلاب نەتىجىسىدە باراۋەر ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئېرىشكەنىدى. ئەمما، ئۇلار رېيىن دەرياسى بويلىرىدىكى رايونلاردا جازانە قەرز تارقىتىپ كىشلەرنى قاقتى ـ سوقتى قىلىشقا باشلىغانىدى. يەھۇدىيلارنىڭ سودا جەھەتتىكى كارامىتىنى بىلىپ يەتكەن ناپولېئون ئۇلارنى قوغلاش بۇيرۇقى چۈشۈرمەستىن، ئەنئەنىۋى

ئادىتىنى ئەسكە ئېلىپ، نەچچە ئەسىردىن بۇيان ئېچىلىپ باقمىغان يەھۇدىيلارنىڭ ئالىي يىغىنىنى چاقىرىپ، قارار چىقىرىشقا ئۈزلىرىنى قويدى. ئاخىردا يەھۇدىيلارنىڭ ئالىي ئاپپاراتى جازانە قەرز پۇل تارقاتقۇچىلار گۇناھكار بولىدۇ دەپ پەتىۋا چىقاردى. ئىسپانىيەدە بولسا قاتتىق خاتالىشىپ ئىشنى بۇزدى، يەنى كېلىشۋاتقان خەۋپكە سەل قاراپ، ئاكىسى يوسىپنى غەلىبىيانچىلارنى باستۇرۇش يولى بىلەن خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە مايىل قىلىۋېلىشقا دەۋەت قىلدى.

ناپولېئوننى ھەممىدىن بەك گاڭگىرىتىپ قويغىنى گېرمانلار ئىدى. چۈنكى، ناپولېئون ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۆزىدە يوق سۈپەتلەرنىڭ جىمىسىنى بايقىدى، ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئەللەتلەر بولسا گېرمانلارنىڭ ۋۇجۇدىدا يوق ئىدى. شۇڭا، ئۆز تۆھپىسى بىلەن ئالەمشۇمۇل شۆھرەت قازانغان بولۇشىغا باقماي گېرمانلاردىن ئەيمىنىپ ئۆتتى. ئېرفۇرتقا بارغاندىن كېيىن دىراما ئارقىلىق گېرمانىيە كىنەزلىرىگە تەسىر كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغاندى، شۇ ۋەجىدىن تىياتىرخانا دىرېكتورىغا كومېدىيە تەييارلىماڭلار، چۈنكى «رېيىن دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدە كومېدىيەنى چۈشىنىدىغان ئادەم يوق، گوننايىنىڭ ‹سىنا›سىنى ئويناپ چىقساڭلار بولىدۇ، بۇ دىراما كىشىگە قويۇق بەدىئىي زوق بېغىشلايدۇ. ئوردىنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغانلىرىنى ئويناپ چىقساڭلارمۇ بولىدۇ، شۇنداق قىلغاندا ئۇنۇمى جەزمەن ياخشى بولىدۇ» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

ناپولېئون ئىتالىيەدە مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندى. چۈنكى، ئۇ چاغلاردا ياش، ساپ دىل ئىدى، خەلقنىڭ ھۆرلۈكىنى قولغا كەلتۈرۈش تەشنالىقىدا ئىنقىلاب ئاۋانگارتى بولۇپ قالغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە بولسا ئىستېلاچى بولۇش سۈپىتى بىلەن يات خەلققە ئىنقىلاب مەشئىلىنى يەتكۈزۈپ بېرەلمەيتتى. بىراق،

كۆڭلىدە يەنىلا خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەيتتى.

— ھۆكۈمرانلار خەلقنى كۆزلەپ ھۆكۈمرانلىق قىلىشى كېرەك، پالانچى - پوستانچى جانابلارنىڭ مەمنۇن بولۇش - بولماسلىقىدىن ئەندىشە قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق... ئۇلۇغلار ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى باقىدۇ، يىرىقلەرگە باغلىنىپ قالمايدۇ. ھەرقانداق يىرىقكە كىرگەن كىشى قۇلدۇر.

بۇ ناپولېئوننىڭ پىرىنسىپى ئىدى، ئەمما رېئال ئىش - ھەرىكىتى بولسا باشقىچە ئىدى.

ناپولېئون فرانسىيە خەلقىنىڭ نەزىرىدە ئەيمىنەرلىك كىشى ئىدى، ئۇلار ناپولېئوندىن ئۇن يىلغىچە قورقۇپ ئۆتتى. مەغلۇپ بولۇش ئالامىتى كۆرۈلگەن ھامان شۇبھىلىنىشكە باشلىدى.

— ھۆكۈمران بولغان كىشى خەلقنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى سورلۇك تۇتۇشى، ئىرادىسىگە مۇخالىپ ئىش تۇتۇپ خۇشامەت قىلماسلىقى كېرەك، — دەيتتى ناپولېئون، — لەۋزىنى ئىشقا ئاشۇرالماي قالغاندا جامائەت ئالدىنىپتۇق دەپ قالىدۇ. نېمىشقا گەپنى ھەيۋىلىك قىلىسەن دېمەمسەن؟ قورقۇتۇپ ئېيتقىنىمدەك ئىشنى قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قېلىشىمدىن ساقلىنىش ئۈچۈنلا گەپنى قورقۇتۇپ ئېيتىمەن!

بىراق، بۇنداق قورقۇتۇپ گەپ قىلىشى ئۆزىنىڭ تۇغما خاراكتېرىگىمۇ، ئامىنىڭ تەبىئىتىگىمۇ مۇخالىپ كېلەتتى. پۇلى ۋە شۆھرىتى بىلەن خەلقنى جەلپ قىلالايتتى، شۇڭا ئىمپېراتورلۇق تاجى، ئوردىسى، جەددى - جەمەتىنى خەلقنىڭ ئالدىدا كۆز - كۆز قىلىپ تۇراتتى، زىياپەت بېرىپ تۇراتتى. بىراق، خەلق ئۆزلىرىنىڭ ناپولېئون بىلەن بولغان ئارىلىقىنىڭ يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ سەگەك تۇراتتى.

ناپولېئون خەلقنى دىرامىدىن پايدىلىنىپ ئالدىغىنىغا ئوخشاش، دىندىن پايدىلىنىپمۇ بىخۇدلاشتۇراتتى. ھاكىمىيەت

بىشىدا تۇرۇپ دەۋر سۇرۇۋاتقان چاغلىرىدا كىگەش پالاتاسىدا روھلۇق قىياپەتتە مۇنداق دېگەنىدى:

— دىننى سىرلىق بىلمەيمەن، بەلكى ئىجتىمائىي تەرتىپ قائىدىسى دەپ قارايمەن. دىن باراۋەرلىك ئۇقۇمىنى تەڭرىگە باغلاپ چۈشەندۈرۈپ، نامراتلارنى بايلارنى ئۆلتۈرۈشتىن توسىدۇ. دىن ئادەمگە ۋاكسىنا سالغانغا ئوخشاش رول ئوينايدۇ، بىزنىڭ سىرلىق ئالەمدىكى ئاجايىباتلارنىڭ تەكتىگە يېتىش ئارزۇيىمىزنى قاندۇرۇپ، ئېزىپ - تېزىپ يۈرۈشىمىزدىن ساقلايدۇ. چۈنكى، باستىرلارنىڭ قىممىتى كاندىر ۋە گېرمانلاردىن چىققان خىيالپەرەسلەرنىڭ قىممىتىدىن كۆپ ئارتۇق. مۈلۈك تەقسىماتىدا تەڭسىزلىك بولمىسا، جەمئىيەتمۇ بولمايدۇ. ھالبۇكى، دىن بولمىسا مۈلۈك تەقسىماتىدا ناھەقچىلىكمۇ بولمايدۇ. بايلار ئەيش - ئىشرەت ئىچىدە ياشايدۇ، نامراتلار ئاچ قېلىۋاتىدۇ ياكى كوچىدا قېلىۋاتىدۇ. نامراتلار پانىي ئالەمدە باراۋەرلىكنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ، پەقەت تەڭرىگە بولغان ئېتىقادىنىڭ تۈرتكىسىدە ياشايدۇ.

ناپولېئون گەرچە شۇنداق تونۇشتا بولغان، شۇنداقلا كۆپ خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ نامراتلارغا خەيرخاھلىق قىلغان بولسىمۇ، نامراتلارنى «تېگى پەسلەر»، «لۈكچەكلەر» دەيدىغان قاراشنىڭ تەسىرىدىن بەرىبىر خالاس بولۇپ كېتەلمىدى. ئۇ ئۆز خىلىنى پەس كۆرۈش تۇيغۇسى بەگ - غوجاملاردىن تېنىپ، نەزىرىنى ئاۋامغا بۇرىغان چېغىدىمۇ كۆچىيىپ كەتمىدى، پەقەت ئازراقلا ئاجىزلىدى. خەلق يەنىلا ناپولېئوننىڭ ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن قوللىنىدىغان قورالى ئىدى.

— دۇنيانى ئۆزگەرتىدىغان ئۇلۇغلار ھۆكۈمرانلارنى تەۋرىتىش يولى بىلەن ئەمەس، خەلقنى ئويغىتىش يولى بىلەن ئۆز مەقسىتىگە يېتىدۇ، — دېگەنىدى ناپولېئون، — پەقەت

سۈيىقەستچىلەرلا ھۆكۈمرانلارنى تەۋرىتىش بىلەن قالىدۇ، نەتىجىدە ئىككىنچى ئورۇندىكى ئىشنىلا ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ. خەلقنى ئويغاتقۇچىلار بولسا جاھاننى ئۆزگەرتىشكە مۇۋەپپەق بولىدۇ.

دېموكراتىيە ناپولېئون ئۈچۈن توسالغۇ بولۇپ قالغانىدى. پارلامېنت تۈزۈمى توغرىسىدىكى بايانلىرىدا ئەجايىپ پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويماستىن، ئەكسىچە ھە دەپ تەنقىد قىلغانىدى:

— جۇمھۇرىيەت كىشىلەر قەلبىنى روھلاندۇرغۇچى دۆلەت شەكلى بولۇپ، كەلگۈسىدە ئىش تەۋرەتمەي قالمايدۇ. بىراق، ئۇلۇغ بولغانلىقى ئۈچۈن ھامانە زاۋاللىققا يۈزلەنمەي قالمايدۇ. چۈنكى، ھاكىمىيەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن زوراۋانلىقنى ئىشقا سېلىشقا توغرا كېلىدۇ. زوراۋانلىق بولسا مۇستەبىتلەرنىڭ ياكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. رىم، ۋېنتسىيە، ئەنگلىيە، جۇملىدىن فىرانسىيەنىڭ ئەمەلىيىتىدىن بۇنىڭغا ئوبدان مىساللار تېپىلىدۇ. ئەگەر جۇمھۇرىيەت ئەھلى ئۆز ئىشلىرىدا ئۇتتۇق قازانماقچى بولىدىكەن، پارلامېنتتىكى كۆپ سانلىق كىشىلەرگە مۇراجىئەت قىلمىسا بولمايدۇ... بۇ مەقسەتكە چىرىكلىك يولى بىلەن يەتكىلى بولىدۇ، چىرىكلىك بولسا ھەرقايسى ئەل خەلقىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى راك، شۇنداقلا مەركىزىي ھاكىمىيەتنىڭ قولىدىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق قورالدۇر. لىبېرالىزمچىلار بىنا قىلغان مەنتىقىگە ئويغۇن ئاساسىي قانۇن تۈزۈشتىن ئىبارەت سىياسىي تۈزۈلمە مۇرەسسە خىلىدىكى چارە بولۇپ، ئۆزىگە تۇشلۇق ئارتۇقچىلىققا ئىگە. بىراق، پەقەت ئومۇمىي خەلق ئاۋاز بېرىپ سايلاپ چىققان خەلق ۋەكىللىرى ئاپپاراتىلا پادىشاھلىق ھوقۇقىنى ئۈنۈملۈك چەكلەپ تۇرالايدۇ.

ناپولېئون 19 ـ ئەسىردىكى بارلىق مەسىلىلەرنى كۆرۈپ

يەتكەن بولسىمۇ، ئۆز ئىشلىرى تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى زادىلا تونۇپ يەتمىگەنىدى.

## يەتتىنچى، ياۋروپا قوشما ئىشتاتلىرى

تەسەۋۋۇر ناپولېئوننىڭ تەبىئىتىنى شەكىللەندۈرگۈچى ئۈچىنچى ئامىل، ئەمەلىيەتتە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنىڭ ۋە زېھنىي كۈچىنىڭ بۇلىقى. ناپولېئوننىڭ تەسەۋۋۇرى ماھىيەتتە ھەممىنى ھېسابلاپ تۇرىدىغان تەبىئىتى بىلەن ئۇزۇكسىز توقۇنۇشۇپ قالاتتى، بۇ ھال ئاخىرقى ھېسابتا بۇ زىددىيەتنى يۇدۇپ ماڭغۇچى بولمىش ئۆزىنى تۈگەشتۈرۈۋەتتى. تەسەۋۋۇر ناپولېئوننىڭ ۋۇجۇدىدا شائىرغا خاس ئالاھىدىلىك بىلەن سىياسىيونغا خاس خاراكتېرنى مۇجەسسەملىگەنىدى، بۇ ھال ناپولېئوننى باشقىلارنىڭ ھېسسىي دۇنياسىنى خۇددى ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىنى بىلگەندەك ئېنىق بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە كىشىلەرنى چۈشىنىش، ماھىرلىق بىلەن ئىشقا قويۇشتەك سۈپىتىنى شەكىللەندۈرگەن ھەمدە بۇ سۈپىتى زېھنىي قۇۋۋىتى ئارقىلىق رول ئوينىغانىدى.

«نېمە قىلىۋاتقىنىمنى بىلمەيمەن، ھەممە ئىش شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئۆزىگە باغلىق. مەندە سۇبيېكتىپ پىكىر يوق، ئىشلار ئۆزى ئەركىن يۈرۈشۈپ كېتىۋېرىدۇ... ئادەم قانچىكى ئۇلۇغ بولسا، ئۆز ئىرادىسىدىن شۇنچە مۇستەسنا بولىدۇ، شۇڭا شارائىتقا ۋە شەيئى ـ ھادىسىلەرنىڭ تەرەققىياتىغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ.»

ناپولېئوننىڭ رەپىقىسىگە يازغان خېتىدە ئېيتىلغان بۇ سۆزلەردە ئېنىق تەسەۋۋۇرنىڭ تاشقى ھالىتى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. تەسەۋۋۇرغا باي كىشىلەرلا ھەرقانداق تۈزۈلمە ۋە

پرىنسىپىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، دەۋر ھەرىكىتىگە ئەگىشىدۇ، ئوي ـ پىكرىنى ئەركىن پەرۋازغا قويۇۋېتىدۇ، ئىلگىرىلەش داۋامىدا يول تاپىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ناپولېئون ئۆز ئىشلىرىنى بىردەملىك قىزغىنلىقىغا تايىنىپ ھە ـ ھۇ بىلەنلا ۋۇجۇدقا چىقارغان ئەمەس. بىراق، ئىش قىلىش ئۇسۇلى باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايتتى، بىرەر ئىش قىلىش ئالدىدا ئۇششاق ئىشلارنى تەپسىلىي ھېسابلاپ ئىنچىكە پىلانلايتتى؛ دۇنياۋى پىلاننى بولسا شارائىت ۋە ۋەقەلەرنىڭ تەرەققىياتىغا قاراپ ئۇدۇللۇق تۈزەتتى، تولۇقلايتتى. ناپولېئوننىڭ ئوتتەك قىزغىن ئىشتىياق بىلەن ئويلايدىغىنى، ئەڭ سوغۇققانلىق بىلەن ھېسابلايدىغىنى، ئەڭ چوڭ سىياسىي نىشانى، ئەڭ كۈچلۈك ئارزۇسى ياۋروپانى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىدى. بۇ ئارزۇيىنى ئورۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشىغا ياۋروپادىكى تۇنجى جۇمھۇرىيەتنىڭ ھەرقايسى ئەل پادىشاھلىرىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقى سەۋەب بولدى. ناپولېئون تىنچلىققا تەلپۈنەتتى، ھەربىيلەرگە خاس تەبىئىتى بولسا تىنچلىق بىلەن سىغىشالمايتتى. ئۆزىنىڭ خاتا ۋاستە قوللانغانلىقىنى دەۋر، شارائىت ۋە خاراكتېر جەھەتتىن چۈشەندۈرەتتى، نامۇۋاپىق ۋاستە قوللىنىپ كەتكۈزۈپ قويغانلىقى يىراقنى كۆرەر تالانت ئىگىسىگە خاس ئوبرازىغا نۇقسان يەتكۈزەلمەيتتى. ناپولېئون بۇ نىشان ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشتە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، يەنە نۇرغۇن سىياسىيونلار بۇ نىشان ئۈچۈن ئۈزۈكسىز كۈرەش قىلىپ كەلدى.

— ياۋروپادا ئوتتۇز مىليون فىرانسۇز، ئون بەش مىليون ئىسپان، ئون بەش مىليون ئىتاليان، ئوتتۇز مىليون گېرمان ياشايدۇ… ھەممە ئەلدىكى خەلقنى بىرلىككە كەلگەن مىللەت

گەۋدىسى قىلىپ چىقماقچىمەن... شۇنداق بولغاندا، بىرتۇتاش قانۇن، بىرتۇتاش پىرىنسىپ يۈرگۈزۈپ، پىكىر ۋە ھېسسىيات بىرلىكى ھاسىل قىلىشىمىز ئۈچۈن ئەڭ زور ئىمكانىيەتكە ئېرىشىمىز... شۇ چاغدا ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرى ياكى گېرمانىيە شەھەر دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى ئەندىزىسىدىكى ياۋروپا قوشما ئىشتاتلىرى دۇنياغا كېلىشى مۇمكىن... بۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل ياۋروپا پارلاق ئىستىقبالى ئېچىلىپ شۇ قەدەر كۈچىيىدۇ، شۇ قەدەر ئۇلۇغ تۇس ئالىدۇ ۋە شۇ قەدەر گۈللىنىدۇ!
فىرانسىيە بىرلىككە كېلىپ بولدى، ئىسپانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرگىلى بولمايۋاتىدۇ، مەن ئىتالىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىگىرمە يىل سەرپ قىلارمەن، گېرمانىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت كېتىدۇ، قولۇمدىن كېلىدىغىنى ئۇلارنىڭ غەلىتە تۈزۈلمىسىنى ئاددىيلاشتۇرۇش.
خۇددى سىياسىي پارتىيەلىرىمىزنى بىرلىككە كەلتۈرگەندەك ياۋروپا ئەللىرىنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىرلىك ئۈچۈن يول ئاچىمەن... ھەرقايسى ئەل خەلقىنىڭ ئاغرىنىشلىرىنى كۆڭلۈمگە ئېلىپمۇ كەتمەيمەن، ئۇلار ئاخىرقى ھېسابتا ماڭا قايىل بولماي قالمايدۇ... ياۋروپا ھەقىقىي بىر دۆلەت بولۇپ چىقىدۇ، سەپەرگە چىققۇچىلاردىن ھەركىم ئۆزىنى ئۆز دۆلىتىدە تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ... ياۋروپانىڭ بىرلىكى تارىخ ئېقىمىنىڭ تۆرتكىسىدە ھامان بىر كۈنى ئىشقا ئاشىدۇ. ئوق كىرىچىدىن چىقىپ بولدى، مېنىڭ تۈزۈلمەم بەربات بولغاندىن كېيىن، ئىشىنىمەنكى، ياۋروپانىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى پەقەت ئەللەر ئارا تۈزۈلگەن ئىتتىپاقلا ساقلاپ تۇرالايدۇ.
بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغىنى دىكتاتۇرا ۋاستىسى بىلەن مەجبۇر بىرىكتۈرۈلىدىغان مىللەتلەر قوشۇلمىسى ئەمەس، شۇنداقلا ئەسەبىي قىزغىنلىق ئاساسىدا ھاسىل بولىدىغان قوشنا

ئەللەر ئىتتىپاقىمۇ ئەمەس، بەلكى تارىخىي مەنبەلەر ئاساسىدا قۇرۇلىدىغان ئورتاق مەنپەئەتدار ئەللەر ئىتتىپاقى ئىدى. 19 ـ ئەسىردە ھەرقايسى ئەل خەلقى قىزغىنلىق بىلەن بەس ـ بەستە تەييارلىق كۆردى، 20 ـ ئەسىردە ناپولېئوننىڭ غايىسى ھەقىقىي تۈردە ئەمەلگە ئېشىشقا باشلىدى.

## سەككىزىنچى، مېھىر ـ شەپقەت ئىگىسى

ناپولېئون تارىخ ئېقىمىنىڭ ئۆزىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۆز تەسەۋۋۇرىنىمۇ ئۆتكۈر تەپەككۇرىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرغانىدى. ناپولېئوننىڭ قەلبىدە مۇھەببەت كۆپ، نەپرەت ئاز ئىدى، بۇنى ئۆزى ئېتىراپ قىلمىغىنى بىلەن بەرىبىر شۇنداق. بۇ نۇقتىدا جەڭگاھتىكى ھېسسىياتى باشقىچىرەك بولۇپ، مىليونلاپ كىشىنىڭ توپ يېمى بولۇپ كېتىۋاتقىنى بىلەن كارى بولمايتتى ـ يۇ، بىرەر كىشىنىڭ ياردار بولۇپ قالغىنىنى كۆرسە قاتتىق ئېچىنىپ كېتەتتى. ناپولېئون تەسەۋۋۇرنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كەڭ خەلقنىڭ قوللىشىغا موھتاج ئىدى. شۇڭا، بىر قېتىم يوسېفىن: «سىزگە كۆيۈنىدىغان بىردىنبىر ئادىمىڭىز مەن» دېۋىدى، ناپولېئون ئاچچىقلىنىپ: «بۇ گېپىڭىز قۇلىقىمغا خۇشياقمايدۇ. مەن بەش يۈز مىليون كىشىنىڭ كۆيۈنۈشىگە موھتاجمەن» دېگەنىدى.

بۇ گېپىنىڭ تورى گۈلدۈرلەپ ئېتىلىپ چىققان ۋولقانىنىڭكىدەك قېلىشمايتتى، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا ئوقۇغان ھەربىي مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ ناپولېئوننىڭ گەپلىرىنىڭ ئەنە شۇنداق ۋولقاندەك ۋەزنىنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى.

ناپولېئون ھەرقايسى ئەللەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشىنى تەرتىپلىك يولغا قويۇش ئۈچۈن، زېھنىنى چاچىدىغان باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىر چەتكە قايرىپ قويدى. ھەتتا مۇھەببەت قىسسەلىرى تەسۋىرلىنىدىغان دىراممىلارنى كۆرۈشنىمۇ رەت قىلدى. چۈنكى، «مۇھەببەت... بۈيۈك فىرانسۇز شائىرى راشىن ياشىغان يىللاردا ھاياتنىڭ بارلىق مەزمۇنى ھېسابلىناتتى. بۈنداق ئىش پەقەت جۇشقۇنلۇقتىن ئەسەرمۇ يوق جەمئىيەتكىلا مەنسۇپ.»

ناپولېئون مۇھەببەت قايىنىمىغا كىرىپ قالغۇدەك بولسا دەرھال ئۆزىنى تارتىۋالايتتى.

— مۇھەببەتنىڭ دەردىنى تارتىشقا چولام تەگمەيدۇ... — دېگەنىدى بىر كۈنى، — ئىنسان شەخسىيەت ۋە ۋەھىمىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك ئامىلنىڭ تۈرتكىسىدە ھەرىكەت قىلىدۇ. گېپىمگە ئىشىنىڭلار، مۇھەببەت تۇتۇرۇقسىز قىلتاق... تاۋى نازۇكلۇق ئاياللارغا قالسۇن! ئەر كىشى تاش يۈرەك، قەيسەر ئىرادىلىك بولۇشى كېرەك، ئۇنداق بولمىسا ئۇرۇشقا ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتناشمىغىنى تۈزۈك.

ناپولېئون يەنە بىر قېتىم:

— مېنىڭ بىردىنبىر دوستۇم دارۇ. ئۇ شەپقەتسىز يىگىت كۆڭلۈمگە بەك ياقىدۇ، — دېگەنىدى.

— ئەللىك ياشقا كىرىپ قالغان ئادەمگە مۇھەببەت نېسىپ بولمايدۇ... كۆڭلۈم سوۋۇپ تۈمۈردەك قېتىپ كەتتى. ھېچقاچان ھېچكىمگە ھەقىقىي كۆيگەن ئەمەسمەن، يوسېفىنغا ئاندا ـ مۇندا كۆڭۈل بەرگەن بولۇشۇم مۇمكىن، ئۇ چاغلاردا ئاران يىگىرمە يەتتە ياشقا كىرگەن يىگىت ئىدىم ـ دە. گاساننىڭ قارىشىغا قوشۇلىمەن، گاسان ماڭا «ھاياتقا ئۇنچىۋالا كۆڭۈل بېرىپ كەتمەيمەن، بىرەرى باشقىلارغا بۆلۈپ بەرسىمۇ مەيلى دەيمەن»

دېگەندى، ــــ دېدى ساينت خېلېنادا يەنە.
ناپولېئون ئۆزىنىڭ بىر چاغلاردا مۇھەببەت ئوتىدا كۆيۈپ ـ پىشىپ ئۆتكەنلىرىنى ئىقرار قىلغۇسى كەلمەي، گەپنى ھەمىشە «ئاندا ـ مۇندا»، «ئېھتىمال» دەپلا تۈگىتەتتى. بىراق، «مۇھەببەت ۋە ھەرىكەتنىڭ قۇلىمەن. چۈنكى، كۆڭۈلنى مېڭىدىن چارە كۆرىمەن» دېگەن كىشىمۇ دەل ئۆزى. ناپولېئوننىڭ كۆڭۈل دېگىنى ئەمەلىيەتتە تەسەۋۋۇرى ئىدى.
ئۆزىگە زىيادە تەمەننا ئەيلەيدىغان كىشى مۇھەببەت ئوتىدىن كۆرە ھەسەت ئوتىغا ئاسانراق مۇپتىلا بولىدۇ. ناپولېئوننىڭ يوسېفىنىغا كۆيگەن دەسلەپكى چاغلىرىدا يازغان خەتلىرىدىن ئۇ چاغلاردا مۇھەببەت ئوتىدا ئۆرتەنگەنلىكى ئېنىق چىقىپ تۇرىدۇ. بىرقانچە يىلدىن كېيىن باش مەمۇر بولۇش سالاھىيىتى بىلەن سېىنا دەرياسىغا يېڭى سېلىنغان كۆۋرۈكنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندا ئۇدۇل تەرەپتىن ئىپپولىتنىڭ پەيتونى چىقىپ قالدى، ناپولېئون ھەمراھلىرى بىلەن بىر چەتكە ئۆتۈپ يول بەردى. ئىپپولىت ناپولېئوننىڭ ئىلگىرىكى كۈندىشى ئىدى، ھېچكىممۇ ناپولېئوننىڭ ئالدىدا بۇ كۈندىشىنىڭ ئىسمىنى چىقىرىپ سالمايتتى. بۇ قېتىم كۈندىشى بىلەن تار يولدا دوقۇرۇشۇپ قالغاندا چىرايى تاتىرىپ نېمە قىلارىنى بىلمەيلا قالدى، خېلىدىن كېيىن ئاران ئۆزىگە كەلدى.
ناپولېئوندا ئارزۇيىنىڭ ئەكسىچە مېھرىبانلىقمۇ بار ئىدى. ئىتالىيەدىكى جەڭگاھتا ئىگىسىنىڭ جەسىتى يېنىدا ھەسرەتلىك ئىگراپ تۇرغان بىر ئىتنى كۆرگەنىدى.
ــــ بۇ بىچارە جانىۋار ياردەم تىلەۋاتقاندەك ياكى بىرەر كىشىنىڭ قىساس ئېلىپ بېرىشىنى ئىلتىجا قىلىۋاتقاندەك بىر ھالدا تۇراتتى، ــــ دېدى كېيىن بۇ ئىشنى ئەسكە ئېلىپ، ــــ بۇ ئىتتىن بەك تەسىرلەندىم. ئەگەر شۇ چاغدا دۈشمەن تەرەپنىڭ

بىرەر گېنېرالى ماڭا يالۋۇرغان بولسا، ياق دېمەيتتىم. كۆڭۈل دېگەن شۇ قەدەر تۇراقسىز نەرسە ئىكەنكى، ئۆزىمىزمۇ ئىشەنچ قىلالمايدىكەنمىز. ئۆزۈم جەڭگە ئاتلاندۇرغان مىليونلاپ كىشى قۇربان بولغان، غايىب بولغان چاغلاردا كۆزۈمدىن ياش چىقىرىپ باققان ئەمەس، ئەمما ئىتىنىڭ ئاھۇزارى باغرىمنى ئېزىۋەتتى.

ناپولېئوننىڭ نۇرغۇن مەكتۇپلىرىدىنمۇ يارىلانغان، ئاغرىپ قالغان كىشىلەرگە كۆيۈنۈپ، مېھرىبانلىق بىلەن كۆڭۈل ئېيتىپ يازغان قۇرلار كۆپلەپ ئۇچرىدۇ.

ناپولېئون ئۇزاق ۋاقىت ئۆزىنى قارىلاپ توختىماي ماقالە يازغان چېنېر غۇربەتچىلىكتە قالغاندا يېنىدا ئېلىپ قېلىپ مەرتىۋە بەردى. كۆپ يىللىق سىياسىي دۈشمىنى كارنوتنىڭ قەرزگە بوغۇلۇپ قالغىنىدىن ۋاقىپلانغاندا قەرزىنى تۆلىۋېتىپلا قالماي، ھېچقانداق تىلخەتمۇ ئالمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كارنوتنىڭ ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان گېنېرال بولۇش سۈپىتىدە ئېلىشقا تېگىشلىك مائاشنى ھېسابلاتقۇزۇپ، پېنسىيە پۇلى ھېسابىدا بىراقلا نۇرغۇن پۇل بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇز ئىخلاسىغا مۇخالىپ خىزمەتلەردىن خالاس قىلىپ، ئۆزى خالايدىغان ھەربىي ئىشلارغا دائىر ئىلمىي ماقالە يېزىشقا بۇيرۇدى.

يۇز كۇنلۇك بوربون سۇلالىسى شاھزادىلىرى قىيىنچىلىقتا قالغاندا نامىنى ئاشكارىلىماي نۇرغۇن پۇل يەتكۈزۇپ بەردى. كاتىپى چارچاپ مۈگدەپ قالغان چاغلاردا، قولىدىكى ئىشلىرى قاتىلاڭ بولمىسىلا، ئىقتىسادىي ياردەم تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ ئىلتىماسلىرىنى كۆرۈپ چىقىپ ئۆز قولى بىلەن تەستىق سالدى، بېرىلىدىغان پۇل سانىنى ھەربىر پارچە خەتنىڭ بىر چېتىگە ئەسكەرتىپ يېزىپ قوياتتى، ئاچچىقى كەلگەن چاغلاردا ئېيتىۋېتىمەن دەپ قەسەم قىلغان نەچچە يۇز ئوفىتسېرنى جازاغا

تارتمايلا قالماستىن، ھەممىسىنى ئۆز مەرتىۋىسىدە قالدۇردى، ئەمما ئۇلار ۋاپاغا جاپا قىلىپ ئاخىرقى ھېسابتا ئاسىيلىق قىلدى. كىچىك ئىنىسى ژېرومېنى نىكاھتىن ئاجرىشىشقا بۇيرۇغانىدى، ئەمما تېزلا ئۆزىنىڭ بەك باغرى تاشلىق قىلغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئاپىسىنى ۋە سىڭىللىرىنى دەرھال ژېرومېغا نەسىھەت قىلىپ خەت يېزىشقا ئۈندەپ: «ناۋادا ئاخىرقى پەرمانىم چۇشۇپلا قالسا ئۆزگەرتكىلى بولماي، ھاياتى نابۇت بولىدۇ» دەپ خەت ئەۋەتتى.

ناپولېئون ئۆزىنىڭ بىرقانچە يېقىن دوستلىرىنىڭ ئۆزىگە جان ـ دىلى بىلەن بېرىلىشىنى تەلەپ قىلاتتى. ساينىت خېلېنا ئارىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان چاغلاردا بىرمەھەل ئۆزىدىن يىراقلىشىۋالغان گىراف مونتولونغا ئېيتقان سۆزلىرى ئۆز ـ ئۆزىنى مەركەز قىلىۋالىدىغان خاراكتېرىنى تولۇق نامايان قىلىپ بېرىدۇ:

— سىزنى ئۆز ئوغلۇمدەك كۆرىمەن، سىزنىڭ ماڭىلا كۆيۈنىدىغانلىقىڭىزغا، ئۇنداق بولمىغاندا زادىلا كۆيۈنمەي قويىدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنچىم كامىل. مېنىڭ كۆڭلۈمچە بولغاندا، بىزنىڭ بىرلا ۋاقىتتا بىرقانچە كىشىگە تەڭ كۆيۈنۈشىمىزگە كۆڭلىمىز ئۇنىمايدۇ، بىزنىڭ ماھىيىتىمىز شۇنداق... ھېچبولمىغاندا ئۆزۈم سۆيۈنىدىغان ۋە ئىشىنىدىغان كىشىلەرنىڭ قىزغىن سۆيۈنىدىغان كىشىسى بولۇپ قېلىشىمنى ئارزۇلايمەن. ھىجران ئازابىغا چىدىمايمەن، سۆيۈملۈك دوستلارنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتىنى نەچچىگە پارچىلىۋېتىشى يۈرىكىمگە ھىجران خەنجىرى بولۇپ ئۇرۇلىدۇ. تەبىئىتىمدىنلا شۇنداق كۆڭلى نازۇكمەنكى، مەنىۋى زەھەر مەن ئۈچۈن گۈگگۈرتتىنمۇ يامان.

ناپولېئون غەربنىڭ ئاياللار ئەركىنلىكى ھەرىكىتىنى يامان

كۆرەتتى، شەرقنى تولا ماختايتتى. شۇڭا، ناپولېئوننى شەرققە بېرىپ باقمىغان بولسىمۇ، شەرقلىق دېيىشكە بولاتتى.
— تەگرىم ئاياللارنى بىزگە قۇل بولۇشقا بۇيرۇغان، ئۇلار بۇ قارىشىمىز بۇرمىلانغانلىقى ئۈچۈنلا بىزگە بۇيرۇقۋازلىق قىلىشقا پېتىنىدۇ... ئەگەر بىرەر ئايال زاتى بىزگە ياخشى تەسىرىنى ئۆتكۈزۈپ قالسا، ئاز دېگەندىمۇ يۈز ئايال بىزنى نادانلىققا باشلايدۇ... ئەر ـ ئاياللار باراۋەرمىش، ئۆتۈپ كەتكەن ساراڭلىققۇ بۇ ! بىز ئاياللارنىڭ مۈلكى ئەمەس، ئاياللار بىزنىڭ مۈلكىمىز. چۈنكى، بىز ئۇلارغا ئەمەس، ئۇلار بىزگە بالا تۇغۇپ بېرىدۇ. ئاياللار بىزنىڭ ئىلكىمىزدە بولىدۇ، خۇددى چىچەكلەپ مېۋە بەرگەن دەرەخلەر باغۋەننىڭ بولغىنىدەك... ئەر ـ ئاياللار تۇغۇلۇشىدىنلا بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ، بۇ سىلەرنى كەمسىتكەنلىكىم ئەمەس، مۆھتىرەم خانىملار، ھەر جىنسنىڭ ئۆزىگە لايىق ئارتۇقچىلىقى ۋە مەجبۇرىيىتى بولىدۇ، سىلەر گۈزەل ۋە جەلپكار كېلىسىلەر، بۇ سىلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقىڭلار. ئەمما، ئەرلەرگە تايىنىشىڭلارمۇ پەرزدۇر.

## توققۇزىنچى، تەگرىدىن قورقماس ئادەم

ناپولېئوننىڭ ياراتقۇچى توغرىسىدىكى ئويلىرى تەسەۋۋۇرىنى ئۆمۈر بويى چىرماپ ئۆتتى. بۇ ئۇلۇغ ھۆكۈمران جاھاندا پۈتۈن ئىنسانىيەتنى كونترول قىلىپ تۇرىدىغان بىرسىنىڭ بارلىقىنى ئويلىسا ئەقلى لال بولاتتى. دەرۋەقە، ناپولېئون ئۆزىنى ئىلاھ كۆرمەيتتى، ھەتتا ئۆزىنى ئىلاھلاشتۇرۇپ كۆرسىتىدىغان ھەرقانداق رىۋايەتلەرنى مەسخىرە قىلاتتى. بىراق، تەگرى دەپ ئاتىسىمۇ، تەقدىر ياكى ئۇلۇم دەپ ئاتىسىمۇ بولىدىغان، كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنمايدىغان سىرلىق بىر كۈچنىڭ

بارلىقىغا بەرھەق ئىشىنەتتى. ئۇنداقتا، ئۆزگە بولغان ئىشەنچى ۋە غايىۋى تەسەۋۋۇرىنى بۇ سېھرىي چەمبىرەكتىن قانداق قۇتۇلدۇرغۇلۇق؟

بىرىنچى، بارلىق دىنىي ئەقىدىلەرنى ئىنكار قىلىش كېرەك.

— شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، ئەيسا ۋە ئۆلۈم جازاسىغا تارتىلغان باشقا ئەسەبىي ئېتىقادچىلارغا ئوخشاش ئۆزىنى ئەۋلىيا-ياكى زامان ئاخىرىنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى دەپ ئاتىۋالغانلار ھەرقانداق زاماندا بولىدۇ. مەن «ئىنجىل»دىن كۆرە «تەۋرات»نى بەكرەك ياقتۇرۇپ ئوقۇيمەن. چۈنكى، «تەۋرات»تىن مۇسادەك بىر ساھىب مۇنەۋۋەرنى تاپقانمەن... ئۇنىڭ ئۈستىگە، سوقرات ۋە ئەپلاتوننى چەتكە قاقىدىغان بىر دىنىنى قانداقمۇ قوبۇل قىلاي؟ تەڭرىنىڭ قىلنى قىرىق يارىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن. چۈنكى، كۆرگىنىم مۆمىنلەرنىڭ ئازاب - ئوقۇبەتتە ئىڭراشلىرى، لوكچەكلەرنىڭ دەۋر سۈرۈپ بەخىرامان يايراشلىرىلا بولدى. قاراپ تۇرۇڭلار، تاللىيىران جەزمەن كارىۋىتىدا قىينالماي ئۆلىدۇ... ئەگەر باستىيرلارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ دوزاخنىڭ بارلىقىغا ئىشەنگەن بولسام، مۇستەقىل ھالىتىمنى ساقلاپ قالالايتتىممۇ؟ بىر لوكچەكنىڭ باستىرلىق ئورنىغا چىقىۋالسا شۇنچىۋالا ھوقۇققا ئىگە بولۇپ قالىدىغانلىقىنى كۆرمەمدىغان!

ناپولېئوننىڭ چېركاۋغا بېرىپ ئىبادەت قىلىش بىلەن كىچىكىدىن تارتىپلا خۇشى يوق ئىدى، ياشىنىپ قالغان چېغىدىمۇ كۆڭلىدە ھەرقانداق دىنىي ئەقىدىگە قارشى تۇراتتى. ئۆزىنىڭ مۆجىزات ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ھېچقاچان ئېتىراپ قىلمايتتى. ناپولېئوننىڭ قارىشىچە، ئۆز مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئەقىل - پاراسىتى، تەسەۋۋۇرى، دادىللىقى، ھەر تەرەپلىمە ھۆكۈم قىلىش ۋە ئادەم تونۇش ئىقتىدارى ئارقىلىقلا قولغا كەلتۈرگەنىدى. «ئىنجىل»دا تەسۋىرلەنگەن مۆجىزىلەرگىمۇ

ئىشەنمەيتتى، ئەلۋەتتە.

ناپولېئون ئەزەلدىنلا قىيامەتنىڭ سورىقىدىن قورققان ئەمەس ئىدى، ئەخلاق توغرىسىدىمۇ كۆپ توختالمايتتى، سىياسىي ئېھتىياج تۈپەيلىدىن توختىلىشقا توغرا كەلگەندىمۇ ئاندا ـ ساندا تىلغا ئېلىپ قوياتتى. ساينىت خېلېنا ئارىلىدا سۈرگۈندە تۇرغان ئاخىرقى كۈنلەرنىڭ بىر ئاخشىمى يېقىن بىر سىردىشىغا مۇنداق دېگەنىدى:

ــ ئەگەر دەردىمنى تەڭرىگە تۆكۈپ بېرەلىگەن ھەمدە تەڭرىنىڭ بەخت ئاتا قىلىشىغا ۋە قۇتقۇزۇۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولالىغان بولسام، بىز بۇ يەردە نەقەدەر بەختلىك ياشىغان بولار ئىدۇق ـ ھە! مېنىڭ شۇنداق قىلىشقا ھەققىم يوقمۇ؟ ئۆمرۈم بويى شۇنچە ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى ياراتتىم ھەمدە ھېچقاچان گۇناھ قىلىپ باقمىدىم، تەڭرىنىڭ دەرگاھىدا يۈزۈم يورۇق پېتىم تەڭرىنىڭ ھۆكمىنى كۈتۈشكە ھەقلىقمەن...

ناپولېئون شۇ ۋەجىدىن ھەرقانچە مۇشكۇلات ئىچىدە تۇرسىمۇ تەۋرەپ باقمىغانىدى. ئالەمدىن ئۆتۈشتىن بەش يىل بۇرۇن باشقىلارغا: «رىزقىم توشقاندا باستېرغا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلدۇرىمىز دەپ ئاۋارە بولماڭلار» دېگەنىدى. ناپولېئون باشتىن ـ ئاياغ تۆمۈردەك قاتتىق ئىرادىلىك بولۇپ ئۆتتى.

بىراق، بۇنىڭ ئەكسىچە، خۇددى ئىنقىلابچىدىن ئايىنىپ ئەنئەنىچىگە، ماتېرىيالىزمچىدىن ئايىنىپ دىن مۇخلىسىغا ئايلانغىنىدەك، ئىنساننى تەڭرىنىڭ ياراتقانلىقىغا بارغانسېرى ئىشىنىدىغان بولۇپ قالدى. ھالبۇكى، بۇنداق ئۆزگىرىش جىددىي ئىدىيەۋى ئۆزگىرىش ئەمەس، بەلكى ۋۇجۇدىدا بۇرۇنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىدىيەۋى ئاساسنىڭ كېڭىيىشى ئىدى، خالاس. ناپولېئون ئۆمۈر بويى «مەۋجۇداتلارنىڭ پەيدا بولۇشى تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ» دېگەن قاراشنى

ئىدىيەسىدىن نېرى قىلماي كەلدى:

— شىكارغا چىققىنىمدا ئوۋلىغان بۆغىنىڭ قارنىنى ياردۇرۇپ كۆرسەم، ئىچ - باغرى ئادەمنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىكەن. دېمەك، ئادەم دېگەنمۇ ئىتتىن، دەرەختىن ئالىيراقلا بىر جانلىق، خالاس. جانلىقلار تىزمىسىدا ئۆسۈملۈك ئەڭ دەسلەپكى ھالقا، ئادەم ئەڭ ئاخىرقى بىر ھالقا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ناپولېئون ئۇ چاغدا تېخى گېوتېنىڭ «جانلىقلار فورماتسىيەسى» دېگەن ئەسىرىنى ئوقۇمىغان، راماكنىڭ ھايۋاناتشۇناسلىق توغرىسىدىكى تەلىماتىدىنمۇ بىخەۋەر ئىدى.

ناپولېئوننىڭ پسخولوگىيە ۋە فىزىكا جەھەتتىكى يەكۈنلىرى كىشىنى تېخىمۇ چۆچۈتىدۇ. سايىنىت خېللېنا ئارىلىدا پاسخا بايرىمى ئۆتكۈزۈۋاتقاندا گۇمانىي قاراشلىرىنى مۇنداق بايان قىلغانىدى:

— تەڭرى ھۆكۈمرانلارنىڭ خالىغىنىنى قىلىپ مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان كىشىنى ئۆزى ئۇچۇن جەڭگە سېلىپ ھالاك قىلىشىغا ئىجازەت بەرگەن... مەن شۇنداق بىر قاراشقا مايىلمەنكى، ئادەم ئاقما جىسىم بىلەن ھاۋانىڭ مەھسۇلى، ئادەمنىڭ مېڭىسى ئاقما جىسىم بىلەن ھاۋانى سۈمۈرۈۋېلىپ جان كىرگۈزىدۇ، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇلار يەنە تەبىئەتكە قايتىدۇ، ئاندىن يەنە باشقىلارنىڭ مېڭىسى تەرىپىدىن سۈمۈرۈلىدۇ.

ناپولېئون گېوتېچە بۇ نۇقتىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ يەڭگىلتەكلىك بىلەن ئېيتقان بۇ سۆزلىرىدىن تۇرۇپلا چۆچۈپ كېتىپ:

— ئاھ، قەدىرلىك گورگۇد، ئۆلۈپ قالساق غايىب بولىدىغىنىمىز راست، — دەيدۇ بىردىنلا.

ناپولېئوننىڭ ئۇزۇكسىز كۆچىيىپ بارغان ئاتېئىزملىق

قاراشلىرى بايىقىدەك گۇمانىي قاراشلىرى بىلەن تەڭ مەۋجۇت ئىدى.

سىز تەبىئەتنى ھەرقانداق كىشىدىنمۇ ئوبدانىراق چۈشىنىسىز، ــ دېگەنىدى لافراسقا، ــ تەڭرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھەرقانداق كىشىدىنمۇ بەكرەك ئېتىراپ قىلىشىڭىز بولاتتى. تەڭرىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرەلمىگەن بولساق، بۇ جەزمەن تەڭرىنىڭ بىزدە ئۆزىنى تونۇغۇدەك ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ بولۇشىنى خالىمىغانلىقىدىندۇر، تەڭرىگە ئىشىنەيلى، ئەتراپىمىزدىكى جىمى غارايىباتلار تەڭرىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلىدۇر.

ساينىت خېلېنادا تۇرۇۋاتقان چېغىدا مۇنداق دېگەنىدى:

ــ تەڭرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ھېچقاچان شەك كەلتۈرگەن ئەمەسمەن. تەڭرىنى تونۇشقا ئەقلىم ئاجىزلىق قىلغان چاغلاردىمۇ تەڭرىنىڭ ھەر ۋاقىت بىز بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇراتتى.

بۇنداق كۆڭۈل قانداقمۇ تەقدىرگە تەڭ كېلەلىسۇن! ھەرقانداق كىشىگە يېڭىلمەس قىلىشنى بېتى كۆتۈرمەيتتى، شۇڭا يېڭىلگەنلىكىنى تەقدىرگە دۆڭگەيتتى. ناپولېئوننىڭ تەقدىر ـ قىسمەت توغرىسىدىكى بۇنداق تۇيغۇلىرى مەغلۇپ بولغىنىدىن كېيىن پەيدا بولغان بولماستىن، بەلكى كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ھايات قېلىش ئۈچۈنلا ئۆمۈر بويى تەڭرى ئالدىدا تەقۋادار، ئىخلاسمەن بولغىنىدەك، ۋۇجۇدىدا ئۆمۈر بويى مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. ناپولېئون تەڭرى مەددەتكار بولغان چاغلاردا جەڭگاھتا باتۇرلارچە جەڭ قىلدى، ئەڭ قۇدرەت تاپقان چاغلىرىدا پۈتۈن بەدىنى دۈبۈلغا ـ ساۋۇت بىلەن مۇھاپىزەت قىلىنىپ تۇرغاندەك ھېس قىلاتتى.

ــ روھىم مەرمەر تاشتىن پۈتۈلگەن، مېنى چاقماقمۇ

ھېچنېمە قىلالمايدۇ، — دېگەنىدى ناپولېئون.

— ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشكۈدەك بولسا مىلتىقىمىزنىڭ ئىشتىكى بىلەن تىرىۋالىمىز، — دېگەنىدى يەنە بىر قېتىم شېئىرىي تىل بىلەن.

ناپولېئوننىڭ بۇنداق قەيسەرلىكى يەنە هايت ـ هۇيت دېگۈچە غايىب بولاتتى، تولا چاغلاردا تەقدىرگە تەن بېرەتتى.

— جاهاننىڭ ئىشلىرى ئالدىن بېكىتىلگەن بولىدۇ. ئۆمرىمىزمۇ پېشانىمىزگە پۈتۈلگەن، ئۆزارتىشقا ھېچكىممۇ قادىر ئەمەس... ھېچكىممۇ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، — دېگەنىدى كۇرمىڭ قېتىم.

— ماڭا ئىشىنىڭ، ھەممىنى تەڭرى تىزگىنلەپ تۇرىدۇ. مەن پەقەت تەڭرىنىڭ قورالىمەن، خالاس، — دېگەنىدى ناپولېئون ۋېيمار مەلىكىسىگە.

— جىمى شەيئى ۋە ھادىسىلەر بىر ـ بىرى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، كۆرۈنمەس بىر قولنىڭ ئىلكىدە تۇرىدۇ. ئۇلۇغلۇق ماڭا تەقدىرنىڭ، نىجات يۇلتۇزۇمنىڭ خاسىيىتىدىنلا نېسىپ بولدى، — دېگەنىدى فېن مىللېرگىمۇ.

بىراق، ناپولېئوننىڭ نىجات يۇلتۇزىنىڭ خاسىيىتىگە ئىشىنىشى كىشىلەرنىڭ يۇلتۇزلار تۈركۈمىگە ياكى تۇمارغا ئىشەنگىنىگە ئوخشىمايتتى، ئۇ ھەتتا كىشىلەرنىڭ ئۆزى قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلارنى تەلىيىنىڭ ئوڭلۇقىدىن كۆرۈشىگىمۇ چىداپ تۇرالمايتتى.

ناپولېئون داۋالغۇش ئىچىدە ئۆتكەن يىگىرمە يىل مابەينىدە ھېچقاچان خۇراپىيلىق بىلەن ئىش كۆرۈپ باقمىدى، «ئۆمۈر يۇلتۇزى»، «تەقدىر» دېگەندەك ئىبارىلەرنى پەقەت سىياسىي مەقسەت ياكى بۇيرۇقنى ئىجرا قىلدۇرۇش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىنلا ئىشلىتەتتى. ناپولېئون ياۋروپانىڭ ئالدىدا

تەقدىرنىڭ ئەركىسى قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىش ئۇمىدىدە ئىدى، «تەقدىر»، «مۇھەببەت» ۋە «ئامەت» دېگەندەك مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە تولىمۇ خۇشتار ئىدى. گەرچە تەقدىر ئۇقۇمىنىڭ مۇجمەللىكىنى بىلسىمۇ، ھەر قېتىمقى جەڭنىڭ غەلىبە نىسبىتىنى توپتوغرا سان ـ سىپىرلار ئارقىلىق توغرا ھېسابلاپ چىقالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

— بۇنداق ھېساباتتا بىپەرۋالىق بىلەن ئازراقلا خاتالىق سادىر قىلىنسا ئومۇمىيلىقتا تەسىر يېتىدۇ... پۇرسەت ئادەتتىكى كىشىلەر ئۈچۈن مەڭگۈ سىرلىق نەرسە بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ، ئەمما كۆزى ئۆتكۈر كىشىلەرنىڭ كۆزىگە ئىلىنىشىپلا قالسا رېئاللىققا ئايلىنىدۇ.

ناپولېئون بەزىدە تالانت، تەقدىر ۋە ھوقۇق ئۇقۇملىرىنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ چۈشىنەتتى.

— تەلىيىمگە، تالانتىمغا ۋە ئارمىيەمگە ئىشىنىمەن، ئۇلار مېنى بالا ـ قازادىن ساقلايدۇ.

ناپولېئون كىچىكىدىن تارتىپلا ئۆلۈۋېلىشقا قارشى ئىدى، بۇ قارىشىنى دەسلەپتە تاپشۇرۇقلىرىدا، كېيىن كۈندىلىك بۇيرۇقنامىلىرىدە ئوتتۇرىغا قويىدى.

— ئۆلۈۋېلىش، بولۇپمۇ مۇشكۈلاتتا قالغاندا ئۆلۈۋېلىش ئاجىزلارنىڭ ئىشى، — دەپ تەكىتلەپ تۇراتتى دائىم.

ۋەسىقىلەردىن مەلۇمكى، ناپولېئون تۇنجى قېتىم تەختتىن چۈشكەندە ئۆلۈۋېلىشقا ئۇرۇنغان دېگەن گەپ ـ سۆزلەر پۇتۇنلەي ئويدۇرما، بۇ ھەقتىكى ئاساسسىز كوچا خەۋەرلىرى ئىشەنچلىك ئەمەس، رەسمىي تارىخنامىلەردىمۇ قەيت قىلىنمىغان. ناپولېئوننىڭ ئاخىرىدا ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغاندا ھەربىيلەردەك جەڭگاھتا ئۆلۈشنى ئىختىيار قىلغانلىقى راست. بىراق، ھېچقاچان زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋېلىش خىيالىدا بولۇپ باققان

ئەمەس.

دەرۋەقە، ناپولېئوننىڭ ھاياتتىن بىزار بولغان چاغلىرىمۇ بولغان. بىراق، روھى كۆتۈرەڭگۈ، تۇرمۇشى كۆڭۈللۈك چاغلىرىدا ئۇنداق روھىي كەيپىياتى پەيدىنپەي غايىب بولاتتى. ناپولېئون تۇغۇلۇشىدىنلا بەختىنىڭ پەيزىنى سۈرۈشنى بىلمەيدىغان كىشى ئىدى. ئىشلىرى روناق تېپىپ يۇقىرى پەللىگە چىققان مەزگىلدە راھەت ـ پاراغەتتە يايراپ ئۆتكەن چاغلىرىمۇ بولدى، بىراق ھامان ئۆزى ئۈستىدىكى گۇماننىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالماي ئۆتتى.

ـــ ئەگەر بۇ ئادەم جاھانغا ئاپىرىدە بولمىسىغان بولسا، فىرانسىيەنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقى ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق بولار ئىدى، ـــ دېگەنىدى ناپولېئون روسسونىڭ قەبرىسى ئالدىدا.

ـــ نېمىشقا، باش مەمۇر؟

ـــ روسسو ئىنقىلاب ئۈچۈن يول ئاچقان.

ـــ سىز ئىنقىلابقا ئۆچمەنلىك قىلىدىغانلاردىن ئەمەسقۇ؟

ـــ ئەگەر مەنمۇ، روسسومۇ دۇنياغا ئاپىرىدە بولمىغان بولساق، پاكىت ئىسپاتلايتتىكى، دۇنيانىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن پايدىلىقراق بولاتتى.

ناپولېئوننىڭ بۇنداق گۇمانى پەيدىنپەي تۈگىگەنمۇ بولدى، ئەمما ئورنىنى تۈگىمەس غېرىبانىلىك ئىگىلىدى. ناپولېئون قاناتلىرىنى قېقىپ قانچە ئېگىز پەرۋاز قىلغانسېرى، ۋۇجۇدىدىكى غېرىبانىلىك تۇيغۇسى شۇنچە كۈچىيىپ باردى.

ـــ بەزىدە شۇنداق غېرىبسىنىپ كېتىمەنكى، چىدىمايلا قالىمەن.

ناپولېئون دېگىنى ۋاپا قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، ھەمىشە دېگىنى ـ ئوكيانلاردىن ئۆزىنى يىراق تۇتاتتى. پەقەت بىر جايلا ـــ قۇملۇقلا كۆڭلىگە ئارام بەرگۈچى چەكسىزلىكنىڭ سىمۋولى

ئىدى. پەقەت پايانسىز ئۇ قۇملۇق كۆز ئالدىدا نامايان بولغاندىلا، چاكىنا ھاياتنىڭ تۇرلۇك ـ تۈمەن كۆلەڭگىلىرى غايىب بولغاندەك بولاتتى.

ــ ھاياتتا بەخت دېگەن نەرسىمۇ، بەختسىزلىك دېگەن نەرسىمۇ مەۋجۇت ئەمەس، ــ دېگەنىدى ناپولېئون، ــ بەختلىكلەرنىڭ ھاياتى گويا كۇمۇش رەڭ ئاسماندىكى قارا يۇلتۇزغا، بەختسىزلەرنىڭ تۇرمۇشى بولسا كۇمۇش رەڭ يۇلتۇزلارنى چاقنىتىپ تۇرغان قاپقارا تۈن ئاسمىنىغا ئوخشايدۇ.

بىراق، ناپولېئوننىڭ غېرىبانە روھىي دۇنياسىنى بۇ مەنزىرىدىن كۆرە كۈندىلىك تۇرمۇش داۋامىدا ئېيتقان سۆزلىرى تېخىمۇ كونكرېت ۋە تەسىرلىك نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

ــ بۇ يەردە نېمە ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمەي يۈرۈۋاتقانسىزمۇ، گورگۇد؟ ... ئۆزىڭىزدىن كەلسۇن دەمسىز؟ مەن ئوردىدىن، رەپىقەمدىن، ئوغلۇمدىن باشقا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدىم، شۇنداققۇ؟ ھەر كۈنى دۆلەت ئىشلىرىنى دەپ جان كۆيدۇرۈۋاتامدىمەن؟

ناپولېئوننىڭ دۆلەت دېگىنى پۈتۈن ھاياتىنى بېغىشلىغان ئىشلىرى ئىدى.

ــ ئۆمرۈم بويى دۇنيانى ئۆشنەمگە ئېلىپ يۈردۈم، قانداقمۇ ھاردۇق يەتمىسۇن؟ ــ دېگەنىدى ناپولېئون ساينىت خېلېنا ئارىلىدا ھاياتىنىڭ ئاخىرقى دەملىرىدە.

## ئونىنچى، ئارالدىكى ھەمراھلىرى

بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىل مۇقەددەم دېڭىزنىڭ تەكتىدە يانار تاغ پەيدا بولغان، يانار تاغ ۋولقانلىرىنىڭ ئۈزۈكسىز ئېتىلىپ چىقىۋېرىشى نەتىجىسىدە بۇ ئارال شەكىللەنگەنىكەن. يۈزى قارا

ماگمىلاردىن ھاسىل بولغان ئويمانلار بىلەن قاپلانغان بىر پارچە قارا تاش قىيا دېڭىزغا تىككىدە شۇڭغۇپ كىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئاجايىپ سۈرلۈك كۆرۈنىدۇ. كېمىلەر بۇ ئارالغا يېقىنلاشقاندا، پورتتىكى قارا ئويمانلار بۇ يەرگە يېڭى كەلگەنلەرگە خۇددى دىۋە ـ پەرىشتىلەرنىڭ قولى بىلەن پۈتكەن دوزاخ دەرۋازىسىنى ئەسلىتىدۇ، پەقەت قىيالار ئارىسىدىكى بىر زەمبىرەكلا بۇ يەرنىڭ ئادەم ئاياغ باسمىغان تىلسىم ماكان ئەمەسلىكىدىن بىشارەت بېرىدۇ. ئارالنىڭ يۈزى يەر تەۋرەش نەتىجىسىدە ئۆيۈلۈپ قېتىپ كەتكەن بولغاچقا، كىشى بۇ ئارالغا ئاياغ بېسىشى بىلەنلا ئايىغى ئاستى تاراقلاپ تۇرىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، كىشى ئۆزىنى خۇددى ھالاكەت يولىغا قەدەم باسقاندەك ھېس قىلىپ قالىدۇ.

بۇ ئۆلۈك يانارتاغ ئوكيانىيەدە بولۇپ، ياۋروپا قۇرۇقلۇقى بىلەن بولغان ئارىلىقى ئىككى مىڭ مىل، ئافرىقا قۇرۇقلۇقى بىلەن بولغان ئارىلىقى مىڭ مىل كېلىدۇ، ئارال ئەنگلىيە زەمبىرەكلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن. سايىنت خېلىنا دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئارالدا چەكسىز ھاياتمۇ گىرىپتسىيە دىراماتورگى ئائېسكۇلۇسنىڭ تىراگېدىيەسىدەك ئاقىۋەتكە قالىدۇ. بىراق، بۇ ئارال فېئودال ئاپولوگىستلار (كونا ئەقىدىلەرنى قوغدىغۇچىلار)نىڭ دەۋرىدىكى ساختىلىق، ئەنگلىيە دوكىلار سىياسىيونلىرىنىڭ ھىيلە ـ مىكرى ۋە ئارال ۋالىيسىنىڭ بەتنىيەتلىكى تۈپەيلىدىن تىراگېدىيە ماكانى بولۇپ قالغان.

بۇ ئارال دېھقانلارنىڭ جاپالىق مېھنىتى ۋە شەرقىي ھىندىستان شىركىتىنىڭ تىرىشىپ ئىشلەپ ئەجىر سىڭدۈرۈشى نەتىجىسىدە ئېچىلىپ ئۆزگىچە تۈسكە كىرگەنىدى. ئۇلار يۈزلەپ ئۇرۇش كېمىلىرى ئارقىلىق بۇ ئارالغا باغۋەنچىلىككە باب كېلىدىغان توپا، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە ياغاچ ماتېرىياللىرىنى ئۈزۈكسىز توشۇپ كېلىپ ئاۋاتلاشتۇرغان

بولسىمۇ، بۇ ئارالدا ئۇزاق مۇددەت تۇرۇشنى ھېچكىممۇ ئىختىيار قىلمايتتى. بۇ ئارالدا يەنە بۇ يەردە تۇرىدىغان بەش يۈز نەپەر ئاق تەنلىكنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان بىر مىڭ ئىككى يۈز نېگىر قۇل ۋە خەنزۇلار بار ئىدى.

بۇ ئارالدا ھېچكىممۇ ئۇزاق ئۇرۇشقا قادىر ئەمەس ئىدى. چۈنكى، بۇ يەرنىڭ كىلىماتى ئىنتايىن ناچار بولغاچقا، بۇ ئارالدا ئەزەلدىن ھېچكىم ئاتمىش يېشىغىچە ئۆمۈر كۆرۈپ باقىغان ئەمەس، ئەللىك يېشىغىچە ياشىغانلارمۇ كەمدىن ـ كەم ئۇچرىدۇ. بۇ يەر نەم ئىسسىق بەلباغقا جايلاشقان بولۇپ، ئېكۋاتورنىڭ قاتتىق ئىسسىقىغا قارا يامغۇر ھەمراھ بولۇپ تۇرىدۇ، تېخى ھېلىلا نەمخۇش ئىسسىق ھاۋا كۆيدۈرۈپ تۇرغان بولسا، بىردەمنىڭ ئىچىدە چېلەكلەپ سۇ تۆككەندەك قارا يامغۇر يېغىپ كېتىدۇ؛ كىشى بايىلا تەردىن چىلىق ـ چىلىق بولۇپ تۇرغان بولسا، بىردىنلا كۆتۈرۈلگەن شەرقىي جەنۇب شامىلىنىڭ سوغۇقىدىن توڭلاپ كېتىدۇ، ئاندىن يەنە قىيا چوققىلاردا توسۇلۇپ قالغان قارا بۇلۇتلار يامغۇر بولۇپ تۆكۈلىدۇ. ھېلى ئاپتاپتا كۆيۈپ، ھېلى يامغۇردا سوۋۇپ بىر كۈننى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئاخشىمى سەيلىگە چىقىدىغان بولسىڭىز، دېمىڭىز سىقىلىپ نەپەس ئالالماي قالىسىز. بۇ يەردە بىرەر يىل تۇرسىڭىز تولغاق، باش قېيىش، قىزىتما، قەي قىلىش، يۈرەك سانجىقىغا گىرىپتار بولماي قالمايسىز. ئەڭ يامىنى، جىگەر كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بۇ ئارالدا تۇرۇشقا دېڭىز ئارمىيە قىسىملىرىنى ئەۋەتىپ تۇراتتى، ھەر قېتىم كەلگەن قوشۇندىن نەچچە يۈز لەشكەر ۋە ئوفىتسېر چىقىم بولاتتى. ئارالدىكى ئەمەلدارلار ۋە كۆچمەنلەر ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ھەر خىل كېسەللەر بىلەن ئاغرىيتتى. ئارالدا شامالدىن دالدا بولىدىغان بەش ـ ئالتە

جاي بولۇپ، ئەگەر ئۇلار بۇ دالدا جايلاردىن تۇرغۇدەك جاي تاپالمىسا، ئۇزاق ئۆتمەيلا پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن كۆچۈپ كېتەتتى.

بۇ ئارالدا مۇزدەك سوغۇق بىر تۇزلەڭلىك بولۇپ، بۇ جاي ئادەملەرنىڭ ماكانلىششىغا ئەڭ ناباب جاي ئىدى. دېڭىز يۈزىدىن بەش يۈز نەچچە مېتىر ئېگىز بۇ قاقاس تەسكەي تۇزلەڭلىكتە قىش كۈنلىرى تۇمان ئۆكسۈمەيتتى، بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ئىنتايىن نەمخۇش. بۇ تۇزلەڭلىكتە بورانىنىڭ زەربىسىدىن ئېگىلىپ مايماق ـ سايماق ئۆسكەن، قىڭغىيىپ قالغان بىر شالاڭ كاۋچوكزار بولۇپ، كىشىلەر ھالاكەت ئورمىنى دەپ ئاتىشاتتى. ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بۇ يەرنى كېسەل دۈشمىنىنى ئۆلسۇن دەپ تاللىغانىدى. بۇ يەر ئالدىراشچىلىقتا تاللانغان ۋاقىتلىق پاناھگاھ ئەمەس، شۇنداقلا بىر ئىمپېراتورنى تۇرىدۇ دەپ ئالدىنئالا بەلگىلەپ بېرىلگەن تۇرالغۇمۇ ئەمەس ئىدى.

بۇ كاۋچوكزارلىق بۇنىڭدىن ئەللىك يىل ئىلگىرى سېلىنغان ئېغىل بولۇپ، تېخى يېقىندىلا ئادەم تۇرىدىغان جاي قىلىپ ئۆزگەرتىلگەنىدى. نېگىر قۇللار ۋە ماتروسلار ئۆينىڭ ئىچىدىكى چىللە ـ قىغلارنىمۇ ئادالىغۇەتمەي يەرگە تاختاي ياتقۇزۇشقا ئاران ئۈلگۈرگەنىدى. ئىمپېراتور بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا پول چىرىپ، سېسىق زەي ئۆرلەپ چىقتى، شۇنىڭ بىلەن باشقا بىر ئېغىز ئۆيگە كۆچتى. كىشىلەر كالا ئېغىلى، كىرخانا ھەم ئات ئېغىلىدىن پايدىلىنىپ ئىمپېراتورغا تۇرالغۇ ئۆي سېلىپ بەرگەنىدى، بۇ ئۆيلەرنىڭ ئالتە ئېغىزى ئىمپېراتورغا تەئەللۇق ئىدى. ھۇجرىنىڭ قاراڭغۇ ھەم تار بىر بۇلۇڭىدىكى تامغا چاپلانغان قەغەز شور تارتىپ كەتكەنىدى، ئاشخانا ئۆيدىن كىرگەن بۇس ھەممە ئۆينىڭ ھاۋاسىنى بۇلغاپ تۇراتتى. بۇ

ئۆيلەر ناپولېئوننىڭ بۇنىڭدىن ئوتتۇز يىل ئىلگىرى ۋالېنستا ئىستارشىي لېيتېنانت بولۇپ تۇرغان چاغلىرىدا ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرغان قەھۋەخانىدىكى ئۆيىگە ئوخشاپ قالغانىدى. بىراق، ئۇ يەردىكى ئۆيلەر قۇرۇق ئىدى، بۇ يەردە بولسا كىتابلىرىمۇ نەم تارتىپ چىرىپ كەتتى. ئاپتاپ چۈشسۇن ئۈچۈن تاماقخانىسىغا ئەينەك دېرىزە ئورنىتىلغان، مېھمانخانىسىغا چىرىپ كەتكەن ئۆي جاھازلىرى قويۇلغانىدى. خىزمەتكارلىرى تۇرىدىغان بالىخانا ئۆگزىسى كىگىز بىلەن يېپىلغان بولۇپ، يامغۇر ئۆتۈپ تۇراتتى.

ئىمپېراتور ئۇزۇنلۇقى تۆت مېتىر، كەڭلىكى ئۈچ مېتىر كېلىدىغان ئىككى ئېغىز ئۆيدە ئولتۇراتتى، ياتاق ئۆيىگە بىر پارچە پۇچۇق گىلەم سېلىنىغان، دېرىزىسىگە نېپىز پەردە تارتىلغان، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئوچاق، ياغاچ ئورۇندۇق، ئىككى كىچىك شىرە، بەش تارتمىلىق ئىشكاپ ۋە سافالارمۇ بار ئىدى. ئىشخانىسىدا بىر ئۈستەل بىلەن بىرقانچە ئورۇندۇق قويۇلغان، قوپال ياسالغان كىتاب جازىسىدا كىتابلار قويۇلغانىدى. كۈندۈزى دەم ئالىدىغان يەنە بىر كارىۋىتىمۇ بار ئىدى. بەزى ئاخشاملىرى ئۇيقۇسى قېچىپ ئۇخلىيالماي قالغان چاغلاردا كېچە ـ كېچىلەپ ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. ياتاقخانىسىدا يەنە كونا ھەربىي سەپەر كارىۋىتى، كۈمۈش پانار ۋە بىر يۈرۈش كۈمۈش چىلاپچا ـ داس دېگەندەك ئۆزى ئالغاچ كەلگەن لازىمەتلىكلىرىمۇ بار ئىدى.

بۇ ئۆيلەرنىڭ ھەممىلا يېرىدە چاشقانلار قۇتراپ يۈرەتتى، بۇ جانىۋارلار چۈجىلەرنى بوغۇپ تاشلايتتى، كېسەل ئاتنىڭ پۇتلىرىنى غاجىلىۋالاتتى، ھەتتا گېنېرال بېرتراننىڭ قولىنىمۇ چىشلىۋالغانىدى، بەزىدە ئىمپېراتورنىڭ ئۈچ بۇرجەك قالپىقى ئىچىگىمۇ كىرىۋالاتتى.

بۇ يەردە چاشقانلاردىن باشقا يەنە ئۈچ گىراف، بىر بارون ۋە

ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى (ھەممىسى ئوردا تۇرمۇشىغا كۆنۈپ قالغان ئەمەلدارلار ۋە ئىسىلزادىلەر ئىدى)، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىككى خىزمەتكارى، ئىمپېراتورنىڭ قالدۇق خادىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىمۇ تۇراتتى. ئۇلار يېڭى كەلگەندە قىرىق نەچچە جان ئىدى. ئالتە يىل ئۆتۈپ، ناپولېئون ۋاپات بولغاندا يېرىمى قالدى.

گىراف لاسكاس بۇ يەردە قورامىغا يەتمىگەن ئوغلى بىلەن بىر يىل تۇردى. يېشى ئىمپېراتوردىن چوڭ بۇ ئادەم ئەسلىدە بىر ماركىز بولۇپ، سابىق ژىرمان رايونىدىكى دۆلەتمەنلەردىن سانىلاتتى، يۈز كۈنلۈك سۇلالە گۇمران بولۇپ، ناپولېئون قايتا باش كۆتۈرۈپ چىققاندىن كېيىنلا تېگىشلىك قەدىر - قىممەتكە ئېرىشىپ گىراف بولدى. زېرەك، ھۆرمەتكە سازاۋەر بۇ زات جۇغراپىيەگە دائىر بىرقانچە كىتاب يازغانىدى. سابىق خىللىنا ئارىلىدىن قايتىپ كەتكەندىن كېيىن دەرھال ئەسلىمە يېزىپ، نەچچە مىڭ فوند ستېرلىڭ قەلەم ھەققىگە ئېرىشتى. بويى ئىمپېراتورنىڭكىدىنمۇ پاكار، جۇغى ئىمپېراتوردىنمۇ ۋىجىك ئىدى. بىلىملىك، خۇش پېئىل، پەرمانبەردار بۇ زات بۇ ئارالغا سۈرگۈن قىلىنغاندىن كېيىن ئىمپېراتورنىڭ ئەڭ ياخشى ھەمراھى ۋە كاتىپى بولدى. لاسكاس ئىمپېراتورنىڭ ئىشلىرى توغرىسىدا پارىژدا تارقالغان لەتىپىلەرنى ئۆزىگە ئېيتىپ بېرىپ، بۇ يەردىكى تىراگېدىيەگە كومېدىيە ئارىلاشتۇرۇپ، ناپولېئوننىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىراتتى. ئىمپېراتورغا كىتاب ئوقۇش دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئىنگلىزچە ئۆگىتەتتى، ئىنگلىز تىلىدا پىكىر لەشكەندە ئىمپېراتورنىڭ تىل خاتالىقلىرىنى تۈزىتىپ بېرەتتى. تۆرلۈك باھانە - سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ بۇ ئارالدىن كەتكەندىن كېيىن ئىمپېراتور ئۈچۈن مەڭگۈ تولدۇرۇۋالغۇسىز بىر بوشلۇق قالدى.

بۇرۇن ئىللىرىيە ۋالىيسى بولغان بېرترانىمۇ ئىمپېراتورغا سادىق ئىدى، ئەمما بەك مەغرۇر، جىلىخور ئادەم بولغاچقا، باشقا جەھەتتە پەرمانبەردار بولسىمۇ، ئىمپېراتورنىڭ ئاغزاكى بايانلىرىنى خاتىرىلەشكە ئۇنىمايتتى. رەپىقىسى كېلىئىر يېرىم ئىنگلىز نەسلىدىن بولۇپ، كاللىسىمۇ ياش ئاقسۆڭەكلەرگە خاس ئۆتكۈر ئىدى. بۇ خانىم دەسلەپتە ئىمپېراتورغا ئەگىشىپ بۇ يەرگە سۈرگۈن بولۇپ كېلىشنى خالىمىغان، ھەتتا دېڭىزغا سەكرەپ ئۆلۈۋالماقچىمۇ بولغانىدى. بۇ ئارالغا كەلگەن دەسلەپكى كۈنلەردە پارىژنى سېغىنىپ، ياشلىقىنىڭ مەنىسىز ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئېچىنىپ ئاھ ئۇراتتى. ئىمپېراتور بىر كۈنى تاماق ۋاقتىدا بۇ خانىمغا قالدۇرۇلغان ئورۇننىڭ بوش تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، مېنىڭ ئۆيۈم كىچىك مېھمانسارايى ئەمەس دېۋىدى، بۇ گەپنى قاتتىق ھار ئالغان بېرتران ئەتىسى پۈتۈن كۈن كۆرۈنمەي قويىدى. بۇ ھالدىن كۆڭلى يېرىم بولغان ئىمپېراتورنىڭمۇ كېلىدىن غىزا ئۆتمىدى.

— ئەگەر بۇ ئورماندا ماڭا ھۆرمەت قىلمايدىغان بولساڭلار، پارىژغا ھۆرمەت قىلمىغىنىڭلاردىن كۆپ ئېغىر كېلىدۇ، — دېدى ئىمپېراتور تاماق قاچىسىنى نېرى ئىتتىرىپ پەس ئاۋازدا.

گورگۇد بۇ يەردىكى تۇرمۇشقا چىداشلىق بېرەلمەي قالدى. بۇ ياش گېنېرال ئىمپېراتور بىلەن ئاخىرقى بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇشقا قاتناشقان. كېيىن ئۆزىنىڭ ساداقەتمەنلىكىنى بىلدۈرۈپ ئىمپېراتورغا ئەگىشىپ بۇ يەرگە كەلگەنىدى. بىراق، دەسلەپ كەلگەن ۋاقتىدىكى قىزغىنلىقى ئۇزاققا بارمىدى. گورگۇد خەرىتە ۋە ماتېماتىكىغا پىششىق ئىدى، شۇڭىمۇ ئىمپېراتور ئۇچۇن مۇھىم ئادەم ئىدى، ئىمپېراتور ئىلگىرى گورگۇد بىلەن ئىستراتېگىيە مەسىلىلىرى ئۈستىدە پىكىرلىشىپ تۇراتتى. ئىتتەك غالجىرلىشىپ كەتكەن گورگۇد ھەرقانداق ئىشتا

لاسكاسنىڭ ئۆزىدىن ئۇستۇن تۇرۇشىغا يول قويمايتتى، ئىمپېراتورنىڭ سۆلھى قىلىشلىرىمۇ كار قىلمايتتى. ئىككىسى دۈشىلىغا چۈشمەكچى بولغاندا ئىمپېراتور بۇيرۇق چۈشۈرۈپ توسۇشقا مەجبۇر بولدى.

ئىمپېراتور بۇ ئارالدا سەۋر ـ تاقەت قىلىشقا، جۈملىدىن گورگۇدقا كەڭ قورساق بولۇشقا ئادەتلەندى. كۆپ قېتىم ئاتا ئورنىدا تەربىيە بېرىپ، ھەمراھلىرى بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈشكە دەۋەت قىلدى ھەمدە كورسىكادىكى باي بىر جىيەن قىزىنى ياتلىق قىلىپ بېرىشكە ۋەدە قىلدى. ئىمپېراتور بەزىدە گورگۇدنى كۆڭلىنى ئېچىپ كەلسۇن دەپ شەھەردە ئۆتكۈزۈلىدىغان زىياپەتلەرگە ئەۋەتىپ تۇردى. ئەمما، ھەرقانچە غەمگۇزار بولۇپ كۆڭلىنى كۆتۈرۈشكە تىرىشسىمۇ، گورگۇد بەرىبىر ئىلىك ئالماي، تۇرلۇك باھانە ـ سەۋەبلەر بىلەن غەلۋە قىلىپ تۇراتتى.

لاسكاسنىڭ خىزمەتكارى گورگۇدنىڭ ئالماس كىرىپستىنى ئوغرىلىۋالغاندا، ئىمپېراتور بۇ ئىشنى تىنچىتىش، ھەركىمگە ئەمىنلىك بېرىش ئۇچۇن كىرىپستىنى ئۆزىنىڭ يانچۇقىغا سېلىۋېلىپ، گورگۇدقا «مەن ئالغاندىم» دەپ ئۆزى قولى بىلەن تاپشۇرۇپ بەردى. گورگۇد ناپولېئوننىڭ پۇلى ئاپىسىنى بېقىشقىمۇ يەتمەيدۇ دەپ غودۇرىۋىدى، ئاچچىقىغا بەس كېلەلمەي قالغان ئىمپېراتور ۋارقىراپ كەتتى:

ــ گېنېرال، بىز بىر كېمىدە تۇرۇۋاتىمىز، كىمكى پۇل يەتمىدى دەپ قاچىدىغان بولسىڭىز، قورقۇنچاقنىڭ ئۆزى شۇ. مەن ئالدىڭىزدا قەرزدار ئەمەس! ئەگەر فىرانسىيەدە قالغان بولساڭ، ئالىلىبۇرۇن ئۆلۈم جازاسىغا تارتىلاتتىڭىز. چۈنكى، 1815 ـ يىلىدىكى ئۇرۇشقا سىزمۇ قاتناشقان!

ئىمپېراتورنىڭ بۇنداق ئىچىنى بوشىتىۋالىدىغان ۋاقتى كەمدىن ـ كەم بولاتتى. ئىمپېراتور ئىلگىرى بىرقانچە قېتىم گورگۇدقا «خالىغان ۋاقتىڭىزدا ئارالدىن كەتسىڭىز بولىدۇ» دېگەن،

ئەمما ئارقىدىنلا گەپنىڭ تېمىسىنى زەمبىرەك ۋە قورال ـ ياراغ، ئوق ـ دورا ئۈستىگە بۇرىۋەتكەنىدى.

ـــ گورگۇد، چىرايىڭىز ئەجەبمۇ سولغۇن كۆرۈنىدۇغۇ! ياخشىسى، يۈزىڭىزنى سوغۇق سۇدا چايقىۋېتىڭ، ـــ دېدى ئەتىسى ئىمپېراتور، ـــ ئۆزىمىزنى شېرىن خىيالدىن تىزگىنلەپ تۇرمىساق بولمايدۇ، بولمىسا ئىلىشىپ قالىمىز. ئۆلۈپ قالسام تارتىشىدىغان ھېچكىمىم يوق، غېمىم سىزدىلا. ھازىر باي بولمىساممۇ يەنە بىرقانچە مىليون پۇلۇم بار، بۇنىڭدىن باشقا ئەسەرلىرىممۇ سىزگە قالىدۇ. سىزگە قانچىلىك قەرزدار ئىكەنلىكىم ئۆزۈمگە ئايان. قوشۇماڭلارنى تۈرۈپ يۈرۈپ پىغانىمنى ئۆرلەتمەي، كۆڭلۈمنى خۇش قىلىدىغان ئىشلارنى قىلساڭلار دېگەن ئۈمىدتىمەن. مېنى يايراپ ئۆتتۈۋاتىدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟ كېچىلىرى ئويغىنىپ كەتكەن چاغلىرىمدا ئۆتكەنكى سەلتەنەتىمنى، بۈگۈن قانداق ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىمنى ئويلاپ يېتىپ تاڭنى ئاتقۇزىمەن.

ناپولېئوننىڭ تاماق ئۈستىدە ئېيتقان بۇ ھەسرەتلىك سۆزلىرى ھەممەيلەنگە گويا شۇ دەقىقىلەردە بىردىنلا ۋولقان پارتلاپ چىققاندەك، گويا بۇ ۋولقاننىڭ غايەت زور ئەكس ساداسى بۇ ئۆيدىن، بۇ ئارالدىن ياۋروپا دېڭىزىنىڭ ئۇ تەرەپ قىرغاقلىرىغىچە يېتىپ بارغاندەك قاتتىق تەسىر قىلدى، ھېچكىم زۇۋان سۈرمەي ئېغىر سۈكۈتكە پاتتى. بىراق، ئەمدىلا بېسىققان دۈشمەنلىك ۋە سۈيىقەستلىك ھەرىكەتلەر بىر ھەپتە ئۆتە ـ ئۆتمەي بىر كېچىدىلا يەنە يېڭىباشتىن قوزغالدى. تاقىتى تاق بولۇپ كەتكەن گورگۇد ئىككى يىلدىن كېيىن ئىنگلىزلارنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا كىرىشتى. ئىمپېراتوردىن يۈز ئۆرۈپ، ئىمپېراتورنىڭ ئەشەددىي رەقىبى بولمىش ئارال ۋالىيسىنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئېلىپ بۇ ئارالدىن

كەتتى.

گىراف مونتولون ئىمپېراتورغا ئەڭ سادىق كىشى ئىدى. ئۇن يېشىدا كاپىتان بوناپارتتىن ماتېماتىكا ئۆگىنىشكە كىرىشكەن، كېيىن يەنە ناپولېئون بىلەن بىللە قىرىق نەچچە مەيدان ئۇرۇشقا قاتناشقاندى ھەمدە دائىم ئوردىغا كىرىپ ـ چىقىپ تۇراتتى. مونتولوننىڭ بوناپارت جەمەتىگە بولغان ساداقىتى ناپولېئون ئالەمدىن ئۆتۈپ نەچچە ئون يىلدىن كېيىنمۇ قىلچە سۇسلاپ قالمىدى. ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن، خۇددى ھازىر بۇ ئارالدا ئالتە يىللىق ئۆمرىنى ئىمپېراتورغا ھەمراھ بولۇپ ئۆتكۈزگىنىدەك، مەلۇم بىر قەلئەدە ئالتە يىللىق ئۆمرىنى ناپولېئوننىڭ جىيەنىگە ــ ناپولېئون Ⅲ كە ھەمراھ بولۇپ يەنە شۇنداق مەھبۇسلۇقتا ئۆتكۈزدى. ئەپسۇسكى، خانىمى تولا جېدەل قىلىپ بېشىنى ئاغرىتىۋەرگەچكە، ئاخىر بالىچاقىسىنى ئېلىپ ئىمپېراتوردىن، بۇ ئارالدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدى.

مونتولوننى ئەڭ سادىق دېدۇق، ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتە ئىچ ـ ئىچىدىن سادىق كىشىلەر بولغانمۇ؟ بولغان، ئۇ بولسىمۇ ئۈچ چاكار ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى مارشان بولۇپ، بۇ ئارالدا ساق تۆت يىل ئىمپېراتورنىڭ خىزمىتىنى قىلدى. قالغان ئىككىسى ئىمپېراتور فىرانسىيەدىن يولغا چىققاندا بىللە ئېلىپ كەلگەن كورسىكالىق چاكارلىرى بولۇپ، بىرىنىڭ ئېتى چىپلۇنې، يەنە بىرىنىڭ ئېتى شاندىنې ئىدى. ئۇلار ھېچقاچان ئۆزلىرىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولمىش ئىنگلىزلارنىڭ قىزىقتۇرۇشىغا ئېزىپ، بۇ دۈشمەنلىرى بىلەن ئاپاق ـ چاپاق ئۆتۈش خىيالىدا بولۇپ باققان ئەمەس. شاندىنې بەزىدە ئىمپېراتوردىن رۇخسەت ئېلىپ ئوۋغا چىقاتتى، كېيىن ئوۋغا چىقىشى مەنئى قىلىنىدى. چۈنكى، شۇ باھانىدە «ھېلىقى مۇتتەھەم ــ ۋالىيى»نى ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن ئۆزىمۇ ئۆلۈۋېلىش نىيىتىگە كەلگەنىدى.

شاندىنىڭ پىلانى ۋۇجۇدقا چىقسا، ياۋروپادا بۇ ئىشنى كىممۇ ناپولېئوندىن كۆرمەي قالار؟ شۇڭا، ئىمپېراتور چاكىرىنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلەپ، پىلانىنى قاتتىق مەنئى قىلدى. بىراق، شاندىنى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ناپولېئون ئىپتىخار بىلەن: «بىز كورسىكالىقلار ئەنە شۇنداق بالىلار» دەپ ئويلىدى.

## ئون بىرىنچى، تاغدىن چۈشكەن يىرتقۇچ

بۇ يەرنىڭ تۇرمە باشلىقى، ساينىت خېلېنا ئارىلىنىڭ ۋالىيسى جۇغى ۋىجىك، چېچى قىزىل، يۈزىنى سەپكۈن باسقان، مەڭزىگە ئاق تەمرەتكە چۈشكەن، بۇغدىيىكى پۈلتىيىپ چىققان، سارغۇچ قويۇق قاشلىرى كۆزىنى توسۇپ تۇرغانلىقتىن كىشىگە تۇز قارىيالمايدىغان، ئۇچىسىغا ئەنگلىيە ھەربىي فورمىسى كىيگەن، بىئارام يۈرىدىغان ئوتتۇرا ياش بىر ئادەم ئىدى. بۇ ئادەمنىڭ ئارالدا ئەڭ بىخەتەر، ئەڭ ئوبدان يەرگە سېلىنغان بىر داچىسى، داچىنىڭ ساينىت خېلېنا بويىچە ئەڭ قەدىمىي ۋە ھەشەمەتلىك گۈللۈكى بار ئىدى. بۇ ئادەم ئىمپېراتورنى تۇنجى قېتىم زىيارەت قىلىپ قايتقاندىن كېيىن، ئىمپېراتور: «تازىمۇ قاملاشمىغان ئادەم ئىكەنغۇ بۇ! چىرايىدىن خۇددى ۋېنىتسىيە ساقچىلىرىنىڭكىدەك شۇملۇق يېغىپ تۇرىدۇ. كۆزلىرى بەئەينى تۇزاققا چۈشكەن تايغاننىڭ ئۆزى. ئېھتىمال، مېنى ئۆلتۈرىدىغان جاللات شۇ بولۇشى مۇمكىن» دېگەنىدى.

ئىمپېراتورنىڭ چەۋەنداز خېدىسېن لاۋرانى يامان كۆرۈشىدىكى سەۋەب ئۇنىڭ ۋالىيلىق ئورنىدا بولغانلىقى ئۇچۇنلا ئەمەس ئىدى. ئىمپېراتور بەزى ئەنگلىيە ئوفىتسېرلىرى ۋە دېڭىز ئارمىيە گېنېراللىرى بىلەن ئوبدان چىقىشىپ ئۆتەتتى. لاۋرا بولسا ئىلگىرى ئەنگلىيەدىكى بورشېلغا ئوخشاش ئىتالىيەدە

ئىشپىيونلۇق ئورگىنىنىڭ كاتتىبېشى بولغاچقا، ئاشۇ سالاھىيىتى بىلەن بۇ يەردىكى مەنسىپىگە ئېرىشكەنىدى. شۈبھىسىزكى، ياۋروپانىڭ تىنچلىقى بۇ ۋالىينىڭ ھوشيار تۇرۇشىغا باغلىق ئىدى، يەنە كېلىپ ياۋروپالىقلار ئۇلۇغ ۋەقەلەردىن كۆرە ياستۇقىنى ئېگىز قىلىپ تىنچ ئۇيقۇسىنى ئۇخلاشقا ئامراق ئىدى. شۇڭا، بىر قىسىم كىشىلەر لاۋرانى زوراۋانلىق بىلەن ھۆكۈم سۈرۈشكە رىغبەتلەندۈرەتتى.

ئەنگلىيە گېزىتلىرى مەھبۇس ئىمپېراتورنى ئەڭ زەھەرلىك سۆزلەر بىلەن تەسۋىرلەپ زور تەسىر پەيدا قىلدى. ئەنگلىيەدە چىقىدىغان مەشھۇر بىر ژۇرنال بۇ مەھبۇسنى «يافادا ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى ئۆلتۈرگەن قاتىل» دەپ ئوچۇقتىن - ئوچۇق قارىلىدى، «سىڭىللىرى پاھىشە، سىڭلىسىنىڭ ئېرى مۇرات ئۆز ۋاقتىدا پەقەت بىر دۇكان مۇلازىمى ئىدى» دەپ ھاقارەتلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەنگلىيەمۇ بىر قانۇن ماقۇللاپ، ئومۇمەن ناپولېئوننى قويۇۋېتىش ياكى ناپولېئوننىڭ قېچىپ كېتىشىگە ھەرقانداق ياردەمدە بولۇش غەرىزىدە بولغانلار بىردەك ئۆلۈم جازاسىغا تارتىلىدۇ ھەمدە جازاغا تارتىلىشتىن ئىلگىرى بارلىق روھىي تەسەللىي ۋە ياردەمدىن مەھرۇم قالدۇرۇلىدۇ دەپ بەلگىلىگەنىدى. ئەنگلىيەنىڭ نائىب پادشاھى ناپولېئونغا قۇشقاچ ئاتىدىغان مىلتىقتىن بىرقانچىنى بەرگەنىدى، ئۇمۇ «نامىغا داغ تەگكۈزدى» دەپ قارىلاندى. ۋاھالەنكى، ئەنگلىيەنىڭ شۆھرىتىنى ئاقلاپ، بۇ بەلگىلىمىگە نارازىلىق بىلدۈرگەنلەرمۇ بولدى، خولاند خانىم ئىمپېراتورغا بەزى كىتاب ۋە مېۋە - چېۋىلەرنى ئەۋەتىپ بەردى. بۇرۇن ئاياللار قوشۇنى تەشكىللەپ ناپولېئونغا قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولغان يەنە بىر ئېسىلزادە خانىم ئەمدىلىكتە لوندوندا باتورلۇق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئىمپېراتورنى ئاقلىدى. ئەنگلىيەلىك مەشھۇر بىر ئادۋوكات

ناپولېئوننىڭ تىنچلىق شەرتنامىسى ئىمزالىنىپ بولغان تۇرۇقلۇقمۇ، نەزەربەند قىلىنغانلىقىنىڭ قانۇنغا ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاش ئۇچۇن يىگىرمە بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلدى. گېرمانىيەلىكلەرمۇ لاۋرانى ئۇزاققىچە توختىماي سۆكۈپ ئۆز شۆھرىتىنى ئاقلىدى.

ۋالىي لاۋراننىڭ شۇنچە قاتتىق تەنقىدكە ئۇچرىشىغا پۇتكۇل ئارالنى تۇرمىگە ئايلاندۇرۇۋەتكەنلىكى سەۋەب بولغانىدى. لاۋرا يىگىرمە تۆت ماددىلىق بەلگىلىمە تۈزۈپ چىقىپ، بۇ يەرگە يېقىنلاشقان كېمىدىكى كىشىلەرنىڭ بۇ بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلسا قاتتىق جازاغا تارتىلماي قالمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. كوچىلارنىڭ ھەممىلا يېرىگە فىرانسىيەلىكلەر بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىش چەكلىنىدىغانلىقى، يول خېتى ئالمىغان ھەرقانداق كىشىنىڭ كاۋچۇكزارغا يېقىنلىشىشىغا بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا ئېلانلار چاپلاندى. مەھبۇسلارنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى دۇربۇن ئارقىلىق قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىنغانىدى. ئەنگلىيە ئوفىتسېرلىرى ئالتە يىلدىن بۇيان بۇ تۇرالغۇنى كۆز ئۇزمەي كۆزىتىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۆگزىدىكى ئۆمۈچۈكلەردىن باشقا ھېچنېمىنى بايقىمىدى. قاراۋۇللار بەلگە تۇغى ئارقىلىق باش ئىشتابقا «گېنېرال بوناپارت تۆت مىل پاسىلدىن چىقىپ كەتتى، بىرەيلەن ھەمراھ بولدى» دېگەندەك ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈپ تۇراتتى. پەقەت بىر كۆك بايراقلا زادى ئىشلىتىلىپ باقمىدى، بۇ بايراق ناپولېئون غايىب بولدى، دېگەندەك جىددىي ئەھۋاللارنى مەلۇم قىلىش ئۇچۇنلا تەقلەپ قويۇلغانىدى.

كاۋچۇكزار ئەتراپىدىكى تۆت مىل دائىرىدە قاشا تام، ھەر ئەللىك قەدەم ئارىلىقتا بىردىن قاراۋۇلخانا بار ئىدى، ئىمپېراتورنىڭ تۇرالغۇسى ئەتراپى كېچىلىرى تېخىمۇ قاتتىق

مۇداپىئە قىلىناتتى. ئەگەر بېرتران ئاخشىمى سائەت توققۇزدىن كېيىن چاقىرىققا بىنائەن ئىمپېراتورنىڭ ھۇزۇرىدا بولماقچى بولسا، شەمشەرلىرىنى يالىڭاچلىۋالغان ئىككى لەشكەر بىللە باراتتى. پەرماندا «شەمشەر بۇ فىرانسۇزنىڭ كۆكرىكىگە توغرىلىنىپ تۇرۇشى شەرت» دېيىلگەنىدى. ئوتتۇز يىلدىن بۇيان ئات مىنىپ ئادەتلىنىپ قالغان ئىمپېراتور ئەمدىلىكتە ئەنگلىيە ئوفىتسېرلىرىسىز پاسىلدىن چىقالماس بولۇپ قالغانىدى، ئۇلار ھەمراھ بولمىغان تەقدىردىمۇ ھەرىكىتى پەقەت سەككىز مىل دائىرە بىلەنلا چەكلىنەتتى. دەسلەپتە ئىمپېراتورنىڭ كەيپىياتى ھەرھالدا يامان ئەمەس ئىدى. بىر قېتىم ئەنگلىيە ئوفىتسېرلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ گورگۇد بىلەن بىللە قاتمۇقات توسۇقلاردىن ئۆتۈپ بىر دېھقاننىڭ بېغىغا بارغان ۋە باغنىڭ ئىگىسىگە:

— بۇگۈن بۇ يەرگە كەلگەنلىكىمنى ھېچكىمگە تىنماڭ، — دېگەنىدى.

كېيىن يەنە بىر قېتىم ئات مىنىپ سىرتقا چىقماقچى بولۇپ ھەممە تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزۈپ بولغاندا، بىللە بېرىشقا تەرەددۇتلىنىپ تۇرغان ئەنگلىيە ئوفىتسېرىنى كۆرۈپ ئەرۋاھى ئۇچتى ـ دە، بۇيرۇقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

تالادىكى ھەرىكىتىنىڭ ئازىيىپ بېرىشى نەتىجىسىدە ناپولېئوننىڭ كېسىلى ئېغىرلاپ ئۆلۈمى يېقىنلاشتى. ھەرىكىتى كەم بولغاچقا پۇتلىرى ئىششىپ كەتتى، ۋالىي پات ـ پات زىياپەت بېرىپ تۇرغاچقا، بۇ ئارالدا ھەپتە ـ ھەپتىلەپ يېگى سۇ ۋە سۈت ئۆكسۈپ قالاتتى. ئىمپېراتورنىڭ ئاشقازان كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلاپ كەتتى، بۇ بىمار ھازىر ئىشلىتىۋاتقان سەپەر كارىۋىتىدىن چوڭراق كارىۋاتقا موھتاج ئىدى، ئەمما ياتىقى بەك

تار بولغاچقا، چوڭراق كارىۋات قويغىلى بولمايتتى. شۇڭا، كىشىلەر سافا بىلەن سەپەر كارىۋىتىنى جۈپلەپ قويۇپ بەردى.
ئىمپېراتورنىڭ ۋە ھەمراھلىرىنىڭ يولى توگەپ كەتكەنىدى، يول تەلەپ قىلىپ پارىژغا ئەۋەتكەن خەتلىرىنىڭ ھەممىسى تۇتۇپ قېلىناتتى، ئامالنىڭ يوقىدىن ئۆزىنىڭ بىر قىسىم كۆمۈش قاچا - قۇچىلىرىنى تالاشتۇرۇپ ساتقىلى تۇردى. بۇ ئىشتىن بەلگە تۇغلىرى ئارقىلىق خەۋەر تاپقان ۋالىي ئارال ئەھلىنىڭ سېتىۋېلىشىنى مەنئى قىلدى، ئۆزى بولسا قول ئاستىدىكىلەرنى ئىشقا سېلىپ ئەرزان باھادا سېتىۋالدى. بۇ ۋالىي يېرىم يىلدىن كېيىن ئۆزىنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى ياۋروپالىقلارنىڭ تەنقىدلەۋاتقانلىقىنى گېزىتلەردىن بىلگەندە ئوغىسى قايناپ كەتتى ھەمدە چەكلەش پەرمانلىرىنىڭ مەزمۇننى تېخىمۇ كۆپەيتتى، شۇنداقلا مەھبۇسلارغا بۇزۇلغان گۆش ۋە ئېچىپ كەتكەن هاراق بېرىدىغان بولۇۋالدى.
ۋالىي لاۋرا خۇددى بۇ مەھبۇسنى چۆچەكلەردىكى مۇتتەھەملەردەك تېخىمۇ قىيناشنىڭ چارىسىنى ئىزدەيتتى. ۋاتېرلو ئۇرۇشىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇراسىمىدا كاۋچۇكزاردا ئالاھىدە داغدۇغىلىق كۆرەك ئۆتكۈزدى؛ ئىمپېراتورنى نائىب پادىشاھنىڭ مەۋلۇت كۈنىدە تەبرىكلەش مۇراسىمىغا چاقىردى؛ يەنە بىر قېتىم پەقەت ھىندىستان ۋالىيسى لاۋتوننىڭ رەپىقىسى بىلەن كۆرۈشتۇرۇش يۈزىسىدىنلا چاقىرتتى؛ پوچتىخانا بۇ ئارالغا يەتكۈزۈپ بەرگەن ناپولېئون مەسخىرە قىلىنىپ يېزىلغان يېڭى كىتابلارنى ئىمپېراتورنىڭ ھەمراھلىرىغىچە تارقىتىپ بەردى. ناپولېئوننىڭ بىر چوقۇنغۇچىسى ئۆز قولى بىلەن رىم پادىشاھىنىڭ ھەيكىلىنى ياساپ، ئارالغا ـــ ناپولېئوننىڭ نامىغا ئەۋەتىپ بەرگەنىدى، لاۋرا ئىچىگە ھۆججەت يوشۇرۇلغان بولۇشى مۇمكىن دېگەندەك باھانە

ـ سەۋەبلەر بىلەن قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇپ مۇسادىرە قىلدى. ئىمپېراتورنىڭ نائىب پادىشاھقا خانىشى ۋە ۋەلىئەھدىنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئەۋەتكەن خېتىنى تۇتۇپ قالدى ھەمدە بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنى قامال قىلدى. شۇ ۋەجىدىن ئىمپېراتورنىڭ شاھزادىسىنى كۆرگەن ۋېنتسىيەلىك بىر سەيياھنىڭ كاۋچۇكزارنى زىيارەت قىلىشىغىمۇ رۇخسەت قىلىنمىدى. ئاق كۆڭۈل بىر ئايال گۇندىپاي بىلەن ساداقەتمەن چاكارلىرىنىڭ ياردىمىدە بۇ بالىنىڭ بىرنەچچە تال چېچى ئەگرى ـ توقاي يوللار ئارقىلىق ئىمپېراتورنىڭ قولىغا يەتكۈزۈپ بېرىلگەندى، بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان لاۋرا دەرھال: «بەزىلەر ئىمپېراتورنى قاچۇرۇۋېتىش سۇيىقەستىدە بولۇۋاتىدۇ» دەپ ئەھۋالنى بولۇشىچە خەۋپلىك كۆرسىتىپ تەپسىلىي بىر دوكلات تەييارلىدى.

تۇرمە باشلىقى دەسلەپتە بۇ مەھبۇس بىلەن بىرقانچە قېتىم كۆرۈشكەندى.

— ئۇستەلدىكى قەھۋەنى تۆكۈۋېتىڭلار، بۇ خۇنپەر بايا ئۇستەلگە بەك يېقىن تۇرۇۋالدى، بۇنىڭدا بىر گەپ بولۇپ قالمىسۇن، — دېدى ئىمپېراتور تۇرمە باشلىقى كەتكەندىن كېيىن.

لاۋرا باشتىلا ئىمپېراتورنىڭ جېنىنى قىيىشنىڭ كويىغا چۈشكەندى، ئىمپېراتور ئاجىزلاپ قالغاندىن كېيىن بولسا ئىمپېراتور ئىشىنىدىغان ئەنگلىيەلىك دوختۇرنى يۆتكىۋەتتى. چۈنكى، بۇ دوختۇر ئۆزىنىڭ ئالدىدا بۇ بىمارنى داۋالاش ئەھۋالىدىن باشقا ئىشلارنى زىنھار تىلغا ئالمايتتى، ۋالىي شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ ئۇنىڭدىن بەك ئېھتىيات قىلاتتى. كاۋچۇكزارنىڭ ئەتراپى، شۇنداقلا پۈتۈن ئارال ۋالىينىڭ پايلاقچىلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەندى، بۇ پايلاقچىلار ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىنى

نازارەت قىلىپ تۇراتتى، ئاخىر بىرىپ بىر ـ بىرىنىمۇ پايلايدىغان بولۇپ كېتىشتى. بۇ ئۆي ئۇزاق ئۆتمەي سۇيىقەست تورىنىڭ قورشاۋىدا قالدى، بۇ ئۆينىڭ ئىچىدە بولسا يەنە بىر خىل تور ــ ئىلگىرى ئوردىدىلا باشلانغان ھەسەتخورلۇق تورى ئەدەپ كەتتى.

ھېلىقى ئەنگلىيەلىك دوختۇر ئومرا ئارالدا ئۈچ يىل تۇرغاندىن كېيىن لوندونغا دوكلات يېزىپ «بۇ ئارالنىڭ كىلىماتى ناچار، ھاۋاسى نەم بولغانلىقى، يەنە كېلىپ ئىمپېراتورنىڭ ھەرىكىتى كەم بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۇستىگە دائىم ھاقارەتكە ئۇچراپ تۇرغانلىقى ئۇچۇن جىگەر كېسەللىكى كۇنسايىن ئەدەپ كەتتى» دەپ مەلۇم قىلدى. بۇ دوكلات ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرىگە سۇنۇلدى. ئېھتىمال، نائىب پادىشاھقىمۇ سۇنۇلغان بولۇشى مۇمكىن. بىراق، ئىمپېراتور بۇنىڭلىق بىلەن ئازورىس تاقىم ئاراللىرى ياكى مۇۋاپىقراق باشقا بىرەر جايغا يۆتكەلمەستىن، بۇ قاقاس ئارالدا تۇرغۇزۇلىۋېرىپ يەنە ئۈچ يىل ئۆتتى. بۇ ھال ناپولېئوننى قامىغانلارنىڭ نامەردلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى، لاۋرا بولسا نامەردلىك بىلەن چىقىرىلغان پەرمانىنىڭ بىۋاسىتە ئىجراچىسى ئىدى. بۇ ئادەمنىڭ ئىچى قارىلىقى ۋە رەزىل سىياسىي ۋاستىسى ئۆزى تەييارلىغان بىر ھۆكۈمەت دوكلاتىدا تولۇق ئاشكارىلىنىدۇ:

ئۇنى تالا ـ تۈزدە ھەرىكەت قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلماقچىمەن، بولمىسا سەكتە بىلەن ئۆلۈشى مۇمكىن. شۇنداق بولۇپ قالسا، بىز پايدىسىز ئەھۋالدا قالىمىز. مېنىڭچە، ئەڭ ياخشىسى ئۇزاقراق داۋاملاشقان سوزۇلما كېسەل بىلەن ئۆلسۇن، شۇنداق بولغاندا ئەنگلىيەلىك دوختۇرلىرىمىز ئۇنىڭ تەبىئىي ئۆلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئىمپېراتور بۇ ئارالغا يېڭى كېلىپلا ساق ئون ئىككى بەت ئېتىرازنامە يازغان ۋە تۇرلۇك ئاساسلىرى تولۇق بايان قىلىنغان بۇ ئېتىرازنامىسىنى ياۋروپاغا ئامان ـ ئېسەن يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈمىدىدە مەخپىي يوسۇندا شايى رەختكە كۆچۈرگەنىدى. بۇ ئېتىرازنامىسىدە ئۆزىنىڭ «گېنېرال بوناپارت» دەپ ئاتىلىشىنى رەت قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتكەنىدى. چۈنكى، بۇنداق ئاتاش خەلق سايلىمى ئارقىلىق چىققان باش مەمۇرلۇق ۋە ئىمپېراتورلۇق ئورنىنى ئىنكار قىلىنغانلىقتىن باشقىچە بولمايتتى. بىراق، ئەنگلىيە تەرەپ ناپولېئوننىڭ «ئىمپېراتورغا خاس ئىمتىيازى»نى رەت قىلدى، ۋالىي ھەتتا ئىمپېراتورنىڭ فامىلىسىگە «G» ھەرپىنى قوشۇپ «گېنېرال بوناپارت» دەپ ئاتاش خىيالىدىمۇ بولدى.

ناپولېئون كىنايىلىك تىراگېدىيە شەكلىدە يەتتە ئىسىملىك بولغاندىن كېيىن يەنە سەككىزىنچى ئىسىمغىمۇ ئېرىشتى، بۇ ئىسىم تۇغۇلغان ۋاقتىدىكى ئىسىم بىلەن ئوپئوخشاش ئىدى.

بۇ مەھبۇسنىڭ جەڭگىۋارلىقى يەنە ئۇرغۇپ تاشتى. ئىلگىرى ئۆزىنى غەزەپلەندۈرىدىغان ئىشلارنى كاللىسىدىن نېرى قىلىپ تۇراتتى، ئەمدى بولسا گەپ ـ سۆزلىرىدىن مىسلىسىز ئوت چاچراپ تۇرىدىغان بولدى. كاۋچۇكزاردا ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق بەلگە سىستېمىسى بولۇپ، ۋالىي پاسىل تېمىغا يېقىنلاشسا ھامان دەرھال ئۆيىگە كىرىۋالاتتى. چاكارلىرى بولسا ئىمپېراتورنىڭ بۇيرۇقى بويىچە «يوق» دەپ يولغا سالاتتى. بىراق، بىر قېتىم قورۇ گۈللۈكىدە ۋالىي بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى، ۋالىي ئىمپېراتورغا: «تۇرمۇش خىراجىتىڭىز بەك ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ، تېجەپرەك خەجلەڭ» دېۋىدى، ئىمپېراتورنىڭ ھەربىيلەرگە خاس مىجەزى تۇتۇپ، قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى:

— تۇتامغا چىقمايدىغان بۇنداق ئىشلارنى يۈزۈمگە سىلىشقا قانداق پېتىندىڭ! سەن دېگەن گۇندىپاي، ھالىڭغا بېقىپ سۆزلە! قاراقچىلار بىلەن قاچاقلاردىن باشقا ھېچقانداق قوشۇنغا باش بولۇپ باققان ئەمەسسەن! ئەنگلىيەنىڭ ھەممە ئوفىتسېرلىرىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن. ساڭا كەلسەك، بىلىشىمچە، سەن بۇلىشېرنىڭ پۇتوكچىسى، ھېچقاچان مۇنتىزىم قوشۇنغا باش بولۇپ باقمىغان ئوغرى — قاراقچىلار كاپىتانى ئىدىڭ. ماڭا يەيدىغان نەرسە ئەكېلىپ بېرىمەن دەپ ئاۋارە بولما ئەمدى! مەن 35 — پولكنىڭلاردىكى باتۇر جەڭچىلەر بىلەن بىللە غىزالانساملا بولدى، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مەندەك بىر كونا ئەسكەرگە تاماقتىن بىر ئۇلۇش بۆلۈپ بېرىشنى رەت قىلمايدۇ! ھاياتىمنى خالىغىنىڭچە سۇندۇرۇش قولۇڭدىن كەلمەيدۇ! بۇ قاقاس ئارالدا روھىم بۇزۇلىدىكەن مەغرۇر، خۇددى ئۆز ۋاقتىدا پۇتكۇل ياۋروپا ئالدىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغاندەكلا. قولۇڭدىن ھەر بالا كېلىدۇ، نوچى بولساڭ ياكى بۇيرۇق ئالغان بولساڭ مېنى زەھەرلەۋەر!

ۋالىي لام — جىم دېيەلمەي ئارقىغا بۇرۇلۇپ ئېتىمنى چاپتۇرغىنىچە قايتىپ كەتتى. بىراق، شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئىمپېراتورنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ ھەرقانداق ئىشىغا زېرىكمەي — تېرىكمەي چات كىرىپ يۈرۈۋەردى، ئەمما ئىمپېراتور بىلەن ئىككىنچى يۈزلەشمەس بولدى. بىر كۈنى يەنە بىر قېتىم كېلىپ ئىمپېراتور بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلغانىدى، قايتا — رەت قىلىنغان بولسىمۇ، گېنېرال بوناپارتنىڭ بۇ يەردە بار — يوقلۇقىنى كۆرمىسەم بولمايدۇ، دەپ تۇرۇۋالدى. چاكارلار غوجايىنىغا ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى يەتكۈزدى، ئىشىك ئالدىدا تۇرغان ۋالىيغا ئىمپېراتورنىڭ ۋارقىراپ ئېيتقان غەزەپلىك سۆزلىرى ئاڭلاندى:

— ئۇنىڭغا ئېيتىڭلار، خۇشى تۇتقاندا كاللا كېسەر پالتىسىنى ئالغاچ كەلسۇن، بۇ ئۆيگە كىرىمەن دېسە، ئۆلۈكۈمدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كىرسۇن. تاپانچامنى ماڭا بېرىڭلار !

شۇنداق قىلىپ، ۋالىي ناپولېئون ئۆلۈپ كۆزىنى يۇمغۇچە ئارىلىقتا ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ «ئىسپات»لاشقا مۇمكىن بولمىدى.

## ئون ئىككىنچى، سۇرگۇندە ئۆتكەن كۈنلەر

ئىمپېراتور كۈندۈزىنى قىسقارتىش ئۈچۈن ھەر كۈنى ئەتىگىنى ئىمكانقەدەر ۋاقتىراق قوپاتتى. ئورنىدىن تۇرۇپ قوڭغۇراقنى جىرىڭلاتقان ھامان مارشان ئالدىدا ھازىر بولاتتى. ئىمپېراتور ھاۋا رايىنى سۈرۈشتۈرۈپ قوياتتى، ئاندىن ئۈچىسىغا ئەتىگەنلىك تېۋىت تونىنى، بېشىغا ئۇخلىغاندا كىيىپ ياتىدىغان قىزىل مادراس باشلىقنى كىيەتتى. بۇ باشلىق بىر چاغلاردا كىيىشنى تولىمۇ ئارزۇلايدىغان سەللىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن سوغۇق سۇدا يۇيۇناتتى. بەدىنىنى سۈرتۈپ قۇرۇتاتتى، ئەمما چاچقۇدەك ئەتىر يوق ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئومرا دوختۇر سالامغا كىرەتتى، ئۇلار ئىتالىيانچە پاراڭلىشاتتى. ئىمپېراتور بەزىدە بۇ دوختۇرنىڭ ئاغزىدىن ئارالدا يۈز بەرگەن ئاجايىباتلارنى ئاڭلايتتى. قەھۋە ئىچكەندە سالغۇدەك قەنت بولماي قالىدىغان چاغلارمۇ بولۇپ تۇراتتى. بىردەمدىن كېيىن گورگۇد پەيدا بولاتتى ـ دە، ئىمپېراتورنىڭ ئاغزاكى بايانىنى خاتىرىلەشكە باشلايتتى. «بىز ھازىر نەدە؟ ئەلئېھرام تۈۋىدىمۇ؟» ئىمپېراتور ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا توختىماي ماڭاتتى، بىر پارچە «مىسىر» دائىم ئۇستەلگە يېيىقلىق تۇراتتى.

ئەگەر گورگۇد ناشتىغا ئۇلگۇرۇپ كىرسە، بىللە ناشتا قىلاتتى. ئۇلار مۇداپىئە ۋە زەمبىرەك ئارقىلىق ھۇجۇم قىلىشقا دائىر مەسىلىلەر ئۈستىدە پاراڭلىشاتتى. ئىمپېراتور چۈشتىن كېيىن ئادەتتە ياتاق ئۆيىدە پاختا سېلىنغان كونا سافادا يېتىپ كىتاب ئوقۇيتتى، ئوقۇيدىغىنى ھۆكۈمەت ئاخباراتىنىڭ توپلىمى ئىدى. تولا ئوقۇپ چارچاپ كەتكۈدەك بولسا ئوقۇشلۇقىنى بىر چەتكە قويۇپ، مەشھۇر رەسسام ئېلىزابىت سىزىپ بەرگەن خانىشى بىلەن ئوغلىنىڭ رەسىمىگە قاراپ قېتىپ قالاتتى. رەسىمنىڭ يېنىدا ئاق سىرلانغان كىتاب ئىشكاپى بولۇپ، ئىشكاپقا سايىنت كىراد ئوردىسىدىن ئالغاچ كەلگەن بۈركۈت ھەيكىلى بىلەن پانار قويۇلغان، پانار بىلەن بۈركۈتنىڭ ئارىلىقىغا ئوغلىنىڭ يېرىم تەن مەرمەر ھەيكىلى قويۇلغان، تاشئەينەكنىڭ جىيەك رامكىلىرىغىمۇ شاھزادىنىڭ تۆت پارچە رەسىمى ئېسىلغانىدى، بۇنىڭدىن باشقا يوسىفىنىڭ بىر پارچە رەسىمىمۇ بار ئىدى. لېفورد ئۇرۇشىدا ئىشلەتكەن، مارى لۇئىسنىڭ ئالتۇن رەڭ ئۆرۈمە چاچلىرى باغ قىلىنغان ئالتۇن سائەت تامغا بېكىتىلگەن، يېنىغا فىرېدېرىخنىڭ قوڭغۇراقلىق سائىتىمۇ قويۇلغانىدى. بۇ بىساتلار ناپولېئوننىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ياشىغان ئاشۇ كىچىك ھۇجرىسىنى بېزەپ تۇراتتى.

ناپولېئون چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا كونىراپ كەتكەن يېشىل تونىنى كىيەتتى، مەيدىسىگە شەرەپ مېدالىلىرىنى تاقايتتى، ئاق پايپىقىنى، ئالتۇن پىستانلىق ئايىغىنى كىيەتتى، پارىژچە ئالتۇن رەڭ فورما كىيگەن مۇلازىملىرى خىزمەتكە تەق بولۇپ تۇراتتى. بۇ خانىدىكى ئۈستەلگە ناپولېئوننىڭ قوماندانلىقىدىكى ئۇرۇش مەنزىرىسى چۈشۈرۈلگەن فارفور قاچا ـ قۇچىلار قويۇلغان، بۇلاردىن باشقا يەنە بۈركۈت ھەيكىلى قوندۇرۇلغان بىرقانچە ئەينەك سائەتلىك شامدانمۇ بار ئىدى. تاماقتىن كېيىن ھەممەيلەن

مېھمانخانىغا چىقىپ، گونىنايىنىڭ دىراملىرىنى ئوقۇيتتى. ئىمپېراتورنىڭ كىتاب ئوقۇشقا ئىشتىياقى بولسىمۇ، ئۇنۇمى كۆڭۈلدىكىدەك بولمايتتى، كىملەردۇر مۇگدەشكە باشلايتتى، ئىمپېراتور بولسا:

— خانىم، ئۇخلاپ قالدىڭىزغۇ! — دەيتتى ياكى — گورگۇد، ئۇيقىڭىزنى ئېچىڭ! — دەپ قوياتتى.

— لەببەي، ئالىيلىرى، — دەيتتى ئۇلار.

بەزىدە بېرتران بىلەن شاھمات ئوينايتتى ياكى مونترو بىلەن قارتا ئوينايتتى، ئەمما ئۇزاق ئوينىمايلا دەم ئالاتتى.

— سائەت قانچە بوپتۇ؟

— ئون بىر بوپتۇ، ئالىيلىرى!

— ۋاقىت ئۆستىدىن يەنە بىر قېتىم غالىب كەپتۇق، يەنە بىر كۈن ئازىيىپتۇ.

ئىككى مىڭ نەچچە كىچە - كۈندۈز شۇ تەرزدە ئۆتتى. ئىمپېراتورنىڭ ئىتالىيە، مىسىرلارنى ئېلىپ ئىمپېرىيە قۇرۇشقا سەرپ قىلغان ۋاقتىمۇ بۇنىڭ يېرىمىغىلا توغرا كېلەتتى. ئىمپېراتور ئۇچۇن ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى كىتاب ئوقۇش ۋە ئاغزاكى بايان قىلىش ئىدى. يىگىرمە بەش يىلدىن بۇيان پۇخادىن چىققۇدەك كىتاب ئوقۇشقا ۋاقىت چىقماي كەلگەنىدى. ئىلگىرى بىر كۇتۇپخانا كەلگۇدەك كىتابلارنى ئوقۇغان ۋە ئىزاھلارنى يازغانىدى. ئەمدى نېمىلەرنى ئوقۇۋاتقاندۇ؟ ياش ۋاقتىدا ئوقۇيالمىغان كىتابلارنى ئوقۇۋاتاتتى. بۇرۇنلاردا تارىخنى تەتقىق قىلاتتى، ھازىر بولسا شائىرلارنى، بولۇپمۇ تەقدىرداش شائىرلارنى تەتقىق قىلىۋاتاتتى. ئىمپېراتورنىڭ ئۆزىلا بىر ئېپىك داستان ئىدى، باشقىلارنىڭ ئېپىك داستانىدىن ئۆزىنىڭ كۆلەڭگىسىنى ئىزدەيتتى. قىزىقىدىغان داستانلار ئىچىدە ئەڭ مۇھىم بىلىدىغىنى

«ئېلىئادا» بولۇپ، بۇ داستاننى بەزىدە تۈن نىسپىيگىچە ئۈنلۈك ئوقۇيتتى.

— ھومېرنى ئەمدى چۈشەندىم، ھومېر مۇساغا ئوخشاشلا ئۆز دەۋرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، شائىر، ناتىق، تارىخشۇناس، قانۇنشۇناس، جۇغراپىيەشۇناس، تېئولوگ (ئىلاھىيەتشۇناس...) ئىدى. مېنى ئەڭ ھەيران قالدۇرغىنى، قەھرىمانلارنىڭ ھەرىكىتى شۇ قەدەر قوپال بولسىمۇ، ئىدىيەسى شۇ قەدەر ئۇلۇغ ئىكەنلىكى.

شۇنداق قىلىپ، ناپولېئون ھومېرنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن كۆڭلىنى تىنچىتاتتى. ئىمپېراتور ئودېسسانى ئانچە ياقتۇرمايتتى، نەزىرىدە ئودېسسا پەقەت بىر تەۋەككۇلچى، ئۆزى بولسا بۇنداق تەۋەككۇلچىدىن كۆپ ئۇلۇغ ئىدى. سوفوكلېسنىڭ سۈرگۈندە ئۆتكەن ھاياتنى تەسۋىرلىگەن تىراگېدىيەسى «ئېدىپۇس»نى، ئېسكروسنىڭ تىراگېدىيەسى «ئاگامېنون»نى، مىلتوننىڭ «قولدىن كەتكەن جەننەت»نى ۋە «ئىنجىل»نى ياقتۇراتتى. گونناي بىلەن راسىن فىرانسىيە ئەدەبىياتىغا خاس ئۇسلۇبتا تەسۋىرلىگەن قەدىمىي قەھرىمانلارنى ئوتتۇز يىلدىن بۇيان ئۆزىگە ئۈلگە قىلىپ كەلگەنىدى. «سىنا» ۋە «فىلوكتېت»لارنى قايتا ـ قايتا ئوقۇيتتى. كۆۋەجەپ تۇرۇۋاتقان ئوكسىئانىيە دولقۇنلىرىنىڭ ھەيۋەت ساداسىدىن ئوسسىئاننى ئېسىگە ئېلىپ، ئوسسىئان ئەسەرلىرىنىڭ ئىتالىيانچە تەرجىمە نۇسخىسىنى ئوقۇشقا باشلىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىلگىرىكى چاغلىرىدا نەزەر كۆزىنى سېلىپمۇ قويمايدىغان، ياۋروپانىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى كىنايە قىلىنىدىغان ھەجۋىي ئەسەرلەرنى، ئالايلى، موللېرنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ ئوقۇپ چىقتى. ئاخىردا يېڭى چىققان كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى، ئەسلىمە بولۇشىدىن ياكى كىتابچە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئالاھىدە ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان

بولۇپ كەتتى.

يېڭى كىتابلارنى بېسىپ كەلگەن پاراخوتلار قىرغاققا يېقىنلاشقان چاغلاردا ئىمپېراتورنىڭ كۆڭلى تولغۇلاتتى. بارا ـ بارا ئۈچ مىڭ پارچىدىن ئارتۇق كىتاب يىغدى ۋە بۇ كىتابلىرىنى سىيدام ھەم نەمخۇش كىتاب جازىسىغا تىزىپ قويدى. ئەپسۇسلىنارلىقى، بىرلا كۆز يۈگۈرتۈشىدە ئۇن قۇرنى تۈگىتىپ، سائىتىگە بىر كىتابنى كۆزىدىن ئۆتكۈزەتتى ـ دە، پىرقىرىتىپ تاشلايتتى، ئاندىن چاكارلىرىنى كىتاب تەرگۈزۈپ پايپېتەك قىلىۋېتەتتى. ئىمپېراتور ئوقۇپ بولغان ياكى ئوقۇغۇسى كەلمىگەن كىتابلارنى ئۇدۇللۇق تاشلاپ تۇراتتى، چاكارلار بولسا تېخى ئالدىنقى كۈنلا كىتاب جازىسىدىن ئېلىپ بەرگەن كىتابلارنى ئېلىپ كېتىشكە مەجبۇر بولاتتى. دەسلەپتە كىتابلارنى بۇرۇنقى سۈرئىتىدە ئوقۇغىلى تۇرغاندى. چۈنكى، ئوتتۇز يىل مابەينىدە ھەرقانداق ئىشنى باشقىلاردىن نەچچە ھەسسە تېز سۈرئەتتە قىلىۋېتىشكە ئادەتلىنىپ كەتكەنىدى. بىراق، ھازىر ئاستىراق ئىش قىلغان ياخشى ئىدى، بۇنداق تېز ئىش قىلغىلى تۇرسا قىلىۋاتقان بىردىنبىر ئىشى پاتلا تۈگەپ قالاتتى.

ئىمپېراتور قوغدىنىش قوشۇنىدىكىلەر بىلەن خوشلاشقاندا: «ئېلىبا ئارىلىغا بارغاندىن كېيىن ئەسلىمە يازىمەن» دېگەنىدى. بىراق، ئۇ چاغدا بىكارچىلىقتا ئىچ پۇشۇقنى چىقىرىشنىڭ چارىسى سۈپىتىدە شۇنداق قىلارمەن دەپ ئويلىغانىدى، يەنە كېلىپ بىرىنچى قېتىم سۈرگۈن قىلىنغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى بىرقانچە يىلدا ئەسلىمىلىرىنى ئاغزاكى بايان قىلىپ بولدى. بۇ ئىشنىمۇ خۇددى ئۆمرىدە قىلغان باشقا ئىشلىرىنى پۈتكۈزگىنىدەك ئۈشتۈمتۇت پەيدا بولغان قىزغىنلىقنىڭ تۈرتكىسىدە پۈتكۈزدى. قولىغا بىر كىتابچە چۈشكەن بولۇپ، بۇ

كىتابچىدە ئۆزىنىڭ 1815 ـ يىلى گانادا قورۇقلۇقتا چىقىش جەريانى ئەينەن تەسۋىرلەنمىگەندى، ئەينى ئەھۋالنى دوختۇرى ئومراغا ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتىپ بەردى. ئىمپېراتور ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭغاچ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي بايان قىلاتتى ھەمدە مونتولونغا ئىشارە قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئېلبا ئارىلىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى ئىشلىرىغا دائىر بۆلەكنى تىنماي بايان قىلىپ خاتىرىلەتكۈزدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋاللارغا دائىر ئارخىپلار بۇ يەردىن ئىككى مىڭ مىلدىن ئارتۇق يىراق جايدا ئىدى، يەنە كېلىپ ۋەسىقە ـ خاتىرىلەرمۇ تولۇق ئەمەس ئىدى. ئىمپېراتور بولسا پۈتۈنلەي ئەس ـ خاتىرىسىگە ۋە ئەينى يىللاردىكىدىن قېلىشمايدىغان قىزغىنلىقتا تايىنىپلا يۈز كۈنلۈك سۈلالىگە دائىر ۋەقەلەرنى ئېقىتماي ـ تېمىتماي توپتوغرا ئاغزاكى بايان قىلىپ بەردى. ئەمما، بىردىنلا بايان قىلىشتىن توختاپ قالدى. بۇلارنىڭ ئەمدىلىكتە نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟

بىر قېتىم فىرانسىيە تۆۋەن پالاتاسىدىن كەلگەن بىر دوكلات ئىمپېراتورنى قاتتىق ھاياجانغا سالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇدا ئون تۆت سائەتكىچە توختىماي ئاغزاكى بايان قىلدى، ماجالى قالمىغان خاتىرىلىگۈچىلەر تىنماي ئالمىشىپ تۇردى. ئىمپېراتور بولسا ئۇلارنى يارامسىزلار دەپ مەسخىرە قىلىپ قويۇپ، بايانىنى داۋاملاشتۇرىۋېرەتتى. ئۇيقۇسى قاچقان بەزى ئاخشاملىرى مونتولوننى چاقىرتىپ، يېقىنقى ۋەقەلەرگە دائىر ئەسلىمىلىرىنى خاتىرىلەتكۈزەتتى.

ناپولېئون دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى غەلىبىلىرىنى بايان قىلىشقا ئەڭ خۇشتار ئىدى، شۇڭا ھەمراھلىرى:

— ئالىيلىرى، ئىتالىيە بىلەن مىسىردىكى تارىخىي پاكىتلارنى بايان قىلىشىڭىز بولاتتى، — دەپ تەكلىپ بەردى.

ئىمپېراتور بايانىنى باشلىۋەتتى. ھېچكىممۇ، جۈملىدىن

ئۆزىمۇ شۇنىڭغا دىققەت قىلمىغانكى، ئىشلارنى گويا ياۋروپادىكى يېڭى دىن مۇخلىسلىرى ئوتتۇرىسىدىكى، ئەمەلىيەتتە ئىمپېراتور بىلەن كىنەزلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئوتتۇز يىللىق ئۇرۇشنى بايان قىلىۋاتقاندەك بىر تەرزدە بايان قىلماقتا ئىدى. خۇددى ئەينى يىللاردا ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ تەسەۋۋۇر شادلىقىغا چۆمگەن ھەمدە كەڭ زېمىننى تىزگىنلىگەن چاغلىرىدىكىدەك، شۇ تاپتىمۇ گويا بىر توپ سەركەردە ـ لەشكەرلىرى ئالدىدا تۇرىۋاتقاندەك كەيپىياتتا ئاخىرغىچە خىزمىتىدە بولىۋاتقان كىشىلىرى بىلەن ئۆز ۋاقتىدىكى ئۇرۇش تەپسىلاتلىرىنىڭ پەيزىدىن تەڭ بەھرىمەن بولماقتا ئىدى. ئۇياقتىن ـ بۇياققا توختىماي ماڭاتتى، سىرتتىكى ئاۋازلار، كىشىلەرنىڭ پاراڭلىرى خاتىرىلىگۈچىلەرنىڭ دىققىتىنى بۆلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىمپېراتورنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ھاياجانلانغان چاغلىرىدا نەپىسى تېزلىشىپ كېتەتتى.

— بۇ «ئىلىئادا»دىنمۇ كاتتا بولۇپ كەتتى، — دەپ تۈزلىنۋەتتى لاسكاس ناپولېئوننىڭ ئاكى ئۇرۇشى توغرىسىدىكى بايانلىرىنى خاتىرىلەپ بولغاندىن كېيىن.

— ھىم! ئۆزۈڭنى ئوردىدا كۆرۈۋاتامسەن! — دېدى ئىمپېراتور لاسكاسقا قاراپ شەيتانلىق بىلەن چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويۇپ، — بۇ بابنى قايتا ـ قايتىلاپ يىگىرمە قېتىم يازسامۇ قانائەت ھاسىل قىلىشىم ناتايىن.

ئىمپېراتور بۇ گەپنى خۇشامەت قىلغۇچىلارغا تەنە قىلىپ ئېيتقان بولۇپ، بۇ بابنى زادىلا ئۆزگەرتىش خىيالىدا ئەمەس ئىدى. ھەمراھلىرى بۇ قېلىن خاتىرە ئارگىنالىنى قايتا ئوقۇپ بەرگەندە ئاز ـ تولا ئۆزگەرتىپ قويدى، خالاس.

بىراق، ۋاتېرلو ئۇرۇشى ھەققىدىكى بايانلىرىنىڭ خاتىرە

ئارگىنالىنى يېنىش ـ يېنىشلاپ ئۆزگەرتتى. گەرچە تارىخىي، ئوبيېكتىپ پوزىتسىيەدە شۇنچە سوغۇققانلىق بىلەن ئويلانغان بولسىمۇ، ئۆز تەقدىرىنى بەلگىلەپ قويغان بۇ ئۇرۇشنىڭ تەكتىگە زادىلا يېتەلمىگەنىدى، شۇڭا يېڭى ـ يېڭى ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى تاپماقچى بولاتتى. ئىمپېراتورغا ھېسداشلىق قىلىدىغان بەزى ئەنگلىيە ئوفىتسېرلىرى بۇ ئارگىنالنى ئارالدىن مەخپىي ئېلىپ چىقىپ ياۋروپا قۇرۇقلۇقىغا يەتكۈزۈپ بېرىشكە ماقۇل بولغانىدى. شۇڭا، ناپولېئون ياۋروپالىقلارغا ئەنگلىيەنىڭ غەلىبىسىنى خۇنۇك كۆرسىتىش ئۈچۈن ۋاتتېرلو ئۇرۇشىنى كۈچىنىڭ بارىچە بوياپ تەسۋىرلىدى. بىراق، ناپولېئوننى «بۇ ئىش تولىمۇ ئازابقا قويدى !»

بۇ ئەسلىمىلەردە بەزى خاتا خاتىرىلەرمۇ بار ئىدى، بۇ ھەرگىزمۇ ناپولېئوننىڭ ئەستە تۇتالماي ئازغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ تارىخىي ئورنىنى كۆچەيتمەكچى بولغانلىقىدىن ئىدى. يەنە كېلىپ بۇ خاتالىقلارنى ئۇنچە مۇھىم خاتالىق دەپ كەتكىلىمۇ بولمايتتى، ئەلۋەتتە. ناپولېئوننىڭ تەسۋىرلىگىنى ئاساسەن ئۆزى ئىز قالدۇرغان تارىخ بولغاچقا، چوڭ ـ چوڭ پاكىتلارنى ئويدۇرۇپ چىقىرالىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئىمپېراتور ئەسلىمىلىرىنى بايان قىلىشتىن پاتلا يالتىيىپ قالدى. بىرقانچە ھەپتىلا داۋاملاشقان 1800 ـ يىلىدىكى ئۇرۇشنى ئەسلىدە بىرقانچە ھەپتە ئىچىدە ئاغزاكى بايان قىلىپ خاتىرىلىتىپ بولماقچىدى، ئۇزاق ئۆتمەيلا توختىتىۋېلىپ، بۇ ۋەزىپىسىنى گورگۇدقا تاپشۇرۇپ، رۇسىيە ئۇرۇشىغا دائىر ماتېرىياللارنى توپلاشقا بۇيرۇدى. بىراق، 1812 ـ يىلىدىكى ئۇرۇشنى بېشىدىن كەچۈرگەن بۇ گېنېرال ئۇرۇش توغرىسىدىكى كىتابلارنى ئەمەس، ئەنگلىيەلىكلەر يازغان ئىمپېراتورنىڭ ھاياتى توغرىسىدىكى بىر كىتابنى كېرەكلىك ماتېرىياللارغا ئېرىشىش

تەمەسىدە بىرلىپ ئوقۇپ تەتقىق قىلىشقا باشلىدى. ئىمپېراتور شۇ چاغدا گورگۇدنىڭ يېنىدىلا ئىدى، ئەگەر گورگۇد ئۆز تۇرالغۇسىدىن ئۈچ ئۆينى ئاتلاپ ناپولېئوننىڭ تۇرالغۇسىغا كىرگەن بولسا، ناپولېئون گورگۇدنى بۇ ئۇرۇشقا دائىر بارلىق تەپسىلاتلار بىلەن تەمىنلىگەن بولاتتى.

ناپولېئوننىڭ ئىدىيەسى غايىدىن رېئاللىققا ئەمەس، رېئاللىقتىن غايىگە قاراپ ھەرىكەتلىنەتتى. ناپولېئون پارىژدىن كەلگەن بىر خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىنتايىن جايىدا پىكىر قىلدى ھەمدە بىر قاتار مالىيە سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. مۇشۇ قاقاس ئارالدا، مۇشۇ كەپىسىدە تۇرۇپ تاشقى دۇنيانىڭ ساداسىغا ـــ گەرچە بۇ سادا ئۆزىگە چىقىرىلغان چاقىرىق بولمىسىمۇ، بېرىدىغان جاۋابى بارا ـ بارا غايىب بولار بولسىمۇ ـــ جاۋاب قايتۇردى. ئىمپېراتور ئۇرۇش سەنئىتى توغرىسىدا بىر كىتاب يازماقچى بولدى ـ يۇ، ئاخىرقى ھېسابتا يالتايدى.

ـــ مەغلۇپ گېنېراللار ئۆز مەغلۇبىيىتىنى مېنىڭ ئۇرۇش پىرىنسىپىمنى قوللانغانلىقىغا دۆڭگەپ قويۇشى مۇمكىن، ـــ دەپ چۈشەندۈرگەنىدى ناپولېئون بۇنىڭ سەۋەبىنى، ـــ سەرخىل ئوفىتسېرلارنى تەربىيەلەپ چىقالايمەن، ئوقۇتىدىغان بولسام، ئوبدان ئۇستاز بولالايمەن. بىراق، ھەرگىزمۇ ئۇرۇش پىرىنسىپىمنى كىتاب قىلىپ چىقارمايمەن.

ناپولېئون ئەزەلدىن ھەرقانداق نەزەرىيەۋى ئۇرۇش ئىلمىگە ئىشەنمەيدىغان، تەجرىبىسى مول، پۇرسەتنى تۇتۇشقا ماھىر كىشى ئىدى.

بەزىدە مەسلەكداشلىرىنىڭ يىغلىشى ۋە كىشلەرنىڭ يوقلاپ كېلىشى بىلەنمۇ ئىمپېراتورنىڭ كۆڭلىرى قىسقىرايتتى. ئەنگلىيەلىك سەييياھلار، ئالىملار ۋە دوست مۇستەملىكە

ئەرباپلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلاتتى. چۈنكى، ئۇلار ياۋروپاغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئىمپېراتورنىڭ ئۆتكۈرلۈكىگە مەدھىيە ئوقۇيتتى، بۇنداق خەۋەرلەرنىڭ كەڭ تارىلىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. دەرۋەقە، لاسكاس ياۋروپاغا قايتىپ بېرىپ زىيارەت خاتىرىسى ئېلان قىلغاندىن كېيىن ياۋروپا جامائەتچىلىكىدە ئىمپېراتورغا قارىتا يېڭى تونۇش پەيدا بولغانىدى.

— ۋايىساشلىرىڭلار پۈتۈن ياۋروپاغا ئاڭلانسۇن! مەن ھەرگىز ھال ئېيتمايمەن، — دېدى ئىمپېراتور. ئارقىدىن سىرلىق قىلىپ بىر جۈملە سۆزنى قوشۇپ قويدى، — ئېغىز ئاچسام بۇيرۇق چۈشۈرىمەن، بۇيرۇق چۈشۈرمىسەم ئېغىز ئاچمايلا قويىمەن.

ئىمپېراتور زىيارەت قىلىپ كەلگۈچىلەرگە قىزىق - قىزىق يېڭىلىقلارنى سۆزلەپ بېرەتتى. ئۆز ۋاقتىدىكى ۋاتتېرلو ئۇرۇشى مەزگىلىدە كېيىنكى فىرانسىيە دېڭىز قىرغىقىدا توختىغان ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ بىر گېنېرالى ئىمپېراتورغا شۇ چاغدا ۋېللىڭتون ياردەمچى قوشۇن يېتىپ كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن بارلىق ئەنگلىيە قوشۇنلىرىنى كېمىگە چىقىپ چېكىنىشكە تەييارلىنىشقا بۇيرۇغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئىمپېراتور ھەمراھلىرىدىن زىيارەت قىلىپ كەلگەن دۈشمەن گېنېراللىرىنىڭ قايتىشىدا بەكمۇ ھاياجانلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندا، ئىنقىلابچىغا خاس مەغرۇر بىر ۋەزىندە دېدى:

— ئېنىقكى، ئۇلار بىزگە تەۋە ئىدى، ئەنگلىيەنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىلىك تەبىقىسىدىن كېلىپ چىققان بۇ كىشىلەر تەكەببۇر ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كۆشەندىسىدۇر.

ئارىلدا ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان ئەنگلىيە ھەربىيلىرى ئىمپېراتورغا تولىمۇ ئەقىدە قىلاتتى. ئارالدا قورۇقلۇققا چىقىپ

بىر ـ ئىككى كۈنلا تۇرغان ئەنگلىيە ماتروسلىرى كېچىلىرى ئىمپېراتورنىڭ ئۆيى ئەتراپىدا ئەگىشىپ يۈرۈشەتتى. پۇرسەتلا بولسا گۈل تۇتقىنىچە ئالدىدا پەيدا بولاتتى ـ دە، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي كېكەچلەپ كېتىشەتتى. ئىمپېراتور قىزغىنلىق بىلەن ئۇلارنىڭ مۇرىسىگە شاپىلاقلاپ قوياتتى. ئارالدا تۇرۇشلۇق قوشۇن نۆۋەتتە تۇشۇپ قايتىشىدا خۇددى ئۇلار فىرانسىيە قوشۇنىدەك، ئۆزى بولسا ئۇلارنىڭ ئالىي قوماندانىدەك بارلىق كوماندىر ۋە جەڭچىلەرنى قوبۇل قىلاتتى. لەشكەرلەر يېرىم چەمبەر ھالەتتە رەتكە تىزىلىپ تۇراتتى، ئىمپېراتور ئۇلاردىن «ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقانلىقىڭلارغا قانچە ئۇزاق بولدى، ياردار بولدىڭىزمۇ؟» دېگەندەك سوئاللارنى سورايتتى.

ــ 53 ـ پولكىڭلار ماڭا بەك يارايدۇ، سىلەردىن خۇش خەۋەر ئاڭلاپ تۇرۇشقا خۇشتارمەن، ــ دېگەندى بىر قېتىم، ــ گېنېرال بېكخام، بۇ باتۇر جەڭچىلەر سىز بىلەن خەيرلىشىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ، چوقۇم قىيمايۋاتىسىز. كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، خانىمىڭىز چوقۇم سىزگە بودرۇققىنا بېكخام تۇغۇپ بېرىدۇ.

بۇ گەپ بىلەن لەشكەرلەر كۈلۈشۈپ، بېكخام قىزىرىپ كەتتى. ئەتىسى ئەتىگىنى لەشكەرلەر بۇ مەھبۇسنىڭ ھۆرمىتىگە ئۈچ قېتىم توۋلاپ تەنتەنە قىلىشتى، ئۈچ ئايدىن كېيىن بۇ ۋەقە پۈتۈن ياۋروپاغا تارقالدى.

ئىمپېراتور پەقەت بىر قېتىم مەيدىسىگە ئىزناك تاقىۋالغان بىر كاپىتاننىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئىزناكتىكى «ۋىكتورىيەنىڭ غەلىبىسىدىن خاتىرە» دېگەن خەتنى ئوقۇدى ـ دە، كاپىتاننى تاشلاپ، باشقا بىر مېھمىنىنىڭ ئالدىغا كەتتى.

ئەنگلىيەنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىمۇ ئۆز پادىشاھلىرى قىزىققانلىقى ئۈچۈنلا بۇ ئارالغا ۋەكىل ئەۋەتكەنىدى، ئەمما بۇ

مەھبۇس ئۇلارنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلدى. ئوكېئانىيەنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بۇ ئارالدا نەچچە يىل تۇرۇپمۇ بۇ مەھبۇس بىلەن كۆرۈشۈشكە نائىل بولالمىغان بۇ ئەپەندىلەر بىكارچىلىقتا بۇ ئارالنى ھىيلە ـ مىكىر مەركىزىگە ئايلاندۇردى. ئىمپېراتور فىرانسىيە پادشاھى لۇئىس X Ⅷ نىڭ بۇ خەتەرلىك سابىق ئىمپېراتورنى نازارەت قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئالاھىدە ئەۋەتكەن ۋەكىلى ــ فىرانسىيەلىك ماركىز بىلەنلا كۆرۈشۈپ تۇراتتى. فىرانسىيەدىن بوربون كىنەزىنىڭ قەتل قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر يېتىپ كەلگەندە، گېنېرال بوناپارت كونا ئاقسۆڭەكنىڭ پۇشتى بېرتران ئارقىلىق ئاقسۆڭەكنىڭ قازاسىغا تەزىيە بىلدۇردى، بۇ تازىمۇ قىزىق بىر ئىش بولغانىدى.

ئىمپېراتور كېيىنكى چاغ ۋاقىتلاردا ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان تۈرلۈك ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئۆز كۆڭلىنى خوش قىلاتتى. بىر كۈنى چاكارلىرى تۇرىدىغان راۋاقتا شوتا بىلەن يامىشىپ چىقتى. چۈنكى، بۇ يەرنى بەك رەتلىك سەرەمجانلاشتۇرۇلغان دەپ ئاڭلىغانىدى. ئۇ يەردە كىيىم ئىشكاپىنى ئاچقۇزۇپ، ئۆزىنىڭ شۇنچە جىق كىيىمى بارلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. بۇ كىيىملەرنىڭ ئىچىدە باش مەمۇر بولغان چاغلىرىدا كىيگەن (لىئون شەھىرى سوۋغا قىلغان) تونى، ۋاگرام ئۇرۇشى مەزگىلىدە كىيگەن يېپىنچىسى، مارىنگو ئۇرۇشى مەزگىلىدە كىيگەن پەلتوسىمۇ بار ئىدى. ئىمپېراتور بۇ كىيىملىرىگە بىرپەس قاراپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن زوۋان سۇرمەي شوتىغا دەسسەپ يېنىپ چۈشتى.

بۇ مەھبۇس ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە ۋاقىت ئۆتكۈزۈشنىڭ كويىدا يۈرگەن ئاشۇ كۈنلەردە ھالى ئۆزىدىنمۇ بەتتەر، ئۆزىدىنمۇ خار بىچارىنى ئۇچراتمىغاندىمۇ؟ شۇنداق بىرىنى ئۇچراتقان، ئەلۋەتتە. بۇ ئارالدا دوبىياس ئىسىملىك بىر قۇل بولۇپ، مالاي

مىللىتىدىن ئىدى. ئۇ قۇلنى ئۆز ۋاقتىدا باشقىلار تۇتقۇن قىلىپ بۇ ئارالغا ئېلىپ كېلىپ سېتىۋەتكەنىكەن. ئىمپېراتور دوبىياسنىڭ گۇللۇكتە ئىشلەۋاتقىنىنى دائىم كۆرەتتى، بەزىدە ئۇنىڭ بىلەن يولدا ئۇچرىشىپمۇ قالاتتى، بۇنداق چاغلاردا ھەر قېتىم بىرەر تىللا بېرەتتى، قۇل بولسا تىلىنى قايرىپ يۇرۇپ چالا ئىنگلىز تىلىدا:

— رەھمەت، ياخشى ئەپەندىم، — دەپ ھەشقاللا ئېيتاتتى.

— ۋاي بىچارە! — دەيتتى ئىمپېراتور ھەمراھلىرىغا. شۈبھىسىزكى، بۇ سۆزلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنىمۇ يورۇتۇپ بەرگەنىدى، — رەزگىلەر بۇ بىچارىنى بالىچاقىسىدىن، يۇرت ـ ماكانىدىن ئايرىپ بۇ ئارالغا قۇل قىلىپ سېتىۋېتىپتۇ، بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر گۇناھ بارمۇ؟

ئىمپېراتور كېيىن بۇ قۇلنى يەنە بىر قېتىم ئۇچراتقاندا، ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ كېتىۋاتقان لاسكاسقا مۇنداق دېدى:

— ئادەم دېگەنغۇ بىر بىچارە ماشىنا! بىراق، ئادەملەرنىڭ سىياقى بىر ـ بىرىگە ئوخشىسىمۇ، روھى ئوخشىمايدۇ. بۇ نۇقتىنى چۈشەنمىگەن كىشى نۇرغۇن خاتالىقتىن خالىي بولالمايدۇ. دوبىياس ئەگەر برۇتۇس بولغان بولسا ئىدى، بۇرۇنلا ئۆلۈۋالغان، ئەگەر ئىسو بولغان بولسا بۇ چاغقىچە ۋالىي بولۇپ قالغان بولاتتى. ئەگەر چىن ئىخلاسمەن خىرىستىيان بولغان بولسا، كىشلەر ئۇچۇن بەخت تىلەر ئىدى. بىراق، باشقا بىرى ئەمەس، بەربىر بىچارە دوبىياس ـ دە. شۇڭا تىز پۈكۈپ ياۋاشلىق بىلەن ئىشلەشنىلا بىلىدۇ، — ئىمپېراتور يولغا ماڭغاچ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — دەرۋەقە، بىچارە دوبىياستىن پادىشاھ رىچارتقىچە بولغان ئارىلىقتىكى مۇساپە بەك ئۇزۇن. بىچارىنى بۇ يەرگە ئەكېلىش ئۆتۈپ كەتكەن ئىپلاسلىق. ئۆز ۋەتىنىدە بالىچاقىسى، دوست ـ يارانلىرى، ئۆزىگە تونۇشلۇق

تۇرمۇشى بولغىيدى، بۇ ئارالغا ئۆمۈرلۈك قۇل قىلىپ سېتىۋېتىشىپتۇ، نېمىدېگەن ئېغىر گۇناھ بۇ ! ...

ئىمپېراتور بىردىنلا سۆزىدىن توختاپ قالدى، لاسكاسقا قاراپ:

— كۆزىڭىزدىن چىقىپ تۇرۇپتۇ، بۇ ئارالدا ئازاب ـ ئوقۇبەت چېكىۋاتقىنى يالغۇز دوبىياسلا ئەمەس، دەپ ئويلاۋاتىسىز، — دېدى.

لاسكاس بېشىنى لىڭشىتتى. بۇ چاغدا ياشلاردەك ھاياجانلىنىپ كەتكەن ئىمپېراتور يولىنى داۋام ئەتكەچ قايناپ كەتتى:

— بۇ سېلىشتۇرۇشىڭىز پۈتۈنلەي ئاساسسىز. دۇرۇس، ئۇلار بىزگە بۇنىڭدىنمۇ ئۆتە دەھشەتلىك سىياسىي زۇلۇم سېلىۋاتىدۇ. بىراق، بىز ھەرھالدا بۇنداق زۇلۇمنىڭ ئىپسىل سۈپەت قۇربانلىرىدىنمىز... پۈتۈن دۇنيا بىزگە كۆز تىكىپ تۇرۇۋاتىدۇ ! بىز ئۆچمەس ئۇلۇغۋار ئىشلار يولىدىكى شېھىتلەرمىز ! مىليونلاپ خەلق ھازىمىزنى ئاچىدۇ، ۋەتەن قارىلىقىمىزنى تۇتىدۇ، شۆھرەت روھى بىز ئۈچۈن قايغۇرىدۇ. بىز بۇ يەردە تەڭرىنىڭ بىزگە تاڭغان زۇلمىغا قارشى كۈرەش قىلىۋاتىمىز. بۇ مۇشكۇلات ئالدىدا قەھرىمانە جاسارىتىمىزنى نامايان قىلىمىز ھەم شانۇ شەۋكەت قۇچىمىز... ئەگەر ھاكىمىيەتنى قولۇمدا تۇتقان پېتىم ئوردىدا ئالەمدىن ئۆتكەن بولسام، مەڭگۇ يېشىلمەس بىر سىر بولۇپ قېلىشىم مۇمكىن ئىدى. ئەمدى بولسا تەختى ـ بەختىم قولۇمدىن كېتىپ مۇشۇنداق بىچارە ھالدا قالدىم، كىشىلەر شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەسل ـ ۋەسلىمنى ئېنىق كۆرۈپ مۇناسىپ باھا بېرەلەيدۇ.

ئىمپېراتور كېيىن بۇ قۇلنى غوجىسىنىڭ قولىدىن سېتىۋالدى ھەمدە يۇرتىغا قايتۇرۇپ، بالىچاقىلىرى بىلەن جەم قىلماقچى بولدى، بىراق ۋالىي قوشۇلمىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، «روشەنكى، گېنېرال بوناپارت ئۆڭى، ئىرقى يات خەلقنىڭ

كۆڭلىنى سېتىۋېلىپ، سان دومىنگودەك نېگىر جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش غەرىزىدە بولغان.» شۇنىڭ بىلەن ۋەتىنىدىن يىراق بىر يات ئەلدە قۇل بولۇپ تۇرۇۋاتقان دوبىياس ئاتلىق بىر قۇل ئىمپېراتورغا ئوخشاشلا بۇ ئارالدا مەڭگۈ مەھبۇس بولۇپ قېلىۋەردى.

## ئون ئۈچىنچى، ئانا مېھرى

ياشنىپ قالدىم، ئىككى مىڭ مىل يولغا بەرداشلىق بېرىش ـ بېرەلمەسلىكىمنى بىلمەيمەن. بىراق، يولدا ئۆلسەممۇ مەيلى، ھېچبولمىغاندا ساڭا يېقىنراق يەردە ئۆلەرمەن.

ياۋروپادىن يېزىلغان بۇ خەت بىر يىل ئۆتكەندە ساينىت خېلىنا ئارىلىغا يېتىپ كەلدى. ئىمپېراتور ئاپىسىنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان بۇ تونجى خېتىنى تونىيا بىلىپ قولىدىن چۈشۈرمەي يېنىش ـ يېنىشلاپ ئوقۇدى. بىراق، ھۆكۈمرانلار لاتسىيەنىڭ ئىمپېراتورنى يوقلاپ بېرىشىنى چەكلىدى. چۈنكى، ئۇلار بۇ مومايىنىڭ بىر ئامال قىلىپ ئوغلىنى قۇتقۇزۇپ چىقىشىدىن ئەنسىرەپ قالغانىدى. لاتسىيەمۇ باللىرى بىلەن بىر قاتاردا فىرانسىيەدىن ھەيدەپ چىقىرىلىپ ئىككىنچى قېتىم يۇرت ـ ماكانسىز قالغانىدى، تونجى قېتىملىقى كورسكا ئارىلى ئەنسىزچىلىك ئىچىدە قالغان نۇرغۇن يىللار ئىلگىرىكى ئىش ئىدى. بۇ قېتىم بولسا ئوغلى ياۋروپادا مەغلۇپ بولغاچقا ۋەتەنسىز قالغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا رىمدا تۇرغان، ئۇ يەردە پاپانىڭ ئەخلاقىي ياردىمىگە ئېرىشكەنىدى. ئوغلىنى ساغلاملىقىغا پايدىلىقراق بىر جايغا يۆتكەش يولىدا تۈرلۈك چارە ـ ئاماللارنى قىلىپ باقتى، گەرچە رۇسىيە چار پادىشاھى بۇ

قارالمىغا قوشۇلغان بولسىمۇ، خابىسبۇرگ بىلەن ئەنگلىيەنى ناپولېئوننى ئۆلۈمگە ئىتتىرىش نىيىتىدىن ياندۇرۇشقا ھېچكىم قادىر ئەمەس ئىدى. ھەرقايسى ئەل ھۆكۈمرانلىرى ئىمپېراتورنىڭ ئاپىسى ۋە ئاكا ـ ئۇكىلىرىنىڭ، سىڭىللىرىنىڭ ئارالغا ــــ ئىمپېراتورغا پۇل ئەۋەتىپ بېرىشىگىمۇ رۇخسەت قىلىشمايتتى.

ھەرقايسى ئەل ھۆكۈمرانلىرى ياسېن شەھىرىدە يىغىلىش ئۆتكۈزۈۋاتقاندا، بۇ ئانا شۇ يەرگە يىغىلغان پادىشاھ ـ كىنەزلەرگە: «ئوغلىنىڭ پىراقىدا قەلەم بىلەن تەسۋىرلەپ بولماس دەرىجىدە ئازاب تارتىۋاتقان بىر ئانىنىڭ ئىلتىجاسى شۇدۇركى، بۇ يەرگە يىغىلغان بارلىق پادىشاھ ئالىيلىرى، كىنەز جانابلار شۇ ئانىنى ئۇزاقتىن بۇيانقى ئارزۇسىغا يەتكۈزۈپ، ياشاش ئۈمىدىنى يېلىنجاتقان بولسا ئىكەن. بۇ قېتىمقى يىغىندا ئىمپېراتور ناپولېئوننىڭ قامىلىشىغا دائىر ئىشلار مۇزاكىرىگە قويۇلماي قالماس، كۆڭۈل ـ كۆكسۈڭلارنىڭ كەڭلىكى، ھوقۇقۇڭلارنىڭ چەكسىزلىكى ۋە ئۆتكەن كۈنلەر توغرىسىدىكى ئەسلىمەڭلارنىڭ تەسىرى بىلەن يۈز ـ خاتىر قىلىپ بولسىمۇ بىر پادىشاھقا ھۆرلۈك بەرسەڭلاركەن. تەڭرىدىن، شۇنداقلا تەڭرىنىڭ ئەركىسى بولمىش ھەرقايسىڭلاردىن ئوغلۇم ئۈچۈن نىجاتلىق تىلەپ دۇئا قىلىمەن. دۆلەت مەنپەئىتىنىڭ چېكى بولىدۇ، ئالدىنقىلارنىڭ بۈيۈك ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلغۇچى كېيىنكى پادىشاھلار ئۇلۇغ ئىستېلاچىلارغا ھۆرمەت كۆرسەتكەن بولساڭلار ئىكەن» دەپ ئىلتىماس سۇندى. بىراق، ئانىنىڭ بۇ ئىلتىجاسى جاۋابسىز قېلىۋەردى.

ئىمپېراتورنىڭ كېيىن خەۋەر تېپىشىچە، پادىشاھلار لاتسىيەگە «كورسىكادا غەلىيان كۆتۈرۈش غەرىزىدە نەچچە مىليون فىرانك پۇل چىقىرىپتۇ، فىرانسىيەدە كىشىلەرنى سېتىۋېلىش

ئۇچۇن تەرەپ ـ تەرەپتە قاتراپ يۈرۈپتۇ» دەپ تۆھمەت چاپلىغانمىش. پاپامۇ تىگىتىگىلاپ پاكىتنى ئىنىقلاش ئۇچۇن باش كاتىپىنى بۇ مومايىنىڭ قېشىغا ئەۋەتكەنمىش، لاتسىيە ئەلچىگە:

— پاپا ھەزرەتلىرىگە يەتكۈزۈپ قويۇڭ، پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭمۇ قۇلىقىغا يەتكەي، راستلا خەقنىڭ ئېيتقىنىدەك شۇنچە جىق پۇلۇم بولىدىغان بولسا ئوغلۇم ئۇچۇن ھىمايىچى سېتىۋېلىپ ئولتۇرمايتتىم. ئوغلۇمنىڭ ھىمايىچىلىرى ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە شۇ پۇلغا بىرەر گازارما سېتىۋېلىپ، ناھەقچىلىكتە قالغان ئوغلۇمنى ئارالدىن قۇتقۇزۇپ چىقاتتىم، — دېگەنمىش.

ئاپىسىنىڭ شۇنداق ۋەزىنلىك سۆزلەرنى قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان ئوغلى ئىچ ـ ئىچىدىن پەخىرلىنىپ بېشى كۆككە تاقاشقاندەك بولۇپ كېتىدۇ ـ دە! بىراق، ئىمپېراتور ئاپىسىنىڭ ئاۋستىرىيەلىك بىر ئاقسۆڭەكنى ئۇزاتقاندا ئېيتقان ئاغرىنىشلىرىدىن بىخەۋەر ئىدى:

— كېلىنىم نېمىشقا ھازىرغىچە ساينىت خېلېنىغا بېرىپ ئېرىگە ھەمراھ بولماي، ئىتالىيەدە لاغايلاپ يۈرىدىغاندۇ.

ئىمپېراتورنىڭ باشقا سەيياھلىرىچۇ؟ ئۇلار قايسى قۇياشنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىۋاتقاندۇ؟ بۇ تەتۈر پېشانە مەھبۇس گېزىتلەردىن بۇ ھەقتە يېڭى خەۋەرلەرنى بىلدى.

لۇسىئان بىلەن يوسېف ئامېرىكا قىتئەسىگە كېتىپتۇ، ئۇزاق ئۆتمەي ژېروم-مۇ بېرىپتۇ، ئۇلار ئىلگىرىكى گىراف مەرتىۋىسىنى ساقلاپ تۇرۇۋېتىپتۇ. ئىسپانىيەدىكى ئىنقىلابچىلار ئۆزلىرىنىڭ سابىق پادىشاھى يوسېفنى ھىمايە قىلىپ مېكسىكىغا پادىشاھ قىپتۇ. بۇ خەۋەردىن ۋاقىپلانغان ناپولېئون ئاجايىپ ھاياجانلىنىپ كەتتى.

— يوسېف چوقۇم قوبۇل قىلمايدۇ. چۈنكى، يوسېف

راھەتپەرەس بولغاچقا، پادىشاھلىق تاجىنى كىيدىم دەپ يۈكىنى يەنە بىر قېتىم ئېغىرلىتىۋېلىشنى زىنھار خالىمايدۇ. ئىسپانىيە تەۋەلىكىدىكى ئامېرىكا قىتئەسى مەسىلىسى مۇشۇنداق ھەل قىلىنىدىغان بولسا، ئەنگلىيەنىڭ تەلىپى ئوڭدىن كەلگىنى شۇ. چۈنكى، ئەگەر يوسېف مېكسىكىغا پادىشاھ بولسا، مۇقەررەركى، فىرانسىيە ۋە ئىسپانىيە بىلەن ئادا ـ جۇدا بولۇشىدۇ، بۇ مېنىڭ مەسىلەمنىڭ ھەل بولۇشى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق ئىدى. چۈنكى، يوسېف ماڭا كۆيۈنىدۇ، ھەربىي كۈچ ئارقىلىق ئەنگلىيەنى ماڭا تۇتقان پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلايدۇ. ئەپسۇس، پادىشاھ بولۇشنى چوقۇم قوبۇل قىلمايدۇ.

ئىمپېراتور سۈرگۈن قىلىنغان تۈنجى يىلى خۇددى سوپۇن كۆپۈكچىلىرىدەك ياندىشىپ ئۆتۈپ كەتكەن پۇرسەتلەردىن ئۈمىد كۈتۈپ ئاغزىنى تەمشىتىپلا قالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ناپولېئوننىڭ قالغان قېرىنداشلىرىدىن ھېچقانداق خەۋەر بولمىدى، پەقەت ژېرومېلا ئۇزاقراق ياشىدى، ناپولېئون ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئوردىغا كىرىپ ـ چىقىپ يۈرىدىغان بولدى. بىراق، ئىمپېراتورغا ئۇلاردىن زادىلا خەت كەلمىدى. كارولىنا ئاپىسىدىن پۇل سورىغانىدى، ئاپىسى لاتسىيە: «مېنىڭ بارلىقىم ئىمپېراتورغا مەنسۇپ. چۈنكى، بارلىق تەئەللۇقاتىمنى شۇ بەرگەن» دەپ قەتئىي رەت قىلدى. لاتسىيە لۇسىئانغا يازغان خېتىدە: «پادىشاھلىقتىن قالغان ئادەم يەنىلا ئەيش ـ ئىشرەتلىك ياشايمەن دېسە كۆلكىگە قالىدۇ. ئۇزۈك بارماقتا بېزەك بولىدۇ، ئۇزۈك ئېلىۋېتىلسە بارماق ئۆز پېتى قېلىۋېرىدۇ» دېگەنىدى. ئېۋگېن بىلەن پاۋلىنا مارمېسون قورۇقىدا تۇرغان چاغلىرىدىكىدەكلا شۇ كومېدىيەسىنى يەنە ئوينىدى.

ھالبۇكى، يەنە بەزى خەۋەرلەر ئىمپېراتورنى ئېغىر دەردكە

مۇپتىلا قىلدى. بېرنادوت پادىشاھ بولغان، دېسىرې — ناپولېئوننىڭ ياشلىق دەۋرىدىكى مەشۇقى ئاخىر خانىشلىق تاجىنى كىيگەنىدى. دېسىرېمۇ ئۇزاق ياشىدى، ھەتتا ئىككىنچى ئىمپېرىيەنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش نېسىپ بولغانىدى. ۋالېۋسكا ئېرى ۋاپات بولغاندىن كېيىن يەنە بىر فىرانسۇز ئاقسۆڭەككە ياتلىق بولغانىدى، ئىمپېراتور ئۇنىڭدىن ئاغرىنمىدى. ۋالېۋسكانىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ۋالېۋسكاغا ۋە ئوغلىغا قىلغان خەيرخاھلىقلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، مەمنۇنىيەت بىلەن:

— چوقۇم باياشات ياشاۋاتىدۇ، — دېدى.

بىراق، گورگۇد ھاماقەتلىك قىلىپ ئىمپېراتورنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئايالغا ھەر ئايدا ئون مىڭ فىرانك بەرگەنلىكىنى تىلغا ئالغاندا، ئىمپېراتور ئوڭايسىزلىنىپ كېتىپ:

— قانداق بىلىۋالدىڭىز؟ — دېدى.

پادىشاھ مۇرات بىلەن مارشال نېي ئېتىۋېتىلدى، ئىمپېراتور ئۇلارنىڭ شۇم تەقدىرىدىن ۋايساپمۇ كەتمىدى، پەقەت «كابرىيىدىمۇ قۇرۇقلۇقتا چىققان بارمۇ، ھاماقەتلىك قىپتۇ» دەپ مۇراتتىن ئاغرىنىپ قويدى، خالاس. ئىمپېراتور بوربون ھاكىمىيىتىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان مارمېنتقىمۇ كەڭ قورساقلىق بىلەن باھا بەردى:

— مارمېنت ماڭا يۈز كېلەلمەيدۇ، ئىلگىرى تولىمۇ ياخشى كۆرۈپ كەتكەنىكەنمەن. ئۇغو ئۇسال نەرسە ئەمەس ئىدى، خەقنىڭ قايمۇقتۇرۇشى بىلەنلا مەندىن مېھرى ئۈزۈلگەن. ئەسلىدە شۇنداق قىلسام ۋەتىنىمنى قۇتقۇزۇپ قالىمەن دەپ ئويلىغان، شۇڭا ئاشۇنداق ساراڭلىق قىلغان گەپ. بۇنداق نومۇستا قالغىنىدىن كۆرە ئۆلۈۋالغىنى تۈزۈك ئىدى. ئىنسان دېگەن شۇنداق نېمە ئىكەن.

ئەمەلىيەتتە، دەل شۇ مارمېنت بۇ مەھبۇسقا پايدىلىق بارلىق تەدبىرلەرنى بېسىپ كەلگەندى. پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا بوربونغا قارشى كەيپىيات كۈنسايىن ئەۋج ئېلىۋاتقان، قىلچە سالاھىيىتى توشمايدىغان قاچقۇن كونا خانپەرەسلەر، يېڭى ئاقسۆڭەكلەر يۇقىرى مەرتىۋىنى ئىگىلىۋالغان، ئۇزاقتىن بۇيان چەت ئەلدە تۇرۇپ كەلگەن، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئېپىنى بىلمەيدىغان بىر راھىب دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇۋاتقان، بىرلا دوملاپ پىرولېتارىياتنىڭ داھىيسى بولۇۋالغان پېشقەدەم لىبېرالىست رافالىيېت كۆلۇبلاردا، ھەتتا مەكتەپلەردە كۈچ توپلاپ، بولۇپمۇ ئىنقىلاب قوزغاپ، چەت ئەللىكلەر قولتۇقىدىن يۆلەپ تىكلىگەن بوربون ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن ئارمىيە ئىچىدە «كەلگۈسى ئىستىقبالغا ئىگە شەخس»لەرنى قولغا كەلتۈرۈۋاتقان، بىر قىسىم رادىكال ئۆلكىلەر ناپولېئون III نى ھىمايە قىلىپ تىكلەپ ئۈچ رەڭ بايراقنى ئېسىشقا جىددىي تەييارلىق كۆرۈۋاتقان بىر چاغدا ناپولېئوننىڭ ئاشۇ قەدىناس سەپدىشى قوزغىلاڭنى دەھشەتلىك باستۇرغان ۋە شۇ ئەجرى ئۈچۈن ۋەزىرلىككە ئېرىشكەندى.

ئىمپېراتور گېزىتلەردىن لۇئىس X VIII نىڭ پارلامېنتنى تارقىتىۋەتكەنلىكى، ئورلېئانغا ياكى ناپولېئونغا مايىل بەزى پارلامېنت باشلىقلىرىغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئوقۇپ تۇراتتى.

— ۋادەرىخا، مۇشۇنداق بىر چاغدا بۇ نەس باسقۇر يەردە قاملىپ قالغىنىمنى كۆرمەمدىغان! ئىنقىلابنىڭ بېشىدا كىم تۇرار! مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان باتۇرلارنى دار ئالدىدىن كىم قۇتقۇزار؟

ئىمپېراتور ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق ئەنە شۇنداق ھەسرەتلىك

ئويلار بىلەن بولۇپ ئۆيدىن چىقماي بىكىنىۋالدى. ئەتىسى بولسا ئىلىبا ئارىلىدىكى كەچۈرمىشلىرى ئۈستىدە قىزغىن پاراڭغا چۈشتى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، بىر كۈنى بىرقانچە چەت ئەل كېمىلىرى بۇ ئارالنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالغانىدى. ئەنگلىيە كېمىلىرى ئۇلارنىڭ كەينىگە كىرىۋالدى، گۇلدۇرلەپ توپ ئېتىلىپ بىر كېمىگە توپ ئوقى تەگدى، ئېتىلغان توپ ئوقىنى ساناپ تۇرۇشقان كىشىلەر نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمىدى. ئىمپېراتور خەۋەر ئۇقۇشۇشقا ئادەم ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ھېچنېمىدىن خەۋەر تاپالمىدى.

— بىز كىم؟ — دېدى ئىمپېراتور ئەتىسى، — سىلەر ئۈچۈن ئۆزنەك ئىكەنلىكىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، سىلەردىن ياخشىراق يېرىم يوق. ئەگەر ئامېرىكىدا بولۇپ قالغان بولسام قورۇقۇمدىن باشقا ھېچنېمىنى ئويلىمىغان بولار ئىدىم.

بىراق، ئىمپېراتور ھەرگىزمۇ ئامېرىكىغا بارمايتتى.

— بۇ يەردە ئازاب - ئوقۇبەت چەكمەستىن ئامېرىكىغا بېرىپ، يوسىپ بىللە بىلەن تۇرىدىغان بولسام، مېنى ھېچكىم ئەسكە ئالمايدۇ، ئىشلىرىممۇ شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ، ئادەم دېگەن شۇنداق نەرسە. ئېھتىمال، يەنە ئون بەش يىل ياشارمەن. ئەمما، مۇشۇ يەردە ئۆلۈشۈم كېرەك. پېشانەمگە پۈتۈلگەن فىرانسىيە مېنى ۋەتەنگە چاقىرتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

بۇنداق ئۈمىد ئاساسسىز ئەمەس. ئىنگلىزلارمۇ شۇنداق ئويلاپ، ئىمپېراتورنىڭ قېچىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بۇ مەھبۇسقا قارايدىغان ئارالدا تۇرۇشلۇق قوشۇننىڭ ئەسكىرىي سانىنى بۇرۇنقى ئىككى يۈز كىشىدىن كۆپەيتىپ ئۈچ مىڭغا يەتكۈزدى، ھەر يىللىق چىقىمىنىمۇ كۆپەيتىپ سەككىز مىليون فىرانكقا يەتكۈزدى. شۇنداق ئەھۋالدىمۇ بۇ مەھبۇسنىڭ قېچىپ كېتىش ئېھتىماللىقى يەنىلا مەۋجۇت ئىدى. چۈنكى،

ئارالدىكى بارلىق لەشكەرلەر گېنېرال بوناپارت تەرەپتە تۇراتتى. بىر قېتىم رىئو دې ژانېيىرودىن كەلگەن ئالتە نەپەر ئەنگلىيە ئوفىتسېرى چۆكمە پاراخوت بىلەن ئىمپېراتورنى ئېلىپ قېچىش غەرىزىدە بولغانىدى، ئەمما بايقىلىپ قېلىپ قولغا ئېلىندى. يەنە بىر قېتىم ھىندىستانغا ماڭغان ساياھەت پاراخوتىنىڭ ئىككى كاپىتانى بۇ ئارالدا قۇرۇقلۇققا چىققاندىن كېيىن، ئىمپېراتورغا قانداق قىلىپ قېچىپ چىقىش توغرىسىدا مەسلىھەت كۆرسەتتى. ئىمپېراتور كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئاخىردا ياخشى كۆڭلىنى ئۆزرە ئېيتىپ رەت قىلدى. ئىمپېراتور بىر كۈنى گورگۇد بىلەن خىزمەت قىلىۋاتقاندا مونترو ئۆيگە ئۇسۇپ كىرىپ، يەنە بىر سائەتكىچە ئۆتىدىغان بىر كىشىلىك يول خېتىنى قولغا چۈشۈرگەنلىكىنى، ئىمپېراتورنىڭ دەرھال بىر قارارغا كېلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى. مونترو كېيىن يازغان ئەسلىمىسىدە مۇنداق قەيت قىلىدۇ:

بىرەيلەن پەقەت بىر مىليون فىرانك چىقارساقلا، ئىمپېراتورنى بۇ ئارالدىن يوشۇرۇن ئېلىپ چىقىپ ئامېرىكىغا يەتكۈزۈپ قويىدىغان ئادەم بار، پۇلنى ئامېرىكىدا قىرغاققا چىققاندىن كېيىن بەرسەڭلارمۇ بولىدۇ، ئىمپېراتور ماقۇل بولسىلا ئىش پۈتىدۇ، دەپ تەكلىپ بەردى. ئەپسۇسكى، بۇ يەردە بۇ پىلاننىڭ تەپسىلاتىنى يەنىمۇ ئېنىقراق ئەسكەرتەلمەيمەن، تەكلىپ بەرگۈچىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغدىمىسام بولمايدۇ. ئىمپېراتور مېنىڭ بايانىمنى ئاڭلاپ ئۆتكەندىن كېيىن ئويغا پاتقىنىچە زۇۋان سۈرمەستىن ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. گورگۇدتىن پات - پات سوئال سوراپ تۇراتتى ھەمدە بىزدىن پىكىر ئالاتتى. ئەمما، ئۆزى پىكىر بايان قىلمايتتى. ئاخىرىدا «بۇ تەكلىپنى ئۆزرە بىلەن رەت قىلىمەن!» دېدى.

نىمىشقا؟

فىرانسىيە شۇ چاغدا داۋالغۇش ئىچىدە ئىدى، بۇ ھال ئىمپېراتورنىڭ ئارالدا قېلىش قارارىغا كېلىشىگە تۈرتكە بولغانىدى، ئۆزىگە زىيادە ئىشىنىپ، خەلق رايىنىڭ ئۆزىگە مايىل بولۇشىدىن ئارتۇقچە ئۈمىد كۈتۈپ كەتكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە پورتقا كىرگەن بىر پاراخوت گۇدۇك چېلىۋىدى، ئىمپېراتور ھەمراھلىرىغا:

— بۇ پاراخوت بىزنى قايتۇرۇپ ئەكېتىدىغانلىقى توغرىسىدا خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلگەن بولسا كېرەك. ئەگەر نائىب پادىشاھ ئۆلسە، ياش ئەنگلىيە خانىشى بىزنى ئەنگلىيەگە ئەكېتىشى مۇمكىن. چۈنكى، خانىش مېنى ساينىت خېلېنا ئارىلىغا سۈرگۈن قىلىشقا ئىزچىل قارشى تۇرۇپ كەلگەن، — دېدى.

كېيىن پارىژدا يېڭى ئىنقىلاب پارتلىدى، ھەممەيلەن «فىرانسىيە ئىمپېراتورنى قايتۇرۇپ ئەكېتىشى مۇمكىن» دەپ غۇلغۇلا قىلىشتى، ئىمپېراتورمۇ بۇ پىكىرگە مايىل ئىدى، ئەمما باشقىچە يەكۈن چىقاردى:

— ئۇلار مېنى ئېلىپ كەتسە نېمە قىلدۇرماقچى؟ يەنە ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلدۇرارمۇ؟ يەنە شۆھرەت قازىنالايمەنمۇ؟ نۇرغۇن شۆھرەتكە ئېرىشتىم. ئوغلۇمنىڭ نام - شۆھرىتى ئۈچۈن بولسىمۇ بۇ يەردە قېلىۋەرگىنىم تۈزۈك. ئەگەر ئەيسا كىرېستكە مىخلانمىغان بولسا، تەڭرىنىڭ ئوغلى دەپ ئاتالمىغان بولاتتى. مەن قۇربان بەرسەم ئوغلۇمنىڭ تەختنى قولغا كەلتۈرۈشىگە ئىمكانىيەت تۇغۇلىدۇ، شۇ چاغقىچە ئۆمرى بولسىلا.

ناپولېئون ئۆز سۇلالىسىگە، ئۆز نەسەبىگە شۇنداقمۇ كۈچلۈك رىشتە باغلىغانىدى، بولۇپمۇ مەپكۇرىسى پىشىپ يېتىلگەندىن كېيىن نەسەبىنى، سۇلالىسىنى تۆھپە يارىتىپ شۆھرەت قازىنىش

يولىدىكى ھەرىكەتلىرىدىنمۇ بەكرەك ئۆلۈغلىدى.

ناپولېئوننىڭ ۋۇجۇدىدا ئۇمىد ئۇچقۇنى ئۈزۈكسىز ئۆلگىيىپ يېلىنجاپ تۇراتتى ۋە پىداكارانە روھ ئۇرغۇپ تۇراتتى. بىراق، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كۆڭلىرى بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ئۆتمەكتە ئىدى. ھەمىشە مەيۈسلىنەتتى، شۈبھىلىنەتتى، كىچىككىنە ئىشلارغىمۇ چىچىلاتتى. بۇنداق چاغلاردا كۆرۈشكىلى مېھمان كېلىپ قالسا، كۆرۈشۈشنى قەتئىي رەت قىلىپ:

— ئۆلگەن ئادەم مېھمان قوبۇل قىلمايدۇ دەپ قويۇڭلار، — دەيتتى.

بەزىدە كېچىدە كېلىپ قالغان پوچتا يوللانمىلىرىنى كۆرسىمۇ بىردىنلا ئاچچىقى تۇتۇپ كېتەتتى.

گورگۇد بەزىدە ئىمپېراتورنى ئاخشىمى شادلىنىپ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن ھالدا كۆرگەن بولسا، ئەتىسى ئەتىگىنى ئاغزاكى بايانىنى خاتىرىلەپ بەرگىلى كەلگىنىدە مەيۈس بىر ھالدا كۆرەتتى.

— ئۇلار ئوغلۇمنى قانداق تەربىيىلىشەر؟ ئۆز دادىسىدىن نەپرەتلىنىشنى ئۆگىتىشەرمۇ؟ تازىمۇ ئىپلاسلىقتۇ بۇ! — دەيتتى ئىمپېراتور ھەسرەت ۋە نەپرەت بىلەن.

## ئون تۆتىنچى، خاپىلىقتىن شادلىق

كۆڭلەرنىڭ بىكارچىلىق ۋە زېرىكىشلىك ئىچىدە ئۆتىۋېرىشىگە ئەگىشىپ كەيپىياتى بارغانسېرى ناچارلىشىپ كەتكەن ئىمپېراتور خۇددى كۆپ يىل رېمونتسىز قالغان ئاككوردىيوننىڭ ئىچكى تونى بۇزۇلۇپ چالغىلى بولماس بولۇپ قالغىنىدەك بىر ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى.

ئىلگىرى ئىمپېراتور ئىدى، نېمىشقىمۇ «سادىق ۋەزىر -

ۋوزرالىرىم ئازلاپ كەتتى، دۈشمەنلىرىم زىيانكەشلىك قىلدى»
دەپلا ئىمپېراتورلۇقىدىن ۋاز كەچكەن بولغىيدى؟! دەسلەپتە
ئۆزىنىڭ گېنېرال دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ قالغىنىغا، قانۇنسىز
نەزەربەند قىلىنغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ ئوردا مۇراسىمىغا
خاس سەلتەنەتى بىلەن سىرتلارغا چىقاتتى، بۇنداق چاغلاردا ئالتە
ئات قوشۇلغان پەيتونغا چۈشەتتى، پەيتونىنىڭ ئىككى يېقىدا
قورال ـ لىق چەۋەندازلىرى مۇھاپىزەت قىلىپ ماڭاتتى،
ھەمراھلىرى گېنېرال فورمىسى ياكى ئوردا كىيىملىرى بىلەن
سالامغا كېلەتتى؛ ئىمپېراتور سوئال سورىمىغۇچە ھېچكىم
ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالمايتتى؛ قورۇدا سەيلە قىلغان چاغلىرىدا
ئۆزى چاقىرمىغۇچە ھېچكىم يېقىن يولاشقا پېتىنالمايتتى؛
مېھمان كېلىپ قالسا، ھەممىشە پۇتىغا ئۆتۈك كىيىپ، يېنىغا
شەمشەر ئېسىپ يۈرىدىغان كانۇيىي خەۋەر قىلاتتى. بىر قېتىم
مونتولون خانىم كىرگەندە گورگۇد ئىجازەتسىز ئورنىدىن
تۇرغانىدى، ئىمپېراتور «قائىدە ـ يوسۇنغا خىلاپلىق قىلدىڭىز»
دەپ كايىپ كەتتى.

ناپولېئون بۇ يەردىكى جىمى ئىشنى مەسخىرە قىلاتتى،
گورگۇدنى «مارشالىم» دەپ چاقىراتتى ياكى داستىخان ئۈستىدە:
— مەن ھەزرىتى پاپانىڭ چوقۇندۇرۇشىغا نائىل بولغان
كاردىنالمەن، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھەرقايسىڭلارغا باستېرلىق
ئۇنۋانى بېرىشكە ھوقۇقلۇقمەن! — دەپ ۋارقىرايتتى ئۈنلۈك
ئاۋازدا.

بىر كۈنى «بۇزۇق يۇرت كاتتىلىرى» دېگەن ئەسەرنى ئوقۇپ
چىققىنىدىن كېيىن دوستلىرىنى شۇ كىتابتىكى پېرسوناژلارغا
ئوخشىتىپ مازاق قىلدى. بۇ چاغدا گورگۇد يۈرىكىنى قاپتەك
قىلىپ بۇ كىتابتىن ئالىيلىرىمۇ ئۆزىنىڭ كۆلەڭگىسىنى
تاپالايدۇ دېۋىدى، ئىمپېراتور دەرھاللا:

— ھە، نېمىشقا ئەمدى؟ — دەپ سورىدى.

— چۈنكى، سىز ئاۋۋال جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى ھىمايە قىلغانىدىڭىز، ئارقىدىن ئىمپېراتور بولدىڭىز.

— گېپىڭىز ئورۇنلۇق. بىراق، ئەڭ ياخشى جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنىڭ ئۆزى ئىمپېرىيە تۈزۈمىدۇر!

ناپولېئون ئېپىفانىيە بايرىمى كۈنى (6 ـ يانۋار) باللار ئۇچۇن تورت پىشۇرغۇزدى. بىرەيلەن ئارال ۋالىيسىنىڭ «چىققىمىڭلار ئېشىپ كەتتى، ئارالدا گۆش باھاسى ئۆسۈپ قىرىق فىرانكقا يەتتى» دېگەنلىكىنى ئېيتىۋىدى، ئىمپېراتور كۈلۈۋەتتى:

— شۇمۇ گەپ بولدىمۇ! بىرمۇنچە تاجنى سېتىپ، شۇنىڭ پۇلىغا ئالدۇق دەپ جاۋاب بەرسىڭىز بولاتتى.

ئىمپېراتور ھېچقاچان مۇنداق كۈچلۈك ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ باققا ئەمەس ئىدى. بىر ـ تىران ئىمپېراتورغا ئېتىبار بەرمىدىڭلار دەپ ئاغرىنىپ، باش ۋالىيغا نوتا تاپشۇرغانىدى، باش ۋالىي بولسا جاۋابنامىسىدە «بۇ ئارالدا قانداقتۇر ئىمپېراتورنىڭ بارلىقىدىن خەۋىرىم يوق ئىكەن» دەپ جاۋاب بەردى. ئىمپېراتور ئاشۇ قۇرلارنى ئوقۇۋاتقىنىدىمۇ ئۆزىنى ئېغىر ـ بېسىق تۇتۇپ، تەلەتىنى ئۆزگەرتىپمۇ قويمىدى، ئاندىن ئات تەييارلاشقا بۇيرۇدى. گورگۇد بولسا ئاتنى كۆرمىگىنىگە ئۇچ كۈن بولۇپ قالغانلىقىنى، تاقىچىنىڭ ئۇچ ناپولېئون (مېتال پۇل نامى، بىر ناپولېئون يىگىرمە فىرانكقا تەڭ) بەرمىگۈچە ئاتنى بەرمەيمەن دەپ تۇرۇۋالغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئىمپېراتور بۇ گەپنى ئاڭلىغىنىدىمۇ ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ ھېچنېمە دېمىدى. ئەمما ئەتىسى گورگۇدقا ئاچچىقلاپ:

— نېمىشقا تاقىچىنىڭ گېپىنى شېپى كەلتۈرۈپ مېنى ھاقارەتلەيسىز! — دەپ توۋلاپ كەتتى.

تۇنۇگۇن ئادەتتىن تاشقىرى سەۋر ـ تاقەت قىلىپ ئاچچىقىغا هاي بەرگەن بولسىمۇ، ئەمدى ئويلىغانسىرى غەزىپى قايناپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالدى. گېپىنى ئوڭشاپ قىلىشنى بىلمەيدىغان بۇ كانۋىيىنىڭ ئاشۇ گېپى بىلەن پەيدا بولغان ئاچچىقى ئۆز ۋاقتىدا ئاۋستىرىيەنىڭ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماي يۈز ئۆرۈگەنلىكىنى بىلگەن ۋاقتىدىكىدىن قېلىشمايتتى.

بەزىدە بۇ جەنۇبلۇق ھەربىينىڭ قەلبىدە قىساس ئوتى ئۆلگىيىپ كېتەتتى. بىر قېتىم داستىخانغا بىر تەخسە بۇزۇلغان پىششىق گۆش كەلتۈرۈلگەنىدى، پەقەت:

— بۇغۇ ماڭا ھېچ گەپ ئەمەس. كۆنلەرنىڭ بىرىدە بۇ يەردە تارتىۋاتقان خورلۇقلىرىمىز جاھانغا ئاشكارا بولۇپ، مۇتتەھەملەرگە تىل ـ ئاھانەت يېغىپمۇ قالار! — دەپلا بولدى قىلدى.

ناپولېئون هازىر ئۆزۈكسىز يېتىلدۈرۈۋاتقان يۈكسەك روھىي پەزىلىتى ئارقىلىق تۇغما ئىسيانكارغا خاس خاراكتېرىنى پەسەيتىشكە ئۇرۇناتتى.

— بۇ يەردە ئېغىر بېسىم ئاستىدا ياشاۋاتىمەن، پۈرژىنام شۇ ئېغىر بېسىمدا قاتتىق سوزۇلدى ـ يۇ، ئۈزۈلۈپ كەتمىدى. ئۆزۈكسىز ماسلىشىپ بېرىش ئەقىل جۇملىسىدىندۇر، روھنىڭ ھەقىقىي غەلىبىسىدۇر.

جاهان بىلەن سىغىشمايدىغان بۇ مۇستەبىت ئاشۇ ئەقلىيە سۆزى ئارقىلىق ئۆز ھەرىكىتىنى چەكلەپ تۇراتتى.

— بەختسىزلىكنىڭ يەنە بىر ياخشى تەرىپىمۇ بولىدۇ: بەختسىزلىك بىزگە ھەقىقەتنى ئۆگىتىدۇ... — دېدى ئۇ، ئاندىن — ھەممە ئىشنى، تارىخنى پەيلاسوپلارنىڭ نەزىرىدە كۆزەتمەكتىمەن، دەپ — قوشۇپ قويدى.

ناپولېئون ئەمدى كۆز ئالدىدىكى ئىشلارغا ئېغىر ـ بېسىقلىق

بىلەن قارايدىغان بولدى. بۇ ئارالغا كەلگەن دەسلەپكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە گۈزەل بىر ئىنگلىز چوكان بىلەن بىللە سەيلىگە چىققانىدى، ئۇلار ھەر خىل تېمىدا — ھاۋانىڭ تېرىلگە يەتكۈزىدىغان زىيىنى ھەققىدە، ئۇسسىئون ھەققىدە، ئېكىنزارلىق ھەققىدە پاراڭلىشىپ كېتىۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا ئېغىر يەشىكلەرنى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان بىرقانچە نېگىر ئۇلارنى ياندىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى.

— نېرى مېڭىش! — تىللىدى چوكان ئاچچىقى بىلەن.

— ئويلاپ كۆرۈڭ، خانىم، ئۇلار ئېغىر يۈكنى ئۆشنىگە ئارتىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى ئىمپېراتور بۇ چاغدا.

خانىم بۇ گەپ بىلەن تولىمۇ ئوڭايسىزلاندى، ناپولېئون بوناپورت بۇ ئارالغا سۈرگۈن قىلىنىپ كېلىشتىن ئىلگىرىكى چاغلىرى بولغىنىدا ھەرگىزمۇ كىشىگە خەيرخاھلىق قىلىپ مۇنداق گەپنى قىلمىغان بولار ئىدى.

ئىمپېراتور ۋالىيغا قېيىداپ ئاز - تولا تېرە تاراقشىتىپ قويغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا تۇرمۇشتا ئىنتايىن قانائەتچان، ئاددىي - ساددا ياشايتتى، ھەتتا كىچىككىنە بىر لىيىتېنانت چاغلىرىدىكىدىنمۇ غورىگىل ياشايتتى. بىرمەھەل يېگۈدەك نەرسىمۇ قىسىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئاشپىزى پۇرچاقتىن باشقا تائام تاپالمىدى، ئىمپېراتور بولسا شۇ پۇرچاق قورۇمىسىنىمۇ مەززە قىلىپ يەپ، ئاشپەزنى «قولۇڭ تەملىك ئىكەن» دەپ ماختاپ كەتتى.

— پارىژدىمۇ ھەر كۈنىمنى پەقەت ئون ئىككى فىرانك بىلەنلا ئۆتكۈزەتتىم، چۈشلۈك تاماقىمغا بىر يېرىم فىرانك خەجلەيتتىم، ئاندىن قىرائەتخانامدا بولاتتىم، — دەيتتى يەنە، — ئاخشىمى بىلەتتى ئەرزان ئورۇندا ئولتۇرۇپ تىياتىر كۆرەتتىم، ئولتۇرغان ئۆيۈمنىڭ ئايلىق ئىجارىسى پەقەت يىگىرمە فىرانكلا

ئىدى، پەقەت بىر خىزمەتكارلا ياللىسام كۇپايە ئىدى، ھال ـ كۇنى ئۆزۈمگە ئوخشاش كىشىلەر بىلەنلا باردى ـ كەلدى قىلىشاتتىم. ھەرقانداق ئەھۋالدىمۇ خۇشال ئۆتىۋېرەتتىم. ئاپام بۆشۈكۈمنى تەۋرىتىپ ئېيتقان ئەللەي ناخشىسىدا كەلگۈسۈمنى زادىلا تىلغا ئالمىغانىكەن. «بوناپورت ئەپەندى»نىڭ «ئىمپېراتور ناپولېئون»غا ئوخشاشلا شادىمان ئۆتىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل. چۈنكى، ھاياتتا ھەممە نەرسە نىسپىي بولىدۇ.

بىر قېتىم دوختۇرى ئومرا تۇيۇقسىزلا ھوشىدىن كەتتى. ھوشىغا كەلگىنىدە بولسا، خىزمەتكارلىرىنىڭ ئەمەس، ناپولېئوننىڭ ئۆز قولى بىلەن ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. ئىمپېراتور بۇ دوختۇرىنى كۆتۈرۈپ كارىۋىتىغا ياتقۇزۇپ، ياقىسىنى يېشىۋېتىپ، يېنىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئاچچىقسۇ ئىچكۈزدى.

كورسىكالىق چاكىرى جىبرىئاننى سەكراتتا چۈشۈپ قالغاندا، ئىمپېراتور دوختۇردىن:

— ئەگەر ئۆزۈم يوقلاپ ئالدىغا بارسام، ئۆلۈم گىردابىدىن قايتىپ كېلەرمۇ، — دەپ سورىدى.

— ئۇنداق قىلىدىغان بولسىڭىز، زىيادە خۇشال بولۇپ كېتىپ بولسىمۇ ئۆلۈپ كېتىدۇ، — دېدى دوختۇر.

— ئەمىسە، بارمىغىنىم ياخشى ئىكەن.

ناپولېئون قارتا ئويناپ نۇرغۇن پۇل تاپتى، ئۇتقان پۇللىرىنى ئارالدىكى چىرايلىق بىر ئايال قۇلنىڭ ھۆرلۈكىنى تىلىۋېلىش ئۈچۈن يىغىپ قويۇپتى. ناپولېئون بەزىدە ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، شاھانە ئورۇندۇقىنىڭ ۋادىكىنى يېنىك ئىرغىتاتتى.

— بىزنى قاقاس بىر ئارالغا ئاپىرىۋەتكەن بولسىكەن دەيمەن، ئۆزۈم تاللىغان سەرخىل ئىككى مىڭ لەشكەر بىلەن زەمبىرەكلەرنى ئېلىپ بېرىپ، شۇ يەردە شانلىق بىر ئىمپېرىيە

بەرپا قىلالىتتىم ھەمدە ئاشۇنداق بىر نەمۇنىلىك ماكاندا ئۆمرۈمنى ئۆتكۈزەتتىم. ئۇ يەردە ۋاقتى ئۆتكەن چىرىك ئىدىيەلەرگە تاقابىل تۇرىمەن دەپ ئولتۇرۇشۇمنىڭمۇ ھاجىتى بولمايتتى، — دېدى بىر قېتىم چۈشەكەۋاتقاندەك بىر تەرزدە. ئاندىن تەپسىلىي پىلان تۈزگىلى تۇردى، شۇنداق بىر ئىمپېرىيە قۇرۇش ئۈچۈن قانچىلىك پۇل ۋە ئەشيا كېتىدىغانلىقىنىمۇ ھېسابلاپ چىقتى.

بۇ كىشىنىڭ ھەيكەلتىراش ئۈزۈكسىز ئۆلگىيىپ بارىدىغان تەسەۋۋۇرلىرى ئىچىدە ياشايتتى، ئۆز ھەرىكىتىدە ئىپادىسىنى تاپىدىغان باتۇرانە ساددىلىقى ئاشۇ تەسەۋۋۇرىغا قوشكىزەك ئىدى. بۇ ئارالغا كەلگەن دەسلەپكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە لاسكاس بىلەن بىللە ئاتلىق سەيلىگە چىققانىدى.

«بىر دېھقان قوش تارتىۋاتقان تېرىم يەرگە كەلدۇق، ئىمپېراتور ئېتىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، دېھقانىنىڭ قولىدىن ساپالنى ئېلىپ، شۇنداق تىز سۈرئەتتە تۈز ھەم ئۇزۇن بىر چۆنەك تارتتىكى، كىشىنىڭ ئىشەنگۈسىمۇ كەلمەيتتى، — دەپ يازىدۇ لاسكاس كېيىنكى ئەسلىمىسىدە، — ئىمپېراتور ئىشنى تۈگەتكۈچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى، ئاندىن مېنى ھېلىقى دېھقانغا بىر ناپولېئون تەڭگە بېرىشكە بۇيرۇدى. بىز ئاندىن يولىمىزغا راۋان بولدۇق.»

بۇ بۈيۈك ياۋروپا ئىمپېراتورى ئىنگلىزلار بۇ قاقاس ئارالغا ئەكېلىپ قويغاندىن كېيىن قىلغان ئىشلىرىغا ئوخشاشلا ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ كىندىكىدىكى بۇ خىلۋەت ھەم ئۇنۇمسىز يەرگە ئاشۇنداق ئۇسۇلدا مۇقەددەس قۇت تىلىگەنىدى، يۈز يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە ناپولېئون ئۆز قولى بىلەن تىلىغان ئاشۇ ئۇنۇمسىز يەر خۇددى ئۆز ۋاقتىدا كۆڭلىگە ئارام بەخش ئەتكەن ياۋروپا زېمىنىدەك مول ھوسۇللۇق مۇنبەت ئېكىنزارغا ئايلاندى. شۇ چاغدا ھەيرانلىق بىلەن بىر چەتتە قاراپ تۇرغان ھېلىقى دېھقان بۇ تۇتقۇن ئىمپېراتورنىڭ رەسمى چۈشۈرۈلگەن

ھېلىقى ئالتۇن ناپولېئون تەڭگىنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ساقلىدى ھەمدە ئەۋلادلىرىغا تەۋەررۈك قىلىپ قالدۇردى.

## ئۇن بەشىنچى، ئەڭ چوڭ دۈشمىنىم ئۆزۈم

«مەغلۇبىيىتىمنى باشقىلاردىن ئەمەس، ئۆزۈمدىن كۆرىمەن، ئەڭ چوڭ دۈشمىنىم ئۆزۈم، پاجىئەلىك تەقدىرىمنىڭ باش جىنايەتكارىمۇ ئۆزۈم.» بۇ ناپولېئوننىڭ بۇ يەرگە سۈرگۈن قىلىنىپ كەلگەندىن كېيىنكى ئەڭ چوڭقۇر تونۇشى ئىدى. بۇ تونۇشى ئۆزىنىڭ قىران چاغلىرىدىكى قەدىمدە ئۆتكەن ئىمپېراتور قەيسەرچە تەسەۋۋۇرىدىن تامامەن خالاس بولغانلىقىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. ئەگەر ناپولېئون تەقۋادار خىرىستىيان بولغىنىدا ئۆمرىنى مۇشۇ قاقاس ئارالدا تۇۋا – ئىستىغپار ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزگەن بولار ئىدى. ھالبۇكى، تۇغما دەھرىي بولغاچقا، تەڭرىگە ئەمەس، ئۆزىگىلا ئىشىنەتتى. شۇڭا، دۇنيادا ناپولېئوننى بويسۇندۇرالايدىغان ئۆزىدىنمۇ قۇدرەتلىك كۈچنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلمايتتى.

بايىقى سۆزلىرى ئىچ پۇشۇقىدا ئېيتقان سۆزلىرىمۇ ئەمەس ئىدى. ناپولېئون ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا دائىم سىرداشلىرىغا ئۆز سەۋەنلىكلىرى ۋە خاتالىقلىرىنى ئېيتىپ بېرەتتى، ھازىر بۇ ئارالدا ئۆز – ئۆزىنى تەكشۈرۈپ ئېيتىدىغان بۇنداق سۆزلىرى كۆپىيىپ قالغانىدى.

— كۆزۈمنى يۇمسىلا ئۆتكەنكى خاتالىقلىرىم خۇددى قارا بېسىپ قالغاندەك بىر – بىرلەپ كۆز ئالدىمدا پەيدا بولىدۇ، — دەيتتى، ياكى، — تەلىيىم بەك كۆپ بولۇپ كېتىپتۇ... كىرىچنى بەك چىڭ تارتىۋېتىپتىمەن، ئامەتلىرىمگە زىيادە ئىشىنىپ كېتىپتىمەن، — دەيتتى.

ئىمپېراتور ئادەملەرنى ئوبدان تونۇماي ئىشقا قويغانلىقىدەك

خاتالىقلىرى ئۈستىدە بولسا ئىغىر ـ بىسىقلىق بىلەن توختىلاتتى، بۇ ھەقتە چىقارغان يەكۈنى ئەينى ۋاقىتتىكى ئەڭ ئۆتكۈر كۆزەتكۈچىلەرنىڭ قارىشى بىلەن بىردەك چىقتى:

ـــ مېنىڭچە، مەن ئىمپېراتور فىرانتىز بولىدىغان ئادەم ئىدىم. بىراق، ھاماقەت بولغاچقا، مېتتېرنىچنىڭ مېنى ۋەيران قىلىدىغان قورالىغا ئايلىنىپ قالغانمەن... تالليېراننى تۇتۇپ قالسام بولغانىكەن، مېنى ئەڭ ئېچىنىدۇرىدىغىنى چەت ئەللىكلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالغىنى بولدى. ئادەم قويۇپ نازارەت قىلدۇرساملا بولاتتىغۇ! مەندىن بىرەر نەپكە ئېرىشەلەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتسىلا، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سادىق ـ ساداقەتمەن بولۇپ خىزمىتىمدە بولار ئىدى. ئۇنى تۇتۇپ قالغىنىمدا ھازىرمۇ تەختىمدە ئولتۇرىۋەرگەن بولۇشۇم مۇمكىن ئىدى ! ... ئەگەر ۋولتون كەشىپ قىلغان پار كېمە راستلا ئۆزىنىڭ ئېيتقىنىدەك كارغا كېلىدىغان بولسا، دۇنيانىڭ پادىشاھى بولۇپ قېلىشىممۇ مۇمكىن ئىدى ! بىراق، كالۋا ئالىملار توك دېگەندەك يېڭى كەشپىياتلاردىن كۈلگىنىدەك ئۇنىڭ كەشپىياتىنى مەسخىرە قىلىشتى. ھالبۇكى، توك ۋە پار ماشىنىسىدا غايەت زور قۇدرەت يوشۇرۇنغان !

ناپولېئون ئۆز ۋاقتىدىكى نۇرغۇن ئىشلىرىدىن ئۆكۈنەتتى، بولۇپمۇ سەلتەنەتى قولىدىن كەتكەندىن كېيىن ئۆزىنى چار پادىشاھقا تاپشۇرماي ياكى ئامېرىكىغا كەتمەي ئەنگلىيەگە تاپشۇرغىنىغا ئەڭ پۇشايمان قىلاتتى. ھەر قېتىم فىرانسىيەدىن بىرەر شەپە كەلگىنىدە ئامېرىكىغا كەتمەپتىمەن دەپ پۇشايمىنىنى ئالىدىغان قاچا تاپالماي قالاتتى.

«شۇ يەردە بولغىنىمدا فىرانسىيەنى تاشقى ئاھانەتتىن، ئىچكى تالاپەتتىن خالاس قىلاتتىم. چۈنكى، ئۇلار مېنىڭ قايتىپ كەلمەكچى بولغىنىمنى ئاڭلىسىلا، قورقۇپ ئۇۋىسىغا كىرىپ كەتكەن بولاتتى. ئامېرىكىدا فىرانسىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ يېڭى

مەركىزىنى قورۇپ چىقاتتىم. بىر يىلغا قالمايلا ئاتمىش مىڭ كىشىلىك قوشۇن توپلايتتىم... كىشىلەر ئەركىن - ئازادە ياشايدىغان كەڭ زېمىن ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك پاناھگاھىم بولار ئىدى، ئىچىم پۇشقان چاغلاردا تۇلپىرىمنى چاپتۇرۇپ يىراق - يىراقلارغا بەخىرامان سەيلە قىلىپ بارغان بولاتتىم، ئەل ئىچىگە سىڭىپلا كېتەتتىم... فىرانسىيەدە خەۋپلىك ھالەتنىڭ يېتىپ كېلىشىگە تەشنا ئىدىم. چۈنكى، فىرانسىيە خەۋپ ئىچىدە قالغىنىدا ئەل مېنى نىجات يۇلتۇزى، دەپ بىلەتتى، مارمېسون قورۇقى ۋە روسېۋىلېتتا شۇنچە ئۇزاق تۇرۇپ قالغىنىمنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ ئىدى. شۇنىڭ كاساپىتىدىن ھازىر بۇ يەردە مەھبۇس بولۇپ تۇرۇۋېتىمەن».

بۇ ناپولېئوننىڭ ئۆزى ئۇستىدە ئەڭ چوڭقۇر، ئەڭ ئېنىق ئويلىنىپ چىقارغان ئەڭ رىتىملىق ۋە ئەھمىيەتلىك يەكۈنى ئىدى. ئۆزىنىڭ نەسەب ئېگى ئۇستىدە ئويلانغىنىدا، ئۆزى ئۇستىدىكى تەنقىدى ئەڭ ئۆتكۈر بولدى:

«قوۋم - قېرىنداشلىرىمغا قاتتىق بولالمىدىم، ئويلىسام قورسىقىم كۆيىدۇ، ئۇلار چىڭ تۇرۇۋالسىلا، مەندىن ئالماقچى بولغان نەرسىسىنىڭ ھەممىسىنى ئالىدۇ، بۇ مەندىن ئۆتكەن ئېغىر خاتالىق! ئەگەر قېرىنداشلىرىم ماڭا ھەمدەم بولۇپ، مەن قولىغا تاپشۇرغان خەلقنى قولىدا ئوبدان تۇتقان بولسا، ئاللىبۇرۇن پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇرغان بولار ئىدۇق... مەن چىڭگىزخاندەك تەلەيلىك ئەمەس ئىكەنمەن، چىڭگىزخاننىڭ جان كۆيدۈرۈپ پۈتىغا پۈت، قولىغا قول بولىدىغان بىر - بىرىدىن قابىل تۆت ئوغلى بار. مەن قايسىكى قېرىندىشىمغا بىرەر ئەلنىڭ پادىشاھلىقىنى بەرسەم، بۇنى تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى دەپ قالىدۇ - دە، ۋەكىلىم بولماق تۇگۇل، يېگى دۈشمىنىمگە ئايلىنىدۇ، ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمىتىمدە بولماق تۇگۇل، مۇستەقىللىقىنىڭ جىدىلىنى قىلىدۇ. مەن بولسام ئۇلارنىڭ

نەزەرىدە ئىستىقبالىغا پۈتلىكاشاڭ بولىدىغان توسۇق سانىلىمەن. ئۇلار بىرلا مولىلاقشىپ سېپى ئۆزىدىن پادىشاھ بولۇۋالىدۇ، ھەممىسى مېنىڭ ھىمايەمدە پادىشاھلىقنىڭ مېغىزىنى چاقىدۇ، بولغىلىق ماڭىلا بولىدۇ. ۋاي بايقۇشلار! سەلتەنەتىم قولدىن كەتكەندە بولسا دۈشمەنلىرى تاجى - تەختىنى تارتىۋالماي تۇرۇپلا، ئۆزلىرى تىكىۋېتىدۇ.»

ناپولېئون ياۋروپانىڭ تارىخىي شارائىتىغا زادىلا خاتا ھۆكۈم قىلمايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھېچقانداق تەييارلىقسىزلا قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىدا ياكى بىرەر ئوتتۇرا ئارالدا كۆڭۈلدىكىدەك دۆلىتىنى قۇرۇشقا تۇتۇش قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ناپولېئون ئىزچىل تۇردە مەۋجۇدىيەت ئۆتمۈشنىڭ داۋامى ۋە مەھسۇلى دەپ قاراپ كەلگەنىدى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەۋجۇت شەيئىلەرنى بەربات قىلىۋېتىشنى ياقلىمايتتى، پەقەت ئۆزگەرتىشنىلا ئىستەيتتى. ئەزەلدىن يېپيېڭى شەيئى بەرپا قىلىش خىيالىدا بولغان ئەمەس ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەسلىدىكى تەپەككۇر شەكلىدىن ۋاز كەچمەيتتى، بەلكى يېڭى ئىدىيە ئۈچۈن ئۇزۇكسىز پائالىيەت ماكانى ھازىرلايتتى. «ھامان ئاساسىم پۇختا بولسىلا نەتىجىسىز قالمايمەن» دەپ قارايتتى، شۇڭا «دەۋران سۈرگەن كىشىلەر مېنى ۋاشىنگتون بولۇپ قالىدۇ، دەپ ئويلاشقانىدى. ئاسان ئىشمىدى بۇ! ئامېرىكىدا بولغىنىمدا ۋاشىنگتون بولۇپ قالالىشىم مۇمكىن بولار ئىدى. چۈنكى، ئۇ يەردە ئىمپېرىيە تۇزۇمىنى يولغا قويۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. فىرانسىيەدە بولسا شاھىنشاھ ۋاشىنگتونلا بولالىشىم مۇمكىن» دېگەنىدى.

بۇ ھەقىقىي ئويى ئىدى. ناپولېئون شاھانە تونلىرىدىن بىزار ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۆز ۋاقتىدا ۋاشىنگتوننىڭ پادىشاھلىق تەختىنى رەت قىلغىنىغا ئوخشاش ئىمپېرىيە تۇزۇمىنى ئامېرىكىغا ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تۇغما

پىرولېتارمۇ ئەمەس، شۇنداقلا تۇغما بەگ - پادىشاھلاردىنمۇ ئەمەس، بەلكى كىچىك بىر سۇنغان ئاقسۆڭەك جەمەتىنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ئۇرنى ئاشۇ ئىككى خىل سىنىپ ئارىسىدا ئىدى. بىر قېتىم ئەنگلىيەلىك بىر كىشى بىلەن ئەنگلىيە توغرىسىدا قىلىشقان پاراڭلىرىدا ئۆزىنىڭ ساددا سىنىپىي ئېڭىنى ۋە ۋارىسلىق ھوقۇقىغا بولغان مۇتلەق ئېتىقادىنى نامايان قىلىپ، سۆھبىتىنى ئەنگلىيە ئاقسۆڭەكلىرىنى كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق قارىلاپ ئاياغلاشتۇردى:

— دۆلەت پەقەت بىر ئوچۇم ئاقسۆڭەكلەر ياكى بايلاردىنلا تۈزۈلگەن بولماستىن، بەلكى كەڭ خەلق ئاممىسىدىن تۈزۈلىدۇ. دەرۋەقە، قاغا - قوزغۇنلار مەقستىگە يەتكەندىن كېيىن قاش - كىرپىكىنى ئوگشاپ، ئۆزلىرىنى خەلق دەپ ئاتىشىۋالىدۇ. بىراق، ناۋادا مەغلۇپ بولسىلا، كىشىلەر ئۇلارنى ئالۋاستى قاتارىدا دارغا ئاسىدۇ ھەمدە قاراقچى، زوراۋان دەپ ئاتايدۇ. جاھاننىڭ ئىشلىرى شۇنداق بولىدۇ: يەڭگىنى پادىشاھ، يېڭىلگىنى قاراقچى بولىدۇ، قانداق بولۇشىنى پۈتۈنلەي ئۇرۇشنىڭ نەتىجىسى بەلگىلەيدۇ.

ناپولېئون بىر قېتىم ۋولتېرنىڭ «قەيسەرنىڭ ئۆلۈمى» دېگەن ئەسىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن كىشىلەرگە ئۆزىنىڭمۇ ياش چاغلىرىدا «قەيسەر ھەققىدە قىسسە» يازماقچى بولغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. بىرەيلەن ئىككى بىسلىق قىلىپ «يېزىپمۇ بولدىڭىز» دېۋىدى، ئىمپېراتور ئۇ كىشىنى يۈزىدىن - يۈزىگە مەسخىرە قىلدى:

— كىم؟ مەنمۇ؟ ۋاي بىچارە بالام، ئەگەر تامامەن مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولسام ئىدىم، شۇنداق بولۇشۇممۇ مۇمكىن ئىدى! بىراق، توغرىسى قەيسەرنىڭ تەلىيى مەندىن ئارتۇق ئەمەس ئىكەن، ئاخىرى قەتل قىلىندى - دە.

ئىمپېراتور ئۆز - ئۆزىنى تەنقىدلىگەندىن باشقا ئۆز ئىشىغا

ئەجايىپ باھامۇ بېرەتتى. ناپولېئوننىڭ تارىخ ئىككى مۇھىم بىر تۈپ خاراكتېرى ئالاھىدىلىكى ئىدى، شۇڭا ئۆزى ھەققىدە ئوبيېكتىپ ھەم ئېنىق بىلىشكە ئىگە بولغانىدى، بۇ ھال ناپولېئوندىن بۇرۇن ئۆتكەن ھەرقانداق بىر تارىخىي شەخسنىڭ ۋۇجۇدىدىن تېپىلماسلىقى مۇمكىن.

بىراق، ناپولېئون باشقىلارنىڭ ئۆزىگە تاڭغان جىنايەتلىرىنى، مەسىلەن، «يافادا ئەسىرلەرنى زەھەرلەپ ئۆلتۈردى، كىنەز دانگاننى ئۆلۈم جازاسىغا تارتتى» دېگەندەك ئەيىبلەرنى قەتئىي ئېتىراپ قىلمايتتى. بىر كۈنى دانگان توغرىسىدىكى ئىشلارنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى بىر ئەنگلىيەلىك پاراخوت دوختۇرىغا ئېيتىپ بېرىپ: «باش مەمۇر بولغانلىقىم ئۈچۈن ھەر ۋاقىت قەتل قىلىنىش خەۋپى ئىچىدە تۇراتتىم، قايتۇرما زەربە بەرمىسەم بولمايتتى» دېدى. يەنە بىر قېتىم ئۆزىگە ناھايىتى سادىق ھەم ئۆز پىكرىلىك بۇ دوختۇردىن ئۆزى توغرىسىدا قانداق قاراشتا ئىكەنلىكىنى بىلىپ باقماقچى بولدى. ئۇلار بىللە ۋىنو ئىچىشكەچ پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.

— بىز تونۇشۇشتىن ئىلگىرى مېنى قانداق ئادەم دەپ ئويلايتتىڭىز؟ — سورىدى ئىمپېراتور تۇيۇقسىزلا، — ئوچۇقىنى ئېيتىۋېرىڭ.

دوختۇر ئومرا ئۇ چاغدا ناپولېئوننى مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ھەرقانداق ئالەمچە گۇناھقا پېتىپ قېلىشتىنمۇ باش تارتمايدىغان ئەخلاقسىز ئادەم دەپ ئويلىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

— پەرىزىمدىكىدەك بولۇپ چىقتى ! — دېدى ئىمپېراتور، — نۇرغۇن فىرانسۇزلارمۇ جەزمەن شۇنداق ئويلايدۇ. ئۇلار مېنى ئۆز ئىقتىدارىغا تايىنىپ نام - شۆھرەتنىڭ پەللىسىگە يامىشىدۇ، ئەمما شۇ يولدا گۇناھقا پاتتى دەپ قارىشى مۇمكىن.

ئاندىن يەنە كۈچەپ ئۆزىنى ئاقلاشقا كىرىشتى.

بىر كۈنى كېچىدە مونترونى چاقىرتىپ، ئۇيقۇسى قېچىپ كاللىسىغا يىغىلىپ قالغان ئويلىرىنى، مەسىلەن، ئۆزىنىڭ ئىزچىل تۇردە تىنچلىققا مايىل بولۇپ كەلگەنلىكى، ئۇرۇشتىن بۇرۇن ياكى غەلىبىدىن كېيىن بولسۇن، هامان تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە ئىنتىلگەنلىكى ۋەھاكازالارنى ئاغزاكى بايان قىلىپ خاتىرىلەتكۈزدى.

بەزىدە ئەنگلىيە ئىنقىلابى بىلەن فىرانسىيە ئىنقىلابىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەتتى، ئاندىن باها بېرىپ مۇنداق دەيتتى:

— قىران چاغلىرىدا نىشانىغا يەتكەن كىلېمىبېر هىيلىگەر ۋە ساختىپەز بولغانلىقى ئۈچۈنلا يۇقىرى مەنسەپكە ئېرىشكەن؛ ناپولېئون بولسا بالىلىق چاغلىرىدىلا ئىرادىلىك بولۇپ، ئۆز مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئارقىلىق شۆھرەت قازانغان. مەن كىمنى قان تۆككۈزۈپتىمەن؟ مېنىڭ ئورنۇمدا بولغىنىدا شۇنداق قىلمايدىغان كىم بار؟ ئاشۇنداق قاتمۇقات قىيىنچىلىق ئالدىدا قايسى دەۋردە شۇنداق ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەت بارلىققا كەلگەن؟ مېنىڭچە، مېنىڭدەك بىر ئاددىي پۇقرانىڭ هېچقانداق گۇناھ قىلماي تۇرۇپ شۇنچە زور هوقۇققا ئېرىشەلىشى تارىختا مىسلىسىزدۇر. بوينۇمغا قىلىچ تەڭلەپ تۇرغان تەقدىردىمۇ، گېپىم بۇنىڭدىن باشقىچە بولمايدۇ.

ناپولېئون مۇشۇ ئالتە يىل مابەينىدە بىكارچىلىقتا ئېيتقان تۈگىمەس بايانلىرىدا مەغلۇبىيىتىنىڭ جاۋابكارلىقىنى زادىلا باشقىلارغا ئىتتىرىپ قويمىدى، هېچكىمدىنمۇ ئاغرىنىپ ئولتۇرمىدى. بۇ هال سۈرگۈن مەزگىلىدە هەققانىي تۇيغۇسىنىڭ كۈنسايىن ئۇلغىيىپ بارغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. ئۆمۈر بويى ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى نەپسى تويماس بالاخور دەپ گۇمانىي قاراشتا ئۆتكەن بۇ ئادەم ئاخىرقى هېسابتا گۇمانخوردىن ئېھتىياتچان تەھلىلچىگە، هوقۇقداردىن پەيلاسوپقا ئۆزگىرىپ

كەڭ قورساق بولۇپ قالدى.

ناپولېئون هازىر ھەتتا ئىنسان پۈتۈنلەي ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان جانلىق ئەمەس، بەلكى ۋاپاغا ۋاپا قىلىدىغان مېھرى ۋاپا ئەھلىدۇر. پەقەت كىشىلەرنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى بەرگىنىدىن ئېشىپ كېتىدۇ، خالاس دەيدىغان بولدى. ھەتتا بەزىدە ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلغان كىشىلەرنىمۇ ئاقلايتتى. ژېرومې، بىرتخېرلارنى مەرتىۋىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا قادىر بولالمىغانلىقىدىن باشقا ئېغىر گۇناھىمۇ يوق دەيتتى ھەمدە ئاكا ـ ئىنىلىرىنىمۇ ئەپۇ قىلىۋېتەتتى. بىز ناپولېئوننىڭ تۆۋەندىكىدەك سۆزلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا تۇرمىدىكى سوقراتنىڭ نۇتقىنىكىن دەپ قېلىشىمىز مۇمكىن:

كىشىنى ئادىل ئادەمگە ئايلاندۇرۇش ئاسان ئەمەس... ئۇلار راستلا ئۆزىگە توغرا باھا بېرەلەيدىغان دانالاردىنمىدى؟ مەندىن يۈز ئۆرۈگەنلەر ئىشى ئوڭغا تارتىپ تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە مېنى تاشلاپ كېتىدىغانلىقىنى ھەرگىزمۇ خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. قىيامەت سوتىمىز ئىنسانىيلىق كاتېگورىيەسىدىن ھالقىپ كېتىدۇ. مەن ئەمەلىيەتتە سېتىۋېتىلگەن بولماستىن، مەغلۇپ بولغانلىقىم ئۈچۈن تاشلىنىپ قالدىم، بۇ ھال خۇددى پېتېرنىڭ ئۆز پاسبانىنى تونۇمىغىنىغا ئوخشايدۇ. ئېھتىمال، ئۇلار قىلغىنىغا ئۆكۈنۈپ ياشمۇ تۆككەندۇ. دۇنيادا كىمنىڭمۇ مېنىڭكىدىن ئارتۇق دوستى ۋە ئەگەشكۈچىلىرى بولغان؟ مېنىڭدىن ئارتۇق مېھرى ـ مۇھەببەتكە ئېرىشكەن كىم بار؟ تەقدىرىم ئەسلىدە تېخىمۇ يامان بولۇشى مۇمكىن ئىدى!

## ئون ئالتىنچى، داستاندەك ھايات

ئىمپېراتورنىڭ يېنىدىكىلەرمۇ خاتىرە يېزىپ ماڭاتتى، بۇنىسى ئىمپېراتورغىمۇ ئېنىق ئىدى. بىر كۈنى ئاشۇنداق

خاتىرىلەردىن بىرىنى ۋاراقلاپ كۆردى ـ يۇ، ھېچنېمە دېمىدى. ناپولېئون بۇ خاتىرىلەرنىڭ قىممىتىنى رېئال نەزىرى بىلەن دەڭسەيتتى. ئەتراپىدىكىلەردىن بەزىلەر ئەمدى مائاش ئالالمايدىغان بولدۇق دەپ غەمگە چۆشكىنىدە، «مەن ئۆلگەندىن كېيىن بۇ خاتىرىلەر ئېلان قىلىنىپ قالسا نۇرغۇن پۇللۇق بولىسىلەر» دەيتتى ۋە قانچە پۇلغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى ھېسابلاپ بېرەتتى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلاپ بەردىكى، ئىمپېراتورنىڭ پەقەت ئۇلار ئېرىشىدىغان پۇلنىڭ سانىنى تۆۋەن مۆلچەرلەپ قويغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئېيتقانلىرى تامامەن توغرا ئىدى. ناپولېئون ھەتتا ئاغزاكى بايان قىلىپ خاتىرىلەتكۈزگەن كۈندىلىك خاتىرىسىنىڭ بەزى بابلىرىنى ئۇلارغا مائاش ھېسابىدا بۆلۈپ بەردى. بۇ كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك خاتىرىلىرى كېيىنكى زاماندا ناپولېئون ئۈستىدىكى تەتقىقاتتا زور يوشۇرۇن قىممەتكە ئىگە بولۇپ، ناپولېئوننىڭ مۆلچەرى توغرا بولۇپ چىقتى.

ئاغزاكى بايان قىلىشقا ئادەتلەنگەن ئىمپېراتور بايانلىرىنىڭ راۋان خاتىرىلىنىپ، كېيىنكىلەرنىڭ تەتقىق قىلىشىغا ياردىمى بولىشۇن ئۈچۈن بەزىدە ھەربىر سۆز ـ جۈملىلىرى ئۈستىدە قايتا ـ قايتا پىششىق ئويلىناتتى.

ناپولېئون بەزى چاغلاردا تۆت ـ بەش كۈنگىچە ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمەيتتى، ھېچنېمە ئوقۇمايتتى ۋە يازمايتتى، كەلگۈسى ھەققىدىمۇ ئويلانمايتتى. ئاشۇنداق چاغلاردا كۈنلىرىنى ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ھايات مۇساپىسىنى ئەسلەش بىلەن ئۆتكۈزەتتى، ئەسلە ـ ئەسلە روھىيىتى تىترەپ كېتەتتى، شۇ سائەت ئىچىدە ئۆتكۈر نەزىرى بىلەن ئىچكى دۇنياسىنى تەكشۈرۈپ چىقاتتى، شۇ تەرزدە ئۆزىنىڭ يىگىرمە يىللىق غايىسى ۋە ئارزۇلىرى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ئۆز ئىدېئولوگىيەسىنى ئايرىباشلاپ چىقاتتى. ئىمپېراتور شۇنداق قىلىپ ئاخىر ئۆز ھاياتىنىڭ ئەڭ قايىل

قىلارلىق باھالىغۇچىسى بولۇپ قالغانىدى.

ناپولېئون ئۆزىنىڭ باياناتلىرى ۋە ئەمىر ـ پەرمانلىرى توپلام قىلىپ بېسىلغان كىتابنى ئوقۇۋاتاتتى. بىر چاغدا بۇ كىتابنى بىردىنلا چۆرۈپ تاشلىدى ـ دە، ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ كەتتى.

ـــ كەلگۈسىدە ھەرقانداق تارىخشۇناس مېنىڭ تەرىپىمنى قىلىدۇ، ـــ دېدى لاسكاسقا، ـــ چۈنكى، پاكىت مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. مەن ھۆكۈمەتسىزلىك غارىنى تىندۇردۇم، قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشىدىم، ئىنقىلابنىڭ دېغىنى تازىلىدىم، ھەرقايسى ئەل خەلقىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى ئاشۇردۇم، ھەرقايسى ئەل خاقانلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتتىم، ئىستىدات ئىگىلىرىنى ئۆستۈردۈم، تۆھپىكارلارنى مۇكاپاتلاپ رىغبەتلەندۈردۈم، بۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى شۆھرەتتىن بەھرىمەن قىلدىم... تارىخشۇناسلار بۇلارنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ مېنى ئاقلىمايتتىمۇ؟ بەزىلەر مېنى مۇستەبىت دېگۈدەك بولسا، تارىخشۇناسلار ئەينى ۋاقىتتا مۇستەبىتلىكنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى شەرھلەپ مېنى ئاقلىشى كېرەك؛ مېنى ئەركىنلىككە قارشى ئىدى دېسە، تارىخشۇناسلار ئەينى ۋاقىتتا ھۆكۈمەتسىزلىك ئەۋج ئېلىپ كەتكەنلىكىنى قەيت قىلىپ ئاقلىشى كېرەك. مېنى ئۇرۇشخۇمار ئىدى دېسە، تارىخشۇناسلار مەن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلارنىڭ پەقەت ئۆزىمىزنى قوغداش ئۈچۈنلا بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ ئاقلىشى كېرەك؛ مېنى دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلماقچى بولغان دېسە، تارىخشۇناسلار بۇ ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى تۈپەيلىدىن بولغان تاسادىپىي ئەھۋال دەپ ئىزاھلاپ ئاقلىشى كېرەك؛ مەن بەزىلەرنىڭ ئېيتقىنىدەك بەك نەپسانىيەتچىمۇ؟ توغرا، ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق. بىراق، غايەم ناھايىتى يۈكسەك ئىدى، غايىۋى دۆلەت بەرپا قىلىپ، ھەممە كىشىنى تولۇق تەرەققىي قىلىش، بەختىيار تۇرمۇشتىن

بەھرىمەن بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلماقچىدىم. تارىخشۇناسلار ئاشۇنداق ئۇلۇغۋار غايەمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولالمىغانلىقىمدىن ئاھسىنىشىمۇ مۇمكىن.

ناپولېئون بىرپەس جىمىپ كەتتى، ئاندىن قوشۇپ قويدى:

— جېنىم دوستلىرىم، مۇشۇ قىسقىغىنا سۆزۈمدىن پۈتۈن ھاياتىمنى كۆرۈپ يېتەلەيسىلەر.

ناپولېئون شۇنداق دەپ ئۆزىنى ئاقلىدى. ھالبۇكى، ھەرقانداق ئەھۋالدا جەڭ نەتىجىلىرىنى كۆز - كۆز قىلمايتتى. سۈرگۈندە تۇرغان ئالتە يىل مابەينىدە ھېچقاچان «مارشال بوناپارتمەن» دەپ ئۆز - ئۆزىگە تەمانىنا ئېيلىمىدى. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۆز مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۈستىدە تۆۋەندىكىدەك يەكۈن چىقىراتتى:

«شۆھرىتىم قىرىق قېتىملىق غەلىبىلىك ئۇرۇش قىلغانلىقىم ئۈچۈن، شۇنداقلا نۇرغۇن ئەلنى بويسۇندۇرغانلىقىم ئۈچۈنمۇ قولغا كەلگەن ئەمەس. ۋاتېرلو ئۇرۇشىدىكى مەغلۇبىيىتىم تۈپەيلىدىن جىمى مۇۋەپپەقىيەتلىرىم يوققا چىقتى، شانلىق ئەجىر - تۆھپەمنى ھېچكىم ئەسكە ئالماس بولۇپ كەتتى. كىشىلەر ھەمىشە ئاخىرقى نەتىجىگىلا ئەھمىيەت بېرىدۇكى، ئالدىنقى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. تارىخ بېتىدە مەڭگۈ ئورۇن ئالىدىغىنى مېنىڭ قانۇنۇم، پالاتانىڭ يىغىن خاتىرىلىرى ۋە ۋەزىر - ۋۇزرالىرىم بىلەن يېزىشقان خەت - ئالاقىلىرىمدىن ئىبارەت. مېنىڭ قانۇنۇم ئىلگىرىكى ھەرقانداق قانۇندىنمۇ مۇكەممەل ھەم مۇپەسسەلدۇر؛ مەن قۇرغان مەكتەپ ۋە بەرپا قىلغان ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بىر ئەۋلاد ئىستىدات ئىگىلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈردى. مېنىڭ دەۋرانىمدا جىنايەت نىسبىتى تۆۋەنلىدى، ئەنگلىيەدە بولسا ئۈزۈكسىز ئەزۋەيلەپ باردى... مەن بىر پۈتۈن ياۋروپا سىستېمىسى بەرپا قىلماقچى، ياۋروپا قانۇنى ئىلان قىلماقچى، ياۋروپا بويىچە ئالىي سوت تەسىس قىلماقچى، پۈتكۈل ياۋروپانى بىرلىككە كەلگەن بىرلا

دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقماقچىدىم!»

ئىمپېراتور بىر قېتىم ئەنگلىيە گېزىتلىرىنىڭ بىرىدىن ناپولېئون نۇرغۇن مال ـ دۇنيانى تىقىۋالدى دېگەن خەۋەرنى ئوقۇپ قاتتىق تېرىكتى ـ دە، ئەتراپىدا ئولتۇرغان كىشىلەرگە ئاجايىپ يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن تۈۋەندىكىدەك پاكىتلارنى بايان قىلىپ بەردى:

ـــ ناپولېئوننىڭ زادى قانچىلىك مۈلكى بارلىقىنى بىلگۈچىلار بارمۇ؟ شۇنداق، مال ـ مۈلكۈم راستىلا زور. بىراق، بۇ مال ـ دۇنيارىمنى زادىلا تىقىۋالغان ئەمەسمەن. ئانتۋېرپ ۋە فىراسىنلاردا مەن ياساتقان مۇز توتماس پورتلارغا دۇنيا بويىچە ئەڭ زور فىلوتمۇ بەخۇدۇك پاتىدۇ؛ دونكىرك، رىھاب ۋە نايىسلاردا بىرمۇنچە سۇ ئىنشاھاتلىرىنى بەرپا قىلدىم؛ سېۋربۇرگدا پىرىس-تان، ۋېنىتسىيەدە پورت بىنا قىلدىم؛ ئانتۋېرپتىن ئامستېردام-غىچە، مېينتىزدىن مېتزغىچە، پورتدودىن بېيللانتىقىچە چوڭ يوللارنى، سىمپلون، مونت ـ ساينىت كاينې، راگوننىچ ۋە جەنۋە تاغلىرىنى كېسىپ ئۆتىدىغان تاغ يوللىرىنى ياساتتىپ، ئالىپ تاغلىرىنى تەرەپ ـ تەرەپكە تۇتاشتۇردۇم، بۇ زور ئىنشاھاتلار قە-دىمىي رىمنىڭ قۇرۇلۇش مۆۋەپپەقىيەتلىرىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. بۇنىڭدىن باشقا پىرىنېئو تېغىدىن ئالىپ تاغلىرىغا، پالمادىن سىپېزىيەگە، ساۋونادىن پېئېرمونتقا بارىدىغان يوللارنى ياسات-تىم، پارىژدىكى سىنا دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىنى ۋە ساۋۋا، تىۋر، لىئونلاردا كۆۋرۈك سالدۇردۇم، رىم ـــ رونا قانىلىنى قازدۇر-دۇم، پونتىگنا سازلىقىنىڭ سۈيىنى چىقىرىۋېتىش ئىنىشاھاتىد-نى ياساتقۇزدۇم؛ بۈيۈك ئىنقىلابتا كۆيدۈرۈۋېتىلگەن چېركاۋنى قايتا رېمونت قىلدۇردۇم، تۈرلۈك يېڭى سانائەت كارخانىلىرىنى بەرپا قىلدىم، لاۋرا قەسىرىنى يېڭىدىن ياساتتىم، نۇرغۇن مال سارايلىرىنى، كوچىلارنى، پارىژنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىنشاھا-تىنى، پىرىستان قاتارلىق نۇرغۇن ئىنشاھاتلارنى ياساتقۇزدۇم...

لېئوننىڭ توقۇمىچىلىق سانائىتىنى گۈللەندۈردۈم، تۆت يۈزدىن ئارتۇق قەنت زاۋۇتى قۇردۇم؛ ئەللىك مىليون فىرانك خەجلەپ ئوردا ـ قەسىرلەرنى رېمونت قىلدۇردۇم، ئۆز يېنىمدىن ئاتمىش مىليون فىرانك سەرپ قىلىپ ئوردا ـ قەسىرلەرنى زىننەتلەتتىم؛ ئۈچ مىليون فىرانك خەجلەپ بېرلىندىكى يەھۇدىي سودىگەرنىڭ قولىدىن بىردىنبىر ساقلىنىپ قالغان تاج مەرۋايىتىنى قايتۇرۇۋالدىم؛ سېتىۋالغان ياكى تىنچلىق شەرتنامىسى تۈزۈش ئارقىلىق ئېرىشكەن نۇرغۇن ئېسىل سەنئەت بۇيۇملىرى ساقلىنىدىغان ناپالېئون مۇزېيىنى سالدۇردۇم؛ نەچچە مىليون فىرانك سەرپ قىلىپ يېزا ئىگىلىكىگە ۋە چارۋىچىلىققا يار ـ يۆلەك بولدۇم. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ناپولېئوننىڭ مۈلكى بولۇپ، قىممىتى نەچچە يۈز مىليون فىرانكتىن ئېشىپ كېتىدۇ، شۇنداقلا ئەسىرلەر بويى يوقالمايدۇ، بۇ ھېلىقىدەك تۆھمەتلەر بىلەن سىغىشالمايدىغان ئابىدىدۇر. تارىخ بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە كۆپ يىللىق ئۇرۇش داۋامىدا ئېرىشكەنمەن، يەنە كېلىپ بىر تەڭگىمۇ قەرزدار بولمىغانمەن!

ئىمپېراتور ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ كىندىكىدىكى كىچىك ئارالدا، ئاشۇ كىچىككىنە ھۇجرىسىدا ئۆز ئەجىر ـ تۆھپىسىنى قەيت قىلىپ ئۆزىنى ئاقلايتتى، تارىخنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىگە ئادىل باھا بېرىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ يەتكەن — ئۆزىنىڭ قىممىتىنى تولۇق بىلىپ يەتكەنىدى. كىشىلەر ناپولېئوننىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئۆزى ئېيتقاندەك پەقەتكىنە ۋاتېرلو ئۇرۇشىدىن كېيىن نامى ئۆچكەن قوماندان ئەمەسلىكىنى بىر ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندىلا بىلىپ يېتىشكە باشلىدى.

ناپولېئون ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىگىنىدە تۈنجى غەلىبىسىدىن كېيىن مىلاندا كىشىلەرنىڭ تەنتەنە قىلىشىپ توۋلىغان شاۋقۇنلۇق سادالىرىنى ئاڭلىغاندەك، گويا ياشلىق

دەۋرىگە قايتىقاندەك، ئۆزىنى كىشىلەر بەس ـ بەستە كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئېتىپ تەبرىكلەۋاتقاندەك بولاتتى. ھالبۇكى، ئۆمرىنىڭ ئاخىرى مۇشۇ ئىسسىق بەلباغنىڭ كۆيدۈرگۈ ئاپتاپلىرىدا سولماقتا ئىدى، شۇنداق چاغدىمۇ نام ـ شۆھرەت كۆلەڭگىسى كۆز ئالدىدا يەنە بىر قېتىم زاھىر بولدى.

ئۆمۈر بويى قەدىمىي قەھرىمانلارغا چوقۇنۇپ كەلگەن بۇ ئەزىمەت ئانا يۇرتى كورسىكا ئارىلىدا ياش چېغىدىلا ئەنە شۇنداق شۆھرەتكە مەھلىيا ئىدى، بۇ قاقاس ئارالغا سۇرگۈن قىلىنىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا شۇ نام ـ شۆھرەتكە تېۋىنىدى. بىر كۈنى لاسكاستىن پارىژدا ئۆزىنى تونۇمايدىغانلارنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سورىغانىدى — بۇ يەردە كۆزدە تۇتقىنى پارىژ ئەمەس، پۈتۈن دۇنيا ئىدى — لاسكاس ئەنگلىيەنىڭ ۋېلش رايونىدىكى ئەڭ خىلۋەت قاقاس تاغلىرىدا ياشايدىغان پادىچى باللارمۇ باش مەمۇرنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرىدۇ؛ ئاڭلىشىمچە، سېرىق تەنلىك جۇڭگولۇقلارمۇ سىزنى تېمورچىن بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويىدىكەن دەپ جاۋاب بەرگىنىدە، ئىمپېراتور بۇ ئارالدىكى خورلۇقلىرىنى ۋە ئازابلىرىنى دەماللىققا بولسىمۇ ئۇنتۇپ، ئۆمرىدە ئەڭ بەختلىك چاغلارنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتقاندەك بىر خىل تۇيغۇدا بولدى.

— ئەكسىيەتچىلەر تۈگەشتى! ھەقىقەتنى ھېچنېمە سۇندۇرالمايدۇ، ھەقىقەت ئۇلۇغ ئەجىر ـ تۆھپىلىرىمىز بىلەن بىرگە مەڭگۈ ياشنايدۇ... — دەيتتى بۇنداق چاغلاردا گېزىتلەردىكى كالتە خەۋەرلەردىنمۇ قالتىس روھلىنىپ، — بۈرۈنقى داغلار شۆھرەتلىك قېنىمىز بىلەن يۇيۇلۇپ بولدى، تاجىمىز ئەمدى بۇ ھەقىقەت بىلەن زىننەتلىنىدۇ، بۇ ھەقىقەت ھەرقايسى ئەل خەلقىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىدۇ، خەلقئارا شەرتنامىلەردە ئەزىزلىنىدۇ، تىللاردا داستان بولۇپ، قۇلاقتىن قۇلاققا يېتىدۇ... پۈتكۈل دۇنيانى ئىلكىگە ئالىدۇ، ھەرقايسى ئەل

خەلقىنىڭ ئەقىدىسىگە ئەخلاق نىزامى بولۇپ قالىدۇ. كىشىلەرنىڭ نېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر، يېڭى ئىرا ھامان مېنىڭ نامىم بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ. مەن مەشئەلگە ئوت ياققان پېشۋامەن، مەيلى دوست بولسۇن ياكى دۈشمەن بولسۇن، ھەممىسى مېنى ھەقىقەتنىڭ پېشۋاسى، يېڭى ئىدىيە، يېڭى ئاڭنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ۋەكىلى دەپ بىلىدۇ. مەن ئالەمدىن ئۆتكەن تەقدىردىمۇ، ھەرقايسى ئەل خەلقىنىڭ قەلبىدە پاتماس قۇياش بولۇپ قېلىۋېرىمەن، خەلقنىڭ ھوقۇقىنى داۋاملىق قوغداپ تۇرىمەن، ئىسمىم ئۇلار ئۈچۈن جەڭگىۋار چاقىرىق، ئۈمىد نىشانى بولۇپ قالىدۇ!

بىراق، ناپولېئوننىڭ بۇ مەردانە سۆزلىرىدە مۇناسىپ يەكۈن يوق، سىياسىي جەھەتتە ئۆز ـ ئۆزىنى قۇربان قىلغانلىقىنىڭ قىممىتى زىيادە مۆلچەرلىنىۋېتىلگەنىدى. چۈنكى، قۇربان بېرىش بەدىلىگە بەربىر سۇلالىسىنى ھالاكەت تەقدىرىدىن قۇتقۇزۇپ قالالمىدى ـ دە. بىراق، ئاخىرقى بىر پەردە ئويۇننىڭ كىشىلەر قەلبىدە زور تەسىر پەيدا قىلىشىنى مۆلچەرلەپمۇ يېتەلمىگەنىدى. ھەربىرىگە خاس خىيالەن ئۆلۈمنىڭ مەنزىرىسى دائىم كۆز ئالدىدا نامايان بولۇپ تۇراتتى، ھەممىشە كىشىلەرگە: «ئەسلىدە ئاخىرقى بىر قاتار ئۇرۇشلار داۋامىدا جەڭگاھتا قۇربان بولۇشۇم كېرەك ئىدى» دەيتتى. ئۆز ھاياتىنى جەڭگاھتا ئاخىرلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك قايسىبىر رومانتىك پەيتنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقىنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن ئۆز سەرگۈزەشتىلىرى ئۈستىدە قايتا ـ قايتا ئويلىناتتى.

— موسكۋادا ئۆلسەم بولاتتى، شۇنداق بولغىنىدا شۆھرىتىمگە داغ تەگمەيتتى، — دەيتتى بۇ ھەقتىكى سۆھبەتلىرىدە خۇددى سۇژېتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان دراماتورگلاردەك بىر تەرزدە، — تەگرىم ماڭا كرېملدا بىر پاي ئوق ئاتا قىلغىنىدا، بۇ مەقسىتىمگىمۇ يەتكەن

بولار ئىدىم! سۇلالەم دەۋران سۈرىۋەرگەن، تارىخمۇ مېنى بۈيۈك ئىمپېراتور ئالېكساندىر، قەيسەرلەر بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغان بولار ئىدى. ئەمدى بولسا ھېچنېمىگە ئەرزىمەس بىر ئادەم بولۇپ قالدىم.

ئىمپېراتور بەزىدە «ئەگەر غەلىبىدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بولغىنىمدىمۇ كېيىنكىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭراق تەسىر پەيدا قالدۇرغان بولار ئىدىم» دەپ ئويلايتتى.

— ئەگەر بورودىنودا ئۆلۈپ كەتكەن بولسامىمۇ بولار ئىكەن، شۇنداق بولغىنىدا ئۆلۈمىم بۈيۈك ئىمپېراتور ئالېكساندىرنىڭ ئۆلۈمىدەك باھاغا ئېرىشەتتى. ۋاتېرلودا قۇربان بولغان بولسامىمۇ بولاتتى، دىرېستوندا ئۆلگەن بولسام تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. ياق، ۋاتېرلودا ئۆلگىنىم ياخشى ئىدى! شۇنداق بولغىنىدا خەلق مېنى نەقەدەر ئەزىزلەپ ماتەم تۇتاتتى ـ ھە!

ناپولېئون بىر قېتىم ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنى مۇنداق بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا يەكۈنلىگەنىدى:

— قىسقىسى، ھاياتىم تىراگېدىيەلىك داستاندۇر.

## ئون يەتتىنچى، جان ھەلقۇمغا يەتكەندە

سەھەر قۇياشى كۆتۈرۈلگەن مەھەل ئىدى، ئۆيدىكىلەر تېخىچە تاتلىق ئۇخلىشىۋاتاتتى. ئۇچىسىغا ئاق چاپان، پۇتىغا قىزىل ئۆتۈك، بېشىغا كەڭ قىرلىق شىلەپە كىيگەن، بىر قولىدا گۈرجەك كۆتۈرۈۋالغان بىر كىشى ئىشىك ئالدىغا كەلدى ـ دە، يەنە بىر قولىدا كۆتۈرۈۋالغان قوڭغۇرىقىنى جىرىڭلىتىپ، ئۇخلاۋاتقانلارنى ئويغىتىپ ئىشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى. ئىش پىلانى بويىچە قورۇ تېمى قوپۇرماقچى، ئېرىقنى ئۇزارتماقچى، كۆلچەكنى تىندۇرۇپ ئېتىز بەرپا قىلماقچىدى. ئىشىكلەر ئېچىلىپ، چىمىلدىقلار قايرىلىپ، كىشىلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن

غوجايىنىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ، قولىرىغا گۈرجەك، تاماق ۋە پالتىلارنى ئېلىشىپ غوجايىنىنىڭ پىلانى بويىچە غەيرەت بىلەن ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ناپولېئون بەئەينى گېيوتېنىڭ مەشھۇر شېئىرىدىكى مىليونلاپ جامائەتنى باشلاپ دەريا قاشلىغان قەھرىمان فىرونىدىنىڭ ئۆزىلا ئىدى.

ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى بىر يىلىغا قەدەم قويغان بۇ كىشى قەتئىي نىيەتكە كەلگەن، قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر بۇ ئارالدا قېلىش نىيىتىگە كەلگەنىدى. گۈللۈك هويلا قىلدۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىپ بىر يىل تىركەشكەن بولسىمۇ ئىجازەتسىز قېلىۋەرگەچكە ئۆز كۆچىگە تايىنىپ بىر گۈللۈك هويلا بەرپا قىلىش قارارىغا كەلگەنىدى. ئۆز لايىهەسىدە كۆچلۈك ئاپتاپنى، شەرقىي جەنۇپ شامىلىنى، شۇنداقلا پايلاقچىلارنىڭ كۆزىنى توسىدىغان يېرىم چەمبەرسىمان قاشا تام سوقماقچى ئىدى، هازىر سۇ قاچىلىۋالىدىغان بىر كۆلچەك چېپىۋالغان، قورۇ تامنىڭ ئىچى تەرىپىگە نۇرغۇن توپا دۆۋىلەپ، هەر خىل گۈل - گىياهلارنى تېرىغان، يىگىرمە تۆت تۈپ شاپتۇل ۋە كاشتان قاتارلىق دەرەخلەرنى تىككەن، دېرىزىسى ئالدىغا بىر تۈپ كاۋچۇك دەرىخىمۇ قويغانىدى، بۇ دەرەخلەرنى ناپولېئون ئىسپانىيە جەڭگاهىدا تونۇشقان ئەنگلىيەلىك زەمبىرەكچىلەر باتالىيونى ئۆمىد تۇمشۇقىدىن ئەكېلىپ بەرگەنىدى، خەنزۇ باغۋەنلەر، هىندى ئىشلەمچىلەر، فىرانسۇز چاكارلار، ئىنگلىز هارۋىكەشلەرمۇ ياردەملەشمەكتە ئىدى، ئەنگلىيەلىك دوختۇر، مونترو، بېرترانلارمۇ بۇ قۇرۇلۇشقا قاتناشقانىدى. نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتقان ئەنگلىيەلىك ئوفىتسېر بۇياققا كېلىپ ئىمپېراتورنىڭ ئىش - هەرىكىتىگە قاراپ تۇردى، ئىمپېراتور مارشاننىڭ قولىدىن چاسا كېسەك چىمنى ئېلىپ، پەم بىلەن يەرگە ياتقۇزاتتى.

قۇرۇلۇش يەتتە ئايدا تاماملاندى. ئالدىراشلىق ئىچىدە بەرپا

قىلىنغان گۈللۈك قورۇ بۇ قاقاس ئارالدا مۆجىزە سانىلاتتى، بەزىدە باش ۋالىيىنىڭ قىزىمۇ غىيپىدە كېلىپ ئوغرىلىقچە كۆرۈپ كېتەتتى. بۇ ناپولېئون بەرپا قىلغان ئەڭ ئاخىرقى بىر مۆجىزە ئىدى.

ساناقلىقلا كۈنى قالغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن ئىمپېراتور ئاخىرقى ئۆمرىنى ئاشۇنداق يېشىل بېزەك ئىچىدە راھەترەك ئۆتكۈزۈشكە تىرىشاتتى. تۇغۇلغان كۈنى يېتىپ كەلگەندە بۇنى ئاخىرقى بىر تۇغۇلغان كۈنۈم، دەپ ئاتىدى. ناپولېئون ئۆزىنى چۆرىدەپ داستىخاندىن ئورۇن ئالغان كىشىلەرگە مېھرىبان ئاتىدەك مېھرى بىلەن بېقىپ ئىللىق تەبەسسۇم ياغدۇراتتى.

شۇ يىلى كۈزدە تۆت يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم، شۇنداقلا ئاخىرقى قېتىم ئاتلىق سەيلىگە چىقىپ يىراقلاپ كېتىۋىرىپ، چېگرادىنمۇ ئۆتۈپ كەتتى.

ناپولېئون كەمدىن ـ كەم ئاغزاكى بايان قىلىپ ئەسلىمە يازغۇزىدىغان بولۇپ قالدى، پەقەت كېچىلىرى ئۇيقۇسى قېچىپ ئۇخلىيالمىغان چاغلىرىدىلا ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئاغزاكى بايان قىلىپ، تولون ئۇرۇشى، بۈيۈك ئىمپېراتور فرېدېرىخ قوماندانلىق قىلغان ئۇرۇشلار، قەيسەر قوماندانلىق قىلغان ئۇرۇشلار ئۈستىدە ئوبزور بايان قىلاتتى، ۋولتېرنىڭ ئەقلىيەلىرىدىن ئۇزۇندى يازغۇزاتتى ھەمدە ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆلۈۋېلىشقا قارشى تۇرىدىغانلىقىنى ئىزاھلاپ مۇھاكىمە يۈرگۈزەتتى. بۇ چاغدا ئەڭ ياخشى كاتىپى گورگۇد بىلەن لاسكاس ناپولېئوننى تاشلاپ ياۋروپاغا كەتكەنىدى. ناپولېئون بەزىدە كارىدورغا چىقىۋېلىپ بارمىقىدا ئىشىكنى چەككىنىچە ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق تۇرۇپ كېتەتتى، يىراقلارغا ئۈچۈپ كېتىۋاتقان چايكىلارغا، تىنىق ئاسماندا ئەگىپ يۈرگەن بۇلۇتلارغا خىياللار ئىلكىدە تەلمۈرۈپ قاراپ كېتەتتى. ئەمدى قىرغاقا قاراپ كېلىدىغان كېمە ـ پاراخوتلارنى دۇربۇن بىلەن كۆزەتمەس بولغانىدى، پەقەت

ئۆلۈمنىلا كۈتۈپ تۇراتتى.

فىرانسىيەدە ھەربىيلەر قوزغىغان بوربون سۇلالىسىگە قارشى تەسىرى زور سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنىدى، ناپولېئون بۇ خەۋەردىن ئەمدى ھاياجانلىنىپمۇ كەتمىدى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يېرىم يىلىدا ئىككى قېتىم باشقىلار ئۇتتۇرىغا قويغان قېچىپ كېتىش پىلانىنى ئۆزرە بىلەن رەت قىلدى.

— مۇشۇ يەردە ئۆلۈشۈم پېشانەمگە پۈتۈلگەنىكەن. ئەگەر ئامېرىكىغا كەتكەن بولسام، قەتل قىلىناتتىم ياكى كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتىم، — دەيتتى ناپولېئون، — سۇلالەمنى پەقەت قۇربان بېرىش ئارقىلىقلا قۇتقۇزۇپ قالالايمەن، بۇ ئارالدا تۇرۇپ قېلىشىمنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ.

ناپولېئوننىڭ ئەجەللىك كېسەلى ئۈزۈكسىز ئېغىرلاشماقتا ئىدى. ئوتتۇز ياش چاغلىرىدا دادامغا ئوخشاشلا جىگەر كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كىتىمەن، دەپ ئالدىن مۆلچەرلەپ ئېيتقانىدى. بۇ ئارالنىڭ ناچار كىلىماتى ناپولېئوندەك ئاغرىق كىشى تۇگۇل، ساق ئادەم ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن زىيانلىق ئىدى.

— ئاشقازىنىم ئوتتا كۆيۈۋاتقاندەك ئېچىشىپ ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، — دەيتتى ناپولېئون.

ئاشقازان كېسىلى قوزغىلىپ قالغان چاغلاردا ئاشقازىنى خۇددى پىچاق تىققاندەك قاتتىق ئاغرىپ كېتەتتى - دە، ئاغرىققا چىدىماي دومىلاپ كېتەتتى. بەزىدە پۈتۈن ئەزايى بەدىنى مۇزلاپ تىترەپ كېتەتتى، ھەمراھلىرى ھەرقانچە ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ باقسىمۇ كار قىلمايتتى.

ئىمپېراتور ئۆز كېسىلىنى يېقىندىن كۆزىتىپ تۇراتتى ۋە سەۋەبىنى كۆڭۈل قويۇپ تەھلىل قىلاتتى، دوختۇر شىپالىق رولىنى ئوبدان چۈشەندۈرمىگۈچە، بەرگەن دورىلارنى زىنھار ئىچمەيتتى.

— كارىۋىتىمغا شۇ قەدەر ئېچەكەپ قالدىمكى، بىرەرسى ئىمپېراتورلۇق تەختىنى بەرسىمۇ تېگىشكۈم كەلمەيدۇ. بۇ دۇنيادىن مۇشۇنداقلا كېتىشكە قانداقمۇ كۆڭلۈم ئۇنىسۇن؟ ئەزەلدىن ئۇيقۇغا ۋاي دەپ كەتمەيدىغان ئادەم ئەمدى نېمىشقا كۈنبويى ئۇيقۇدىن باش كۆتۈرەلمەس بولۇپ قالدىم ـ هە! بار كۈچۈمنى يىغىپ كۆزۈمنى ئاران ئاچالايمەن، ئىلگىرى تۆت كاتىپقا تۆت خىل ئىشنى تەڭ ئېيتىپ بېرەلەيتتىم، ھەقىقىي ناپولېئون ئىدىم.

ناپولېئوننىڭ كەيپىياتى ھېلى ھەسرەتلىك، ھېلى مەسخىرىلىك تۇستە داۋالغۇپلا تۇراتتى. بىر كۈنى ئاخشىمى خىزمەتكارلىرىدىن بىرى «ئاسماندا قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز كۆرۈندى» دېۋىدى، ئىمپېراتور:

— قەيسەرنىڭ ئۆلۈمى ئالدىدىكى ئالامەت شۇ، — دېدى.

دوختۇرى «ھېچقانداق قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنى كۆرمىدىمغۇ؟» دېۋىدى، ناپولېئون:

— قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز بولمىسىمۇ ئۆلىۋېرىدىغان گەپ، — دېدى.

دوختۇرى ئانتون مارك كورسىكالىق ئىدى. ئىمپېراتور ۋالىي بىلەن تىركىشىپ قالغاندىن كېيىن بىر يىلغىچە دوختۇرسىز قالدى. ئاپىسى لاتىسىيەنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا ۋالىي ئاخىر كورسىكالىق بىر دوختۇر، ئىككى باستېر، بىر چاكار ۋە بىر ئاشپەز سەپلەپ بېرىشكە ئاران ماقۇل بولدى. بىراق، بۇ يىگانە بىمارنىڭ يېنىدا خىزمىتىنى قىلىدىغان بەش كورسىكالىق ئىچىدە كېرەككە كېلىدىغىنى چاكار بىلەن ئاشپەزلا ئىدى. ئىككى پوپنىڭ بىرى ياشىنىپ قالغان، يەنە كېلىپ قۇلىقى ئېغىر، ھەرىكىتىمۇ ئاستا، تىلى كەمتۇك ئىدى، يەنە بىرى دىنىي مەدرىسەنى يېڭىلا پۈتكۈزگەن نادان ۋە ھەييار يىگىت ئىدى. دوختۇرى ئانتون ماركمۇ ئۆتۈپ كەتكەن مەمەدان،

تەكەببۇر، قىلچە تەجرىبىسىز بىر يىگىت ئىدى. ناپولېئون بۇ يۇرتداشلىرىنى كۆرۈپ يۇرتىنى ئەسكە ئالدى، شۇنچە يىلدىن بېرى فىرانسىيەلىك بولۇپ قېلىش ھەلەكچىلىكىدە يۈرۈپ، يۇرتقا بولغان سېغىنىشى تورمۇزلىنىپ قالغان ناپالېئون ئۆمرى بىر يەرگە بېرىپ قالغان شۇ كۈنلەردە يېڭىباشتىن ئويغانغانىدى. چۈنكى، تۇغۇلغاندا ئىتالىيان ئىدى، ئۆلگەندىمۇ ئىتالىيان بولماقچىدى.

ئىمپېراتور شۇ كۈنلەردە دائىم ئىتالىيانچە سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدى، بەزىدە فىرانسۇزچە سۆزلىسىمۇ ئىتالىيانچە ئىبارىلەرنى ئارىلاشتۇرۇۋالاتتى. بىر پالاتا ئەزاسى ناپولېئوننى قارىلاپ «فىرانسۇزلار قاراپ تۇرۇپ قەدىمكى رىملىقلار قۇل قىلىشقىمۇ يارىمايدۇ دەپ كۆزگە ئىلمايدىغان بىر خەلقتىن ئۆزىگە داھىي تاللىدى» دېگەنىكەن، ناپولېئون تېرىكىش تۇگۇل، بۇنى كورسىكالىقلارغا ئوقۇغان مەدھىيە دەپ قارىدى:

— چۈنكى، كورسىكا خەلقىنى قۇل قىلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى قەدىمىي رىملىقلارمۇ بىلىدۇ، يەنە كېلىپ فىرانسىيە بىلەن ئىتالىيە ئارىلىقىغا جايلاشقان كورسىكا ئارىلى بۇ ئىككى دۆلەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ئۇلۇغلار چىقىدىغان ئېسىل جاي.

شۇنداق قىلىپ كورسىكا ئارىلى تۇرۇپلا يەنە ناپولېئوننىڭ ۋەتىنى بولۇپ قالدى.

— كورسىكانىڭ كۆپكۆك گۈزەل ئاسمىنى شۇمۇ، دوختۇر؟ — سورىدى ئىمپېراتور، — ئۇچۇپلا بېرىۋالسام دەيمەن، كورسىكا خەلقى مېنى چوقۇم كەڭ قۇچاق ئېچىپ قارشى ئالاتتى، شۇلارلا مېنىڭ ھەقىقىي قېرىنداشلىرىم. سىزنىڭچە، ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر كورسىكادا مېنى بويسۇندۇرالارمۇ؟ بىز تاغلىقلارنىڭ باتۇر ۋە غۇرۇرلۇق ئىكەنلىكى سىزگىمۇ ئايان! ئۇ ئارالنىڭ ئوي - دۆڭىنى بەش قولدەك ئېنىق بىلىمەن.

ناپولېئون ھېچقاچان يۇرتىغا كۆڭۈل بۆلۈپ باقمىغانىدى، ئەمدى بولسا: «مەن ئەسلىدە پۈتۈن فىرانسىيە ئالدىدا يۇرتۇمغا بولغان مۇھەببىتىمنى نامايان قىلىپ، كورسىكاغا شاپائەت يەتكۈزمەكچىدىم، بەختسىزلىكلىرىم تۈپەيلىدىنلا بۇ ئارزۇيۇمغا يېتەلمىدىم» دېدى. يەنە تېخى ئارال ئەھلىنىڭ ئۇلۇغ روھى، ئەجدادىدىن ئەۋلادىغا مىراس بولۇپ كەلگەن قىساسكارانە روھى ۋە شان - شۆھرەتكە بولغان ئەقىدىسى ئۈستىدە، شۇنداقلا پاۋل ھەققىدىمۇ توختىلىپ ئۆتتى.

— ئۇ يەرنىڭ ھەممە نەرسىسى ياخشى، ھەتتا لاياسىڭغۇ تۇپىرىقىمۇ خۇشبۇي پۇرايدۇ. كۆزۈمنى يۇمسىملا ئارالنىڭ ھېچقاچان باشقا جايلاردا كۆرۈپ باقمىغان ئۆزگىچە مەنزىرىسى كۆز ئالدىمدا نامايان بولىدۇ... ئاھ، تۇغۇلغان ئۆيۈم ئەمدى ماڭا مەنسۇپ ئەمەس، يۇرتۇمدىن مەھرۇم قالدىم، خۇددى ھازىر ۋەتەندىن مەھرۇم قالغىنىمغا ئوخشاشلا!

كورسىكالىق دوختۇر ئىمپېراتورغا ئانچە ۋاي دەپ كەتمەيتتى، كېسەلىگىمۇ ئىشەنمەي: «پەقەت سىياسىي مەقسەت ئۈچۈنلا ئاغرىق قىياپەتكە كىرىۋالغان، ياۋروپاغا قايتىپ بېرىۋېلىشنىڭ باھانىسى قىلماقچى بولغان» دەپ قارايتتى. شۇڭا ئىمپېراتورنىڭ كېسىلى قوزغىلىپ ئېغىرلاپ كەتكەن چاغلاردىمۇ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ نەق مەيداندا بولمايتتى. ئىمپېراتور دەسلەپتە راستلا سىياسىي مەقسەت ئۈچۈن ھە دەپ كېسەلنى داۋراڭ سالغانىدى، ھازىر بولسا ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپقاندەك نەتىجە بەردى. چۈنكى، جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغان مۇشۇنداق پەيتتىمۇ تارتىۋاتقان ئاغرىق ئازابىنى بۇ يۇرتدىشى يەنىلا ياسالمىلىق دەپ بىلگەنىدى. ئىككىيلەن ئارىسىدىكى ئىختىلاپ ھەممىگە ئېنىق ئىدى، بىمار بۇ دوختۇرنى ھەيدىۋەتمەكچى بولۇپ، ۋالىينىڭ ياۋروپاغا ماڭغۇزۇۋېتىشنى تەلەپ قىلدى، ۋالىي بولسا ناپولېئوننىڭ بۇ تەلىپىدىن

گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. چۈنكى، بۇ ئىككى كورسىكالىق ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتىن تۇقاچ ئوغرىلاشقا مۇۋەپپەق بولاتتى. ئىمپېراتور ئالەمدىن ئۆتۇشتىن تۈت ھەپتە ئىلگىرى ۋالىي لاۋرا ئۆيىگە ئۇسۇپلا كىرگەنىدى، ئىمپېراتورنىڭ كېسىلى شۇ ئاچچىقىدا تېخىمۇ ئېغىرلاپ كەتتى.

ئىمپېراتور يېنىدا ساداقەتمەنلىرىنىڭ ئازلاپ كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە ئىنساندىن خۇشى كەتكەنىدى. ئۆمرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ھەپتىسىدە تۆت چاكىرى ۋە ھېلىقى قېرى باستېرمۇ ياۋروپاغا قايتىپ كەتتى، بۇ ئارالغا بىللە كەلگەن ئىككى ھەمراھى بولسا ئاغرىپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى، قالغان ئىككىسىمۇ كېتىش خىيالىدا ئىدى. مونترو ئۆزىنىڭ ئورنىغا بىرەر ئادەم تاپماقچى بولۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا ۋەتەنگە قايتىپ كەتكەن رەپىقىسىگە خەت يازدى، بېرتران بولسا ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن فىرانسىيەگە قايتىپ كېتىش قارارىغا كەلگەنىدى. بىراق، ئاخىرقى ھېسابتا ۋىجدانى غالىب كېلىپ، ئىمپېراتورنىڭ يېنىدا قالىدىغانلىقىنى جاكارلىدى، ئىمپېراتور بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇش بولدى. كېتىشنى زادىلا ئويلاپ باقمىغان بىردىنبىر كىشى ئىمپېراتورنىڭ چاكىرى مارشان ئىدى.

— مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، ئاخىرقى ھېسابتا ئىككىمىزلا قالغۇدەكمىز، — دېدى ئىمپېراتور چاكىرى مارشانغا، — بىراق، تەلىيىمگە مەن ئۆلگۈچە ھالىمدىن خەۋەر ئالىدىغان، ئاندىن كۆزۈمنى يۇمدۇرۇپ قويىدىغان سىز بار.

ناپولېئون تېنى كۈنسايىن ئاجىزلاپ بېرىپ مەڭگۈ يۆلەككە موھتاج بولۇپ كەتكەن شۇ كۈنلەردە ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم قېرىنداشلىرىدىن ياردەم سورىدى. كېسىلىنىڭ ئەھۋالىنى ئاغزاكى بايان قىلىپ مەلۇمات يازغۇزۇپ، ئەڭ ئامراق سىڭلىسى پاۋلىناغا ئەۋەتتى. ئامراقلىقىدىن سەنلەپ يازدۇرغان بۇ

مەلۇماتىدا: «ئىمپېراتور شۇ تاپتا ئالىيلىرىنىڭ ئەنگلىيە دائىرىلىرىنى بۇ تەپسىلىي مەلۇماتتىن خەۋەردار قىلىپ قويۇشىنى سەممىي ئۈمىد قىلىدۇ. ئىمپېراتور بۇ قورقۇنچلۇق ئارالدا يۆلەنچۈكسىز ئۆلىدىغان بولدى، شۇ تاپتا تولىمۇ ئېچىنىشلىق جان تالاشماقتا» دېيىلگەنىدى.

ناپولېئون ئاپرېلنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، يەنى ئالەمدىن ئۆتۈشتىن ئۈچ ھەپتە ئىلگىرى ئىشىكنى تاقىۋېلىپ، ۋەسىيىتىنى ئاغزاكى بايان قىلىپ مونتولونغا يازدۇردى. بىراق، ئىمپېراتور ئۆز قولى بىلەن يازمىسا گۇمانلىق بولۇپ قالاتتى، شۇڭا مونتولون خاتىرىلەپ بولغاندىن كېيىن يېنىشلاپ ئوقۇپ بەردى، ئىمپېراتور ئۆرە ئولتۇرۇپ بەش سائەت يازدى، پۈتۈن بەدىنى مۇزدەك تەرلەپ چىلىق - چىلىق بولۇپ كەتتى. ناپولېئون سىياسىيونغا خاس ئۇلۇغلۇقىنى ۋە ئىنسانىي تۇيغۇسىنى نامايان قىلىپ بېرىدىغان بۇ ھۆججەتتە پۈتكۈل ھاياتىنىمۇ يەكۈنلەپ ئۆتكەنىدى.

## ئون سەككىزىنچى، ۋەسىيەتنامە

ناپولېئون ۋەسىيەتنامىسىدە ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ رىم كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى، ئاشۇ دىنىنىڭ قوينىدا تۇغۇلغانلىقىنى، ئۆلۈمىنىڭمۇ شۇ دىنغا مەنسۇپ بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. ئاندىن قەھرىمانلىغا خاس قەبرىسىنىڭ شۆھرىتىنى ئېسىگە ئېلىپ، ۋەزىنىنى بىردىنلا فىرانسۇزلارغا خاس تەرزگە ئۆزگەرتىپ:

— مېنى سېنا دەرياسىنىڭ بويىغا دەپنە قىلىڭلار، ئۆزۈم قىزغىن سۆيىدىغان فىرانسۇز خەلقىنىڭ ئارىسىدا ياتاي، — دېدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن قىيامەتلىك ئۈمىدىنى باغلىغان ئوغلىنى

ئەسكە ئالدى. ناپولېئون ئوغلىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاشلا ھوقۇق، مال ـ دۇنيا، نەزەرىيە ۋە تەجرىبىنى ئۆز جىسمىغا مۇجەسسەملىگەن بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. شۇڭا، ئايالىغا بۇرۇنقىدەكلا كۆيىدىغانلىقىنى، ساداقەتمەن ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى، ئايالىنىڭ ئوغلىنى ھامىيلىقىغا ئېلىپ، «ئاۋستىرىيە شاھزادىسى» بىلىپ بېقىپ چوڭ قىلىشىنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ناپولېئونچاقنىڭ تۇغۇلۇشىدىنلا فىرانسۇز ئىكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويماسلىقىنى، زوراۋانلارنىڭ ياۋروپا خەلقىنى ئېزىدىغان قورالى قىلىۋېلىشىغا ئىمكان بەرمەسلىكىنى ئۆتۈندى، بۇ زوراۋانلار ئىچىدە ئەڭ يامان زوراۋان دەل شۇ بالىنىڭ ئانا جەمەت بوۋىسى ئىدى.

«ۋاقىتسىزلا كېتىدىغان بولدۇم، ئەنگلىيە مۇستەبىتلىرى ۋە ياللانما قاتىللىرى جېنىمغا زامىن بولدى» دېدى ئىمپېراتور ۋەسىيەتنامىسىدە دۈشمەنلىرىنى غەزەپ بىلەن سۆكۈپ. ئاندىن خەلق داھىيسىغا خاس تەرغىبات ۋەزنىدە داۋاملاشتۇردى: «ئەنگلىيە خەلقى ئىنتىقامىمنى ئېلىپ بېرىدۇ.» خاتىمىسىدە مەغلۇبىيىتىگە مارمېنت، ئاۋگېرو، تالليېران ۋە رافالىيېتلارنىڭ ئاسىيلىقى سەۋەبچى بولغانلىقىنى قەيت قىلدى. گەرچە «ئۇلارنى مەغپىرەت قىلدىم» دېگەن بولسىمۇ، بۇ خىرىستىيانچە شەپقەتلىك ئىبارىسىنىڭ ئارقىسىدا شەمشەر تىغى چاقناپ تۇراتتى: «كەلگۈسىدىكى فىرانسىيەمۇ ماڭا ئوخشاشلا ئۇلارنى گۇناھىدىن مەغپىرەت قىلغۇسىدى.»

ئۇنىڭدىن كېيىن رىم ئاقسۆڭەكلىرىگە خاس بەدىئىي ئۇسلۇبتا قەدىردان ئاپىسىنىڭ ۋە بارلىق قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆزىگە ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەنلىكىگە ھەشقالالا ئېيتتى. ئىنىسى لۇئىسنىڭ ئۆزىنى قارىلاپ نۇتۇق سۆزلىگەنلىكىنىمۇ ئەپۇ قىلدى. ئاخىرىدا مىراس تەقسىماتىغا ئۆتتى.

ناپولېئوننىڭ ئاساسىي مۈلكى ئىمپېراتور بولغىنىدىن

كېيىنكى ئون تۆت يىللىق مائاشىدىن تېجەپ قالغان پۇلى ۋە ئۆز پۇلىغا سېتىۋالغان زىننەت بۇيۇملىرى، ئۆي جاھازلىرى، كۈمۈش قاچا ـ قۇچىلار، شۇنداقلا ئىتالىيەدىكى مۈلكى بولۇپ ئومۇمىي قىممىتى يىگىرمە مىليون فىرانكتىن ئاشاتتى. بۇ مال ـ مۈلكىنىڭ يېرىمىنى 1792 ـ يىلىدىن 1815 ـ يىلىغىچە شانلىق ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ هايات قالغان سەركەردە ـ لەشكەرلەرگە ئاتاپ، ئۇلارنىڭ هەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىگەن ۋاقتىدىكى مائاش دەرىجىسى بويىچە هېسابلاپ تەقسىملىدى، قالغان يېرىمىنى تاجاۋۇزچىلارنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان ئۆلكە ـ شەهەرلەرگە هەدىيە قىلدى. ناپولېئون بۇ ئىشى ئارقىلىق يېڭى هۆكۈمەتنىڭ نامەردلىك قىلماسلىقىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۆزىنىڭ تەختتىن چۈشكىنىدە بوربون هۆكۈمىتىنىڭ پۇلىنى ۋە بارلىق قىممەتلىك بۇيۇملىرىنى مۇسادىرە قىلغانلىقىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرمەكچى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ كۆڭلىنى ئالماقچى هەمدە خۇددى ئەينى زاماندا ئانتونىنىڭ رىم خەلقىغە ئىمپېراتور قەيسەرنىڭ ۋەسىيىتىنى جاكارلىغىنىدا پەيدا قىلغان تەسىرىدەك ئۆز سۇلالىسى ئۈچۈنمۇ ياخشى تەسىر پەيدا قىلماقچىدى.

ئارقىدىن ئالاهىدە هەدىيەدىن مەنپەئەتدار بولغۇچى توقسان يەتتە كىشىنىڭ ئىسمىنى رەتكە تۇرغۇزدى. هەدىيە ئوبيېكتلىرى ئۈستىدە قاتتىق ئويلىناتتى، سۆيۈنچە هەدىيە قىلىشقا تېگىشلىك ئۆتمۈشتىكى خىزمەتكارلىرىنىڭ ئىسمىنى ئويلاپ تېپىپ رەتكە تۇرغۇزاتتى. هەدىيە قىلىپ بەرمەكچى بولغان بۇ پۇل ۋە مۈلۈك قىممىتى جەمئىي يىگىرمە مىليون فىرانك بولۇپ، كۆپ بولمىسىمۇ بايا ئېيتىلغان يىگىرمە مىليون فىرانكقا قارىغاندا ئىشەنچلىكرەك ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالتە مىليون نەق پۇل بولۇپ، پارىژدىن ئايرىلىش ئالدىدا بانكىغا ئامانەتكە قويغانىدى.

هەدىيە ئالىدىغانلار كىم؟

مونتولونغا ئىككى مىليون فىرانك، بېرتران بىلەن چاكىرى مارشانغا بەش يۈز مىڭ فىرانكتىن تېگەتتى. ناپولېئون خىزمەتكارلىرى ئىچىدە پەقەت مارشاننىلا دوستۇم دەپ ئاتايتتى، بۇ قېتىم قالدۇرغان ۋەسىيىتىدە: «مارشان كونا گىۋاردىيە ئوفىتسېرلىرىمنىڭ تۇل ئاياللىرىدىن، سىڭىللىرىدىن ياكى قىزلىرىدىن بىرەرسىنى نىكاھىغا ئالغان» دېدى، شۇنداقلا مارشاننى بېرتران، مونتولونلار بىلەن بىر قاتاردا ۋەسىيىتىنىڭ ئىجراچىسى قىلىپ بەلگىلىدى ھەمدە بۇ ئۇچەيلەننى ۋەسىيەتنامىنىڭ بىر بېتىگە تامغىسىنى بېسىشقا بۇيرۇدى. شۇنداق قىلىپ ناپولېئوننىڭ قەلىمى بىلەن يېزىلغان ئاخىرقى ھۆججەتكە تۆت كىشىنىڭ تامغىسى، ئىمپېراتورنىڭ بۈركۈت تامغىسى، ئىككى گىرافنىڭ نەقىش تامغىسى، ناپولېئون ئىنتايىن ئىشىنىدىغان چاكىرى مارشاننىڭ ئىمزاسى بېسىلغان بولدى. «مارشاننىڭ ماڭا بەرگەن ياردىمى دوستلارچە ياردەم» دەپ باھا بەرگەندى ئىمپېراتور مارشانغا. ساينىت خېلېنا ئارىلىدا ئىمپېراتورنىڭ خىزمىتىدە بولغان ھەربىر خىزمەتكار بىر ئۇلۇشتىن سۆيۈنچىگە ئېرىشتى، بىرقانچە دوختۇرمۇ تېگىشلىك نېسىۋىسىگە ئېرىشتى، ئىمپېراتور بۇلارنىڭ ئىچىدە ئومرانى ئەڭ ئەخلاقلىق ئادەم، دەپ ئاتىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن كۆڭلى يېقىن سەردارلىرىغا، كاتىپلىرىغا، ئىككى يازغۇچىغا، ئېلبا ئارىلىدىكى مۇھاپىزەتچىلىرىگە، جەڭدە قۇربان بولغان ئوفىتسېرلىرىنىڭ تۇللىرىغا، بۇلاردىن باشقا يەنە مىراخور، چاكار، خەۋەرچى، ئىشىك باقار، كۇتۇپخانا خادىملىرىغا، كورسىكادىكى قىيامەتلىك دوستلىرىنىڭ نەۋرە ـ چەۋرىلىرىگە ۋە بۇنىڭدىن ئىلگىرى كۆپ قېتىم سۆيۈنچە ئالغان بولسىمۇ يەنىلا موھتاجلىقتا ئۆتۈۋاتقان ئېمىگىرانتلارنىڭ نەۋرە ـ چەۋرىلىرىگە، ئوكسىنودا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىكى بىر ئوقۇتقۇچىسىنىڭ نەۋرە ـ چەۋرىلىرىگە، تولوندا ھەربىي

مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقان چېغىدىكى قوماندانىنىڭ نەۋرە ـ چەۋرىلىرىگە، ئۆز ۋاقتىدا تولۇنغا ھۇجۇم قىلىش پىلانىنى يولغا قويۇشقا ياردەم بەرگەن پالاتا ئەزاسىنىڭ نەۋرە ـ چەۋرىلىرىگە، ئۆزىنى قوغداش يولىدا قۇربان بولغان كانۋىيىنىڭ بالىچاقا، نەۋرە ـ چەۋرىلىرىگە نۇرغۇن پۇلنى تەيمۇتەڭ ـــ كۆپىنچىسىگە يۈز مىڭ فىرانكتىن تەقسىملىدى.

ناپولېئون سۆيۈنچە ئالىدىغانلارنىڭ ئاخىرقى ئىسىملىكىنى بەلگىلەپ بولغاندىن كېيىن يەنە بىرمۇنچە بۇيۇملارنىمۇ تىلغا ئالدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە: رۇسىيەدىن كەلتۈرۈلگەن تاش تۇز، پارىژ جامائىتى ھەدىيە قىلغان ئالتۇن قاچا ـ قۇچا، سىڭلىسى پاۋلىنانىڭ پۇلىغا ئېلبا ئارىلىدا سېتىۋالغان يەر، ۋېنىتسىيەدە ئامانەت قويغان قىممىتى بەش مىليون فىرانكلىق سىماب، ۋېنىتسىيە ئېپىسكوپى بولغان چاغلىرىدا توپلىغان مۈلكى، مارمېسون قورۇقىغا تىقىپ قويغان ئالتۇن ۋە ئۈنچە ـ مەرۋايىت قاتارلىقلار بار ئىدى.

ناپولېئون ساينىت خېللېنا ئارىلىدا ئۆزىگە ئالتە يىلدىن بۇيان بىھېساب ئۇيقۇسىز كېچىلەردە ھەمراھ بولغان كۈمۈش چىراغنى ئاپىسىغا ئاتىدى. ئاكا ـ ئىنىلىرى ۋە سىڭىللىرىغىمۇ ئەنە شۇنداق تەۋرۈك سۆيۈنچىلەر تەگدى.

بىراق، ناپولېئوننىڭ ئاساسىي مىراس ۋارىسى ئوغلى ئىدى. بۇ بالىغا ئالدى بىلەن ناپولېئوننىڭ بارلىق قورال ـ ياراغ، ئىگەر، يۈگەن، ئىزناك ـ ئوردېن، كىتاب، كىيىم ـ كېچەك، ھەربىي سەپەر كارىۋىتى قاتارلىق مۈلكى تەگدى. «بۇ ئۇششاق ـ چۇششەك سۆيۈنچىلەرنى پۈتۈن دۇنيا پارىژنى قىلىدىغان دادىسىنى ئەسلەپ تۇرۇشى ئۈچۈن بولسىمۇ قەدىرلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى ناپولېئون بۇ كونكرېت مىراس تىزىملىكىنىڭ ئاخىرىغا. بۇ مۈلۈك تىزىملىكىدە يەنە ئىككى كالتە ئىشتان ۋە ئىككى ياستۇق قېپىمۇ بار ئىدى. «ئاۋستىرلىز ئۇرۇشىدا ئاسقان

شەمشىرىم» دەپ ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتتى. يەنە بەزى بۇيۇملارنىمۇ قوشتى: «لىم، ئېللور، موسكۋا، موللىرۇنلاردىكى كۇنلەردە ئىشلەتكەن ئالتۇن چامادان، شۇنداقلا 1815 ـ يىلى 20 ـ ماي تۇئېلېرس ئوردىسىدا لۇئىس XVIII نىڭ شىرەسىدىن تاپقان تۆت ساندۇقچاق، بودىستامدا قولغا چۈشۈرگەن بۇيۇك ئىمپېراتور فرېدېرىخنىڭ سائىتى، ئۈچىنچى ساندۇقچە، شۇنداقلا مارىنگودىكى چاغلاردا كىيگەن كۆك پەلتويۇم ۋە باش مەمۇر بولغىنىمدا ئاسقان شەمشىرىم، شۆھرەتلىك بىرلەشمە ئارمىيەنىڭ بەلگە ئاسقۇسى». ئىمپېراتور ھەربىر تۇردىكى تىزىملىكنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ئاخىرغا شۇ تۇردىكى بۇيۇملارنى ئوغلى ئون ئالتە ياشقا توشۇپ تاپشۇرۇۋالغانغا قەدەر ساقلاپ بېرىشكە بىر نەپەردىن يېقىن ئادىمىنى بەلگىلىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن چېچىنى مارشانىڭ ساقلىشىنى ھەمدە چاچلىرىدىن بىلەزۈك ئۆرۈپ، ئالتۇن قىسقۇچ بىلەن قىسىپ، خانىشقا، ئاپىسىغا، ئاكا ـ ئىنىلىرىگە، سىڭىللىرىغا بىردىن بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ ۋەسىيەت قالدۇردى ۋە «چوڭراق بىلەزۈكنى ئوغلۇمغا بېرىڭ» دەپ قوشۇپ قويدى ئاخىرىدا. بۇ ۋەسىيىتىدە ئوغلىنى قىزىقتۇرالايدىغانلىكى جاي، ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىرمۇبىر تىلغا ئېلىپ ئۆتتى: «ئىجراچىلىرىم ئوغلۇمنىڭ مېنى توغرا چۈشىنىشىگە ياردىمى بولىدىغان جىمى شارائىتلارنى يارىتىپ بەرگەي. ئەگەر ئوغلۇمنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەلسە، ئىمپېراتورلۇق تەختىگە چىقار. شۇڭا، ۋەسىيىتىمنى ئىجرا قىلغۇچىلار ئوغلۇمغا كونا سەركەردىلىرىم، كونا لەشكەرلىرىم ۋە سادىق خىزمەتكار ـ چاكارلىرىمغا كۆپ قەرزدار ئىكەنلىكىمنى چۈشەندۈرۈپ قويغاي.» بۇ ئىجراچىلار ھەقىقەتەنمۇ ئىمپېراتورنىڭ ئوغلى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئىمپېراتورنىڭ شۇ ۋەسىيىتىنى ئورۇنداشقا كۈچىنىڭ بارىچە تىرىشتى. ناپولېئون ئاپىسى ۋە ئاكا ـ

ئىنىلىرىدىن، سىڭىللىرىدىن ئوغلى چوڭراق بولغاندىن كېيىن خەت يېزىپ، كونا سەركەردە ـ سەردارلىرى ۋە چاكارلىرىنىڭ بالىلىرىنىڭ خىزمىتىگە تەييار ئىكەنلىكىنى، هايتلا دىسە تەق بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇشىنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا ئاپىسىنىڭ ئوغلىغا رەسمىي ياكى ئاتا ـ بوۋىسىنى ئېسىگە سېلىپ تۇرىدىغان زىبۇ ـ زىننەتلىرىنى بېرىشنى تەلەپ قىلدى. جان ئۈزۈش ئالدىدىمۇ شۇ قەدەر سەبىيلىك بىلەن ئاتا ـ ئانىسىنى تىلغا ئالدى، ئارقىدىنلا بېرتىران، مونتولونغا:

— ئوغلۇم قورامىغا يەتكەندە، چوقۇم ناپولېئون دىگەن ئىسمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈڭلار، — دېدى.

ئىمپېراتور ئاشۇ بىردىنبىر قانۇنلۇق ۋارىسى توغرىسىدا تەپسىلىي ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ۋەسىيىتىنىڭ 37 ـ ماددىسىدا: «يەنە بىر ئوغلۇم لىئون كېيىنچە مۇلكىي خادىم بولۇپ چىققاي، ئالېكساندىر ۋالېۋسكىي فىرانسىيە سەردارى بولۇپ چىققاي» دەپ يازدى. بىراق، شۇنى ئويلاپمۇ يەتمىگەنىدىكى، قانۇنلۇق پۇشتى ۋاقىتسىزلا ئالەمدىن ئۆتتى، نىكاھسىز تۇغۇلغان ئوغلى لىئون شۇنىڭدىن كېيىن ئون نەچچە يىل ئۆتكەندە بىر ئاشپەز ئايالغا ئۆيلىنىپ، ئامېرىكىدا شالاق ۋە چاكىنا هاياتىنى ئاخىرلاشتۇردى. گىراف ۋالېۋسكىي بولسا مىنىستىر بولۇپ، فىرانسىيەنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان كاتتا ئەرباب بولۇپ چىقتى. بۇ كېلىشكەن، چىرايلىق، ئەقىللىك ۋە تالانتلىق يىگىت ھەقىقەتەنمۇ مۇھەببەتنىڭ جەۋھىرى بولۇشقا مۇناسىپ ئىدى.

ئىمپېراتور قانۇنلۇق ۋارىسىغا ئىككىنچى پارچە ۋەسىيەتنامىمۇ قالدۇردى. ئالەمدىن ئۆتۈشتىن ئىككى ھەپتە ئىلگىرى بىر ئاخشىمى مونتولوننى يېنىغا چاقىرتتى.

«ئۆيگە كىرسەم، ئىمپېراتور كارىۋىتىدا ئولتۇرۇپتۇ، — دەپ يازىدۇ مونتولون ئەسلىمىسىدە، — كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى،

قاتتىق قىزىپ كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلاپ كەتكەن بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. بىراق ئىمپېراتور ھېچنېمە بولمىدىم. ئوغلۇمغا نېمە دېيىش كېرەكلىكى توغرىسىدا بېرتران بىلەنغۇ سۆزلىشىپ قويغان. بىراق، خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن... ئەڭ ياخشىسى ئوغلۇمغا قىلغان ۋەسىيەتلىرىمنى يىغىنچاقلاپ يەنە بىر قېتىم ئەسكەرتىپ ئۆتسەممىكىن دەيمەن. ياردەملىشىۋېتىڭ دېدى.»

شۇنداق قىلىپ يەنە ئون ئىككى بەت ۋەسىيەت يېزىلدى، بۇ قېتىمقىسى سىياسىي ۋەسىيىتى ئىدى. ھالبۇكى، بۇنىڭ ئىچىدە سىياسىيغا دائىر بىر ئېغىز گەپمۇ يوق بولۇپ، ھەممىسى دېگۈدەك تىنچلىق مەزمۇنىدىكى گەپلەر ئىدى. بىز بۇ ۋەسىيەتنامىدىكى بايانلاردىن ناپولېئوننىڭ 19 ـ ئەسىردە ھاكىمىيەت بېشىغا چىققان ۋاقتىدىكى ياۋروپا توغرىسىدىكى پېتەكچى ئىدىيەسىنى، ئىككىنچى ئەۋلاد ھۆكۈمرانلىقى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز. ناپالېئون بۇ ۋەسىيەتنامىسىدە خۇددى ئۆز ئىشلىرى ئۈستىدە چوڭقۇر تەنقىدي پىكىر يۈرگۈزگەن، بىر خىل يېڭىچە سىياسىي تۈزۈلمە شەكىللىنىشنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ئۈمىد قىلغان ھەمدە 20 ـ ئەسىرنى ئەۋلىيالارچە تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرسىتىپ ئۆتكەن، شۇنداقلا بۇ قاقاس ئارالدا تۇرۇپ ياۋروپاغا مۇراجىئەت قىلىپ، ھەر قايسى ئەل خەلقىنى بىرلىشىشكە، ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، مەدەنىيەت، ئىستىدات ۋە سودا ئىشلىرى جەھەتتە ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىشقا چاقىرغانىدى.

ئوغلۇم ھەرگىزمۇ مەن ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش خىيالىدا بولماي، ھالاكىتىمدىن پايدىلىق ساۋاق ئالغاي، تىنچ ھۆكۈمرانلىق قىلىش بارلىق تىرىشچانلىقىنىڭ نىشانى بولغاي. ئەگەر مېنىڭ ئۈرۈشلىرىمنى قىزىقسىنىپ دوراپ، زورۇرىيەتسىز

داۋاملاشتۇرىدىغان بولسا، ۋاپادار بالا بولماي قالىدۇ. ئەگەر مېنىڭ قىلغىنىمنى قىلىدىغان بولسا، مېنىڭ قىلغانلىرىم نېمىگە ھېساب؟... بىر ئەسىردە ئوخشاش بىر ئىشنى تەكرارلاپ ئىككى قېتىم قىلىشقا بولمايدۇ. مەن ئۆتكەندە ياۋروپانى ئامالنىڭ يوقىدىن قوراللىق بويسۇندۇرغانىدىم، بۈگۈنكى كۈندە ئىدراك بىلەن قايىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ... مەن يېڭى ئىدىيەلەرنى ياۋروپاغا ۋە پۈتكۈل فىرانسىيەگە كۆچۈرۈپ تىككەنىدىم، ئەمدى تاشلىنىپ قالسا بولمايدۇ، ھوسۇلىنى ئوغلۇم يىغسۇن...

ئىنگلىزلار جىنايىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن بولسىمۇ ئوغلۇمنىڭ پارىژغا قايتىشىغا ياردەم بېرىشى مۇمكىن. ئوغلۇم ئەنگلىيە بىلەن ئىناق ئۆتۈش ئۈچۈن ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن باش تارتماي، ئەنگلىيەنىڭ سودا مەنپەئىتىگە ھۆرمەت قىلىشى شەرت. شۇنداق ئىككى خىل زۆرۈرىيەت باركى: بىرى، ئەنگلىيەگە قارشى ئۇرۇش قىلىش؛ يەنە بىرى، دۇنيا سودىسىدا ئەنگلىيە بىلەن بازار بۆلۈشۈش. ھازىرقى كۈندە ئىككىنچىسىلا بىردىنبىر توغرا يول دەپ قىلىمەن. فىرانسىيەدە دىپلوماتىيە مەسىلىسى ئىچكى مەسىلىلەرگە قارىغاندا بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇزاققىچە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. مەن ئوغلۇمغا مەردلىك ۋە چۈشىنىش ئاساسىدىكى دىپلوماتىيەنىڭ ياردىمىدە ئىشلىرىمنى داۋاملاشتۇرالىغۇدەك يېتەرلىك كۈچ ۋە ھېسداشلىق قالدۇردۇم.»

«... ئوغلۇم ھەرگىزمۇ چەت ئەللەرنىڭ ياردىمى بىلەن خانلىق تەختىگە چىققۇچى بولمىغاي، ھۆكۈمرانلىقنىلا مەقسەت قىلماي، كېيىنكىلەرنىڭ مەدھىيەسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشقاي. ئىمكانقەدەر مېنىڭ جەمەتىمگە يېقىن تۇرغاي، ئاپام قەدىمىي ئەنئەنىۋى ئەخلاق ـ پەزىلەتكە ئىگە ئۇلۇغ ئايال... تەدبىرىمىز دۇرۇسلا بولسا، فىرانسۇزلار دۇنيا بويىچە ھۆكۈمرانلىق قىلماق ئەڭ ئاسان خەلق، فىرانسۇزلارنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، دوست ـ دۈشمەننى تېز پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى دۇنيادا تەڭداشسىز. بىراق، ئۇلارنىڭ ئىدراكىغا مۇراجىئەت قىلىشى شەرت، بولمىسا ئۇلارنىڭ قانائەتسىز ئىدىيەسى جانلىنىپ كېتىدۇ ـ دە، مالىمانچىلىق ۋە غەلىيان كۆتۈرۈلىدۇ...

ئوغلۇم ھەرقانداق سىياسىي پارتىيەدىن ئۆزىنى يىراق تۇتۇپ، ئامما بىلەن يېقىنلاشقاي، ۋەتەن ساتقۇچلاردىن باشقا ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۆتكەن ئىشلىرىغا سالاۋات قىلغاي، ئىستىدات ئىگىلىرىنى، تۆھپىكارلارنى ھەردەم مۇكاپاتلاپ تۇرغاي.

فىرانسىيەدە سىياسىي پارتىيەلەردىكى كاتتا ئەربابلارنىڭ ھېچقانچە تەسىرى بولمايدۇ، ئۇلاردىن مەدەت تىلەپ بىر ئىش قىلغانلىق قوم ئۇستىگە ئىمارەت سالغان بىلەن باراۋەر. پەقەت جامائەتنىڭ قوللىشىغا تايانغاندىلا، ئاندىن ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولىدۇ.

... مەن ئىلگىرى باشتىن ـ ئاياغ كەڭ خەلققە تايىنىپ، تۈنجى بولۇپ ھەر خىل تەبىقىدىكى خەلققە پايدىلىق ھۆكۈمەت ئەندىزىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدىم. مىللەتنىڭ مەنپەئىتى پارچىلانسا، ئىچكى ئۇرۇش پەيدا بولىدۇ. ئايرىلماس تەبىئىي نەرسىنى ھەرگىزمۇ زورۇقۇپ ئاجرىتىۋېتىشكە بولمايدۇ، ئاجرىتىۋېتىلسە پارچىلىنىپ كېتىدۇ. مەن ھازىرقى ئاساسىي قانۇننىغۇ مۇھىم بىلىپمۇ كەتمەيمەن. بىراق، ئاساسىي قانۇننىڭ ئاساسىي پىرىنسىپى جەزمەن ئومۇمىي سايلام بولۇشى كېرەك.

مەن بەرپا قىلغان ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئوغلۇمغا ھېچقانداق ياردىمى بولمايدۇ.

مېنىڭ مۇستەبىتلىك يۈرگۈزمەسلىككە ئاساسىم يوق ئىدى. چۈنكى، كىشىلەر ماڭا ئېھتىياجىمدىنمۇ ئارتۇق ھوقۇقنى بەرگەنىدى. بىراق، ئوغلۇمنىڭ ئەھۋالى باشقىچە. ئوغلۇم ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالسا ئىختىلاپ تۇغۇلماي قالمايدۇ، شۇڭا ئەركىنلىك تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ ئارزۇسىنى ئالدىنئالا ئويلاپ يەتمىسە بولمايدۇ. ھۆكۈمرانىنىڭ ۋەزىپىسى نوقۇل ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈش بولماستىن، دىنىي ئەقىدىلەرنى، ئەخلاق ۋە باياشاتلىق دائىرىسىنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. ساختا نەرسىلەرنىڭ پايدىسى يوق.

فىرانسۇزلار ئەركىنلىكنى سۆيۈش، شۆھرەتنى سۆيۈشتەك بىر ـ بىرىگە زىت، ماھىيەتتە مەنبەداش ئىككى خىل كۈچلۈك قىزغىنلىققا ئىگە خەلق، ھۆكۈمەت خەلقنىڭ بۇ ئىككى خىل

ئارزۇسىنى پەقەت مۇتلەق ئادىللىق ئارقىلىقلا قاندۇرالايدۇ. ھاكىمىيەت يۇرگۈزۈشنىڭ ئېپى مۇئەييەن مۇكەممەل نەزەرىيەگە رايە قىلىشتىلا ئەمەس، بەلكى تەييار شارائىتتىن پايدىلىنىپ يېڭىلىق يارىتىشتا ئىپادىسىنى تاپىدۇ. كىشىلەر قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنى قىلغاندىن كېيىنلا، ئاندىن شۇ ئىشلىرىدىن مەنپەئەت كۆرىدۇ.

نەشر ئەركىنلىكى ھۆكۈمەتنىڭ قولىدىكى قۇدرەتلىك ھۆكۈمرانلىق قورالى بولۇپ قېلىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا ھۆكۈمەت بۇ قورالدىن پايدىلىنىپ ساغلام نۇقتىئىنەزەر ۋە توغرا ئاساسىي پرىنسىپنى ئىمپېرىيەنىڭ يىراق بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە تارىتالايدۇ؛ نەشر ئەركىنلىكىگە سەل قاراش يار لېۋىدە ئېغىر ئۇيقىدا ياتقان بىلەن باراۋەر. شۇڭا، شەيئىلەرنى يېتەكلەپ ماڭمىغاندا، شەيئىلەر تەرەققىياتى مۇقەررەر تۇسالغۇغا ئۇچرايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۆز بېشىغا بالايىئاپەت ياغىدۇ.

ئوغلۇم يېڭى ئىدىيەلىك ئادەم بولۇشى ھەمدە مېنى ھەممە يەردە غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەن ھەقىقەتكە ۋارىسلىق قىلىشى، يەنى ياۋروپانى ئايرىلماس فېدېراتسىيە ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈشى كېرەك.

ياۋروپا زور بىر مۇقەررەر بىرلىشىشقا يۈزلەندى، بۇنداق بىرلىشنى تۇسۇشقا ئۇرۇنۇش بىھۇدە تىركىشىپ كۈچىنى ئىسراپ قىلىشتىن باشقىچە نەتىجە بەرمەيدۇ، پەقەت بۇ بىرلىشىشقا ئاكتىپ پوزىتسىيە بىلەن مەدەتكار بولغاندىلا كىشىلەرنىڭ ئۈمىدى ۋە ئارزۇسىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ.

ئوغلۇم مۇقەررەر مۇشكۈل ئەھۋالدا قالىدۇ، مەن ھەربىي كۈچ ئارقىلىق ھەل قىلىشقا مەجبۇر بولغان مەسىلىلەرنى كىشىلەر بىردەك ماقۇل بولغان ئەھۋالدىلا ئورۇندىيالايدۇ. ئەگەر 1812 - يىلى روسىيەگە قارشى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان بولسام، كەلگۈسى يۈز يىل ئىچىدە تىنچلىق مەسىلىسى ۋە ھەرقايسى ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى مىللىي زىددىيەتلەر ئۆزلۈكىدىن ئوڭۇشلۇق ھەل بولۇپ كېتەر ئىدى. ھالبۇكى، بۇ توگۈن ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىنكى كىشىلەرگە قالدى. بۇنىڭدىن كېيىن چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا

شىمال ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا دېڭىز قىرغىقىدىكى رايونلار ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. بۇ رايونلاردىكى ئەللەرنىڭ نەپسانىيىتىنى قاندۇرماق ئاسان، مەدەنىي دۆلەتلەر ئاشۇ ياۋايى ئەللەرنىڭ ئەرزان بويۇملىرى ياكى ئۇ يەرلىرىنى سېتىۋېلىش ئارقىلىق ئۇز ئېلىنىڭ بەختىنى تاپىدۇ. پادشاھلار شۇنى چۈشىنىشى كېرەككى، ياۋروپا يەنە خەلقئارا ئۆچمەنلىكنى پەيدا قىلغۇچى مەنبە بولۇپ قېلىۋەرسە بولمايدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، يۇزەكى قاراشلارنى تۈگىتىپ، ئەللەر ئارا مەنپەئەتنى كېڭەيتىش ۋە ئىلگىرى سۇرۇشكە، سودا يوللىرىنى كۆپەيتىشكە توغرا كېلىدۇ؛ سودىنى مونوپول قىلىدىغان دۆلەت قالمىدى.

ئوغلۇمغا ئۆگەتكىنىڭلار، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئۆگەنگەنلىرى ئەسقاتماي قېلىشى مۇمكىن، يۇرىكىگە مۇقەددەس بىر ئوت چۈشكەن ھەمدە ئاق كۆڭۈل بىر پەزىلەت ئىگىسى بولغىنىدىلا، ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالىشى مۇمكىن.

ئەگەر ئۇلار سىلەرنى ۋىيېنناغا بارغىلى قويمىسا...

ئىمپېراتور ۋەسىيىتىنى شۇ يەردە ئاخىرلاشتۇردى، ماغدۇرى قالمىغاچقا، مۇقەددەس بېشارەت سۆزلىرىنى تۈگەتمەي تۇرۇپلا توختاپ قالدى. بىراق، جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغان بۇ زاتنىڭ ئوغلىغا ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇرغان تەلىمى يۈز يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ ياۋروپا ئۈچۈن دەستۇر بولۇپ قالدى. بۇ تالانتلىق پادشاھ بىز بۈگۈنكى كۈندە جاۋاب تاپماقچى بولۇۋاتقان تۈرلۈك سىياسىي مەسىلىلەرگە شۇ ۋاقىتتىلا جاۋاب تاپقانىدى.

## ئون توققۇزىنچى، گىگانت يۇلتۇز ئېقىپ چۈشتى

ئىمپېراتورنىڭ تالانتىنى زاھىر قىلىپ بەرگۈچى سۆزلىرى يەنە ئۇزاق داۋام قىلار ئىدى. بىراق، سۆيۈپ قۇرۇغان بۇلاقتەك

بىردىنلا توختاپ قالدى. گويا تەڭرى راھەت ئۆلۈم ئاتا قىلغاندەك، تەسەۋۋۇردا كۆڭۈللۈك مەنزىرىلەر جىلۋە قىلماقتا ئىدى. ناپولېئون ئۇزۇندىن - ئۇزۇن ۋەسىيەتنى ئاغزاكى بايان قىلىپ بولغىنىدىن كېيىن دەردتىنمۇ، غەم - ئەندىشىدىنمۇ خالىي بىر تەرزدە بەخىرامان سوزۇلۇپ ياتتى، قەلبىدە ئۇمىد تۇمانلىرى لەرزان ئەگىپ يۈرمەكتە ئىدى.

— مەن ئۆلگەندىن كېيىن ھەربىرىڭلار ياۋروپاغا قايتىپ، بالىچاقاڭلار بىلەن جەم بولىسىلەر، مەن بولسام جەننەتتە باتۇرلىرىم بىلەن جەم بولىمەن. دۇروك، نېي، مىرا، بىرتىخېرلار ئالدىمغا چىقىدۇ، بىز پانىي ئالەمدە ئورتاق ۋۇجۇدقا چىقارغان ئىشلىرىمىز توغرىسىدا پاراڭلىشىمىز. مەن ئۇلارغا كېيىنكى سەرگۈزەشتلىرىمنى ئېيتىپ بېرىمەن. ئۇلار مېنى كۆرگىنىدە جەزمەن ئۆتمۈشتىكىدەكلا قانلىرى قايناپ، بۇرۇنقىدەكلا شۆھرەتكە تەلپۈنىدۇ. بىز سىپىئو، خاننىبال، قەيسەر، فرېدېرىخلار بىلەنمۇ پانىي ئالەمدە قىلغان ئۇرۇشلىرىمىز توغرىسىدا پاراڭلىشىمىز، نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك ئىش بۇ ! پانىي ئالەمدىكى كىشىلەر شۇنچە كۆپ ھەربىيلەرنىڭ بىر يەرگە جەم بولغانلىقىنى كۆرگىنىدە ھەيرانلىقتىن چۆچۈپ كېتەر !

بۇلار جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغان ئاشۇ زاتنىڭ كاللىسىدا پەيدا بولغان ئاجايىپ تەسەۋۋۇرى ئىدى، شۇنىڭدىن ئىلگىرىكى نەچچە مىڭ پارچە سۆھبەت خاتىرىلىرى ئىچىدە كۆڭلىدىكى سەبىي تۇيغۇلىرىنى بۇنىڭدىنمۇ ئۆتەر روشەن زاھىر قىلىپ بېرىدىغان سۆزلەرنى تاپقىلى بولمايدۇ. شۇ تاپتا خۇددى چۆش كەبى يېرىم سەگەك ھالەتتە روھى يوروق دۇنيادىن كەتكەن سەركەردىلىرىنىڭ ۋە قەدىمىي رىم قەھرىمانلىرىنىڭ روھى بىلەن جەم بولۇپ پاراڭلىشىۋاتقاندەك، ھەممە كىشى زەمىنىرەك توغرىسىدا سۆزلىشىدىغان شېئىرىي جەننەتتە ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلماقتا ئىدى. ناپولېئون ئاشۇنداق پاراڭ قىلىپ بېرىۋاتقان

پەيتتە ئەنگلىيەلىك دوختۇر كىرىپ كەلدى. ناپولېئون بۇ دوختۇرنىڭ داۋالىشىنى ئاخىر قوبۇل كۆرگەندى. بۇ چاغدا ناپولېئوننىڭ تەسەۋۋۇرىدا چىلىنىۋاتقان نەي ئاۋازى بىردىنلا توختاپ، يەنە بىر قېتىم جەڭ نەرىسى تارتىلدى. بۇ سىياسىيون ئەمدى رېئال ھالەتكە قايتىپ، خۇددى ئۆتكەنكى كۈنلەردىكىدەكلا دەرھال ئىنتوناتسىيەسىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆلۈم ئالدىدىكى قاراشلىرىنى بايان قىلغىلى تۇردى:

— يېقىنىراق كېلىڭ، بېرتران، گېپىمنى بۇ ئەپەندىگە سۆزمۇسۆز قالدۇرماي تەرجىمە قىلىپ بېرىڭ. ئۆلۈمىم مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان كىشىلەرنىڭ زىيانكەشلىكىدىن بولىدى. قالغان ئۆمرۈمنى ئەنگلىيەدە تىنچقىنا ئۆتكۈزۈش ئىستىكىدە ئۆزۈمنى ئەنگلىيە خەلقىگە تاپشۇرغانىدىم. ھالبۇكى، ئۇلار خەلقئارا قانۇنغا باقماي ماڭا كىشەن سالدى... ئەنگلىيە ھەرقايسى ئەل پادىشاھلىرىنى قايىل قىلىۋالغاچقا، پۈتۈن دۇنيا كۈچلۈك تۆت دۆلەتنىڭ مېنىڭدەك بىر يېگانە ئادەمگە تەپ تارتماستىن ھۇجۇم قىلغانلىقىدەك مىسلىسىز زوراۋانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدى. سىلەر بۇ قاقاس ئارالدا ماڭا شۇ قەدەر ئېغىر زۇلۇم سالدىڭلاركى، مېنى بارلىق ئامال بىلەن خورلاپ قىينىدىڭلار، شەپقەتسىزلىك بىلەن ئاستا ـ ئاستا ئۆلتۈرۈش قەستىدە بولدۇڭلار. ھېلىقى زەھەرخەندە ۋالىي بولسا باش ۋەزىرىڭلار مېنى ئۆلتۈرۈشكە ئەۋەتكەن جاللات! مەن مەغرۇر ۋېنتسىيە جۇمھۇرىيىتىدەك ئۆز مەۋجۇدىيىتىمگە خاتىمە بېرىمەن، ئەنگلىيە خانىدانلىقىنى مېنى ئۆلتۈردى، دىگەن شەرمەندىچىلىكتە قالدۇرىمەن!

ئىمپېراتور راسا بىر قاينىۋالغاندىن كېيىن ياستۇققا تاشلىنىپ ياتتى، دوختۇر ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپلا قالدى، ئىمپېراتورنىڭ ھەمراھلىرىمۇ بىسەرەمجان بولۇپ كەتتى. بۇ نېمىگە ھېساب؟ ھاياتىنىڭ خاتىمىسىمۇ؟ نارازىلىقىمۇ ياكى

قارغىشمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس، ساپلا سىياسىي ئىدى! ئىمپېراتور شۇ كېچىسى خانىنىبال ئۇرۇشىغا دائىر خاتىرىلەرنى ئوقۇتۇپ ئاڭلىدى.

ئەتىسى، يەنى ئالەمدىن ئۆتۈشتىن ئىككى ھەپتە ئىلگىرى 1821 ـ يىلى 21 ـ ئاپرىل ھېلىنىقى كورسىكالىق باستېرنى چاقىرتىپ كەلدى. بۇ باستېر ئارالغا كەلگەندىن بۇيان ئىمپېراتور ھەر تىلاۋەت كۈنى دۇئا ـ تىلاۋەت قىلدۇرۇپ كەلگەنىدى، بۇنىڭدىن باشقا چاغلاردا بۇ باستېر بىلەن زادىلا ئۇچراشمايتتى.

ــ «روھىنىڭ جەننەتكە قايتىشى»نىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىز؟ بۇرۇن مۇشۇنداق مۇراسىملارنى قىلىپ باققانمۇ؟ قىلىپ باقمىغان دەڭ! ئۇنداقتا ئەمدى قىلىڭ، ــ دېدى ئىمپېراتور ۋە ئاندىن تەپسىلاتىنى ئېيتىپ بەردى:

ــ مەن ئۆلگەندىن كېيىن كارىۋىتىمنىڭ يېنىغا تىلاۋەت تاختىسى قويۇپ، تاكى يەرلىككە قويۇلغىنىمغا قەدەر ئادەتتىكى مۇراسىم يوسۇنى بويىچە دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىسىز.

باستېر شۇ ئاخشىمى ئىمپېراتور بىلەن بىر سائەتچە بىللە بولدى. باستېر ئالغاچ كەلگەن تىلاۋەت بۇيۇملىرى تولۇق بولمىغاچقا شۇ بىر سائەت ئۆتكۈچە ئىمپېراتورنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى تۇۋىسىنى ئاڭلىماستىن، ۋاقىتنى قۇرۇق پاراڭ سېلىشىپ ئۆتكۈزدى. قىرىق يىلدىن بۇيان مۇقەددەس تائام بىلەن ئېغىز لاندۇرۇشنى زادىلا قوبۇل قىلىپ باقمىغان ئىمپېراتور بۇ چاغدىمۇ قوبۇل قىلمايتتى، ئەلۋەتتە.

ئىمپېراتور كېسەل دەردىدە ئورۇقلاپ قۇرۇق قاقشال بولۇپ قالغان، بىرقانچە ھەپتىدىن بۇيان چاچ ـ ساقاللىرىنى ئالدۇرۇپ باقمىغان، كۆز ـ قاپاقلىرى ئولتۇرۇشۇپ، چىرايى خۇنۇكلىشىپ كەتكەنىدى. ھۇجرىسى دىمىق، تار، قىستاڭ بولغاچقا، ئىچى سىقىلىپ كەتكەنلىكتىن، كارىۋىتىنى مېھمانخانىغا يۆتكەتتى.

تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئاشقازان ئاغرىقى تۇتۇپ كېتەتتى، بۇنداق چاغلاردا تىترەپ تولغىنىپ كېتەتتى، ئاغرىقى قويۇپ بەرگەندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم ئاغرىقى تۇتقۇچە بولغان قىسقىغىنا ئارىلىقتا يەنە كىم ـ كىملەرگە نىمە ھەدىيە قىلىشى كېرەكلىكى ئۈستىدە ئويلىناتتى. بەزىدە مۈگدەپ قالاتتى، چۈش كۆرەتتى، بۇنداق چاغدا بىرقانچە ئايال چۈشىگە كىرەتتى. بىراق، مارى لۇئىس ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يوق ئىدى.

— سۆيۈملۈك يوسېفىنىمنى كۆردۇم، — دېدى ئىمپېراتور شۇ تاپتىمۇ خۇددى جەننەتنى چۈشەكەپ سەركەردىلىرىنى كۆرگەن چاغلىرىدىكىدەكلا، — بىراق، يوسېفىنىنىڭ مېنى قۇچاقلىغۇسى كەلمىدى... ئۆزگەرمەپتۇ، بۇرۇنقىدەكلا سۆيۈملۈك تۇرۇپتۇ. «پاتلا كۆرۈشىمىز، ئەمدى ھەرگىز ئايرىلمايمىز» دەيدۇ.

ناپولېئون كېسىلى ياخشىلىنىپ قالسىلا، يېقىنقى گېزىتلەرنى ئوقۇتۇپ ئاڭلايتتى. گېزىتلەردە باشقىلار ئۆزىنى قارىلىغان بولسا ھاياجانلىنىپ كېتەتتى. ۋەسىيەتنامىسىنى ئالدۇرۇپ، ئاران تەستە تامغا بېسىپ پېچەتلىگەن كونۋېرتنى يىرتىپ ئېچىپ، تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن زوۋان سۇرمەي يازاتتى:

«مەن كىنەز دانگاننى قولغا ئېلىپ، سوتقا تارتقانىدىم، شۇنداق قىلىشىم فىرانسىيە خەلقىنىڭ مەنپەئىتى ۋە شۆھرىتى ئۈچۈن ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى. گىراف ئاتوسنىڭ ئىقرارىچە، كىنەز دانگان شۇ چاغدا پارىژدا ئاتمىش قاتىلنى بېقىۋاتقانىكەن.»

ئىمپېراتور 27 ـ ئاپرىل ۋەسىيەتنامىسىنى يەنە ئالدۇرۇپ، تازا كۆچەپ تۇرۇپ قايتا مۆھۈر باستى، خىزمەتكارىغا ساندۇق ـ ئىشكاپلىرىدىكى نەرسىلەرنى تىزىملاتقۇزۇپ، مۆھىم ھۆججەتلەرنى باشقىدىن كونۋېرتقا سالدۇردى، ئاندىن كونۋېرتقا ئۆز قولى بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم بەلگە سالدى. شۇ ئارىلىقتا ھە

دىگەندىلا قىيقىلىپ قەي قىلىپ تۇردى، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئۆز تامغىلىرىنى باسقۇزدى، ھەر بىر پوسۇلكىغا چاپلانغان تىزىملىكنى بىرمۇبىر سىلىشتۇرغۇزۇپ چىقتى. دىمەك، ناپولېئون ئەنگلىيەگە شۇ دەرىجىدە ئىشەنمەس بولۇپ كەتكەندى. قىلغۇدەك يەنە قايسى ئىش قالغاندۇ؟ كارىۋىتىدىكى بەزى نەرسىلەر تېخى بىر تەرەپ قىلىنمىغانىدى.

— بەك ئاجىزلاپ كەتتىم، ۋاقتىم ئاز قالدى، ئىشلارنى دەرھال پۈتكۈزمىسەك بولمايدۇ.

بۇ نېمە؟ ئوتانىسىنىڭ ئوردا زىياپەتلىرىدە بوينىغا سېلىۋالىدىغان ئالماس زۇننارى، ئىمپېراتور مارمىسون قۇرۇقىدىن ئايرىلىش ئالدىدا ئوتانىس بۇ زۇننارنى ئۆز قولى بىلەن ئاكىسىنىڭ ھەميىنىغا سېلىپ قويغانىدى، ئىمپېراتور ئەمدى خىزمەتكارى مارشانغا سوۋغا قىلىپ بېرىۋەتتى. يەنە بىر سىيدام ئالتۇن ناسۋال قۇتىسىمۇ بار، ئىمپېراتور بۇ ناسۋال قۇتىسىغا قەلەمتىراشچى بىلەن كۆچەپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئىسمىنىڭ باش ھەرپى «N» نى نەقىشلەپ، دوختۇر ئانتون ماكىيغا سوۋغا قىلىپ بەردى ھەمدە مۇنداق دېدى:

— زېھنىم ئوچۇق ۋاقتىدا ئېنىق تەلەپ قىلىمەنكى، مەن ئۆلگەندىن كېيىن جەسىتىمنى ئوپېراتسىيە قىلىڭلار، بولۇپمۇ ئاشقازىنىمنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈڭلار. ئىشىنىڭلاركى، دادام بىلەن ئوخشاش بىر كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كېتىمەن، ئىنىم لۇئىس دادامنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى دوكلاتنى سىزگە ئەۋەتىپ بەرسۇن، ئۆزىڭىزنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتىڭىز بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىقىڭ. شۇنداق قىلسىڭىز ھېچبولمىغاندا ئوغلۇمنى بولسىمۇ بۇنداق كېسەلنىڭ دەردىدىن خالاس قىلالايسىز. ئوغلۇمغا بۇ كېسەلدىن قانداق مۇداپىئە كۆرۈش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭ، ھېچبولمىغاندا مەن تارتقان دەردنى تارتمىسۇن.

تەييارلىق پۈتتىمۇ، باشلايمىزمۇ؟ تەخىر قىلىپ تۇرايلى، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ئارال مەھكىمىسىگە رەسمىي ئۇقتۇرۇشنامە يېزىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىمپېراتور تۆۋەندىكى مەكتۇپنى ئاغزاكى بايان قىلىپ يازغۇزدى:

ۋالىي جانابلىرى، ئىمپېراتور بوناپورت ئۇزاق ۋاقىت كېسەل ئازابى تارتىپ xx - يىلى xx - ئاينىڭ xx - كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى! ۋاقىپ بولغايسىزلەر... ھۆكۈمىتىڭلارنىڭ ئىمپېراتورنىڭ جەسىتىنى ياۋروپاغا يۆتكەپ ئېلىپ كېتىشىنى ۋە ھەمراھلىرىنى ئوبدانراق ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمىز، ئالدىن ۋاقىپلاندۇرۇپ قويۇشنى لايىق تاپتۇق.

— گىراف مونترو، بۇ خەتكە ئىمزا قويۇۋېتىڭ.

ئىمپېراتور ئۆمرىدە ئاغزاكى بايان قىلىپ ئاتمىش مىڭ پارچىدىن ئارتۇق سىياسىي خەت - ئالاقە يازدۇرغانىدى. ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇقتۇرۇش قىلىپ يازدۇرغان، ئەمما ئۆلۈم ۋاقتىنىڭ ئورنىنى بوش قالدۇرغان بۇ بىر پارچە خېتى شۇ خەت - ئالاقىلىرى ئىچىدە ئەڭ سەرخىلى بولسا كېرەك. ئاتمىش قېتىمدىن ئارتۇق چوڭ ئۇرۇشنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە يۈرۈپ كۆپ قېتىم گۆر ئاغزىدىن قايتىپ كەلگەن بۇ ئەزىمەتنىڭ ئۆز تەقدىرىگە ئۆلۈم ئالدىدىمۇ شۇ قەدەر بىمالال، شۇ قەدەر ئېغىر - بېسىق مۇئامىلە قىلىشىنى كىممۇ ئويلاپ يېتەلىدۇ دەيسىز. بۇ بىر پارچە خېتى ئاشۇ سىرلىق خەت - ئالاقىلىرىنىڭ ئاخىرقى بىر پارچىسى بولۇپ قالمىغىدى.

دەرۋەقە، بۇ ئاخىرقى بىر پارچە خېتى ئەمەس بولۇپ چىقتى. 29 - ئاپرېل ئىمپېراتور تۇنبويى قىزىپ چىققاندىن كېيىن يەنە ئىككى پارچە ئالاقىنى ئاغزاكى بايان قىلىپ يازدۇردى، بىر پارچىسى ۋېرساي قەسىرىدىن پايدىلىنىش مەسىلىسى توغرىسىدا يېزىلغان مەكتۇپ، يەنە بىر پارچىسى 1789 - يىلىدىكى

فىرانسىيە ئىنقىلابىدا قۇرۇلغان مىللىي قوغدىنىش قوشۇنىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش مەسىلىسى ھەققىدىكى ئالاقە مەكتۇپى ئىدى. بىراق، بۇ ئىككى پارچە ئالاقە بۇرۇنقىدەك دۆلەت مۇداپىئە ۋەزىرى ياكى جامائەت قۇرۇلۇشى ۋەزىرىگە يېزىلغان ئەمەس، بۇ ئىككى پارچە ئالاقىگە «بىرىنچى ئارزۇيۇم»، «ئىككىنچى ئارزۇيۇم» دەپ ماۋزۇ قويۇلغانىدى.

«شۇنداق روھلۇق تۇرۇپتىمەن، ھەتتا ئاتلىق ئوتتۇز چاقىرىم يەرگىچە بېرىپ دالا سەيلىسى قىلىپ كېلەلەيمەن» شۇ گەپتىن بىر كۈن كېيىن ئىمپېراتورنىڭ پۈتۈن بەدىنى مۇزلاپ كەتتى، ئەس ـ ھوشىنىمۇ بىلمەيتتى، شۇ ھالدا تاكى ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر بەش كۈننى ئۆتكۈزدى.

ھالبۇكى، ناپولېئون بوناپارتنىڭ ھاياتىي كۈچى بۇنچە ئاسان تۈگىمەيتتى. ئاشۇ ئاخىرقى بەش كۈن ئىچىدە ئەس ـ ھوشىغا كېلىپ قالىدىغان چاغلىرىمۇ بولدى، بۇنداق چاغلاردا پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۆز پىكرىنى بايان قىلىپ تۇردى:

— ئەس ـ ھوشۇم جايىدا بولماي قالغۇدەك بولسا ئەنگلىيەلىك دوختۇرنى ھەرگىز كىرگۈزمەڭلار... ماڭا ساداقەت كۆرسەتكەنلەرگە، ھەرگىزمۇ نامىمغا نۇقسان يەتكۈزىدىغان ئىشنى قىلىپ سالماڭلار... بارلىق قانۇنۇم ۋە ھەرىكىتىمدە ئەڭ قاتتىق پرىنسىپقا ئەمەل قىلغانمەن. ئەپسۇسكى، ۋەزىيەت كەسكىن ۋە يامان بولغاچقا كەڭچىل سىياسەت يۈرگۈزەلمىدىم، خەيرلىك ئىشلارنى كېيىنگە قالدۇرۇشقا مەجبۇر بولغانىدىم. ھالبۇكى، ئارىدا كۈتۈلمىگەن بالا ـ قازالار قوشلاپ كېلىۋەردى. كىرىچنى ۋايىگە يەتكۈزۈپ تارتىشقا ئامالسىز قالدىم، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھازىرغا قەدەر فىرانسىيەدە مەن يولغا قويماقچى بولغان ئەركىنلىك تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلمىدى. بىراق، مېنىڭ ئەسلىي مۇددىئايىمنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى ھەممىيلەنگە ئايان. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى مېنىڭ نامىمنى ئەزىزلەيدۇ، غەلىبەمنى

قۇتلۇقلايدۇ. سىلەرمۇ شۇنداق قىلىڭلار! پىرىنسىپىمغا خىلاپلىق قىلىپ، نامىمغا داغ تەگكۈزىدىغان ئىشنى قىلماڭلار!

ناپولېئوننىڭ تەپەككۇرى ھېلىمۇ ھامان ئۆزىنىڭ ئەجىر ـ تۆھپىسىنى دەۋر قىلىپ باراتتى. ھەسرەتلىك كۆزلىرىگە تىتما ـ تالاڭ، پارچە ـ پۇرات ئەسەرلەردىن باشقىسى كۆرۈنمەيۋاتقان ئۆلۈم ئالدىدىكى بۇ سەنئەتكار ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ ئەتراپىدىكىلەرگە ئۆزىنىڭ ئەسلىي مۇددىئاسىنى ئېيتىپ بەردى.

ئىمپېراتور ئەتىسى ياش چاغلىرىدا ۋە كورسىكادا ئۆتكۈزگەن ئىشلارنى يەنە يېڭىباشتىن كۆڭۈل ئېكرانىدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئوغلىنىمۇ ئەسكە ئېلىپ قوياتتى. بىر چاغدا كورسىكا ئارىلىدىكى مۈلكىنى بىردىنلا ئېسىگە ئالدى، خىزمەتكارى مارشان ئەس ـ ھوشىغا كەلگەن پاسىبانىنىڭ ئاغزاكى بايانىنى سادىقلىق بىلەن تەپسىلىي خاتىرىلىۋالدى:

نايىستىكى ئۆي ـ جايىم ئۇسكۇناتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئوغلۇمغا قالغاي، تۇزلۇقنىڭ ئەتراپىدىكى ئىككى ئۆي ـ جايىم ۋە گۈللۈك ھويلامنى، شۇنداقلا ئاياكسىتىكى بارلىق مۈلكۈمنى ئوغلۇمغا قالدۇرىمەن، بۇلارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى ئەللىك مىڭ فىرانكقا يارايدۇ. مەن يەنە...

بۇ ناپولېئوننىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەرمانى ئىدى. جاھاننىڭ يېرىمىنى بويسۇندۇرغان ئىمپېراتور ئاخىرقى ھېسابتا ھەممىدىن قۇرۇق قالغان بولسىمۇ، جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ ئۆتىدىغان قىزىپ كېتىۋاتقان شۇ دەملىرىدە كورسىكا ئارىلىدىكى ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ ئىگىلىكى، ئاپىسىنىڭ ئۆيلىرى ۋە ئىلكىدىكى دۇنيانىڭ يېرىمىنى سوۋغا قىلىپ بەرمەكچى بولغان ئوغلى كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى.

بۇلار بىر ـ بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەنىدى. ئوغلىنى غۇربەتچىلىكتە قويماسلىق ئۈچۈن ئەسلا مەۋجۇت بولمىغان ئۆي ـ

زېمىننى ئوغلىغا قالدۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن پىكرى - خىيالى قېرىنداشلىرىدىن ئىتالىيەدىكى تۇنجى جەڭگاھقا قاراپ پەرۋاز قىلدى، شۇ يىللاردىكى سەپداشلىرىنىڭ ئەرۋاھى ئەتراپىدا پەيدا بولدى.

— دېسسېن ! مارسېنا ! غەلىبە بىزنىڭ ! ئالغا ! بىز بولارنى...

ئەتىسى باستىر چاقىرىقسىزلا ئۆزى كەلدى. بۇ ساپاسىز باستىر كىشىگە كۆرسىتىشتىن نومۇس قىلىدىغان تىلاۋەت لازىمەتلىكىنى چىقاردى - دە، سەكراتتىكى بىمار بىلەن ئۆيدە يالغۇز قېلىشنى تەلەپ قىلدى. بىرپەستىن كېيىن ئۆيدىن چىقىپ:

— ئاخىرەتلىك ماي سۈرۈش ئەمىلىنى بەجا كەلتۈردۈم. ئاشقازىنىنىڭ ئەھۋالى چاتاق بولغاچقا مۇقەددەس تائام بىلەن ئېغىزلاندۇرۇشقا ئامال بولمىدى، — دېدى.

ناپولېئون ئاخىرقى دەھشەت بىر كېچە ئۆتۈپ، تاڭ سۈزۈلۈش ئالدىدا بىھوشلۇق ئىچىدە گۆلدۈرىدى:

— فىرانسىيە !... باش قوماندان...

بۇ ئىمپېراتورنىڭ ئاخىرقى تەۋەررۇك سۆزلىرى بولۇپ قالدى. بىرپەستىن كېيىن نەدىن كەلدىكى بۇ ماغدۇر، چاچرىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، يېنىدا خەۋەر ئېلىۋاتقان مونترونى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككىيلەن زىلچا سېلىنغان پەگاھتا يومىلاقلىشىپ كەتتى. ئىمپېراتور مونترونى شۇنداق مەھكەم قامالاپ تۇتۇۋالغانىدىكى، مونترو نەپەسمۇ ئالالماي قالدى، يان ئۆيدىكى مارشان بۇ تىۋىشنى ئاڭلاپ ئېتىلىپ كىردى - دە، مونترونى ئاران تەستە ئاجرىتىۋالدى، ئىمپېراتورنىڭ بۇ ئاخىرقى ئېلىشىشتا قايسى دۈشمىنىنى بوغۇپ تاشلىماقچى بولغانلىقى ھېچكىمگە نامەلۇم ئىدى. ئىمپېراتور شۇنىڭدىن كېيىن تۇنبويى تىنچقىنا تەكشى نەپەس ئېلىپ ياتتى. بىر چاغدا

ئۇسسۇزلۇق ئىچمەن دېگەندەك قىلىپ قول ئىشارىسى قىلدى، كىشىلەر ئاغزىغا ئۇسسۇزلۇق تەشنالىگەندە بولسا يۆتالمىدى، ھەمراھلىرى بولۇتنى ئاچچىقسۇغا چىلاپ، لىۋىگە تەگكۈزدى.

تالادىن يامغۇر شەپىسى كېلىپ تۇراتتى، ئۆي ئىچىدە بىر گىراف ۋە بىر پۇقرا ئىمپېراتورنىڭ كارىۋىتى يېنىدا ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى. سائەت بەشلەردە ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ شەرقىي جەنۇب شامىلى گۈركىرىگىنىچە يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئۆينىڭ ئالدىغا يېگانە تىكىلگەن ئىككى تۈپ دەرەخنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىدى. بۇ چاغدا كارىۋىتىدا ئورۇن تۇتۇپ ياتقان ناپولېئون ھېلى قىزىپ، ھېلى مۇزلاپ، ھېلى شۈركۈنۈپ - تىترەپ تۇراتتى. ئەمما، چىرايىدا ئاغرىق ئازابىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى، كۆزلىرى قانداقتۇر ئويلارغا پاتقان خىيالچان كىشىنىڭكىدەك يوغان ئېچىلغانىدى، ھەلقۇمى خىرقىراپ تۇراتتى.

ئىسسىق بەلباغنىڭ كەچكى قۇياشى دېڭىزغا پاتقاندا ئىمپېراتورنىڭ يۈرىكىمۇ سوقۇشتىن توختىدى.

## يىگىرمىنچى، ئىمپېراتور پارىژغا قايتىپ كەلدى

چۈش مەھەل ئىدى، قۇياش نۇرى كۆزنى قاماشتۇراتتى، ناپولېئوننىڭ قانغا مىلەنگەن جەسىتى ئوپېراتسىيە ئۈستىلىدە غۇلاچلىرى يېيىق ياتاتتى، ئەنگلىيەلىك بەش دوختۇر، ئۈچ ئوفىتسېر ۋە ئۈچ فىرانسۇز ئوپېراتسىيە ئۈستىلىنى چۆرىدەپ تۇرۇشاتتى. كورسىكالىق دوختۇر ناپولېئوننىڭ جەسىتىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، يېگانە كېسىپ ئېلىنغان جىگىرىنى قولىغا ئېلىپ، خۇددى سىنىپتا ئوقۇغۇچىلارغا ئەۋرىشكە كۆرسىتىۋاتقاندەك بىر تەرزدە چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— قاراڭلار، جانابلار، ئاشقازاننىڭ يارا قىسمى جىگەرنى قاپلىۋالغان. شۇنداقتا، جانابلار، قانداق ھۆكۈم چىقىرىمىز؟ ساينىت خېللىبنا ئارىلىنىڭ ناچار كىلىماتى ئىمپېراتورنىڭ ئاشقازان كېسىلىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەن، بۇ ھال ۋاقىتسىز ۋاپات بولۇشىغا سەۋەب بولغان.

بۇ مەسىلە ئاۋازغا قويۇلدى، ئەمەلىيەتتە ئىنگلىزلار بىر تەرەپ، فىرانسۇزلار بىر تەرەپ بولۇپ ئاۋاز بەردى. ھېلىقى كورسىكالىق دوختۇر بولسا ناپولېئوننىڭ ئاشقازىنىنى ئاشقازان تېمىدىكى سېسىپ كەتكەن جايدىن تۆشۈك ئېچىپ بارمىقىغا ئۆتكۈزۈۋالغانىدى. ئىمپېراتورنىڭ ئاشقازىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا ئىچكى ئەزالىرى ساق دەپ قارايدىغانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلىدى. ئۇلار شۇ ئاساستا جەسەت تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىشقا كىرىشتى.

ئىمپېراتورنىڭ جەسىتىگە چىرىتمەس خۇش پۇراق دورىلار سۈرتۈلگەندىن كېيىن مارىنگودىكى چاغلىرىدا كىيگەن سورۇنلۇق پەلتوسى يېپىپ قويۇلدى. ئارالدا تۇرۇشلۇق ئەنگلىيە مۇھاپىزەتچى قوشۇنىدىكى بارلىق ھەربىيلەر ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن رەتكە تىزىلىپ، ئىمپېراتورنىڭ جەسىتى ئالدىغا كېلىپ تەزىيە بىلدۈرۈپ سالام بەردى، ئىمپېراتورنىڭ چىرايى شۇ قەدەر تىنچ ئىدى. ناپولېئون تاج كىيىپ ئىمپېراتور بولغىنىدىن كېيىن دۆلەتمەن قەدىمىي رىم ئىمپېراتورلىرىدەك تەن قويۇپ سەمرىپ قالغانىدى، ھازىر بولسا بەجايىكى ئۆسمۈر بالىدەك جۇدەڭگۈ بولۇپ قالغانىدى.

ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئىمپېراتورنىڭ جەسىتىنى ياۋروپاغا ئېلىپ بېرىشقا قوشۇلمىدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر بۇ قاقاس ئارالدىكى خىلۋەت بىر جىلغىدىن يېنىدا ئىككى تۇپ تال سۆگەت سايە تاشلاپ تۇرىدىغان بۇلاق بويىنى تاللاپ يەرلىك كولىدى، ئاندىن ئەنگلىيە گېنېراللىرى قاتارىدا كۆرۈپ ئۈچ مەرتەم

ھۆرمەت توپى ئېتىپ يەرلىكىگە قويدى. بىراق، قەبرىدە فىرانسىيە تۇغى ئەمەس، ئەنگلىيەنىڭ ئىسپانىيەدىكى غەلىبىسىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن تەسىس قىلىنغان ئالىبئۇلىماچ تۇغى مەيىن شامالدا لەپىلدەپ تۇراتتى. ۋالىي ئارالنىڭ غوجايىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىمپېراتورنى ئەپۇ قىلغانلىقىنى جاكارلىدى.

كىشىلەر زەمبىرەك سۈپىسىدىن ئالتە پارچە ياپىلاق تاشنى سۆكۈپ ئەكىلىپ ناپولېئوننىڭ قەبرىسىنىڭ ئۈستىگە ياپتى. ھالبۇكى، بىر پارچە تاش كەملەپ قالغان ھەمدە باشقا يەردىن تاش تاپقىلى بولماي قالغاچقا، يېڭى سېلىنغان بىر ئۆينىڭ ئوچىقىدىن ئۈچ پارچە كاھىشنى چۇۋۇپ ئېلىپ تاش ئورنىدا يېپىپ قويدى. ۋالىي قەبرە تېشىغا «ناپولېئون» دېگەن ئىسمىنى يېزىشقا رۇخسەت قىلماي، «بوناپارت» دەپ يېزىشقىلا رۇخسەت قىلدى. فىرانسۇزلار بولسا مۇنداق قىلىشقا قوشۇلمايتتى، شۇ سەۋەبتىن بۇ قەبرە ئىسىمسىز قەبرە بولۇپ تۇرسۇۋەردى. ناپولېئوننىڭ كاشتانزاردىكى ئۆي ـ بىساتى تالاشتۇرۇپ سېتىۋېتىلدى، ئۆيىنىمۇ بىر دېھقان سېتىۋېلىپ تۈگمەن قىلىۋالدى. ئىمپېراتورنىڭ ئالتە يىل ئولتۇرغان ئىككى ئېغىز ئۆيىمۇ ئەسلىي ھالىتىگە كەلتۈرۈلۈپ، بىر ئېغىزى كالا قوتىنى، يەنە بىر ئېغىزى چوشقا قوتىنى بولدى.

ئەنگلىيە مەرھۇمغا ھۆرمەت قىلىدىغان ئىشتىن بىرنى بولسىمۇ قىلدى، يەنى قەبرە يېنىغا قاراۋۇل قويدى، قاراۋۇللار تاكى مەرھۇم ئىمپېراتور پارىژغا قايتۇرۇپ كېتىلگەنگە قەدەر ئون توققۇز يىل مابەينىدە نۆۋەت بىلەن ئالمىشىپ پوستا تۇردى. ئىمپېراتورغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ياۋروپاغا قايتىپ كەتتى. ۋالىي لوندون كوچىلىرىنىڭ بىرىدە كېتىۋاتقىنىدا لاسكاسنىڭ ئوغلى راسا قامچىلىدى، ۋالىي بىر ئامال قىلىپ جېنىنى ئېلىپ قاچتى ـ دە، شۇنىڭدىن كېيىن

ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولۇپ، نەلەردىدۇر نام ـ نىشانسىز ئۆلدى. ناپولېئوننىڭ خورلىنىشىغا جاۋابكار بولمىش ئەينى چاغدىكى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى ئاخىر ئېلىشىپ قېلىپ تومۇرىنى كېسىپ ئۆلۇۋالدى، پۈتۈن ئەنگلىيە جامائەتچىلىكى هۆكۈمرانلارنى ساينىت خېلىېنا ئارىلىدا ئىمپېراتور ناپولېئونغا قىلغانلىرى ئۈچۈن نەپرەتكە كۆمۈۋەتتى.

هېلىقى كورسىكالىق دوختۇر ئانتون ماكې ئىتالىيەگە بېرىپ، لۇسىئان بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغانىدى، لۇسىئان قوبۇل قىلىشنى راۋا كۆرمىدى. پالماغا بېرىپ مارى لۇئىس بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغانىدى، مارى لۇئىسمۇ رەت قىلدى، ئاخىر تىياتىرخانىنىڭ لوژىسىدا مارى لۇئىس بىلەن كۆرۈشتى. رىمدا لاتسىيە بوناپارتنى ـــ ئىمپېراتورنىڭ ئاپىسىنى زىيارەت قىلدى ۋە ناپولېئوننىڭ ئەهۋالىنى ساق ئۈچ كۈن دوكلات قىلدى، ئىمپېراتورنىڭ تەۋەررۇك كۈمۈش چىرىغىنى تاپشۇرۇپ بەردى، ئاندىن كورسىكاغا قايتىپ كەتتى. لاتسىيە تام مەش ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئىككىنچى ئوغلى ناپولېئوننىڭ بەختسىزلىكى ئۈچۈن هەسرەت چېكىپ ياش تۆكتى.

لاتسىيە شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئون بەش يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، قىزى ئېلىزا ۋە پاۋلىنالاردىن ئۇزاقراق ياشىدى، هەتتا بىرقانچە نەۋرىلىرىدىنمۇ ئۇزاقراق ئۆمۈر كۆردى. ئاخىرقى كۈنلىرىدە پالەچ ۋە ئەما بولۇپ قالدى. ئەمما زېهنى ئوچۇق بولۇپ، ئوغلىنىڭ يېرىم هەيكىلى ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، قايغۇ ـ هەسرەت بىلەن ماتەم تۇتۇپ ياش تۆكەتتى.

بۇ ئانا ئىمپېراتورغا سادىق بولغانلىكى كىشىلەرنى ئۆز قەسرىدە خۇددى ئايال پادىشاھلاردەك سەلتەنەتتى بىلەن قوبۇل قىلىپ تۇراتتى. چاكارلىرى ناپولېئوننىڭ بەلگىسى كەشتىلەنگەن ئوردا كىيىمىنى كىيەتتى، ئۇلار ياۋروپادا بۇنداق كىيىملەرنى كىيگەن ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈركۈم كىشىلەر بولسا كېرەك.

خانىمنىڭ پەلتوسىمۇ ناپولېئوننىڭ مۆھرى نەقىشلەپ چۈشۈرۈلگەن ياۋروپا بويىچە ئەڭ ئاخىرقى شاھانە پەلتو ئىدى. لاتىسىيە بەزىدە ۋىيېننا ئوردىسىدا بېقىلىۋاتقان نەۋرىسىنىڭ خەۋىرىدىنمۇ ۋاقىپلىنىپ قالاتتى. بىراق، بۇ نەۋرىسىنىڭ رىمغا ئۆزىنى يوقلاپ كېلىشىگە زادىلا ئىجازەت بەرمىدى. نەۋرىسى يىگىرمە بىر يېشىدا ۋاقىتسىز ئالەمدىن ئۆتتى. كېلىنى مارى لۇئىس شۇ چاغدىلا بۇ قېيىنئانىسىغا خەت يازغانىدى، ئەمما قېيىنئانىسى ئۇچۇرىنى ئەۋەتمىدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ فىرانسىيەگە قايتىشىغا ئىجازەت بېرىلگەنىدى، ئەمما بالىلىرى شۇنداق ئىجازەتكە نائىل بولالمىغانلىقى ئۈچۈن فىرانسىيەگە قايتىشنى رەت قىلدى.

ئىمپېراتور ئالەمدىن ئۆتۈپ توققۇز يىلدىن كېيىن بوربون سۇلالىسى ئاغدۇرۇلۇپ، ئورلېئانچىلار ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالدى، يېڭى پادىشاھ ناپولېئون تەرەپدارلىرىنىڭ شۇ قەدەر قۇدرەتىنى ھېس قىلىپ يېتىپ، ناپولېئوننىڭ ئون بەش يىل ئىلگىرى ئېلىۋېتىلگەن ھەيكىلىنى ۋاندوم تۈۋرۈكىگە يېڭىباشتىن ئورنىتىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. ئورۇن تۇتۇپ ياتقان لاتىسىيە ئوغلى ژېرومېنىڭ ئاغزىدىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا سالامەتلىكى ياخشىلىنىپ، كارىۋىتىدىن چۈشۈپ ھەرىكەت قىلغۇدەك بولدى. شۇنچە ئۇزاقتىن بۇيان كىرىپ باقمىغان مېھمانخانىسىغا ئۆز ئايىغى بىلەن مېڭىپ كىرىپ، ئىمپېراتورنىڭ يېرىم تەن ھەيكىلىگە ئەما كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ، بوغۇق ئاۋازدا دېدى:

— ئىمپېراتور پارىژ مەركىزىگە قايتىپ كەلدى!

NIEDERSÄCHS. STAATS- U. UNIV.- BIBLIOTHEK GÖTTINGEN